جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخى مەجمۇئەسى

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى

2

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلدى

باش مۇھەررىر: ليۇ بىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ( ئىجرائىيە):
ئىمىنجان ئەھمىدى ئۇتۇق

ئاپتورلار: ئىمىنجان ئەھمىدى ئۇتۇق
غەيرەتجان ئوسمان
مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەھمەت
ئەسئەت سۇلايمان
ھەبىبۇللا ئابدۇسالام

مىللەتلەر نەشرىياتى

## «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» تەھرىر ھەيئىتى

**ھەيئەت پەخرىي مۇدىرى:**

**ئىسمائىل تىلىۋالدى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى

**ھەيئەت مۇدىرلىرى:**

**ئابدۇرازاق تۆمۈر** تەتقىقاتچى، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**لىيۇ بىن** تەتقىقاتچى، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**ھەيئەت ئەزالىرى:**

**ئابدۇشۈكۈر تۇردى** تەتقىقاتچى

**لىيۇ كۈيلى** تەتقىقاتچى، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**لاڭ يىڭ** تەتقىقاتچى، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان** پروفېسسور، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**ئالىمجان سابىت** ئالىي مۇھەررىر

**ئىمىنجان ئەھمىدى ئۇتتۇق** كاندىدات تەتقىقاتچى

**ھەبىبۇللا ئابدۇسالام** كاندىدات تەتقىقاتچى

# مۇندەرىجە


**ئالتىنچى باب ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا چاغاتاي دەۋرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە گۈللىنىشى ..................... (1)**

13～15-ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر .................. (1)

ئۇيغۇرلارنىڭ يۈەن سۇلالىسىغا قوشۇلغان تارىخىي تۈھپىسى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇ تىل-يېزىقىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ......................... (10)

ئۇيغۇرلارنىڭ يۈەن سۇلالىسىغا قوشقان تارىخىي تۆھپىسى ........................................ (10)

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇ تىل-يېزىقىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى .................... (26)

تارىخىي قىسسە — «ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى» ........................... (52)

«قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى تۆھپە مەڭگۇ تېشى» ... (54)

**ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا چاغاتاي دەۋرىنىڭ شەكىللىنىشى، گۈللىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى ..................... (59)**

چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ................ (59)

چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى .................. (74)

چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى ...... (90)

ناسىرىددىن رەبغۇزى ۋە ئۇنىڭ «قىسسەسۇل رەبغۇزى» ناملىق ئەسىرى .................................. (98)

قۇتب ۋە ئۇنىڭ «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» داستانى ... (107)

خارەزمى ۋە ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە» داستانى ........ (111)
دۇربېك ۋە ئۇنىڭ «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانى
........................................ (117)
ھافىز خارەزمى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى ........ (134)
مەۋلانا سەككاكى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى ........ (156)
مەۋلانا ئاتايى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى ........ (162)
مەۋلانا لۇتفى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ........ (173)
مەۋلانا گەدائى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى ........ (190)
ھۇسەينى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى ........ (196)

**يەتتىنچى باب ئەلىشىر نەۋائى** ........ (207)

**نەۋائىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى** ........ (207)
نەۋائىنىڭ ھايات يولى ........ (207)
نەۋائىنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسى ........ (231)
نەۋائىنىڭ ئەدەبىي-پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭ
غايىۋى مەنبەلىرى ........ (243)
**نەۋائىنىڭ لىرىك مىراسلىرى** ........ (259)
«خەزائىنۇل مەئانى» ........ (265)
«لىسانۇت تەير» ........ (294)
**خەمسە** ........ (306)
نەۋائى «خەمسە»سىنىڭ يارىتىلىشى ........ (306)
نەۋائى «خەمسە»سىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە يېڭىلىقلىرى
........................................ (324)
«خەمسە» تەركىبىدىكى داستانلار ھەققىدە ........ (342)
نەۋائى «خەمسە»سىنىڭ بەدىئىي قىممىتى ........ (379)



**نەۋائىنىڭ نەسرىي ۋە ئىلمىي-نەسرىي ئەسەرلىرى** ........ (385)
«مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ........ (386)
«مەجالىسۇن نەفائىس» ........ (397)
«مەھبۇبۇل قۇلۇب» ........ (409)
**نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە
تەسىرى** ........ (428)
زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر ........ (447)

**سەككىزىنچى باب يەكەن خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى** ........ (459)

**يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى**
........................................ (459)
سەئىدى ۋە رەشىدى غەزەللىرى ........ (476)
يۇسۇپ قىدىرى ........ (485)
ئامانىنىسا ........ (493)
ئايازى غەزەللىرى ........ (503)
مىرزا ھەيدەر كۆرەگان ........ (509)
مەجلىسى ........ (529)
شاھ مەھمۇد جوراس ........ (540)
مۇھەممەد ئەمىن ھىرقەتى ........ (547)
ئابىد ........ (564)

**توققۇزىنچى باب 18-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى** ........ (569)

18-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ........ (569)
18-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋەكىللىرى ........ (585)
موللا پازىل ........ (585)
مەھزۇن ........ (591)
مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى ........ (597)
نەۋبەتى ........ (613)
سەلاھى ........ (620)
ئەرشى ........ (629)
فۇتۇھى ........ (641)
مەشھۇرى ........ (648)
شائىر ئاخۇن ........ (654)
ئىبراھىم خوتەنى ........ (657)
مۇھەممەد سىدىق رەشىدى ........ (662)
موللا يۇنۇس يەركەندى ........ (668)
مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ........ (672)



# ئالتىنچى باب

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا چاغاتاي دەۋرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە گۈللىنىشى

## 13~15 - ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەربىر يېڭى تارىخىي دەۋرى خەلقنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى زور تارىخىي ۋەقەلەرگە باغلىق بولۇپ كەلگەن.

مىلادىيە 13~15 - ئەسىرلەر ئېلىمىز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن دەۋر بولدى، بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئەدەبىياتقا زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇ دەۋردىكى زور سىياسىي ۋەقەلەردىن بىرى موڭغۇللارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بولدى.

موڭغۇللار مىلادىيە 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ پەيدىنپەي كۈچەيگەن يېڭى بىر مىللەت ئىدى، چىڭگىزخان (مىلادىيە 1162 ~ 1227) مىلادىيە 1206 - يىلى موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي قابىلىيىتى ۋە موڭغۇل قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا تايىنىپ، ئۇزۇنغا قالماي بىپايان ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىنى ئىگىلىدى. ئۇيغۇرلار چىڭگىزخان غەربكە قاراپ كېڭىيىشكە باشلىغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردىلا موڭغۇللارغا بەي-

ئەت قىلغانىدى . ① مىلادىيە 1211 ـ يىلى ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن ئۆزى چىڭگىزخاننىڭ كېرولۇن دەرياسى بويىدىكى باش بارگاھىغا بېرىپ ، چىڭگىزخاننى تاۋاب قىلدى . چىڭگىزخان بارچۇق ئارت تېكىنگە نۇرغۇن سوۋغا ئىنئام قىلدى ۋە مەلىكە ئەلئالتوننى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشقا ماقۇل بولدى . شۇنىڭدىن باشلاپ قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدا پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى . قوچۇ ئۇيغۇرلىرى موڭغۇللارنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىدا چىڭگىزخان ئۈچۈن مۇھىم كۈچ بولۇپ ، زور رول ئوينىدى . چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدەك بۇنداق قۇدرەتلىك تايانچ بولغانلىقتىن ، ھېچقانداق بىر كۈچ قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىغا چېقىلىشقا پېتىنالمىدى . شۇنىڭ بىلەن قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ئۇزۇن مەزگىللىك تىنچ تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈردى . «مىلادىيە 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتكەنىدى ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىدى . بارلىق چوڭ ۋادىلاردا شەھەرلەر كۆپىيىپ ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىي قىلغان ، سودا ـ تىجارەت راۋاج تاپقانىدى . كۆچمەن موڭغۇللار ھاكىمىيىتى تەۋەلىكىدە بولۇشنى ئېتىراپ قىلىش ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا ۋە جەمئىيەت تۈزۈمىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلمىدى . بىزگە شۇ نەرسە ئېنىقكى ، باشقا ئەللەردە يۈز بەرگەنگە ئوخشاش ئېتىزلار ۋەيران قىلىنىپ ئوتلاققا ، شەھەرلەر خارابىلىككە ئايلاندۇرۇلمىدى . ئۇيغۇر فېئوداللىرى ئۆزلىرىنى چىڭگىزخاننىڭ ئىتتىپاقچىسى دەپ ئېلان قىلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئېلىنى چىڭگىزخاننىڭ بېكىتكەن ئادىمى سۈپىتىدە ئىدارە قىلىشۋەردى . ئاخىردا شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى ، ئۇيغۇرلاردا

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 224 ـ بەت.



فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى موڭغۇللارنىڭكىگە نىسبەتەن خېلى دەرىجە يۇقىرى ئىدى » .① دېمەك ، ئۇيغۇرلار چىڭگىزخانغا بويسۇنغان تۇنجى يۇقىرى مەدەنىيەتلىك ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى مىللەت بولۇپ ، بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى مىقياسىدا زور رول ئوينايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن . بۇ جەرياندا بىرىنچى بولۇپ ئۆز رولىنى كۆرسەتكىنى ئۇيغۇر يېزىقى بولدى . ئۇيغۇرلار موڭغۇل دۆلىتى تەركىبىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يېزىق سىستېمىسىنى موڭغۇللار قوبۇل قىلدى . «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار بىر تەرەپتىن موڭغۇللار ، يەنە بىر تەرەپتىن ھىندى ـ ياۋروپالىقلار ـ ئىران تىللىق سوغدىلار ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە روشەن ۋاستىچىلىك رول ئوينىدى . بۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تىبەت مەدەنىيىتى بىلەن بىر قاتاردا ، بۇريات خەلقى (ھەممىدىن ئاۋۋال شەرقىي بۇريات ) ۋە قالماقلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئاز دېگەندە 300 ـ 400 يىل مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى . بۇ تەسىر لاما ئىدېئولوگىيىسىگە ئاساسلىنىپ ، ھەممىدىن بۇرۇن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىغا تەسىر كۆرسەتتى . بۈگۈنكى كۈندە بولسا ، شۇ چاغدىكى تەسىر بىلەن قوبۇل قىلىنغان نۇرغۇن سۆز ـ ئاتالغۇلار دەسلەپكى دىنىي مەنىسىنى تامامەن يوقاتتى . مىلادىيە 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مانى دىنى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بۇددا دىنىنىڭ سوغدىچە ، خەنزۇچە ، تىبەتچە تارماقلىرى سۈرىيىدىكى نېستورىئانلارنىڭ خرىستىيان دىنى بىلەنمۇ تونۇش ئىدى ، دەل شۇ چاغلاردا دەسلەپكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارمۇ بارلىق-

① د.تىخونوف:«ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى 10~14 ـ ئەسىرلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 374~375 ـ بەتلەر.

قا كەلگەنىدى » .[1]

مىلادىيە 1224 ـ يىلىغا كەلگەندە چىڭگىزخان ئۆزىگە قاراشلىق
بارلىق زېمىنلارنى ئۆز ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى . ئۇنىڭ
ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا
رايونىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا ئىگە بولدى . بۇ زېمىننىڭ دائىرى-
سى ئىلى دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى ، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى
يەتتە سۇ رايونى ، جەيھۇن ( ئامۇ ) دەرياسىغىچە بولغان ماۋەرائۇن-
نەھر رايونى ۋە قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىغا قاراشلىق كۇسەن (
كۇچا ) شەھىرىنىڭ غەربىدىكى غەربىي تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ
ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، چاغاتاي ئۇلۇسى
دەپ ئاتالدى . چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ سىياسىي مەركىزى هازىرقى قور-
غاس ناهىيىسىنىڭ دائىرىسىدىكى ئالمالىق شەھىرى ئىدى . چاغاتاي
خان بەزىدە يەنە قاياس شەھىرىدە تۇراتتى . چاغاتاي خان ئۆزىگە تەقسىم
قىلىنغان بۇ زېمىنلارنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ باشقۇردى . بۇنىڭ ئىچىد-
ە هازىرقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىنى مەركەز قىلغان ماۋەرائۇنەھر-
رايونىنى بولسا دوغلات قەبىلىسى ئارقىلىق باشقۇردى ، قوچۇ ئىدىقۇت
ئۇيغۇر ئېلىنى ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئارقىلىق باشقۇردى . چاغاتايغا بېرىل-
گەن رايونلار موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئىچىدىكى ئەڭ باي رايون بو-
لۇپ ، ئىمپېرىيىنىڭ هۆكۈمرانلىرىنى هەر ۋاقىت ئۆزىگە جەلپ قى-
لاتتى . موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇيۇرغاللىقتا تەرەققىي قىلىشى ،
جۈملىدىن شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ
چاغاتاي ئۇلۇسى بولۇپ تەشكىل تېپىشى ، بۇ رايوننىڭ مىللىي قۇرۇل-
مىسى ، ئىجتىمائىي هەم سىياسىي مۇهىتىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى

① «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 402 ـ، 403 ـ، 404 ـ بەتلەر.



ئېلىپ كەلدى .

چاغاتاي ئۇلۇسى شەكىللەنگەندىن كېيىن ، بۇ رايوندا باشقا تەرەپ-
لەردىكى زور ئۆزگىرىشلەردىن باشقا ، مەدەنىيەت جەھەتتە ، بولۇپمۇ
ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە بىر گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى . بۇ
دەۋردە ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى
هاكىمىيەت تىلى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىي ئالاقە تىلى قىلىپ قوللىنىل-
غاندىن باشقا ، موڭغۇل ، پارس ، ئەرەب تىللىرىمۇ قوللىنىلغان ،
يېزىق هەر خىل بولغانىدى .

چاغاتاي خان ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرىدىن بولغان مەھمۇد
يالاۋاچ ، مەسئۇد يالاۋاچ هەم ئورتۇپ دوغلاتى قاتارلىقلار موڭغۇل
قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مىسلىسىز ۋەيران قىلىنغان بۇ رايوننى تېزلا
ئەسلىگە كەلتۈرۈش ، شۇنداق قىلىپ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ماد-
دىي ۋە سىياسىي ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇش سىياستىنى قوللان-
دى . بۇ رايوندا سودا ـ سانائەت ، پۇل مۇئامىلە ، مەدەنىيەت قاتارلىق
جەھەتلەردە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى . ماۋەرائۇننەھر ۋە ماڭ-
لايسۆيەر رايونىنىڭ تاشقى سودىسى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى ، بۇرۇن-
قى يىپەك يولى قايتىدىن جانلاندى . چاغاتاي ئۇلۇسى شەكىللىنىپ
قىسقا مۇددەت ئىچىدە ماۋەرائۇننەھر ۋە ماڭلايسۆيەر رايونىنىڭ جەم-
ئىيىتى تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ قالماي ، جەمئىيەت تەرەققىياتىمۇ
تېز ئىلگىرى سۈرۈلدى . « چىڭگىزخان هايات ۋاقتىدا ۋە موڭغۇل
خانلىقىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا دۆلەتنىڭ ۋە موڭغۇل ئاقسۆڭەكلى-
رىنىڭ ئېھتىياجى ئاساسەن ئۇرۇشتا چۇشكەن سانسىز ئولجا ـ غەنىي-
مەتلەر ۋە تالان ـ تاراج قىلىنغان بايلىقلار ئارقىلىق قاندۇرۇلغان
بولسا ، چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرى ، بولۇپمۇ چاغاتاي
خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە دۆلەت هۆكۈمرانلىرى ئاساسەن هەر خىل
باج ـ سېلىقلارغا تايىنىپ ئىش كۆرىدىغان ۋە ياشايدىغان بولدى .»
قىسقىسى ، بۇ دەۋردە فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر خېلىلا تەرەققىي

قىلغان ، موڭغۇللارنىڭ بۇ رايونلارغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرى ،
بۇ رايونلاردىكى مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت ، مەدەنىيەت ، بولۇپمۇ تىل
جەھەتتىكى ئورتاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن . بۇ دەۋردە چاغاتاي ئەدە-
بىي تىلى ئاساسىدىكى چاغاتاي مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن بولۇپ ، چاغا-
تاي تىلى ۋە باشقا تىللاردا بىرمۇنچە تارىخ ۋە ئەدەبىيات ئەسەرلىرى
بارلىققا كەلگەن . خۇددى مەشھۇر رۇس ئالىمى بارتولد ئېيتقاندەك
« ئەگەر موڭغۇللار بۇ يەرگە ئىستېلا قىلىپ كەلمىگەن بولسا ،
چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى » .①

چىڭگىزخاننىڭ كىچىك ئوغلى تولۇي ( ؟ ـ 1233 )غا ئەسلىدى-
كى موڭغۇل زېمىنلىرى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەنىدى . ئۇنىڭ ئەۋ-
لادلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنى ئىستېلاھ قىلدى . تولۇينىڭ
ئەۋلادىدىن قۇبلاي مىلادىيە 1260 ـ يىلى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ
خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ ، مىلادىيە 1271 ـ يىلىغا كەلگەندە دۆلەت
نامىنى «يۈەن»(元) گە ئۆزگەرتتى . يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى
جۇڭگو تارىخىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش بولدى . موڭغۇل خاقانلى-
قى ۋە كېيىنرەك قۇرۇلغان يۈەن سۇلالىسى ئورتاق ئىقتىساد ۋە
مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە بولمىغان دۆلەتلەر بولۇپ ، موڭغۇل خاقان-
لىقى دەسلەپتە قۇرۇلغان چاغدا ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى موڭغۇللار ،
كېرەيلەر ، نايمانلار ، ئويراتلار ۋە قىرغىزلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىيا-
تىمۇ ھەر خىل باسقۇچتا ئىدى . بولۇپمۇ بۇ خاقانلىقنىڭ ھۆكۈمرانى
بولغان موڭغۇللارنىلا ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق ، چىڭگىزخان موڭ-
غۇل سۇلالىسىنى قۇرغان دەۋرگىچە ، ئاساسەن قۇلدارلىق جەمئىيەت

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ( مىللەتلەر نەشرىياتى،
1991 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى )، 850 ـ بەت. ئەسلىي مەنبە ـــ بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى
ھەققىدە 12 لېكسىيە».



باسقۇچىدا ئىدى . بۇ چاغدىكى ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ خەنزۇلار رايونى
ۋە قۇرىغار رايونىدىكى قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ، تارىم ۋادىسى ،
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر ، ئامۇ ، تالاس دەريا ۋادىلىرىدىكى باشقا
تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر جەمئىيىتى بولسا ، يېڭىدىن ھۆكۈمرانلىق
ئورنىغا چىققان موڭغۇللارغا قارىغاندا خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە تەرەق-
قىي قىلغانىدى . چىڭگىزخان موڭغۇل خاقانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن
جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدە تۈپ ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى . چاغاتاي
ئۇلۇسىنىڭ شەكىللىنىشى ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگە-
شىپ ، موڭغۇللار جەمئىيىتىدە قۇلدارلىق تۈزۈمى يىمىرىلىپ ، فې-
ئوداللىق مۇناسىۋەتلەر ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىشقا ، كەڭ موڭ-
غۇللار كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن يېرىم ئولتۇراقلاشقان دېھ-
قانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتۈشكە باشلىدى .
مىلادىيە 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە چاغاتاي خانلىقى
ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى . بۇگۈنكى ئۆزبېكىستان ، تاجىكىستان ،
قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىرى ، قازاقىستاننىڭ قىسمەن جايلىرى ،
شۇنىڭدەك ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسىم رايونى غەربىي چاغاتاي
خانلىقىغا ، بۇگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ، قازاقىستاننىڭ
يەتتە سۇ رايونى ۋە ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىدىكى رايونلار شەرقىي
چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە بولدى . شەرقىي چاغاتاي خانلىقى «موغۇلىس-
تان ، دەپ ئاتالدى .① مىلادىيە 1360 ـ يىللىرىغا كەلگەندە تۇغلۇق
تۆمۈر (1330～1366 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) شەرقىي ۋە
غەربىي چاغاتاي خانلىقلىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى . ئەمما ئارىدىن بىر
نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن خانلىق يەنە پارچىلاندى .
مىلادىيە 1370 ـ يىلى ئەمىر تېمۇر كۆرەگان پۈتكۈل ماۋەرائۇن-

① ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، بىرىنچى قىسىم مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل، ئۇيغۇرچە
نەشرى، 565 ـ بەت.

نەھر ۋە موغۇلىستان رايونىنىڭ ئەمىرى بولدى. ئۇ ئۆزىنى چىڭگىزخاننىڭ ۋارىسى دەپ ئاتىدى، ئەمما چىڭگىزخاننىڭ بىۋاستە ئەۋلادى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، خان دېگەن نامنى قوللىنالمىدى. تېمۇر تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇ خانلىق ئۇنىڭ نامى بىلەن «تېمۇرىيلەر سۇلالىسى» دەپ ئاتالدى. تېمۇرنىڭ كۈچىنىڭ زورىيىشى بىلەن ئەتراپتىكى فېئودال بۆلۈنمە كۈچلەر ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشقا باشلىدى، كېيىنكى ھەربىي يۈرۈشلەردە تېمۇر ھەربىي ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى ئاجايىپ تالانتىنى نامايان قىلىپ خوراسان دۆلىتى، ئىران پادىشاھلىقى، ئالتۇن ئوردا خانلىقى، دېھلى سۇلتانلىقىنى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىستېلا قىلدى. 35 يىللىق ئىستېلاچىلىق ئۇرۇشى جەريانىدا ئەمىر تېمۇر مەدەنىيەتلىك ئەللەرگە ئۇزۇلدۇرمەي ھۇجۇم قىلىپ، ئەسىرگە چۈشكەن تۈركۈم - تۈركۈم ئۇستىلارنى، ئالىملارنى، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ماۋەرائۇننەھر رايونىغا يىغىپ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىساد - سودا، قۇرۇلۇش - بىناكارلىق، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخان ۋەيران قىلغان جايلار ۋە خاراب بولغان مەدەنىيەت تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىشكە ۋە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. تېمۇرىيلەر سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي جەھەتتىكى تىنچلىقى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تېز يۈكسىلىشى باشقا ئەللەردىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. نەتىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەرقايسى رايون مەدەنىيەتلىرى ئۇچراشقان ئاجايىپ قاينام - تاشقىنلىق مەدەنىيەت گۈللىنىش دەۋرىگە كىرىپ كەتتى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە مەدەنىيىتى باشقا خەلقلەرنىڭكىگە ئوخشاش مۇئەييەن دەرىجىدە ئېتىبارغا ئىگە بولغان، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى سۈپىتىدە ئەرەب ۋە پارس مەدەنىيىتى



بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرى شۆھرىتىنى نامايان قىلدى.

مىلادىيە 1409 - يىلى ئاقساق تېمۇرنىڭ نەۋرىسى ئۇلۇغبەگ تەختكە ئولتۇردى. ئۇلۇغبەگ دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا گۇمانىستىك ئېقىم كۈچەيدى. ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى قاتارلىق ئەدىبلەر بۇ ئېقىمنىڭ بايراقدارلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەدەبىياتتىكى مىستىكا تەسەۋۋۇپ ئېقىمىغا قارشى ھالدا، تەسەۋۋۇپتىكى «ئىشق - ئاشىقلىق» قارىشىنى ئىنسانپەرۋەرلىك غايىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. تەسەۋۋۇپنىڭ ئىلاھىي ئىشق قارىشىنى ئىنسان سۆيگۈسى، ھاياتنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىش، پايدىلىنىش قاتارلىق مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ، يېڭى دەۋر يۈكسەكلىكىگە، ئىلغارلىققا ئىگە قىلدى.

قەدىمكى زاماندىن تارتىپ، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار قوشاقچىلىق، فولكلور تىپىدىكى داستانچىلىق جەھەتتە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەنىدى. ئۇلار مىلادىيە 13 - ئەسىردىن كېيىن، ئەرەب ۋە پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار ئەنئەنىلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى مەركىزىي ۋە شەرقىي ئاسىياغا خاس بولغان ئەدەبىي ئۇسلۇب بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى لىرىك شېئىرىيەتنىڭ ئۇزاققىچە گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى.[1] بۇ دەۋردە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى غەزەل ۋە رۇبائىي ژانىرى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. لۇتفى، ئاتايى، سەككاكىلار ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى غەزەل ژانىرىنىڭ باشلامچىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

① ئىمىن تۇرسۇن: «ئەدەبىي مىراس ھەم ۋەسىقىلىرىمىز»، «بۇلاق» 1980 - يىللىق 1 - سان.

# ئۇيغۇرلارنىڭ يۈەن سۇلالىسىگە قوشقان تارىخىي تۆھپىسى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇ تىل - يېزىقىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى

## ئۇيغۇرلارنىڭ يۈەن سۇلالىسىگە قوشقان تارىخىي تۆھپىسى

يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ناھايىتى مۇرەككەپ بىر جەريانىنى باشتىن ئۆتكۈزدى. چىڭگىزخان ۋاپاتىدىن (مىلادىيە 1227 - يىلى) كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە موڭغۇل خاقانلىقى خاقان سايلىيالمىدى. چىڭگىزخاننىڭ كەنجى ئوغلى تولى بۇرۇنقىدەكلا دۆلەت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىپ يۈرۈۋەردى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇشقا باشلىدى. مىلادىيە 1229 - يىلى ئۆكتاي خاقانلىققا سايلاندى. ئۆكتاي خانلىق تەختىگە چىقىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 12 يىل ئىچىدە دادىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان كېڭەيمىچىلىك پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق ئۇرۇش قىلدى.

بۇ مەزگىلدە موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈچىيىشكە باشلىغانىدى. مىلادىيە 1242 - يىلى ئۆكتايخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ، چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى ئاشكارا بۆلۈنۈشكە باشلىدى. مىلادىيە 1246 - يىلىغا كەلگەندە موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى مىڭ تەسلىكتە ئۆكتايخاننىڭ



ئوغلى كۈيۈكنى خان قىلىپ تىكلىدى. كۈيۈكخاننىڭ تەختكە چىقىشى قىپچاق ئۇلۇسىنىڭ باشلىقى باتۇخاننىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. كۈيۈكخان باتۇخانغا قارشى ئاتلاندى، لېكىن مىلادىيە 1248 - يىلى 3 - ئايدا موڭغۇل زېمىنىدىن چىقماي تۇرۇپ ۋاپات بولدى. يەنە خانسىز قالغان موڭغۇل خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا باتۇخان باشچىلىقىدىكى جۇچى ئەۋلادى بىلەن ئۆكتاي ۋە چاغاتاي خان ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا ماجىرا كۈچىيىشكە باشلىدى. مىلادىيە 1251 - يىلى باتۇخان تولىنىڭ چوڭ ئوغلى مۆڭكەنى خان قىلىپ تىكلىدى. «مۆڭكە تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئىنىسى قۇبلاي قوماندانلىقىدىكى زور قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلىپ جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىگە ئومۇميۈزلۈك قورشاپ يوقىتىش ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. جۈملىدىن چاغاتاي ئۇلۇسىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتتى. مىلادىيە 1252 - يىلى قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شىمالىي پايتەختى بېشبالىق شەھىرىدە بېشبالىق دىۋان مەمۇرىي ئۆلكىسىنى تەسىس قىلدى. بۇ ئۆلكە چاغاتاي ئەۋلادى ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار ۋە قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ئۈستىدىن نازارەت قىلىدىغان ئومۇمىي مەمۇرىي ئورگان ئىدى». ① خۇددى باشقا موڭغۇل خانلىرىغا ئوخشاش، مۆڭكەخانمۇ ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئېلىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملىدى. مىلادىيە 1259 - يىلى يازدا مۆڭكەخان جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلدى. مۆڭكەخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىنىسى ئارىق بۇقا ئۆكتاي ۋە چاغاتاي ئەۋلادى بىلەن بىرلىشىپ خانلىقنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالماقچى بولدى. قۇبلاي جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشنى توختىتىپ، ئۇلارغا قارشى ئاتلاندى ھەمدە 1260 - يىلى 3 - ئايدا كەيفېڭ شەھىرىدە ئۆزىنى «خاقان» دەپ ئېلان قىلدى. تۆت يىل داۋاملاشقان تەخت تالىشىش ئۇرۇشىدىن كېيىن مىلادىيە

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 789 - بەت.

1264 ـ يىلى ئارىق بۇقا تەسلىم بولدى . كۆپ قىسىم موڭغۇل
ئاقسۆڭەكلىرى ئارىق بۇقانى قوللايدىغان بولغاچقا ، قۇبلايخان بۇ ۋا-
قىتتا ئۆز قۇشۇنىنىڭ ئاساسىي ھوقوقىنى ، ئاساسەن ، ئۇيغۇر قوماند-
دانلىرىغا تاپشۇردى . مىلادىيە 1271 ـ يىلىغا كەلگەندە قۇبلاي ئۆز
پايتەختىنى يەنجىڭ (بېيجىڭ ) شەھىرىگە يۆتكەپ ، دۆلەت نامىنى
«يۈەن » (ئىلىك )گە ئۆزگەرتتى . شۇنىڭ بىلەن يۈەن سۇلالىسى
رەسمىي قۇرۇلدى . ئۇيغۇرلار يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى
مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرى بىلەن تارىخ
بېتىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالدى .

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، مەيلى موڭغۇل خاقانلىقى
بولسۇن ، ياكى كېيىنرەك قۇرۇلغان يۈەن سۇلالىسى بولسۇن ، ئوخ-
شاشلا ، ئورتاق ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە بولمىغان دۆلەت-
لەر ئىدى . ئەمدىلا كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن مەركەزلىشىشكە قاراپ
يۈزلەنگەن موڭغۇللار كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى جەريانىدا تېررىتورىيە
دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ، ئۆزلىرى ئىگىلىگەن رايونلاردىكى
مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئىلغار مىللەت-
لەرنىڭ پەن ـ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى . بولۇپ-
مۇ ، غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى بولغان ئۇيغۇرلاردىن ،
ئۇلارنىڭ ئىلغار زىيالىيلىرىدىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلاندى . «بۇلارنىڭ
ئىچىدە مەشھۇر سەركەردە ئەلى قايا ، نەسرىدىن ، پاك نىيەتلىك ئالىم
شەمسىدىن ، ئاتاقلىق دىپلومات راببان سائۇما ، مارك ، مەشھۇر بىنا-
كار ئەختەرىدىن ، مەشھۇر شائىر سەئىدۇللا قاتارلىق 30 نەچچە ئا-
لىم ، ئەدىب ، ئوقۇتقۇچى ، تەرجىمان ، تىلشۇناس ، كاتىپ ، سەنئەت-
كار ، ھەربىي ئالىم ، سىياسەتچى ، مالىيە مۇتەخەسسىسى . . . . گە



ئوخشاش زور تۆركۈمدىكى شەخسلەر بار ئىدى » .[1] ئۇيغۇرلار ئاۋۋال
موڭغۇللارنىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيىتى ، كېيىن بولسا يۈەن
سۇلالىسىنىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور
تۆھپىلەرنى قوشتى . «موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ، نۇر-
غۇن ئۇيغۇرلار يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدە ياكى باشقا جايلاردا
ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلىپ ، ئەقىل ـ پاراسىتىنى تەقدىم
قىلدى . ئۇلاردىن ئەڭ مەشھۇرلىرى : قوچۇ ئىدىقۇتى ، مىڭسۇسى ،
كىچىك يۈەنشى توقلان ، قارايىغاچ بۇيرۇق ، شېي شى ، لىيەن شىش-
يەن ، شىيىشى ، گۇەنشى ، سارابان ، ئارىق قايا ، تاتاتۇڭا قاتارلىق 29
جەمەت ئىدى . ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر ،
سىياسىيونلار ، ئىقتىسادشۇناسلار ، ئۆلىمالار ، ئەدىبلەر ، مۇزىكانتلار ،
خەتتات ـ رەسساملار ، تىلماچلار ، تارىخشۇناسلار ۋە شۇنىڭغا ئوخ-
شاشلار مەيدانغا كەلگەنىدى » .[2] دېمەك ، موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالى-
سى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرى سىياسىي ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت-
نىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چېتىلغانىدى .

1204 ـ يىلى چىڭگىزخان نايمان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى تايانخان-
نى مەغلۇپ قىلدى . قولغا چۈشكەن ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە تاتاتۇڭا
ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر بار ئىدى . بۇ كىشى زېرەك ، سۆزمەن بولۇپ ،
ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق بىلگەندىن تاشقىرى موڭغۇل تىلىنىمۇ بىلەت-
تى . شۇڭا تايانخان ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئۆزىگە ئۇستاز قىلغان ھەمدە
ئالتۇن تامغىسى ۋە خەزىنە ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغانىدى . «تاتاتۇ-
ڭا تايانخان يېنىدىكى خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ، چىڭ-
گىزخاننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇپ قالدى » .[3] تاتاتۇڭا

---

[1] ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، ئابدۇرازاق توختى: « يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 7 ـ بەت.

[2] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 252 ـ بەت.

[3] «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 405 ـ بەت.

دەسلەپتە چىڭگىزخانغا تامغا ، خەت ئالاقە توغرىسىدىكى بىلىمنى ئۆ-
گەتكەن . كېيىن چىڭگىزخاننىڭ تەلىپى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر يېزى-
قى ۋە موڭغۇل تىلى ھەققىدىكى مول بىلىمگە تايىنىپ ، ئۇيغۇرچە
ھەرپ ئاساسىدىكى موڭغۇل ئېلىپبەلىك يېزىقىنى ئىجاد قىلغان .
چىڭگىزخان تاتاتۇڭانىڭ تالانتىدىن سۆيۈنۈپ ، تاتاتۇڭانى موڭغۇل ئاق-
سۆڭەكلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە ، جۈملىدىن ئۆز ئوغلىغا مۇشۇ يېزىقتا
دەرس ئۆتۈشكە بۇيرۇغان . بۇ يېزىق موڭغۇل مىللىتى ئارىسىدا
ناھايىتى تېزلا ئومۇملاشقان . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ،
قۇبلاي خان رەسمىي پەرمان جاكارلاپ (مىلادىيە 1271 ـ يىلى ) ،
خان جەمەتى ئەزالىرىنى تەربىيىلەپ ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ
سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئاساسەن
ئۇيغۇرلارغا تاپشۇرغانىدى . «تاتاتۇڭادىن كېيىن موڭغۇل ۋاڭلىرىغا
ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگەتكەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە يەنە قارايىغاچ بۇيرۇق ،
مىڭ سەرىس ، يولۇن تېمۇر ، سوجىس ، شېيبان قاتارلىقلارمۇ بار»
.[1]

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ موڭغۇللار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىن-
غانلىقى ئېلىمىز تارىخىدىكى ، شۇنداقلا ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت
تارىخىدىكى ناھايىتى زور ۋەقە بولۇپ ، بۇ يېزىق موڭغۇل خانلىقى
ۋە كېيىن قۇرۇلغان يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي
ۋە مەدەنىي ھاياتىدا زور رول ئويناپلا قالماستىن ، كېيىنكى ۋاقىتتى-
كى موڭغۇل ، مانجۇ ، شىبە قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى
راۋاجلاندۇرۇشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان . موڭغۇل مىللى-
تىنىڭ تارىخىي ، ئەدەبىي جەھەتتىكى بۈيۈك ئەسىرى « موڭغۇللار-
نىڭ مەخپىي تارىخى» تاتاتۇڭا موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ 30

① لىۋ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى »، بىرىنچى قىسىم، 501 ـ بەت. ئەسلىي مەنبە: « يۈەن سۇلالىسى تارىخى »، 124 ـ جىلد.



يىلدىن كېيىن يازما شەكىلدە مەيدانغا كەلگەن ، بۈگۈنگە كەلگەندىمۇ
موڭغۇللار يەنىلا شۇ ۋاقىتتا ئىجاد قىلىنغان يېزىقنى قوللانماقتا .
ئۇيغۇرلاردىن چىققان نۇرغۇن تارىخىي شەخسلەر ئەينى دەۋردىكى
تارىخىي ئۆزگىرىشلەرگە قاتناشقان ، بولۇپمۇ بىرلىككە كەلگەن فېئو-
دال سۇلالە ــ يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان .
يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشتە زور خىزمەت
كۆرسەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىرى سىياسىيون لىيەن شىشيەن (廉希
宪). لىيەن شىشيەننىڭ ئاتىسى بۇيرۇق قايا (بۇرۇلقايا دەپمۇ ئېلى-
نىدۇ ) چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىگە قىلغان
يۈرۈشلىرىگە قاتناشقان ، كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە تەپتىش ئەل-
چىسى بولغان . ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەپتىش ئەلچىسى دېگەن مەنسەپ-
نىڭ خەنزۇچە باش ھەرپىنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلغان . «لىيەن شىش-
يەن 19 يېشىدا نەسەب ئەمەلدارىنىڭ پەرزەنتى بولۇش سالاھىيىتى
بىلەن قۇبلايغا تۇرقاق (مۇھاپىزەتچى ) بولۇپ ئوردىغا كىرگەن ،
شۇنىڭدىن كېيىن ، ناھايىتى تېزلا قۇبلايىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ ،
ئۇنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان» .[1] كېيىنكى ۋاقىت-
لاردا لىيەن شىشيەن ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلاردىكى
يۇقىرى ئىقتىدارىغا تايىنىپ قۇبلايىنىڭ خانلىق تەختكە چىقىشىدا مۇ-
ھىم رول ئوينىغان ھەمدە لىۋ تەيپىڭ ، قۇرۇلقاي ، قۇندۇقاي ، ئاراد-
دار قاتارلىقلارنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇپ ، قۇبلايىنىڭ ئورنىنى
مۇستەھكەملەشكە ياردەملەشكەن . كۆرسەتكەن بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن
دىۋان ئوڭ قول ۋەزىرى ، قوشۇمچە مەمۇرىي ئىشلار ۋەزىرى بولغان .
مىلادىيە 1262 ـ يىلى ئوردا مىرزا دىۋان مۇئەككىلى قىلىپ ئۆستۈ-
رۈلگەن ، مىلادىيە 1274 ـ يىلى يەنجىڭ (بېيجىڭ ) مەمۇرىي مىرزا

① لىۋ زىشياۋ، «ئۇيغۇر تارىخى»، بىرىنچى قىسىم، 525～526 ـ بەتلەر. ئەسلىي مەنبە: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 126 ـ جىلد.

دىۋان مۇئەككىلى، مىلادىيە 1275 ـ يىلى جياڭنەن مەمۇرىي مىرزا دىۋان مۇئەككىلى بولغان، مىلادىيە 1279 ـ يىلى ئۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرلىكىگە قويۇلغان. ليەن شىشيەنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى نۇرغۇن تەشەببۇسلىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپتە ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنى تۈزۈشتىكى مۇھىم ئاساس بولۇپ قالغان. ليەن شىشيەن مەشھۇر سىياسىيون بولۇپلا قالماستىن، يەنە تونۇلغان ئەدىب بولۇپ، كۆڭزى تەلىماتلىرىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، قۇبلاي خان ئۇنىڭغا ليەنمېڭزى دېگەن تەخەللۇسنى قويغان، «ليەن شىشەن مېڭزىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇۋاتقان چاغدا، قۇبلاي خان ئۇنى يېنىغا چاقىرتىپ، سوئال قويۇپ، شۇ ئوقۇغان نەرسىسىنى تەھلىل قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ليەن شىشيەن دەرھال جاۋاب بېرىپ، قۇبلاي خاننى قانائەتلەندۈردى. قۇبلاي خان ئۇنىڭ كۆڭزى تەلىماتلىرىنى بەك ياخشى بىلگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇش بولۇپ، ليەن شىشيەنگە ليەنمېڭزى دېگەن ئۇنۋاننى بەردى». ①

يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان شەخسلەرنىڭ يەنە بىرى ئۇيغۇر گېنېرالى ئېلقايا ( 阿里海牙 ). ئېلقايا (مىلادىيە 1227~1286 ) دەسلەپتە قۇبلاينىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولغان. مىلادىيە 1262 ـ يىلى ئوردا مىرزا دىۋان ئوڭ ـ سول جۇجۇق جېسەكچىبېگى بولغان. مىلادىيە 1264 ـ يىلى مۇشاۋىر ئوردا مىرزا دىۋان نايىبى بولغان، مىلادىيە 1264 ـ يىلى ئاشۇ، ليۇجىڭلار بىلەن بىرگە سۇڭ سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان. مىلادىيە 1266 ـ يىلى ئەمىلى پەۋقۇلئاددە ۋالىيغا ئۆزگەرتىلگەن، مىلادىيە 1267 ـ يىلى ئوتتۇرانچى مۇشاۋىر دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. ئېلقايا

① «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 412 ـ بەت، ئەسلىي مەنبە: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 125 ـ جىلد.



ئۆز ئۆمرىدە يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىغا قوماندانلىق قىلىپ، جەنۇبىي جۇڭگودىكى كەڭ جايلارنى ئىشغال قىلغان، بىر نەچچە قېتىم دېڭىزدىن ئۆتۈپ، خەينەنداۋ ئارىلىنىڭ چوڭجۇ قاتارلىق جايلىرىنى ئىگىلەپ، جەنۇبىي جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. ئېلقايا « ئاشۇ، ليۇجىڭلار بىلەن بىرگە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى مەغلۇپ قىلغان ئۈچ چوڭ ھەربىي قوماندانىڭ بىرى دەپ تەرىپلەنگەن»، «كېيىنچە ئۇ چۇ كېنەزلىكىنىڭ كېنەزى، جياڭلىڭ (江陵) نىڭ تۆرىسى دېگەن ئۇنۋانغا سازاۋەر بولغان». ①

ئۇيغۇر گېنېرالى چاغان تۆمۈر ( 察罕帖木儿 ) ( ؟ ـ 1362 ) يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشتە، شۇنداقلا يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى توپىلاڭلارنى تىنچىتىشتا تۆھپە كۆرسەتكەن. ئېلقايانىڭ ئوغلى كۇنجەك (گۇەن جىگى) سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىلمىي جەھەتلەردىكى تالانتى بىلەن بىر قاتار مۇھىم سىياسىي، مەمۇرىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ يۈەن سۇلالىسىنىڭ تىنچ، مۇقىم دۆلەت ۋەزىيىتىنى ساقلاشتا ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقارغان. ئۇ دادىسىنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىپ چىقىپ، كېيىنكى كىشىلەرنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلىگەن. قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىدىقۇتى قوچقار تېگىن باشتىن ـ ئاخىر يۈەن سۇلالىسىنى ھىمايە قىلىپ، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدا ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇبلاي دەۋرىدە ياشىغان ئۇيغۇر ھەربىي قوماندان، دېڭىز قاتناش مۇتەخەسسىسى ئەلئېتمىش مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى

① غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 125 ـ بەت، ئەسلىي مەنبە: «جۇڭگو تارىخي چوڭ لۇغىتى. لياۋ، شيا، جىن، يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، «ئارىق قايا» قىسمى.

تۇنجى قېتىم يىراق ئوكيانغا سەپەر قىلغان دېڭىزچى بولۇش سۈپىتى
بىلەن ، ئىلگىرى ـ كېيىن تۆت قېتىم يىراق ئوكيانغا سەپەر قىلىپ ،
مەملىكىتىمىز بىلەن چەت ئەللەرنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئورنى-
تىشتا ۋە دېڭىز قاتناش تارىخىدا شانلىق سەھىپىلەرنى يارىتىپ ، تارىخ
بېتىدىن ئۆچمەس ئورۇن ئالغان .
يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە
ئۇيغۇرلاردىن چىققان بىر قىسىم سىياسىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار
دۆلەتنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشتە زور كۈچ چىقارغان بولسا ، يەنە
بىر قىسىم ئۇيغۇر ئىقتىسادشۇناسلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادىنى
يۈكسەلدۈرۈشتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان .
ئۇيغۇرلاردىن چىققان مالىيە مۇتەخەسسىسلىرىدىن ئەھمەد ،
ساڭگىلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئىقتىساد ۋە مالىيىسىنى بىر ئىزغا
سېلىش ، تەرتىپكە چۈشۈرۈش ، راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىدا بىر قاتار
مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن . قۇبلاي دەۋرىدە مالىيە ئىشلىرىنى
باشقۇرۇشتا قىيىنچىلىق تۇغۇلۇپ ، مالىيە ئىشلىرىنى پىششىق بىلى-
دىغان ئىختىساسلىقلارنى ئىشقا قويۇپ بۇ قىيىن ۋەزىيەتنى ئوڭشاش
زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان . ئىختىسادشۇناس ، مالىيە مۇتەخەسسىسى ئەھ-
مەد دەل مۇشۇ ۋاقىتتا قۇبلاينىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭ
مالىيە ئەمەلدارى بولغان . «ئەھمەد قۇبلاي خاننىڭ مالىيە ـ ئىقتىسا-
دىنى 20 يىل باشقۇردى . ئۇ دۆلەتنىڭ كىرىمىنى تولۇقلاپ ، ھەربىي
مەمۇرىي خىراجەتلەرنى تەڭشەپ تەقسىم قىلىپ ، مالىيىدىكى نۇرغۇن
قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشىدى ، تەرتىپكە سالدى . قۇبلاي خان ھۆكۈ-
مىتىگە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى . شۇڭا قۇبلاي خان
ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئىشەندى ، ئۇنى ماختىدى ۋە ئۇنىڭ مالىيە ـ



ئىقتىسادنى باشقۇرۇشتىكى ئىقتىدارىغا ئاپىرىن ئوقۇدى» . ① ئەھمەد
مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغان مەزگىلدە ، ئۇنىڭ دەۋەت قىلىشى بى-
لەن ، قۇبلاي خان ۋەيران بولغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەچكە ، نۇر-
غۇن ئەمەلىي خىزمەتلەر ئىشلىنىپ ، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتى-
سادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىدا
تۈرتكىلىك رول ئوينىغان . ئەھمەد قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن ،②
مىلادىيە 1287 ـ يىلىدىن باشلاپ مالىيە ھوقۇقىنى ساڭگى ئۈستىگە
ئالغان . ئۇ دادىللىق بىلەن ئىشلەپ ، پۇلنىڭ پاخاللىشىشىنى كونت-
رول قىلغان ، يەنە ساتىدىغان تاۋارلارنىڭ باھاسىنى يۇقىرى كۆتۈ-
رۈش ، باجنى كۆپەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ، مالىيىدى-
كى كىرىزىسنى ھەل قىلىپ ، دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرغان .
يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بىناكارلىق ، يېزا ئىگىلىك ، تېبابەتچى-
لىك ساھەسىدىمۇ نۇرغۇن ئۇيغۇر مۇتەخەسسىسلەر مەيدانغا كەلگەن .
مەشھۇر ئۇيغۇر بىناكارى ئەختەرىدىن (亦黑迭尔丁) بېيجىڭ شەھى-
رىنى دەسلەپ لايىھىلىگەن ، شۇنداقلا شىنجاڭلىق ئۇستىلارنى تەش-
كىللەپ ، بۇ زور كۆلەملىك قۇرۇلۇشنىڭ بىنا بولۇشىغا ئاساس
سالغان . قۇبلاي خان ئەختەرىدىننى ئوردىنىڭ چېدىر مەھكىمىسىگە
باشلىق قىلغان . ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئەۋلادلىرى خاننىڭ
ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولغان ، «ئۇنىڭ ئوغلى مەھمۇد شاھنى بىنا-
كارلىق مەھكىمىسىگە مەنسەپكە قويغان ، بۇ مەنسەپ ئۇنىڭ ئەۋلادلى-

---

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، ئابدۇرازاق توختى تۈزگەن:«يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»، 20 ـ بەت.
② ئەھمەد 1282 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئوردىدىكى قارشى كۈچلەر تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

رى مىر ئەلى شاھ ، مۇبارەك شاھ ، قۇتلۇق شاھ ، ئارغۇن شاھلارغى-
چە مىراس بولۇپ قالغان » . [①] «بېيجىڭ شەھىرىنىڭ تەرەققىي قىلدۇ-
رۇلۇشىغا ئەختەرىدىن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئوخشاش نەچچە يۈزلى-
گەن ئۇيغۇر ئۇستىكارلىرى ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان . شۇڭلاشقا
ئەينى زاماندىكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختىدە ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ
نامىمۇ ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن ‹چادىر › دەپ ئاتالغان » . [②] يېزا ئىگى-
لىك ساھەسىدە ئۇيغۇر ئاگرانومى لۇ مىڭشەن ( 鲁明善 ئۇيغۇرچە
تۆمۈر تۇۋرۇك دەپ ئېلىنىدۇ ) ئۆزىنىڭ «تېرىقچىلىق - پىلىچىلىك
ئاساسلىرى » ناملىق ئەسىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان . ئاپتور بۇ
ئەسەرنى يېزىشتا ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىگە دائىر مىراسلى-
رى ۋە يېزا ئىگىلىك كىتابى تۈزۈشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىگە
ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن ، بەلكى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش
تەجرىبىلىرىگىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ ، بۇ ئەسەردە
بايان قىلىنغان بەزى تەجرىبىلەر بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز رولىنى يوقات-
مىغان . بۇ يەردە يەنە ئىچكى ئۆلكىلەردە تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇر
پۇقرالىرىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە قوشقان تۆھپى-
سىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ . « موڭغۇللارنىڭ ئۆلكىلەر-
گە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ئەگىشىپ ، ئۇلار بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلار-
دىن بىر تۈركۈم ئەمەلدارلار ، ئۆلىما - زىيالىيلارلا ئۇ يەرلەرگە
بېرىپ ، ئەمەل تۇتۇپ ، ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ قال-
ماستىن ، بەلكى ئۇيغۇرلاردىن ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى قاتارلىق سە-
ۋەبلەر تۈپەيلىدىن زور بىر تۈركۈم كىشىلەر گەنسۇ ، شەنشى قاتارلىق

① غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، 138 ـ بەت.
② ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، ئابدۇرازاق توختى تۈزگەن: «يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»، 152 ـ بەت.



يەرلەرگە كۆچۈپ بارغان . نەنياڭ ، شياڭگاڭ ، ۋۇمىڭ قاتارلىق يەر-
لەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ۋە دېھقانلار تۇرغان ياكى
ئېكىنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ، ئۇيغۇرلارنىڭ كېۋەز ، تاۋۇز ، بېدە
تېرىش ، ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە هاراق ئېچىتىش تەجرىبىسى يۈەن
سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان ھەم بۇ دەۋردە بىر
قەدەر ئومۇملاشقان » . [①]

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار تېبابەتچىلىك جەھەتتىمۇ بەل-
گىلىك ئۇتۇقلارنى قازانغان،خەلقنىڭ تەن ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈ-
رۈش يولىدا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن . بۇ دەۋردە تېبابەتچىلىك
ساھەسىدە ئۇيغۇرلاردىن يوچۇرچ قايا (月举连亦海牙) ، نىزەر(聂
只耳)، چاقاي (亦海牙) قاتارلىقلار ئۆتكەن . ئۇيغۇر ئەمچى سادد-
مىش (萨德弥实) «رۈي جۇ مەھكىمىسىنىڭ رېتسېپلىرى » (瑞竹
堂经验方) دېگەن ئەسەرنى يېزىپ ۋەتىنىمىزنىڭ مېدىتسىنا ئىلمىگە
تۆھپە قوشقان بولسا ، ئۇيغۇر ئوزۇقشۇناسى قوسقۇي (忽思慧)
جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى يېمەك - ئىچمەك تازىلىقى ۋە ئوزۇق-
شۇناسلىققا دائىر تۇنجى ۋە مەخسۇس ئەسەر ــــ «تائام تەييارلاش
دەستۇرى » (饮膳正要) نى يېزىپ ، شۆھرەت قازانغان .

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن بىر تۈركۈم داڭلىق تەر-
جىمانلار يېتىشىپ چىققان . تىل - يېزىقنى پىششىق بىلىدىغان بۇ
ئۇيغۇر تەرجىمە مۇتەخەسسىسلىرى ھۆكۈمران موڭغۇللارنىڭ باشقا
مىللەتلەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم ۋاستىچىلىك
رولىنى ئوينىغان . ئۇلار بۇددا نوملىرىنى ، ئەدەبىي ، تارىخىي ئەسەر-
لەرنى تەرجىمە قىلىپ ، ئەينى دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆچ-
مەس تۆھپىلەرنى قالدۇرغان . قۇبلاي خان دەۋرى (مىلادىيە 1260
~ 1294 ـ يىللىرى ) دىكى مەدەنىيەت ئەربابلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلار-

① غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، 113 ~ 114 ـ بەتلەر.

دىن بۇددىست ئەنزاڭ (安藏) ، ئۇنىڭ ئوغلى ئوردۇ تېكىن جۇڭگونىڭ كلاسسىك كۇڭزى ئەدەبىياتىنى ۋە تىبەت تىلىدىكى بۇددا دىنىي كىتابلىرىنى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن موڭغۇل ۋە تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلغانىدى . ئەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگودا موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان دەۋرلەردە بۇددا دىنىنىڭ تەرغىباتچىلىرى ۋە راھىبلىرى بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ . قۇبلاي «سالنامە» ، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۆرنەكلەر» ۋە باشقا كىتابلارنى تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇغان . بۇ كىتابلارنى تەرجىمە قىلغانلار ئىچىدە ئەنزاڭ ، ئاشىق تېمۇرلەر بار ئىدى . ئاشىق تېمۇر بولسا قۇبلاي خاننىڭ نەۋرىسى شاھزادە كامالانىڭ ئۇستازى ، شۇنداقلا مىلادىيە 1289 - يىلىدىن باشلاپ يۈەن سۇلالىسى خەنلىن بىلىم يۇرتىنىڭ ئەزاسى بولغانىدى . بەشبالىقلىق ئۇيغۇر داجەنتۇ تىبەت تىلىدىكى بۇددا تېكىستلىرىنى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن موڭغۇل تىلىغا ۋە خەنزۇ تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلاتتى . موڭغۇل شاھزادىسى ئاناندانىڭ ئۇستازى ئىدى . قۇبلاي خاننىڭ ۋارىسى تېمۇرخان دەۋرىدە خەنلىن بىلىم يۇرتىنىڭ ئەزاسى بولغان . داجەنتۇ ۋە ئەنزاڭلار بۇددا تېكىستلىرىنى تەرجىمە قىلغۇچى ئۇستا تەرجىمان ۋە بۇددا نوملىرىنى شەرھلەش ، ئىزاھلاشنىڭ ماھىرلىرى ئىدى ، ئەنزاڭ ۋە داجەنتۇلاردىن باشقا ، چىتەي سالى ، ۋىنشۇنۇ ، قارۇناداس قاتارلىق ئۇيغۇر تەرجىمانلارمۇ ناھايىتى مەشھۇر ئىدى .①

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن بىر تۈركۈم رەسسام ۋە خەتتاتلار يېتىشىپ چىققان . بيەنلۇ (边鲁) ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسامى بولۇپ ، ئۆزىنىڭ «بامبۇكزارلىقتىكى قىرغاۋۇل» (善田墨戏花鸡)

① «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 411 ~ 412 - بەتلەر، ئەسلىي مەنبە: تۇجىنىڭ ئەسىرى، 118 - قىسىم، 1 - بەت، 45 - قىسىم، 12 - بەت؛ كې شاۋمىن: «يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى» (قولىيازما).



ناملىق رەسىمى بىلەن شۆھرەت قازانغان . بويان بۇقا تېگىن (伯颜不花的斤) ، لىيەن شىگۇڭ (廉希贡) ، لۇلۇ (闾闾) ، شى سەن (喜山) ، ۋىن يىنا شىل (稳也那失理) قاتارلىقلار بولسا كۆزگە كۆرۈنەرلىك خەتتاتلار ئىدى . كۇچارلىق چىڭ شىمىڭ (盛熙明) بولسا «خەتتاتلىق ھەققىدە مۇھاكىمە» ، «رەسساملىق ھەققىدە تەتقىقات» ، «ئالتۇن خەتلىك بۇددا كىتابى» ، «كۇيجاڭ راۋىقى ھەققىدە يېزىلغان كىتابقا رەددىيە» ، «كلاسسىك قامۇسنامە» ناملىق كىتابلارنىڭ ئاپتورى ئىدى .①

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىمۇ نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەنگەن . مۇشۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» ، «جىن دۆلىتى تارىخى» ، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىقلارنى تۈزۈشكە ئۇيغۇرلار قاتناشقان .

ئۇيغۇر تارىخچىسى لىيەن خۇيشەن قايا (廉惠山海牙) لياۋ ، سۇڭ سۇلالىسى تارىخلىرىنى تۈزۈش ، تەھرىرلەشكە قاتناشقان . مىلادىيە 1343 - يىلى يۈەن ئوردىسى تۆت كىشىنى لياۋ سۇلالىسى تارىخىنى تۈزۈپ چىقىشقا ئاجراتقان . بۇلارنىڭ ئىچىدە لىيەن خۇيشەنمۇ بار ئىدى . « ‹لياۋ سۇلالىسىنىڭ تارىخى › دىكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ، باش ئەمىر تۇقتۇر يازغان ‹ لياۋ سۇلالىسى تارىخىنى يېزىش ھەققىدە خانغا يوللانغان مەكتۇپ › تا كۆرسىتىلگەن تۆت مۇھەررىرنىڭ بىرىنچىسى ئادىل تۆرە ، لەشكىري پىرقىنىڭ دىۋانبېگى لىيەن خۇيشەن قايا ئىدى » .② ئۇ يەنە « يىڭزۇڭ خاتىرىلىرى »(英宗实录) ، « شيەنزۇڭ خاتىرىلىرى »(显宗实录) نى تۈزۈشكە قاتناش-

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 2 - توم (شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى)، 14 - بەت.

② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 259 - بەت.

قان . يۈەن سۇلالىسى دارىلئۇلۇمىنىڭ مىرزابېگى ئارۇن تۆمۈرنىڭ
ئوغلى سارابان (沙拉班 ، ئەسلي ئىسمى 敬正 ) يۈەن سۇلالىسىنىڭ
شۇندې خانى توغۇن تۆمۈر (1333 ~ 1370 ) نىڭ ئۇستازى بولغان .
شۇندې خان تەختكە چىققاندىن كېيىن ، ئۇ جياڭشى خۇدۇڭ ئايمىقى-
نىڭ تۆرە نايىبى ، دارىلئۇلۇمنىڭ مىرزا بېگى بولغان ، كېيىن ئوردا
مىرزا دىۋان مۇئەككىلى ، تۇتۇن دىۋانى مىرزىسى ، جارچى مەمۇرىي
مەھكىمىسىنىڭ بېگى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن . مىلادىيە 1343 ـ
يىلى ، ئۇ «جىن دۆلىتى تارىخى»نى تۈزۈش ، تەھرىرلەشكە قاتناش-
قان . يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۇيغۇر تارىخچىلىرىدىن يۆجۇ (岳珠) ،
چولپان سالى (全普俺撒里) قاتارلىقلار «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»
(＜宋史＞) نى تۈزۈش ، تەھرىرلەش خىزمىتىگە قاتناشقان .
قۇتلۇق دۇرمىش (忽都鲁儿迷失) ، ئارۇن تۆمۈر (阿领帖
米尔) قاتارلىق تارىخچىلار موڭغۇل ئوردىسىنىڭ خاتىرىسى «توبۇچ-
يان» (＜脱卜亦颜儿＞) نى تۈزۈش ، تەھرىرلەش ئىشلىرىغا
قاتناشقان .

ئۇيغۇر ئالىمى ئارغۇن سالى (阿鲁浑萨里) يۈەن دەۋرىدىكى
پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان شەخسلەرنىڭ
بىرى بولۇپ ، ئۇنىڭ دادىسى قۇت سالى (乞台萨里) يۈەن سۇلالىسى
ھۆكۈمىتىدە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بۇددا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بۇددا
دىنى باش مىرزىسى بولغانىدى .[①] ئارغۇن سالى ئەنە شۇنداق ئائىلىدە
چوڭ بولغاچقا ، كىچىكىدىن باشلاپ ھەرخىل بىلىملەر بىلەن ئۇچرى-
شىپ تۇرغان . ئۇ ئۆزىنىڭ زېرەك ، تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇيغۇر ،
موڭغۇل ، خەنزۇ ، تۇبۇت تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەندىن باشقا ، نوم
ـ دەستۇرلار ، تارىخشۇناسلىق ، ھۇنكىر ـ مۇنكىر ئىلمى (جىنس
ئىلمى ـ 阴阳 ) ، مۇنەججىملىك ، سېھىرگەرلىك ۋە يەتتەنامەشۇناس-

① ليۇ زىشياۋ :«ئۇيغۇر تارىخى»، بىرىنچى قىسىم، 548 ـ بەت.



لىق ، دورىگەرلىك ، كۇتۇنۇش ئىلمى قاتارلىقلارنى پىششىق ئىگىلى-
گەن . مىلادىيە 1284 ـ يىلى ئارغۇن سالى ئوردا تۆرىسى ۋە سولقول
مۇراسىمبەگ مەنسىپىگە قويۇلغان . ئارغۇن سالىنىڭ تەشەببۇسى بى-
لەن قۇبلاي خان دانىشمەنلەر مەھكىمىسى (集贤院) قۇرۇشنى
تەستىقلاپ ، ئارغۇن سالىنى دانىشمەنلەر مەھكىمىسىنىڭ ئەلچىبېگى
قوشۇمچە سەرمۇنشىلەر دىۋانخانىسىنىڭ تۆرىلىكىگە تەيىنلىگەن . كې-
يىن دانىشمەنلەر مەھكىمىسى دانىشمەنلەر قەسرى (集贤馆) گە
ئۆزگەرتىلىپ ، يۈەن سۇلالىسى مەركىزىنىڭ دائىملىق ئورگىنى بو-
لۇپ قالغان . ئۇزۇن ئۆتمەي ئارغۇن سالى يەنە خانلىق مەدرىسە (国
子学) تەسىس قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان . ئۇنىڭ بۇ تەكلى-
پىمۇ ئەمەلگە ئاشقان . ئارغۇن سالى يۇقىرىقىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن
پايدىلىق ئىلمىي چارە ـ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ ، ئۇنىڭ
بۇ تەدبىرلىرى يۈەن دەۋرىدىكى پەن ـ مائارىپنىڭ يۈكسىلىشىدە
تۈرتكىلىك رول ئوينىغان .

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت جە-
ھەتتىكى تۆھپىسىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ ، نۇرغۇن ئۇيغۇر ئەدىبلەر
خەنزۇ تىل يېزىقىدا ئىجادىيەت بىلەن شوغۇللىنىپ ، ئۆز دەۋرىدە
تونۇلغان ئەدىبلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان . يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن 28
مىللىي ئەدىبنىڭ كۆپچىلىكى غەربىي ئەل ـ شىنجاڭلىق ئىدى .
مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، بۇ دەۋردە خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلىدىغان
ئۇيغۇر ئەدىبتىن 30 ى ياشاپ ، ئىجاد قىلىپ ئۆتكەن . ئۇلاردىن گۈەن
يۈنشى ، سەئىدۇللا ، مازۇچاڭ ، شۆ ئاڭفۇ ، كۇكۇن (گاۋ كېكوڭ)
، نەي شەن ، ليەن شىشيەن ، جاۋشيەن ، ماشىدى ، شېن ۋېنفاڭ ،
شې ۋىنجى قايا ، ليەن پۇكۇي ، چى نەن قايا ، شې يۈلى ، شې جىدۇ ،
سەن باۋ جۇ ، بيەن لۇ ، تېكىن ساڭيا ، ليەن خىڭ ، كەيلىباش ،
مارۇن ، شىڭ شىمىڭ ، دا دۇلۇ ، بايان بۇقا تېكىن ، بى لىشا ، شا
شۇەنۋېڭ ، ليەن دۈن ، جىن ساڭيا ، ۋاڭ باۋجۇ ، شې بەيلياۋ قاتارلىق-

لار بار .

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن سىياسىي ، ئىقتىساد ، ھەربىي ، مەدەنىيەت ، سەنئەت جەھەتتە نۇرغۇن ئىختىساسلىق كىشىلەر مەيدانغا چىققان . بۇ ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي ئېقىمىدا تەرەققىي تاپقانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپ ، ئۇنىڭ مەنبەسىنى يىراق ئۆتمۈشتىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ . ئۇزاق تارىخىي يىللار داۋامىدا ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇرلار ۋەتەنىنىڭ تارىخىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ، ۋەتەنىنىڭ زېمىنىنى بەرپا قىلىش ، ۋەتەنىنىڭ مەدەنىيىتىنى يارىتىش يولىدا باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىللە كۆرەش قىلغان ، ئەمگەك قىلغان ، تەر ئاققۇزغان . مىلادىيە 13 ـ ئەسىردىكى ئۆزگىرىشلەر بۇ تارىخىي مۇقەررەرلىككە سورۇن ھازىرلاپ بەرگەن . بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلاردىن چىققان ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئۇنۇملۇك پائالىيەتلىرى سەۋەبىدىن ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدىكى باشقا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ، بولۇپمۇ خەنزۇ مىللىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە كۆپەيگەن . مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئۇلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەتەن بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇشتا چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك تۆھپىلەرنى ياراتقان . ①

## يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇ تىل - يېزىقىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى

مۇڭغۇللار قۇرغان يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئالىي سىياسىي ۋە ھەربىي ھوقۇقى مۇڭغۇل ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ قولىدا بولۇپ ،

① ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، بىرىنچى قىسىم، 554 ～ 555 ـ بەتلەر.



دەسلەپكى يىللاردا مۇڭغۇل يېزىقى ۋە ئۇيغۇر تىلى دۆلەت تىلى ۋە يېزىقى قىلىپ قوللىنىلغان بولسىمۇ ، بىپايان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سان جەھەتتىن كۆپ ، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ، قەدىمىي باي مەدەنىيەتكە ئىگە خەنزۇ مىللىتى ھەر جەھەتتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ ئەھۋال ئۇزۇنغا داۋاملاشمىغان . خەنزۇ تىل - يېزىقى يەنىلا پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە قوللىنىلىدىغان ئورتاق ئالاقە ۋاستىسى ، جۈملىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە قوللىنىدىغان تىل - يېزىق بولۇپ قالغان . ئەينى دەۋردە خەنزۇ تىل - يېزىقىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق ، ئۇلار ياكى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى مۇڭغۇل خانلىرى بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەن مۈلكىي ئەمەلدارلار ياكى ھەربىي قوماندانلار بولۇپ ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بولغاچقا ، شۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان . ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈەن دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا قالايمىقانچىلىق دائىم يۈز بېرىپ تۇرغاچقا ، بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۆز يۇرتىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالماي ، بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ ئىچكى جايلارغا كۆچۈپ كەلگەن . ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۆزىنى تاكاممۇللاشتۇرغان . بۇ جەرياندا ئۇلار خەنزۇچە يادىكارلىقلار ۋە كۆڭزىچىلارنىڭ كىتاب - دەستۇرلىرىنى تىرىشىپ تەتقىق قىلىپ ، خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئۆگەنگەن ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانغان . بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ، ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ، ئۇيغۇرلاردىن ئىجادىيەتتە تونۇلۇپ ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان بىر تۈركۈم ئەدىبلەر مەيدانغا كەلگەن . ئۇلارنىڭ خەنزۇ تىل - يېزىقىدا ئېلىپ بارغان ئىجادىي پائالىيەتلىرى ئەينى دەۋر ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىدا بەلگىلىك

رول ئوينىغان .

يۇەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ بەزىلىرى يۇەن سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان ، يەنە بەزىلىرى بولسا جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشىغان . شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە يۇقىرى قاتلامدىكى ئەمەلدارلاردىن تارتىپ ، تۆۋەن قاتلامدىكى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغىچە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن . ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى ئاساسەن ئوخشايدىغان بولۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش ھەققىدىكى تەسىراتلىرىنى شېئىر ، نەزمىلەر ئارقىلىق ئىزھار قىلغان . ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق يۇەن دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇرۇپ ، تۇرلۇك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى پاش قىلغان . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەزى ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ ئالۋان ـ ياساق ، ھاشار ۋە خىلمۇخىل تەبىئىي ئاپەتلەر بىلەن ئۆتۈۋاتقان ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى ئەينەن تەسۋىرلەپ ، جەمئىيەتنىڭ زۇلۇمى ، ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەتچىلىك ، چىرىكلىكتەك شەرمەندىلىكىنى پاش قىلىپ ، خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە بولغان چوڭقۇر ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلغان . يەنە بەزى ئەسەرلىرىدە تەبىئەت گۇزەللىكى ، تاغ ـ دەريالار ھەققىدىكى ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلىگەن .

يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇ تىل ـ يېزىقىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە گۇەن يۇنشى قايا ، سەئىدۇللا ، شۆئاڭفۇ ، مازۇچاڭ ، كۇكۇن ، نەيشەن ، شې يۇلى ، شې بەيلىياۋ ، شې جىدۇ ، شيا شۇەنۋېڭ ، لىيەن رۇن ، لىيەن شىشەن ، مارون ، ماشىدى ، جىن ساڭيا ، ۋاڭ باۋجۇ قاتارلىقلار بىر قەدەر مەشھۇر ، تۆۋەندە بىز ۋەكىل خاراكتېرلىك بىر قىسىم ئەدىبلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ ئۆتىمىز .



**گۇەن يۇنشى قايا (كۇن سۇيۇنچ قايا)** : داڭلىق نەسرىي غەزەل (散曲) يازغۇچىسى ، دراماتورگ ، ماھىر خەتتات ، رەسسام ۋە مۇزىكانت گۇەن يۇنشى قايا (مىلادىيە 1286~1324) يۇەن سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر ئەدىبلەر ئارىسىدا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان شەخسلەرنىڭ بىرى ، شۇنداقلا جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ بىرى .

گۇەن يۇنشى قايانىڭ ئەسلىي يۇرتى شىمالىي شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر شەھىرى جىمىسار بولۇپ ، ئۇنىڭ بوۋىسى ئېلى قايا رەسساملىق ۋە شېئىرىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ، قۇبلاي خان ئوردىسىدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار بولغان كونا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن ئىدى . گۇەن يۇنشى قايا مىلادىيە 1286 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆزىنىڭ دادا ۋە ئانا تەرەپ جەمەتلىرى ئولتۇراقلاشقان «ئۇيغۇر مەھەللىسى» دە دۇنياغا كەلگەن . گەرچە ئۇ يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ ، نام ـ شۆھرەت ، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلمەي تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، كۆپ تەرەپلىمىلىك قابىلىيەتكە ئىگە يارامىلىق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىققان . شۇڭا ئۇ ئوردا تەرىپىدىن ئۇچقۇر چەۋەندازلار سانغۇنى قىلىپ تەيىنلىنىپ ، خۇبېي ـ خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ يۇڭفىڭ ئايمىقىدا تۇرغان . ئۇ ئۆز تالانتى بىلەن تېزلا كۆزگە كۆرۈنگەن ، شۇنداقلا رېنزۇڭ خان تەرىپىدىن باش ئۆلىمالىققا ۋە باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن . گۇەن يۇنشى قايا گەرچە 38 يىللا ئۆمۈر كۆرگەن بولسىمۇ ، قىسقىغىنا ھاياتىدا ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارى بىلەن ئەينى دەۋردىكى تونۇلغان شەخسلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان . يۇەن سۇلالىسىگە ئائىت تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە ، گۇەن يۇنشى قايا قەلەمگىمۇ ، ئەلەمگىمۇ ماھىر بولۇپ ، قابىل سەركەردە بولۇش بىلەن بىرگە تالانتلىق خەتتات ، ئۇستا دورىگەر ، بۇددا دىنى پەيلاسو-

پى، [1] ماھىر رەسسام، دراماتورگ، داڭلىق نەسرىي غەزەل يازغۇچىسى، شۇنداقلا ئۆزى تۇرغان رايون، خەلققە يېقىندىن تونۇشلۇق بولغان ئۇستا مۇزىكانت ئىدى.

گۇەن يۇنشى قايانىڭ تالانتى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك كۆپ تەرەپلىمە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي تالانتى ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە كۆرۈلىدۇ.

گۇەن يۇنشى قايا ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ شېئىر، دراما، بېيىت، ماقالە قاتارلىق جەھەتلىرىدە يېتىشكەن، بولۇپمۇ نەسرىي غەزەل (散曲) يېزىشتا مەشھۇر ئىدى. نەسرىي غەزەل يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئومۇملاشقان قاپىيىلىك تۇس ئالغان بىر خىل يېڭى تىپتىكى شېئىرىي شەكىل بولۇپ، كىچىك نەزمە (小令) ۋە يۇرۇشلۇك نەزمە (套曲 - 套数) دەپ بۆلۈنەتتى. يۇەن دەۋرىدە بۇ ژانىردا شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇللانغان 200 دىن ئارتۇق ئەدىبنىڭ ئىچىدە گۇەن يۇنشى قايا ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ خەلق ناخشىلىرىغا يېقىنلىقى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تىلىنىڭ راۋان ھەم مەردانىلىكى، كىشىگە چوڭقۇر ھېسسىيات بېغىشلايدىغانلىقى بىلەن ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. يۇەن دەۋرىدە ياڭ چاۋيىڭ تەھرىرلىگەن «باھار قارلىرى» (阳春白雪) ناملىق كىتابقا گۇەن يۇنشى قايانىڭ كىچىك نەسرلىرىدىن 36 پارچىسى، پۈتۈن يۇرۇشلۇك كۈيلىرىدىن بىر پارچىسى؛ «ئەمىنلىك مۇزىكىلار توپلىمى» (太平乐府) غا كىچىك كۈيلىرىدىن 30 پارچىسى، پۈتۈن يۇرۇشلۇك كۈيلىرىدىن ئالتە پارچىسى كىرگۈزۈلگەن.

گۇەن يۇنشى قايا كىچىكىدىن خەنزۇ كلاسسىك ئەسەرلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان، دەۋرداشلىرىنى ئۇستاز ھەم دوست تۇتقانىدى. ئۇ يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدىبلەردىن شۇ زەيسى (تەخەللۇسى تيەنجەي - تاتلىق) ۋە ياڭ جياۋيىڭلار بىلەن

[1] گۇەن يۇنشى قايا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى.



يېقىن دوستلاردىن بولۇپ ئۆتكەن، گۇەن يۇنشى قايا بىلەن شۇ زەيسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ياڭ جياۋيىڭ بۇ ئىككى داڭلىق نەسرىي غەزەلچى شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاپ قىلىپ «سۇەن تيەن مۇزىكىلىرى توپلىمى» (酸甜乐府) دېگەن نام بىلەن تارقاتقان. يۇەن سۇلالىسىدىكى يازغۇچى تاۋ زۇڭيىنىڭ «تارىخنامىلەردىن مۇھىم بايانلار» دېگەن ئەسىرىدە كۆرسىتىشىچە، گۇەن يۇنشى قايانىڭ مىلادىيە 1312 - يىلىدىن ئىلگىرى يازغان « قومۇش گۈللۈك يوتقان » ناملىق شېئىرى يۇقىرىقى توپلامغا كىرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن 300 كۇپلېتتىن ئارتۇق بۇ شېئىر يۇەن سۇلالىسى ئوردىسىدىكى بارلىق قەلەمكەشلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، نۇرغۇن شائىرلار بۇ نەزمىنى كۆچۈرۈۋېلىشقان، رەسساملار نەزمىنىڭ مەزمۇنىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، رەسىم قىلىپ سىزىپ چىققان. ياڭ لىيەننىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇنىڭ بۇ شېئىرى «پىنھان قارىغايلىق نەزمىلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەنىكەن.[1] ئەينى دەۋردە تۈزۈلگەن «يۇەن سۇلالىسى نەزمىلىرىدىن تاللانما» (元诗选) غا گۇەن يۇنشى قايانىڭ 27 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. «يۇەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 143 - جىلدىدىكى «گۇەن يۇنشى قايانىڭ تەرجىمىھالى» دا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇنىڭ «قاشالانغان كۈيلەر» ناملىق نەسرىي غەزەللەر توپلىمى يۇەن سۇلالىسى ئوردىسىدىكى قەلەمكەشلەرگە نىسبەتەن ئالاھىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ بۇ توپلىمىغا يۇقىرى باھا بېرىلگەن. گۇەن يۇنشى قايانىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان نەسرىي غەزەللىرى ئىچىدە 78 كۇپلېت كىچىك كۈي، سەككىز پارچە پۈتۈن يۇرۇشلۇك كۈي بار بولۇپ، «يۇەن سۇلالىسى نەسرىي غەزەللىرى» (全元散曲) ئىچىدە ئالتىنچى ئورۇنغا قويۇلغان.

[1] ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى)، 56 - بەت.

گۇەن يۇنشى قايا نەسرىي غەزەللىرىنىڭ تېمىسى ھەر خىل بو-
لۇپ ، ئۇ ئۆزىنىڭ بەزى ئەسەرلىرىدە ۋەتەنىنىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالى-
رىنى كۈيلەپ ، تەبىئىي مۇھىتنى تەسۋىرلەپ ، ئۆزىنىڭ خەتەرلىك
سىياسىي كۈرەشتىن يىرگىنىش ، تىنچ ، گۈزەل مۇھىتقا تەلپۈنۈش-
تەك ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن بولسا ، يەنە بەزى ئەسەرلىرىدە ئوغۇل
ـ قىزلارنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن
مەدھىيىلەپ ، ۋاپاسىز ئاشىق ـ مەشۇقلارغا بولغان نەپرىتىنى ئىپادى-
لىگەن . ئەينى دەۋردىكى نەسرىي غەزەللەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بىر
تېمىسى دۇنيادىن زارلىنىش ۋە تەركىدۇنيالىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش
بولغاچقا ، گۇەن يۇنشى قايامۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولمىغان . ئۇنىڭ
ئەسەرلىرى ئىچىدە ھەسرەتلىك ھېسسىيات ، زاماندىن زارلىنىش ۋە
تەركىدۇنيالىق خاھىشى ئىپادىلەنگەنلىرىمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەي-
دۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئەسەرلىرىدە ئەينى دەۋر رېئاللىقىدىكى نام ـ
مەنپەئەت تالىشىش ، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆ-
كۈپ ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ تالانت ئىگىلىرىنى ، باتۇر ئەزىمەتلەر-
نى چەتكە قېقىشتەك رەزىل قىلمىشلىرىغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى
ئىپادىلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىق مۇھىتتىن ئايرىلىپ ،
ھۆرلۈك ئىچىدە خاتىرجەم ياشاشتەك ئارزۇسىنى نامايان قىلغان .
نەسرىي غەزەل ئىجادىيىتى يۇەن دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت-
نىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ ، خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىدىن ئوزۇق
ئالغاچقا ، ساپ ، جانلىق ئۇسلۇبقا ئىگە ئىدى ، شۇنداقلا شائىردىن
يۇقىرى تىل سەۋىيىسى تەلەپ قىلاتتى . گۇەن يۇنشى قايا بىر ئاز
سانلىق مىللەت يازغۇچىسى بولۇشقا قارىماي ، تىل ئىشلىتىش ۋە
بەدىئىي ماھارەتتە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن ، نەسرىي غەزەللىرىدە باش
تېمىنى ئېنىق ، يارقىن ، تەسىرلىك ئىپادىلىگەن . ئۇنىڭ «شياڭلىن
ئايمىقى ، تۆت ۋاقىت ، تۆت پەسىل» ، «جىڭجياڭىن نەزمىلىرى»
دېگەن شېئىرلىرىدا مۇنداق مىسرالار بار :



«شياڭلىن ئايمىقى ، تۆت ۋاقىت ، تۆت پەسىل» :

تۇگمە گۈل كۆرۈنەر سۇنىڭ ئۇستىدە ،
جۇخار گۈلى خۇش پۇراق چاچار .
نېلۇپەر سولۇشۇپ بولىدۇ خازان ،
كۈز قارىسىنى ئالغاندا جاھان ،
ئاق قوتان ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ ياتار .①

«جىڭجياڭىن نەزمىلىرى» :

تۆھپىسى تۇرسىمۇ ، مۇندا بولدى خەشەك ،
قالدى مۇشكۈلاتقا ئۆرتىنىپ يۈرەك .
تۈنۈگۈن بولغانتى دىۋان ئىچرە ۋەزىر ،
بۈگۈنى ئايلاندى گويا داڭگال ـ كېسەك .
مەن كەبى كەتتى ئىزدەپ پىنھان كۈشەك .②

گۇەن يۇنشى قايا ئۆز دەۋرىدىكى داڭلىق دراماتورگلارنىڭ بىرى
ئىدى . جۇشۇ يازغان «تەيخې كۈيلىرى» ناملىق ئەسەر بىلەن شۇۋېي
يازغان «جەنۇب تېكىستلىرى بايان قىلىنغان خاتىرىلەر» ناملىق ئە-
سەردە گۇەن يۇنشى قايانىڭ يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 2 ـ توم (شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى)، 49 ~ 50 ـ بەت.
② غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، 161 ~ 162 ـ بەت، ئەسلىي مەنبە: «غەربىي رايون تارىخىدىن سۆز» (ئىككى قىسىم، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى)، 128 ~ 129 ـ بەتلەر.

دراماتورگلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ، ئۆز زامانىسىدىكى دراماتورگلارغا زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكى بايان قىلىنغان .قىسقىسى ، گۇەن يۇنشى قايا ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ ، تارىخىي ۋەقەلەرنى ، خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەت ، چۆچەك ۋە جەڭنامىلەرنى توپلاپ ، ئۇنى گۈزەل ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق سەھنىلەشتۇرۇپ ، ئېلىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى دراماتورگىيىچىلىك تارىخىغا بەلگىلىك تۆھپىلەرنى قوشقاندى .①

گۇەن يۇنشى قايا يەنە داڭلىق رەسسام بولۇپ ، ئۇنىڭ «ئۆتۈك سېلىش سۈرئىتى» دېگەن تېمىدىكى ھەجۋىي رەسىمى بىلەن «خۇاڭلۇجىنىڭ جىياۋغا ئاسىيلىق قىلىشى» ناملىق تارىخىي رەسىمى ئەينى دەۋردە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان . مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن گۈزەل سەنئەت ھەۋەسكارى ۋاڭ كېيۇ ئۆزىنىڭ «شەن فۇگاڭنىڭ مەشھۇر رەسىملىرىگە مۇقەددىمە ۋە خاتىمە» ناملىق ئەسىرىدە كۆرسىتىشىچە ، «سۇڭ سۇلالىسى ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر رەسىملىرى» ناملىق كىتابقا مەشھۇر رەسساملارنىڭ 20 نەچچە پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە گۇەن يۇنشى قايانىڭ «يېشىل قارىغاي» ناملىق بىر پارچە ئەسىرى بار ئىكەن . ئۇنىڭدىن باشقا گۇەن يۇنشى قايا نەي ۋە بىلى چېلىشقىمۇ ماھىر بولغان . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى « پارچە كۈيلەر » ناملىق توپلامدا كۆرسىتىلىشىچە ، گۇەن يۇنشى قايا ئىجاد قىلغان پارچە كۈيلەر پۈتكۈل يۈەن سۇلالىسى كۈيلىرىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مۇزىكىلىرى يەتتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان گۇەن يۇنشى قايانىڭ ئەسەرلىرى چەتئەلدىكى ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭمۇ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى . مە-

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، ئابدۇرازاق توختى تۈزگەن: «يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»، 201 ـ ، 204 ـ بەتلەر.



سىلەن ، 1980 ـ يىلى ئامېرىكا بوستون تېخوئىن نەشرىياتى خەنزۇشۇناس دوكتور بىچارد جوخولوننىڭ «گۇەن يۇنشى قايا» ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلغان . بىچارد جوخولۇن ئۆز ئەسىرىگە يازغان كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېگەن : «يۈەن دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققان يازغۇچى گۇەن يۇنشى قايا مەيلى كلاسسىك شەكىلدىكى شېئىرىي ئىجادىيەتتە بولسۇن ياكى يېڭىچە ئاممىباب شېئىرىي ـ نەسرىي ئىجادىيەتتە بولسۇن ، ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىدى» . دېمەك ، گۇەن يۇنشى قايا ئۆزىنىڭ ئاكتىپ ، بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە باشقا ساھەلەردە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشقان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ بىرى .

**سەئىدۇللا :** سەئىدۇللا (مىلادىيە 1300 ـ ؟ )يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ بىرى . يۈەن دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن ئەدىب تاۋ زۇڭيى ئۆزىنىڭ «كىتابلار جەۋھىرى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 7 ـ جىلدىدا تۇنجى قېتىم سەئىدۇللانىڭ ھاياتى ھەققىدە توختىلىپ ناھايىتى ئېنىق ھالدا «سەئىدۇللانىڭ يەنە بىر ئىسمى تيەنشى(天锡) بولۇپ ، ئۇيغۇر(回纥人 )» دەپ كۆرسەتكەن . سەئىدۇللا ئۆزىنىڭ مول ئىجادىيەت نەتىجىلىرى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى پۈتۈن جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى چىن يۈەن ئەپەندى «جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخىدا يۈەن دەۋرىنى سۆزلەيدىكەنمىز ، سەئىدۇللانى تىلغا ئالماي بولمايدۇ» دەپ يازغانىدى .

سەئىدۇللانىڭ ئانا يۇرتى شىنجاڭ ، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ھەربىي ئىشلارغا ماھارەتلىك كىشىلەر بولغاچقا ، قوبلاينىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولۇپ ، يۈەن دەۋرىدە ئەمەلدار بولۇپ ئۆتكەن ، كېيىنچە

يەنىن (هازىرقى سەنشى ئۆلكىسى دەيشەن ناھىيىسى ) دە ئولتۇراق-
لىشىپ قالغان ، سەئىدۇللا مۇشۇ جايدا تۇغۇلغان . ئۇ ياشلىق دەۋرىدە
كۈنلىرىنى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكۈزۈپ ، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلاملى-
رى بىلەن تونۇشۇپ چىققان ، ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ شېئىر
يېزىش ، ماقالە يېزىش ، رەسساملىقتا كامالەتكە يەتكەن . مىلادىيە
1327 - يىلىغا كەلگەندە ئوردا ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ ، مۇھىم خىزمەت-
لەرگە قويۇلغان . ئۇ ئەمەلدار بولغان 20 نەچچە يىل جەريانىدا
جۇڭگونىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىققاچقا ، نۇرغۇن سەرگۇ-
زەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن .

سەئىدۇللا خەلقچىللىق روھىغا باي ، رېئالىزمچى شائىر ئىدى ،①
ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى مەيلى سان ياكى سۈپەت جەھەتتىن بول-
سۇن ، يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرىيەت مۇنبىرىدە گەۋدىلىك ئورۇندا
تۇرىدۇ . ئۇ ئۇزۇن مۇددەت ئىچكى ئۆلكىلەردە ياشىغاچقا ، خەلقنىڭ
ماكانسىزلىق ، ئاچ - يالىڭاچلىق ، جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن . شۇڭا شېئىرلىرىدا ئۆزى ياشىغان تارىخىي
شارائىتنى ئەينەن ئەكس ئەتتۇرۇپ ، ئۇرۇش پاجىئەلىرى ۋە ھۆكۈم-
ران سىنىپلارنىڭ رەزىللىكىنى پاش قىلىپ ، خەلقنىڭ ئازاب -
ئوقۇبەتلىرىگە چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى بىلدۇرگەن . ئۇنىڭ مۇشۇ مەز-
مۇندىكى «تاڭ سەھەردە خۋاڭخې بويىدا كۆرگەنلىرىم» (早发黄河即
事) ، «تىلەمچى قىز» (鬻谣女) ، «تاڭ گۇەن ئۆتكىلىدىن ئۆ-
تۈش» (过居唐关) قاتارلىق شېئىرلىرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا
كۆچۈپ ، كىشىلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولغان . شائىرنىڭ
«تاڭ سەھەردە خۋاڭخې بويىدا كۆرگەنلىرىم» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق
مىسرالار بار :

تاڭ چېغى قىلدىم سەپەر ، قويدۇم قەدەم دەريا تامان ،

① غەيرەتجان ئوسمان تۈزگەن : «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، 163 - بەت.



نۇر بىلەن سۇدا قېيىقلار ئۈينىشار ئاشۇ زامان .
چۇشتىكى كۆزۈمگە يىراقتىن دەل - دەرەخلەر قارىسى ،
ئاستا - ئاستا تارقىلىپ ئاق پەردىدەك شۇ چاغ تۇمان .
ئاڭلىنار ئىت ھاۋشۇشى ۋەيرانە مىسكىن يېزىدىن ،
كەپىلەرنىڭ ئۈستىدە ئەگىپ تۇتۇن تىنماس ھامان .

ۋەھىمە سالسا ھەر كېچە قاراقچىلار ئەل - يۇرت تالاپ ،
كۈندۈزى دەريا تېشىپ ئەلنى باسار كەلكۈن توپان .
ئەيش - ئىشرەتتە ئۆتەر چاڭئەندىكى بەگزادىلەر ،
ئۆمرىدە كۆرمەس ئۇلار قايغۇ بىلەن ھەسرەت - پىغان .

سارايدا تۇرۇپ بەگلەر ھوسۇل غېمىنى نە بىلسۇن ،
بىر پارچە قارا نانغا پېقىرلار يىغلىشار قان - قان
كېچە - كۈندۈز شۇ مېھنەتتە يوقسۇل باللىرى تىنى-
ماس ،
ئېتىزدا ، باغدا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋەيران .

ساراي ئەھلىنى بىلسۇن دەپ بۇ كۆرگەن نامۇ - ئەھۋال-
نى ،
شىجائەتتە نەزمى تىزدىم يۈرىكىمدىن ئېيتىپ بايان .
قومۇشلار سالار شاۋقۇن سوغۇق شامالدا قاقشال بوپ ،
خالايىق كۆردى خارلىقنى ياشاشقا بارمىكىن ئىمكان .

بۇ شېئىر ئارقىلىق شائىر ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتىۋات-
قان خەلققە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە ،
ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھوقۇق ۋە پايدا - مەنپەئەت تالىشىپ قوزغى-

غان قىرغىنچىلىقلىرىغا غەزەپلىك خىتاب قىلىپ ، ئۇلارنىڭ كەيپ - ساپا ، ئىسراپچورلۇقىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن بولسا ، «تىلەمچى قىز» دېگەن شېئىرىدا «ھەممە يەر جۇتلىشىپ ، ئاچ - زېرىن پۇقرالار يامراپ كەتكەن» ئەھۋال ئاستىدا ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ شەخسىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خەلقنىڭ قان - تەرىنى شوراپ ، ئەيش - ئىشرەت ، كەيپ - ساپا بىلەن بەند بولۇۋاتقانلىقى ، ھايات - ماماتلىق تىركىشىشتە قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان دېھقانلارنىڭ بولسا ، بالا - چاقىلىرىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدىدە شەھەرلەرگە كىرىپ نارەسىدە باللىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغانلىقىدەك رېئاللىقنى ھەقىقىي رەۋىشتە سۈرەتلەپ ، قەلبىدىكى غەزەپلىك ئوت يالقۇنلىرى بىلەن ھۆكۈمران سىنىپلارغا بولغان قاتتىق غەزەپ - نەپرىتىنى تېخىمۇ ئوچۇق - ئاشكارا ئىپادىلىگەن :

خۇڭخې كەبى ئېقىپ كۆز ياش ، قۇرىدى ئاخىر ،
ئەجەب خۇشخۇي چىرايىڭلار ، نېچۈك بۇ تەقسىر ؟
شاھى توندا يايرىشىدۇ مەستخۇش جانابلار ،
پۇقرا ھالى - يۇرت ئىشىغا كۆزلىرى بېسىر .

شەرقىي جەنۇب دىيارىدىن سىرت باركەن ئەندىشە ،
گۈەنشەندىنمۇ ئىشتىلدى شۇنداق غەم - غۇسسە .
قۇمدا قالغان بېلىق ھەمدە چۇمغاق [1] نالىسى ،
مۇڭلۇق كۆكۈل ئوڭلىنىدۇ قايسى ۋاققىچە .

سەئىدۇللانىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان «يەنمىن توپلىمى» (雁

① چۇمغاق - سۇدا ياشايدىغان بىر خىل قۇش.



门集 ، ئۈچ جىلد ) ، «توپلام سىرتىدىكى نەزمىلەر» (بىرجىلد ) ، «سەئىدۇللا شېئىرلار توپلىمىنىڭ باش - ئاخىرى» (ئىككى توپلام ) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار . بۇنىڭ ئىچىدە «يەنمىن توپلىمى» ناملىق شېئىرىي دىۋانى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە مەشھۇر ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئەسەرگە شائىرنىڭ ۋەتەنىنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرى ۋە چېگرا رايونىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن 500 دىن كۆپرەك شېئىر - نەزمىلىرى كىرگۈزۈلگەن . سەئىدۇللانىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ئۆزگىچە ، شېئىرلىرى يارقىن ھەم ھېسسىياتلىق بولغاچقا ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا تارىختىن بۇيان يۇقىرى باھا بېرىلىپ كەلگەن . ئۇنىڭ بېيىت - نەزمىلىرى قەلەمكەشلەر تەرىپىدىن «ھېسسىياتقا باي ، راۋان ھەم جاراڭلىق ، كۆپ خىل ئۇسلۇبقا ئىگە ، ساپ ھەم ياڭراق ، بۇرۇنقىلار ئىشلەتكەن بىرەر سۆزنىمۇ ئىشلەتمىگەن» [1] دېگەن سۆزلەر بىلەن تەرىپلەنگەن . ئەسىرلەر داۋامىدا نۇرغۇنلىغان ئەدىبلەر ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن نەقىل - ئۆرنەك ئېلىشقان ھەمدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن . مەسىلەن ، ئۇنىڭ «تيەننۇ جياۋ . شىتۇچىڭغا چىققاندا» ، «مەنجياڭخوڭ . جىنلىڭدا ئۆتكەنلەرنى ئەسلەش» قاتارلىق شېئىرلىرى نۇرغۇنلىغان ئەدەبىيات تارىخلىرىغا ۋە تاللانما شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن . يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۆزىنىڭ «پارە - پارە بولۇۋاتقان ئەكسىيەتچىلەر نېمە ئۈچۈن يەنە ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىق دەپ قۇرۇق جار سالىدۇ» دېگەن ماقالىسىدە سەئىدۇللانىڭ «تيەننۇ جياۋ .شىتۇچىڭغا چىققاندا» دېگەن شېئىرىدىن نەقىل ئالغان . جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، ئابدۇرازاق توختى:«يۈەن سۇلالىسىدە، ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»، 214 - بەت.

تۈزۈلگەن «جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخى» دا سەئىدۇللاغا «ئۇ ئەسلىدىنلا ئوردا نەزمىلىرىگە مەشھۇر ، شېئىرىيەت ئۇسلۇبىدا يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ . . .» دەپ باھا بېرىلگەن .

سەئىدۇللا خەتتاتلىق ، رەسساملىق جەھەتتىمۇ ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن . بېيجىڭ گۇگۇڭ مۇزېيىدا ئۇنىڭ ئىككى پارچە رەسىمى ساقلىنىپ قالغان . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەدىئىي سەنئەتكە ئائىت ماتېرىياللارغا قارىغاندا ، سەئىدۇللانىڭ «يۆگەپ يېزىش ئۇسلۇبى» ئەينى زامان خەتتاتلىقىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغان . سەئىدۇللا يەنە داڭلىق كومپوزىتور بولۇپ ، ئۆزىنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى ئاھاڭغا سالغان . ئۇنىڭ بۇ ناخشىلىرى يۈەن سۇلالىسى ناخشىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەڭ تارقالغان ۋە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان .

سەئىدۇللانىڭ نامى چەت ئەللەرگىمۇ تونۇش . ياپونىيىلىك ئالىم داۋ تيەن خەن （岛田翰） «ئابىدە قىلىپ ئويۇلىپ ، ئۆزىنىڭ بولۇپ كەتكەن سا تيەنشى ـ سەئىدۇللا شېئىرلىرى» （刻永和本萨天锡逸诗） دېگەن كىتابىنى ئېلان قىلىپ ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ياپونىيە جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرغان . مىسىر ئالىمى رۇۋادى «مۇسۇلمانلار جۇڭگودا» ناملىق كىتابىدا «ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرى سەئىدۇللانىڭ ئىسمىغا نىسبەتەن يات تونۇشتا ئەمەس» دەپ يازغان .

دېمەك ، سەئىدۇللا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئىچىدىكى مەشھۇر شائىر ، نەسرىي غەزەلچى ، دراماتورگ ، رەسسام ۋە خەتتات بولۇپ ، ئۆزىنىڭ مول مەزمۇنغا ئىگە ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا مۇئەييەن ئورۇن تۇتىدۇ .

**مازۇچاڭ :** مازۇچاڭ (مىلادىيە 1278～1339) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تونۇلغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدىن بىرى . ئۇنىڭ نامى



ئەسىرلەر داۋامىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ ، مىڭ ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان تارىخنامىلەردىنمۇ ئورۇن ئالغان .

مازۇچاڭ （马祖常） ئۇيغۇرلارنىڭ توقسۇندا ئولتۇراقلاشقان قەبىلىلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن يېتىشىپ چىققان ئەدىب ئىدى . تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە ، ئۇنىڭ بۇزۇكۋار بوۋىسى يۈكنەك ئىچكى ئۆلكىلەردە ئۇزۇن مۇددەت ئەمەلدار بولۇپ تۇرغاچقا ، خەنزۇ تىل ـ يېزىقىغا كامىل بولۇپلا قالماي ، بەلكى كلاسسىك كىتابلار ئۈستىدە بىمالال ئىلىم تەھسىل قىلالايتتى ، ماقالە ، شېئىر يازاتتى ، رەسىم سىزاتتى . دادىسى مارۇنمۇ خەنزۇچە شېئىر يېزىشقا ماھىر ئىدى . ئۇنىڭ «پىنھانلىق توپلاملىرى» دېگەن ئەسىرى داڭلىق بولۇپ ، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغانىدى .[①] مازۇچاڭ كىچىكىدىن تارتىپلا ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئىلىم ئۆگىنىش يولىنى تۇتقان . «يۈەن سۇلالىسى تارىخى . مازۇچاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا كۆرسىتىلىشىچە ، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ خەنزۇچىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن . كېيىن يۇرت ئىمتىھانىدا بىرىنچى ، ئوردا ئىمتىھانىدا ئىككىنچى بولۇپ ، جاڭ گۇڭلىنىنى ئۇستاز تۇتقان . بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە بىر مەزگىل نامراتلىق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرۈپ ، ئۆي ـ ماكانسىز ھالەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئېتىزلىقلاردا تېرىقچىلىق قىلغان . بۇ جەرياندا خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە نىسبەتەن مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولغان . بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ ، خەلقچىللىق ئىدىيىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا تۈرتكە بولغان . كېيىنكى ۋاقىتلاردا مازۇچاڭ مۇھىم مەنسەپلەرگە قويۇلغان . ئەمەلدار بولۇشتىن بۇرۇن ۋە ئەمەلدار بولغاندىن كېيىنمۇ كۆپ جايلارغا بارغان . خەلقنىڭ تۇرمۇ-

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، ئابدۇرازاق توختى تۈزگەن: «يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»، 225 ـ بەت.

شىنى كۆزەتكەن، بۇ ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئۈچۈن تېخىمۇ مول ماتېرىيال مەنبەسى بولغان. خەلقنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز شېئىرلىرىدا ئېزىلگۈچىلەرگە بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن، سىنىپىي زىددىيەتنى پاش قىلىپ، ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ نۇقسانلىرىغا نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن، ئوردىدىكى ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپالىق تۇرمۇشقا غەزەپ - نەپرىتىنى ياغدۇرغان، ئەمەلدارلار ۋە بايلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ئەمگەكچى خەلققە كەلتۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى قاتتىق پاش قىلغان. ئەينى زاماندىكى جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمى ھېسابلىنىدىغان دېھقانلار، چارۋىچىلار، قول ھۈنەرۋەنلەر، تەنزىكەشلەر، دېدەك خوتۇن - قىزلار ۋە شۇ خىلدىكى ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ نامراتلىق تۇرمۇشىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. مەسىلەن، «يىپەك تارتىش» ناملىق شېئىرىدا نامرات، يېتىم خوتۇن - قىزلارنىڭ ئاھۇ زار ئىچىدە يىپ ئېگىرىدىغانلىقى، تاپقان پۇلىغا پەردە ۋە چىمىلدىق ئالىدىغانلىقى تەسۋىرلەنسە، «مالاي خوتۇنىنىڭ ئاھۇ زارى» دېگەن شېئىرىدا، ئائىلە ئەمگىكىگە پۇچۇلىنىپ بېلى مۈكچەيگەن، ماغدۇرسىز خوتۇنىنىڭ خورلانغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. «ئات باققۇچىغا»، «جۇنەن بېلىقچىلار ناخشىسىدىن ئون مىسرا» دېگەن شېئىرلىرىدا بولسا نامراتلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان ئات باققۇچى ۋە بېلىقچىنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، مازۇچاڭنىڭ ۋەتەنىنىڭ تاغ - دەريالىرىنى زوق - شوق بىلەن كۈيلىگەن، بولۇپمۇ يېزىلار، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى تەسۋىرلىگەن شېئىرلىرىمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ يېزا تۇرمۇشىغا پىششىق تونۇش بولغاچقا، شېئىرلىرىدا بۇلار ھېسسىياتلىق، تەبىئىي، راۋان ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:



**«چىڭياڭدا»:** ①

بېدىلەر كۆكلەر باھار، ئاتلارمۇ سەمرىيدۇ بۇ ئان
بۇ ئۈچىنچى ئاي چېچەكى تاللار ھۆسن قۇچقاي ھامان.
بۇ سەپەر ئۆتسەم بۇ يەردىن، چۆلسىرەپ قاپتۇ راۋاق،
لەۋھىگە سالسام نەزەر، ئۈچتى ياۋا قۇشلار شۇئان.

**«لىڭجۇدا»:** ②

مەن مۇشۇ خېشى دىيارىغا قەدەم قويغان زامان،
ياكى چۈش، ياكى خىيالدەك يول ئېلىپ مەن يۇرت
تامان،
ئۇندا ئۇزۇم مەيلىرى قىلغاي كۆڭۈلنى خۇش كەيپ،
بېدىلىكلەر ئورنىنى قىلغاي بۇدەم ئاشلىق ماكان.
قىزلىرى ماھىر ئۇ يۇرتنىڭ ئاتتا جەۋلان قىلغىلى،
ياشىنىپ قالغانلىرىدا يوق ساۋاتسىز بىگۇمان.
ئوردىمىز دېھقانچىلىقنى ئەتىۋار بىلگەچ بۇ چاغ،
تاڭ سەھەر ئېتىز بېشىدا كۆرۈنەر سۆرەم، ساپان.

مازۇچاڭ ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە «لېيخۇجىن ئەينىكى» (列后金鉴)، «يىللار خاتىرىسى» (千秋纪略)، «قارىغايلىق ساراي خاتىرىسى» (松厅事稿)، «شىتيەن توپلىمى» (石田集) قاتارلىقلار داڭلىق. بولۇپمۇ «شىتيەن توپلىمى» مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، تېمىسىنىڭ كەڭ، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ساغلام ۋە ئىلغارلىقى بىلەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىياتىدا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ۋاڭ شۇچىڭ مازۇچاڭنىڭ بۇ ئەسىرىگە يازغان كىرىش سۆزىدە:

---

① چىڭياڭ ـ گەنسۇدىكى بىر ناھىيە.
② لىڭجۇ ـ ھازىرقى نىڭشادىكى لىڭۋۇ ناھىيىسى.

«مازۇچاڭ 30 ياشقا كىرە ـ كىرمەي تۇرۇپلا ئاجايىپ كاتتا ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان . . . ئۇنىڭ بۇ ‹شتيەن توپلىمى › ھەقىقەتەن كىشىلەرنى قايىل قىلىدۇ . بۇنىڭدا كىشىلەر ئەزەلدىن شېئىرلىرىغا ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن سۆزلەر ئاز بولغانىنىڭ سىرتىدا ، يېڭى سۆز ، يېڭى شەكىللەر ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن . ئۇ بۇگۈنكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالدى» دەپ يازغان . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدىب سۇ تيەنجۇ «يۈەن سۇلالىسى ئەدەبىياتى تۈرلىرى» دېگەن كىتابنى تۈزگەندە ، ئۇنىڭغا مازۇچاڭنىڭ 160 كۇپلېت شېئىرىنى ، يىگىرمە نەچچە پارچە ماقالە ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تاللاپ كىرگۈزگەن . «يۈەن ئەسەرلىرى» گە (元文类) ئۇنىڭ 21 پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن .

مازۇچاڭ ئەسەرلىرىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك —— ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەجمى بىر قەدەر چوڭ . مەسىلەن ، «پايتەخت دەرۋازىسىدىكى يۈز قاپىيە» (都门百韵) دېگەن شېئىرى مىڭ خەتلىك ، «ئىرادىنى كۆزلىگەن سەكسەن قاپىيە» (状游八十韵) دېگەن شېئىرى 800 خەتلىك بولۇپ ، بۇ شېئىرلارنى ئاتاقلىق شائىر دۇفۇنىڭ «شىمالغا سەپەر» (北征) ناملىق شېئىرىغا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن .

مازۇچاڭ يەنە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى داڭلىق تارىخچى ۋە تەرجىمان بولۇپ ، «يىڭزۇڭنىڭ ئەمەلىي خاتىرىلىرى» (英宗实录) نى تۈزۈشكە ، «پادىشاھ رەسىمىنىڭ بۈيۈك نۇسخىسى» (皇图大训) ، «چىڭخۇانىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى» (承华实略) نى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان .

**شۆ ئاڭفۇ** : شۆ ئاڭفۇ (薛昂夫) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇ تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ بىرى . يۈەن دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب تاۋ زۇڭيى ئۆزد-



نىڭ «كىتابلار جەۋھىرىگە تولۇقلىما» (书史会要补遗) دېگەن ئەسىرىدە ئۇنى «ئۇيغۇر ـ 回纥人 ئىدى» دەپ ئىزاھلىغان . ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىلى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق . بەزى ماتېرىياللاردا شۆ ئاڭفۇنىڭ 1302 ـ يىلىدىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ .

شۆ ئاڭفۇنىڭ بوۋىسى خېلى بۇرۇنلا غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە ئوردا باش تەپتىش بېگى دەرىجىلىك ئەمەلدار بولغان . دادىسىمۇ مۇھىم ئەمەل تۇتۇپ ، ئىككى ئەۋلاد كىنەزلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن . شۆ ئاڭفۇ بوۋىسىدىن تارتىپ پۈتۈن ئۆمرىنى خەنزۇ رايونىدا ئۆتكۈزگەن ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ جياڭشى ئۆلكىسى مۇلكىي دىۋان ۋازارەتتە ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار (令史) ، تەيپىڭ رايونى (بۈگۈنكى ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى داڭتۇ) دا باش بۇغ (总管) ، چۈجوۋ رايونى (بۈگۈنكى جېجياڭ ئۆلكىسى چۈشەن ناھىيىسى) دا باش بۇغ بولغان . ئۇ ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈمرانلار سورۇنىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ ـ زۇلمەتلىكى ۋە ھۆكۈمران سىنىپنىڭ چىرىكلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن ، ئۆزىنىڭ مەنسەپ يولىغا كىرىپ قالغانلىقىدىن ئۆكۈنگەن . ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ ئەمەلدارلىقنى تاشلاپ ، خاڭجۇنىڭ شىخۇ كۆلىگە بېرىپ ، شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان . ئۇ بىر ئۆمۈر خەنزۇ رايونىدا ياشاپ ، نۇرغۇن مەشھۇر جايلارنى كۆرگەن . جياڭشىنىڭ كۈيگې (快阁) ، ئەنخۇينىڭ خۇاڭشەن ، جېجياڭنىڭ لەنكېشەن (烂柯山) قاتارلىق جايلىرىدا ئۇنىڭ ئىزلىرى قالغان ، بۇ جايلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن .①

شۆ ئاڭفۇ ئۆز دەۋرىدە شېئىرىيەت ساھەسىدە داڭق چىقارغان .

---

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 2 ـ توم، 78 ~ 79 ـ بەتلەر.

ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرى كۆپ بولمىسىمۇ ، ئەمما
نەسرىي غەزەللىرى خېلى كۆپ . «يۈەن سۇلالىسى نەسرىي غەزەللىد-
ىرى » (全元散曲) گە ئۇنىڭ كىچىك كۈيلىرىدىن 65 كۇپلېت ،
پۈتۈن يۈرۈشلۈك كۈيلىرىدىن ئۈچى كىرگۈزۈلگەن .
شۇ ئاڭغىچە ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ . ئۇ نەسرىي غەزەل-
دىن ئىبارەت ھەجمى كىچىك ، جانلىق ، تەسىرلىك ئەدەبىي ژانىرىدىن
ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ ، قەلبىدىكى ھېس تۇيغۇلىرىنى تولۇق ئىپادى-
لىگەن . ئۇنىڭ كۆپىنچە ئەسەرلىرى تارىخنى كۈيلەش ، قەدىمكىنى
ئەسلەش مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر ياكى ئۆزى كەزگەن تاغ - دەريالار-
نى ، قەدىمگاھلارنى ، مەشھۇر ئورۇنلارنى تەسۋىرلىگەن ئەسەرلەردۇر .
ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى پاساھەتلىك ۋە جەزبىدار بولۇپ ، مەرداند-
ىلىك ، جانلىقلىق ، زوق - شوقلۇق كەيپىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ . تىل
ئىشلىتىشتە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۇرگەن . ئەدىبنىڭ «
جۇڭلۈي . تاغ باغرىدىكى قويلار » (中吕 • 山坡羊) ، «شىخۇ
كۆلىدىكى ئارىلاش مەدھىيىلەر . باھار » (春 • 西湖杂咏) ، «قەسىر
ئالدىدىكى خۇشاللىق » (殿前欢) قاتارلىق ئەسەرلىرى مۇشۇ تۈردىكى
ئەسەرلەرگە كىرىدۇ .

**كۇكۇن :** كۇكۇن (مىلادىيە 1248 ～ 1310 ) يۈەن سۇلالىسى
دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ۋە رەسسامى ، يۈەن سۇلالد-
ىسىگە دائىر خەنزۇچە ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ ئىسمى 克恭 ياكى 高克
恭 دەپ يېزىلغان . كۇكۇننىڭ ئاتا بوۋىسى غەربىي يۇرتتىن ئىچكى
ئۆلكىلەرگە كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار بولۇپ ، دەسلەپتە شەنشىنىڭ
داتۇڭ دېگەن يېرىدە ، كېيىن يەنجىڭ (بۈگۈنكى بېيجىڭ ) دا ئولتۇ-
راقلىشىپ قالغان . كۇكۇننىڭ ھاياتىغا دائىر مەلۇماتلار دىڭ ۋېنيۈەن
يازغان «باشى توپلىمى» (巴西文集) دا تەپسىلىي بېرىلگەن .
كۇكۇننىڭ دادىسى ئەينى دەۋردە مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتقۇچىلىق



قىلغان ، شېئىرىيەت ، تارىخ ۋە تەبىئىي پەنلەردە مەلۇم نەتىجىلەرنى
قولغا كەلتۈرگەن كىشى بولۇپ ، قۇبلاينىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بول-
غان . كۇكۇن ئەقىللىق ، زېرەك بولۇپ ، كىچىكىدىن دادىسىنىڭ
ياخشى تەربىيىسىنى ئالغان . كۆپلىگەن كلاسسىك كىتابلارنى ئوقۇغان
ۋە شېئىر يېزىش ، رەسىم سىزىشنى ئۆگەنگەن . 27 يېشىدىن باشلاپ
ئەمەل تۇتۇپ ، مىلادىيە 1275 - يىلى تەمىنات پىرقىسىنىڭ ئاقارتىش
ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارى ، كېيىن چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى جاي-
لاردا تەپتىش ئەمەلدارى بولغان . مىلادىيە 1279 - يىلى خېنەنگە
باش تەپتىش ، مىلادىيە 1302 - ، 1304 - يىللىرى مەنسەپ تۇتۇق
پىرقىسىنىڭ مۇئەككىلى ۋە جازا پىرقىسىنىڭ مۇئەككىلى ، مىلادىيە
1305 - يىلى دامىڭ (بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسى ۋە ئۇنىڭ شەرقىدى-
كى رايونلار ) غا باش بۇغ بولغان . ئەمەل تۇتۇش جەريانىدا ئۇ ئۆزد-
ىنىڭ خەلقچىللىقى ، پاك - دىيانەتلىكى بىلەن نام قازانغان .
كۇكۇن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شېئىرىيەت ساھەسىدە داڭق
چىقارغان ئۇيغۇر شائىرلارنىڭ بىرى . چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە گۇسد-
ىلى مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «يۈەن سۇلالىسى نەزمىلىرىدىن تاللاد-
ما» نىڭ 2 - توپلامى C قىسمىدا كۇكۇننىڭ شېئىرىي تەپەككۇر
قابىلىيىتى يۇقىرى ، قەلىمى كۈچلۈك ، ھېسسىياتقا باي ، تەسۋىرلەش
دائىرىسى كەڭ ئىكەنلىكى ئېيتىلغان .① كۇكۇننىڭ شېئىرلىرىدا ئا-
ساسەن ۋەتەنىنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرى ، مەنزىرىلىك ساياھەت
ئورۇنلىرى ، مەشھۇر تارىخىي جايلار تەسۋىرلەنگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ
لىرىك شېئىر ئۇسلۇبى بىلەن تەسۋىرىي شېئىر ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ
ئىجاد قىلغان شېئىرلىرى كىتابخانلارنى ئالاھىدە مەھلىيا قىلغاچقا ،
ئەينى دەۋردىكى ئەدىبلەر ئۇنىڭغا «مەنزىرىكەش رەسسام ، تەسۋىركەش

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، ئابدۇرازاق توختى تۈزگەن:«يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»، 235 ـ بەت.

شائىر» دەپ نام بەرگەن. ياڭ گۈەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى مۇنداق باھالايدۇ: «گاۋ ھەزرىتىمنىڭ رەسىملىرى كاتتا، شېئىرلىرىنىڭ قاپىيىداشلىقىمۇ ناھايىتى يۇقىرى، خۇددى ۋاڭ مۇجى (ۋاڭ ۋېي) جەنچۇەندە، لى بوشى (لى گۇاڭلىن) ۋەنكۇدىكى سالدا ئولتۇرۇپ تەسەۋۋۇر بىلەن مەنزىرىنى بىرلەشتۇرۇپ يازغانغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئاجايىپ بىر خىل پۇراق بار».[1] ئۇنىڭ «تەرىقەتخانىغا مۇقەددىمە»، «ۋۇشەن تېغى خاتىرىسى»، «گۇياڭدىن ئۆتكەندە»، «شىنخۇدىن ئۆتكەندە» ۋە «جىڭكۇدىن ئۆتكەندە» قاتارلىق شېئىرلىرى بىرقەدەر مەشھۇر بولۇپ، بۇ شېئىرلار يۈەن سۇلالىسى تەسۋىرىي شېئىرىيەتچىلىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىپ، كېيىنكى سۇلالىلەرنىڭ شېئىرىيەتچىلىكىگىمۇ مەلۇم تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

**«جۇڭبېي راۋىقىدا رەسىم سىزىش»:**

يامغۇر توختاپ، بۇلۇت تارقاپ كەچقۇرۇن،
قاشتېشىدەك تۇرار چوققا پارقىراپ.
كىرىپ كەلدى بەھەيۋەت پىڭجۇ تامان،
يالغۇزلا سال تۇمان ئارا يالتىراپ.

**«قەيسەر راھىبقا تەقدىم»:**

شېئىر خۇمار راھىب ئېتىكاپ خالىماي،
سېتىۋالدى بىلىقچىلار كېمىسى.

[1] غەيرەتجان ئوسمان تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، 165 ـ بەت، ئەسلىي مەنبە: «يۈەن سۇلالىسى ئەسەرلىرىدىن تاللانما. گاۋ كېكۇڭ تەرجىمىھالى».



بۇلۇت كەبى بىر ئىزدا توختىماس،
دەريا يۇ كۆل، گۈل ـ چېچەكتۇر ھەۋىسى.

بۇ ئىككى پارچە شېئىرنىڭ ئالدىنقىسىدا ئۇزۇن ۋاقىت بۇلۇت ـ تۇمانغا ئەسىر بولغان، ئەمما قاش قارىيىپ ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن شەبنەملەر بىلەن يۇيۇلۇپ، مەرۋايىتتەك پارقىراپ كەتكەن تاغ چوققىسى تەسۋىرلەنگەن بولسا، كېيىنكىسىدە شېئىر يېزىشقا ئامراق راھىبنىڭ قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ مىسرالار كىشىگە «شېئىر بىلەن رەسىم بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن» دەك تەسىرنى بېرىدۇ.

شائىر كۇكۇنىڭ مەشھۇر تارىخىي جايلارنى تەسۋىرلەپ يازغان «پەيخۇڭ راۋىقى»، «تاغ راۋىقى كۆزگە چېلىققاندا»، «دوستۇمغا ئامانەت» قاتارلىق شېئىرلىرىدىن باشقا «يۆياڭ راۋىقى»، «گۈەن خانىمنىڭ بامبۇك ساتمىسى سۈرىتىگە مۇقەددىمە» (赠管夫人竹窝图)، «قەھرىمانلارغا تەقدىم» (题英上人) قاتارلىق شېئىرلىرى بار. بەزى ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ «فاڭشەن توپلىمى» (房山集) ناملىق دىۋانىنىڭ بارلىقى بايان قىلىنغان. «يۈەن سۇلالىسى نەزمىلىرىدىن تاللانما» دېگەن مەجمۇئەگە ئۇنىڭ 20 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. كۇكۇن يەنە مەشھۇر رەسسام بولۇپ، ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا سىزغان مەنزىرە رەسىملىرىدىن «تۇندىكى تاغ سۈرىتى»، «چيۇشەن تېغىدا گۇگۇم» ۋە «چىڭشەن تېغىدىكى ئاق بۇلۇت سۈرىتى» قاتارلىقلار داڭلىق.

**نەيشيەن:** نەيشيەن (乃贤)، ناشىن (纳新) دەپمۇ ئاتىلىدۇ، يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن داڭلىق شائىر ۋە رەسسام بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇق قەبىلىسىدىن ئىدى. نەي شيەنىنىڭ تەخەللۇسى يىجى (易之)، ئايرىمچە تەخەللۇسى خېسۇ، ۋەيشى (河朔外史). تارىخىي كىتابلاردا ئۇنىڭ ئىسمى نەي يىجى (乃易之)، گې يىجى (葛易之)

، خېلۇ يىجى (合鲁易之) ، قارلۇق نەيشەن (葛逻禄乃贤) ، نەيشيەن يىجى (乃贤易之) ، مايىجى (马易之) ، ماخەنلىن يىجى (马翰林易之) دەپ ھەرخىل ئاتالغان . ئۇنىڭ ئەسلىي يۇرتى شىنجاڭنىڭ چۆچەك ناھىيىسى ، ئاتا بوۋىسى چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئەگىشىپ ئۇرۇش قىلىپ ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ ، نەنياڭ (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ نەنياڭ شەھىرى ) دە ئولتۇراقلىشىپ قالغان . نەيشەن ئۆزى يىنشەن ناھىيىسى (بۈگۈنكى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ نىڭبو شەھىرى ) دە ئولتۇراقلاشقان ، كىچىكىدىن تارتىپ شېئىرىيەتنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن .

نەيشەن دۇڭخۇ كىتابخانىسىنىڭ باشلىقى ، خەنلىن ئاكادېمىيەسىنىڭ تۈزگۈچىسى بولغان ، كېيىن ئەسكىرىي خىزمەت ئۆتىگەن . ئۇ ئەمەلدارلىقنى خالىمايدىغان ، سەپەر قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى بولغاچقا ، بىرنەچچە قېتىم ئۇزۇن يوللۇق سەيلە - ساياھەت ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ، جۇڭگونىڭ كۆپ جايلىرىغا بارغان . سەپەر جەريانىدا جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمى بىلەن ئۇچراشقان ، ئوردىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ، ھۆكۈمرانلارنىڭ چىرىكلىكى ، خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە نىسبەتەن بىر قەدەر چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە بولغان . بۇ ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ ، ئەسەرلىرىدىكى رېئالىزملىق روھ ۋە خەلقچىللىق خاھىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغان . ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ھەجىم جەھەتتىن كۆپلۈكى ، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئەينى دەۋردىكى غەربىي يۇرتلۇق شائىرلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى «نەقىشلەردەك جازىبىدار ، ئاددىي - ساددا ، يېقىملىق . ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى يېزىلىپ چىقىش بىلەنلا ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر بەس -



بەس بىلەن ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىتىشىپ يۈرگەن » [1] . تۆۋەندە بىز شائىرنىڭ «شىنشياڭلىق موماي» (新乡媪) دېگەن شېئىرىدىن بىرنەچچە مىسرانى كۆرۈپ ئۆتىمىز :

چېچى پاخماق شىنشياڭلىق موماي يۈرەر يالىڭاياق ،
كەنت ئىچىدە ياشىغان ئۇ چاپىنى قۇراق .
كۈندۈزىدە ئۇماچ ئېتىپ ئېتىزغا چاپسا ،
تاڭ ئاتقۇچە يىپ ئېگىرەر غۇيۇلدىتىپ چاق .

بۆزنى سېتىپ چېرىك ھەققى[2] غەملەيدۇ بەزەن ،
موپاڭ چۆرۈپ دان ئاقلايدۇ خانلىق ئۈچۈن ھەم .
كەلسە ئامبار چاپارمىنى ھەق ئېلىش ئۈچۈن ،
بېرەلمىسەك ، چاپان سېلىپ قامچا يەيدۇ تەن .

سەن خەن نۆي ئارزۇسىدىن بۇ مىسكىن يىراق ،
ساندۇقىدا ئالتۇن - كۈمۈش ، ئۇنىڭ يوق بىراق .
كۈمۈش جامدا شاراب ئىچەر ئېسىلزادىلەر ،
سارايلاردا بەزمە پەيزى ، ئۆچمەيدۇ چىراق .[3]

بۇ شېئىردا شائىر موھتاجلىق ئىچىدە تىركىشىۋاتقان دېھقانلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەپ ، ئۇلارغا بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە ، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 2 - توم، 89 - بەت، ئەسلىي مەنبە:«يېڭى يۈەن تارىخى. تەزكىرىلەر».
② چېرىك ھەققى - ئەسكىرىي سېلىق.
③ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ، 2 - توم، 91 ~ 92 ~ 93 - بەتلىرىدە بۇ شېئىر تولۇق تېكىستى بىلەن بېرىلگەن.

ئەيش ـ ئىشرەتلىك بىمەنە تۇرمۇشىغا شائىرنىڭ رېئالىزملىق روھقا
ۋە خەلقچىللىق خاھىشىغا ئىگە بىر تۈركۈم نادىر شېئىرلىرى ئەينى
دەۋردە خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ ياخشى باھالارغا ئېرىشكەن .

نەيشيەن ھاياتىدا كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان . ئۇنىڭ «دەريانىڭ
شىمالىدىكى زىيارەتلەردىن كونا خاتىرىلەر» دېگەن ئەسىرى (ئۇنىڭ
بۇ ئەسىرىدە جەمئىي 240 كۇپلېت شېئىر بار ) ، «ئالتۇن مۇنبەر»
(金台集) ناملىق شېئىرلار توپلىمى بار ، «يۈەن سۇلالىسى نەزمىلە-
رىدىن تاللانما »غا نەيشيەننىڭ 145 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن .
نەيشيەننىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن «يېڭى قاش
غەزىلى» ، «يۆفېي قەبرىسىگە زىيارەت » ، «قورۇل ئۇستىدىكى نەغ-
مە» قاتارلىقلار بار .

نەيشيەن داڭلىق شائىر بولۇپلا قالماستىن ، يەنە ئۇستا رەسسام
ئىدى . ئۇنىڭ «يىن دەرياسى بىلەن خوشلىشىش سۈرىتى» (鄞江送
别图) ، «يىنمىڭنىڭ تاغ ـ دەريالىرى رەسىمى» (因明山水图)
«يىراققا سەپەر خاتىرىسى» (元游卷) قاتارلىق مەنزىرە رەسىملىرى
داڭلىق بولۇپ ، ئەينى دەۋردە كەڭ تارقالغان .

## تارىخىي قىسسە ـــ «ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى»

«ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى»
ـــ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە بول-
غان تەسىرىنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىدىغان تارىخىي
قىسسە بولۇپ ، بۇ تارىخىي قىسسىنىڭ بىر بابى مىلادىيە 1910 ـ
يىلى 11 ـ ئايدا روسىيە تاتارىستان ئۆلكىسىنىڭ قازان شەھرىدە
نەشر قىلىنىدىغان «شۇرا» ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىپ ، جامائەت-
چىلىككە مەلۇم بولغان . بۇ تارىخىي قىسسىنى تەرجىمە قىلغان «ئاي»



تەخەللۇسلۇق تاتار يازغۇچىسىنىڭ ئەسەرگە يازغان كىرىش سۆزىدىن
مەلۇم بولۇشىچە ، بۇ تارىخىي قىسسىدە «جانىبەگ ناملىق بىر كىشى
ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ ، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ
ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ، شۇ زاماندىكى تۈركلەرنىڭ تۇرمۇشى ،
ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا نۇرغۇن مەلۇماتلار بې-
رىدىكەن» . مۇئەللىپ يەنە ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر قەدىمكى يېزىقى بىلەن
يېزىلغانلىقىنى ، فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ، تېكىستنى تاتارچىغا
فرانسۇزچىدىن تەرجىمە قىلغانلىقىنى ئېيتقان . ئەپسۇسلىنارلىقى
شۇكى ، چوڭ ھەجىملىك (ئەسلىي ئەسەر 863 بەت ) بۇ ئەسەرنىڭ
كىرىش قىسمى بىلەن بىرىنچى بابىلا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىن-
غاندىن كېيىن «داۋامى بار» دېيىلىپ توختاپ قالغان .

ئەسەردە بايان قىلىنغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ، ئەسەر ئاپتورى-
نىڭ ئىسمى جانى ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئۆگدۈلمىش بولۇپ ، ئۇيغۇرلا-
رنىڭ بايان ئاۋۇل ئۇرۇقىدىن كېلىپ چىققان ، ئانا يۇرتى ئىسسىق
كۆل بويلىرى بولغان . ئۇ كىچىكىدىن ئوقيا ئېتىشقا ، چەۋەندازلىققا
ھەۋەس قىلغان ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى پىششىق ئىگىلىگەن . 15
يېشىدا چىڭگىزخان ئەسكەرلىرىگە قېتىلىپ ، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ
نەۋرىسى باتۇخاننىڭ قوشۇنىدا جەڭچى ، خەۋەرچى بولغان . ئۇرۇشتىن
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى ئاساسىدا بۇ
تارىخىي قىسسىنى يېزىپ چىققان . بۇ موڭغۇللارنىڭ ئىستىلاچىلىق
ئۇرۇشى ھەققىدە يېزىلغان تۇنجى تارىخىي قىسسە بولۇپ ، بۇ ھەقتە
جانىبەگ ئۆز ئەسىرىدە مۇنۇلارنى يازىدۇ : «ئۇيغۇر قوۋمىدىن ئۆگ-
دۈلمىش ئوغلىغا قەدەر چىڭگىزخاننىڭ ھەم ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ
ھەم ئوغلىنىڭ ئوغلى ئايىزكۇخان دەپ ئاتالغان باتۇخاننىڭ تارىخىنى
بۈگۈنگىچە ھېچ كىشى يازماپتۇ . مەن بىر ئاجىز بەندە كۆپ يىللار

قاغان ھەم ئوغۇللىرى ، ئوغلىنىڭ ئوغلى ئايىزكۇخان بىلەن ئات چاپتۇرۇپ ، ئۇرۇش قىلغانلىقىمدىن بېشىمدىن كەچۇرگەنلىرىمنى يا- زار بولدۇم . ئۆز خەلقىمىز بولارنى ئوقۇپ دۇنيانى ئېلىش ئۇچۇن نەقەدەر تىرىشىپ ، قانچە مۇشەققەتلەرنى كۆرۇپ ، كۆپ ئۇرۇشلارنى قىلغانلىقىمىزنى بىلىشسۇن . يات ئەللەرنىڭ كۆزىمىز كۆرگەن خە- ۋەرلىرىنى بىلىشسۇن » .①

ئەسەرنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن پارچىسىنى ئوقۇپ چىقىدى- غان بولساق ، ئۇنىڭ پىشقان يېزىق ماھارىتىگە ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب- قا ئىگە يىرىك يازغۇچىنىڭ قەلىمىدىن چىققانلىقىنى ھېس قىلىمىز .

## «قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى تۆھپە مەڭگۇ تېشى »

« قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى تۆھپە مەڭگۇ تېشى » ئۇيغۇرلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قالدۇرۇپ كەتكەن مۇھىم ئەدەبىي ـ تارىخىي يادىكارلىق بولۇپ ، بۇ مەڭگۇ تاش گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ناھىيىسى گاۋچاڭ يېزىسىنىڭ ئابدە ساي ( 高昌乡石碑沟 ) دېگەن يېرىدىن تېپىلغان ، ھازىر ۋۇۋېي ناھىيىلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتىدۇ .

① شەرىپىدىن ئۆمەر:«ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»(شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى)، 157 ـ بەت.

② بۇ ئەسەرنىڭ كىرىش قىسمى بىلەن بىرىنچى بابى شەرىپىدىن ئۆمەر يازغان «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات» نىڭ 157 ـ بېتىدە، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 2 ـ تومنىڭ 21 ـ بېتىدە بېرىلگەن.



« مەڭگۇ تاش » كۆپ ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ ، ھازىر ئۇستۇنكى يېرىمى يوقالغان . بىراق تەتقىقاتچىلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا ، ساقلىنىپ قالغان ئاستىنقى قىسمى تەمىنلەپ بەرگەن نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، بۇ قىسمىنىڭ قىممىتى ئۇستۇنكى قىسمىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ .① « مەڭگۇ تاش » نىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ كەڭلىكى 173 سانتىمېتىر ، قېلىنلىقى 47 سانتىمېتىر ، ئېگىزلىكى 182 سانتىمېتىر ، بىر يۈزىگە ئۇيغۇرچە ، بىر يۈزىگە خەنزۇچە خەت ئويۇلغان . ئۇيغۇرچە تېكىستىنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى 61 كۇپلېت بولۇپ ( جەمئىي 257 قۇر ) ، ئاخىرقى 61 ـ كۇپلېتىدىكى :

ئىت يىل ئۇنۇنچ ئاي قۇتلۇق ئەدگۇ كۈن ئۈزە ،
تولپ تۇگەل بۇتۇرۇ تۇرغۇزۇلدى مەن جام بالىقلىق .
كى كى قۇرسا ئىچقۇ بىتيۇ تەگىندىم لۈيىپ ساۋ . . .

ئىتتۇرمىش ياڭ تىلىڭ سىردىيۇ تەگىندىم ساتۇ .
( ئىت يىلى ‹1334› ئونىنچى ئاي قۇتلۇق ياخشى كۈندە ،
تولۇق تۇگەل پۈتۈپ تىكلەندى . مەن جانبالىقلىق
كى كى قۇرسا ئىچقۇ يازدىم . ليۇ شۇسى . . .
بۇيرۇتقان . مەن ياڭ تىلىڭ چەكتىم . ياخشى )

دېگەن مىسرالاردىن «مەڭگۇ تاش» نىڭ مىلادىيە 1334 ـ يىلى ، كونىچە ئىت يىلى 10 ـ ئايدا تىكلەنگەنلىكى ، تېكىستنى جانبالىقلىق

① « ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى »، 2 ـ توم، 30 ـ بەت.

(ھازىرقى سانجى تەۋەسىدە) كى كى قۇرسا ئىچقۇ دېگەن كىشىنىڭ يازغانلىقى مەلۇم. ①

كى كى قۇرسا ئىچقۇ تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ مەڭگۇ تاش تېكىستىنى بىر ئەدەبىي - تارىخىي تەزكىرە دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدا قۇبلاي تەختكە چىققاندىن كېيىن، موڭغۇل دۆلىتى پارچىلىنىشقا باشلاپ، شەرقتە يۈەن سۇلالىسى، ئوتتۇرا ئاسىيادا چاغاتاي خانلىقى ۋە ئۇگداي خانلىقى شەكىللەنگەندىن كېيىن، قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۇرپاننى تاشلاپ گەنسۇ تەۋەسىگە كۆچۈپ چىققاندىن كېيىنكى بىر پۈتۈن تارىخىي جەريانى، يەنى قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىدىن بارچۇق ئارت تېكىن خاندىن تارتىپ تايىپىنۇ خانغىچە بولغان ئالتە ئەۋلاد ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ شەجەرىسى خاتىرىلەنگەن. ② مەڭگۇ تاشنىڭ ئاپتورى كى كى قۇرسا ئىچقۇنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە ھازىرغىچە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇنىڭ مىلادىيە 14 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ ئۆتكەن ئەدىب ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. «قۇرسا» ئاپتورنىڭ ئىسمى بولۇپ، تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، «كى كى» نىڭ توخار (توخرى) تىلىدىن كەلگەن بىر خىل دىنىي لەقەم، «ئىچقۇ» نىڭ ئىدىقۇت ئوردىسىدىكى مەلۇم ئىچكى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك مەنسەپ نامى ئىكەنلىكى مەلۇم.

«مەڭگۇ تاش» قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۇسلۇبى بويىچە،

① بېرلىن تۇرپان تېكىستلىرىدىن M Ⅲ T 252 (3 - قېتىملىق پرۇسسىيە تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى، مۇرتۇق، 252 - ) نومۇرلۇق شېئىر پارچىسىنىڭ ئاپتورىمۇ «كى كى» دېيىلگەن. بىراق، تەتقىقاتچىلار ئەسەرنىڭ تىل ۋە يېزىق ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرۈپ، بۇ مەڭگۇ تاشنىڭ ئاپتورى بىلەن شائىر كى كى بىر ئادەم ئەمەس دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئوخشىمىغان دەۋرگە مەنسۇپتۇر.

② ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، 68 - بەت.



مىسرالارنىڭ بېشى ئاھاڭداش قىلىنىپ يېزىلغان، شۇنداقلا، مىسرالار ئاخىرىدىمۇ قاپىيە مەۋجۇت. ھەربىر كۇپلېت شېئىر تۆت مىسرادىن قۇرۇلغان بولۇپ، تاشقا ئويۇلغاندا مىسرالار چېكىت بىلەن، كۇپلېتلار غۇجمەك تۆت چېكىت بىلەن پەرقلەندۈرۈلگەن. تۆۋەندە بىز «مەڭگۇ تاش» تېكىستىدىن بىر نەچچە كۇپلېت كۆرۈپ ئۆتىمىز.

قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى قوچقار تېكىن دۇۋا بىلەن ئالتە ئاي قانلىق ئۇرۇشقاندىن كېيىن، ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرىنى ئويلاش بىلەن سۇلھى قىلغان، ھەم بۇ ئىشلاردىن قۇبلايىنى خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن خانبالىق (بېيجىڭ) غا ئەلچى ئەۋەتكەن:

24

93 )42( ئۇرۇغۇمۇز ئاچىغى باشلاپ قوچقار تېكىن،
94 )43( ئۇلۇغ چەرگ بىرلە ئۇترۇتىن (مادىن) يانىپ ئەرىپ.
95 )44( ئۆتلى بىلگۇ ئۈچۈن ئىدۇق... بىزنىڭ ئەدگۇمىزكە،
96 )45( ئون ئىككى تۇمەن چىك بىرلە سۇيۇرغا دىپ ئىدتى.

(ئۇرۇق - ئەۋلادىمىزنىڭ ھەدىيىسى قوچقار تېگىن باشچىلىقىدا
نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن ئۇدۇل توختىماي قوچۇغا ياندى.
ياخشىلىقنى قايتۇرۇشنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئىدۇق... ئېسىلىمىزغا؟
ئون ئىككى تۇمەن... بىلەن سوۋغا قىلىپ، يولغا سالدى.)

25

97 )46( ئەبۇ گەلەرىڭنىڭ ئەدگۇ ئات... داتمادىن،
98 )47( ئەسەرلەرىڭ ئورۇنىڭا تۇشمىش ئۆتلىمىن ئۇنىتمادىن،

99 ) 48 ئەرتەگ ئىش قىلمىشسەن ئەدگۈڭنى تولپ بىلدىم ،
100 ) 49 ئەكسۈڭسۈز ئون ئىككى تۈمەن ئۆك چاۋ ياستۇق
بىرەيىن .

(بوۋىلىرىڭنىڭ ياخشى نامىنى ‹يوقاتماي › ،
ئەجدادلىرىڭنىڭ ئورنىغا چۈشكەن ‹هالاكەتنى › ئۈنتۇماي ،
ئەردەك ئىش قىلىپسەن ، ياخشىلىقىڭنى تولۇق بىلدىم ،
كەم ـ كۈتىسىز ئون ئىككى تۈمەن ياستۇق پۇل بېرەي )

26

101 )50 ئوقتا تۇرمىش بودۇنۇڭغا يولۇغ بولزۇن ،
102 ) 51 ئۇترۇ تۇرۇپ سانجىشمىشىڭغا تانۇق بولزۇن ،
103 ) 1 ئون ئىككى تۈمەن ياستۇق بۇرۇن بەلگۈ بولزۇن ،
104 )2 ئوباسى بۇ ئوق ساقىنماغىل ئۇلۇغى كىن بولزۇن .

(ئوق ئالدىدا تۇرغان خەلقىڭگە قۇتقۇزۇش بولسۇن ،
تاقابىل تۇرۇپ ئېلىشقىنىڭغا گۇۋاه بولسۇن ،
ئون ئىككى تۈمەن پۇل ئاۋۋال بەلگە بولۇپ تۇرسۇن ،
ئىنئامى بولا دەپ ئويلاپ قالما ، نۇرغۇنى كېيىن بولسۇن . )

105 ) 3 يارلىقانچۇچى كۆڭۈللۈگ تەڭرىكەنىمىز مۇنىتەگ سو-
يۇر قادىپ ،

106 )4 ياباقاماغ بەگ بەگىتى بىرلە قوچۇغا يانىپ ،



107 ) 5 يادامىش ئۇيغۇر ئېلىڭە ياستۇق تاۋار بىردۇرۇپ ،
108 )6 ياۋرىمىش ئۇلۇسىن يانا بۇنتەگ تۇرغۇزدى .

(مېھرىبان كۆڭۈللۈك تەڭرىكەنىمىز مۇشۇنچىۋالا ئىنئامغا ئې-
رىشىپ ،
ھەممە بەگ ئەمەلدارلىرى بىلەن قوچۇغا يېتىپ ،
يارىغان ئۇيغۇر خەلقىگە پۇل ، تاۋارلارنى تارقاتقۇزۇپ ،
ئاجىزلاپ كەتكەن دۆلەتنى قايتا بۇرۇنقىدەك
تۇرغۇزدى . )①

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا چاغاتاي دەۋرىنىڭ شەكىللىنىشى ، گۈللىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى

## چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ چاغاتاي دەۋرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر سىياسىي ، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەر كەسكىن بۇرۇلۇشقا ۋە زور ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلگەن بىر تارىخىي شارائىت ئاستىدا شەكىللىنىپ ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىدېئو- لوگىيە ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇزاققىچە ئىزچىل داۋام قىلغان ۋە

① بۇ تېكستلەر «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 2 ـ توم، 33 ـ بەتتە بېرىلگەن «قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دىن ئۆرنەكلەر» دىن ئېلىندى.

ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مۇھىم بىر ئەدەبىيات ھادىسى-
سىنى بارلىققا كەلتۈردى . بۇ دەۋر ئەدەبىياتى كېيىنكى دەۋردىكى
ئەدەبىياتشۇناسلار ۋە شەرقشۇناسلار تەرىپىدىن چاغاتاي ئەدەبىياتى دەپ
ئاتالدى .

چاغاتاي ئەدەبىياتى —— خاقانىيە (قاراخانىيلار ) دەۋرىدىكى
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ داۋامى . بۇ نام ئاستىدا مەيدانغا چىققان ئەدەبى-
يات ھادىسىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەۋرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ، مەيدانغا
كەلتۈرگەن ئەدەبىيات نامايەندىلىرى كۆپ بولۇشى ، يارانقان ئەدەبىي
مىراسلىرىنىڭ مول بولۇشى ۋە سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئۇيغۇر
مەدەنىيىتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ .

ئۇيغۇر خەلقى تارىختا خېلى بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ مۇكەممەل ئەدەبىي
تىلى ۋە يېزىقى بولغان قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەت بولۇپ ، ئىسلام
مەدەنىيىتى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تىلى بىلەن
يارانقان ئەدەبىيات ئەسەرلىرى ۋە سەنئەت ئەسەرلىرى تۈركىي تىللىق
خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغانىدى . بولۇپمۇ مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن
12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىيلار سۇلالى-
سى دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى ئىنتايىن گۈللەندى .
قەشقەردىن بالاساغۇنغىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەلقلەر سۆزلىشىدىغان
مەركىزىي دىئالېكت ــ خاقانىيە تىلى پۈتكۈل تۈركىي تىللىق خەلقلەر
ئۈچۈن ئورتاق ئەدەبىي تىل بولغانىدى .

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدىمۇ مەدەنىيەت ، تارىخ ۋە ئەدەبىيات
ـ سەنئەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنىدى . ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دەۋردە
يارانقان مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىنتايىن مول ئىدى . قوچۇ ئىدىقۇت
ئۇيغۇر ئېلىگە ئەلچىلىككە كەلگەن ۋاڭ يەندې بۇ ھەقتە ناھايىتى



ئېنىق مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇرغانىدى .

قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يۈز بەرگەن
بىر قاتار سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر-
لارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا زور ئۆزگىرىش
ۋە يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى .

كىدانلارنىڭ قاراخانىيلارنى بويسۇندۇرۇشى ۋە سەلچۇقىيلارنى
ئۇرۇشتا مەغلۇپ قىلىشى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىيە مەدەنىيى-
تىنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى . ئەمما ، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇي-
غۇر ئەنئەنىلىرى قايتا ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتى . چىڭگىزخاننىڭ ئىس-
تېلاسىدىن كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىدا كەسكىن
بۇرۇلۇش دەۋرى باشلاندى . ئۇيغۇر تىلى ، ئۇيغۇر يېزىقى ، ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى قايتىدىن جانلىنىپ ، يېڭى قىياپەت بىلەن مەيدانغا چىقىشقا
باشلىدى . موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دائىرىسىدىكى پايانسىز تۇپراقتا
ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى ۋە ئەدەبىياتى يەنىمۇ كەڭ تارقىلىش ئىمكانىيى-
تىگە ئىگە بولدى . موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللى-
رىدىن باشلاپلا ئۇيغۇرلار دۆلەت ئورگانلىرىدا ، بولۇپمۇ مەدەنىيەت
ۋە كاتىباتچىلىق ئورۇنلىرىدا كۆپلەپ ئىشقا چۈشتى . ئۇيغۇر يېزىقى
موڭغۇل تىلى ۋە تۈركىي تىلنى خاتىرىلەش ، ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى
ۋە ھۆججەتلىرىنى يۈرگۈزۈشتە ئىشلىتىلدى . ئۇيغۇر تىلى موڭغۇل
تىلى بىلەن بىر قاتاردا دۆلەت تىلى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى . بۇ
ھال ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ غەربىي ئىران ۋە ئىراق زېمىنلىرىغى-
چە يېيىلىشقا سەۋەب بولدى .

يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇيغۇر خەلقى ئەرەب ـ پارس تىلىدىكى
ئەدەبىي مۇھىت بىلەن يەنىمۇ قويۇق ئارىلاشتى . ئەرەب ـ پارس

ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن دۇنياۋى مەشھۇر نامايەندىلەرنىڭ ئەسەر-
لىرى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ ، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى
كۆپلەپ قوبۇل قىلدى .

موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن ، خاقانىيە دەۋرىدىكى ئۇيغۇر
تىلىغا بۇ تىل تارالغان كەڭ رايونلاردىكى ھەر خىل يەرلىك شېۋىلەر
قوشۇلۇشقا باشلىدى . بۇ تىلغا ئوغۇز - قىپچاق ئېلېمېنتلىرى خېلى
كۆپ ئارىلاشتى ، ئۇنىڭ لېكسىكا فوندىدا ئەرەبچە ، پارسچە سۆز -
ئىبارىلەرمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى . ئەرەبچە ، پارسچە جۈملە تەركىبلى-
رىمۇ بۇ دەۋر ئۇيغۇر تىلىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى . ئەدەبىي
ئەسەرلەرنىڭ تىلى ۋە مەزمۇنىدىن شەكلىگىچە بولغان ھەممە تەرەپلى-
رىدە خاقانىيە دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت-
لىرى ۋە ئەنئەنىلىرىنى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئاساسىدا ، يەنە
پۈتكۈل مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ، بولۇپمۇ ئەرەب - پارس
ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى كۆرۈنەرلىك ئاشتى . شۇنىڭ بىلەن خاقانىيە
تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ، ئەمما ، خاقانىيە دەۋرى
ۋە ئەدەبىياتىدىن روشەن ھالدا پەرقلىنىدىغان بىر يېڭى تىل ۋە يېڭى
ئەدەبىيات ، يەنى چاغاتاي تىلى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى شەكىللىنىشكە
باشلىدى .

«چاغاتاي» سۆزى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ
ئىسمىدىن ئېلىنغان . چىڭگىزخان ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزى ئىگىلى-
گەن زېمىنلارنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەندە ، ئەسلىدىكى قاراخانىي-
لار سۇلالىسىنىڭ زېمىنىنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر پارچە چوڭ
زېمىننى ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا تەقسىم قىلىپ بەرگەنىدى . بۇ
زېمىن خارەزم ، ماۋەرائۇننەھر ، مىڭلاق (ئىلى ۋادىسى ) ، بەلخ ،



بەدەخشان ، قەشقەرىيە ، جۇڭغارىيە قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالاتتى . بۇ كەڭ زېمىندا چاغاتاي دۆلىتى قۇرۇلدى . بۇ جايلاردىكى
ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر موڭغۇللار بىلەن بىرگە
چاغاتاي ئۇلۇسى دېگەن نام بىلەن ئاتالدى . چاغاتاي ئۆزى ئىلى ۋادى-
سىدىكى ئالمالىق شەھرىدە تۇراتتى . مىلادىيىنىڭ 1242 - يىلى
چاغاتاي ئۆلۈپ ، خانلىق تەختى ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا قالدى . چاغاتاينىڭ
ئۆلۈمىدىن كېيىن چاغاتاي ئۇلۇسى ئىچىدە پارچىلىنىش يۈز بېرىپ ،
«موغۇلىستان» ۋە «ماۋەرائۇننەھر»دىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا
بۆلۈندى . مىلادىيىنىڭ 1360 - يىللىرى ئەتراپىدا تۇغلۇق تېمۇرخان
بۇ ئىككى رايوننى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈردى . مىلادىيە 1366 -
يىلى تۇغلۇق تېمۇرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، چاغاتاي ئۇلۇسى
ئەمىر تېمۇر كۆرەگاننىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئۆيۈشتۈرۈلدى . ئە-
مىر تېمۇر كۆرەگاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن چاغاتاي ئۇلۇسى يەنە پارچى-
لىنىپ كەتتى . ئەمما ، قاراخانىيلارنىڭ باي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى
ئۈستىگە قۇرۇلغان ، چاغاتاي ، تۇغلۇق تېمۇر ۋە ئەمىر تېمۇر دەۋرىدە
چاغاتاي ئۇلۇسى ئىچىدە كەڭ يىلتىز تارتىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىيات-
لارنى داۋام ئەتتۈرۈۋاتقان چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتى تاكى تېمۇر
ئەۋلادلىرى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ ، تېمۇرىيلەر خاندانلىقى مۇنقەرز بول-
غان مىلادىيە 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئۆزىنىڭ ئالتۇن دەۋرى-
نى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى .

مىلادىيە 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەيبانىيلار ماۋەرائۇننەھر
ۋە خۇراساندا تېمۇرىيلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى . يەتتە سۇ (ئىلى
ۋادىسى ) ، پەرغانە ، قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە رايونلىرىدا يەكەن خانلى-
قى قۇرۇلدى . تېمۇرىلەر بىلەن موغۇلىستان خانلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن

بولغان بابۇر جەمەتى ئافغانىستان ۋە ھىندىستاننى ئىگىلىدى . شۇنىڭدىن باشلاپ چاغاتاي ئۇلۇسى بىرلىككە كەلگەن سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي گەۋدىگە ئايلىنالمىدى . ئەمما ، چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتى بولسا خېلى ئۇزۇن دەۋرلەرگىچە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە نىسبەتەن ئورتاق بولغان تىل ۋە ئەدەبىيات بولۇپ خىزمەت قىلدى . بۇ ئەدەبىيات ۋەكىللىرى گەرچە ھەر خىل ئورۇن ، كۆپ خىل تەبىقە ۋە ھەر خىل ئېتنىك مەنبەلەردىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى مەيلى تىل جەھەتتە بولسۇن ، ياكى ئەدەبىي خاسلىق جەھەتتە بولسۇن ، چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى ئىچىدىن چەتلەپ كەتمىگەنىدى . دەرۋەقە بەزى ئەسەرلەرنىڭ تىلىدا قىسمەن يەرلىك ئالاھىدىلىكلەر ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ، ئەمما ، چاغاتاي ئەدەبىياتىدا تىل ۋە ئەدەبىي جەھەتتىكى ئورتاقلىق ھامان ئۈستۈن ئورۇننى ساقلاپ كەلدى . دەشتى قىپچاقتىن كەلگەن شەيبانىخان يازغان «بەھرۇل - ھۇدا» ناملىق قەسىدە بىلەن ھىندىستاندىكى زەھىرىددىن بابۇر ئەسەرلىرى ۋە يەكەندىكى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان شېئىرلىرىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىي خۇسۇسىيىتى ئاساسەن ئوخشاش ئىدى ، يەنى ئۇلار ھەممىسى چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا خاس بولغان ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى . بۇ خىل ئورتاق ئالاھىدىلىك مۇشۇ تىل ۋە ئەدەبىياتنى قوللانغان رايون ۋە خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاسىتە ئەدەبىي ئالاقىلەرنى قولاي شارائىتلار بىلەن تەمىن ئەتكەنىدى .

چاغاتاي نامى بىلەن ئاتالغان بۇ تىل ۋە ئەدەبىيات يالغۇز چاغاتاي ئۇلۇسى ئىچىدىلا چەكلىنىپ قالماستىن ، بەلكى چىڭگىز ئوغۇللىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئىلخانىي ۋە ئالتۇن ئوردا خانلىقلىرىدىمۇ زور



تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . ئەزەربەيجان ۋە ئوسمانىيلار رايونىنىڭ سىرتىدىكى بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە ، گەنسۇدىن ئىدىل بويلىرىغىچە ، قىرىم ۋە خۇراساندىن تاكى ھىندىستانغىچە بولغان كەڭ زېمىندا ئەسىرلەر بويى مەدەنىيەت تىلى بولۇپ قوللىنىلدى . چاغاتاي ئەدەبىياتى بولۇپمۇ نەۋائىدىن كېيىن ئەزەربەيجان ۋە ئوسمانلىلار تەۋەسىدىمۇ بەلگىلىك شۆھرەت قازىنىپ ، مۇئەييەن دىققەتكە سازاۋەر بولدى . قىسقىسى ، چاغاتاي تىلى مىلادىيە 13 - ئەسىردىن تاكى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان يەتتە ئەسىرلىك ئۇزاق تارىخىي مۇساپە جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان كەڭ زېمىندا ياشىغۇچى خەلقلەر ئارىسىدا ئەدەبىي تىل ، مەدەنىيەت تىلى ۋە رەسمىي تىل سۈپىتىدە خىزمەت قىلدى . چاغاتاي ئەدەبىياتى ئەنە شۇ تىل قوللىنىلغان رايونلار ئىچىدە تەرەققىي قىلىپ ، مول ئەدەبىي مەھسۇلاتلارنى بارلىققا كەلتۈردى .

شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى ، چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆزىنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىياتى دەپ بىلگەن چاغاتاي ئۇلۇسى ئۇنى «چاغاتاي تىلى» ، «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەپ ئاتىمىغان . بەلكى ، مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى » دا قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ئۇيغۇر تىلىنى «خاقانىيە تۈركچىسى» دەپ ئاتىغىنىدەك ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنى تۈركىي تىل دەپ ئاتىغىنىدەك ، چاغاتاي ئۇلۇسىمۇ يۇقىرىقى ئەنئەنە بويىچە ئۆز تىلىنى «تۈركىي تىل» ، ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىياتىنى بولسا «تۈركىي ئەدەبىيات» دەپ ئاتىغان . شۇنىڭغا ئوخشاشلا دەسلەپكى دەۋردىكى ئوسمانلى ئاپتورلىرىمۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى «ئوغۇزچە» دېمەي «تۈركچە» دەپ ئاتىغان . موغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىن ماۋەرائۇننەھر ، خارەزم ،

ئالتۇن ئوردۇ ، خۇراسان ، قەشقەر ۋە غەربىي ئىراندا يېزىلغان ئەسەرلەردىمۇ شۇ خىل ئەنئەنە داۋام قىلغان . چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ كلاسسىك شائىرى نەۋائىمۇ ئۆزى قوللانغان تىلنى «چاغاتايچە» دېمەستىن ، ئىزچىل تۈردە «تۈركچە» ، «تۈركىي» دەپ ئاتىغان . نەۋائىدىن كېيىن تاكى چاغاتاي تىلىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگىچە بۇ خىل ئەنئەنە ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلگەن .

چاغاتايچە دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئالدى بىلەن تىلشۇناسلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ ، بۇ ئاتالغۇ كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قوللىنىلىۋاتقان تۈركىي تىلنى ئوسمانلى تۈركچىسى ۋە ئەزەربەيجان تۈركچىسىدىن پەرقلەندۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان . تۈركىي تىللىق خەلقلەر تىلىدىكى بارلىق دىئالېكت ۋە شېۋىلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «تۈركىي» ، «تۈركچە» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتالغاندىن باشقا ، ئۇنىڭ ئايرىم دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىنى ئۆزىگە خاس ناملار بىلەن پەرقلەندۈرۈپ ئاتاش قەدىم تىلشۇناسلار تەرىپىدىن تەشەببۇس قىلىنغانىدى . مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاقانىيە تۈركچىسىدىن باشقا تۈركىي تىل شېۋىلىرىنى كۆپىنچە بەزى ئېتنىك ناملار بىلەن ئاتاپ ، «ئوغۇزچە» ، «ئارغۇچە» ، «چىگىلچە» دېگەندەك ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكەن . يەنە بەزى ئاپتورلار شۇ تىل شېۋىسى قوللىنىلغان ئاساسلىق ئورۇن نامى بىلەن رۇمچە ( ئوسمانلى ) ، ئەزەربەيجانچە ، قەشقەرچە ، تۈركىستانچە دېگەن ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكەن . ئەلىشىر نەۋائى «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسەرىدىمۇ «چاغاتايچە» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتمىگەن . بەلكى ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان تىلنى «تۈركىي تىل» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان . زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرىدە نەۋائى ئىشلەت-



كەن تىلنى «ئەندىجان خەلقىنىڭ جانلىق تىلى» دېگەن . پەقەت كېيىنكى ئەسىردىكى بىر قىسىم ئاپتورلار نەۋائى ۋە ئۇنىڭ ئىزباسارلىرىنىڭ تىلىنى «تۈركچە» ، «موغۇلچە» ۋە «نەۋائى تىلى» دېگەندەك ئاتالغۇلاردىن باشقا ، «چاغاتايچە» ، «چاغاتاي تۈركچىسى» دەپ ئاتاشقا باشلىغان . «چاغاتاي تىلى» ، «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ چاغاتاي تىلىنى ئىشلەتكۈچى خەلقلەر ئىچىگە ئومۇملىشىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ ، ئەمما ، بىر قىسىم تىلشۇناسلار ۋە فىلولوگلارنىڭ چەكلىك دائىرىدە ئىشلىتىدىغان كەسپىي تېرمىنى بولۇپ قالغان . مىلادىيە 17 ـ ئەسىردىكى تارىخچى ۋە ئەدىب مىرزا مەھدىخان ئاسترابادى ئۆزىنىڭ «مەبانىئەل ـ لۇغەت» ناملىق ئەسىرىدە رۇم (ئوسمانلى) تۈركچىسى بىلەن ئىران (ئەزەربەيجان) تۈركچىسىدىن باشقا ، ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان كەڭ رايونلاردا قوللىنىلىۋاتقان تىلنى «چاغاتايچە» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان .

«چاغاتايچە» دېگەن ئاتالغۇ مىلادىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ بىر قىسىم ياۋروپا شەرقشۇناسلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلىپ ، بىر قاتار تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى . ۋېنگرىيىلىك شەرقشۇناس ھىرمان ۋامبىرىنىڭ 1867 ـ يىلى نەشردىن چىققان «چاغاتاي تىلى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدىن كېيىن شەرقشۇناسلار ئارىسىدا بۇ ساھەگە بولغان قىزىقىش يەنىمۇ كۈچەيدى . «چاغاتايچە» ئاتالغۇسىنى بىر تۈركۈم ۋېنگر ۋە گېرمان ئالىملىرى ، مەسىلەن ، يوزىف تۈرى ، مارتىن هارتمان قاتارلىقلار قوبۇل قىلىپ قوللاندى . مىلادىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا روسىيە تۈركولوگلىرى ئارىسىدا «چاغاتاي تىلى» دېگەن ئاتالغۇ «شەرق تۈركچىسى» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن بىرگە قوللىنىلدى . راد-

لوف ، كورىش ، مېلىئورانسكىي قاتارلىق ئالىملار بۇ ھەقتە بىرقاتار
تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى . بولۇپمۇ رادلوفنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىلمىي
ئەمگەكلىرى زور ، چىقارغان ئىلمىي يەكۇنلىرى دىققەتكە سازاۋەر-
دۇر . رادلوف چاغاتاي تىلىنى ئۆزى ئۇيغۇر تىلى دەپ نام بەرگەن
خاقانىيە تۈركچىسىنىڭ بىۋاستە داۋامى دەپ ئېنىق كۆرسەتتى .
كېيىنكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن تۈركىيە ، ئوتتۇرا ئاسىيا سوۋېت
جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردا «چاغاتاي
تىلى» ، «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دېگەن ئاتالغۇغا نىسبەتەن ھەر خىل
ئوخشاشمىغان قاراشلار مەيدانغا چىققان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ ئاتالغۇنى
ئىلگىرىكى شەرقشۇناسلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ھالدا
مۇشۇ كەسىپ دائىرىسى ئىچىدە قوللىنىش يەنىلا داۋام قىلىپ كەل-
مەكتە .

چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە كېيىنكى تەرەققىياتى
ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ، جۈملىدىن
ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى باي خەلق ئەدەبىياتى ۋە يازما
ئەدەبىيات مىراسلىرىنى ، بولۇپمۇ قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ۋە
قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە گۈللەنگەن ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما
ئەدەبىيات خەزىنىلىرىنى ئاساس قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى-
گە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئۇنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرغانلىقى ، شۇنداق-
لا ئۇنى يەنە ئەرەب ، پارس ئەدەبىياتىنىڭ مول نەتىجىلىرى بىلەن
يۇغۇرۇپ ، تېخىمۇ بېيىتىپ ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، يېڭى دەۋر سەۋى-
يىسىگە كۆتۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئافغا-
نىستان ، خۇراسان ۋە خارەزم رايونلىرىدا گۈللەپ كامال تاپقان غەزنە-
ۋىيلەر ، گورىيلار ، سەلچۇقىيلار ۋە خارەزم شاھلار ھۆكۈمرانلىقى



دەۋرىدىكى تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنىڭ قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى
ئەدەبىياتى ۋە قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتى بىلەن ئۆزئارا سىڭى-
شىپ ، ئۈزلۈكسىز ھالدا بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، تىل ۋە
ئەدەبىيات جەھەتتە كەڭ ئورتاقلىق ھاسىل قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى .

چىڭگىز ئىستېلاسىدىن كېيىن ، قوچۇ رايونىدىكى مۇسۇلمان
بولمىغان ئۇيغۇر باخشىلىرى بىلەن شەرقىي قاراخانىيلار رايونىدىكى
مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار موڭغۇل ھاكىمىيىتىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىگە
قوشۇلۇپ ، غەربكە باردى . ئۇ يەرلەردە ئۇيغۇرلار موڭغۇل ھۆكۈمىتى-
نىڭ ھەربىي ، مەمۇرىي لاۋازىملىرىدا ئىشلىدى . بولۇپمۇ مەدەنىيەت
ساھەسىدە ئۇيغۇر باخشىلىرىنىڭ ئوينىغان رولى ئالاھىدە گەۋدىلىك
بولدى . قوچۇ رايونىدىن بارغان ئۇيغۇر باخشىلىرى ئۆزلىرى بىلەن
بىرگە يەنە بۇددا ۋە مانى دىنى مەزمۇنىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى بىرگە
ئېلىپ بارغانىدى . ئۇيغۇر يېزىقى ۋاستىسى بىلەن نۇرغۇنلىغان ئۇي-
غۇر ئەدەبىي مىراسلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلار-
غا كەڭ تارقالغانىدى . بۇ رايونلاردىكى موڭغۇللار بىللە يەنە
ئۇيغۇر باخشىلىرىنىڭمۇ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشى نەتىجىسىدە
ئەسلىدىكى شامان دىنى ، بۇددا دىنى ۋە مانى دىنى مەزمۇن قىلىنغان
ئەسەرلەردىن كۆپىنچىسى ئۇنتۇلدى . بەزىلىرى بولسا ئىسلامىيەت
روھى بىلەن قايتىدىن يېزىپ چىقىلدى . بۇنداق ئەسەرلەردىن بىرى
«نەزمىي ئوغۇزنامە» ناملىق ئەسەردۇر . «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەڭ قەدىمكى شامان دىنى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن قەھرىمانلىق
ئېپوسى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى نۇسخىلىرى ئۇيغۇر-
لار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان . «ئوغۇزنامە»نىڭ يەنە نامەلۇم بىر ئاپتور
تەرىپىدىن مىلادىيە 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چاغاتاي تىلىدا نەزمىي

شەكىلدە يېزىپ چىقىلغان نۇسخىسى تولۇقسىز هالەتتە دەۋرىمىزگىچە
يېتىپ كەلگەن . بۇ ئەسەرنى يازغۇچى ئۇنىڭغا ئىسلامىيەت تۈسى
بېرىپ ، يېڭىچە ئىسلامىيەت مەزمۇنى بىلەن بۇ ئېپوسنى قايتا ئىش-
لەپ چىققان . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئىسلامىيەت-
تىن بۇرۇنقى ئەدەبىي مىراسلار كېيىنكى ئىسلامىيەت مەزمۇن قىلىن-
غان ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان . قاراخانىيلار
دەۋرىدە گۈللەنگەن ئەدەبىي مۇهىت ۋە بارلىققا كەلگەن مول ئەدەبىي
مىراسلار ئۆز دەۋرىدىلا ئەمەس ، بەلكى كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ چىڭگىز
هاكىمىيىتى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايونلاردا ئۆز تەسىرىنى يوقات-
مىغان . «قۇتادغۇبىلىك» ، «ئەتەبەتۇلهەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەر
تاكى چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىللىرىدىمۇ هىرات ، سە-
مەرقەند ۋە غەربىي ئاسىيا رايونىدا ئۈزلۈكسىز تارقىلىپ ، ئوقۇلۇپ
تۇرغان . ئەهمەد يەسسەۋىينىڭ شېئىرىي هېكمەتلىرىنىڭ تەسىرى
بولسا تېخىمۇ چوڭ بولغان . يەسسەۋى هېكمەتلىرى ئۆزىنىڭ يەڭگىل
ئۇسلۇبى ، راۋان تىلى ، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ، بولۇپمۇ ئۇي-
غۇرلارنىڭ كونا شېئىرىيەت ئەنئەنىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك جارى
قىلدۇرغانلىقى بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا زور شۆهرەت
قازانغان . ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى چاغاتاي ئەدەبىياتى
باشلىنىپ ئاخىرلاشقانغا قەدەر ، هەتتاكى هازىرغا قەدەر زادىلا ئاجىز-
لاپ قالغىنى يوق . «ئەتەبەتۇل هەقايىق» بىلەن ئەهمەد يەسسەۋى
هېكمەتلىرى خاقانىيە تىلىنىڭ چاغاتاي تىلىغا ئورۇن بېرىۋاتقان ئۆت-
كۈنچى دەۋردە بارلىققا كەلگەن . بۇ ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە-
مۇ ئەلۋەتتە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تەرەققىي قىلغان ئەدەبىي مۇهىت
ۋە بۇ مۇهىت ئىچىدە بارلىققا كەلگەن مول ئەدەبىي مىراسلار تۈرتكە



بولغان .

چىڭگىز ئىستېلاسىدىن كېيىن قەشقەر ۋە ئالمالىقتا مەدەنىي
هاياتنىڭ قايتىدىن گۈللىنىپ روناق تاپقانلىقى ، هەر تۈرلۈك تارىخىي
مەنبەلەردىن مەلۇم . «مۇلهەقاتەئەل سۇراه»نىڭ ئاپتورى جامال قار-
شى ، «مىفتاهۇل ـ ئۇلۇم» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى يۇسۇپ سەككا-
كى قاتارلىق ئالىملار ئالمالىقتا چاغاتاي ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان .
ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات ، تارىخ ، تىلشۇناسلىق ۋە مۇزىكا ئىلىملىرىدىكى
شۆهرىتى كەڭ تارقالغان . ئەمما ئۇلارنىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان
يۇقىرىقى ئىككى پارچە ئەسىرىلا دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن .
ئالمالىق شەهىرى كېيىنكى دەۋردە كىشىلەر كۆزىدىن قانداق غايىب
بولغان بولسا ، بۇ يەردە بارلىققا كەلگەن تۈركىي تىلدىكى ئەدەبىي
ئەسەرلەرمۇ شۇنداق غايىب بولغان . بىز چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى
تەرىپىدىن ئالمالىقتا قۇيدۇرغان هەر خىل ئالتۇن ۋە كۈمۈش پۇللارغا
نەزەر سالىدىغان بولساق ، پۇلنىڭ بىر يۈزىگە چاغاتاي يېزىقى ، يەنە
بىر يۈزىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ چۈشۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز .
بۇ خىل مېتال پۇللار دەۋرىمىزگىچە خېلى كۆپ يېتىپ كەلگەن .
ئۇنىڭ تىلى ، يېزىقى چاغاتاي تىل يېزىقىنىڭ بۇ رايونلاردا ئاللىقاچان
ئومۇملىشىپ ، ئىلمىي ۋە مەمۇرىي ساهەدە كەڭ قوللىنىلىۋات-
قانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن سۇلتان يۇ-
نۇسخاننىڭ بىر پارچە يارلىقىمۇ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بو-
لۇپ ، بۇ يارلىقمۇ گۈزەل ۋە راۋان چاغاتاي تىلى ۋە يېزىقىدا خاتىرى-
لەنگەن . بىراق ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىدىن باشلاپ
تاكى يەركەن خانلىقى قۇرۇلغان مەزگىلگىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقە-
رىيە ۋە جۇڭغارىيە رايونىدا بارلىققا كەلگەن چاغاتاي تىلىدىكى ئەدەبىي

ئەسەرلەردىن دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەنلىرى يوق دېيەرلىك .

بۇنىڭ ئەكسىچە ، چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خارەزم ۋە ئالتۇن ئوردۇ سارايلىرىدا بارلىققا كەلگەن بىر قىسىم چاغاتايچە ئەدەبىي مىراسلار دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلىش شەرىپىگە ئېرىشكەن . مىلادىيىنىڭ 1341 ـ يىلى ئالتۇن ئوردۇدا قۇتب ناملىق شائىر تەرىپىدىن مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان «خۇسرەۋ ۋە شېرىن» ناملىق داستان ، ھىجرىيىنىڭ 754 (مىلادىيىنىڭ 1353 ) ـ يىلى خارەزمى تەخەللۇسلۇق شائىر تەرىپىدىن يېزىلغان «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستان ، مىلادىيە 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەلى ناملىق شائىر تەرىپىدىن يېزىلغان «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانى ، مىلادىيە 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رەبغۇزى تەرىپىدىن يېزىلغان «قىسسەسۇل رەبغۇزى» قاتارلىقلار چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەت مېۋىلىرى ئىچىدە بىز كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان مۇھىم نامايەندىلەردۇر . ئۇلارنىڭ تىلىدا خاقانىيە دىئالېكتىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىللە يەنە بەزى ئوغۇز ـ قىپچاق ئامىللىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . بۇ ئەسەرلەر چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىدىكى بەزى مۇھىم ئالامەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ ، ئۆز دەۋرىدىكى تىل ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي ھالىتى ھەققىدە بىزنى ئىنتايىن مۇھىم مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ . خاقانىيە تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە زور دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرگەن بۇ ئەسەرلەر چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكى ، ئۇنىڭ قانداق يىلتىزغا ، قانداق ئەنئەنىگە تايانغانلىقى ھەققىدە بىزنى چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە قىلالايدۇ .

خارەزمنىڭ سەراي شەھىرىدىن بولغان سەيفى سەرايى تەرىپىدىن



ھىجرىيە 793 (مىلادىيىنىڭ 1391 ) ـ يىلى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغان سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق ئەسىرى «گۈلىستانى بىت تۈركىي» دېگەن نام بىلەن دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن . بۇ ئەسەردىن دەسلەپكى چاغاتاي تىلىنىڭ ، بولۇپمۇ گۈزەل نەسر تىلىنىڭ ئۆرنىكىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىمىز . سەيفى سەرايىنىڭ يەنە «سۇھەيل ۋە گۈلدۇرسۇن» ناملىق داستانىمۇ گۈزەل بىر مۇھەببەت ھېكايىسى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىدىكى رېئال تېمىلارغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ يېقىن مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىگەنلىكى بىلەن بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ . سەيف سەرايى ئەسەرلىرى بىلەن بىرگە يەنە شۇ مەجمۇئە ئىچىگە ھەسەن ئوغلى ، خارەزمى ، ئىسھاق ، ئىماد مەۋلەۋى ، قازى ، تۇغلۇق خوجا ، ئەھمەد خوجا ۋە ئابدۇلمەجىد قاتارلىق شائىرلارنىڭ تۈركىي تىلدىكى شېئىرلىرى ۋە سەيف سەرايىنىڭ بۇلارغا يازغان نەزىرەلىرى بۇ دەۋردىكى دىققەتكە سازاۋەر مەنبەلەردىندۇر .

قۇتبنىڭ «خۇسرەۋ ۋە شېرىن» داستانى ، خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» داستانى ، سەيفى سەرايىنىڭ «سۇھەيل ۋە گۈلدۇرسۇن» داستانى ، ئەلىنىڭ «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانى قاتارلىق نەزمىي ئەسەرلەر چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى شېئىرىيەت نەمۇنىلىرى ئىدى . خارەزمنىڭ رابات ئوغۇز شەھىرىدە تۇغۇلغان نەسىرىددىن رەبغۇزى قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ، ھىجرىيە 710 (مىلادىيە 1311 ) ـ يىلى تاماملانغان «قىسسەسۇل رەبغۇزى» ناملىق ئەسەر بولسا چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى پروزا ژانىرىنىڭ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈلگىسى بولدى . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن ھىجرىيە 713 (مىلادىيە 1313 ) ـ يىلى ئىسلام ناملىق شائىر تەرىپىدىن يېزىلغان «مۇئىنەل مۇرىد» ھىجرىيە 761 (مىلادىيە 1359 ~

1360 ) ـ يىلى ۋاپات بولغان خارەزملىك مەھمۇد بىننى ئەلى ناملىق
يازغۇچىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان دىنىي ـ ئەخلاقىي ئەسەر
«نەھجۇل فەرادىس» قاتارلىق ئەسەرلەرنىمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ .
يۇقىرىقىلاردىن بىلىشكە بولىدۇكى ، موڭغۇل ئىستېلاسىدىن
باشلاپ تاكى تېمۇرىيلەر دەۋرىگە قەدەر ، يەنى مىلادىيە 13 ـ ئەسىر-
نىڭ باشلىرىدىن 15 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا چىڭگىز
ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن مەملىكەتلەردە قەدىمـ
كى خاقانىيە دىئالېكتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي
ئەدەبىي تىلى بولغان چاغاتاي تىلى مۇكەممەل ھالەتتە شەكىللەندى ،
چاغاتاي ئەدەبىياتىدا دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەت نەتىجىلىرى مەيدانغا
چىقتى . چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك دەۋرىنىڭ باشلىنىشى ئۈچۈن
پۇختا ئاساس سېلىندى .

## چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى

تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى
تەرىپىدىن قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇسۇلمان قىلىنىشى ، تۇغلۇق تېمۇر
ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى تەرىپىدىن ماۋەرائۇننەھر بىلەن يەتتە سۇ ،
قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە رايونلىرىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى چاغا-
تاي خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي نوپۇزىنى تېخىمۇ ئا-
شۇردى . ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي جەھەتتە بىرلىككە كېلىشى مەدەنىيەت
جەھەتتە ، جۈملىدىن تىل ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىكى بىردەكلىك ۋە
ئورتاقلىقنى يەنىمۇ پايدىلىق شەرت ـ شارائىتلار بىلەن تەمىنلىدى .
ئەمما ، تۇغلۇق تېمۇردىن كېيىن چاغاتاي خانلىقى ئىچىدە يۈز بەرگەن



ئىسيان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇرغان ئىچكى
نىزالار ئېگىلىكنى ۋەيران قىلىپ ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئۈزۈكچە-
لىك ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويغان بولسا كېرەك . بۇ دەۋر ئەدەبىياتى-
دىن دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بىرەر نەمۇنە مەلۇم ئەمەس .
مىلادىيە 1370 ـ يىلى سەمەرقەندتە ھاكىمىيەت ئۈستىگە ئول-
تۇرغان ئەمىر تېمۇر بولسا ، قەدىم چاغاتاي ئەنئەنىلىرىنى ياخشى
جارى قىلدۇرۇپ ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ ،
جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئەۋزەل شەرت
ـ شارائىتلارنى ھازىرلىغانىدى . ئەمىر تېمۇر ئەتراپتىكى خانلىقلارغا
ئۈزلۈكسىز يۈرۈش قىلىپ ، ئۇلارنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇش ئۈچۈن
قانچىلىك جىددىي كۈرەش قىلغان بولسا ، مەملىكەتنىڭ ئىلىم ـ
مەرىپەت ، بىناكارلىق ، قاتناش ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى گۈللەن-
دۈرۈش ، يېزا ئىگىلىكى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىنى يۈكسەل-
دۈرۈش ئۈچۈنمۇ بار ئىمكانىيەت بىلەن تىرىشقانىدى . ئەمىر تېمۇر-
نىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قىزغىن سۆيگەنلىكى ، بولۇپمۇ شېئىرىيەت
قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئەلىشىر نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس»
ناملىق ئەسىرىدە ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتكەنىدى . ئەمىر تېمۇر بۇخارا ،
سەمەرقەند ۋە ھىرات قاتارلىق شەھەرلەرنى گۈللەندۈرۈش ، بۇ يەرلەر-
دە مەرىپەت ئوچاقلىرىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ قەدىمى
يەتكەنلا ئورۇندىكى ئىقتىدار ۋە قابىلىيەت ئىگىلىرىنى بۇخارا ۋە
سەمەرقەندكە جەلپ قىلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ خانلىق تارىخىنى يازدۇ-
رۇش ، دۆلەتنىڭ ھەر خىل خەت ـ چەك ئەمىر پەرمانلىرىنى خاتىرى-
لەش ۋە باشقا ھېسابات ، كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرىنى خاتىرىلەش
ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ ، دۆلەتنىڭ ئىقتىساد ، مەدەنىيەت

ۋە مەمۇرىيەت ئىشلىرىنى رەتلىك، تەرتىپلىك يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ ئوردىسىدا ئىلگىرىكى چاغاتاي ئەنئەنىلىرى ۋە قائىدە - يوسۇنلىرى ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى. ئۇيغۇر باخشىلىرى دۆلەتنىڭ تۈرلۈك مۇھىم ئورۇنلىرىدا ئىشلەيتتى. خاقانىيە تىلى ئاساسىدا راۋاجلىنىپ شەكىللەنگەن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي ئەدەبىي تىلى تېمۇر دۆلىتىنىڭ رەسمىي ھۆكۈمەت تىلى ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ يازما ماتېرىياللىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە چاغاتاي يېزىقى بىلەن خاتىرىلىنەتتى. تېمۇر دەۋرىگە ئائىت تارىخىي ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تۈركىي تىلدىكى نەسرىي ۋە نەزمىي ئەسەرلەر كېيىنكى دەۋردە ئەمىر تېمۇرنىڭ تارىخىنى يازغان پارس تىللىق ئاپتورلار ئۈچۈن مۇھىم مەنبە بولغانىدى. بۇ پارسچە تارىخنامىلەردىن شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە»سى، ئابدۇللا بىننى مۇھەممەد بىننى ئەلىنىڭ «زۇبدە تۇل ئاسار» ئەسىرى قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ئەمىر تېمۇر سەلتەنەت ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان دەۋردە ئۆتكەن ئەدەبىيات ۋەكىللىرى ئىچىدە ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك دۆلەت ئەربابلىرىمۇ بولغان. ئۇلاردىن بىرى، ئەمىر سەيفىددىن بارلاس بولۇپ، دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىنىڭ «تەزكىرەتۇش شۇئەرا» ناملىق ئەسىرىدە ئەمىر تېمۇرنىڭ بۈيۈك ئەمىرلىرىدىن ئەمىر سەيفىددىننىڭ سەيفى تەخەللۇسى بىلەن پارسىي ۋە تۈركىي تىللىرىدا شېئىرلارنى يازغانلىقىنى قەيت قىلغان. ئۇنىڭ ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلىنغان تۈركىي تىلدىكى نەزمىي تەقرىزى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. يەنە بىرى، ئارسلان خوجا تارخان. ئەمىر تېمۇر ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ زامانىدا دۆلەتنىڭ زور ئابرۇيىغا ئىگە بولغان تارخان قەبىلىسىگە مەنسۇپ



بولغان بۇ ئەدىب ھىجرىيىنىڭ 830 (مىلادىيە 1426) - يىللىرىمۇ ھايات بولۇپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىدە ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرىيەت ۋە سەنئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى مەشھۇر شائىر سەككاكىنىڭ ئۇنىڭغا بېغىشلىغان تۈرلۈك قەسىدىلىرىدىن بىلىشكە بولىدۇ. ئارسلان خوجا تارخانىنىڭمۇ «ئەتەبەتۇلھەقايىق»نىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قويۇلغان مەزكۇر ئەسەر ھەققىدىكى نەزمىي تەقرىزىدىن باشقا ئەسەرلىرى ھازىرغىچە تېپىلمىدى. ئارسلان خوجا تارخانىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەھلىنى ھىمايە قىلغانلىقى تۈركىي تىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشى ئۈچۈن تەشۋىقات - تەرغىبات ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقى ئۇنىڭغا بېغىشلانغان ئەسەرلەردىن مەلۇم. قەدىمكى تۈركىي ئەدەبىياتنىڭ، جۈملىدىن خاقانىيە ئەدەبىياتىنىڭ مول نەتىجىلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان بۇنداق ئابرۇيلۇق دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتقا ھامىي بولۇشى ۋە تېمۇرىي شاھزادىلىرىنىڭ تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنى زور كۈچ بىلەن قوللىشى، چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ تېمۇرىيلەر خانىدانلىقىدا گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن قولاي شارائىتلارنى ياراتقانىدى. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرى ئىچىدە يەنە ئەمىر تېمۇرنىڭ ۋاپاتىدىن سەللا كېيىن، يەنى مىلادىيە 1411 - يىلى يېزىلىپ، تارخان ئەمىرزادىلىرىدىن سۇلتان مەھمۇدقا بېغىشلانغان «لەتافەتنامە» ناملىق داستاننىڭ ئاپتورى خوجەندىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. خوجەندىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ۋە ئۆزىدىن بۇرۇنقى تۈركىي ۋە پارس ئەدەبىياتىنىڭ نەتىجىلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان ئىستېداتلىق شائىر ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن «لەتافەتنامە»سىدىن ئوچۇق كۆرۈشكە بولىدۇ. خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» داستانىغا

جاۋابەن يېزىلغان بۇ ئەسەردە قايناق سۆيگۈ ھېسسىياتى ئىنتايىن گۈزەل بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن تەسۋىرلىنىپ، تۈركىي تىلىنىڭ غايەت نازۇك، پاساھەتلىك خۇسۇسىيىتى نامايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن ئەمىر تېمۇر دەۋرىدىكى تۈركىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشىنىش مۇمكىن.

ئەمىر تېمۇر زامانىسىدىكى ئالىملار ئىچىدە خارەزملىك ئابدۇلجەببار بىن ئابدۇللا، ئەھمەدبىن شەمسۇل ـ ئەئىممە ئەسسەرايى قاتارلىقلارنىمۇ تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ئۇلار ئەرەب، پارس، تۈركىي تىللىرىنى ئىنتايىن پاساھەت بىلەن قوللانغان ئىستېدات ئىگىلىرى ئىكەنلىكى مەلۇم. ھەر خىل تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئەدەبىي مىراسلار چاغاتاي تىلىنىڭ تېمۇر دەۋرىدىلا ماۋەرائۇننەھر، خارەزم ۋە خۇراسان قاتارلىق جايلاردا مەدەنىيەت تىلى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ پەقەت خارەزم ۋە ئالتۇن ئوردۇدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ يەرلەردىن خېلى بۇرۇنلا ئېلخانىيلار ۋە چاغاتايلار مەملىكەتلىرىدىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە مۇھىم تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. تېمۇر دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەرەققىياتلاردا تېمۇر ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگەن كەڭ زېمىندىكى ئەرەب، پارس، ھىندى ۋە باشقا خەلقلەر ياراتقان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي مىراسلارنىڭ چاغاتاي ئەدەبىياتى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇچرىشىش ۋە سىڭىشىش ئارقىلىق باي ۋە سىنكرېتىك ئەدەبىيات ۋە سەنئەت جۇغلانمىسى ھاسىل قىلىنغانلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك. بۇ بەدىئىي جۇغلانما تېمۇر ئەۋلادلىرى دەۋرىگە كەلگەندە چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ تېخىمۇ تاكامۇللىشىپ، كلاسسىك دەۋرگە قەدەم قويۇشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس بولدى. ئەمىر تېمۇر ئوغۇللىرى دەۋرىگە كەل-



گەندە چاغاتاي دەۋرىنىڭ كلاسسىك دەۋرى باشلىنىپ كەتتى. ئىسلامىيەت دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن بىرگە يەنە خاقانىيە دەۋرى ئەدەبىياتى مىراسلىرى بۇ دەۋردە خېلى زور ئىجتىھات بىلەن توپلانغانلىقى ۋە كۆچۈرۈپ تارقىتىلغانلىقى مەلۇم. بۇلار ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ بۇ دەۋردە خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەنلىكى دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇ خىل ئەسەرلەردىن مەنسۇر باخشى مىلادىيە 1435 ـ يىلى كۆچۈرگەن «بەختىيارنامە»، مەلىك باخشى مىلادىيە 1436 ـ يىلى كۆچۈرگەن «مىئراجنامە»، مىلادىيە 1439 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن «قۇتادغۇبىلىك» يەنە ئاشۇ يىللاردا كۆچۈرۈلگەن «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىقلار بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ بۇ دەۋرگە كەلگەندە ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىدىكى لىرىك شېئىرىيەت، بولۇپمۇ غەزەلچىلىك تۈركىي ئەدەبىياتقا زور تەسىر كۆرسەتتى. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئاندا ـ ساندا كۆزگە چېلىقىدىغان غەزەلدىن ئىبارەت بۇ شېئىرىي شەكىل بۇ دەۋرگە كەلگەندە لىرىك شېئىرىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلاندى. پارس تىللىق شېئىرىيەتنىڭ پېشۋالىرىدىن شەيخ سەئدى، ھافىز شىرازى، سەلمان ساۋەجى، مەۋلانا جەلالىددىن رومى، شەيخ فەرىدىددىن ئەتتار قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ تۈردە تارقىلىپ، ئىشتىياق بىلەن ئوقۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا پارس ئەدەبىياتىدىكى ئېپىك ئەسەرلەرمۇ بۇ دەۋردىكى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا، بولۇپمۇ داستانچىلىقنىڭ گۈللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى، نىزامىنىڭ «پەنج گەنج» ئەسىرى،

ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ داستانلىرى بۇ دەۋردە قولدىن قولغا كۆچۈرۈلۈپ ، كەڭ تارقالدى ۋە قىزغىن مۇلاھىزە ۋە مۇتالىئە قىلىندى . شۇ ئارقىلىق تۈركىي شېئىرىيەت سۈپەت جەھەتتە تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . ئۇنىڭ شېئىرىي شەكىللىرى تېخىمۇ بېيىدى . ئەمىر تېمۇر دەۋرىدە تىرىشچانلىق بىلەن تۈجۈپىلەپ پەرۋىش قىلىنغان تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات تېمۇرنىڭ ئوغۇللىرى دەۋرىگە كەلگەندە رەسمىي گۈللەپ ياشناپ ، مېۋە بېرىشكە باشلىدى . گەرچە ئەمىر تېمۇردىن كېيىن تېمۇرىيلەر خاندانلىقى پارچىلىنىپ كەتكەن ، تىنچلىق ، خاتىرجەملىك پەيتلىرى ئازلاپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن قىسقىغىنە نەچچە ئون يىل ھۆكۈم سۈرگەن كىچىك خانلىقلاردىمۇ مەدەنىيەتنىڭ جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە زور بولدى . مىلادىيە 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتلارنى ياراتقان بۈيۈك شائىرلار مەيدانغا كېلىپ ، چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى .

ئابدۇرەھىم ھافىزنىڭ 1430 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئىراننىڭ شىراز شەھىرىدە تۈزۈلگەن تۈركىي تىلدىكى لىرىك شېئىرلار توپلىمى ئىچىگە 37264 مىسرا شېئىر كىرگۈزۈلگەن . بۇ دىۋان چاغاتاي ئەدەبىياتىدا ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەزائىنۇل مەئانىي» ناملىق دىۋانى تۈزۈلگىچە بولغان جەرياندا تۈزۈلۈپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ھەجمى زور لىرىك شېئىرلار توپلىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار مەيلى سان جەھەتتە بولسۇن ياكى سۈپەت جەھەتتە بولسۇن ئاپتورنىڭ بەدىئىي ئىستېدات جەھەتتىكى



مۇۋەپپەقىيىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

ھەيدەر خارەزمى — مىلادىيە 14- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈركىي تىلدا شېئىرلار يازغان ۋە «تۈركىي تىللىق» دەپ نام ئالغان شائىرلاردىن بىرى. ئۇنىڭ «مەھزەنۇل ئەسرار» ناملىق داستانى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ داستاندىن ئۇنىڭ تۈركىي ۋە پارسىي ئەدەبىياتقا پىششىق ئىكەنلىكىنى، تۈركىي شېئىرىيەتتە يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بىر تالانت ئىگىسى بولغانلىقىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ.

مەۋلانە سەككاكى بولسا مىلادىيە 15- ئەسىردىكى چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى مۇھىم شائىرلىرىدىن بىرى. خەلىل سۇلتان (مىلادىيە 1405- يىلىدىن 1409- يىلىغىچە ھاكىمىيەت باشقۇرغان ) غا، ئۇلۇغبېككە ۋە ئەمىرى كەبىر ئارسلان خوجا تارخانغا بېغىشلىغان قەسىدىلىرىدىن ئۇنىڭ ئۇلۇغبېك دەۋرىدە سەمەرقەندتە ياشىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر تۈركىي دىۋانى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

مەۋلانە لۇتفى چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ نەۋائىدىن بۇرۇنقى مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى. لۇتفى ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرلىك ھاياتىدا تىنىمسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، چاغاتاي ئەدەبىياتىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان نادىر ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. تېمۇرىيلەر دەۋرىدىكى چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى بىردەك ھالدا لۇتفىنى تۈركىي شېئىرىيەتنىڭ پېشۋاسى، «مەلىكۇل كەلام» دەپ تەرىپلىگەن. نەۋائىنىڭ مەلۇماتىچە لۇتفى 99 ياشقا كىرگەندە ۋاپات بولغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە شېئىر يېزىشنى توختاتمىغان. لۇتفى ئۆز ئۆمرىدە پارسچە ۋە تۈركىي تىلدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى

يازغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ ، ئۇنىڭ بىر تۈركىي دىۋانى ، «گۈل ۋە
نەۋرۇز » داستانى ۋە ئايرىم پارسچە شېئىرلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ
كەلگەن .

بۇ دەۋر شائىرلىرى ئىچىدە ھىجرىيە 833 (مىلادىيە 1429 ~
1430 ) ـ يىلى يېزىلغان «دەھنامە » بىلەن «بەڭ ۋە چاغىر » داستاذـ
لىرىنىڭ ئاپتورى يۈسۈپ ئەمىرى ، ھىجرىيە 839 (مىلادىيە 1435
~ 1436 ) ـ يىلى شاھرۇخ مىرزىغا بېغىشلانغان «تەئەششۇقنامە »
داستانىنىڭ ئاپتورى سەئىد ئەھمەد مىرزا قاتارلىقلارمۇ مۇھىم ئورۇن
تۇتىدۇ . بۇ دەۋردىكى لىرىك شېئىرىيەت پېشۋالىرىدىن مەۋلانا گەدائى
ۋە مەۋلانا ئاتايىنىڭ تۈركىي لىرىكىلىرىمۇ شېئىرىي تەپەككۇر ، بەدـ
ئىي پاساھەت ۋە نازۇكلۇقتا كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ . «ئوق
ۋە ياي مۇنازىرىسى »نىڭ ئاپتورى يەقىنى ، «سازلار مۇنازىرىسى »
ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەھمەدى ، «مەخزەنى مىرھەيدەر » ناملىق
داستانىنىڭ ئاپتورى مىرھەيدەر مەجزۇپ ، شاھرۇخ مىرزا نامىغا يېـ
زىلغان «يۈسۈپ ۋە زۇلەيخا » ناملىق داستانىنىڭ مۇئەللىپى دۇربېك
قاتارلىقلارمۇ چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ بۇ دەۋرى ئۈچۈن زور تۆھپە
قوشقان ئىستېدات ئىگىلىرىدۇر .

مىلادىيە 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ھىرات ۋە سەمەرـ
قەنتنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ ، تېمۇرىيلەر خانىدانلىقىنىڭ خۇراسان
ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونلىرىدا بارلىققا كەلگەن كۈچلۈك ئەدەبىي تەرەقـ
قىياتنى يۇقىرىقى بايانلاردىن ھېس قىلىش مۇمكىن . ئۆز ئەسەرلىرىـ
نى پارس تىلىدا يازغان ياكى پارسچە ئەسەرلىرى بىلەن تونۇلغان بەزى
شائىرلارنىڭمۇ ئاندا ـ ساندا چاغاتايچە شېئىر ، رۇبائىي ۋە بەدىھەلەرنى
يازغانلىقلىرى مەلۇم . ئۇلارنى بۇ يەردە بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ



بولۇش قىيىن . مىلادىيە 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مەيدانغا
كەلگەن تۈركىي تىللىق سەنئەتكارلار ئۆز ئەدەبىياتىنىڭ باي مىراسلىـ
رى بىلەن بىرگە ئەرەب ۋە پارس ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى
زور قىزىقىش بىلەن تەتقىق قىلىپ ، بولۇپمۇ پارس ئەدەبىياتىدا بارـ
لىققا كەلگەن دۇنياۋى مەشھۇر نامايەندىلەرنى ئۆرنەك قىلىپ ، مول
ۋە يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولغان تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات نەمۇنىلىـ
رىنى بارلىققا كەلتۈردى .

شاھرۇخ مىرزىنىڭ ، بولۇپمۇ سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ
دەۋرىگە كەلگەندە خۇراساندا ، ئىقتىسادىي ئىگىلىك ، جۈملىدىن دېھـ
قانچىلىق ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە پەن مەدەنىيەت تېز تەرەققىي
قىلدى . ھىرات شەھىرىنىڭ ئىقتىساد ، سودا ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىدـ
كى ئورنى تېخىمۇ ئۆستى ، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەھەتتىكى
ئەھمىيىتى ئالاھىدە زورايدى . مىلادىيە 1405 ـ يىلىدىن باشلاپ
شاھرۇخ مىرزا تەرىپىدىن پايتەخت بولۇپ كەلگەن ھىرات شەھىرى
مىلادىيە 1457 ـ يىلى ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى قىسقا
مۇددەتلىك ھۆكۈمەتسىز ۋە تىنچسىزلىقتىن كېيىن ، مىلادىيە 1459 ـ
يىلى ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ قولىغا ئۆتۈش بىلەن يەنە قايتىدىن گۈللىـ
نىش باسقۇچىغا كىردى . ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ سەككىز يىللىق
ھاكىمىيىتى جەريانىدا ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى كەڭ رايونـ
لارغا نىسبەتەن ھىرات شەھىرى سىياسىي ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت
جەھەتتە يېتەكچى ئورۇندا تۇرغانىدى . ئەمىر تېمۇر ۋە ئۇنىڭ ئوغۇلـ
لىرىنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ بۇ يەردە يېتىشىپ چىققان ۋە باشقا جايلارـ
دىن بۇ يەرگە كېلىپ ئىستىقامەت قىلغان سانسىزلىغان ئىلىم ـ
مەرىپەت ئىگىلىرى بۇ يەرنىڭ مەدەنىي مۇھىتىدا كۈچلۈك ئويغىنىش

كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈردى .
مىلادىيە 1469 ـ يىلى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ھىراتتا تەختكە
ئولتۇردى . خۇراسان ، جۇرجان ، تۇخارىستان ، خارەزم ۋە ئاستراباد
رايونلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن
ھۈسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتى بۇ جايلار ئۈچۈن بىر مەزگىللىك تىنچ-
لىق ۋە تەرەققىيات ئېلىپ كەلدى . مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە چاغاتاي
ئەدەبىياتى يۈكسەك تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈردى ، بۇ
ئەدەبىياتنىڭ كلاسسىك دەۋرى يارىتىلدى . ئۆزىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى-
دىن باشلاپ تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتقا ئىزچىل ھامىيلىق قىلىشتەك
زور ئەھمىيەتلىك بىر ئەنئەنىنى داۋام ئەتتۈرۈپ كېلىۋاتقان سۇلتان
ھۈسەيىن بايقارامۇ چاغاتايچە شېئىرلارنى يېزىپ دىۋان تۈزگەن بىر
يېتۈك شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ئەدەبىيات ۋەكىللىرىنى قوغ-
داپ ، ھىمايە قىلغان ، بۇ ئەدەبىياتنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن يۇقىرى
كۆتۈرۈلۈپ ، راۋاجلىنىشى ئۈچۈن شەرت ـ شارائىتلارنى ياراتقاندى .
ھۆكۈمدار ھۈسەيىن بايقارادىن قالسىلا بۇ دۆلەتنىڭ نوپۇزلۇق ۋە ئەڭ
باي زاتلىرىدىن بىرى بولغان ئەلىشىر نەۋائى ھىرات ۋە خۇراساندا
ئۈچ يۈز يەتمىش ئورۇندا ھەر خىل ئاممىۋى پاراۋانلىق ئورۇنلىرى
ۋە خەير ـ ساخاۋەت ئورۇنلىرىنى قۇرغان . دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى
«تەزكىرەتۇش شۇئەرا» ناملىق ئەسىرىدە نەۋائىنىڭ بۇ خىل ئورۇنلار-
غا سەرپ قىلغان خۇسۇسىي مەبلىغىنىڭ بەش يۈز تۈمەن كېپەككىگە
يەتكەنلىكىنى بايان قىلغان . مىرزا ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشى-
دى» ناملىق ئەسىرىدە : «مىر ئەلىشىر پەزىلەت ئىگىلىرىگە شۇ قەدەر
پەرۋىش قىلدىكى ، شۇ دەۋردىكى تەڭداشسىز ئالىم ۋە ئىقتىدار ئىگى-
لىرىنىڭ ھەممىسى مىر ئەلىشىرنىڭ تىرىشچانلىقى ، پەرۋىش قىلىشى



بىلەن كامالەتكە يەتتى . مىر ئەلىشىرنىڭ مال ـ مۈلۈك ئەسلىھەلىرى
شۇ دەرىجىگە يەتكەنىدىكى ، ھەممە مۈلكىي ئەسلىھەلىرىدىن ھەر كۈنى
ئون سەككىز مىڭ شاھرۇخىي كىرىم بولاتتى . بۇلارنىڭ ھەممىسى
ئېھتىياجلىق ئىلىم ۋە ھۈنەر ئىگىلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىناتتى .
بەزى كۈنلىرى ئاز ـ تولا بىر نەرسە ئاشاتتى . بەزى كۈنلىرى ئون
سەككىز مىڭ شاھرۇخى تولۇق سەرپ بولاتتى .» دەپ يازغان . بۇنىڭ-
دىن شۇ دەۋردىكى ھىراتتا مال ـ مۈلۈك ئىگىلىرىنىڭ گۈللەنگەن
ئىقتىسادىي پائالىيىتىنى ۋە بىر قىسىم ئىلغار زاتلارنىڭ شەخسىي
مۈلكىنى قانداق سەرپ قىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز .
زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ «بابۇرنامە» ، مىرزا ھەيدەرنىڭ
«تارىخىي رەشىدى» ، مىرخاندىنىڭ «ھەبىبۇس سىيەر» ، «مەكارىمۇل
ئەخلاق» ، زەيىنىددىن ۋاسىفىينىڭ «بەدايىئۇل ۋەقايىئ» قاتارلىق ئە-
سەرلىرىدە ئەينى دەۋردە ھىراتتا روناق تاپقان ئىقتىساد ، مەدەنىيەت-
نىڭ ، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى ئىپا-
دىلەپ بېرىدىغان بايانلار بار ، بۇ تەرەققىيات سۇلتان ھۈسەيىن ، ئەمىر
ئەلىشىر قاتارلىق زاتلارنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى بىلەن بار-
لىققا كەلگەنلىكى ھەققىدە مۇھىم مەلۇماتلار بار . ئەدەبىي مۇھىتتا
مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە پارلاق ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان مەنزى-
رە بارلىققا كەلگەندى . بۇ مەزگىلدە پارسچە بىلەن چاغاتايچىدىن
ئىبارەت ئىككى خىل ئەدەبىيات بىر ماكان ، بىر زاماندا تەڭ تەرەققىي
قىلىپ ، كۆپلىگەن مەشھۇر نامايەندىلەرنى مەيدانغا چىقاردى . بۇ ئىك-
كى ئەدەبىياتتا جامى بىلەن نەۋائىدىن ئىبارەت دۇنياۋى بۈيۈك سىيما-
لار بارلىققا كەلدى .
نەۋائى ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئىجادىيەت ھاياتىدا يۈكسەك-

لىك ، ئۇلۇغۋارلىق بىلەن تولغان ئەسەرلىرى ئارقىلىق كلاسسىك چاغاتاي شېئىرىيىتىنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپلا قالماي ، بەلكى چاغاتاي تىلىنىڭمۇ يۈكسەك قۇدرەتكە ئىگە مەدەنىيەت تىلى بولالايدىغانلىقىنىمۇ مۇكەممەل ئۆرنەكلەر بىلەن ئىسپاتلاپ بەردى . ئەلىشىر نەۋائى ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئەڭ ئىلغار بولغان گۇمانىستىك ئىدىيىسىنى گۈزەل ۋە نەپىس تۈركىي تىل ، يۇقىرى سەۋىيە ، يۈكسەك سەنئەت ماھارىتى بىلەن ئىپادىلەپ ، ئۆز زامانىسىدىكى پارس تىللىق ئەدەبىياتنىڭ تەڭداشسىز نامايەندىسى بولغان جامىنىڭمۇ قايىللىقى ۋە تەرىپلىشىگە ئېرىشكەندى . نەۋائى تۈركىي تىلدا يېزىلغان دەسلەپكى غەزەللىرىدىن باشلاپ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ۋە «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» قاتارلىق ئەسەرلىرىگىچە بولغان جەريان ئىچىدە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ھەر جەھەتتە مۇكەممەل بولغان بىر ئەدەبىي پائالىيەت ئارقىلىق چاغاتاي تىلىنىڭ بىر كلاسسىك شېئىرىيەت تىلى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى نەسىر ۋە نەزمىنىڭ ھەممە تۈرىنى ، بارلىق شەكىللىرىنى ئىپادىلەشكە قادىر بولغان ، پارسچە بىلەن ھەممە جەھەتتە رىقابەتلىشەلەيدىغان مەدەنىيەت تىلى ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن ئورۇنلۇق مىساللار بىلەن كۆرسىتىپ بەردى . ئۇ ئۆزىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرىدە سۆز بايلىقى ۋە مەنە ئىپادىلەشتىكى نازۇكلۇقى جەھەتتە تۈركىي تىلنىڭ پارس تىلىدىن باي ۋە قابىل ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا جاكارلاشقا جۈرئەت قىلغان ۋە تۈركىي تىللىق شائىرلارنى ئۆز ئانا تىلىدا ئىجاد قىلىشقا چاقىرغان بۇ پىداكار شائىر ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز قەلىمى بىلەن پۈتكۈل تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەنىۋىيەت ئىقلىمىنى ئىگىلىگەن ۋە ئۇنى ئەسىرلەر بويى تۇتۇپ تۇرالىغان ساھىبقىراندۇر .



ئۇنىڭ مىراسلىرى چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرى ئۈچۈن تىل ۋە ئەدەبىيات مەكتىپى بولۇپ قالدى .

چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ بۇ دەۋردىكى نامايەندىلىرىدىن ھۈسەينى ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بەدىئۇززامان مىرزا ، شاھ غەرىب مىرزا قاتارلىقلارنى ، باشقا مىرزادىلەردىن ئەبۇبەكر مىرزا ، سۇلتان ئەھمەد مىرزا قاتارلىق شائىرلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن . بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا يەنە ئەلىشىر نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس»تا تىلغا ئالغان ئەمىر شەيخىم سۇھەيلى ، ھەسەن ئەلى جەلايىر ، سەئىد ھەسەن ئەردەشىر ، مىرزابەگ ، شەۋقى ، يۇسۇفى ، قۇتبى ، نەئىمى ، ھەرىمىي قەلەندەر ، تارخانى ، دەرۋىش نازۇكى ، مۇقىمى ، كەمالى ، مىرسەئىد كابۇلى ، ئەھمەد ھاجىبەگ ۋەفائى ، نەقىبى ، لەتىفى ، ھىلال ، غەرىبى ، شاھقۇلى ئۇيغۇر قاتارلىق شائىرلارمۇ مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە .

مىلادىيە 1501 ـ يىلى ئەلىشىر نەۋائى ۋاپات بولدى . ئۇنىڭ ۋاپاتى چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى بۈيۈك بىر دەۋرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . چاغاتاي ئەدەبىياتىدا نەۋائى دەۋرىنىڭ زىلزىلىسى خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغا قەدەر كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە ئۇنىڭ سىرتىدىكى رايونلاردىمۇ ئىزچىل داۋام قىلدى . سىياسىي ۋە مەدەنىي جەھەتلەردىن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئالتۇن دەۋرى ھېسابلانغان بۇ دەۋردە چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتى پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىلا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇش بىلەنلا قالماي ، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ نوپۇزى ۋە شان ـ شۆھرىتى سايىسىدە ئوسمانىيلار ۋە ئەزەربەيجان خەلقلىرى ئەدەبىياتىدىمۇ ئۆزىنىڭ مەنىۋى نوپۇزىنى ساقلاپ كەلگەنىدى . ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردە يېتىشىپ چىققان چاغاتاي كلاسسىكلىرى نەۋائى چىققان يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلەلمىدى . مىلادىيە 1506 ـ يىلى

ھۇسەين بايقارا ۋاپات بولدى ، ئوغلى بەدىئۇززامان مىرزا تەختكە
ۋارىسلىق قىلدى . مىلادىيە 1507 ـ يىلى مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ
ھىراتنى ئىستېلا قىلىشى بىلەن تېمۇرىيلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتى . ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراسان رايونىدا شەي-
بانىيلار خاندانلىقى قۇرۇلدى . تېمۇرىي ئەۋلادلىرىدىن زەھىرىددىن
مۇھەممەد بابۇر ئافغانىستان ۋە ھىندىستاندا ئۆز سەلتەنەتىنى تىكلەش-
كە مۇۋەپپەق بولدى . موغۇلىستان (ھازىرقى يەتتەسۇ ۋە شىنجاڭ
رايونى )دا يۇنۇسخان ئەۋلادلىرىدىن سۇلتان سەئىدخان قۇمۇل ، تۇر-
پان رايونىدىكى مەنسۇرخان ۋە ئالتە شەھەردىكى مىرزا ئابابەكرى
ھاكىمىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ يەكەن خانلىقىنى قۇردى .

ھىندىستاندىكى بابۇر خانلىقى سارايلىرىدا مەيدانغا كەلگەن چاغا-
تاي ئەدەبىياتى ۋەكىللىرى ھەققىدە توختالغاندا ئالدى بىلەن بۇ خاند-
دانلىقنىڭ قۇرغۇچىسى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنى تىلغا ئېلىشقا
توغرا كېلىدۇ . زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر بولسا چاغاتاي ئەدەبىياتى-
نىڭ نەۋائىدىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ . ئۇ شېئىرىيەتتە نەۋائىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراش
بىلەن بىرگە يەنە ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىنسان روھىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە
تەرەپلىرىنى ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلىگەن ، ئۆز ئەسەرلىرىگە
ئۆزىگە خاس بولغان تىرەن مەنە ۋە يۇقىرى سەنئەت ئىستېداتى ئارقى-
لىق ئۆزگىچە تۇس بېرەلىگەن لىرىك شائىردۇر . ئۇنىڭ شېئىرلىرى
چاغاتاي ئەدەبىياتىدا جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقىلىپ
قىزغىن ئوقۇلغانىدى . ئۇنىڭ «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرى چاغاتاي
ئەدەبىياتىدىكى نەسرچىلىكنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنىكىنى ياراتتى . با-
بۇرنىڭ «مۇبەييەنۇل ئىسلام» ناملىق ئەسىرى ئۇيغۇرلار ئىچىدە مەد-



رىسلەردە تاكى مىلادىيە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچىلىك دىنىي
ۋە ئەدەبىي ئوقۇشلۇق بولۇپ خىزمەت قىلدى . بابۇرنىڭ ئوغلى ھۇما-
يۇنمۇ پارسچە ۋە چاغاتايچە شېئىرلارنى يازغان بولسىمۇ ، چاغاتاي
ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت جەھەتتە شۆھرەت قازانغىنى ئۇنىڭ ئىنىسى ،
بابۇرنىڭ ئىككىنچى ئوغلى كامران مىرزا بولدى . مىلادىيە 1509 ـ
يىلى كابۇلدا تۇغۇلۇپ ، مىلادىيە 1557 ـ يىلى مەككىدە ۋاپات بولغان
بۇ ئەقىللىق شاھزادە پارسچە ۋە چاغاتايچە گۈزەل غەزەل ، قىتئە ۋە
رۇبائىيلاردىن تەركىب تاپقان بىر دىۋان تۈزگەن . ئۇنىڭ بۇ دىۋانى
ئۇنىڭ شېئىرىي ئىستېداتىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك ئاساس بولالايدۇ .
ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراساندا تېمۇرىيلەر ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ، ئىراننىڭ سەپەۋىلەر خاندانلىقى
تەۋەسىدىن ۋە موغۇلىستان رايونىدىن ھىندىستانغا كېلىپ بابۇر سارد-
يىدا تۇرۇپ قالغان شائىرلارمۇ كۆپ ئىدى . بۇلار ئىچىدىن مەجلىسى
ناملىق شائىرنىڭ «قىسسەئى سەيپۇلمۇلۇك» ناملىق بىر گۈزەل
ئىشق ـ مۇھەببەت داستانى دەۋرىمىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن .① يەنە
بابۇرنىڭ ھەربىي قوماندانلىرىدىن ھىراتلىق شائىر قاسىمىي ھەققىدە
«مۇزەككىرى ئەھباب» ناملىق تەزكىرىدە بەزى مەلۇماتلار يېزىپ
قالدۇرۇلغان . بابۇر سارىيىدىكى شائىرلار ئىچىدە يەنە ھۇمايۇننىڭ
يېقىن كىشىسى ، ئەكبەر دەۋرىدىكى نوپۇزلۇق شەخس بەيرامخاننىمۇ
تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ . ياشلىق دەۋرىنى بەدەخشان ۋە كابۇلدا
ئۆتكۈزگەن بەيرامخان ئىنتايىن نازۇك بىر سەنئەت ئىشتىياقىغا ئىگە
بولغان زات بولۇپ ، ئۇنىڭ پارسچە ۋە چاغاتايچە شېئىرلىرىدىن تەر-

① بۇ داستان «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى.

كىب تاپقان دىۋانى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن . ھىندىستاندىكى
چاغاتاي شائىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى نەۋائى ۋە بابۇرنىڭ تەسىرىگە
ئۇچرىغان بولۇپ ، چاغاتاي شېئىرىيەتچىلىكىدە قەدىرلەشكە تېگىشلىك
خىزمەتلەرنى قىلغانىدى . ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى خەلقىمىز ئىچىگە
كەڭ تارقىلىپ كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغانىدى .

## چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى

يەتتە ئەسىرگە يېقىن داۋام قىلغان ۋە كەڭ كەتكەن نۇرغۇن
رايونلارنى قاپلىغان چاغاتاي ئەدەبىياتى گەرچە ھەرقايسى دەۋرلەردە
ۋە رايونلاردا ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان بولسىمۇ ،
لېكىن ئۇ بىر پۈتۈن ئەدەبىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەممە رايون
ۋە ھەممە دەۋرلەرگە خاس بولغان ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرگىمۇ ئىگە
ئىدى . بۇ خىل خۇسۇسىيەتلەر ئالدى بىلەن تىل جەھەتتە ، ئاندىن
مەزمۇن جەھەتتە ۋە ئەدەبىي شەكىل ھەم ئۇسلۇب جەھەتتە روشەن
ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . چاغاتاي ئەدەبىياتىنى خاقانىيە دەۋرىدى-
كى ئەدەبىيات بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق ئۇنىڭ تۆۋەندى-
كى بىرقانچە جەھەتتە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگەنلىكىنى
بىلەلەيمىز :

1 . تىل جەھەتتە . خاقانىيە دەۋرىدىكى ئەدەبىيات بۇددا دىنىنىڭ
تەسىرى بىلەن سانسكرىتچە (قەدىمكى ھىندىچە )دىن قوبۇل قىلىنغان
ئايرىم ساندىكى سۆز ـ ئاتالغۇلاردىن باشقا ، دېيەرلىك ھالدا ساپ
ئۇيغۇر تىلى (خاقانىيە لەھجىسىدە ) ئىجاد قىلىنغانىدى . چاغاتاي
ئەدەبىياتى دەۋرىگە كەلگەندە ئەدەبىي ئەسەرلەر قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدە-



بىي تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن يېڭىچە ئەدەبىي تىل — چاغاتاي تىلى
بىلەن ئىجاد قىلىنىشقا باشلىدى . چاغاتاي ئەدەبىياتى دەسلەپكى شە-
كىللەنگەن مىلادىيە 13 ~ 14 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ تاكى 20 ـ
ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ ئەدەبىيات دائىرىسى ئىچى-
دە بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بول-
ساق ، بۇ تىلنىڭ لۇغەت فوندى خاقانىيە تىلىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسى-
يىتىنى ۋە ئاساسىي لۇغەت تەركىبىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ، يەنە
تۈرلۈك يەرلىك تەركىبلەر ۋە جانلىق ئېلېمېنتلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ،
ئەرەبچە ، پارسچە سۆزلەرنىڭ كۆپلەپ كىرىشى ھېسابىغا مىسلىسىز
بېيىپ ، گراماتىك شەكىللىرى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللىشىپ ، ئىپادى-
لەش ئىقتىدارى جەھەتتە بىرمۇنچە يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن-
لىكىنى ، شۇ ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان نەپىس ۋە گۈزەل بەدىئىي ئەسەر-
لەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز .

2 . يېزىق جەھەتتە . ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قى-
لىشتىن ئىلگىرى بىرقانچە يېزىقنى قوللانغان . بۇلار ئىچىدە ئۇرخۇن
يېزىقى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەل-
گەن . ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا
تارقالغاندىن كېيىن بۇ يەردە تەدرىجىي ھالدا ئەرەب يېزىقى قوللىنى-
لىشقا باشلىدى . خاقانىيە ئەدەبىياتى دەۋرىدە گەرچە ئەرەب يېزىقى
بۇ رايونلاردا ئىشلىتىلىشكە باشلىغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ دەۋر ئەدەبى-
ياتىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى يەنىلا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلگە-
نىدى . چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىگە كەلگەندە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاسا-
سىدا شەكىللەنگەن چاغاتاي يېزىقى ئومۇملىشىشقا باشلىدى . چىڭگىز-
خان ۋە چاغاتايخان قوشۇنىدا خىزمەت قىلغۇچى ئۇيغۇر باخشىلىرىنىڭ

ۋاستىسى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭەيگەن ۋە دەۋرى ئۇزارغان بولسىمۇ ، لېكىن كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ يېزىق بىلەن تەربىيىلەشنىڭ بارا - بارا ئازىيىپ ، ئاخىر توختاپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن ، بۇ يېزىق بىلەن ئىجاد قىلىنغان ياكى كۆچۈرۈلگەن چاغاتايچە ئەسەرلەرمۇ تەدرىجىي كېمىيىپ باردى . چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدە ئاساسلىق قوللىنىلىدىغان يېزىق چاغاتاي يېزىقى بولدى .

3 . مەزمۇن جەھەتتە . خاقانىيە دەۋرىدىكى ئەدەبىياتتا ئاساسلىقى بۇددا ۋە مانى دىنى تېمىسىدىكى ئەسەر بىلەن دىداكتىك ۋەز - نەسىھەت خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر كۆپرەك ئىدى . چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدە بولسا ئىشق - مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئېپىك ۋە لىرىك ئەسەرلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى . جۈملىدىن رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ، ئىنچىل ۋەقەلىككە ئىگە نەسرىي ۋە نەزمىي ئەسەرلەر ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلىدى . بۇ دەۋردىكى ئەسەرلەر پۈتۈنلەي ئىسلامىيەت ئىدىيىسى بىلەن خاراكتېرلەندى . خېلى كۆپ ئەسەرلەردە سوفىستىك ئىدىيىۋى خاھىش ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى . ئەرەب ، پارس مەدەنىيىتىنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى شۇنداقلا ھەر خىل پەلسەپىۋى قاراشلىرى چاغاتاي ئەدەبىياتىغا ئۈزلۈكسىز تەسىر قىلدى . ھەمدە چاغاتاي ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىدە روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى . چاغاتاي ئەدەبىياتىدا يەنە خاقانىيە دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىملاردىن ئەبۇنەسىر پارابى ، ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ، ئەبۇ رەيھان بىرونى قاتارلىقلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن شەرققە تونۇشتۇرۇلغان ياۋروپا يۇنان



مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ تەسىرى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلدى ۋە چوڭقۇرلاشتى . ئەرەب ، ئىران ، ئەزەربەيجان ، ھىندىستان رايونلىرىدا بارلىققا كەلگەن ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ئىنچىل تۈردە چاغاتايچە ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇردى . تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يازما ۋە ئاغزاكى ئەدەبىياتىدا ئىپادىلەنگەن ھەر خىل رېئال مەزمۇنلار چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىدا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ، ئەتراپتىكى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى مەزمۇن ۋە يېڭى ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىگە نىسبەتەن چاغاتاي ئەدەبىياتى ھامان تەشەببۇسكار ۋە ئېچىۋېتىلگەن ھالەتتە ئىدى .

4 . بەدىئىي ئۇسۇل جەھەتتە . چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىگە كەلگەندە بۇرۇن قوللىنىلىپ كەلگەن بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ نېگىزلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىرىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ، نۇرغۇن يېڭى ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ۋە ئۇسۇللىرى بارلىققا كەلتۈرۈلدى ۋە قوبۇل قىلىندى . شۇ ئارقىلىق بۇ ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش كۈچى تېخىمۇ ئاشۇرۇلدى ، ئۈنۈمى تېخىمۇ ئۆستۈرۈلدى . شۇ ئارقىلىق چاغاتاي ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي سەنئەت جەھەتتىكى سەۋىيىسى ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . نەسرىي ئەسەرلەردە قاپىيىداشلىق ، ئاھاڭدارلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان سەجئە ئۇسۇلى قوللىنىلىشقا باشلىدى ؛ ئوخشىتىش ، سېلىشتۇرۇش ، مەجاز ، ئىستىئارە ، جانلاندۇرۇش ، مۇبالىغە قاتارلىق خىلمۇخىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئەپچىللىك بىلەن كۆپلەپ قوللىنىلىپ ، ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمدارلىقى ئۆستۈرۈلدى . نەزمىي ئەسەرلەردىمۇ تۈرلۈك ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ماھىر-

لىق بىلەن ناھايىتى كۆپ قوللىنىلدى . شېئىرلارنىڭ ئاھاڭدارلىقى ، رىتىملىق خۇسۇسىيىتى ئۆستۈرۈلۈپ ، مۇزىكىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇلدى . چاغاتاي ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن نەزمىي ئەسەرلەردىكى مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەت ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن كۈچلۈك ئىدى . بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى ، بۇ دەۋردە شېئىرنىڭ ۋەزىن ، رىتىم ۋە قاپىيە جەھەتتىكى تۈرلۈك قانۇنىيەتلىرى ئىنچىكە تەتقىق قىلىنىپ ، ئىجادىيەت جەريانىدا ئۇنىڭغا قاتتىق ئەمەل قىلىنغانىدى .

قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بارماق ۋەزنى ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى . گەرچە ئارۇز ۋەزنىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ماس ھالدىكى شېئىرىي تەركىبلەر قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئەزەلدىن بار بولسىمۇ ، لېكىن بۇلار تەتقىق قىلىنىپ ، نەزەرىيىۋى جەھەتتىن سىستېمىلاشتۇرۇلمىغان ، ئۇنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى تېپىپ چىقىلمىغان ۋە يەكۈنلەنمىگەنىدى . ئارۇز ۋەزنى بىلەن بارماق (بوغۇم ) ۋەزنى شېئىرىيەتتە سىنكرېتىك (ئارىلاشما ) ھالەتتە قوللىنىلىپ كەلگەنىدى . ئەرەب ئالىملىرىدىن خەلىل ئىبن ئەھمەد يەكۈنلىگەن ئارۇز قائىدىلىرى قاراخانىيلار دەۋرىدە خاقانىيە ئەدەبىياتىغا تەتبىق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى . نەتىجىدە ئارۇز قائىدىسىگە ئىزچىل رىئايە قىلىنغان ئاساستا ئىجاد قىلىنغان «قۇتادغۇبىلىك» ، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»قا ئوخشاش نادىر ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى . ئەمما ، خاقانىيە دەۋرىدىكى ئەدەبىياتتا ، بولۇپمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەتتە يەنىلا بارماق ۋەزنى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى . چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىگە كەلگەندە شېئىرىيەتتە ئارۇز ۋەزنى بىلەن بارماق ۋەزنى تەڭ قوللىنىلىدىغان بولدى . بولۇپمۇ يازما ئەدەبىياتتا ئارۇز



ۋەزنى مۇتلەق ھالدا ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتتى . ئارۇزنىڭ تۈرلۈك بەھرىلىرى بۇ دەۋردىكى يازما شېئىرىيەتكە ئوڭۇشلۇق تەتبىقلىنىپ ، شېئىرىيەتتىكى كۆي ۋە ئاھاڭ تۈرلىرى زور دەرىجىدە كۆپەيتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى . چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك دەۋرىگە كەلگەندە ئارۇز ۋەزنىنىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرى ۋە ئۇنى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتكە قانداق تەتبىقلاش مەسىلىسى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىنىپ ، بۇ خۇسۇستا مەخسۇس نەزەرىيىۋى ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى . نەۋائىينىڭ «مىزانۇل ئەۋزان» ، بابۇرنىڭ «ئارۇز رىسالىسى» («مۇختەسەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) شۇلار جۈملىسىدىندۇر . بۇ دەۋردىكى يازما شېئىرىيەتتە ئارۇز ۋەزنى قەتئىي ئەمەل قىلىنىدىغان شېئىرىيەت ئۆلچىمى بولۇپ قالدى . خەلق ئاغزاكى شېئىرىيىتى بولسا ، ئاساسىي جەھەتتىن بارماق ۋەزنىدە ئىجاد قىلىنىپ ، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شېئىرىيەت ئەنئەنىلىرى داۋام ئەتتۈرۈلدى . ئەلۋەتتە ئاز ساندىكى يازما شېئىرىيەت نەمۇنىلىرىدە ، مەسىلەن ، ھۆكمەتلەردە ۋە ھۆكمەت ئۇسلۇبى بويىچە ئىجاد قىلىنغان داستانلاردا يەنىلا قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيەت ئەنئەنىلىرى جارى قىلدۇرۇلۇپ ، بارماق ۋەزنى قوللىنىلدى . ئەمما ، بۇ چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدىكى بىر پۈتۈن يازما شېئىرىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا پەقەتلا قىسمەن ئەھۋال .

5 . بەدىئىي شەكىل جەھەتتە . چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدە نەسرىي ئەسەرلەر شەكىللىرى خاقانىيە ئەدەبىياتى دەۋرىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپەيدى ۋە مۇكەممەللەشتى . بۇ دەۋردە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رىۋايەت ، ئەپسانە ، دراما ، ئۇگۇت ـ نەسىھەت ۋە تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى نەسرىي شەكىللىرى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى ، ئىلمىيلاشتى . ئۇنىڭغا يەنە قىسسە ، داستان ، تەزكىرىچىلىك ،

جەڭنامە ، ھېكايەت ، چاتما ھېكايەتلەر ، رىسالىچىلىك خاراكتېرىدىكى نەسرىي ئەسەر شەكىللىرى قوشۇلدى . نۇرغۇن ئېغىزاكى ۋە يازما ئەسەرلەردە نەسرىي بىلەن نەزم كىرىشتۈرۈپ قوللىنىلدى . نەتىجىدە نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ تۈرى ۋە شەكىللىرى كۆپەيدى ، تاكامۇللاشتى . شۇ ئارقىلىق چاغاتاي ئەدەبىياتىدا زور ھەجىملىك قىسسەلەر ، جەڭنامىلەر ، تارىخ ۋە تەزكىرە ئەسەرلىرى ، چاتما ھېكايىلەر ، ھەسبىھاللار ، تەرجىمىھاللار ، رىسالىلەر ۋە دەستۇرلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى .

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا چاچما شېئىر شەكلى ، ئىككىلىك ، ئۇچلۇك ، تۆتلۈك ۋە قىسمەن ئالتىلىك شەكىل ، ئاياغ قاپىيە ۋە ئاللىتېراتسىيە شەكىللىرى ئىشلىتىلگەنىدى . خاقانىيە دەۋرىدىكى يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن «قۇتادغۇبىلىك» ، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ، «دىۋانى ھېكمەت»نىڭ شېئىر شەكىللىرى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى شېئىرىي ئۈزۈندىلەرنىڭ شەكىل جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىدىن قارىغاندىمۇ ئىككىلىك ۋە تۆتلۈك شەكىل بۇ مەزگىلدىكى ئاساسلىق شېئىرىيەت شەكلى بولغانىدى . چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىگە كەلگەندە يۇقىرىقى شېئىرىي شەكىللەر ئاساسىدا يېڭىدىن يېڭى شېئىرىي شەكىللەر ۋە قاپىيە شەكىللىرى شېئىرىي ئىجادىيەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قوللىنىلىپ ، شېئىرىي شەكىللەر زور دەرىجىدە بېيىدى ۋە قېلىپلاشتى . لىرىك شېئىرىيەتتە غەزەل ، مەسنەۋى ، مۇسەللەس ، مۇرەببە ، مۇخەممەس ، مۇسەددەس ، مۇسەببە ، مۇسەممەن ، مۇتەسسە ، مۇئەششەر ، مۇۋەششەھ ، مۇساۋىيات ـ تەرەفەين ، تەرجىئبەند ، مۇئەمما ، رۇبائىي ، تۇيۇق ، قىتئە ، پەرت قاتارلىق نۇرغۇن شېئىرىي شەكىللەر يازما ئەدەبىياتتا ئۇنۇملۇك ھالدا ئىشلىتىلىپ ، لىرىك



شېئىرلارنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش شەكىللىرى كۆپ خىللاشتى . ئېپىك شېئىرىيەتتە تۇرلۇك ۋەقەلىك شېئىرلار ، رومانتىك داستانلار ، تارىخىي داستانلار ، ئىشق ـ مۇھەببەت داستانلىرى ، ھەر خىل جانسىز مەۋجۇداتلار ، ھايۋانات ، ئۇچارلىقلار ئوبرازى ۋە تىلى ئارقىلىق مۇھىم پەلسەپىۋى ئىدىيە بايان قىلىنغان شېئىرىي ئەسەرلەر ، مەسەللەر ، شېئىرىي چۆچەكلەر ، چاتما داستانلار ۋە خەمسەچىلىك قاتارلىق ئېپىك شەكىللەر بارلىققا كەلدى . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ۋە ئازساندىكى يازما شېئىرىيەت نەمۇنىلىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شېئىرىي شەكىل جەھەتتىكى ئەنئەنىلىرى جارى قىلدۇرۇلۇپ ، ئىككىلىك ۋە تۆتلۈك شەكىل ئاساس ، باشقا شېئىرىي شەكىللەر قوشۇمچە قىلىندى . چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن «تاھىر ۋە زۆھرە» ، «پەرھاد ۋە شېرىن» ، «لەيلى ۋە مەجنۇن» ، «غېرىب ۋە سەنەم» ، «ھۆرلىقا ـ ھەمراجان» ، «سەنەۋبەر» ، «مەلىكە مېھرىلىقا» ، «مەلىكە دانىشمەن» ، «شاھ ئادىلخان» ، «بوز يىگىت» ، «دەللە ۋە مۇختار» ، «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» ، «يۇسۇپ ـ ئەھمەد» ، «چىن تۆمۈر باتۇر» ، «قەمەرشاھ ۋە شەمسى جانان» ، «شاھزادە پەررۇخ ۋە مەلىكە گۇلرۇخ» ، «گۇلشاھ ـ ۋەرەقە» ، «بەھرام ـ دىلئارام» ، «گۇلشاد ۋە شىرىزاد» ، «شاھزادە نىزامىددىنئاخۇن ۋە مەلىكە رەناخان» ، «ئابدۇراھمانخان» ، «سېيىت نوچى» ، «قىزىلگۇل» قاتارلىق داستانلاردا شېئىرىي شەكىل جەھەتتە ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شېئىرىي شەكىل جەھەتتىكى ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىنغان .

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بۇ دەۋردە يەنە چۆچەك ، قىسسە ، مەسەل ، ھەزىل ، لەتىپە قاتارلىق شەكىللەر زور تەرەققىياتلارغا ئېرىش-

تى .
شېئىرىيەتتىكى قاپىيە شەكىللىرى چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدە
تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى ، سىستېمىلاشتى ۋە كۆپ خىللاشتى . قاپىيە
مەسىلىلىرى مەخسۇس تەتقىق قىلىنىپ ، بۇ جەھەتتە مۇكەممەل نەزە-
رىيىۋى پرىنسىپلار بېكىتىلدى . ئەمما ، قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيە-
تىدىكى ئاللىتېراتسىيە شەكلى چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىگە كەلگەندە
قىسمەن خەلق قوشاقلىرى بىلەن ماقال - تەمسىللەردىلا ساقلىنىپ
قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ، يازما ئەدەبىياتتا تاشلىنىپ قالدى .

چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدىكى يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بىلەن
قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى ئوتتۇرىسىدا دەۋر خاسلىقى
جەھەتتىكى پەرق بىر قەدەر ئېنىق ۋە روشەن . ئەمما بۇ دەۋردىكى
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى
ئەسەرلىرى ئوتتۇرىسىدا بەدىئىي ئۇسۇل ۋە شەكىل جەھەتتە پەرق
ئانچە روشەن ئەمەس ياكى ناھايىتى ئاز . بۇ ھال بىزگە قەدىمكى
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرىنىڭ چاغاتاي دەۋرىدىكى يازما ئەدەبىياتقا
قارىغاندا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا كۆپرەك ساقلانغانلىقىنى چۈشەندۇ-
رۈپ بېرىدۇ .

## ناسىرىددىن رەبغۇزى ۋە ئۇنىڭ «قىسسەسۇل رەبغۇزى» ناملىق ئەسىرى

### رەبغۇزىنىڭ ھاياتى

مىلادىيە 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
خارەزمدە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن چاغاتاي ئەدەبىياتى نامايەندىلىرى ئىچىدە



بۇرھانىددىن ئوغلى ناسىرىددىن رەبغۇزى مۇھىم ئورۇنغا ۋە زور
تەسىرگە ئىگە . ئۇ چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى پېشۋالىرىدىن
بولۇپ ، خارەزمنىڭ رەبات ئوغۇز شەھىرىدە تۇغۇلۇپ شۇ يەردە ياشى-
غانلىقى ئۈچۈن ، رەبغۇزى دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان . ئۇ ئۆز
زامانىسىنىڭ تۈرلۈك بىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلەپ ، تىل ، ئەدەبىيات ،
تارىخ ، قانۇن ئىلىملىرىدە كۆزگە كۆرۈنگەنلىكتىن قازى كالانلىق
ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن . ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق
مەلۇمات يوق . ئۇنىڭ مىلادىيىنىڭ 1279 ~ 1281 - يىللىرى
ئارىلىقىدا تۇغۇلغانلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ .

رەبغۇزى دىنىي ۋە ئىجتىمائىي قانۇن ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل
بولۇپ ، جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ يۈرگەن چاغلاردا خەلق
ئاغزىدىن نۇرغۇن تارىخىي رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغان . ئەۋلىيا - ئەنبىيا-
لار ھەققىدە ۋە باشقا تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئەپسانە ،
رىۋايەت ۋە ھېكايەتلەرنى توپلىغان . شەرق ئەدەبىياتىدىكى كۆپلىگەن
فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن ، توپلى-
غان ۋە تەتقىق قىلغان . ئەرەب ، پارس ۋە تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتى-
نىڭ تارىخى ۋە ئىجادىيەت مېۋىلىرى بىلەن پىششىق تونۇشقان ،
بولۇپمۇ تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنىڭ ئۇزاق دەۋرلىك تارىخىي مىراس-
لىرىدىن ئەتراپلىق خەۋەردار بولۇپ ، ئۇنىڭدىن زور روھىي ۋە بەدى-
ئىي ئوزۇق ئالغان . ئۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىدا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى
ئەدەبىيات نەتىجىلىرىنىڭ ، خۇسۇسەن «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مۇئەييەن
تەسىرى كۆرۈلگەنلىكى بۇنىڭ روشەن ئالامەتلىرىدىن بىرى . رەبغۇزى
ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى بارلىق مۇناسىۋەتلىك ئاغزاكى ۋە يازما
ماتېرىياللارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تولۇق ئىگىلەپ ، ئۆزىنىڭ ئەسى-

رى ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق قىلغان. ئۇ يازغان «قىسسەسۇل - رەبغۇزى» ناملىق ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن ھېكايىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى بولغان «زەبۇر»، «تەۋرات»، «ئىنجىل»، «قۇرئان» قاتارلىق تۆت بۈيۈك كىتابتىن ئېلىنغان ۋە كۆپىنچىسى دۇنياۋى تېمىلارغا ئايلىنىپ كەتكەن مەشھۇر رىۋايەتلەردۇر. يەنە بىر قىسمى ئىسلامىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارقىلىش جەريانىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلىكلەردۇر. شۇڭا بۇ ئەسەر تارىختا «قىسسەسۇل - ئەنبىيا» (پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى) دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان.

رەبغۇزى بۇ ئەسەرنى ھىجرىيىنىڭ 710 (مىلادىيىنىڭ 1311) - يىلى يېزىپ تاماملىغان. ئاپتور «قىسسەسۇل - رەبغۇزى» ناملىق بۇ ئەسەرنى چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن تارماشىرخاننىڭ بۈيۈك ئەمىرلىرىدىن بىرى نەسىرىددىن توقبۇغانىڭ بۇيرۇقى بىلەن يازغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

«قىسسەسۇل - رەبغۇزى» يېزىلغان مەزگىلدىن تاكى چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئالتە ئەسىرلىك تارىخىي جەرياندا بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ، ئىزچىل ئوقۇلۇپ كەلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ تۈرلۈك قوليازما نۇسخىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ ساقلانغان. «قىسسەسۇل - رەبغۇزى» چاغاتاي ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى ئىچىدە نەسرچىلىكنىڭ مۇنەۋۋەر نەمۇنىلىرىدىن بىرى. ئۇ تارىختىن بېرى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئوقۇلغان، ئەڭ كۆپ كۆچۈرۈلگەن نەسرىي ئەسەردۇر. «قىسسەسۇل - رەبغۇزى» نىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قازاندا ۋە تاشكەنتتە



بېسىلغان چاپ نۇسخىلىرى ۋە مىخ مەتبەئە نۇسخىلىرىمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە كەڭ تارقالغان.

«قىسسەسۇل - رەبغۇزى» ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە نەسىر ژانىرىنىڭ راۋاجلىنىشى، قىسسىچىلىكنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، تۈركىي تىل ئەنئەنىسىنىڭ كۈچلۈك ئىزچىللىقتا ئىگە بولۇشىدا زور رول ئوينىدى. شۇڭا رەبغۇزى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە كېيىنكى دەۋردىكى ئەلىشىر نەۋائىلار بىلەن بىرقاتاردا تۇرىدىغان ئۇلۇغ سىيمادۇر.

## «قىسسەسۇل - رەبغۇزى» ھەققىدە

«قىسسەسۇل - رەبغۇزى» 72 بابلىق، چوڭ ھەجىملىك نەسرىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ سەرگۈزەشتلىرىدىن باشلاپ، تاكى ئىسلامىيەتتىكى تۆت خەلىپە، يەنى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى قاتارلىقلارنىڭ پائالىيەتلىرىگىچە بولغان كەڭ ئەپسانىۋى ۋە تارىخىي مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

گۈزەل ئەدەبىي ئۇسلۇبقا، يارقىن بەدىئىي ئوبرازلارغا، مول ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرگە ئىگە بولغان بۇ ئەسەر چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى نەمۇنىلەردىن بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئەدەبىي، تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي قەدىر - قىممىتى ئالتە ئەسىردىن ئارتۇق تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنىڭ قىممىتى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ.

«قىسسەسۇل - رەبغۇزى»دا ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ سەرگۈزەشتلىرىدىن باشلاپ، ئادەم ئەۋلادلىرىدىن نوھ، سۇلايمان، سالىھ، ياقۇپ، يۈسۈپ، مۇسا، داۋۇد، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىيسا،

يەهيا ، ئەييۇب ، شۇئەيب قاتارلىق نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ ، ئاخىرىـ
دا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ قىسسىلىرى
بايان قىلىنىدۇ . ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئىزگۈلۈك ،
ھەققانىيەت ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ، تىنچ ، مەدەنىي ،
ئىجتىمائىي شارائىتنى بەرپا قىلىش يولىدا چەككەن رىيازەتلىرى ،
ئۆز قوۋملىرىنى ئۆيۈشتۇرۇش يولىدىكى تەسىرلىك ئىش ـ پائالىيەتـ
لىرى تەسۋىرلىنىدۇ . ئۇلار گەرچە باشقا ـ باشقا دەۋرلەردە ياشىغان
خىلمۇخىل سەرگۈزەشتىلەرگە ئىگە شەخسلەر بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارـ
نىڭ ئىنسانىيەت بەخت ـ سائادىتى يولىدىكى پىداكارلىقى ، ئارزۇ ۋە
غايىلىرى روشەن ئورتاقلىققا ئىگە . گەرچە ھەربىر پەيغەمبەر قىسسىـ
سى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل
ۋەقەلىكلەرگە ئىگە قىسسە بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار يەنە مەلۇم بىر
غايىۋى مەزمۇن ، مەلۇم بىر ئىدىيىۋى سىستېما ۋە مۇئەييەن بەدىئىي
قۇرۇلما ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە زىچ باغلىنىپ ، بىر پۈتۈن ئەسەر
قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلغان . «قىسسەسۇل ـ رەبغۇزى» ئۆز ئىچىدـ
گە ئالغان قىسسىلەر شۇ قەدەر كۆپ بولۇشىغا قارىماي بۇ قىسسىلەرـ
نىڭ ھەربىرى بىر پۈتۈن ئەسەر ئىچىدە ئۆزىگە خاس مەزمۇن ۋە
بەدىئىي سەنئەت بىلەن نامايان بولىدۇ . بۇ قىسسىلەر ئارىسىدا مەيلى
ئىدىيىۋىلىك جەھەتتە بولسۇن ياكى بەدىئىيلىك جەھەتتە بولسۇن
قىلچە تەكرارلىق يوق . يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بۇ قىسسىلەر بىر پۈتۈن
ئەسەر ئىدىيىسى ۋە قۇرۇلمىسىغا شۇ قەدەر زىچ باغلانغانكى ، ئۇلار
ئارىسىدا قىلچە ئالاقىسىزلىك ياكى چۇۋالچاقلىق سېزىلمەيدۇ . بۇنىڭـ
دىن رەبغۇزىنىڭ دۇنيا قاراش جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەن ، بەدىئىي
ئىستېدات جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن ئەدىب ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا



بولىدۇ .
«قىسسەسۇل ـ رەبغۇزى»دىكى قىسسىلەر ئىچىدە پەيغەمبەرلەر
قىسسىلىرى ، قەدىمكى پىرئون ۋە ئىسكەندەر قاتارلىق مەشھۇر پادىـ
شاھلار ھەققىدىكى قىسسىلەر ، لوقمانى ھېكىمگە ئوخشاش بۈيۈك
ئالىملار ھەققىدىكى قىسسىلەر ۋە دۇنيا تارىخىدا يۈز بەرگەن مەشھۇر
ۋەقەلەر ، مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدىكى قىسسىلەر بار .
ئادەم ئەلەيھىسسالام قىسسىسىدە قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ
ئالەمدىن ۋە ئىنسانىيەتنىڭ يارالمىشىغا دائىر دۇنيا قاراشلىرىنى
ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان نۇرغۇن قىممەتلىك ئەپسانىلەر ، بۇ ھەقتە
«تەۋرات» ، «زەبۇر» ، «ئىنجىل» ۋە «قۇرئان»دا كەلتۈرۈلگەن
مۇھىم بېشارەت ۋە رىۋايەتلەر بايان قىلىنغان . ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ
ئىلگىرىكى بوۋا ـ مومىسى ، يەر يۈزىدىكى تۇنجى ئىنسان ئادەم بىلەن
ھاۋانىڭ سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن .
نوھ ئەلەيھىسسالام قىسسىسىدە نوھ پەيغەمبەرنىڭ نۇرغۇن تىـ
رىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئۆز قوۋملىرى ئارىسىدا ئۆزدىـ
نىڭ تەرغىباتلىرىنى كېڭەيتەلمىگەنلىكى ، نوھ پەيغەمبەر قوۋملىرى
ئىچىدە ئېتىقاد ۋە ئەخلاق ، ئىجتىمائىي تەرتىپ مىسلىسىز دەرىجىدە
بۇزۇلغانلىقى ئاخىر ئىنسانلارنىڭ بېشىغا بالا ـ قازا كەلگەنلىكى ،
پۈتكۈل جانلىقلار ، جۈملىدىن ئىنسانىيەتنىڭ بېشىغا كەلگەن زور
ئاپەت توپان بالاسىنىڭ جەريانى ۋە نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئاپەتتىن
جانلىقلارنىڭ ، جۈملىدىن ئىنسانلارنىڭ نەسلىنى قانداق ساقلاپ قالـ
غانلىقى قاتارلىق رىۋايەتلەر ۋە شۇنىڭغا دائىر ئەپسانىلەر بايان قىلىنـ
غان .
مۇسا ئەلەيھىسسالام قىسسىسىدە مۇسا پەيغەمبەرنىڭ دۇنياغا كېـ

لىشى ۋە ئۇنىڭ پىرئون بىلەن بولغان كۇرەشلىرى ، هارۇن ئەلەي-
هىسسالام بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى
ئىسرائىل قوۋمىگە ئۆز دەۋەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ، مۇسا
ئەلەيھىسسالامغا «تەۋرات»نىڭ نازىل بولۇشى ، مۇسا ئەلەيھىسسالام-
نىڭ مال ـ دۇنياغا تويماس قارۇن بىلەن بولغان سۆھبەتلىرى ، مۇسا
ئەلەيھىسسالامنىڭ تەڭرى بىلەن سۆزلىشىش شەرىپىگە ئېرىشكەنلىكى
قاتارلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ .

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام قىسسىسىدە سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ پۈت-
كۈل جانلىقلارغا پادىشاھ بولغانلىقى ۋە پادىشاھلىقنى يۈرگۈزۈش
جەريانلىرى بايان قىلىنىدۇ . سۇلايمان پەيغەمبەر پادىشاھلىقنىڭ بۇ
تەسۋىرلىرىدە ئەدىب نەسرىددىن رەبغۇزىنىڭ ئادىل ، خەلقپەرۋەر ،
يۈكسەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلگەن غايىۋى دۆلەت كۆز قارىشى
ناهايىتى ئېنىق هالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدە ئەييۇب پەيغەمبەرنىڭ باي-
لىقى ، سېخىيلىكى ، تەڭرى رىزاسى ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئەمەللىرى
بايان قىلىنىدۇ . ئاندىن يەنە ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئېغىر كېسەلگە
دۇچار بولۇپ خارلىق ۋە ئازابقا قالىدۇ . بەدەنلىرى تېشىلىپ ، قۇرتلا-
پ كېتىدۇ . ئۇنىڭ بەدىنىدىن سېسىق پۇراق تارقىلىشقا باشلايدۇ .
ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بارلىق مال ـ دۇنيالىرى ، بالا ـ چاقىلىرى ،
ئىززەت ـ ئابرۇيىدىن ئايرىلىپ ئاجىز ، ناتىۋان هالغا چۈشۈپ قال-
دۇ . لېكىن بۇنىڭغا قىلچە ۋايىسماي تەڭرىگە شۈكۈر ـ سانا ئوقۇپ ،
سەۋر ـ تاقەت قىلىدۇ . ئاخىر تەڭرىنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىپ ،
ساقىيىدۇ ، پەرزەنتلىرى قايتىدىن يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ ، مال
ـ دۇنيالىرى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپىيىپ كېتىدۇ . بۇ



قىسسىدە ئىنسانلارغا دائىم دۇچ كېلىپ تۇرىدىغان ئېغىر قىيىنچى-
لىقلاردىن بىرى بولغان كېسەل ئازابى ھەققىدە توختىلىپ ، كېسەلگە
قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە ئەھمىيەتلىك كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا
قويۇلىدۇ . بۇ قىسسىدە كىشىلەرنى كېسەللەرگە رەھىم ـ شەپقەت ،
مەرھەمەت قىلىشى ، كېسەل كىشىنىڭ ھەمراھلىرى ۋە جورىلىرىنىڭ
ئۇنىڭغا ۋاپادارلىق كۆرسىتىپ ، كېسەلدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشى
تەشەببۇس قىلىنىدۇ . ئەڭ مۇھىمى ، كېسەل ئادەمنىڭ ئۆز كېسىلىگە
توغرا مۇئامىلە قىلىشى ، ھەرگىز روھىي جەھەتتىن تۈگىشىپ كەت-
مەسلىكى ، كېسەلنىڭ ھامان ساقىيىدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلاپ ، سەۋر
ـ تاقەت بىلەن بەرداشلىق بېرىشى تەكىتلىنىدۇ .

ھەزرىتى ئىسكەندەر قىسسىسىدە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ پادى-
شاھ بولۇشى ۋە دۇنيانىڭ كۆپ ئىقلىملىرىنى بويسۇندۇرۇش جەرياندى-
لىرى بايان قىلىنىدۇ . بۇ قىسسىدىكى روشەن بىر خۇسۇسىيەت
شۇكى ، ھەزرىتى ئىسكەندەر ھەربىر ئىشنى ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن
بىر ياقلىق قىلىدۇ . ئىلىم ـ بىلىم ئۆگىنىشكە ، ئالەمنىڭ سىرى
ۋە قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىشكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىدۇ .
دائىم ئالىملارنىڭ مەسلىھەت ۋە تەدبىرلىرى بىلەن ئىش بېجىرىدۇ .
ھەرقانداق ئېغىر مۇشكۇلاتقا يولۇقسا ئۇنى ئىلىم ـ پەننىڭ كۈچى
ۋە ئالىملارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق يېڭىدۇ . بۇ قىسسىدە رەبغۇ-
زىنىڭ دۇنياۋى بىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ھاياتقا تەتبىقلاپ ئىش-
لىتىش ھەققىدىكى مۇھىم قاراشلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .

«يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام قىسسىسى» «قىسسەسۇل ـ رەبغۇزى»
ئۆز ئىچىگە ئالغان 72 قىسسىنىڭ بىرى . بۇ قىسسە رەبغۇزى قەلىمى
ئاستىدا شۇ قەدەر گۈزەل ، غايىۋى مەزمۇنغا شۇ قەدەر باي ، تەسىرلىك

بىر ئەسەرگە ئايلانغانكى ، ئۇنى ئوقۇغان ھەربىر كىشى بۇ ئەسەرنىڭ
ئىدىيىسى ۋە سەنئەت گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولماي قالمايدۇ . بۇ
ئەسەردە ئىزگۈلۈك بىلەن رەزىللىك ، مۇستەبىتلىك بىلەن ئەركىنـ
لىك ، چىنلىق بىلەن ساختىلىق ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن ساتقۇنلۇق
شۇ قەدەر تەبىئىي ، شۇ قەدەر يارقىن سۈرەتلەپ بېرىلگەنكى ، ئەسەرـ
دىكى ھەربىر ئوبراز كىشىگە گوياكى ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا ھەرىكەت
قىلىۋاتقاندەك ، ئەسەر ۋەقەلىكى خۇددى ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدىلا يۈز
بېرىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ . بۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن پاك سۆيگۈ
ـ مۇھەببەت چەكسىز ئىستىبداتلىق قاپلىغان زۇلمەتلىك جەمئىيەتتە
گوياكى يانار تاغدەك پارتلىغان پاك ئىنسانىي ھېسسىياتنىڭ كۈچلۈك
نۇرى ۋە شىددەتلىك ساداسى بولۇپ ، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىـ
دۇ . بۇ ئەسەر چاغاتاي ئەدەبىياتىدا كېيىنكى دەۋرلەردە «يۈسۈپ ۋە
زۇلەيخا» تېمىسى ئاستىدىكى نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشكە
تۈرتكە بولدى .

«قىسسەسۇل ـ رەبغۇزى»دا يەنە نۇرغۇن قىسسىلەر بار بولۇپ ،
بۇ قىسسىلەرنىڭ ھەربىرىدە بىر مۇھىم مەسىلە نۇقتىلىق بايان قىلىـ
نىدۇ . بىرنەچچە مۇھىم شەخسنىڭ ئوبرازى يارىتىلىدۇ . بۇ قىسسىـ
لەرنىڭ ھەممىسىدە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تۈرلۈك قانۇنىيەتلىرى ،
تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ۋە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتـ
لىرى ئېچىپ بېرىلىدۇ ، بۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە
ئاپتورنىڭ ئېنىق كۆزقاراشلىرى ، تەشەببۇسلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىـ
دۇ . بۇ قىسسىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئايرىم تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ
ئىدىيىۋى مەزمۇنلىرى ۋە بەدىئىي سەنئىتى ، تىل خۇسۇسىيىتى ھەقـ
قىدە ئىنچىكە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا



مەخسۇس قولغا ئېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلاردىن بىرى .

## قۇتب ۋە ئۇنىڭ «خۇسرەۋ ۋە شېرىن» داستانى

### قۇتبنىڭ ھاياتى

قۇتب مىلادىيە 14 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خارەزمدە
ياشاپ ئىجاد ئەتكەن تالانتلىق شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان . ئۇنىڭ
«خۇسرەۋ ۋە شېرىن» ناملىق ئەسىرى مىلادىيە 1341 ~ 1342 ـ
يىللىرى يېزىلغان . بۇ ئەسەر نىزامى گەنجىۋىنىڭ شۇ ناملىق داستانىـ
نى ئۆز ۋەزنى ۋە ئەسلىي شەكلىنى ساقلىغان ئاساستا تەرجىمە قىلىش
ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن . ئەمما ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «روسۇل
ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت يارى ئۆگدۈسى» ناملىق باب «قۇتادغۇبىلىك»
نىڭ ۋەزنى بويىچە يېزىلغان . تۈركىيىلىك ئالىم مۇھەممەد كۆپرۈلۈـ
زادە فۇئاد بۇ ئاتاقلىق سەنئەتكارنىڭ «تۈرلۈك ـ تۈرلۈك قىيىنچىلىقـ
لارغا ئۇچراپ يىراق يەرلەردىن كەلگەنلىكى»نى تىلغا ئالغانلىقى ۋە
ئۇنىڭ تىلىدا خاقانىيە دىئالېكتى تەسىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ئاساـ
سەن ئۇنى «ماۋەرائۇننەھر تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ»[①]
دەيدۇ . شائىرنىڭ :

«مۇرادىم ئېردى ئولكىم بۇ قاپۇغدا
كېلىپ ، يول تاپسامەن دەپ بۇ تاپۇغدا .
سەفەر رەنجىن كۆزۈب ئۆزۈم قاچ ئەيىام ،

① كۆپرۈلۈزادە مۇھەممەد فۇئاد:«چاغاتاي ئەدەبىياتى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2000 ـ يىللىق 6 ـ
سان، 101 ـ بەت.

تاپۇغقا يەتتىم ئەمدى ئۇش سەرەنجام .»

دېگەن مىسرالىرىدىن ئۇنىڭ خارەزمگە شەرق تەرەپلەردىن بارغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ .

بۇ داستان ئومۇمەن نىزامىنىڭ تېكستى لىنىيىسىنى بويلاپ مېڭىش بىلەن ئۇنى بەزىدە ئۆز ئەينى تەرجىمە قىلىش ، بەزىدە قىسقارتىش ۋە بەزىدە ئۆز تەسىرىنى ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈش ۋە ئۆزىگە خاس بابلارنى قوشۇش ئارقىلىق ، قۇتبىغا خاس ئورىگىناللىقتا ئىگە قىلىنغان . مەسىلەن ، ئەسەرنىڭ باش قىسمىدىكى بىرمۇنچە بابلار ، تەۋھىد ، مۇناجات ، نەئت ۋە مەدھىيىلەرنىڭ ھەممىسى قۇتب تەرىپىدىن يېزىلغان . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ خۇسرەۋنى ئالتۇن ئوردا خانى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەنلىكى دىققەتكە سازاۋەردۇر .

قۇتب بۇ ئەسىرىنى ئۆز دەۋرىدىكى ئالتۇن ئوردا ھۆكۈمرانى تىنىبېكخان (تىنىبەيخان )نىڭ ۋە ئۇنىڭ ئايالى ، ئەدەبىيات ھەۋەسكارى مەلىكە جەمىلە خاتۇننىڭ نامىغا بېغىشلىغان . ئەسەرنىڭ باش قىسمىدا ئۇلارغا مەخسۇس باب ئاستىدا مەدھىيىلەر يازغان . «شاھزادە تىنىبېكخان مەدھى» دېگەن بابتا شائىر :

«ئۇلۇس ئەل ئەرلىكى سۇلتانى خانى ،
جەھان خەلقى تەن ، ئول تەن ئىچرە جانى .
خانىمىز تىنىبېك شاھى جەۋانبەخت ،
كىم ئۇش ئاندىن قۇۋانۇر تاج ھەم تەخت .
يەتى ئىقلىم ئىچرە ھالى بۇ زەماندا ،
تېڭىڭ يوق شەكسىز ئول بارچە جەھاندا »

«قاچان خۇسرەۋدە بار ئېردى بۇ سىيرەت ،



مەلىكتەگ قايدا ئول شىرىندە سۇرەت .
تۈمەن خۇسرەۋ قۇلۇڭ بولسا ياراركىم ،
بۇ شىرىن شەخس بىرلە سەن مۇلازىم .»

دېگەن مىسرالارنى يېزىپ ، شاھزادە تىنىبېكخاننى خۇسرەۋدىن ، مەلىكە جەمىلە خاتۇننى بولسا شىرىندىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ مەدھىيىلەيدۇ . بۇنىڭدىن شائىرنىڭ بۇ داستاننى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى مەقسىتى ئۆز دەۋرىنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىپ ، ئۆز ئېلىنى ۋە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمدارىنى مەدھىيىلەش ، ئۆز دىيارىدىكى ۋە ئۆز زامانىدىكى رېئال مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ .

## «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» داستانى ھەققىدە

قۇتب «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» داستانىدا خۇسرەۋ بىلەن شىرىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ۋەقەلىكىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۆز دەۋرىدىكى مۇھەببەت ، نىكاھ مەسىلىلىرىگە بولغان ئۆز كۆز قارىشىنى بايان قىلىدۇ . شائىرنىڭ قارىشىچە ئىشق - مۇھەببەت پۈتكۈل ھاياتلىقنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ، جىمى گۈزەللىكلەرنى يارانقۇچى ئامىل . فېئودالىزم شارائىتىدا ئىشق - مۇھەببەتكە بېرىلگەن بۇنداق يۈكسەك باھا ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى خەلقپەرۋەرلىك ، تەرەققىپەرۋەرلىكىنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر .

«كىشىنىڭكىم كۆڭۈلدە ئىشقى بولسا ،
نې تاڭ بۇلبۇل مەڭزىلىك رازى قىلسا .
فەلەك مېھرابى ئىشق ئېرمىش ، خۇش ئاڭلا ،
ئاشىقلارنىڭ سۆزىن ئىشق بىرلە تىڭلا .
كىشىكىم ئاشىق ئېرمەس ، جانى يوق بىل ،

ئۆلۈكنى بارمۇ تىر ئازۇندا ئاقىل .»

بۇ مىسرالاردا شائىر ئىشقنى ۋە ئاشىقلارنى چەكسىز ئۇلۇغلاي-دۇ . ئاندىن شائىر كېيىنكى مىسرالاردا پەلەكنىمۇ ، يەتتە قات يەرنى-مۇ دەريا ـ دېڭىزلارنىمۇ ئاشىقلار قاتارىدا تەسۋىرلەيدۇ . ئەگەر بۇ پەلەك ئاشىق بولمىغاندا ، ئۇ نېمىشقا سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ . نېمىشقا ئارام ئالمايدۇ ؟ بۇ يەتتە قات يەر ئاشىق بولمىسا ، نېمىشقا مۇنچىۋالا خالايىقنىڭ زەخمىسىنى يەيدۇ ؟ ئەگەر دېڭىزلار ئاشىق بول-مىسا ، نېمىشقا بۇنچە قاينايدۇ ، نېمانچە شاۋقۇن سالىدۇ ؟ دەپ خىتاب قىلىدۇ .

«ئەگەر بولماسە ئاشىق چەرخى بەزرام ،
نې سەرگەردان يۈرىر ، قىلغا ئېردى ئارام .
ئاشىق بولماسە ئوشبۇ يەتتە قات يەر ،
نېدىن مۇنچە خەلايىق زەخمىنى يەر .
تېڭىزلەر ئاشىق ئېرمەس ئېرسە ، بىر سور ،
نېدىن قاينار ، نې خۇرۇشلار قىلۇر ، كۆر .»

شائىر ئۆزىنىڭ ئىشق ھەققىدىكى بۇ بايان ۋە خىتابلىرىدىن مۇنداق پەلسەپۋى خۇلاسە چىقىرىدۇ .

«قايۇ نەڭكىم بۇ ئالەم ئىچرە كۆردۇم ،
نېدىن مۇندەك تەيۇ ئەقلىمگە سوردۇم .
ئايۇر : ئىشق بىرلە تىرىگ ئۇشبۇ ئالەم ،
گەر ئىشق بولماسا بولماس ئېردى ئادەم .»

شائىر دۇنيادىكى ھەربىر شەيئىنى كۆزەتكىنىدە ئۆز ئەقلىگە : «نېمىشقا مۇنداق ؟» دەپ سوئال قويىدۇ . ئەقلى ئۇنىڭغا : «بۇ ئالەم ئىشق بولغاچقا تىرىك ، ئىشق بولمىغان بولسا ، ئادەممۇ بولماس



ئىدى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ . بۇنىڭدىن شائىرنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەتنى نەقەدەر ئۇلۇغلىغانلىقى ، مۇھەببەت ئەھلىگە نەقەدەر ھۆرمەت ۋە ئېھ-تىرام بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ . شائىر قۇتبى-نىڭ «خۇسرەۋ ۋە شېرىن» داستانىنى يېزىشىمۇ ئىشق ـ مۇھەببەت ھەققىدىكى ئەنە شۇ قاراشلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت . ئاپتورنىڭ مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاش ، مۇھەببەت ئەھلىگە ھېسداشلىق قىلىش ، ئۇ-لارنى ھۆرمەتلەش ئىدىيىسى «خۇسرەۋ ۋە شېرىن» داستانىنىڭ باش تېمىسى ۋە ئېستېتىكلىق غايىسىدۇر .

«خۇسرەۋ ۋە شېرىن» داستانى چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن نەزمي ئەسەرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈل-گىسى . ئۇنىڭ تىلىدا خاقانىيە ئەدەبىياتى ۋە تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلى-رى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ، شۇنداقلا يەنە چاغاتاي تىلىنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرىمۇ كۆزگە چېلىقارلىق ھالدا ئەكس ئەتكەن . ئەدەبىي ئۇسلۇب جەھەتتە ھەم خاقانىيە دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى ساقلانغان ھەم چاغاتاي ئەدەبىياتىغا خاس خۇسۇسىيەتلەر دەس-لەپكى قەدەمدە ئۆزىنى نامايان قىلغان . بۇ ئەسەر تىل خۇسۇسىيىتى ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇبى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتە مەخسۇس تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم مەنبەدۇر .

## خارەزمى ۋە ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە» داستانى

## خارەزمىنىڭ ھاياتى

مىلادىيە 14 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خارەزمدە ئىجادىيەت بىلەن شوغۇللانغان ئەدەبىيات نامايەندىلىرى ئىچىدە نوپۇزى ۋە تەسى-

رى بىرقەدەر چوڭ يەنە بىر شەخس شائىر خارەزمىدۇر . چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ئالتۇن ئوردا خانلىقى تەۋەسىدە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي مىراسلار ئىچىدە خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» داستانى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . بۇ ئەسەرنىڭ چاغاتاي ئەدەبىياتىدا كېيىنكى دەۋرلەردىكى تەسىرى ناھايىتى زور بولغان . خارەزمىنىڭ تولۇق ئىسمى ۋە ئېنىقراق تەرجىمىھالى مەلۇم ئەمەس . ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە» داستانى ھىجرىيىنىڭ 754 (مىلادىيىنىڭ 1353 ) ـ يىلى ئالتۇن ئوردا ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرى بولغان مۇھەممەد خوجابىكنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن سىر دەرياسى بويىدا يېزىلغان .

« ‹مۇھەببەتنامە › سۆزىن مۇنداق ئايتتىم ،
قامۇغىن سىر ياقاسىندا بىتىدىم .
. . . . . . . . . . . . . . . . .
بۇ دەفتەركىم بولۇپتۇر مىسر قەندى ،
يەتى يۇز ئەللى تۆرت ئىچرە تۈگەندى . »

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق شائىر ئۆز ئەسىرىنىڭ يېزىلغان ئورنى ۋە ۋاقتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ . بۇنىڭدىن خارەزمىنىڭ ياشىغان دەۋرى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز . ئېنىقراق مەلۇمات بولمىغانلىقتىن خارەزمىنىڭ ھاياتى ھەققىدە بۇنىڭدىن زىيادە توختىلىشقا ئامالسىزمىز .

## «مۇھەببەتنامە» داستانى ھەققىدە

«مۇھەببەتنامە» ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسى كۈيلەنگەن لىرىك داستاندۇر . بۇ ئەسەر ئون بىر نامەدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ ، ئۇنىڭ



ئارىسىغا يەنە غەزەل ، قىتئە ، مۇناجات ۋە ساقىينامىلەر قىستۇرۇلغان . بۇ ئەسەردە پاك ئىنسانىي ھېسسىيات ، سۆيگۈ ، ۋاپا ، ساداقەت ئۇلۇغلىنىدۇ . «مۇھەببەتنامە» داستانىدا گۈزەل مەھبۇبنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى تەرىپلەش ، مەھبۇب ئالدىدا ئاشىقنىڭ بايان قىلغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەش ، ئاشىقنىڭ مەشۇققە بولغان چەكسىز ساداقىتىنى بىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىنسانىي ھېسسىيات ، پاك سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئۇلۇغلانغان .

«تەبەسسۇم قىلساڭىز شەككەر ئۇيالۇر ،
تىشىڭ ئىنجۇسىدىن گەۋھەر ئۇيالۇر . »
«ساچىڭ بىر تارىنە مىڭ ھۇر يەتمەس ،
يۈزۈڭنىڭ نۇرىنە ھېچ نۇر يەتمەس .
ئەگەر بەرسە سۈيۈرغاپ ھەق تەئالا ،
كېرەكمەس سەنسىزىن فىردەۋسى ئەئلا . »

بۇ مىسرالاردا رېئال دۇنياۋى گۈزەللىك قىزغىن كۈيلەنگەن . شائىر ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئەڭ يۇقىرى جەننەتتىن ۋە ھۆرلەردىنمۇ ئۈستۈن قويغان .

«كۆڭۈلدە جاندىن ئارتۇقراق كېرەكسەن ،
پەرىشتە كۆرسە بولغاي سىزگە مايىل ،
سىزىڭدەك كىمدە بار شەكلۇ شەمايىل . »

دېگەن مىسرالاردىمۇ رېئال ئىنسان گۈزەللىكى ھۆر ، پەرىلەردىنمۇ ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ كۈيلەنگەن . شائىر ھايات گۈزەللىكلىرىنى قەدىرلەش ، ئۇنى قىزغىن سۆيۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ :

«نە بىلسۇن قەدرىڭىزنى تەگمە نادان ،
گۈھەر قەدرىنى ئامىي بىلمەس ، ئەي جان»

«كۆڭۈل مېھرى نەزەر يولىندىن ئارتار ،
نىگارىن جەۋرىنى جان بىرلە تارتار .»
«جەفادىن ئىگراماس بۇ يولدا ئۇششاق ،
ۋەفادىن جەۋرىڭىز مىلڭ قاتلا خۇشراق .»
«ئوغان يۇسۇپ جەمالىن سىزگە بەردى ،
مۇھەببەت كىمياسىن بىزگە بەردى»

بۇ مىسرالاردا شائىر ئىشق ـ مۇھەببەتنى ئەڭ زور بايلىق ، ئەڭ ئۇلۇغ نېمەت ؛ بۇ يولدا چەككەن جاپا ـ مۇشەققەتلەر راھەت ـ پاراغەتتىن ئارتۇق ، دەپ تەرىپلەيدۇ .

شائىر خارەزمى بۇ ئەسەردە يەنە ئۆزىنىڭ يۇكسەك خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

«قاچانكىم شادسەن ، غەمكىنگە رەھم ئەت ،
ئەگەر سۇلتان ئېسەڭ ، مىسكىنگە رەھم ئەت .»

دېگەن مىسرالاردىن شائىرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك خەلقچىللىق تەشەببۇسلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتەلەيمىز . شائىر يەنە مۇھەببەت ئەھلىنى ۋاپا ۋە ساداقەتنى قەدىرلەشكە چاقىرىدۇ .

«بويۇڭ سەرۋى سەنەۋبەردەك ، بېلىڭ قىل ،
ۋەفا قىلغان كىشىلەرگە ۋەفا قىل .»

«مۇھەببەتنامە» ئىچىدە بېرىلگەن غەزەللەر تىلىنىڭ راۋانلىقى ، لىرىك ھېسسىياتىنىڭ قويۇق ، قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدۇ . بۇ غەزەللەرنى چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى غەزەلچىلىكنىڭ كېيىنكى ئەسىردىكى تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى بىخ ھالەتتىكى نەمۇنىلىرى دېيىشكە بولىدۇ .



«يارانقانكىم تەن ئىچرە جان ياراتتى ،
سېنى كۆركلۈكلەر ئىچرە خان ياراتتى .
قۇياش يەڭلىغ يۈزۈڭىزنى يارۇتتى ،
فەلەكدەك بىزنى سەرگەردان ياراتتى .
خەلايىق قىبلەسى بولدى جەمالىڭ ،
ئۈشۈل كۈنكىم سېنى يەزدان ياراتتى .
تولۇن ئاي تەئبىيە سەرۋ ئۈزرە قىلدى .
ئاي ئىچرە غۇنچەئى خەندان ياراتتى .
جەمالىڭنى جەھانغە جىلۋە قىلدى ،
مېنى ئول سۇرەتە ھەيران ياراتتى .
ئىشتىتىك ئېرسە يۇسۇپنىڭ جەمالىن ،
سېنى ھۇسن ئىچرە سەد چەندان ياراتتى .
كەرىم تەڭرى كەمالىن قىلسە ئىزھار ،
سەن ئاينى بۇيلە بىنۇقسان ياراتتى .
زىھى قادىركىم ئول بىر قەترە سۇۋنى ،
مۇھەببەت گەۋھەرىگە كان ياراتتى .
ئەزەلدە قىلدى خارەزمىنى موھتاج ،
تاغى مەنزۇرىنى سۇلتان ياراتتى .»

بۇ غەزەلنىڭ ۋەزىن ۋە تىل جەھەتتىكى راۋانلىقى ، نازۇك ھېسسىياتقا باي ، بەدىئىي سەنئەت جەھەتتە ئىنتايىن نەپىسلىكى خارەزمىنىڭ كلاسسىك نەزم تېخنىكىسىنى پۇختا بىلگەن ، شېئىرىي تۇيغۇ ۋە بەدىئىي ئىستېدات جەھەتتە پىشقان ھەقىقىي سەنئەتكار ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ .

«مۇھەببەتنامە»دىن يېرىم ئەسىر ئەتراپىدا كېيىن ، مىلادىيە-

نىڭ 1411 ـ يىللىرى ئەتراپىدا خۇجەندى تەرىپىدىن يېزىلغان «لەتافەتنامە» ناملىق داستانىنىڭ ئاخىرىدا خارەزمىنى :

«خۇجەندى سۆزلەرىن خارەزمى مىسكىن ،
ئىشىتسە ، يوللى دەپ قىلغايدى تەھسىن .»

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ئەسلەپ ئۆتىدۇ . بۇنىڭدىن خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە»سىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى تەسىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . بۇ داستان كېيىنكى ئەسىرلەردە يېزىلغان يۇسۇپ ئەمىرى قەلەمىگە مەنسۇپ «دەھنامە» ، سەئىد ئەھمەدنىڭ «تەئەششۇقنامە» ، سەئىد قاسىمىنىڭ «ھەقىقەتنامە» ۋە «سەداقەتنامە» قاتارلىق داستانلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ، شۇنداقلا كېيىنكى دەۋردىكى داستانچىلىقنىڭ گۈللىنىشىگە ئىزچىل تەسىر كۆرسەتكەنلىكى مەلۇم . خارەزمىنىڭ غەزەللىرى چاغاتاي ئەدەبىياتىدا كېيىن گۈللەنگەن غەزەل ژانىرى ئۈچۈن دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈلگە بولغانلىقى شەكسىز . ئەلىشىر نەۋائى «مىزانۇل ـ ئەۋزان» ناملىق ئەسىرىدە تۈركىي خەلقلەردىكى نەزم ۋە مۇزىكا شەكىللىرى ئۈستىدە توختىلىپ ، «مۇھەببەتنامە» ناملىق بىر ئەدۋار (مۇزىكا نوتىسى )نى تىلغا ئالىدۇ . بۇ ئاھاڭنىڭ مافائىيلۇن ، مافائىيلۇن ، فەئۇلۇن ۋەزنىدىكى تېكىستلەر بىلەن ئورۇندالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ . بۇ ئىزاھات بۇ مۇزىكىنىڭ خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» سىگىلا خاس ئاھاڭ ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ . بۇنىڭدىن خارەزمىنىڭ چاغاتاي ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە تەسىرىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن .

«مۇھەببەتنامە»نىڭ تىلى تولىمۇ راۋان ، چۈشىنىشلىك ۋە پىشقان شېئىرىي تىلدۇر . شىرباك «مۇھەببەتنامە»نىڭ تىلىنى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت تىلىنىڭ داۋامى دېگەن . خارەزمى بۈيۈك پارس



شائىرى ھافىز شىرازى (مىلادىيە 1320 ~ 1389 ) بىلەن زاماندىش بولۇپ ، «مۇھەببەتنامە» داستانى ھافىز شىرازىنىڭ دىۋانى تۈزۈلگەن ۋاقىت (مىلادىيە 1368 ـ يىلى )دىن سەل ئىلگىرى يەنى مىلادىيە 1353 ـ يىلى يېزىلغان . «مۇھەببەتنامە»نىڭ ئۆز دەۋرىدىكى شان ـ شۆھرىتى شۇ قەدەر زور بولغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن قوليازمىلىرى كۆپ ئەمەس . بۇ داستانىنىڭ مەنسۇر باخشى ناملىق خەتتات تەرىپىدىن ھىجرىيىنىڭ 835 ـ يىلى رەجەب ئېيىدا (مىلادىيە 1432 ـ يىلى مارت ۋە ئاپرېل ئايلىرىدا ) مىرجەلالىددىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يەزد شەھىرىدە ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا or ـ 8193 نومۇرلۇق ئىندېكىستا ساقلانماقتا . بۇ ئەسەرنىڭ چاغاتاي يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن يەنە بىر نۇسخىسى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا Ad ـ 7914 نومۇرلۇق ئىندېكىستا ساقلىنىۋاتىدۇ . بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن يەنە بىر نۇسخىسى رىمدىن تېپىلغان بولۇپ ، ئۇنى تۈركىيە ئالىمى يانۇس ئىكمان نەشىرگە تەييارلاپ ، ئىزاھات ، سۆزلۈك ۋە تەتقىقاتى بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلدى . بۇ داستان ھازىر خەلقئارادىكى شەرقشۇناسلارنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىسىغا ئايلاندى .

## دۇربېك ۋە ئۇنىڭ «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانى

### دۇربېكنىڭ ھاياتى

دۇربېك مىلادىيە 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بەلختە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن تالانتلىق شائىردۇر .

ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىگە دائىر ماتېرىياللار يوق دې- يەرلىك . شائىرنىڭ دەۋرىمىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر نادىر مىراسى «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانىدا مۇئەللىپنىڭ ياشىغان دەۋرى ۋە قىسمەن ھايات سەرگۈزەشتىلىرىگە دائىر ئازغىنا ئۇچۇرلار ساقلانغان . شائىر داستاننىڭ يېزىلغان يىلىنى مۇنداق مىسرالار بىلەن خاتىرىلىگەن :

«زاد» ئىدى تەئرىخ تەقى «ھې» يۇ «دال» ،
مۇددەتى ھىجرەتدىن ئۆتۈپ ماھۇ سال .

ئەبجەد ھېسابى بويىچە يۇقىرىقى «خى» (800) ، «ح» (8) ، «د» (4) قاتارلىق ئۈچ ھەرپ سانلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ھىجرىيە 812 - يىلى كېلىپ چىقىدۇ ، بۇ مىلادىيىنىڭ 1409～1410 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

داستاننىڭ كىرىش قىسمىدا ئاپتور بەلخ شەھىرىنىڭ تاشقى دۈش- مەن تەرىپىدىن قاتتىق مۇھاسىرە قىلىنغان ، شەھەردە ئاچارچىلىق ، سۇسىزلىق يۈز بېرىپ ، خەلق ئىنتايىن ئېغىر كۈلپەتكە دۇچ كەل- گەن ، مۇھاسىرە ۋاقتى نەچچە ئايغا سوزۇلغان بىر ئېغىر پەيتتە بۇ داستاننى يېزىپ چىققانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ . بۇنىڭدىن بىز بۇ داستاننىڭ ئەمىر تېمۇر ۋاپاتىدىن تۆت - بەش يىل كېيىن ، ئۇنىڭ ئوغلى شاھرۇخنىڭ ھىراتتا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىلىدە بەلختە يېزىلغانلىقىنى بىلىمىز . شۇنداق بولغان ئىكەن ، شائىر دۇر- بېكنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى تېمۇر ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن خەلىل سۇلتان ، شاھرۇخ مىرزا ۋە ئۇلۇغبېك مىرزا قاتارلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلىرىگە توغرا كېلىدۇ .



دۇربېك ھاياتىنىڭ تەپسىلىي مەلۇماتلىرى تېپىلمىغانلىقتىن ، ئىلىم ساھەسىدە بۇ شائىر ھەققىدە خىلمۇخىل قىياسىي كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كەلدى . بەزى ئالىملار «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانىنىڭ ئاپتورى دۇربېك ئەمەس ، بەلكى ئۇلۇغبېك ، دېگەن قا- راشنى ئوتتۇرىغا قويدى ؛ يەنە بەزى ئالىملار بۇ داستاننى ھامىدى بەلخى قەلىمىگە مەنسۇپ دېگەن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى . ئەمما بۇ خىل قاراشلارغىمۇ پاكىت يېتەرلىك بولمىغاچقا ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەدەبىياتشۇناسلار ۋە تارىخ تەتقىقات خادىملىرى بۇ داستاننىڭ قولىيازمىسىدىكى مۇئەللىپ نامىغا ئىشارەت قىلىنغان دۇربېك دېگەن نامنى ئېتىراپ قىلىپ كەلمەكتە ۋە شۇ ئاساستا تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا .

دۇربېك بەلخ شەھىرىنىڭ ھىجرىيە 812 - يىلى (مىلادىيە 1409 ～ 1410 - يىللار) قامال قىلىنغانلىقى ۋە مۇھاسىرىنىڭ ئۈچ ئايغا سوزۇلغانلىقىنى يازىدۇ . ئاكادېمىك ۋ .ۋ .بارتولد ئۆزىنىڭ ئۇلۇغبېك ھەققىدىكى تەتقىقاتىدا شاھرۇخ مىرزىنىڭ مىلادىيە 1409 - يىلى 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ھىراتتىن بەلخكە قاراپ يولغا چىققانلىقى ۋە 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن كېيىن بەلختىن چىقىپ ، ئامۇ دەريادىن كېچىپ ئۆتكەنلىكىنى يازىدۇ . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، بەلخ شەھىرى شاھرۇخ مىرزا تەرىپىدىن مىلادىيە 1409 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ ، بۇ مۇھاسىرە تاكى شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملاشقان . شائىر دۇربېك مۇشۇ مۇھاسىرە مەزگىلىدە خەلق بىلەن شەھەردە قامىلىپ تۇرغان . خەلقنىڭ مۇھاسىرە ئىچىدە تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ، ئاچارچىلىق ، سۇسىزلىق كۈلپەتلىرى ، ھالاكەتلىك ۋەھىمە ۋە غەم

ـ غۇسسىلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئۆزىمۇ شۇ ئازاب ـ كۇلپەت ۋە غەم ـ مۇشەققەتلەرگە خەلق بىلەن بىللە گىرىپتار بولغان . بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق مىسرالارنى يازغان .

«قەلئەئى بەلخ ئولدى چۇ دەرۋازە بەند ،
پايەئى زۇلم ئولدى بەغايەت بەلەند .
ئەيلەدى قەھھار چۇ ئىزھارى قەھر ،
بولدى گىرىفتار خەلايىق بەشەھر .»
«ئۇشبۇ قەبىل خەلق ئۇچ ئايى تەمام ،
يەر ئىدىلەر غۇسسەۋۇ غەم سۇبھۇ سام .»

شائىر ئۆزىنىڭ مۇھاسىرە ئىچىدىكى غەم ـ ئەندىشىگە ۋە ئازاب ـ كۇلپەتكە تولغان كۇنلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ :

«گۇلبەئى ئەھزان قىلىپ ئېردىم ۋەتەن ،
كۆڭۇل ئىدى دەرغەمۇ جان مۇمتەھەن .
گاھ ئىدىم جان بىلەن مەشغۇلى زىكر ،
گاھ ئىدىم غەرقەئى ئەندۇھۇ فىكر .
گاھ ئوقۇر ئېردىم زى كەلامى ئىلاھ ،
گاھ كۇتۇب ئىچرە قىلۇر ئېردىم نىگاھ .
گاھ باقار ئېردىم زى كىتابى قىسسەس ،
گاھ ئىچەر ئېردىم زى شەرابى غۇسسەس .»

شائىر ئەنە شۇ غەم ـ ئەندىشىلىك كۇنلەرنى قانداق ئۆتكۇزگەنلىكىنى يېزىپ كېلىپ ، ئۆزىنىڭ «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» قىسسىسىنىڭ پارسچە نەسرىي نۇسخىلىرىنى كۆرگەنلىكىنى ۋە ئۇنى تۇركىي تىلدا ، نەزم شەكلىدە قايتا يېزىپ چىقىشنى ئۇزاقتىن بېرى نىيەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ :



«بەندەئى بىچارەغە شامۇ سەھەر ،
قىسسەئى يۇسۇپ ئىدى ئەندەر نەزەر .
نەسر ئىدى بۇ قىسسە داغى پارسى ،
ئىردى ئاڭا جان كۆزى نەززارەسى .
بار ئىدى كۆڭۇلدە بۇرۇندىن بۇ ئەزم ،
تۇركىي تىلى بىرلەمۇ قىلسام بۇ نەزم .»

مۇشۇ مۇھاسىرە مەزگىلىدە بىرنەچچە دانىشمەن كىشىلەر ئاپتورغا تەكلىپ بېرىپ ، بۇ نىيىتىنى شۇ قامال مەزگىلى ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ . شائىر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ :

«ئۇشبۇ مەھەلدە ئاڭا بائىس مەگەر
بولدى يەنە بىر نەچچە ساھىب نەزەر .
بەندەغە دېدىلەر ئالاركىم بۇ دەم :
بولغۇل ئۇشبۇ قەۋلىگە سابىت قەدەم .
قويمە تەلەب ئۇستىدە تەبئىڭنى سۇست ،
ئەيلە بۇ ئەزمىڭنى تەمامى دۇرۇست .
قىسسەئى يۇسۇپنى تەمام ئەيلە نەزم ،
تۇركى تىلى بىرلە قىلىپ ئەزمۇ جەزم .
قالگەي ئاخىر سەفھەسىدە يادگار
سەندىن ئۇشول قىسسە ، ئۆتۇپ زورگار .»

دېمەك ، شائىر ئۆزىنىڭ بۇرۇندىن كۆڭلىگە پۇكۇپ كەلگەن ئارزۇسى ۋە دوستلىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ، ئاشۇ غەم ـ ئەندىشىلىك مۇھاسىرە مەزگىلىدە بۇ داستاننى يېزىشقا كىرىشىدۇ :

«بۇندە ئۇشول ھالدە قىلدىم شۇرۇئ ،
شۇكر قىلىپ تەڭرىگە ئەيلەپ رۇجۇئ .

ئالدىم ئۇشول لەھزە دەۋاتۇ قەلەم ،
سەفھەئى كاغەز ئۈزە ئۇردىم رەقەم .»

شائىر دۇربېكنىڭ بۇ داستاننى يېزىشتا ئۆز دەۋرىدىكى ئېغىر
كۆنلەردە خەلققە ئىلھام بېرىش ، ئۆز كۆڭلىگە ۋە خەلقنىڭ روھىغا
قۇۋۋەت بېغىشلاشتىن ئىبارەت بىر زۆرۈرىيەتنىمۇ كۆزدە تۇتقانلىقى
داستاننىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ . ئاپتورنىڭ بۇ
داستاننى يېزىشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ھاياتى ھەققىدە ھېچقانداق
مەلۇمات بولمىغانلىقتىن بۇ ھەقتىكى سۆزىمىزنى مۇشۇ يەردە توختى-
تىشقا مەجبۇرمىز .

## «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانى ھەققىدە

دۇربېكنىڭ «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانىنىڭ قولىيازمىلىرىدىن
بىرى دەسلەپ مىلادىيە 1922 ـ يىلى بايقالغاندىن كېيىن ، بۇ داستان
ھەققىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلار باشلاندى . ھازىرغىچە بۇ داستا-
نىڭ ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھرىدە بەش قولىيازما نۇسخىسى
ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم . ئۇلار ئىچىدىكى تۆت قولىيازما ئۆزبېكىستان
پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندىدا
«1433 » ، « 185/ Ⅲ » ، « 7112/ V » ، «7621 » دېگەن رەقەملەر
ئاستىدا ساقلىنىۋاتىدۇ . يەنە بىر قولىيازما ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادې-
مىيىسى تىل ۋە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى ئەدەبىيات مۇزې-
يىدا «446 » دېگەن رەقەم ئاستىدا ساقلانماقتا .

مىلادىيە 1991 ـ يىلى خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىدىن بۇ داستا-
نىڭ يەنە بىر قەدىمىي قولىيازمىسى تېپىلدى . بۇ قولىيازما لۇتفىنىڭ



«گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ قولىيازمىسى بىلەن بىللە تۇپلەنگەن .
دۇربېكنىڭ «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانىنىڭ بۇ قولىيازمىسى ئاسا-
سىدا نەشرگە تەييارلانغان نۇسخىسى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ
يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى .

دۇربېكنىڭ «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانى ئوتتۇرا ئاسىيادا
ئەمىر تېمۇر ۋاپات بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدا تەخت تالى-
شىش ماجىرالىرى يۈز بەرگەن ، خەلق ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىقنىڭ
ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە دۇچ كەلگەن ، ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلى-
نى ۋەھىمە ۋە غەم ـ ئەندىشە قاپلىغان بىر دەۋرنى ئۆزىگە ئارقا
كۆرۈنۈش قىلىدۇ .

ئاپتور داستان مۇقەددىمىسىدە ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى رەھىم-
سىز قارىمۇ قارشىلىق ۋە قانلىق ئۇرۇشلارنىڭ تىپىك مىسالى بولغان
بەلخ مۇھاسىرىسىنى ۋە بۇ مەزگىلدە شەھەر ئىچىدە قاپسىلىپ قالغان
خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ . بۇ ئارقىلىق
ئاپتور «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا»دىن ئىبارەت بۇ تارىخىي تېما بىلەن ئۆز
دەۋرىدىكى رېئال ھايات ھادىسىلىرىنى بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس
باغلايدۇ . داستاندىكى ياقۇپ پەيغەمبەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆز قېرىندى-
شى يۇسۇپكە رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىك قىلغان ۋەقەلەر تەپسىلات-
لىرى ئەمىر تېمۇر ئوغۇللىرىنىڭ تەخت ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە شۇ
قەدەر شەپقەتسىز مۇئامىلە قىلىپ ، ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلى-
رىنى ئەسكە سالىدۇ .

داستاننىڭ كىرىش قىسمىدا بەلخ شەھرىنىڭ تاشقى كوچلەر
تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىنىپ ، مۇھاسىرىنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشى
بىلەن شەھەرگە قاپسىلىپ قالغان خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن پاجىئە-

لىك مەنزىرە ئالاھىدە بىر مەقسەت بىلەن نۇقتىلىق ھالدا تەسۋىرلىنىـ
دۇ . دۇربىك شەھەر ئىچىدە يۈز بېرىۋاتقان ئاچلىق ، سۇسىزلىق
كۆلپەتلىرىنى شەھەر سىرتىدىكى مەمۇرچىلىق بىلەن سېلىشتۇرما
قىلىغان ھالدا ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلەپ ، بۇ كۆلپەتلەرنىڭ سەۋەبـ
چىسى تەبىئىي ئاپەت ياكى باشقا بىرەر ئىش بولماستىن ، پەقەت
توختاۋسىز ۋە بىمەنە ئىچكى ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئۇقتۇرىدۇ .

«ھۆكىم بىلە كىردى ئۇلۇس ئىچكەرى ،
ھاسىلى ئۆمرى قويۇبان تاشقارى .
شەھىر چۇ دەۋزەخ كەبى زىندان ئىدى ،
تاشقارى بىر رەۋزەئى رىزۋان ئىدى .
تاشقارى ئېردى بارى نازۇ نەئىم ،
شەھىر ئىچىدە ئېردى ئەزابى ئەلىم .
خەلق بۇ شەھىر ئىچرە بەزىندان ئىدى ،
مىھنەت ئوتىدىن بارى بىريان ئىدى .
ئۇچار ئىدى كۆزلەرىدىن نەقشى نان ،
كۆز ياشى ئىدى مەگەر ئابى رەۋان .»

مانا بۇ مىسرالاردا تازا ھوسۇل يىغىش مەزگىلىدە ئۆزىنىڭ
مەھسۇلاتلىرىنى يىغىۋېلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىنىپ ، زالىمـ
لارنىڭ زورلۇقى بىلەن مەجبۇرىي ئىچكىرىگە كىرگۈزۈلگەن خەلقىنىڭ
شەھەر ئىچىدە دوزاخ كەبى زىندانغا گىرىپتار بولغانلىقى ۋە ھالاكەتـ
لىك خورلۇقلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى ، نان سۈرەتلىرىنىڭ كىـ
شىلەر كۆزلىرىدىن ئۇچقانلىقى ، شەھەردە پەقەت كىشىلەرنىڭ ئېقىـ
ۋاتقان كۆز ياشلىرىدىن باشقا سۇنىڭ قالمىغانلىقى ، خەلقىنىڭ مېھنەت



ـ مۇشەققەت ئوتلىرىدا كۆيۈپ كاۋاپ بولغانلىقى ئېچىنىش ئىچىدە
بايان قىلىنىدۇ .

دۇربېك ئىدىيىسىدىكى ئۇرۇشقا قارشى مەۋقە شۇ قەدەر مۇسـ
تەھكەم ، شۇ قەدەر ئېنىقكى ، ئۇ ئومۇم خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە
زىت بولغان ياكى ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان ھەرقانـ
داق ئۇرۇشتىن نەپرەتلىنىدۇ . شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەردۇركى ،
شائىر شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالغان ھۆكۈمدارنىمۇ قوللىمايدۇ ،
خەلقنى مەجبۇرىي شەھەرگە سولاپ ، شەھەر قوۋۇقىنى تاقاپ قارشىـ
لىق كۆرسىتىپ ياتقان ھۆكۈمدارغىمۇ قىلچە ھېسداشلىق بىلدۈرمەيـ
دۇ . شائىر گەرچە شەھەردە مۇھاسىرىگە چۈشۈپ كۆلپەت چەككۈچىـ
لەرنىڭ بىرى بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ داستان مۇقەددىمىسىدە كەلتۈرـ
گەن بايانلىرىدىن يا ئۇ تەرەپكە ياكى بۇ تەرەپكە مايىللىقى بىلىنمەيدۇ .
ئەكسىچە شائىر ئۇرۇش قىلىۋاتقان ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ ھۆكۈمرانـ
لىرىغا نارازىلىق بىلدۈرىدۇ ، ئۇلاردىن يىرگىنىدۇ ، نەپرەتلىنىدۇ .
فېئودال مىلىتارىستلارنىڭ ئاۋام خەلقنى قىلچە ئويلىماي ، پەقەت ئۆز
ھۆكۈمرانلىقىنى كېڭەيتىش ياكى ساقلاپ قېلىش ۋە بايلىق توپلاش
كويىدىلا بولۇپ ، خەلقنى ئوتقا ئىتتىرىۋاتقانلىقىنى ئېنىق تونۇپ
يەتكەن زېرەك شائىر بۇ ئۇرۇشلارنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئۇرۇشقۇچىلاـ
رنىڭ مەقسەت مۇددىئالىرىنى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى ، بۇ جەھەتتىكى
ھەممە سىرلاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئىخچام ھالدا مۇئـ
داق قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ :

«بەندە ئالار بىرلە گىرىفتار ئىدىم ،
بارچەسىدىن ۋاقىفى ئەسرار ئىدىم .»

دېمەك ، شائىر ھەممىسىنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرىدىن ياخشى

خەۋەردار بولغاچقا ، كىمگە ھېسداشلىق قىلىش ، كىمگە نەپرەتلىنىش ، كىمگە قارشى تۇرۇشنى ئوبدان بىلەتتى ، شائىر ھېسداشلىق قىلىدىغان ئوبيېكت ئەلۋەتتە بار ئىدى . ئۇ بولسىمۇ ئۇرۇش ئاپىتىدىن خانىۋەيران بولغان ، ئاچلىق ، موھتاجلىقتا ، پايانى يوق قايغۇ ـ مۇسىبەتكە دۇچار قىلىنغان بىچارە خەلق ئىدى . شائىرنىڭ داستان مۇقەددىمىسىدە بەرگەن بايانلىرىدىن بۇ نۇقتا ناھايىتى ئېنىق نامايان بولۇپ تۇرىدۇ . شۇڭا ، «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانى چاغاتاي ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن سەيفى سەرايىنىڭ «سۇھەيل ۋە گۇلدۇرسۇن» داستانى ، مەۋلانا لۇتفىنىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانى قاتارلىق ئەسەرلەرگە ئوخشاشلا ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ، تىنچلىق ، خەلقپەرۋەرلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش تېمىسىدىكى مۇھىم مىراستۇر .

پاك ئىنسانىي ئىشق ـ مۇھەببەت «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانىدا يۇقىرى ھاياجان بىلەن كۈيلەنگەن ۋە داستاندا باشتىن ـ ئاياغ ئىزچىل تەسۋىرلەنگەن مۇھىم مەزمۇنلاردىن بىرى . شائىر ئىشق ـ مۇھەببەتنى تەڭرىنىڭ ئادەملەرگە بەرگەن ئۇلۇغ نېمىتى ، بايلىقى ، تەڭرى رەھمىتىنىڭ سايىسى ، ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ۋە ئۇلۇغلۇقىنىڭ مەنبەسى ، ۋاستىسى دەپ قارايدۇ .

«بەردى بەنى ئادەمە ئول گەنجى ئىشق ،
گەنج تاپار كىمكى چېكەر رەنجى ئىشق .
ئىشق ئېرۇر سايەئى لۇتفى ئىلاھ ،
ئىشق ئېرۇر شاھى جەھانۇ سىپاھ .
ئىشق ئېرۇر ۋاستەئى تارۇ پۇد ،
قىلدىلەر ئادەمگە مەۋلائىك سۇجۇد .»

شائىر يەنە ئىشقنى دۇنيا ۋە ھاياتلىقنىڭ مېۋىسى ، دۇنيا ۋە



ھاياتلىققا بولغان ئىشق ـ مۇھەببەت جانلىقلار ئۈچۈن گوياكى تەن ۋە جاندەك مۇھىم دەيدۇ . ھەتتا پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئىشقنىڭ شولىسىدىنلا ئىبارەت ، ئىشق جان مەملىكىتىنىڭ سۇلتانى ، ئىشق ساھەسىدە پادىشاھ بىلەن گاداي ئوخشاش دەپ قارايدۇ .

«ئىشق ئېرۇر ھاسىلى كەۋنۇ مەكان ،
كەۋنۇ مەكان ئىشقى ئېرۇر جىسمۇ جان .
پەرتەۋى ئىشق ئېرۇر ، ئايا بىخەبەر ،
ھەر نېكى مەۋجۇد ئېرۇر سەر بەسەر .»
«ئىشق جان مۈلكىدە سۇلتان ئېرۇر ،
ھاشۇگەدا ئاڭا چۇ يەكسان ئىرۇر »

ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانىدا باشتىن ـ ئاخىرغىچە تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن ۋە ئاخىرىدا نەتىجىسى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن ئاساسلىق تېما ھېسابلىنىدۇ . ئاپتور مۇشۇ تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا بىرمۇنچە پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىدۇ . بىرمۇنچە ۋەقەلەر تەپسىلاتىنى تەسۋىرلەيدۇ . شۇ ئارقىلىق ياخشىلىقنىڭ قانچە توسقۇنلۇق ۋە قىيىنچىلىققا ئۇچرىشىدىن قەتئىينەزەر ئاخىرى تەنتەنە قىلىدىغانلىقىنى ، يامانلىقنىڭ قانچىلىك ياۋۇز ، قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھامان شەرمەندىلەرچە ئاقىۋەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ . يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا ئۆز ئاكىلىرىنىڭ سالغان زۇلۇم ـ كۈلپەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا خارۇزار ھالەتتە پەيدا بولۇشى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر .

شائىر داستاندا يۇسۇپ ئوبرازىنى بارلىق روھىي ۋە جىسمانىي

گۈزەللىكلەر مۇجەسسەملەشكەن ، ئۆز ۋۇجۇدىدا جىمى ياخشى خۇلقلارنى يېتىلدۈرگەن كامىل ئىنسان سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ . گۈزەل ھۆسن - جامال ، زىبا قەددى - قامەت ، يېقىملىق خۇي - مىجەز ، كەڭ قورساقلىق ، راستچىللىق ، سەۋر - تاقەت ، ئەپۇچانلىق ، شەرمۇ ھايا ، ۋاپادارلىق ، پاكلىق ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ، ئادىللىق ، خەلقپەرۋەرلىك ، ئىلىم - مەرىپەت ، ھۈنەر ۋە پەزىلەت قاتارلىق ئېسىل خىسلەتلەرنىڭ ھەممىسى يۈسۈپنىڭ ۋۇجۇدىدا روشەن ھالدا نامايان قىلىنىدۇ . شائىر يۈسۈپ ئوبرازىنى ئاجايىپ مۇكەممەل ۋە يارقىن بىر تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ ، يۈسۈپنىڭ گۈزەل رۇخسارى تەسۋىرىدە :

«مىھرۇ ماھ ئېردى يۈزىنىڭ بەندەسى
مۇشكى خوتەن سۈنبۈلى شەرمەندەسى»
«چىقتى بۇ زىنداندىن ئەيلەپ شىتاب ،
ئەبردىن ئايرىلدى مەگەر ئافتاب .»

دېگەنگە ئوخشىغان نەپىس تەسۋىرلەر داستاندا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ .

زۈلەيخا ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ كاۋاپ بولغان گۈزەل ۋە پاك قىز ؛ يۈكسەك ئىرادىلىك ۋە بىلىملىك ، چېۋەر ئىنسان ئوبرازى ؛ يالقۇنلۇق ئىنسانىي ھېسسىياتقا ، مۇستەھكەم روھقا ، ئاجايىپ چىدام ۋە سەۋر - تاقەتكە ئىگە ئايال قەھرىمان . ئۇنىڭ يۈسۈپنى چۈشىدە كۆرۈپ ئاشىق بولۇشى ۋە ۋىسالىغا يېتىش يولىدا چەككەن دەرد - ئەلەملىرى كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ . ئۇ ئۆز سۆيگۈسى يولىدا ئاخىرغىچە قايتماي تىرىشىپ - تىرمىشىپ ۋىسال قۇچىدۇ . شائىر زۈلەيخانىڭ گۈزەل ئوبرازىنى يارىتىشتا ئۇنىڭ بىلىم - مەرىپەتتىن قەلبى نۇرلان-



غان ، ئەقىللىق گۈزەل قىز ئىكەنلىكىنى مۇنداق مىسرالار بىلەن تەسۋىرلەيدۇ :

«بىر قىزى بار ئېردى ماھى خاۋەرى ،
ئارەزىگە شەمسۇ قەمەر مۇشتەرى
يۈزى قۇياش ئېردى ۋەلې بىزەۋال ،
بارچە فۇنۇن بابىدا ساھىب كامال .
ھاسىلى ئۆمرى ئىدى ئول شاھنىڭ ،
ئاتى زۈلەيخا ئىدى ئول ماھنىڭ .»

ئىجابىي ئوبرازلارنىڭ ھەربىرىنى بىلىملىك ، ئەقىل - ئىدراكلىق قىلىپ تەسۋىرلەش «يۈسۈپ ۋە زۈلەيخا» داستانىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك . شائىر زۈلەيخانى «بارچە پەنلەردە كامالەتكە يەتكەن» دەپ تەسۋىرلىسە ، يۈسۈپنى نۇرغۇن تىللارنى پىششىق ئۆگەنگەن ، نۇرغۇن ئىلىملەرنى ھاسىل قىلغان «بىلىم كانى» دەپ تەرىپلەيدۇ .

شائىر يۈسۈپ ئوبرازىدا ئۇنىڭ ئىلىم - مەرىپەت جەھەتتىكى كامالىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ . بۇنىڭدىن شائىرنىڭ ئىلىم - بىلىم ئىگىلەش ئىنسانىي كامالەتكە يېتىشتىكى مۇھىم شەرتلەردىن بىرى دەپ قارايدىغانلىقىنى ، بىلىم ئارقىلىق ئىنسانغا بەخت - سائادەت يارىتىش تەشەببۇسىنى قۇۋۋەتلەيدىغان گۇمانىستىك روھقا ئىگە مۇتەپەككۇرلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋشكە بولىدۇ . بۇ جەھەتتە دۇربېك ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىب ۋە ئۆزىدىن سەل كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىق بۈيۈك مۇتەپەككۇرلار بىلەن ئوخشاش پىكىرگە ئىگە . زۈلەيخانىڭ يۈسۈپنى سۆيۈشىمۇ يۈسۈپنىڭ جىسمانىي جەھەتتە گۈزەل

بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ يۈكسەك مەنىۋى گۈزەللىك-
كە ، بىلىم ۋە پەزىلەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈندۇر . بۇ نۇقتا داستاندا
ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن . مەسىلەن ، زۇلەيخا ھەرقاچان
يۈسۈپكە سۆزلىگىنىدە ئۇنىڭ مول بىلىمى ۋە پەزىلىتىنى قايىللىق
ئىچىدە تىلغا ئالىدۇ :

«قويدى زۇلەيخا قاشىدا ئول ئىلىك ،
دېدى زۇلەيخا : ھەلا ، ئەي كانى بىلىك »
«ئاجىزۇ دەرماندەغە تۇتقىل ئىلىك ،
سەن كەبى يوق دۇنيادە كانى بىلىك . »
«بىلدى زۇلەيخاۋۇ چىقاردى فىغان ،
دېدى : ئايا يۈسۈفى پاكىزە جان . »

داستاندا زۇلەيخامۇ بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئەقىللىق ئىنسان
سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ . شۇڭا ئۇ ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىم -
مەرىپەت كانى بولغان يۈسۈپنى قەدىرلەيدۇ ۋە ھۆرمەتلەيدۇ . بۇ خۇد-
دى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ :

«ئۇقۇش قەدرىنى ھەم ئوقۇشلۇق بىلۇر »

(ئەقىل قەدرىنى ئەقىللىق بىلىدۇ ، بىلىمنى ساتسا يەنىلا ئالىم-
لار ، بىلىملىكلەر سېتىۋالىدۇ ) دېگىنىدەك ئەھۋالدۇر .

دۇربېك ئۆزىنىڭ ئىجابىي قەھرىمانلىرىنى بىلىملىك ، پەزىلەت-
لىك ، مېھرىبان ، ھېسسىياتقا باي ھالەتتە تەسۋىرلەش بىلەن بىللە
يەنە سەلبىي شەخسلەرنى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە نادان ، رەھىمسىز ،
ھېسسىياتسىز ، كۈچى زىيادە بولسىمۇ ، لېكىن ئەقلى كەم ھالەتتە
ئەكس ئەتتۇرىدۇ . بۇنىڭدىن بىز شائىرنىڭ بارلىق رەزىللىكنىڭ
مەنبەسى بىلىمسىزلىك ، نادانلىق ۋە ئەقىلسىزلىك دەپ قارايدىغانلى-



قىنى ھېس قىلىمىز .

«يۈسۈپ ۋە زۇلەيخا » داستانىدا ئەڭ كۆپ تەكىتلەنگەن ئىنسانىي
پەزىلەتلەردىن يەنە بىرى سەۋر - تاقەت ، چىدام ۋە ماتانەتتۇر . داستان-
دىكى ئىجابىي شەخسلەرنىڭ ھەممىسى بېشىغا بالا - قازا كەلگەندە
ئاجايىپ چىدام ۋە غەيرەت بىلەن سەۋر - تاقەت قىلىدۇ ، ھەرگىز
چۈشكۈنلەشمەيدۇ . روھىي جەھەتتە تۈگىشىپ كەتمەيدۇ . ئۇلار ئۆز-
لىرىمۇ سەۋر - تاقەتلىك بولۇش بىلەن بىللە باشقىلارغىمۇ دەرد -
ئەلەم يەتكەندە سەۋرچان بولۇش ، چىدام ۋە تاقەت قىلىش ھەققىدە
مەسلىھەت بېرىدۇ ، ئۇلارغا كۆيۈنىدۇ ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ، مۈش-
كۈللەرنى بىرلىكتە يېڭىدۇ .

«يۈسۈپ ۋە زۇلەيخا» داستانىدا تەكىتلەنگەن يەنە بىر مەزمۇن
ئادالەت ، ھەققانىيەتتۇر . يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام مىسىرغا پادىشاھ بول-
غاندىن كېيىن ، زۇلۇم سىتەمنى يوقىتىپ ، دۆلەتنى ئادالەت ۋە
يۇقىرى ئىقتىدار بىلەن ئىدارە قىلىدۇ . نەتىجىدە مىسىردا بارلىق
زوراۋانلىق ، ناھەقچىلىكلەر تۈگەيدۇ . بۆرە بىلەن قوي تىنچ بىللە
ياشايدۇ . شۇنداق بولغاچقا چوپانمۇ خاتىرجەم ھالدا راھەتلىنىپ ئۇخ-
لايدۇ . كەپتەر بىلەن لاچىن بىر ئۇۋىدا ئۇۋىلايدۇ . يۈسۈپ ئەلەيھىس-
سالام ھۆكۈمرانلىق قىلغان مىسىر دۆلىتىنىڭ تەسۋىرىدىن شائىرنىڭ
غايىسىدىكى گۈزەل ۋە ھۆر ، پاراۋان غايىۋى دۆلەتنىڭ سىيماسى
نامايان بولىدۇ . شائىر بۇ داستاندا ئادالەتنى قانچە كۈچلۈك تەشەببۇس
قىلغان بولسا ، زۇلۇمنى شۇنچە قاتتىق قامچىلايدۇ . ھۆكۈمرانلارنى
ئاجىز بىچارە خەلقنىڭ نالە - زارىدىن ھەزەر ئەيلەشكە ئۈندەيدۇ :

«قىلغىل ئايا زالىمى نامۇئتەبەر
نالەئى مەزلۇمدىن ئاخىر ھەزەر . »

«يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» داستانىدا كىشىلىك پەزىلەتكە ۋە ئىجتىما-ئىي ئەخلاققا دائىر نۇرغۇن ئىلغار تەشەببۇسلارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇل-غان . راستچىل بولۇش ۋە بىر سۆزلۈك بولۇشمۇ دۇربېك تەكىتلىگەن ئەخلاقىي مەزمۇنلاردىن بىرى :

«ئەر كىشىنىڭ سۆزى كېرەك بولسە بىر»

شائىر داستاندا يەنە ئۈمىدۋار بولۇشنى ، ئۆز ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇستەھكەم ئىرادىگە ئىگە بولۇشنى تەكىتلەيدۇ . داستاندىكى ئازاب چەككەن ئىجابىي شەخسلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ سەۋر ـ تاقىتى ، قايتماس روھى ۋە ئۈمىدۋارلىقى بىلەن ئاخىر ئۆز مۇرادلىرىغا يېتىدۇ . شۇنچە ئېغىر ئازاب ـ كۈلپەتلەر ۋە قايغۇ ـ ئەلەملەر بىلەن تولغان بۇ داستاندا يەنە ئاجايىپ جۇشقۇن بىر كۆتۈ-رەڭگۈ روھ ، كۈچلۈك ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇسى گوياكى نۇرلۇق چولپاند-ەك چاقناپ تۇرىدۇ . شائىر ھەرقانداق تىلەككە مۇستەھكەم ئىرادە ، ئۈمىد ـ ئىشەنچ ، چىدام ۋە غەيرەت بولسىلا يەتكىلى بولىدۇ . جاپا بىلەن راھەت ، خۇشاللىق بىلەن غەم ـ قايغۇ بىر ـ بىرىگە ناھايىتى يېقىن ، ئۇلار ھاياتتا ھامان ئالمىشىپ تۇرىدۇ ، دەپ قارايدۇ :

«سەبر قىلايىن ۋەلې نەۋمىد ئەمەن ،
گۈل يىغاچىدۇر ئەدىم بىد ئەمەن .»
«گۈل تىلەگەن خار جەفاسىن چېكەر ،
كىمكى ئەسەل ئالسە ئەرسى تېگەر .
بىلگىن ، ئايا دوستىكى ، شادىيۇ غەم
ھەمدەم ئېرۇرلار كېچە ـ كۈندۇز بەھەم .»

بۇ مىسرالارغا چوڭقۇر پەلسەپۋى ھېكمەتلەر سىڭدۈرۈلگەن بو-لۇپ ، كىشىگە كۈچ ۋە غەيرەت بېغىشلايدۇ . ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە



ھازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان «گۈلنىڭ تىكىنى بار ، ھەسەل-نىڭ ھەرىسى» دېگەن تەمسىل بۇ يەردە ناھايىتى ياخشى ئىشلىتىل-گەن .

«كىمكى تەلەب يولىدا سابىت قەدەم
بولسە ، تاپار مەقسەدىنى لاجەرەم .»
«كىمگەكى بار ھىممەت ئىلە ئىئتىماد ،
ئاقىبەتۇل ـ ئەمر تاپار ئول مۇراد .»

دېگەن مىسرالاردىمۇ شائىر غەيرەت ـ شىجائەت ، ئۈمىد ـ ئىشەنچ ۋە مۇستەھكەم ئىرادە بولسىلا مۇراد ـ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ ، دەپ ئېنىق ئېيتىدۇ .

دۇربېك ئەدىبىسىدە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان يەنە بىر قىممەتلىك روھ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىدۇر . داستاندا بۇ خىل ئىدىيە شائىرنىڭ خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن قوشكېزەك ھالەتتە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ . يۇسۇپ ئوبرازىدىكى بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەر-لىك روھ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان . ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ۋەتەنپەرۋەرلىككە قارىتا ئېيتىلغان «مىسىرنىڭ پادى-شاھلىقىدىن كەنئاننىڭ گادايلىقى ياخشى» دېگەن ماقال بۈگۈنگىچە داۋاملىق ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە .

«يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانى يۇقىرىقىدەك ئىلغار ئىدىيە ۋە غايىسى ، ئاكتوئال تەشەببۇسلىرى بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى پىشقان بەدىئىي سەنئىتى بىلەنمۇ يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ۋە ئېستېتىكىلىق قىممەتكە ئىگە نادىر مىراستۇر . بۇ ئەسەر تىلىنىڭ چۇچۇك ۋە راۋاد-لىقى ، ئاممىبابلىقى ، تۇرلۇك گۈزەل ئىپادىلەش ۋاستىلىرىگە بايلى-قى ، ئوبرازلىرىنىڭ جانلىق ، پېرسوناژلار خاراكتېرلىرىنىڭ رو-

شەن ، ئۆزگىچە بولۇشى ، ئۇلارنىڭ چىنلىققا ، رېئال ھاياتقا تولىمۇ يېقىنلىقى بىلەن كىشىگە ئالاھىدە بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ . شۇڭا ، بۇ داستان چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش باسقۇچىدا ئىپىك شېئىرىيەتتە قولغا كەلگەن مۇھىم نەتىجىلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

# ھافىز خارەزمى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى

## ھافىز خارەزمىنىڭ ھاياتى

تېمۇرىيلەر دەۋرى ئەدەبىياتىدا تالانتلىق شائىر ئابدۇرەھىم ھافىز ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە نادىرلىقى بىلەن شۇ دەۋر ئەدەبىيات مۇنبىرىگە جۇلا قوشقان يىرىك ئەدىبلەردىن بىرىدۇر . ئابدۇرەھىم ھافىزنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ۋە ھايات پائالىيىتى ھەققىدە ئېنىق ماتېرىياللار تېپىلغىنى يوق . «دىۋانى ھافىز تۈركىي»دىكى مەزمۇنلاردىن قارىغاندا شائىر ئابدۇرەھىم ھافىز خارەزملىق بولۇپ ، كېيىن شىراز شەھىرىدە ياشاپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان . ئابدۇرەھىم ھافىزنىڭ خارەزمدىن شىرازغا كۆچكەن ۋاقتى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئىرانغا ، جۈملىدىن شىراز شەھىرىگە يۈرۈش قىلغان ۋاقتىغا ، ياكى بولمىسا سۇلتان ئىبراھىمنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى (مىلادىيە 1414 ~ 1435 )گە توغرا كېلىدىغانلىقى تەخمىن قىلىنماقتا . ئابدۇرەھىم ھافىز شېئىرلىرىدا خارەزم ، بۇخارا ، سەمەرقەند ، خوجەنت ، خوتەن ۋە باشقا شەھەرلىرىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ بۇ شەھەرلەردە ياشىغان ۋە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى نامەلۇم . ئۇنىڭ دىۋانى سۇلتان ئىبراھىمنىڭ ۋاپاتى ئالدىدا تۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن .



چۈنكى ئۇنىڭ سۇلتان ئىبراھىم ۋاپاتى (مىلادىيە 1435 - يىلى )غا بېغىشلىغان مەرسىيىسىنىڭ سەل باشقىچىرەك قەغەز ۋە قەلەمدە يېزىلىپ قىستۇرۇلغانلىقى بۇنىڭدىن بېشارەت بېرىدۇ . ئابدۇرەھىم ھافىز ئۆزىنىڭ سۇلتان ئىبراھىم زامانىدىكى غەزەلخان ئىكەنلىكىنى مۇنداق مىسرالار ئارقىلىق ئۇقتۇرىدۇ :

«گۈلىستان يۈزلى ، ئەي ساقى ، سېنىڭ ھۆسنۈڭ ماڭا گۈلدۇر ،
ئىچەيلى بادەنىكىم ، دەۋرى ئىبراھىمى سۇلتاندۇر .
سەنا ۋە ھەمد ئايتادۇر ، ياراتغان بىر ۋۇبارىنغە ،
ئۇشۇل سۇلتان زامانىدە بۇ ھافىزكىم غەزەلخاندۇر .»

شائىر ئۆزى ھەققىدە توختالغان غەزەللىرىدىن بىرىدە مۇنداق يازىدۇ :

«ئول ياردىن جەفا ماڭا نازۇ نەئىم ئېرۇر ،
ئەغيارنىڭ ۋەفاسى ئەزابى ئەلىم ئېرۇر .
خاس ئۆز قۇلۇڭا لۇتف ئېتىپ رەھم قىلسە يار ،
مۇخلىس قەدىمىي قۇل ئاڭا ئابدۇررەھىم ئېرۇر .»

شائىر يەنە ئۆزىنىڭ يۇرتى خارەزمدىن شىرازغا بارىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بېرىپ :

« ھافىز ، سېنىڭ قەدرىڭنى گەر خارەزم ئەھلى بىلمەسە ،
ئەزمى ئىراق ئەيلەپ رەۋان ئاھەڭگى شىراز ئەتكەسەن .»

«كەچ بۇ خارەزمدىن رەۋان ھافىز ،
تىلەر ئېرسەڭ ئېراقۇ ھەم شىراز .»

دېگەن مىسرالارنى يازغان .

«ۋەلايەتۇ ، كەرامەتۇ كەرەم ئۆزىندىن ئىزدەيۇ ،
بولۇپدۇر ھافىزى خارەزمى جانى بىرلە كىرمانى .»

دېگەن مىسرالاردا شائىر ھافىز دېگەن تەخەللۇسى ئاخىرىغا خارەزمى دېگەن جاي ئىسمىدىن ئېلىنغان لەقەمنى ئىشلىتىپ ، ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىدىن بېشارەت بەرگەن .

«قالماغىل دەربەند خارەزم ئىچرە ، ئەي ھافىز ، مۇدام
سۆزلەرىڭ ئاۋازەسىدىن تولۇ چۇن تەبرىز ئېرۇر .»

«ھافىزغە نەۋا تەگمەسە خارەزمدە ، ئاندىن
قىلغاي ئىدى ئاھەڭگى ھىجاز ئىلە سىفاھان»

دېگەن مىسرالاردا شائىر ئۆز يۇرتى خارەزم دىيارىنى تىلغا ئالىدۇ ھەمدە خارەزمدە ۋاقتىدىلا ئۆز سۆزلىرىنىڭ شۆھرىتى ھەتتا تەبرىزدىمۇ كەڭ تارقالغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ . كېيىنكى بېيىتتا شائىرنىڭ خارەزمدە خاتىرجەم ھاياتقا ئېرىشەلمەي ھىجاز ۋە ئىسپاھان تەرەپكە بارماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن ئۇچۇر بېرىلىدۇ .

ھافىز خارەزمىنىڭ نېمە سەۋەب بىلەن خارەزمدىن شىرازغا بارغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق . تەتقىقاتچىلار بۇنى ئەمىر تېمۇرنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىرانغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشماقتا . شائىر غەزەللىرىنىڭ كۆپلىگەن ئورۇنلىرىدا ئانا يۇرتى خارەزمنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ ، ئۇنى چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن ياد ئېتىدۇ .



ئابدۇرەھىم ھافىز دىۋانىنىڭ بىردىنبىر نۇسخىسى ھىندىستاننىڭ ھەيدەر ئاباد شەھىرىدىكى سالارجەڭ مۇزېيىدا «4298» دېگەن رەقەمدە ساقلانغان . دىۋاننىڭ بۇ ھەيدەر ئاباد نۇسخىسىغا «دىۋانى ھافىز تۈركىي» دېگەن سەرلەۋھە قويۇلغان . ئۇنىڭ قوشۇمچە بېتىگە «دىۋانى ھافىز بەزەبانى تۈركىي» دەپ يېزىلغان . بۇ دىۋان مەشھۇر پارس كلاسسىك شائىرى خوجا شەمسىددىن مۇھەممەد ھافىز شىرازى (مىلادىيە 1320 ~ 1389) شېئىرلىرىنىڭ تۈركىي تەرجىمىسى دېگەن خاتا چۈشەنچە بىلەن مۇزېي خادىملىرىغىمۇ مەلۇم بولماي كەلگەن . مىلادىيە 1975 - يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۆزبېكىستان ئالىمى ، فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى پروفېسسور ھەمىد سۇلايمانوۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۇ قوليازمىنى تۇنجى قېتىم بايقاپ ، تەشەككۇرغا لايىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى . ئابدۇرەھىم ھافىز دىۋانىنىڭ قاچان ۋە قانداق قىلىپ ئىراننىڭ شىراز شەھىرىدىن ھىندىستاننىڭ ھەيدەر ئاباد شەھىرىگە كېلىپ قالغانلىقى نامەلۇم ، پروفېسسور ھەمىد سۇلايمانوۋ ئۇنى بابۇرىيلار دەۋرىگە ئېھتىماللاشتۇرغان . ھەمىد سۇلايمانوۋ ھافىز تەخەللۇسىدىكى 156 كىشىنىڭ تەرجىمىھالىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن بولسىمۇ ، ئابدۇرەھىم ھافىزنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت ھېچقانداق مەنبە ئۇچراتمىغان .

## ھافىز خارەزمىنىڭ دىۋانى

«دىۋانى ھافىز تۈركىي» چاغاتاي ئەدەبىياتىدا لىرىك شېئىرىيەت بويىچە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەزائىنۇل مەئانى» دىۋانى ۋۇجۇدقا كې-

لىشتىن بۇرۇنقى زور يادىكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ دىۋانغا
جەمئىي 1052 غەزەل ، 1 مۇخەممەس ، 2 مۇستەھزاد ، 4 تەركىب-
بەند ، 3 تەرجىئبەند ، 33 قىتئە ، 11 رۇبائىي كىرگۈزۈلگەن . پۈت-
كۈل دىۋان جەمئىي 18612 بېيىت (37264 مىسرا ) شېئىردىن
تەشكىل تاپقان .

شائىر ئابدۇرەھىم ھافىز ئۆزىنى خوجا ھافىز شىرازى ئىدىيىلى-
رى ۋە لىرىكا ماھارىتىنىڭ تۈركىي شېئىرىيەتتىكى ۋارىسى ھېسابلى-
غان . شۇڭا ئابدۇرەھىم ھافىزنى چاغاتاي ئەدەبىياتىدا ھافىز شىرازى
ئۇسلۇبىنى يارىتىشنى ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلغان لىرىك شائىر
دېيىش مۇمكىن . بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق يازىدۇ :

«ھافىزنى كۆرۈڭ ئۇشبۇ زەمان تۈرك تىلىندە ،
گەر كەچدى ئېسە پارسىيدا ئول ھافىزى شىراز .»

ئابدۇرەھىم ھافىز شېئىرلىرىنىڭ تېماتىكىسى ۋە ئۇسلۇبى رەڭ-
دار ۋە خىلمۇ خىل . ئۇنىڭ كۆپچىلىك قاراشلىرى باھائىددىن نەقشى-
بەندى تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلگەن قاراشلارغا ، يەنى ئىشقى ھەقى-
قىي (ئىلاھىي ئىشق )گە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئىشقى مەجازى
(ئىنسانىي ئىشق ) باسقۇچىنى بېسىش توغرىسىدىكى پىكىر ئېقىمىغا
ياندىشقان . ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەخت - سائادىتى ،
ئەركىنلىكى ۋە رېئال ھايات لەززىتىنى ساددا ، راۋان ، گۈزەل تىل
بىلەن ئىپادىلىگەن . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا سوپىزمنىڭ مەنسۇر ھەللا-
جى ۋە خوجا ھافىز شىرازى ئىدىيىلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىلغار پانتې-
ئىزملىق پىكىر ئېقىمى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . ئۆز
ئىدىيىلىرىنى دادىل سۆز بىلەن ئاشكارىلىغانلىقى ئۈچۈن دارغا ئې-
سىلغان مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇپ مەنسۇر ھەللاجى نامى ھافىز خارەزمى



غەزەللىرىدە كۆپ قېتىم ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنغان .

«ئەگەر مەنسۇر بولماقلىق تىلەر بولساڭ مۇھەببەت-
دە ،
ھەمىشە ھافىزى شەبخىز يەڭلىغ زىندەدار ئىزدە .»

«بۇ دارى فانىدىنكىم كەچدىم بەقا يۈزىنە ،
ھافىز ئۆزۈمنى ئول دەم مەنسۇرۋار كۆردۈم .»

ھايات گۈزەللىكلىرىگە تەلپۈنۈش ، بۇ دۇنيانىڭ نازۇنېمەتلىرى
ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ، ئۇنى تىرىشىپ قولغا
كەلتۈرۈش تەشەببۇسى ھافىز خارەزمى غەزەللىرىدە ئالغا سۈرۈلگەن
مۇھىم مەزمۇنلاردىن بىرى . شائىرنىڭ گۈزەل باھار مەنزىرىسى تەس-
ۋىرلەنگەن بىر غەزىلىدە مۇنداق مىسرالار بار :

«گۈلىستان خۇررەمۇ خۇش بولدى ، ئەمدى بىر نىگار ئىزدە ،
تۈزۈپ زەۋقۇ سەفا سازىن شەرابى خۇشگۇۋار ئىزدە .
سەراۋۇ سەھنى گۈلشەندە تۈزۈپ نەغمە سەرا ھەردەم ،
ئۆزۈڭگە بۇلبۇلى خۇشگويلارنى دەستىيار ئىزدە .»

بۇ مىسرالاردا شائىر گۈل پەسلى يېتىپ كەلگەنلىكىنى ، گۈلىس-
تاندا گۈللەرنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ، بۇنداق خۇشھاۋالىق گۈزەل پەسلى-
دە بىر گۈزەلنى ھەمراھ قىلىپ ، راھەت - پاراغەت سازىنى چېلىپ ،
ھۇزۇر - ھالاۋەت شارابىنى سۇمۇرۇشنى ، گۈلشەندە بەزمە قۇرۇپ ،
خۇشناۋا بۇلبۇللارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ، ھايات پەيزىنى سۈرۈش-
نى تەشەببۇس قىلىدۇ . بۇنىڭدىن شائىرنىڭ ئىنساننىڭ مۇشۇ دۇنيا-
دىكى بەخت - سائادىتى ۋە ھۇزۇر - ھالاۋىتىگىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت
بىلەن قارايدىغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ . بۇ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن
ئىلغار ئىدىيە بولۇپ ، شۇ دەۋردە ئەۋج ئالغان زاھىدلىق ، تەركىدۇن-

ياچىلىق پىكىر ـ ئىبقىملىرىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ . شائىر بۇ غەزەلنى داۋاملاشتۇرۇپ ، قىلچە ئىككىلەنمەستىن يەنە مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ :

«بۇ دەمدە خانەقەھ كۇنجى كۆرۈنۈر كۆزگە چۈن زىندان ،
چىقىپ زىنداندىن ، ئەي ئاشىق ، چەمەندە لالىزار ئىزدە .»

بۇ مىسرالاردا شائىر ئۆز ئىدىيىسىنى تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىپ ، گۇللەر ئېچىلغان پەسىلدە خانىقا ئىچىنىڭ زىنداندەك كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە : «ئەي ئاشىق ، بۇ زىنداندىن چىقىپ ، چەمەندە لالىزارلارنى ئىزدە» دەيدۇ . شائىر ئۆزىنىڭ بۇ خىل تەشەببۇسىنىڭ ئىسلام ئېتىقادىغىمۇ خىلاپ ئەمەسلىكىنى ، گۈل پەسلىدە تەبىئەتنى سەيلە قىلىپ ، گۈزەللىكتىن ھۇزۇر ئالغاچ تەڭرىنىڭ يوقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن گۈزەل سۈنئىي قۇدرەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ مۇلاھىزە قىلىشنىڭ خانىقادا ئولتۇرۇۋېلىپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولغاندىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ :

«بۇ مۇنچە يوق بولغاننى چۇ قىلدى سۈنئى بارى بار ،
بۇ قۇدرەتنى كۆرۈپ ھەق ھەزرەتىندىن كارۇ بار ئىزدە .
بىھىشتۇ ھەۋزى كەۋسەر سۆزى بەسدۇرۇر ، دەراز ئېرۇر ،
چەمەننىڭ كەشتىنى ئەيلەپ ، كەنارى چويبار ئىزدە .»

بۇ مىسرالاردا شائىر يۇقىرىقى پىكرىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ ، باھار مەۋسۇمىدە بېھىش ۋە ھەۋزى كەۋسەر توغرىسىدىكى ئۇزۇن گەپنى توختىتىپ ، بۇ دۇنيادىكى بېھىشنى چىمەنزار سەيلىسى ۋە ئېقىن بويلىرىدىن ئىزدەشنى تەكىتلەيدۇ . شائىر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ ، ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ : «بۇ ئالەمدە تەنگە جان بەخش ئەتكۈچى يېقىملىق



شامالنى تاپالمىغان بولساڭ ، تاپىدىغان چاغنى ئېيتىپ بېرەي ، ئۇنى باھار ۋاقتىدا ئىزدە» دەپ خىتاب قىلىدۇ :

«نەسىمى جانفىشانىنى ئالەم ئىچرە تاپمادىڭ ئېرسە ،
تاپار ۋەقتىنى ئايتالىم ، ئانى ۋەقتى بەھار ئىزدە .»

ھافىز خارەزمى غەزەللىرىدىكى كىشىلىك ھاياتنى سۆيۈش ، گۈزەللىككە تەلپۈنۈش ، كىشىلەرنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى ۋە بەختىيار تۇرمۇشىنى كۈيلەش ، پاكىز ، ھۆر ، پاراۋان ۋە زوق ـ ساپالىق تۇرمۇشنى بەرپا قىلىشقا ئۈندەش قاتارلىق مەزمۇنلار ئەينى دەۋردىلا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى يوق . شائىرنىڭ رېئال ھاياتقا ئەھمىيەت بىلەن قاراشنى بۇنداق كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىشى ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئىلغار ۋە خەلقپەرۋەر كۆزقاراش بىلەن يانداشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

ھافىز خارەزمى غەزەللىرىدە پاك ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە بۇ جەرياندىكى ئىچكى تۇيغۇلارنى ئىپادىلەش يەنە بىر مۇھىم تېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مەشۇقنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكىنى پۈتۈن ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ تەسۋىرلەش ـ شائىرنىڭ ئىنسانىي گۈزەللىك ۋە ھايات گۈزەللىكىنى كۈيلەشتىكى ۋە ئىنسانلارنى ئۆزئارا مېھىر ـ مۇھەببەتكە ، كىشىلىك ھاياتنى سۆيۈشكە ، ئۇنى قەدىرلەشكە چاقىرىشتىكى مۇھىم ۋاسىتىسى .

ھافىز خارەزمىنىڭ غەزەللىرىدە يارنىڭ گۈزەل ھۆسن ـ جامالى ، زىبا بويلىرى ، يېقىملىق خۇلقى ۋە شېرىن سۆزلىرى يۇقىرى ھاياجان ، ئاجايىپ ئوخشىتىش ، مېتافورا ۋە مۇبالىغىلەر بىلەن كامالەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن ۋە تەرىپلەنگەن . بۇ شائىر

ئىدىيىسىدىكى ئىنسانىي كامالەت ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكنى، پاك ۋە گۈزەل كىشىلىك ھاياتنى سۆيۈش ۋە ئۇنى قەدىرلەش خاھىشىنىڭ يارقىن ئىپادىلىرىدۇر.

گۈزەللىك ۋە پاكلىق ئىشق ـ مۇھەببەتنى پەيدا قىلغۇچى ۋە ئۇنى مەڭگۈ داۋام ئەتتۈرگۈچى تاشقى ئامىل. چىن ئىنسانىي ھېسسىيات ۋە ئوتلۇق ئىشتىياق ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ ئاشىقلاردا پەيدا قىلغان ئىچكى ئالامەتلىرىدۇر. ھافىز خارەزمى شېئىرلىرىدا يارنىڭ چەكسىز گۈزەللىكى بىلەن ئاشىق سۆيگۈسىنىڭ غايەت كۈچلۈك دولقۇنلىنىشى ئۆزئارا ماس ھالدا، دىئالېكتىكىلىق ئۇسۇلدا بايان قىلىنىدۇ. گۈزەللىك، نەپىسلىك بىلەن ئىشق ـ مۇھەببەت بىر ـ بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، بۇلاردىن تۇغۇلغان تۇرلۇك ـ تۈمەن ئەھۋاللار، تۇيغۇلار ناھايىتى تەپسىلىي ئىنچىكە سۈرەتلىنىدۇ. ئىشق ـ مۇھەببەت شائىرنىڭ گۈزەللىكنى، ياخشىلىقنى ۋە رېئال ھاياتنى سۆيۈش، ئىنساننى ئۇلۇغلاش تەشەببۇسىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى سۈپىتىدە قىزغىن كۈيلىنىدۇ، مەدھىيىلىنىدۇ. ھافىز خارەزمىنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەتكە بولغان كۈچلۈك مايىللىقى ۋە ئۇنىڭغا بەرگەن يۇقىرى باھاسى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن زور ئىلغارلىق ھېسابلىنىدۇ.

ھافىز خارەزمى دىۋانىدىكى بىر تەرجىئىبەندتە:

«كىم ئېرۇر ئىشق مەقسەدى مەقسۇد،
تاپتى ئاندىن ۋۇجۇد ھەر مەۋجۇد.»

دېگەن مىسرالار بەند (نەقرات) سۈپىتىدە كۆپ قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇ مىسرالاردا: «ئىشق بارلىق مەقسەتلەرنىڭ مەقسىتى، دۇنيادىكى ھەربىر مەۋجۇدات ئىشقتىن ۋۇجۇدقا كەلگەن» دېگەن پەلسەپىۋى



قاراش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

«مۇھەببەتدۇر جەھاننىڭ ھاسىلى، بەس،
قىلار كۆرگىل ئانى ئالەمدە ھاسىل.»

دېگەن مىسرالاردىمۇ شائىر ئىشق ـ مۇھەببەتنى بۇ جاھاننىڭ بىردىنبىر ھاسىلاتى دەيدۇ ۋە بۇ ئالەمدە مۇھەببەت ھاسىل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھافىز خارەزمىنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەتكە بۇ قەدەر چوڭقۇر ھۆرمىتى ۋە يۈكسەك باھاسى چاغاتاي ئەدەبىياتىدا كېيىنكى دەۋردىكى مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. شائىر ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ تۇرلۇك ـ تۈمەن خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى مۇھەببەت ئەھلىنىڭ ھەر خىل لىرىك كەچۈرمىشلىرىنى ۋە روھىي ھالەتلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىدۇ، كونكرېت شەرھلەيدۇ. ئىشق ـ مۇھەببەت شاھمىتىنى دانالارنىڭلا ئوينىيالايدىغانلىقىنى، بۇ ئۇتۇش ياكى ئۇتتۇرۇشقا قارىماي ئوينىلىۋېرىدىغان ئويۇن ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

«ئىشقنىڭ شەترەنجىنى دانالار ئوينادى، ۋەلې
ئۇتسا ئۇتسۇنلار سېنى، ئەي گولۇ نادان، ئويناغىل.»

شائىر تەشەببۇس قىلغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ھاياتقا، گۈزەللىككە، پارلاق تۇرمۇشقا زىچ ئالاقىدار بولغان رېئال ئىشق بولۇپ، شائىر ئۇنى ۋەيرانىلەردە، خارابىلەردە ئەمەس، بەلكى گۈزەل باغۇ بوستانلاردا، سۈپسۈزۈك ئېقىن بويلىرىدا، يەنى قايناق ھايات قوينىدا يېتىلدۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ.

ئىشق ـ مۇھەببەتنى ئىنسانلارنى ئۆزئارا مېھىر ـ مۇھەببەتكە، سەمىمىي دوستلۇققا ئۈندەيدىغان بىردىنبىر ئامىل دەپ قارىغان شائىر مۇھەببەت ئازابلىرىغا دۇچار بولغانلارغا ھەممە كىشىنىڭ دوستانە

مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ، ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى ، ئاشىقلار-
نىڭمۇ ئالەم ئەھلىگە دوستلۇق ۋە مۇھەببەت ھېسسىياتى بىلەن مۇئا-
مىلە قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ :

«دەردۇ بەلايى ئىشق بىلە مەن يار بولغالى ،
ئالەمنىڭ ئىچرە ھېچ مەن ئەغيار كۆرمەدىم .»

ھافىز خارەزمى شېئىرلىرىدا ئوتلۇق مۇھەببەتنىڭ جاھاننى كۆي-
دۈرگۈچى كۈچلۈك ھارارىتى يۈكسەك ھاياجان بىلەن ئىزھار قىلىن-
غان . ئاشىقلارنىڭ ئاتەشتەك نەپەسلىرى ، ئوتلۇق ئاھلىرى ماھىرلىق
بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلگەن .

«ئول دەمدەكىم مۇھەببەت ئوتى بىرلە جان يانار ،
ئاھ ئەيلەسەم ئاھىم ئوتىدىن جەھان يانار .
. . . . . . . . .
ئول دەمكى يۈزىنى ساغىنىپ ئاھ چەكسەم ،
بىشەككۇ شۇبھە مېھرۇ مەھى ئاسمان يانار .
. . . . . . . . . .
گەر شۇئلەئى تۇشەر ئىسە بوستانغە يۈزىدىن ،
ئول شۇئلە بىرلە جۈملە گۈلى بوستان يانار .»

مانا بۇ مىسرالاردا شائىر : «مۇھەببەت ئوتى ئاشىقنىڭ جېنىنى
كۆيدۈرىدۇ . ئاشىقنىڭ چەككەن ئوتلۇق ئاھلىرىنىڭ ئۇچقۇنى پۈتكۈل
جاھاننى كۆيدۈرىدۇ ، ھەتتا ئاسماندىكى ئاي ۋە قۇياشنىمۇ كۆيدۈرى-
دۇ . مەشۇقنىڭ نۇرلۇق يۈزلىرىنىڭ شولىسى بوستانغا چۈشۈپ قال-
دىغان بولسا ، بوستاندىكى پۈتكۈل گۈل - چېچەكلەر كۆيۈپ كېتىدۇ»
دەيدۇ . سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ بۇنداق يۇقىرى ھارارىتى ھافىز خارەز-
مى شېئىرلىرىدا ئىزچىل ئىپادىلەنگەن بىر مۇھىم مەزمۇن ھېسابلى-



نىدۇ .

ھافىز خارەزمى شېئىرلىرىدا زور كۈچ بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈل-
گەن يەنە بىر مۇھىم تېما ئاشىقلارنىڭ ئىشق دەردى ۋە جۇدالىق
ئازابى ، پىراق مۇشكۈلاتلىرىدۇر . شائىر مۇھەببەت ئەھلىنىڭ جېنى-
نى قاقشاتقۇچى ھىجران ئازابلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەلەملىك نالە -
پەريادلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىشنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپى-
سى قىلغان :

«ئاھكىم كۆز كۆرە تۇشدۇم مەن بۇ جانانىدىن جۇدا ،
ئاندايىنكىم تۇشتى ئېرسە خەستە تەن جانىدىن جۇدا .»

«ۋىسالىن ئىزدەيۇ كۆيدى كۆڭۈل دەردۇ فىراقىندا ،
مۇھەببەت ئوتىنە ئۆرتەندى جان ھەم ئىشتىياقىندا .»

شائىر پىراق ئوتىدا كۆيۈۋاتقان ئاشىقنىڭ ئېچىنىشلىق نالە -
زارىنى ئاڭلىغان بارچە ئىنسانىنىڭ ھەتتا دىۋە - پەرىلەر ، پەرىشتىلەر-
نىڭمۇ يىغا - زار قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ :

«فىراقىڭدىن كۆيەرىمنى جەھاندا فاش ئەتسەم ،
پەرىيۇ دىۋۇ مەلەك ، بارچە ئىنسۇ جان يىغلار .»

گەرچە مەشۇق شۇ قەدەر رەھىمسىز ، تاش يۈرەك ، زالىم بولسى-
مۇ ، لېكىن ئاشىقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسى ، ساداقىتى ۋە پىدا-
كارلىقى قىلچە سۇسلاشمايدۇ ، بەلكى بارغانچە كۈچىيىپ بارىدۇ .
ھافىز خارەزمى شېئىرلىرىدا بۇ خىل ساداقەت ئىزچىل ئىپادىلەنگەن :

«نىچە دۇشنام قىلسە ئول دىلدار ،
تىنماغايمەن ئانىڭ دۇئاسىدىن .»

«جان ساڭا لايىق بولار بىلسە چىكەيىم مەن رەۋان ،
نې قىلا بىلگەيمەن ئۇشبۇ جاننى مەن سەندىن ئاياپ .»

ھافىز خارەزمى لىرىكىلىرىدا ھىجران ئازابلىرى بايان قىلىنىش بىلەن بىللە يەنە ۋىسال شادلىقى ، مەشۇق بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ چەكسىز راھەت - پاراغەتلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . بۇ ھاياتتىكى جۇدالىق بىلەن ۋىسال ، خاپىلىق بىلەن خۇشاللىق ، جاپا - مۇشەققەت بىلەن راھەت - پاراغەتنىڭ ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆزقاراشىنىڭ شائىر ئەسەرلىرىدىكى ئىپادىسىدۇر .

«ماڭا جانان لەبىدىن جان يېتىشتى ،
دىلى پۇر دەرد ئۇچۇن دەرمان يېتىشتى .»

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلىنىدىغان غەزەلدە شائىر مەشۇق ۋەسلىگە يەتكەن ئاشىقنىڭ چەكسىز شاد - خۇراملىق ۋە پاراغەتكە چۆمگەن پەيتلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ .

«شىكەستە بەستە كۆڭلۈم خەستە ئېردى ،
چۇ يەئقۇبى ھەزىن بولغان ئارادە
مەلەكتەك يۇسۇفى كەنئان يېتىشتى .
قالىپدۇر ئېردى كۆڭلۈم تىيرەلىكدە ،
كى ناگەھان مەھى تابان يېتىشتى .
كۆڭۈلدە خارى غەم ئورناپدۇر ئېردى ،
كى لۇتف ئەيلەپ گۈلى خەندان يېتىشتى .»

شائىر بۇ مىسرالاردا مەشۇقنىڭ ۋەسلىگە يەتكەن ئاشىقنىڭ قۇتلۇق دەملىرىنى گويا ئاغرىق ئۈستىگە لوقمان يېتىپ كەلگەندەك ، يەئقۇپ ئەلەيھىسسالام ئۆز ئوغلى يۇسۇپنىڭ دىدارىنى قايتا كۆرگەندەك ، قاراڭغۇدا قالغان كىشى تولۇن ئايغا ئۇلاشقاندەك ، غەم تىكەنلى-



رى ئارىسىدا قالغان كۆڭۈل پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلگە ئېرىشكەندەك خۇشاللىق ھېسسىياتى بىلەن كۈيلەيدۇ . شائىر ياشىغان دەۋردە بۇنداق خۇشال - خۇراملىققا نىسبەتەن ھەر خىل چەكلىمىلەر كۆپ ئىدى ، زامانىنىڭ زوراۋانلىقى ، شۇم رەقىبلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقى ۋە ھۆرلۈك ، ئەركىنلىك كۈشەندىلىرىنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن بۇنداق خۇشال پەيتلەرگە ئوچۇق - ئاشكارا ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا ئاشىق - مەشۇقلار كۆپىنچە مەخپىي ھالدا ئۇچرىشىپ ، ۋىسال شادلىقىدىن يوشۇرۇن ھالدا بەھرىمەن بولۇشقا مەجبۇر ئىدى . شائىر تۆۋەندىكى مىسرالاردا بۇ خىل ھالەتنى ناھايىتى ئىخچام ۋە دەل جايىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن .

«رەقىبى مۇددەئى قاشىدە زاھىر
يېتىشمەدى ، ۋەلې پىنھان يېتىشتى .»

ھافىز خارەزمى لىرىكىلىرىدا ئۆز دەۋرىدىكى زۇلۇم - كۈلپەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنىدۇ . زامانىنىڭ جەبىر - جاپالىرىغا بولغان نارازىلىق كەيپىياتى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ .

«كۆپ جەۋرۇ جەفا قىلماسۇن ئول شاھى زەمانىكىم ،
بۇ جەۋرى نىھانى كەتۈرۈر بارى نەدامەت .»

دېگەن مىسرالاردا شائىر زامان شاھلىرىنى جەبىر - جاپا قىلىشنى تاشلاشقا دەۋەت قىلىدۇ ، بۇ جەبىر - جاپالارنىڭ ئاخىرى پۇشايمان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ .

«مۇشكۈلىكى شادمان بولا بىلسەم بۇ دۇنيادا ،
خەلقى زەمان چۇ خۇررەمۇ بىغەم كۆرۈنمەدى .»

شائىرنىڭ كۈچلۈك خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بۇ مىسرالاردا

روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .

ھافىز خارەزمى شېئىرلىرىدا ئالغا سۈرۈلگەن يەنە بىر مۇھىم ئىدىيىۋى ھېسسىيات يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدۇر . شائىر ئۆز ئۆمرىنىڭ بىر قىسمىنى ۋەتەندىن ئۇزاقتا مۇھاجىرلىقتا ئۆتكۈزگەن . شۇڭا ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئۆز يۇرتىنى سېغىنىش ، ئۇنىڭغا تەلپۈنۈش ھېسسىياتىمۇ مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلەيدۇ .

«بۇلبۇلى نالان بىكىن فەرياد چەكسەم تاڭ دېگۇل ،
چۇن مېنى قىلدى جەفاچىلار گۇلىستاندىن جۇدا .
. . . . . . .
خارى ھەسرەت كەتمەسە خەستە جىگەردىن نې ئەجەب ،
چۇنكى بۇلبۇلتەك گۇلۇ گۇلزاردىن تۇشتۇم جۇدا .»

«دىيارۇ ياردىن ئەسرۇ يىراق تۇشتۇم ، لېك ،
ھەزار شۇكرىكى ، باردۇر تىلىمدە يار سۆزى .»

دېگەن مىسرالار بۇنىڭ ئىنچام مىسالىدۇر .

كۇچلۇك مىللىي ھېسسىيات ھافىز خارەزمى شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئىراندا ، باشقا مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدا ئۆمرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان شائىر ئۆز لىرىكىلىرىدا ئۆز مىللىتىگە بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىنى ئۇزلۇكسىز ئىزھار قىلىپ تۇرغان . شائىرنىڭ ئىشق - مۇھەببەت لىرىكىلىرىغا ئۇنىڭ مىللىي ھېسسىياتى ، ئۆز خەلقىگە بولغان سەمىمىي مۇھەببىتى سىڭىپ كەتكەن :

«تۇركلەر ئاراسىدا دىلبەرلەر ئېرۇر شېرىن ،



كىم ساڭا تەگتۇش ئەمەسدۇر قونغىرات ئىلە قىيات .»

«يوقتۇرۇر ھېچ خەتا سەندە ، ئايا تۇركى خىتا ،
نې تىلەسەڭ ئانى قىلغىلكى سەۋاب ئەيلەرسەن .»

«ھافىز كۆڭلىن ئاۋلاسۇن ئول تۇركى پەرىزاد ،
چۇن ئاشىق ئىلە زاھىر ئولۇر ھۇسن كەمالى .

ئۇشول تۇركى خىتانى سەۋدى ھافىز ،
بۇ سۆز يالغان ئەمەسدۇر ، ئەسلىي چىندۇر .»

ھافىز خارەزمى پارس شېئىرىيىتىنىڭ بۇيۇك نامايەندىلىرىنى يۇقىرى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ . بولۇپمۇ بۇيۇك پارس شائىرى خوجا ھافىز شىرازىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىپ ، تۇركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى داۋام ئەتتۇرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ :

«شىرازى تۇركلەرىگە ئىلتۇك بۇ شېئىرنىكىم ،
سۇردۇم بۇ تەۋر ئۇزرە ھافىز بىكىن كەلامى .»

ھافىز خارەزمى تۇركىي تىلنى قىزغىن سۆيگەن ، بۇ تىلنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان بۇيۇك شائىردۇر . تۇركىي تىللىق ئەدەبىياتتا ، بولۇپمۇ لىرىك شېئىرىيەتتە ئۇنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى ناھايىتى مۇھىم . ھافىز خارەزمى ئۆز خەلقى ئۈچۈن تىنماي كۈرەش قىلىپ تۇركىي تىل ۋە ئەدەبىياتىنى يۇكسەلدۈرۈش ، ئۇنى پارس تىلى ئەدەبىياتىنىڭ خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ رىقابەتلىشەلەيدىغان سەۋىيىگە كۆتۈرۈشتە دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرگۈچىلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شا-

ئىر ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتە ئوينىغان رولى ۋە قازانغان ئۇتۇقلىرىدىن يۈكسەك غۇرۇر ۋە ئىپتىخار تۇيغۇسى ئىچىدە بېشارەت بېرىدۇ:

«تەڭ بولا ئالماس ئىدى ھافىز بىلە خارەزمدە
تۇركىي ئايتار تىرىلۇر بولسە بۇ دەمدە سەنجەرى»

«قازىب گۇل يۈزى ئىشقىندا چۇ بۇلبۇلتەك رەۋان سايرار،
كۆرەرمەن ئۇشبۇ دەۋران ئىچرە ھافىزدەك غەزەلخان يوق.»

«ھال ئەھلى جەمئىدە ھالى سېنىڭ ئىشقىڭ بىلە،
تۇركى ھافىز سۆزلىرىدە بار تۇرلۇك زەۋقۇ ھال.»

شائىر تۈركىي شېئىرىيەتتە كەمال (كەمال خوجەندى بولسا كېرەك) دىن مەدەت تېپىپ كامالەت ھاسىل قىلغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ:

«ھافىزغە كۆرۈندى بۇ زەمان ھالى كەمالى،
چۈن ھال بىلەن قىلدى مەدەد شاھى خۇجەندى.»

ھافىز خارەزمى شېئىرىيەتتە ئەركىن پىكىرنى ياقىلىغۇچى، رېئال ھاياتنى كۈيلىگۈچى، ئىنسانىنىڭ بەخت - سائادىتى، ئەركىنلىكى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى كۈيلىگۈچى، ئىنسانىي كامالەتنى تەشەببۇس قىلغۇچى ھۆر پىكىرلىك شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز دەۋرىدىكى روھانىيلار تەبىقىسىدىن مۇتلەق پەرقلىق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا شائىر بىلەن ئەينى دەۋردىكى زاھىدلار ۋە باشقا دىنىي زاتلار ئارىسىدا كەسكىن ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىدى. شائىرنىڭ غەزەللىرىدە بۇ خىل ئىختىلاپ ۋە زىددىيەتلەرمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن:

«سەۋمەئە ئىچرەكى زاھىد دەير زەۋقىن نې بىلۇر،
زۇلفى زەنجىرىدىن ئانىڭ چۈنكى زەنجىر ئەتمەدى.»
«زاھىدلەرە مىھرابۇ مۇسەللاۋۇ مەساجىد،
مەيخارەلەرە خانەئى خەممار ئېرۇر ئىيد.»

بۇ مىسرالاردا زاھىدلار بىلەن ئاشىقلار ۋە مەيخورلار سېلىشتۇرۇلۇپ، ئىشق ئەھلى بىلەن مەيخانە ئەھلىگە ھېسداشلىق بىلدۈرۈلىدۇ. شائىر يەنە:

«كېرەكمەسدۇر ماڭا كۈنجى سەۋامىئ،
چۈن ئاندىن خانەئى خەممار ياخشى.»

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئىبادەتخانىغا قارىغاندا مەيخانىغا بەكرەك مايىللىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

«زاھىدى ئەفسۇردەگە بادە قاچان بولسۇن ھەلال،
چۈن ئەمەسدۇر ئاشىقى ئاشۇفتەگە ئول مەي ھەرام.»

شائىرنىڭ قارىشىچە مەي زاھىدلارغا ھارام بولغىنى بىلەن ئاشىقلارغا ھالال. يۇقىرىقى بېيىتتا بۇ خىل ئىدىيە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

شائىر ئاشىقلارنى شىر ھېسابلىسا، زاھىدلارنى تۈلكىگە ئوخشىتىدۇ، تۈلكە شىر بىلەن قانداقمۇ تەڭ بولالىسۇن، دەيدۇ:

«ئاشىق بىلە تەڭ ئەيلەمە زاھىدنى دەم بەدەم،
چۈن شىر بىرلە بولمادى رۇباھ ھىرافەتى.»

شائىر ياخشىلارنى بۇلبۇلغا، يامان كىشىلەرنى گۈل يېنىدىكى تىكەنگە ئوخشىتىپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. گۈلنىڭ ئاھۇ - ئەپغان چېكىد-

شىگە تىكەن سەۋەبچى بولغانلىقىنى ، ياخشىلارنىڭ ئالەمدە دەرد ـ ئەلەم تارتىشىغا يامانلار سەۋەبكار ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلىدۇ .

«بۇمۇ مۇنچە ئاھۇ ئەفغانلارنى چەكمەگەي ئىدى بۇلبۇل ،
چەمەننىڭ ئىچرە ئەگەر گۇل يانىندە بولماسە خار .»

شائىر لىرىكىلىرى ئىچىدە تۈرلۈك ساھەلەرگە ئائىت ئۆزگىچە پەلسەپىۋى قاراشلار ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قاراشلىرى كۆپ ئەكس ئەتكەن .

«نې تۇرفە رەقىبنى تىلەسەم يار قاشىندە ،
گۇل قەدرىنى چۇ بىلمەك ئۈچۈن خار كېرەكدۇر .
ھافىز تىلەر ئەغيارنى كۆرمەكلىك ئۇشاندىن ،
كىم يارنى بىلمەك ئۈچۈن ئەغيار كېرەكدۇر .»

دېگەن مىسرالاردا شائىر دۈشمەننىڭ دوست يېنىدا تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ، چۈنكى گۈلنىڭ قەدرىنى بىلىش ئۈچۈن تىكەننىڭ لازىم بولىدىغانلىقىنى ، دوست قەدرىنى بىلىش ئۈچۈن دۈشمەننىڭمۇ كېرەك بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ . شائىر بۇ ئارقىلىق دوست ـ دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى ھەم بىر ـ بىرىنى ئىستىسنا قىلىدىغان ھەم بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتنى ، يەنى قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى مۇناسىۋىتىنى ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ .

ھافىز خارەزمى دىۋانىدا يەنە شائىرنىڭ شېئىر ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مەنبەلەرمۇ ئۇچرايدۇ . بىر ئۆمۈر شېئىرىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە بۇ ساھەدە ئاز بولمىغان ئۇتۇقلارنى قازانغان بۇ شائىرنىڭ شېئىر ھەققىدە نۇرغۇن نەزەرىيىۋى قاراشلىرى ۋە تەشەببۇسلىرىنىڭ بولۇشى ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋالدۇر . شائىر



شېئىردا ھېكمەت گۆھەرلىرىنى يۈزەگە چىقىرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تۇرمۇش قاينىمىغا چوڭقۇر چۆكۈش ، ھايات دېڭىزىدىكى غەۋۋاس بولۇش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ :

«غەۋۋاس يەڭلىغ ، بەھرى جەھان ئىچرە بولمايىن ،
تاپمادى ھەر سەدەف گۆھەرى ئابدارى شېئىر .»

بۇ غەزەلدە يەنە شېئىر ئوتى ۋە ئۇنىڭ نۇرى يېتىشمىگەن كىشىلەرنىڭ مەنىۋى جەھەتتە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالىدىغانلىقى ۋە جەھەننەمگە دۇچار بولىدىغانلىقى مۇنداق مىسرالار ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ .

«زۇلمەتنىڭ ئىچرە قالدىيۇ بولدى جەھەننەمى ،
ھەر جانغەكىم يېتىشمەدى بۇ نۇرۇ نارى شېئىر .»

شائىر شېئىر شارابىنى ئىچىپ توپا ـ تۇپراق بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ، يەنە ئۆزىنىڭ بېشىدا شېئىر خۇمارى ۋە سەۋداسىنىڭ ھامان يوقالمايدىغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ ئەزىز جانلىرىنىڭ چېھرىدە شېئىر توزانلىرىنىڭ ھامان مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ، خۇدانىڭ شېرى بولۇش ئۈچۈن قولىدا شېئىر زۇلپىقارى (قىلىچ)نىڭ بارلىقىنى بايان قىلىدۇ :

«گەر شېئىرنىڭ شەرابىن ئىچىپ خاك بولسە مەن ،
بولغاي جۇنۇن باشدا بەلايى خۇمارى شېئىر .
مەن شېئىرنىڭ سىفاتىن ئول دەمدە نىتكەمەن ،
كىم بولماسا بۇ چېھرەئى جاندا غۇبارى شېئىر .
شىرى خۇدايى قەنبەرى بولغالى جان بىلە ،
ھافىز قولىندە بار تۇرۇر زۇلفىقارى شېئىر .»

هافىز خارەزمى تۈركىي تىلدا ئىجاد ئەتكۈچىلەر ئىچىدە ئەلىشىر نەۋائىدىن بۇرۇنقى مول ھوسۇللۇق لىرىك شائىر ، ئۇنىڭ دىۋانى ئەلىشىر نەۋائى زامانىدىن بۇرۇن تۈزۈلگەن ئەڭ چوڭ لىرىك شېئىرلار توپلىمىدۇر . هافىز خارەزمىنىڭ شېئىرلىرى سان جەھەتتىن كۆپ بولۇپلا قالماي ، بەلكى سۈپەت جەھەتتىمۇ يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان نادىر مىراسلاردۇر . شائىرنىڭ تۈرلۈك ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى قوللىنىشتا ناھايىتى ماھىرلىقى ، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچە ، تىلىنىڭ ئاممىباب ، راۋان ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشى ، شېئىر پىكرىنىڭ روشەن ، لىرىك ئوبرازلىرىنىڭ يارقىنلىقى ، كۆپ خىل ۋەزىن تۈرلىرىنى جانلىق ئىشلەتكەنلىكى ، خەلقنىڭ جانلىق تىلى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغانلىقى ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدە ھەقىقەتەن پىشقان سەنئەتكار ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ .

هافىز خارەزمى شېئىرلىرىنىڭ تىلىدا خاقانىيە دەۋرىدىكى تىل ئامىللىرىنىڭ ، بولۇپمۇ خاقانىيە تىلىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ يەنىلا خېلى دەرىجىدە يۇقىرى ئىكەنلىكى دىققەتكە سازاۋەردۇر . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن چاغاتاي دەۋرىگە ئۆتۈۋاتقان دەۋردىكى ئۆتكۈنچى مەزگىلنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . هافىز خارەزمىنىڭ تىلىدا «ئاداق» بىلەن «ئاياق» ، «ئادرىلماق» بىلەن «ئازرىلماق» ، «ئايرىلماق» ، «ئەدغۇ» بىلەن «ئەزگۈ» ، «قادغۇ» ۋە «قازغۇ» بىلەن «قايغۇ» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ھەم قەدىمكى فونېتىكىلىق شەكلى ھەم چاغاتاي تىلىغا خاس بولغان فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغان يېڭى شەكلى ئارىلاش قوللىنىلغان . بۇنىڭدىن بىز هافىز خارەزمىنىڭ گەرچە چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە گۈللەنگەن دەۋرىگە



مەنسۇپ شائىر بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تىل جەھەتتە بۇ ئۆتكۈنچى دەۋر ئالاھىدىلىكىنىڭ يەنىلا داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ، خاقانىيە تىلى دەۋرىدىن چاغاتاي دەۋرىگە ئۆتۈشنىڭ يەنىلا داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز .

هافىز خارەزمى شېئىرلىرىدا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي جانلىق تىل ماتېرىياللىرى ۋە ئېغىز ئەدەبىيات مىراسلىرى ، كۆي ـ ئاھاڭغا دائىر مەزمۇنلار ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . ئۇيغۇر ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇقاملىرىدىن بىرنەچچىسىنىڭ ناملىرى زىكىر قىلىنغان . كۆپلىگەن خەلق ئەپسانىلىرى ، خەلق داستانلىرى ۋە خەلق رىۋايەتلىرىدىن بېشارەت بېرىلگەن . نۇرغۇن خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى نەقىل قىلىنغان . بۇ ماقال ـ تەمسىللەردىن بەزىلىرى ھازىرقى كۈندىمۇ خەلقىمىز ئىچىدە ئىستېمال قىلىنماقتا ، مەسىلەن :

«بۇ مەسەل مەشھۇر ئېرۇركىم : «ئارزۇغە ئەيب يوق» ،
دائىم ئول ياندىن قىلۇرمەن ۋەسلى جانان ئارزۇ .»

دېگەن بېيىتتىكى «ئارزۇغا ئەيب يوق» دېگەن ماقال ھازىرمۇ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە شۇ پېتى قوللىنىلىۋاتىدۇ .

هافىز خارەزمىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى مەيلى ئىدىيىۋىلىك جەھەتتە بولسۇن ياكى بەدىئىيلىك جەھەتتە بولسۇن ۋە ياكى تەتقىقات جەھەتتىكى ئىلمىي قىممىتى جەھەتتە بولسۇن بىباھا خەزىنە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇنى ياخشى ئۆگىنىش ، چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ، شائىرنىڭ ئىلغار ئىدىيىۋى تەشەببۇسلىرىغا ۋە مول بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم خىزمەتلەردىن بىرىدۇر .

# مەۋلانا سەككاكى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى

## سەككاكىنىڭ ھاياتى

چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مىلادىيە 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىرلاردىن مەۋلانا سەككاكى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . ئۇنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز . پەقەت ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ۋە «بەدايىئۇل بىدايە دىباچىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە بەرگەن مەلۇماتلاردىن بۇ شائىر ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز . سەككاكى ھەققىدە توختالغان نەۋائى ئۇنى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ماھىرلىرىدىن بىرى» دەپ تەرىپلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ياشىغان رايونلارغا كەڭ تارقىلىپ ، زور شۆھرەت قازانغانلىقىنى ، سەمەرقەندتە ياشىغانلىقىنى ، سەمەرقەند خەلقى ئارىسىدا ئۇنىڭ نوپۇزىنىڭ ناھايىتى زورلۇقىنى تىلغا ئالىدۇ . نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس»نىڭ ئىككىنچى مەجلىسىدە ، سەككاكىنى ئۆزىنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىلىدە كۆرۈشكەن ۋە سۆھبەتتە ئېرىشكەن جامائەت قاتارىدا بايان قىلىدۇ . ھەم قەبرىسىنىڭ ماۋرائۇننەھر تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ . شۇڭا نەۋائىينىڭ سەككاكى بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى ئىنكار قىلغىلىمۇ بولمايدۇ .

سەككاكى ئۆز قەسىدىلىرىدە خەلىل سۇلتانغا ، ئارسلان خوجا تارخانغا ، خاجە مۇھەممەد پارساغا ۋە مىرزا ئۇلۇغبېككە مەدھىيىلەر



ئوقۇغان . دېمەك ئۇنىڭ ئەسەرلىرى يۇقىرىقى شەخسلەر ھايات مەزگىلىدە يېزىلغان . ئەمما سەككاكىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇلۇغبېكنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ھېچ نەرسە دېيىلمىگەن . شۇنىڭغا قاراپ ئالىملار سەككاكىنىڭ ئۇلۇغبېكتىن بۇرۇن ۋاپات بولغانلىقىنى ، بۇ شائىرنىڭ ئۇلۇغبېك پاجىئەسىنى كۆرۈشكە ئۇلگۈرمىگەنلىكىنى تەخمىن قىلىشماقتا . شۇنداق بولغاندا ، سەككاكى مىلادىيە 1449 ـ يىلىدىن بۇرۇن ۋاپات بولغان بولىدۇ . نەۋائىينى سەككاكى بىلەن كۆرۈشكەن دېيىلگەن تەقدىردە ، نەۋائى بۇ پېشقەدەم شائىرنى بەلكى بالىلىق دەۋرىدە كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن .

سەككاكى سەمەرقەندنىڭ ئۇلۇغبېك دەۋرىدىكى تازا گۈللەنگەن ، ئىلىم ـ مەرىپەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان مەزگىلىدە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان . بۇ خىل ئىلمىي مۇھىت سەككاكىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە كامال تېپىشىدا ، دۇنيا قارىشىنىڭ ۋە بەدىئىي ئىستېداتىنىڭ تاكامۇللىشىشىدا زور رول ئوينىغان .

## سەككاكى دىۋانى ھەققىدە

سەككاكىنىڭ تولۇقسىز ھالەتتىكى بىرلا كىچىك دىۋانىنىڭ قولىيازمىسى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن . ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئىككى قولىيازمىسىنىڭ بارلىقى مەلۇم . ئۇنىڭ بىرى لوندوندا ، بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا «2079» دېگەن رەقەم ئاستىدا ساقلانماقتا . بۇ قولىيازمىنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە كاتىپى مەلۇم ئەمەس . قولىيازمىنىڭ خەت ئۇسلۇبى ۋە ئىشلەنگەن ئۇنۋانغا ئاساسەن ، ئۇنىڭ مىلادىيە 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۆچۈرۈلگەنلىكى قىياس قىلىنماقتا . لوندوندىكى قولىيازمىنىڭ ئىككىنچى بىر نۇسخىسى ئۆزبېكىستان پەن-

لەر ئاكادېمىيىسى ئەبۇ رەيھان برونى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنس-
تىتۇتىنىڭ فوندىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ قوليازما مىلادىيە 1937 -
يىلى ئىسلام كاتىب دېگەن كىشى تەرىپىدىن لوندۇن نۇسخىسى ئاسا-
سىدا قايتا كۆچۈرۈپ چىقىلغان. شۇڭا ھەر ئىككىلا نۇسخىدا كۆپ
جەھەتتە پەرق يوق. بۇ دىۋاندا پەقەت 50 نەچچە غەزەل، 11 قەسىدىلا
ساقلىنىپ قالغان. بۇ قوليازمىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى يوقالغان.
سەككاكىنىڭ 11 قەسىدىسىدىن بىرى خوجا مۇھەممەد پارساغا، يەنە
بىرى خەلىل سۇلتان نامىغا بېغىشلانغان. مىرزا ئۇلۇغبېك نامىغا
بەش قەسىدە، ئارسلان خوجا تارخان نامىغا تۆت قەسىدە بېغىشلانغان.
مىرزا ئۇلۇغبېك بىلەن ئارسلان خوجا تارخان ئەينى دەۋردىكى مەرد-
پەتپەرۋەر ھۆكۈمدار ۋە پاراسەتلىك لەشكىري قوماندانلاردۇر. ئۇلار
ئەينى دەۋردىكى تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات ۋە پەن مەدەنىيەتنىڭ
تەشەببۇسچىلىرى ۋە ھامىيلىرى ئىدى. ئارسلان خوجا تارخان تېمۇر
دەۋرىدىن قالغان پېشقەدەم ئەمىر بولۇپ، ئۇنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىد-
ىكى ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق ئەسىرىگە
يازغان شېئىرىي تەقرىزى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. سەككاكى
قەسىدىلىرىدىن ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ۋە كۈچلۈك مىل-
لىي غۇرۇر ۋە ئىپتىخار تۇيغۇلىرى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ.
پاك مۇھەببەت، سەمىمىي ساداقەت سەككاكى غەزەللىرىدە كۆپ
تەكىتلەنگەن مۇھىم مەزمۇنلاردىن بىرى. شائىرنىڭ كۆپلىگەن لىرد-
كىلىرىدا سۆيگۈ ۋە ساداقەت، ۋاپادارلىق، زوق - ھاياجان بىلەن
كۈيلەنگەن. مەھبۇبىنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالى، يېقىملىق خۇي
- مىجەزى نەپىس شېئىرىي تىل بىلەن تەسۋىرلەنگەن. ئاشىق -
مەشۇقلارنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتى، سۆيگۈ نىدالىرى، جۇدالىق ئازاب-



لىرى، ۋىسال شادلىقلىرى ۋە بۇ پەيتلەردىكى ئاجايىپ - غارايىپ
ئىچكى تۇيغۇلىرى ئىنتايىن يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئىپادىلەپ بېرىل-
گەن.

«يۈزۈڭنى كۆرسە قىلۇر گۈل يۈزىنى يۈز پارە،
خوتەن يازىسىدا ئاھۇ كۆزۈڭدىن ئەۋۋارە.»

بۇ مىسرالاردا شائىر مەھبۇبىنىڭ يۈزى ۋە كۆزىنى گۈل ۋە خوتەن
جاڭگاللىرىدىكى كېيىكلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، گۈزەل چىراي بىد-
لەن شوخ ۋە ئويناق كۆزنى ئىنتايىن جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن.

«ئەي گۈل يۈزۈڭگە ھۆرۈ پەرى بەندەئى جانى،
تالتەك بويۇڭ ئازادى ئېرۇر سەرۋى رەۋانى.

خوبلار سانى يوق چىنۇ خىتاۋۇ خوتەن ئىچرە،
يەتمەس ساڭا لېكىن تىلەگەن دۇنيادە سانى.»

دېگەن مىسرالاردا يارنىڭ ھۆر - پەرىلەرنى قۇل قىلغۇدەك گۈزەل
چېھرى سەرۋىنى لال قىلغۇچى تال چىۋىقتەك بويلىرى، چىن، قىتان
ۋە خوتەن گۈزەللىرىنىمۇ بېسىپ چۈشىدىغان زىبا ھۆسنى تەسۋىرلە-
نىدۇ.

«فۇرقەتىڭدە، ئەي پەرى، تەن كۆيدىيۇ جان يىغلادى،
دەم بەدەم ئىككى كۆزۈم خۇد قايغۇدىن قان يىغلادى.

ھېچ دەۋا يوق دەردىكىم جانىمدە بار، ئانى كۆرۈپ،
تونىنى چاك ئەتتى تەبىبۇ دارۇ - دەرمان يىغلادى.»

بۇ مىسرالاردا جۇدالىق ئازابىدا قىينىلىۋاتقان دەردمەن ئاشىق-
نىڭ يۈرەكلەرنى ئەزگۈچى مۇڭ - زارى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

سەككاكى غەزەللىرىدىكى ئىشق ـ مۇھەببەت ، ۋاپا ـ ساداقەت ، ۋىسال ۋە جۇدالىق تېمىلىرى رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ، هايات مەزمۇنلىرىدىن ۋە جانلىق ئىنسان تۇيغۇلىرىدىن كەلگەن بولۇپ ، بۇ خىل مەزمۇنلار سەككاكى شېئىرلىرىنى رېئال هايات بىلەن ۋە ئىنسان تۇيغۇسى بىلەن چىڭ باغلىغان .

سەككاكىنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت لىرىكىلىرى ئىچىدە ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە بولغان مىسرالارمۇ ئورۇن ئالغان . سەككاكى بۇنداق مىسرالاردا ئۆز دەۋرىدىكى جەبىر ـ زۇلۇم ئۈستىدىن ، ئادالەتسىزلىكتىن ۋە پەلەكنىڭ يارىماس ، پەسكەش قىلىقلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ .

«مېنى بىرنەچچە كۈن مۇنداغ زەمانە كۆيدۈرۈر بولسە ،
جەهاندا تاپماغاي هەرگىز كىشى نامۇ نىشانىمنى .
فەلەككىم بارچە ئالەمنىڭ قىلۇر قان باغرىنى هەردەم ،
ئىشتىسە باغرى قان بولغاي مېنىڭ ئاهۇ فىغانىمنى .»

دېگەن مىسرالاردا شائىر جاپاكار زامان ۋە قانخور پەلەك دەستىدىن چەككەن ئاهۇ پىغانلىرىنى ئىزهار قىلىدۇ .

سەككاكىنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىدا تېمۇرىيلەر شاهزادىلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىقلاردا تۆكۈلگەن قانلارغا ئىشارەت قىلىنغان مىسرالارمۇ ئۇچرايدۇ .

«ئوقۇڭۇزنۇڭ باشاقىگە كۆڭۈل مۇشتاقۇ كۆز ئاشىق ،
بۇلار تالاشماقىن ئولدى ئول ئىككى ئارا قان ، ئەي جان .»

شائىر زامان غەم ـ غۇسسىلىرى ۋە دەرد ـ ئەلەملىرى ئالدىدا هېچبىر ئىلاج قالمىغانلىقىنى مۇنداق مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ .



«تۇشتى بۇ زەئىف جانىمغە دەردى ،
ئۆلمەكتىن ئەزىن يوق ئول دەۋاسى .»

«غەم مېنىڭ زاتىمغە ۋاجىب بولدى ، بولماس مۇمتەنىئ ،
ئۆزگە هەمل ئەتمە ، جەفا كۆترۈرگە ئىمكان قالمادى .»

سەككاكى ئۆزىنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىنى ۋە ئانا تىلىنى قىزغىن سۆيگەن . خەلق ئەدەبىياتىغا زور ئىشتىياق باغلاپ ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە مول ئوزۇق ئالغان . خەلق قوشاقلىرىغا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىر (جىر ) ـ مۇقاملىرىغا چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە سەمىمىي ساداقىتىنى ئىزهار قىلغان . تۈرك گۈزەللىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان گۈزەل كۈي ئۇنىڭ قەلبىنى مەهلىيا قىلىدۇ ، ئۇنىڭغا زور قۇۋانچ ، غۇرۇر ، ئىشەنچ ، ئىپتىخار ۋە غەيرەت بېغىشلايدۇ .

«كىم كۆرسە ئانىڭ كۆزىنى ئايتۇر :
نې تۇرفە ئېرۇر بۇ تۈرك بالاسى ؟
تۈركانە ئىر ئىرلاغۇنچە ، ئانىڭ
كۆيدۈردى مېنى يالاي ـ بۇلاسى .»

دېگەن مىسرالاردا شائىرنىڭ بۇ خىل مىللىي ئىپتىخار ۋە مۇھەببەت تۇيغۇسى روشەن هالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .

سەككاكى شېئىرلىرى مەزمۇنىنىڭ باي ۋە چوڭقۇرلۇقى ، پىكىرنىڭ يېڭى ، هېسسىياتىنىڭ قويۇقلۇقى ، ئۇسلۇبىنىڭ راۋان ، تىلىنىڭ چۈچۈكلۈكى ، خىلمۇخىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ماهىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ، ئوي ـ پىكىر يارقىن ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەنلىكى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزىگە خاس مۇھىم مەۋقەنى ئىگىلەپ تۇرماقتا . سەككاكى شېئىرلىرى خەلق ئارىسىغا

كەڭ تارقىلىپ كېيىنكى دەۋر شائىرلىرىنىڭ ئىجادىيىتىگە زور تە-
سىر كۆرسەتكەن . ئۇنىڭ بەزى غەزەللىرى ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكى-
سى ئون ئىككى مۇقامنىڭ ۋە باشقا خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ ناخشا تېكىس-
تىگە ئايلىنىپ كەتكەن .

# مەۋلانا ئاتايى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى

## ئاتايىنىڭ ھاياتى

چاغاتاي ئەدەبىياتىدا شېئىرلىرى كۆپ شۆھرەتكە ئىگە بولغان
يەنە بىر لىرىك شائىر مەۋلانا شەيخزادە ئاتايىدۇر . ئاتايى مىلادىيە
15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان .
ئەمما ئۇنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر مەلۇماتلار ئىنتايىن ئاز . پەقەت
ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە بېرىل-
گەن مەلۇماتلار ۋە شائىرنىڭ ئۆز دىۋانىدا ساقلانغان قىسمەن ئىما
ـ ئىشارەتلەر بىلەنلا چەكلىنىشكە مەجبۇرمىز .

ئەلىشىر نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس»تا مۇنداق دەيدۇ : «مەۋلا-
نا ئاتايى بەلختە تۇراتتى . ئىسمائىل ئاتانىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئىدى .
دەرۋىش سۈپەت ، خۇشخۇي ۋە ئوچۇق چىراي كىشى ئىدى . تۈركچە
شېئىر ئېيتاتتى . ئۆز زامانىسىدە شېئىرلىرى تۈركىي خەلقلەر ئارى-
سىدا كۆپ شۆھرەت قازاندى . بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى ، مەتلەئ :

ئول سەنەمكىم سۇۋ قىراغىندە پەرىدەك ئولتۇرۇر ،
غايەتى نازۇكلۇكىدىن سۇۋ بىلەن يۇتسە بولۇر .

بۇ بېيىتنىڭ قاپىيىسىدە ئازراق نۇقسانى بار . لېكىن مەۋلانا



تۈركچە شېئىرلارنى ناھايىتى كۆپ ئېيتاتتى ، قاپىيە ئېھتىياتى بىلەن
باغلىنىپ قالمايتتى . قەبرىسى بەلخ ناھىيىسىدە . »

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بۇ مەلۇماتلىرىدىن ئاتايىنىڭ بەلختە تۇرغان-
لىقىنى ، ئىسمائىل ئاتا (ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىبرا-
ھىم ئاتىنىڭ ئوغلى )نىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ، شېئىرلىرىنىڭ تۈر-
كىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا زور شۆھرەت قازانغانلىقىنى ، ئۆز
شېئىرلىرىنى تۈركىي خەلقلەرگە خاس يەڭگىل ۋە راۋان ئۇسلۇبتا
يازغانلىقى ، چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك شېئىرىي قائىدىلىرى ،
جۈملىدىن قاپىيە ھەققىدىكى قاتتىق ئۆلچەملىرىگە ئانچە پەرۋا قىل-
ماي ، شېئىرىيەتتە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئاغزاكى ئىجادىغا
خاسراق بولغان يەڭگىل ۋە راۋان يولنى تۇتقانلىقىنى بىلىمىز . شۇن-
داقلا يەنە «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» يېزىلغان مەزگىلدە ئاتايىنىڭ
ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ۋە بەلختە دەپنە قىلىنغانلىقىنى بىلى-
مىز .

ئاتايىنىڭ دادىسى ئىسمائىل ئاتا ئەسلىي ھېزدىيان (سايرام
بىلەن تاشكەنت ئارىلىقىدىكى بىر يېزا )لىق بولسىمۇ ، كېيىنچە بەلخ-
كە كۆچۈپ بېرىپ ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە شەيخلىق
بىلەن شۇغۇللانغان . ئاتايى دىۋانىنىڭ مۇقاۋىسىدا ۋە دىۋان قولىيازمى-
نىڭ ئاخىرىدا ئۇچرايدىغان «دىۋانى شەيخزادە ئاتايى» دېگەن نام
ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ شەيخلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكى-
نى بىلدۈرىدۇ . ئاتا دېگەن بۇ نام تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە مەشھۇر
شەيخلەر ۋە تەسەۋۋۇپ پېشۋالىرىغا بېرىلىدىغان ھۆرمەت نامىدۇر .
ئۇ ئەجدادلىرىدىن بىرى ئاتا نامى بىلەن ئاتىلىپ ، ھۆرمەت ـ ئېھتى-
رامغا ئىگە بولۇپ كەلگەن شەيخلەر ئەۋلادى بولغاچقا «ئاتايى» تەخەل-

لۇسنى قوللانغان ۋە «شەيخزادە» (شەيخ ئەۋلادى ) دېگەن نام بىلەن
ئاتالغان . ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى هازىرغىچە مەلۇم
بولمىدى . نەۋائى ئاتايى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتمىغان
بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنى مىجەز ـ خۇلق جەھەتتە : «خۇشخۇي ۋە ئوچۇق
چىراي كىشى ئىدى » دەپ ئېنىق ئېيتىدۇ . بۇنىڭدىن نەۋائىنىڭ ئاتايى
بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ۋە ھەمسۆھبەت بولغانلىقىنى بىلىشكە بولى-
دۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتايى ھەققىدىكى بايان «مەجالىسۇن ـ نەفا-
ئىس »نىڭ ئىككىنچى مەجلىسىدە بېرىلگەن . ئىككىنچى مەجلىسنىڭ
بېشىغا بېرىلگەن ئىزاھات خاراكتېرىدىكى ماۋزۇدا ئەلىشىر نەۋائى بۇ
مەجلىسكە كىرگۈزۈلگەن ئەزىز جامائەتنىڭ سۆھبىتى ۋە خىزمىتىگە
كىچىكلىك ۋە ياشلىق دەۋرىدە مۇشەررەپ بولغانلىقىنى ، ئەمما «مەجا-
لىسۇن ـ نەفائىس» يېزىلغان ھىجرىيە 896 (مىلادىيە 1490 ~
1491 ) ـ يىلى ئۇلارنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈپ بولغانلىقىنى ئەسكەرتىپ
ئۆتكەنىدى . بۇنىڭدىن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بالىلىق ياكى ياشلىق دەۋ-
رىدە ئاتايى بىلەنھەمسۆھبەت بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكى ۋە
ئۇنىڭدىن «مەجالىسۇن ـ نەفائىس »تا ئەسلەپ ئۆتكىنىدەك ياخشى
تەسىراتقا ئىگە بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن . ئۇلۇغبېك
مىرزىنىڭ ئۆز سارىيى ئەتراپىغا جەلپ قىلغان ئالىم ۋە شائىرلار
قاتارىدا ئاتايىنىڭمۇ بولغانلىقى مەلۇم . ئاتايىنىڭ بەزى غەزەللىرىدىكى
ئىشارەتلەردىن ئۇنىڭ ھىراتقىمۇ بارغانلىقى بەزى شېئىرلىرىنى ھى-
راتتا يازغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ .

«مەڭلەرىڭ مۇشكى خوتەن يا نۇقتەئى جاندۇر ، بى-
گىم ،
ئەڭلەرىڭ ۋەردى ئىرەم يا باغى رىزۋاندۇر ، بىگىم . »



دېگەن مىسرالار بىلەن باشلىنىدىغان غەزىلىدە :

«ھەرنېكىم يۇسۇپ جەمالىندىن ئىشتتۇك سەندەدۇر ،
بۇ ھىرى شەھرى مەگەركىم مۇلكى كەنئاندۇر ، بىگىم . »

دېگەن مىسرالار ئۇچرايدۇ . شائىر دىۋانىدا يەنە :

«چۇن سىفللەر نەسىبى بولۇپتۇر ھىرات ، تون ئۇچۇن
كەل ، خىرقە كەي ، ئاتايى ، رەۋان بول ھىراتدىن . »

دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇندىكى مىسرالار بىرنەچچە جايدا ئۇچرايدۇ . بۇ
مىسرالار مەزمۇنىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ئاشۇ مىسرالارنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان غەزەللەرنى شائىر ھىراتتا يازغان .

## ئاتايىنىڭ دىۋانى

ئاتايىنىڭ ئىجادىيەت مىراسلىرى ئىچىدىن 260 غەزەلنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان بىردىنبىر قولىيازما روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى
شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ سانكىت پېتىربۇرگ بۆلۈمى قولىياز-
مىلار فوندىدا «22» دېگەن رەقەم ئاستىدا ساقلانماقتا . بۇ قولىيازمى-
نىڭ مىلادىيە 16 ـ ئەسىردە سەفەۋىيلەر دەۋرىدە ياشىغان ئەزەربەيجان-
لىق بىر كاتىپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى تەخمىن قىلىنماقتا .
چۈنكى قولىيازمىدىكى ئايرىم سۆزلەردە ئەزەربەيجان شېۋىسى ئۇچراپ
قالىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قولىيازما تەبرىزلىك بەگلەر بېگى فەتھى
ئەلىخاننىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن .

ئاتايى غەزەللىرىدە رېئال ھاياتقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ھېس-
سىياتى ، پاك ئىنسانىي سۆيگۈنى ئۇلۇغلاش ، ھايات گۈزەللىكلىرىنى
قەدىرلەش ، ئۇنىڭدىن زوق ۋە ھۇزۇر ئېلىش تۇيغۇسى ئىنچىل
ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ . زاھىدلارنىڭ تەركىيدۇنياچىلىق ، ئاخىرەت بى-

لەنلا مەشغۇل بولۇش تەشەببۇسلىرىنى رەت قىلىدۇ:

«سەئيى ئېتەر زاھىد مېنى جەننەتنىڭ ئەسكى باغىغە،
مەن بارۇرمەنمۇ يۈزۈكتەك نەۋبەھارىمدىن يىراق.»

شائىر يەنە:

«كۆرەرمەن باغى جەننەت مۇۋەسسىدىن
ياڭاقىڭ نارىنى يۈز قاتلا بىھراق.»

دەيدۇ. بۇنىڭدىن ئاتايىنىڭ ھايات گۈزەللىكلىرىنى سۆيۈش ۋە ئۇنى غەنىيمەت بىلىشتەك ئۆزگىچە قارىشى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ.

ئاتايى لىرىكىلىرىدىمۇ رېئال دۇنيا ۋە ئىنسانىي مۇھەببەت ئاساسىي تېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاتايى غەزەللىرىدىكى ئاشىق پەقەت ئۆزىنىڭ گۈزەل مەھبۇبىسىنى سۆيۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. ئۇ ئىنسانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ شاد - خۇراملىقىنىمۇ چىن دىلىدىن سۆيىدۇ. ئاتايىنىڭ قارىشىچە ئاشىق مەھبۇبى ئۈچۈن ھەرقانچە جاپا چەكسىمۇ ئۆز يولىدىن ياناماسلىقى، بۇ جاپالارنى راھەت - پاراغەت دەپ بىلىشى، ھەتتا يار يولىدا بارلىقىنى پىدا قىلىشقا تەييار تۇرۇشى كېرەك. شۇڭا ئاتايى قەلىمى ئاستىدىكى ئاشىق ھەر دائىم مەھبۇبىدىن جاپا كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا ۋاپا بىلەن جاۋاب بېرىدۇ، يارىدىن تىل - ئاھانەت ئاڭلىسىمۇ ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. مۇنۇ مىسرالاردىن بۇ خىل ھالەتنى ناھايىتى ئېنىق كۆرىمىز:

«ئەي كۆڭلۈم ئالغان دىلرەبا، جانىم پىدا بولسۇن ساڭا،
ئابى ھەياتى خىرز ئىلە ئۆمرى بەقا بولسۇن ساڭا
قىلسام نەسىھەتنى ساڭا «قان تۆكمە» دەپ، سۆكتۈڭ مېنى،



ھەربىر سۆكۈنچىڭ ئورنىدا يۈز مىڭ دۇئا بولسۇن ساڭا.»

ئاتايىنىڭ لىرىك قەھرىمانى بولغان ئاشىق ئۆز مەشۇقىدىن يەتكەن دەردۇ غەملەرنى دائىم ئۆزى ئۈچۈن راھەت ۋە دەرمان دەپ بىلىدۇ. مەشۇق ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىشنى بۈيۈك ھەج شەرىپىگە ئېرىشكەندەك، بەلكى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە بولغاندەك خۇشاللىق دەپ قارايدۇ:

«ئەي غەمۇ دەردىڭ ھەمىشە راھەتۇ دەرمان ماڭا،
ئاستانىڭ خاكى راھى چەشمەئى ھەيۋان ماڭا.
ئىيدى ئەكبەردۇر مۇبارەك ئۆمرى جاۋىدان بىلە،
گەر قاشىڭ ياسى ئۈچۈن بولغۇل دېسەڭ قۇربان ماڭا.»

ئاتايى غەزەللىرىدىكى بۇ خىل پىداكارلىق روھ ئۇنىڭ ئىنسانىي ئىشق - مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاش، بۇ ئالەمدىكى گۈزەللىكنى سۆيۈش تەشەببۇسى بىلەن زىچ باغلانغان.

«ئاھ ئەگەر بولسە گۇناھ خۇبلارنى سەۋمەك ئۇقبىدە،
دۇنيىدە قىلمايدۇرۇر ھېچ كىمسە مەندەك كۆپ گۇناھ.»

شائىر بۇ مىسرالاردا ئەگەر گۈزەللىكنى سۆيۈش ئاخىرەتتە گۇناھ بولىدىغان بولسا، بۇ دۇنيادا ھېچ كىشى مەندەك كۆپ گۇناھ قىلمىغان بولىدۇ، يەنى بۇنداق «گۇناھ»نى دۇنيادا ھەممە كىشىدىن مەن كۆپ قىلىمەن دەيدۇ. بۇ ئارقىلىق گۈزەللىكنى سۆيۈشنىڭ گۇناھ ئەمەسلىكىنى، بەلكى ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. شائىر گۈزەللەرنىڭ يۈزىدىن تەڭرىنىڭ جامالىنى كۆرۈش مۇمكىنلىكىنى، شۇڭا گۈزەللىكنى ئىلاھىي مۇقەددەسلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئۇلۇغلاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھەتتا گۈزەللىككە چوقۇنۇشنىمۇ ئاشىقلار ئۈچۈن راۋا كۆرىدۇ.

«خۇبلار يۈزىدە چۈنكى كۆرەر تەڭرى جەمالىن ،
گەر سەجدە قىلۇر سىزگە ، ئاتايىغە رەۋادۇر .»

ئاتايى نەزىرىدىكى گۈزەللەر پەقەت تاشقى كۆرۈنۈشتىكى گۈزەل-لەر بولماستىن ، بەلكى ئىچى بىلەن تېشى ماسلاشقان ، جىسمانىي گۈزەللىك بىلەن مەنىۋى گۈزەللىك تەڭ مۇجەسسەملەشكەن ، بولۇپمۇ روھىيەتنى ئاساسىي بەلگە قىلغان گۈزەللىكتۇر . شائىرنىڭ گۈزەل-لەرنى سۆيۈشىمۇ نەپسانىي ھاۋايى - ھەۋەسلەر تەقەززاسىدىن بارلىققا كەلگەن بولماستىن ، بەلكى روھىي كامالەتكە ئىنتىلىش تەقەززا قىل-غان سۆيۈشتۇر . بۇ خىل سۆيۈش يۈكسەك ئىستەك ، ئىنتىلىش ، كامالەت ئىزدەش ، چوڭقۇر ئەقىدە ۋە ئىخلاس قىلىش ، چىن يۈرەك-تىن تەلپۈنۈش قاتارلىق مەنىۋىيەت مەزمۇنلىرىغا قارىتىلغان بولۇپ ، ئادەتتىكى فىزىئولوگىيىلىك سۆيۈشتىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ . بۇ ھەقتە شائىر :

«ئۆزگەلەر نەفسى ھەۋادىن قىلسە خۇبلارغە نەزەر ،
مەن ئاتايىدەك ئۆزۈمنى رۇھپەرۋەر ئەيلەدىم .»

دەيدۇ . ئىنساننىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى گۈزەل بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭدا مېھرىبانلىق ، ۋاپادارلىق بولمىسا ، ئۇ ھۆسن - جامالدا جەننەتتىكى ھۆر بولغان تەقدىردىمۇ ، ئاتايى ئۇنى ھەقىقىي گۈزەل دەپ قارىمايدۇ ، شائىر بۇنداقلاردىن ھەتتا تەڭرىمۇ بىزار دەيدۇ :

«ۋەفاسىز دىلرەبادىن تەڭرى بىزار ،
ئەگەر ھۆسن ئىچرە جەننەت ھۆرى بولسە .»

ئاتايى غەزەللىرىدە ھىجران ئازابىنى چېكىۋاتقان بىناۋا ئاشىقلار-غا سەممىي ھېسداشلىق بىلدۈرىدۇ . شائىر ئۇلارنىڭ دەرد - ئەلەملى-رىنى چۈشىنىدۇ . چۈنكى شائىرمۇ ئۆزىنى پىراق ئازابىدا ئەڭ قاتتىق



قىينالغۇچى ئاشىق ھېسابلايدۇ .

«ئۇششاق غەمىنى ئاتايىدىن سور ،
دەرلەر ئانى بىنەۋائى ھىجران .»

تۆۋەندىكى مىسرالاردا شائىر ئۆزىنى ھىجران ئوتىدا كۆيگۈچى قانات - قۇيرۇقى يوق بىر پەرۋانە ھېسابلايدۇ .

«فىراقىڭ ئوتىدا مىسكىن ئاتايى
ئېرۇر پەرۋانەئى بالۇ پەرى يوق .»

ئاتايى غەزەللىرىدە مۇھەببەت تۇيغۇلىرى گۈزەل تەبىئەت تۇيغۇ-لىرى بىلەن زىچ بىرىكىپ كېتىدۇ . شائىر يارغا بولغان قايناق سۆيگۈ ھېسسىياتىنى گۈزەل تەبىئەت تەسۋىرى بىلەن ئاجايىپ نەپىس تۇيغۇلار ياردىمىدە تەسىرلىك ئىزھار قىلىدۇ :

«كەل ، ئەي دىلبەركى ، بوستان ۋەقتى بولدى ،
گۇل ئاچىلدى ، گۇلۇستان ۋەقتى بولدى .
قىلاي نالە باقىپ گۇلتەك يۈزۈڭگە ،
چۇ بۇلبۇللارغە ئەفغان ۋەقتى بولدى .
گۇلۇ بۇلبۇل بىكىن بۇلبۇللار ئىچرە ،
نىشاتۇ ئەيشى پىنھان ۋەقتى بولدى .
. . . . . . . .
مۇغەننىيلەرغە بۇلبۇللار بىكىن زار ،
ھەزاران نەۋئى ئەلھان ۋەقتى بولدى .
بۇ دەمكىم گۇل قىلۇر بۇلبۇلغە ئەلتاف ،
ئاتايىغە ھەم ئىھسان ۋەقتى بولدى .»

بۇ مىسرالاردا ئاجايىپ گۈزەل باھار مەنزىرىسى بىلەن قايناق سۆيگۈ لىرىكىسى يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ .

ئاتايى غەزەللىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ يېزىلغان مەزمۇن ئاشىقنىڭ مەشۇقتىن يىراقتا قالغانلىقى تۈپەيلىدىن چەككەن ھىجران ئازابلىرى ۋە ئۇنىڭ جانلارنى كۆيدۈرگۈچى دەردلىك نالە ـ ئەپغانلىرىدۇر . بۇ خىل مەزمۇن چاغاتاي ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن باشقا نامايەندىلەرنىڭ لىرىكىلىرىدىمۇ ناھايىتى كۆپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىقنىڭ پىراق ئازابلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش چاغاتاي ئەدەبىياتىدا بىر ئومۇمىي ئەنئەنىگە ئايلانغان بولۇپ ، ئاتايىمۇ بۇ خىل ئەنئەنىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ۋە داۋام ئەتتۈرگۈچىلەردىن بىرى . شۇڭا ئاتايى غەزەللىرى ئىچىدە بۇ خىل مەزمۇن ئەكس ئەتكەن شېئىرلار بەك كۆپ . لېكىن شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، ئاتايى يالغۇز ھىجران ئازابىنى يېزىش بىلەنلا قالماي ، بەلكى ئاشىقنىڭ ۋىسال شادلىقىنىمۇ يازغان . مەسىلەن ، مۇنۇ مىسرالاردا بۇ مەزمۇن ناھايىتى يارقىن ۋە تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .

«يۈزۈڭنى كۆردۈم ، ئەي جان ، شۇكرىلىللاھ ،
سەۋۈندى جانى پەزمان ، شۇكرىلىللاھ .
ئۈمىدىم بوستانىدە يۈزۈڭدىن
ئاچىلدى يۈز گۈلىستان ، شۇكرىلىللاھ .
ئىتۈرگەن يۈسۈفىن يەئقۇب تاپتى ،
تۈزۈلدى مۈلكى كەنئان ، شۇكرىلىللاھ .
ۋىسالىڭ ئافتابى بولدى تالىئ ،
تۈگەندى شامى ھىجران ، شۇكرىلىللاھ .
فىراقىڭ چۆلىدە تەشنە كۆڭۈلگە
يولۇقتى ئابىھەيۋان ، شۇكرىلىللاھ .
تۈزۈلدى دەۋرۇ دىلبەر ساقى بولدى ،



مۇۋاپىق بولدى دەۋران ، شۇكرىلىللاھ .»

ھىجران ئازابى قانچىلىك ئاچچىق بولسا ، ۋىسال پاراغىتى شۇنچىلىك شېرىندۇر . يۇقىرىقى مىسرالاردا ۋىسال قۇچۇپ مۇرادىغا يەتكەن ئاشىقنىڭ تەڭرىگە تەشەككۈر بىلدۈرگەن ئاجايىپ تەسىرلىك مەمنۇنىيەت تۇيغۇلىرى ئوقۇغۇچىدا ئىختىيارسىز ھالدا شادلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق ھېسسىياتىنى قوزغايدۇ ، كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز گۈزەل تەسىرات قالدۇرىدۇ .

ئاتايى شېئىرلىرىدا ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ، زۇلۇم ـ كۈلپەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان مىسرالارمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ . شائىر ئۆزى ياشىغان دەۋرگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ باھاسى ۋە مۇناسىۋىتىنى ھەر خىل يوللار بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان ، زۇلۇم چەككۈچى نامراتلار ۋە ئاجىز بىچارىلەر ھالىغا ئېچىنىش ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىش تۇيغۇسى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ، شۇنداقلا زالىم پەلەك ، كاج تەلەي ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىنغان .

«قويغىل ، ئاتايى ، مەدرەسەۋۇ خانەقاھنى ،
مەئنىدە قەۋلى سادىقۇ سۇفىدە ھال يوق .»

دېگەن مىسرالاردا شائىرنىڭ ئەينى دەۋردىكى مائارىپ تۈزۈلمىسى ۋە ئۇسۇلىغا ھەمدە دىنىي سورۇنلارغا ۋە روھانىيلارغا بولغان نارازىلىقى ئىپادىلەنگەن . شائىر مەدرىسە ئەھلىدە راستچىللىق يوق ، خانىقادىكى سوپىلاردىمۇ ھەقىقىي سوپىلىق ھالەت يوق دەيدۇ .

«نەزم بەھرىنەچۇم ، قەئرىنە يەت دۇرتەك ، ئاتايى ،
دەريا يۈزىنە چۇن خەسۇ خاشاك كېرەكتۇر .»

دېگەن مىسرالاردا شائىر ھەرقانداق بىر ئىلىمنىڭ تەكتىگە چۆككۈچى-

لەرنى سۇ تېگىگە چۆككەن ئۈنچە ـ مەرۋايىتقا ئوخشىتىدۇ . ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا دەريا يۈزىدە لەيلەپ يۈرگەن خەس ـ خەشەككە ئوخشاپ قالىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ .

ئاتايى يەنە ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ، يالغان ئېيتماسلىقنى ئىنسانىي ئەخلاق ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر مەزمۇن دەپ قارايدۇ . شائىر ئۆزىنىڭ قانداق مۇشكۇلچىلىككە ۋە بەتنامغا ئۇچرىشىدىن قەتئىينەزەر راست سۆزلەپ ، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ كەلگەنلىكىنى پەخىرلىنىش بىلەن جاكارلايدۇ :

«ئاتايى ھەققىدە ھەر نېكى دەرلەر ،
دېمەسلەر ئەھدى يالغان ، شۇكرىلىللاھ . »

ئاتايى شېئىرلىرىنىڭ ئۇسلۇبى يەڭگىل ، پىكىرلىرى تىرەن ، بەدىئىي ۋاسىتىلىرى ئىنتايىن نەپىس ۋە يارقىندۇر . شائىرنىڭ خىلمۇخىل بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشتىكى ماھىرلىقى كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ .

«ئەي لەتافەت سۇبھىدىن تالىئ ئىكى چولپان كۆزۈڭ ،
گەردىشى دەۋرى قەمەردە فىتنەئى دەۋران كۆزۈڭ .
قەيسەرى رۇم ئاي يۈزۈڭ ، مۇشكىن ساچىڭ خاقانى چىن ،
شاھى ھىندۇستان مەڭىڭ ، سۇلتانى تۈركىستان كۆزۈڭ .
گەرچە ئاھۇيى خوتەندۇر بىخەتا ، بىلمەن نېدىن ،
چىنى ماچىن لالەزارىدە قىلۇر سەيران كۆزۈڭ . »

بۇ مىسرالاردا شائىر مەشۇقىنىڭ نۇرلۇق يۈزى ، خۇشبۇي چېچى ، قاپقارا مېڭى ۋە شوخ ـ ئويناق كۆزلىرىنى ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەپ بەرگەن .

«نې شەبنەم دانەسىدۇر تىشلارىڭكىم ،



بولۇپتۇر غۇنچەئى خەندانغە لايىق . »

دېگەن مىسرالاردا مەشۇقىنىڭ نازۇك لەۋلىرى ئېچىلىۋاتقان غۇنچە ، سۈپسۈزۈك چىشلىرى غۇنچە ئۈستىدىكى شەبنەم تامچىسى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنغان .

«بىر تويا كۆرگەيمۇ مەن دەپ تەلئەتىڭنى تولۇن ئاي ،
تۈگۈلۈكۈڭدە ئولتۇرۇر تا سۇبھى مەندەك تەلمۈرۈپ . »

بۇ مىسرالاردا شائىر ئاجايىپ ئەپچىل ئوخشىتىش ۋە ئۆزگىچە تەسەۋۋۇردىن پايدىلىنىپ ، ئىككى مىسرا ئىچىدىلا كۆپ تەرەپلىمە ئىپادىلەش ئۈنۈمىگە ئېرىشكەن .

مەۋلانا ئاتايى ئۆزىنىڭ يۇقىرى بەدىئىي ئىستېداتى ۋە ئاكتىئال مەزمۇنغا ئىگە غەزەللىرى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . ئۇنىڭ ئىجادىي مىراسلىرى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ ، بولۇپمۇ لىرىك شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتكەندى .

# مەۋلانا لۇتفى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى

## لۇتفىنىڭ ھاياتى

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ كامالەتكە يەتكەن پىر ئۇستازى»[①] ، مىلادىيە 15 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان مەۋلانا ئۇبەيدۇللا لۇتفى مىلادىيە 1366 ـ يىلى تۇغۇلۇپ ، 1465 ـ يىلى 99 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن . ئۇ ئۆز زامانىنىڭ

① ئەلىشىر نەۋائى «بەدايىئۇل ـ بىدايە دىباچىسى»دىن.

مەشھۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ھىرات شەھىرىدە
ياشاپ ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان .

لۇتفى ئۆزىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىمى ، يۈكسەك بەدىئىي
قابىلىيىتى ۋە ئىپادىلەش ئىستېداتى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ يۇقىرى
دەرىجىلىك ئالىملىرى ، شائىرلىرى ۋە تارىخچىلىرىنىڭ بىردەك ئې-
تىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن . ئابدۇرەھمان جامى ، مەۋلانا سەئىدىددىن
قەشقەرى ، ئەلىشىر نەۋائى ، سۇلتان مەلىك قەشقەرى ، دەۋلەتشاھ
سەمەرقەندى قاتارلىق ئالىم ۋە شائىرلار لۇتفىنى ئۆزىگە ئۇستاز
تۇتقان . ئۆز ئەسەرلىرىدە لۇتفىنى «مەلىكۇل كەلام» (تىل پادىشا-
ھى ) دەپ ئاتىغان . ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس»
، «چاھار دىۋان» ، «خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن» ، «مۇھاكەمەتۇل ـ
لۇغەتەين» ، «نەسايىمۇل مۇھەببەت» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە لۇتفى
ھەققىدە ئالاھىدە توختالغان . مەشھۇر تارىخچىلاردىن دەۋلەتشاھ سە-
مەرقەندى ئۆزىنىڭ «تەزكىرەتۇش شۇئەرا» ناملىق ئەسىرىدە لۇتفىنى
مەخسۇس سەھىپىدە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن . خاندەمىرمۇ «رەۋزەتۇس
سەفا» ناملىق تارىخ ئەسىرىدە لۇتفىغا مەخسۇس باب ئاجراتقان . خوتەن-
لىك ئەدىب موللا ئىسمەتۇللابىننى موللا نېئمەتۇللا مۇئجىزى ئۆزى-
نىڭ «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە لۇتفىنى پىر ئۇستاز
سۈپىتىدە ئالاھىدە تونۇشتۇرغان .

لۇتفى ئۆز ئەسەرلىرىنى كۆپىنچە تۈركىي ۋە پارسىيدىن ئىبا-
رەت ئىككى خىل تىلدا يازغان . ئۇنىڭ يۈكسەك ئىنسانىي ھېس
تۇيغۇلارنى ، چىن مۇھەببەت ، ۋاپادارلىق مېھىر ـ شەپقەت ، ھۆرلۈك
ـ ئەركىنلىك قاتارلىق ئاكتوئال پەزىلەتلەرنى يۇقىرى بەدىئىي ماھا-
رەت بىلەن كۈيلىگەن لىرىك غەزەللىرى خەلق تەرىپىدىن ناھايىتى



قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەندى . ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆز دەۋرىدىلا
يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى نۇرغۇن مەملىكەتلەرگە تارقىلىپ ،
كاتتا شۆھرەت قازانغان .

ئەلىشىر نەۋائى «بەدايىئۇل بىدايە» دىۋانىنىڭ دىباچىسىدە لۇتفى
ۋە سەككاكى ھەققىدە توختىلىپ ، ئۇلار شېئىرلىرىنىڭ مەركىزىي
ئاسىيا ، ئىراق ۋە خوراسانغىچە تارقالغانلىقىنى ۋە دىۋانلىرىنىڭ بار-
لىقىنى ئېيتىدۇ . لۇتفىمۇ ئۆز شېئىرلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى
ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ :

« يالغۇز ھىرىدە يوقكىم ، ئانىڭ زۇلفى ۋەسفىندە ،
شېئىرىڭ شىئارى ، لۇتفى ، خىتاۋۇ خوتەندە بار . »

بۇ مىسرالاردىن لۇتفى ھايات مەزگىلىدىلا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ
رايونىمىزدا كەڭ تارقالغانلىقىنى ، بۇنىڭدىن ھەتتا لۇتفىنىڭمۇ خەۋەر-
دار ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ . ئەمما ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن
تۈرلۈك تەبىئىي ، ئىجتىمائىي ۋە سۈنئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن لۇتفى
ئەسەرلىرىنىڭ قولىيازمىلىرى كۆپلەپ زايە بولغان . ھازىرغىچە لۇتفى-
نىڭ تولۇق دىۋانى ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدە تېخى تېپىلمىغان
بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ئايرىم غەزەللىرىنىڭ قولىيازمىلىرى باشقا
قولىيازمىلار ئىچىدە ساقلىنىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن . مىلا-
دىيە 1991 ـ يىلى خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىدىن لۇتفىنىڭ «گۇل
ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ بىر تولۇقسىز قولىيازمىسى تېپىلدى . بۇ
قولىيازما شائىر دۇربېكنىڭ «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانى بىلەن
بىرگە تۈپلەنگەن بولۇپ ، ھەر ئىككىلا ئەسەر بىر كاتىپ تەرىپىدىن
كۆچۈرۈلگەن . قولىيازمىنىڭ قەغىزى ۋە خەت شەكلىدىن قارىغاندا

قەدىمي نۇسخا ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ .[①]

## لۇتفىنىڭ لىرىكىلىرى

لۇتفى ئەسەرلىرىنىڭ بىرقەدەر تولۇق قولىيازمىلىرى بۈيۈك بىردتانىيە مۇزېيىدا ، فرانسىيە مىللەت مۇزېيىدا ۋە روسىيىنىڭ سان پېتربۇرگ (لېنىنگراد ) موزېيىدا ساقلانماقتا . لۇتفى ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدا ھايات گۈزەللىكلىرىنى ، چىن ئىنسانىي تۇيغۇلارنى ، قىزغىن كۈيلەيدۇ . ئۇنىڭ ئىشق - مۇھەببەت لىرىكىلىرى قويۇق ھېسسىيات ، راۋان ئۇسلۇب ، يەڭگىل تىل بىلەن كىشىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكىدۇ . شائىرنىڭ يارنىڭ گۈزەل ئوبرازىنى زوق - شوق بىلەن تەسۋىرلىشى ، ھايات گۈزەللىكلىرىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئىنسانىيەتكە چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان ، ئىنسان كامالىتىنى كۈيلەيدىغان گۇمانىستىك ئىدىيىسىنىڭ روشەن ئالامەتلىرىدۇر .

«ئەي ، ئارەزى بەرگى گۈلۈ ، ئەي قامەتى سەرۋى چەمەن ،
رەۋشەن سېنىڭ يۈزۈڭ بىكىن تاپمادى بىر شەمئ ئەنجۇمەن .
يۈز ئۈزرە زۇلفۇڭنى سالىپ بوستاندە يۈرۈسەڭ بىرەر ،
سۇمبۇل مەڭىزلىك تولغانۇر ، ئۆز - ئۆزىچە ۋەردۇ سۇمەن .
لەئلىڭكىم ئول خاتەمدۇرۇر ئەڭگۈشتەرىنتەك ئاغزىڭە ،
ئانىڭ كەبى ياخشى ئەقىق كۆرمەدى ئۇمرىدە يەمەن .»

[①] «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1991 - يىل 2 - سانغا قاراڭ.



بۇ مىسرالاردا گۈزەل مەھبۇبنىڭ ئوبرازى شۇ قەدەر جانلىق سۈرەتلەنگەنكى ، گۈزەل لىرىك ئوبراز كۆز ئالدىمىزدا گويا ھەرىكەت قىلىپ تۇرغاندەك نامايان بولىدۇ . لۇتفى ئىشق - مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايدۇ . سۆيگۈ - مۇھەببەتنى گۇناھ ھېسابلايدىغان كىشىلەرگە كىنايىلەر قىلىدۇ .

«قىلماڭ مېنى ئىشق ئۇچۇن مەلامەت ،
چۇن ئىشقنى ھەم خۇدا ياراتتى .»

دېگەن مىسرالىرىدا ئىشق - مۇھەببەت ۋە ئاشىقلارنىڭ ھاياتتىكى قانۇنىي ئورنىنى تەستىقلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ .

لۇتفى ئۆز شېئىرلىرىدا يەنە ئىشق بىلەن ۋاپانى ، ئاشىق بىلەن جاپا - مۇشەققەتنى كۆپ تەرەپلىمە مۇلاھىزە قىلىدۇ . شائىر تاشقى جەھەتتە گۈزەل بولغانلارنىڭ تەبىئىتى كۆپىنچە بىۋاپا بولغانلىقىدىن ئۆكۈنىدۇ . شۇ ئارقىلىق تاشقى گۈزەللىكنى ئىچكى گۈزەللىك ، يەنى ۋاپا ، ساداقەت ، مېھىر - مۇھەببەت بىلەن تولۇقلاش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ .

«ھەقكىم سېنى دىلرەبا ياراتتى ،
ئاشىقلەرە چۇن بەلا ياراتتى .
ھەر قايدە ۋەفا رەقىب ئۇچۇندۇر ،
ئاشىق ئۆلۈشى جەفا ياراتتى .»

بۇ مىسرالاردا شائىر گۈزەللەرنىڭ ئاشىقلار ئۇچۇن بىر بالا - قازا ئىكەنلىكىنى ، ئۇلارنىڭ ھەرقاچان رەقىبلەرگە ۋاپادارلىق كۆرسىتىپ ، ئاشىقلارغا جاپا ئىنئام قىلغانلىقىنى يازىدۇ . شائىر ئاخىرىدا يەنە :

«لۇتفى ، تەمەئ ئەتمە مېھر ئاندىن ،
كۆركلۈكنى چۇ بىۋەفا ياراتتى .»

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق تاشقى كۆرۈنۈشى گۈزەل بولغانلاردىن كۆپىنچە بىۋاپالىق سادىر بولىدىغانلىقىنى ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە بايان قىلىدۇ .

لۇتفى شېئىرلىرىدا كۆپىنچە مەھبۇبىنىڭ گۈزەل رۇخسارىنىڭ جاھاندا تەڭدىشى يوقلۇقى ، ئاشىقىنىڭ سۆيگۈ ئوتىنىڭمۇ ھەددى پايانىنىڭ يوقلۇقى ، ئەمما ئاشىقىنىڭ نالە ـ زارىغا مەھبۇبىنىڭ قۇلاق سالماي پەرۋاسىز يۈرۈشلىرى ئىنتايىن جانلىق سۈرەتلىنىدۇ . بۇنىڭدا ھايات گۈزەللىكلىرى ، ئىنساننىڭ ئىچكى تۇيغۇلىرى ، تاشقى ئوبيېكت بىلەن ئىچكى ھېسسىياتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن بايان قىلىنىپ ، ھايات ھەققىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ .

لۇتفى ئىنسانىي گۈزەللىكنى ۋە تەبىئەت گۈزەللىكلىرىنى تەڭرى گۈزەللىكىنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ۋە تەبىئەتتىكى ئىنكاسى دەپ قارايدۇ ۋە ئۇنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن كۈيلەيدۇ ، مۇقەددەس دەپ بىلىدۇ .

«ئوغانكى ، قۇدرەت ئىچىندە كەمال كۆرگۈزدى ،
يۈزۈڭنىڭ ئايىنەسىدە جەمال كۆرگۈزدى .
جەھاننى ئۆرتەدى ئول دەمكى يۈزۈ زۇلفۇڭنىم ،
تەجەللىياتى جەمالۇ جەلال كۆرگۈزدى .»

«ئەي ، ئوغان نۇرى بىلەن پەرۋەردە ئاي رۇخسارەسى ،
تەلئەتىڭدىن پەرتەۋى توققۇز فەلەك سەييارەسى .»



بۇ مىسرالاردا يەنە گۈزەللىكنىڭ ئوغان (يەنى تەڭرى نۇرى ) بىلەن يارىتىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ .

لۇتفى ئىشق ـ مۇھەببەتنى شۇ قەدەر يۇقىرى ھاياجان بىلەن كۈيلەپ ، ئۇنى شۇ قەدەر ئۇلۇغلايدۇكى ، مۇھەببەت يولىدا ئەزىز جانلىرىنى پىدا قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتىلاپ ئىزھار قىلىدۇ .

«ئەي پەرى يۈزلۈك بېگىم ، جانلار فىدا بولسۇن ساڭا ،
دۇنيەدە ھۇسن ئاتى بار ئېركەن بەقا بولسۇن ساڭا .
. . . . . . . . . . . .
دەۋلەتى ۋەسل ئىلتىماسى نې ھىكايەتدۇر ماڭا ،
ئولكى يادىڭ بىرلە جان بىرسەم كىفايەتدۇر ماڭا .»

لۇتفى شېئىرلىرىدىكى بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ ئىنسان ئەقلىنى لال قىلىدىغان دەرىجىدە ئۇستىلىق بىلەن ئىشلىتىلگەنلىكى ، شائىرنىڭ بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىكى كامالىتىنى كۆچلۈك ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . ئەلىشىر نەۋائىدەك بۈيۈك زاتنىڭ ئۇنى «مەلىكۇل كەلام» (تىل پادىشاھى ) دەپ تەرىپلىشىمۇ سەۋەبسىز ئەمەس . لۇتفى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنى جانلىق تىلغا ۋە خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تىرىشقان سەنئەتكاردۇر . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى چوڭقۇر پەلسەپىۋى ھېكمەتلەرگە ۋە قايناق شېئىرىي ھېسسىياتقا تويۇنغانلىقى بىلەنلا ئەمەس ، يەنە يەڭگىل ۋە راۋان ، جانلىق ۋە ئوبرازلىق تىلغا ئىگە بولغانلىقى بىلەنمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە ئۆزىگە خاس رەڭ بىلەن جۇلالىنىپ تۇرىدىغان بىباھا گۆھەردۇر .

«كۆزۈڭدەك كەزگۈچى ئەييارە يوقتۇر ،

قاشىڭدەك بىر پەرى مەككارە يوقتۇر .
فۇسۇنلار بىرلە يەر غەمزەڭ جىگەرنى ،
ئانىڭدەك ھەم يەنە خۇنخارە يوقتۇر .
سېنى كۆرمەي ئۆلەرمەن ، گەر يولۇقسام ،
جۇنۇندىن تاقەتى نەززارە يوقتۇر .
كىچىك ئاغزىڭ غەمىدە ئاشىقىڭغە ،
ئۇلۇغ تىنماقدىن ئۆزگە چارە يوقتۇر .
كۆڭۈللەر دەردىغە گەر چارە قىلساڭ ،
مېنىڭدەك دۇنيەدە بىچارە يوقتۇر .
نېتەر لالە تۇرۇپ يابانده مۇنچە ،
ئۇياتىڭدىن ئەگەر ئەۋۋارە يوقتۇر .
جەفا كۆپ قىلماكىم ، كۆڭلۈڭ مەسەللىك
بۇ لۇتفى جانى سەنتەك خارە يوقتۇر . »

تەخمىنەن ئالتە ئەسىر ئىلگىرى يېزىلغان بۇ شېئىرنى بۈگۈنكى كۈندىمۇ كىشىلەر ھېچقانداق ئىزاھات ۋە چۈشەندۈرۈشسىز ھالدا تولۇق چۈشىنەلەيدۇ . بۇنىڭدىن شائىر لۇتفىنىڭ خەلق تىلىدىن نەقەدەر ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

لۇتفى ئەسەرلىرىدە يەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرىغا كەڭ تۈردە مۇراجىئەت قىلىنىدۇ . خەلق ھېكايەتلىرى ، خەلق قوشاقلىرى ، خەلق ماقال - تەمسىللىرىگە ئىشارەتلەر قىلىنىدۇ . ماقال - تەمسىللەردىن پايدىلىنىش جەھەتتە لۇتفى تەڭداشسىز ماھارەت ئىگىسىدۇر .

«ئاياغىڭغە تۇشەر ھەر لەھزە گىسۇ ،
مەسەلدۇركىم : ‹چىراغ تۈۋىى قارانغۇ› .



تۇتارمەن كۆزكى كۆرسەم ئارەزىڭنى ،
كى دەرلەر : ‹ئاققان ئارىقغە ئاقار سۇۋ› .
يۈزۈڭنى تۇتتۇم ئارتۇق ئايۇ كۈندىن ،
‹كىشىنىڭ كۆزىدۇر ئارى تارازۇ› .
كۆزۈڭ قانىمدىن ئەيمەنمەس ، ئەجەبتۇر ،
كى : ‹قورقار قايدەكىم قان كۆرسە ھىندۇ› .
تىلە ۋەسلىكنى لۇتفى ، قىل ئىجابەت ،
كى ئايتۇرلار : ‹تىلەگەننى تىلەگۈ› » .

يۇقىرىقى غەزەلنىڭ ھەربىر بېيىتىدە بىردىن خەلق ماقال - تەمسىلى ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىلگەن . بۇ ماقال - تەمسىللەر ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ھازىرقى كۈندىمۇ كەڭ ئىستېمال قىلىنماقتا . بۇنىڭدىن لۇتفىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن نەقەدەر كۆپ ئوزۇق ئالغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ .

لۇتفى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ۋاستىلەرنى ئىشلىتىشكە پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ماھارىتى ، لىرىك تۇيغۇنى ۋە پىكىرنى ئىپادىلەشتىكى ئىنتايىن نازۇك ۋە ئۆتكۈر چارە - ئۇسۇللىرى بىلەن چاغاتاي دەۋرى شائىرلىرىنىڭ پىر - ئۇستازىغا ئايلانغان . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن بەدىئىي سەنئەتنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن ئۇسۇللىرى ۋە نادىر ئۈلگىلىرىنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز . لۇتفى شېئىرلىرىدا تەپەككۇر گۈزەللى تۈرلۈك - تۈرلۈك نەپىس ۋە رەڭدار بەدىئىي لىباسلار ئىچىدە جىلۋە قىلىنىپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى قانچە بېرىلىپ ئۆگەنگەنسېرى ۋە تەتقىق قىلغانسېرى كۆز ئالدىمىزدا يېڭىدىن يېڭى مەنە قاتلاملىرى ، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ئاجايىپ چەكسىز چوڭقۇرلۇقلىرى نامايان بولىدۇ ؛ ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ چېكى ، پىكىرلىرىنىڭ تېگى كۆ-

رۇنمەيدۇ .

«چۇن تىشلەسە ئىرنىن كۆرۈنۇر شېۋەسى شېرىن ،
سۇت بىرلە شەكەر چۇن قاتىلۇر ياخشى كۆرۈنۇر .»

بۇ مىسرالاردا شائىر مەشۇقنىڭ لەۋلىرىنى چىشلەپ ، تارتىنىپ تۇرغان يېقىملىق ھالىتىنى تەسۋىرلەۋېتىپ ، بۇ ھالەتنى سۇت بىلەن شېكەرنىڭ قوشۇلغىنىدەك تاتلىق ۋە لەززەتلىك تۇيغۇلار بىلەن بايان قىلىدۇ . بۇ يەردە يەنە قاتمۇقات مېتافورا ۋە ئۇدا ئوخشىتىشلار يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ ، مەشۇقنىڭ شېرىن لەۋلىرى شېكەرگە ، ئاپئاق سۇزۇك چىشلىرى سۇتكە ئوخشىتىلىپ ، ئۇنىڭ لەۋلىرىنى چىشلەپ تۇرغان ھالىتى ھەم لەزىز ، ھەم شېرىن ، ھەم يارقىن گەۋدىلەندۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ . شۇ ئارقىلىق مەشۇقنىڭ ھۆسنى ، خۇلقى ۋە لەززىتى كۆپ تەرەپتىن تەسۋىرلىنىدۇ ، تەرىپلىنىدۇ .

«سۇنبۇلۇڭنى تاراغاندە گۇل ئۇزە تاڭدۇر ئەرەق ،
كىم بۇلۇتلىق كېچەنىڭ ئەلبەتتە بولماس شەبنەمى .»

بۇ مىسرالاردا شائىر مەشۇقنىڭ چاچ تاراۋاتقان ھالىتىنى تەسۋىرلەۋېتىپ ، ئۇنىڭ جامالىدىكى سۇ تامچىلىرىدىن ھەيرانلىق ئىزھار قىلىپ : «بۇلۇتلۇق كېچىنىڭ شەبنىمى بولمايتتىغۇ» دەيدۇ . بۇ يەردە مەشۇقنىڭ چېچى سۇمبۇلغا ، يۇزى گۇلگە ، چاچ تارىغاندا مەشۇقنىڭ يۇزىگە چۇشكەن سۇ تامچىلىرى گۇل ئۇستىدىكى شەبنەمگە ، چاچنىڭ چۇۋۇلۇپ تارالغان ھالىتى بۇلۇتلۇق كېچىگە ئوخشىتىلىدۇ . بۇ ئوخشىتىش ۋە تەسەۋۋۇرلارمۇ يوشۇرۇن ھالەتتە ۋە ئەگىتمە ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . بۇ بېيىتتىن يەنە شائىرنىڭ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى (بۇلۇتلۇق كېچىدە شەبنەم بولمايدىغانلىقىنى ) ۋە تەسۋىر ئوبيېكتىنى (يارنىڭ چاچ تاراۋاتقاندىكى ئۇششاق تەپسىلاتلارنى ) نەقەدەر



ئىنچىكە ، نەقەدەر تەپسىلي كۆزەتكەنلىكىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس .

«كۆزۇڭگى لالەۋۇ نەسرىن ئۇزە ئۇزالە ياتۇر ،
خوتەن چەچەكلەرى ئىچرە مەگەر غەزالە ياتۇر .»

بۇ مىسرالاردا مەشۇقنىڭ كۆزلىرى ئاشكارا ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن بولسا ، ئۇنىڭ رۇخسارى لالە ۋە نەسرىن گۇلگە ھەم خوتەن گۇلزارىغا يوشۇرۇن ھالەتتە ئوخشىتىلىدۇ . يارنىڭ لالە ۋە نەسرىن گۇلىدەك رۇخسارىدىكى سوزۇلۇپ ياتقان شوخ كۆزلىرى خوتەن لالىزارى ئىچىدە ياتقان كېيىك بالىسى (غەزالە ) سۇپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ .

لۇتفى شېئىرلىرى ئىچىدە ستېرېئولۇق مەنە ، كۆپ قىرلىق پىكىر ، كۆپ قاتلاملىق مەزمۇن گۇزەل ، قاتمۇقات ۋە نەپىس بەدىئىي سەنئەت پەردىلىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان . شائىرنىڭ دىۋانىدىن ، بۇنداق مىساللارنى داۋاملىق كۆپلەپ كەلتۇرۇۋېرىشكە بولىدۇ . شۇڭا ، ئەلىشىر نەۋائى لۇتفى شېئىرلىرى ھەققىدە توختالغىنىدا : «تۇركچە دىۋانى مەشھۇردۇر ۋە مۇتەئەززىزۇل - جەۋاب مەتلەئلەرى بار» (تۇركي تىلدىكى دىۋانى مەشھۇر بولۇپ ، ئۇنىڭدا تەقلىد قىلىش مۇشكۇل بولغان مەتلەئلىرى بار ) دېگەن ۋە بۇنىڭغا مىساللارنى كەلتۇرگەن . بۇ لۇتفىنىڭ شېئىرىي تەپەككۇر ۋە بەدىئىي ئىستېدات جەھەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى ، ئىجادىيەتتە ئۆزىگە خاس بولغان گۇزەل ئۇسلۇبنى بەرپا قىلغانلىقتىن ، شېئىرىيەتتە باشقىلارنىڭ ئۇنى دورىيالىشى قىيىن ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرگەن ناھايىتى ئوبيېكتىپ باھادۇر .

لۇتفى ئەسەرلىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ،

لېكسىكىلىق ۋە سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرى ناھايىتى قويۇق ھالدا ساقلانغان . لۇتفى شېئىرلىرىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيىتى تۈركىي تىللارنىڭ شەرقىي گۇرۇپپىسى بولغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى روشەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . لۇتفى ئەسەرلىرى ئىچىدە يەنە ئۇيغۇرلار بۇددىزىم دەۋرىدە ئىشلەتكەن ، ئەمما ئىسلامىيەت دەۋرىدىن باشلاپ تەدرىجىي ئىستېمالدىن قالغان كونا ئۇيغۇرچە سۆزلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ . لۇتفى شېئىرلىرىدا سۆز ياساش ، سۆز تۈرلەش ۋە سۆزلەرنى ئۆزئارا باغلاش جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ناھايىتى ياخشى نامايان قىلىپ بېرىدۇ . قەدىمكى تۇرپان تېكىستلىرى ، بۇددا دىنى ۋە مانى دىنى مەزمۇنىدىكى كونا ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر ، شۇنداقلا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى «قۇتادغۇبىلىك» ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ تىلى بىلەن لۇتفى ئەسەرلىرىنىڭ تىلىنىڭ ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى ، پەقەت فونېتىكا جەھەتتىلا چاغاتاي تىلى ئامىللىرىنىڭ لۇتفى ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز .

## «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانى ھەققىدە

شائىرنىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانى مىلادىيە 1411 - يىلى يېزىلغان بولۇپ ، ئۇ شەرق ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن ئىشق - مۇھەببەتكە دائىر مەشھۇر رومانتىك ئەسەردۇر . «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ لوندون ، بۇداپېشت ، ئوكسفورد ، كېمبرىج ، ئىستانبول ۋە قازان كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان قوليازمىلىرى ، شۇنداقلا خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىدىن تېپىلغان قوليازمىسى دەۋرىمىزگە قەدەر



يېتىپ كەلگەن . «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىدا ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى نەۋرۇز بىلەن گۇلنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خوراساننىڭ مىلادىيە 15 - ئەسىردىكى ھاياتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇرۇش غايىسى ئىلگىرى سۈرۈلگەن . مەملىكەتنى ۋەيران قىلغان ئۇرۇشلار قارىلانغان . ئادالەتپەرۋەرلىك ، ئىلىم - ھۈنەر ، مېھنەت سۆيەرلىك ، مەرىپەتپەرۋەرلىك ، دوستلۇق ئىدىيىلىرى ئۇلۇغلانغان .

ئەمىر تېمۇر ۋاپاتى (مىلادىيە 1405 - يىلى 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى )دىن كېيىن تېمۇرىيلەر شاھزادىلىرى ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش كۈرىشى ئەۋج ئېلىپ كەتتى . ئەمىر تېمۇرنىڭ بىرلىككە كەلتۈرگەن تېمۇرىيلەر دۆلىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە ياشلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن شائىر لۇتفى تېمۇرىيلەر دۆلىتىنىڭ ئۆزئارا تەخت تالىشىش ماجىرالىرى ئىچىدە خارابە ھالەتكە كەلگەنلىكىنى ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئىنتايىن مۈشكۈلچىلىك ئىچىدە قالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى . شۇڭا مەۋجۇت مەسىلىگە دەل ۋاقتىدا جاۋاب بېرىش ، رېئال مەسىلىلەرگە بولغان ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇش نىيىتىدە «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىنى يېزىپ ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ، پاراۋانلىقى ، تىنچ - ئامانلىقى ھەققىدىكى ئۆزىنىڭ ئىلغار قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى . فىرېدرىخ ئېنگېلس ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مەركەزلەشكەن ، بىرلىككە كەلگەن دۆلەتلەرنى قۇرۇشقا ئىنتىلىش ئەنئەنىسىنى ئىجابىي ھادىسە سۈپىتىدە باھالىغان . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز دەۋرىدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرىنى تۈگىتىش ، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشى خەلق ھاياتىنىڭ بەختەرلىكى ، تۇرمۇشىنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن مۇھىم شەرت ئىدى . بۇنىڭدىن بىز لۇتفىنىڭ

«گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىدا ئۆز دەۋرى ئۈچۈن نەقەدەر ئاكتۇئال ۋە نەقەدەر مۇھىم ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز .

«گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانى ئالدى بىلەن مۇھەببەت داستانىدۇر . ئۇنىڭدا بىر - بىرىگە يۈكسەك ئىنسانىي تۇيغۇلار بىلەن مۇھەببەت باغلىغان ئىككى ياشنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ھېكايە قىلىنىدۇ . ھەمىشە باھارنىڭ بەلگىسى بولغان نەۋرۇزنىڭ تەبىئەت گۈزىلى بولغان گۇلگە نىسبەتەن ئوتلۇق مۇھەببىتى قەدىم زامانلاردىن بۇيان نۇرغۇنلىغان ئەپسانىلەر ، شېئىرلار ۋە داستانلارنىڭ زىننىتى بولۇپ كەلگەندى . لۇتفى ئەنە شۇ ئەنئەنىۋى تېمىغا مۇراجىئەت قىلىپ ، «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىنى ئۆز دەۋرى ، ئۆز خەلقىنىڭ تەلەپلىرى ئاساسىدا ئىجاد قىلىدۇ . «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانى رومانتىك سۇژىت ئۈستىگە قۇرۇلغان . ئۇنىڭدا مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنىدۇ : نەۋشاد مەملىكىتىنىڭ شاھى فەررۇخنىڭ پەرزەنتى بولمىغاچقا پەرزەنت ئارزۇسىدا كۆيۈپ پىشىدۇ . ئاخىر ئۇنىڭ ئائىلىسىدە بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپ ، زور شاد - خۇراملىققا سەۋەب بولىدۇ . بۇ ئوغۇل يىل بېشىدا تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا نەۋرۇز دەپ ئات قويۇلىدۇ . شاھزادە نەۋرۇز ئەقىللىق ، ئوقۇمۇشلۇق ، ھۇنەرۋەن بولۇپ چوڭىيىدۇ . نەۋرۇز كۈنلەرنىڭ بىرىدە چۈشىدە فەرخار مەملىكىتىنىڭ شاھى مۇشكىنىنىڭ قىزى گۇلنى كۆرۈپ قالىدۇ . نەۋرۇز ئۆز چۈشى ئاساسىدا گۇلنى ئىزدەپ تاپىدۇ . نۇرغۇن ۋەقەلەر ئارقىلىق بۇ ئىككى ياش بىر - بىرى بىلەن قىزغىن مۇھەببەت باغلىشىدۇ . لېكىن فەرخار پادىشاھى گۇلنى چىن مەملىكىتىنىڭ خاقانىغا بەرمەكچى بولۇپ ، شۇ تەرەپكە ئۇزىتىدۇ . گۇل نەۋرۇز بىلەن تېپىشىپ قېچىپ كېتىدۇ . ئۇلار كېمىدە قېچىپ كېتىۋاتقاندا ، دېڭىزدا بوران كۆتۈرۈلۈپ ھالاكەتلىك بالا - قازا يۈز



بېرىدۇ . دولقۇن نەۋرۇزنى يەمەن مەملىكىتى تەرەپكە ئېلىپ كېتىدۇ . گۇل بولسا ئەدەن شەھىرىدە قالىدۇ . ئەدەن بىلەن يەمەن مەملىكەتلىرى شۇ دەۋردە بىر - بىرىگە دۈشمەن ئىدى . ئۇلار دولقۇن ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قىرغاققا چىقىدۇ . ئەدەنلىك غەۋۋاسلارنى ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قالغان تەدبىرلىك گۇلنى ئەدەن پادىشاھى بەدىئ چاقىرتىدۇ . ئۇنىڭدىن يەمەن دۆلىتىگە قارشى ئۇرۇشتا پايدىلانماقچى بولىدۇ . بەدىئ ئاشۇ مەقسەتتە گۇلنى قوشۇن باشلىقى قىلىپ تەيىنلەيدۇ . ئۆز ۋاقتىدا مۇداپىئە چارىلىرىنى كۆرۈشكە مەجبۇر بولغان يەمەن پادىشاھى رەفىئ نەۋرۇزغا قوشۇن قوماندانلىقىنى بېرىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ . شۇنداق قىلىپ ئىككى ئوتتۇرىدا شىددەتلىك جەڭ باشلىنىدۇ . گۇل جەڭدىن بۇرۇن يەمەن تەرەپكە چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتىدۇ ، جەڭ پەيتىدە مەيدانغا چىققان يەمەن پالۋىنى بەھرامنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلايدۇ . شۇ چاغدا يەمەن لەشكىرى تەرەپتىن نەۋرۇز نەرە تارتىپ مەيدانغا كىرىدۇ . ئىككى سەركەردە يەكمۇيەك ئېلىشماقچى بولىدۇ . ئۇرۇشنىڭ ئەڭ خەتەرلىك پەيتىدە گۇل نەۋرۇزنى ئاۋازىدىن تونۇپ قالىدۇ - دە ، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىدۇ . نىقابلانغان لەشكەر باشلىقىنىڭ گۇل ئىكەنلىكىنى بىلگەن نەۋرۇزمۇ قولىدىكى تىغنى تاشلاپ ، ئۆزىنى يەرگە ئاتىدۇ . «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ئەنە شۇ كولمىناتسىيە نۇقتىدىن باشلاپ ، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ . ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىشلىرى ، كىشىلەرنىڭ بەختلىك ياشاشلىرى ئۈچۈن ئۆزئارا ئۇرۇشلارنى ، شاھلار ئارىسىدىكى ئاداۋەتنى تۈگىتىش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ . يۈكسەك ئىنسانىي تۇيغۇلار ، ئىنسان ھاياتىنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغان ئالىيجاناب ئىنتىلىشلەر شاھلار

ئارىسىدىكى ياۋۇز نىيەتلەرنى سۇپۇرۇپ تاشلايدۇ . ئەدەن بىلەن يەمەن پادىشاھلىرى ئۇرۇشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ . شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار يۈكسەك ئېتىقاد ئىگىسى بولغان نەۋرۇز بىلەن گۈلگە قاتتىق باغلىنىپ قالىدۇ . شۇ ئارىدا ئۆز پەرزەنتلىرىنى يۇرتىمۇ يۇرت ئىزدەپ يۈرگەن نەۋرۇز بىلەن گۈلنىڭ ئاتىلىرى يېتىپ كېلىدۇ . شۇندىن كېيىن نەۋرۇزنىڭ ئاتىسى فەررۇخ ئۆزئارا بىر بېتىمگە كېلەلمەي تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقان پادىشاھلارغا مەملىكەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ھەممەيلەن بىر بولۇپ ياشاش تەكلىپىنى بېرىدۇ . بۇ ئورۇندا ئەسەرنىڭ يېتەكچى غايىسى — بىرلىككە كەلگەن ئادىل دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسى روشەن نامايان بولىدۇ .

دېدى فەررۇخكى : «بىر تەدبىر ئېيتەلى ،
تەئەسسۇب تۈننى تەغيىر ئېتەلى .
ئىشىتۇر بولساڭىزلار بىر سۆزۈم بار ،
ئىشىتىپ ، بولساڭىز سۆزگە خەرىدار .
تاڭالى ئىتتىپاق ئۈستىدە ئەلنى ،
قىلالى ئورتادا تەئيىن بىر ئەلنى .
ھەمان خۇشتۇركى جان ئورتادە بولسە ،
نىكىم ئەئزا ئىچىندە بارسا ، كەلسە .
مۇخالىفلىق ئەگەر قوپسا ئارادىن ،
قۇتۇلۇرسىز تۈگەنمەس ماجىرادىن .»

پادىشاھلار فەررۇخنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدۇ . فەرخار ، ئەدەن ، يەمەن ۋە نەۋشاد مەملىكەتلىرى بىرلىشىدۇ . نەۋرۇز بۇ مەملىكەتلەر-نىڭ بىردىنبىر پادىشاھى بولۇپ قالىدۇ . شۇنداق قىلىپ ناھەق قان تۆكۈلۈشلەرگە ، دۆلەت باشقۇرۇشتىكى ئۆز بېشىمچىلىقلارغا خاتىمە



بېرىلىدۇ . خەلقمۇ ئۇرۇش ۋە تالاش ـ تارتىش تۈپەيلىدىن يۈز بېرىد-ۋاتقان پالاكەتلەردىن قۇتۇلىدۇ .

«كېڭەشلەر بارچە بۇ سۆزگە تۈگۈلدى ،
ئۇلۇس بىھۇدە زەخمەتتىن قۇتۇلدى .»

ئوتتۇرا ئەسىر ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغان بىرلىككە كېلىش غايىسى شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرىدە كۆيلىنىپ كەل-گەن . لۇتفى ئۆزىنىڭ بۇ غايىسىنى نەۋرۇز ، گۈل ، فەررۇخ ، مۇش-كىن ، رەفىئ ، بەدىئ ، سەبا ، سەۋسەن ، بەھمەن قاتارلىق پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش ۋە بىر قاتار ئەگرى ـ توقاي سۇژىتلارنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەر ئالدىدا ئوبرازلىق ھالدا سۈرەتلەپ بەر-گەن . داستاندىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دراماتىك توقۇنۇشلار ئارقىلىق ئىنتايىن ئەپچىل ئۇسۇللار بىلەن ناھايىتى روشەن ھالدا يورۇتۇپ بېرىلگەن .

«گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىدا ئۆز دەۋرىگە خاس بولغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر سۇژىت لىنىيىسىگە بىرلەشتۈ-رۈپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . داستاندا سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ، ۋاپا ـ ساداقەت ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ، تەرەققىيات ، تىنچ ـ ئامانلىق ، بىرلىك تەشەببۇسلىرىدىن باشقا يەنە ئادالەت ، ھەققانىيەت ، ھۆرلۈك ، خەلق-چىللىق ئىدىيىلىرى ئىزچىل ئالغا سۈرۈلگەن . زالىملىق ، پىتنە-خورلۇق ، چېقىمچىلىق ، تەپرىقىچىلىك ، ياۋۇزلۇق ، قانخورلۇق ، ئۇ-رۇشخۇمارلىق ، مۇستەبىتلىك قاتارلىق يىرگىنىشلىك ئىللەتلەر شەپ-قەتسىز ھالدا قامچىلانغان .

«گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مەيلى ئىدىيىۋىلىك جەھەتتە بولسۇن ياكى بەدىئىيلىك جەھەتتە بولسۇن

يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان نادىر مىراس بولۇش سۈپىتى بىلەن
ئەدەبىيات تارىخىدا ھۆرمەتلىك ئورۇن تۇتىدۇ .

## مەۋلانا گەدائى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى

### گەدائىنىڭ ھاياتى

مەۋلانا گەدائى مىلادىيە 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تاكى ئا-
خىرلىرىغىچە ھىراتتا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن مەشھۇر لىرىك شائىر .
ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆز دەۋرىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا
كەڭ تارقالغان ۋە شۆھرەت قازانغان . گەدائىنىڭ ھاياتىغا دائىر
مەلۇماتلار ناھايىتى كەمچىل . ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر
نەۋائى مەۋلانا گەدائى ھەققىدە ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» نام-
لىق ئەسىرىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىدۇ ، گەدائىنىڭ مەشھۇر تۈر-
كىيگوي (تۈركىي تىللىق ) شائىر ئىكەنلىكىنى ، ئەبۇلقاسىم بابۇر
دەۋرىدە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ شۆھرەت قازانغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۇ-
نىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرى ئىچىدىن بىرقانچە بېيىتنى مىسال كەلتۈرى-
دۇ ۋە ئۇنى تەرىپلەيدۇ . ئاخىرىدا : «مەۋلانىنىڭ يېشى توقساندىن
ئۆتتۈپتۇ» دەيدۇ . نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس»نى يازغان ۋاقتى
(ھىجرىيە 896 ـ يىلى )دا گەدائى 90 ياشتىن ئاشقان بولسا ، ئۇنداق-
تا گەدائىنىڭ ھىجرىيە 806 (مىلادىيە 1403 ~ 1404 ) ـ يىللىرى-
دىن بۇرۇن تۇغۇلغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ . ئەلىشىر نەۋائى
«مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرىدە تالانتلىق تۈركىي تىللىق
شائىرلار ھەققىدە سۆزلەۋېتىپ ، گەدائىنى ئاتايى ، سەككاكى ، مۇقى-
مى ، يەقىنى ، ھەيدەر خارەزمى ، يۇسۇپ ئەمىرى قاتارلىق مەشھۇر



شائىرلار قاتارىدا تىلغا ئالىدۇ . بۇنىڭدىن گەدائىنىڭ تۈركىي تىللىق
شېئىرىيەتتە تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ .
ئۇنىڭ شېئىرلىرى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا لىرىك شېئىرى-
يەتنىڭ ، بولۇپمۇ غەزەلچىلىكنىڭ شەكىللىنىشىدە ۋە راۋاجلىنىشىدا
مۇھىم رول ئوينىغان . گەدائى ئۆز ھاياتىدا ئۆز دەۋرىدىكى ۋە ئۆزى-
دىن بۇرۇنقى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتى ۋە يازما
ئەدەبىيات مىراسلىرى بىلەن پىششىق تونۇشقان ، ئۇنى بېرىلىپ تەت-
قىق قىلغان ماھىر تىل سەنئەتكارىدۇر . شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا
ئارۇزنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە بولۇپمۇ خەلق قوشاقلىرىدا كەڭ
قوللىنىلىدىغان ۋەزىن تۈرلىرى كۆپرەك ئىشلىتىلگەن . گەدائى شې-
ئىرلىرىدا ھىرات شەھىرىدىن باشقا رۇم ، چىن ، خوتەن ، ھىندىستان
قاتارلىق جايلار پات ـ پات تىلغا ئېلىنىدۇ . ئەمما شائىر گەدائىنىڭ
ئۆمرىدە ھىراتتىن باشقا جايلارغا بارغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق .
گەرچە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىچىدە ھىرات بىلەن خەيرلىشىش مەزمۇ-
نىدىكى غەزەللەر مەۋجۇت بولسىمۇ ، لېكىن ، خەيرلىشىپ قەيەرگە
بارغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئالامەتلەر يوق . شائىرنىڭ تېمۇرى شاھ-
زادىلىرىدىن خەلىل سۇلتانغا ئاتاپ يازغان قەسىدىسىدە مۇنداق مىس-
رالار بار .

«لىسانۇل ـ غەيبتىن كەلدى قۇلاغىمغە خىتابىكىم
شەھەنشەھزادەلەرنىڭ سەرۋەرى سۇلتان خەلىلۇللاھ .

. . . . . . . . . .

كى بۇ شەھزادەنىڭ كۆڭلىدەكى مەتلۇبىنى بەرگىل ،
بەھەققى مۇستەفاۋۇ ئالىيۇ ئەۋلادى ، يا ئەللاھ .»

بۇ قەسىدىدىن بىز گەدائىنىڭ شاھزادە خەلىل سۇلتاننىڭ ھامىي-

لىقى ياكى تەربىيىسىدە بولغانلىقى ياكى ئۇنىڭ بىلەن يېقىن مۇناسى-
ۋەتتە بولغانلىقىنى قىياس قىلىمىز . تېمۇرى شاھزادىلىرى ئىچىدە
خەلىل ئاتلىق كىشىدىن بىرقانچىسى ئۆتكەن . ئۇلاردىن بىرىنچىسى
ئەمىر تېمۇرنىڭ نەۋرىسى خەلىل سۇلتان بولۇپ ، ئۇ مىرانشاھ مىر-
زىنىڭ ئوغلى ، يەنە بىر خەلىل سۇلتان بولسا شاھرۇخ مىرزىنىڭ
قىزىنىڭ ئوغلىدۇر . يەنە بىرى شۇ دەۋردىكى شىرۋان شاھى خەلىلۇل-
لاھدۇر . شائىر گەدائىنىڭ ياشىغان دەۋرى ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ
قەسىدىسىدە مەدھىيىلەنگىنى كۆپرەك كېيىنكى ئىككى خەلىل ئىچى-
دىن بىرى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن . بولۇپمۇ شاھرۇخنىڭ قىز
تەرەپ نەۋرىسى خەلىل سۇلتان بولۇش ئېھتىماللىقى كۆپرەك .

## گەدائىنىڭ دىۋانى

مەۋلانا گەدائى بىر ئەسىر چامىسىدا ياشاپ ، بۇ جەرياندا نۇرغۇن
ئەدەبىي مىراسلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن . ئۇنىڭ مىراسلىرى ئىچىدە
«دىۋانى گەدائى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ
كەلگەن . بۇ دىۋاننىڭ ھازىرغىچە يەككە - يېگانە ھېسابلانغان بىرلا
قولىيازمىسى پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسىدا «981» دېگەن رەقەم ئاس-
تىدا ساقلانماقتا . بۇ قولىيازما جەمئىي 66 ۋاراق بولۇپ ، ئۇنىڭغا
شائىرنىڭ 230 غەزەل ، بىر قەسىدە ، بىر مۇستەھزاد ۋە بەش پارچە
تۆتلۈكى كىرگۈزۈلگەن . گەدائىنىڭ بۇ دىۋانى لۇتفى دىۋانى بىلەن
بىر مۇقاۋا ئىچىگە ئېلىنغان .

گەدائى شېئىرلىرى تېماتىك مەزمۇن جەھەتتە ئۆز دەۋرىدىكى
ئىلغار ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ . پاك سۆيگۈ - مۇھەببەتنى كۈيلەش
گەدائى شېئىرلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ ، شائىر



شېئىرلىرىدا مەھبۇبدىن ۋاپا كۆرمىگەن تەقدىرىدىمۇ ئۇنىڭدىن كەلگەن
جاپالارنى راھەت بىلىدىغان بىر چىن ئاشىقنىڭ ساداسىنى ئاڭلىتىدۇ .

گەدائى شېئىرلىرىدا گۈزەل مەھبۇبنىڭ يېقىملىق ئوبرازى ئاجا-
يىپ نەپىس ، سەنئەتكارانە ماھارەت بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ .

«ئاي يۈزۈڭ بۇرجى لەتافەتدىن تۇلۇئ ئەتكەن قۇياش ،
زەررەتەك مېھرىڭغە بولدى كۆكتە سەرگەردان قۇ-
ياش .
تۇشدە كۆرمىش ئارەزىڭنى زاھىرەن بىر كۈن يەنە ،
ئانى ئىستەپ كېچەۋۇ كۈندۈز يۈرۈر ھەيران قۇياش .»

تۆۋەندىكى مىسرالاردا شائىر مەھبۇبنىڭ كۆزلىرىنى گۈلشەندە
ۋە لالىزارلاردا شوخ كېزىپ يۈرگەن خوتەن كېيىكلىرىگە ، نەرگىس
گۈللىرىگە ئوخشىتىدۇ .

«سەيدى خوتەن كەبى سۈمەنۇ لالەزار ئارا ،
خۇش - خۇش كېرەز ، نە نەرگىسى بىمار ئىمىش كۆ-
زۈك .»

گەدائى شېئىرلىرىدا يار گۈزەللىكلىرىدىن باشقا يەنە ھايات گۈ-
زەللىكلىرى ، تەبىئەت گۈزەللىكلىرى ئاجايىپ زوق ۋە ھاياجان بىلەن
كۈيلەنگەن .

«ساقىيا ، كەكىم ، ئەبىر ئامىز ئۆتەر بادى شەمال ،
بولدى بوستان خۇررەمۇ تاپتى ھەۋالار ئېئتىدال .
سەرۋ ئەقدامىندە خۇش مەستۇ سەرئەفرازان يۈرۈر
جويبار ئىچرە لەتىفۇ جانفەزا ئابى زۇلال .
ئول تار ئاغزىم رەمزىنى بادى سەبادىن سۇبھى دەم
غۇنچەئى خەندان ئىشىتتى ، تاپتى بىسيار ئىنفىئال .

تۇن كېچە ھەر نىچەكىم قىلدى فىغانلار ئەندەلىب ،
ئەينى ئىستىغناسىدىن گۇل سورمادىكىم : «كەيفە
ھال ؟ »
دەۋرى ئىشرەتنى غەنىيمەت تۇتكى ، ھەر ئاي باشىدە ،
جامى جەم ئىسباتىغە تەئرىف ئېرۇر شەكلى ھىلال .
ئەي گەدا ، گەر بۇ كېچەر دۇنيا بەقاسىز بولماسە ،
بەس ، قانى كەيخۇسرەۋۇ ئىسفەندىيارۇ يۇز زال . »

بۇ ئاجايىپ گۈزەل بىر تەبىئەت لىرىكىسى بولۇپ ، ئۇنى ئوقۇغدىنىمىزدا باھار پەسلى ، خۇشبۇي شاماللار ، خۇشال بوستانلار مۆتىدىل ھاۋا ، سەرۋى دەرەخلىرى تۇۋىدە مەستلەردەك ئەركىن ۋە ئىختىيارىي ئېقىپ يۈرگەن جانغا ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى سۈپسۈزۈك سۇلار ، يارنىڭ كىچىككىنە ئاغزىنىڭ خەۋرىنى تاڭ شامىلىدىن سۇبھى پەيتىدە ئاڭلاپ خىجىل بولغان غۇنچىلەر ، كېچە بويى سايراپ نالە - پىغان قىلغان بۇلبۇللار ۋە ناز قىلغاچقا بۇلبۇلنىڭ ئەھۋالىنى سوراپمۇ قويمىغان گۈللەر گويا بىر رەڭدار سۈرەتتەك ، بەلكى بىر جانلىق مەنزىرىدەك كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ . غەزەلنىڭ ئاخىرىدا شائىر ھايات گۈزەللىكلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ، ئۇنى غەنىيمەت بىلىش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ .

«كامۇنكام ئىشكىڭدىن كەتتىم ، ئەي جان ، ئەلۋىدا ،
چۇن قەزادىن مۇنداق ئېرمىش ھۆكمۇ فەرمان ئەلۋىدا . »

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلىنىدىغان غەزەلدە گەدائى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن دىيارى ، ئورنى (مەرتىۋىسى )دىن ئايرىلىش ئالدىدىكى كۆڭۈل زارىنى ئىزھار قىلىدۇ . بۇ شېئىردىن شائىرنىڭ كىشىلىك ھاياتىدا دۇچ كەلگەن بىرەر ئوڭۇشسىزلىق تۈپەيلىدىن باشقا بىر جايغا



كېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ . شائىر ئاخىرىدا :

«گەر گەدا باردى ئىلكىس ، باك ئەمەس ، سەن ياخشى قال ،
كامرانلىق بىرلە ، ئەي سۇلتانى خۇبان ، ئەلۋىدا . »

دەپ خەيرلىشىدۇ .

گەدائى ھاياتنى ، ھايات گۈزەللىكلىرىنى قىزغىن سۆيگەن ، ھاياتنىڭ جەبىر - جاپالىرىغا قىلچە مەيۇسلەنمەي روھلۇق ياشىغان ئۈمىدۋار شائىردۇر .

«ھەرنېچەكىم بەستەئى بەندى بەلادۇرمەن ، ۋەلى
باردۇر ئۈمىدىمكى بىر كۈن تاپقامەن غەمدىن نەجات . »

دېگەن مىسرالاردىن بۇ خىل خاراكتېرنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . شائىرنىڭ :

«ئەي نەئىمۇ نازى ئالەمدىن ماڭا دىلدار ئۈمىد ،
دىلرەبالارنىڭ ئىچىندە جانىمە دىيدار ئۈمىد .
باك ئەمەسدۇر بارچە ئەل گەر بىزگە ئەغيار ئولسالار ،
جۇملەئى زەرراتى ئالەمدىن سەن - ئوقسەن ، يار ، ئۈمىد . »

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلانغان غەزىلىمۇ ئۈمىدۋارلىق ۋە گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن تولغان لىرىك تۇيغۇلارنى ئاڭلىتىدۇ .

گەدائى شېئىرلىرىدا كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدىغان مۇھىم مەزمۇنلاردىن يەنە بىرى ۋەتەننى سۆيۈش ، ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنى كۈيلەشتىن ئىبارەتتۇر .

«ئەي مەلاھەت بابىدە باشتىن ئاياق ئابى ھەيات ،
سەنسىزىن ، ۋەللاھ ، ماڭا ئەينى مەمات ئېرۇر ھەيات .
رەشكى باغى جەننەت ئېرمىش بىلمەدۇك قەدرىن ، دەرىخ ،
شەيئى لىللاھى ، خىيابان ، ھەببەزا ، شەھرى ھىرات . »

بۇ مىسرالاردا شائىر ئۆزى ياشىغان گۈزەل ۋەتىنىنى ھىراتنىڭ خىيابانى ، باغۇ بوستانلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ .

«جۈيى نەۋنىڭ سۈيى ئېرمىش ئابى كەۋسەر شەكسىزىن ،
رەۋزەئى رىزۋان داغى باغى خىيابان ، ئەلۋىدا .
ئەي دەرىغاكىم تاغەفۇل بىرلە كەچتى بارى ئۈمر ،
بىلمەدىم قەدرى شىمالۇ باغى زاغان ، ئەلۋىدا . »

دېگەن مىسرالاردا شائىر ئۆزىنىڭ گۈزەل ۋەتىنى ۋە ئۇ يەردىكى ھەربىر ئېقىننى جەننەت سۈيىگە ، ھەربىر ئورۇننى جەننەت بېغىغا ئوخشىتىدۇ . ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنگەن ھالدا ، خەيرلىشىدۇ . گەدائى شېئىرلىرىدىكى بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئۇنىڭ يارقىن مىللىي روھى بىلەن ۋە ئانا تىلىنى ، مىللىي ئەدەبىياتىنى سۆيۈش روھى بىلەن بىردەكلىك ھاسىل قىلغان .

گەدائى شېئىرلىرى ئۆزىنىڭ ئىلغار دۇنياۋى تېمىلىرى بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى پىشقان بەدىئىي سەنئىتى ، گۈزەل ئۇسلۇبى بىلەنمۇ چاغاتاي ئەدەبىياتىدا كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان مۇنەۋۋەر بەدىئىي مىراسلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ غەزەللىرى راۋان ، تىلى مۇكەممەل بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى بىلەن دىققەتكە سازاۋەردۇر .

## ھۈسەينى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى

### ھۈسەيىنىڭ ھاياتى

مىلادىيە 15 - ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراساندا گۈللەنگەن ئەدەبىيات نامايەندىلىرى ئىچىدە سۇلتان ھۈسەين بايقارامۇ ئۆز ئىجادىيەت مېۋىلىرى بىلەن تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ . ھۈسەين بايقارا مىلادىيە 1438 - يىلى ھىراتتا تۇغۇلغان . ئۇنىڭ ئاتىسى غىياسىددىن مەنسۇر ئەمىر تېمۇرنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئۆمەر شەيخ ئوغلى بايقارا مىرزىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ تۆتىنچىسى ئىدى . ھۈسەين بايقارانىڭ ئانىسى فىرۇزە بېگىم بولسا مىلادىيە 1405 - يىلى شاھرۇخ مىرزا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن سۇلتان ھۈسەيىنىڭ نەۋرىسىنىڭ قىزى ئىدى . سۇلتان ھۈسەين بولسا ئەمىر تېمۇرنىڭ



قىز تەرەپتىن بولغان نەۋرىسى بولۇپ ، تاشكەنت ۋە سايرام تەرەپلىرىدە ھۆكۈمەت تۇتقان . دېمەك ، ھۈسەين بايقارا ئاتا تەرەپتىنمۇ ، ئانا تەرەپتىنمۇ تېمۇرىيلەر جەمەتىدىن بولغان شاھزادە ئىدى . ھۈسەين بايقارانىڭ بوۋىسى بايقارا مىرزا ئەمىر تېمۇر ۋاپات بولغاندا 12 ياشتا ئىدى . بايقارا مىرزا ئەينى ۋاقىتتا پارس ھاكىمى بولۇپ ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ تاغىسى شاھرۇخ مىرزىغا قارشى كەيپىياتتا يۈرگۈزگەنىدى . شۇڭا تاغىسى شاھرۇخ ئۇنى قەندىھارغا يولغا سالغان ۋە ئاز مۇددەتتىن كېيىن ، يەنە ئۇنى ئاغدۇرمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان دېگەن ئەيىب بىلەن قولغا ئېلىپ ، دەسلەپتە ھىندىستانغا كېتىشنى بۇيرۇغان ، كېيىن يەنە بۇ پەرماندىن ۋاز كېچىپ ، ۋە مىلادىيە 1417 - يىلى بايقارا مىرزىنى سەمەرقەندكە ئەۋەتكەن . ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىنكى ، بايقارا مىرزا سەمەرقەندكە بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتكەن ياكى بولمىسا ئۆلتۈرۈلگەن . بايقارا مىرزا ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئوغلى غىياسىددىن مەنسۇرنىڭ يېشى ناھايىتى كىچىك ئىدى . مىرزا غىياسىددىن مەنسۇرنىڭ ھىراتتا ئادەتتىكى بىر پۇقرا قاتارىدا ، ئېغىر سىقىلىش ئىچىدە ۋە سۈكۈتتە ياشىغانلىقى مەلۇم . ئۇ ئۆزىنىڭ بىرىنچى ئوغلىغا مىرزا شاھرۇخنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئۆز ئاتىسى بايقارانىڭ ئىسمىنى قويغان ، ئىككىنچى ئوغلىغىمۇ شاھرۇخ مىرزا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن سۇلتان ھۈسەين (مەنسۇر مىرزىنىڭ ئايالى فىرۇزە بېگىمنىڭ بوۋىسى)نىڭ ئىسمىنى قويغان ، كېيىن ئۇ ھۈسەين بايقارا نامى بىلەن ، ئۇنىڭ ئاكىسى بولسا بايقارا مىرزا نامى بىلەن ئاتالغان . غىياسىددىن مەنسۇر بىلەن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئاتىسى غىياسىددىن كىچىك ئېمىلداش ئىدى . نەۋائىينىڭ بوۋىسى ۋە ئاتىسى تېمۇرىيلەر ئەۋلادلىرىغا قەدىمدىن بېرى خىزمەت قىلىپ كەلگەنىدى . ھۈسەين بايقارا بىلەن ئەلىشىر نەۋائىي بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا يېقىن مۇناسىۋەتتە ئۆتكەن . ئۇلار بىللە ئويناپ بىرگە ئۆسكەن ، بىر مەزگىل بىرگە ئوقۇغان ، بىللە تەربىيىلەنگەن . ھۈسەين

بايقارانىڭ ئاتىسى مىرزا مەنسۇر مىلادىيە 1445 ـ ، 1446 ـ
يىللىرى ئەتراپىدا ئالەمدىن ئۆتكەن . ھۇسەيىن بايقارا 7 ـ 8 ياشقا
كىرە ـ كىرمەيلا ئاتىسىدىن يېتىم قالغان . ئەلىشىر نەۋائىمۇ ئاتىسى-
دىن كىچىك ۋاقتىدا يېتىم قالغاندى .

ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئانىسى فىروزە بېگىم تېمۇرىيلەر نەسلىدىن
بولغان ئابرۇيلۇق ئايال ئىدى . شۇ ئايالنىڭ سۆزلىشىپ ئالاقىلىشى-
شى بىلەن ھۇسەيىن بايقارا 14 يېشىدا ئەلىشىر نەۋائى بىلەن بىرگە
ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ سارىيىغا خىزمەتكە كىرگەن . ئۇلارنىڭ ئەبۇلقا-
سىم بابۇرنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن ۋاقتى مىلادىيە 1452 ـ يىللارغا
توغرا كېلىدۇ . ئەبۇلقاسىم بابۇر سەمەرقەند ئۇستىگە ئىككىنچى قې-
تىم ( 1454 ـ يىلى ) يۈرۈش قىلغاندا ھۇسەيىن بايقارامۇ بىللە
باردۇ . ئەبۇلقاسىم بابۇر ھىراتقا قايتىپ كېتىدىغان چاغدا ھۇسەيىن
بايقارا قايتماي ، سەمەرقەمدتە ، ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ يېنىدا قالىدۇ .
ئۇزاق ئۆتمەي ئۇمەر شەيخ مىرزا ئەۋلادىدىن مۇھەممەد ئوغلى يۇنۇس-
نىڭ ئىسيان قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ، ئەبۇ سەئىد مىرزا پۈتۈن شاھزا-
دىلەردىن گۇمانلىنىپ ، ھۇسەيىن بايقارانى يەنە باشقا 13 نەپەر شاھزادە
بىلەن بىللە سەمەرقەند قەلئەسىدە قامايدۇ . بۇ خەۋەر ھىراتقا يېتىپ
كېلىش بىلەنلا ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئانىسى فىرۇزە بېگىم ئوغلىنى
قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سەمەرقەندكە باردۇ . فىرۇزە بېگىم ئەبۇ سە-
ئىدنىڭ جىيەنى بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر خانىداندىن بولغانلىقى
ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئارزۇسى قوبۇل قىلىنىپ ، ھۇسەيىن بايقارا كەچۈرۈم
قىلىنىدۇ ۋە قايتىدىن ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ خىزمىتىگە كىرىدۇ .

مىلادىيە 1457 ـ يىلى باھاردا ئەبۇلقاسىم بابۇر ۋاپات بولىدۇ .
ھۇسەيىن بايقارا بۇ مەزگىلدە مەرۋىنىڭ ھاكىمى مىرزا سەنجەر (ئۇمەر
شەيخ مىرزىنىڭ ئەھمەد مىرزىدىن بولغان نەۋرىسى )نىڭ ھۇزۇرىغا
بارغاندى ۋە ئۇنىڭ قىزى بىكە سۇلتان بېگىمگە ئۆيلەنگەنىدى . ھۇ-
سەيىن بايقارا سەنجەر مىرزىنىڭ يوق ۋاقتىدا مەرۋىنىڭ ھاكىمىيىتىنى



ئۆز قولىغا ئالغان بولسىمۇ ، لېكىن يەنە كېيىن سۈرۈپ چىقىرىلىپ ،
مۇرغاب دەرياسى بويىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى . كېيىن يەنە بۇ
يەردىن يەنىمۇ شەرققە قاراپ سۈرۈلدى ۋە ئەبۇ سەئىد مىرزا بىلەن
مۇناسىۋەت ئورناتتى . قارا قويۇنلۇقلارنىڭ ھۆكۈمدارى جاھانشاھ ھى-
راتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئاستراباد تەرەپلىرى-
دە تۇرۇشى تېخىمۇ قىيىنلاشتى ، شۇڭا خارەزمنىڭ شىمالىغا چېكىن-
دى . بۇ يەردە ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئادەملىرىنى يېڭىپ ، خىۋەنى
ۋە ئۇنىڭغا يېقىن ئەتراپتىكى جايلارنى قولغا كىرگۈزدى . بۇ جەرياندا
ھۇسەيىن بايقارانىڭ كۆنلىرى نۇرغۇن مۇشكۈلچىلىكلەرگە دۇچ كەل-
دى . كۆپ ۋاقىتلىرىنى ۋەھىمە ۋە سورۇقچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى .
ئەمما ، ئۇ ئۆزىنىڭ تەختنى ئىگىلەش غايىسىدىن قىلچە يالتايمىدى .
نۇرغۇن جەڭلەرگە ئۆزى بىۋاستە قاتنىشىپ ، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى
ئۈچۈن قىلىچ بىلەن يول ئاچتى . ھۇسەيىن بايقارا مىلادىيە 1469 ـ
يىلى 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ھىراتتا شاھلىق تەختىگە ئولتۇردى .

سۇلتان ھۇسەيىننىڭ ھىرات ھاكىمىيىتى تاكى ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ
ئاخىرىغىچە ئۈزلۈكسىز داۋام قىلدى . سۇلتان ھۇسەيىن ھىراتنىڭ
ئەتراپىدىكى جايلارغا يۈرۈش قىلىپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن زەپەر قۇ-
چۇپ ، ئۆز دەۋرىدە قىرىق يىلغا يېقىن داۋام قىلغان خۇراسان دۆلىتى-
گە ئاساس سالدى . بۇ دۆلەت تەۋەلىكى شىمالدا خارەزم ، جەنۇبتا
قەندىھار ، شەرقتە غەزنە ۋە بەلخ ، غەربتە دامغان ۋە بىستام قاتارلىق
جايلارغىچە سوزۇلغانىدى .

مىلادىيە 1497 ـ يىلىدىن باشلاپ تاكى 1500 ـ يىللارغىچە
بولغان ئارىلىقتا سۇلتان ھۇسەيىننىڭ بېشىنى ئەڭ قاتۇرغان مەسىلە
چوڭ ئوغلى ، يەنى ئاستراباد ۋالىيسى بەدىئۇززامان مىرزىنىڭ ئىتا-
ئەتتىن باش تارتىشى بولدى . چۈنكى سۇلتان ھۇسەيىننىڭ خانىشى ،
بەدىئۇززاماننىڭ ئۆگەي ئانىسى خەدىچە بېگىمنىڭ قۇترانقۇلۇقى ۋە
پىتنە ـ پاساتلىرى تۈپەيلىدىن سۇلتان بىلەن بۇ شاھزادە ئارىسىدىكى

بىرلىك يىمىرىلگەنىدى . بۇ ئىشلار ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ ئاقىلانىلىك بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى نەتىجىسىدە ئاخىر تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىندى .

مىلادىيە 1501 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئەلىشىر نەۋائىي ۋاپات بولدى ۋە ھىراتتا ئۆزى بىنا قىلدۇرغان جامە مەسچىتى يېنىدا دەپنە قىلىندى .

سۇلتان ھۇسەيىننىڭ ھاياتى ۋە ھىرات ھاكىمىيىتى ئەلىشىر نەۋائىيدىن كېيىن ئانچە ئۇزاق داۋام قىلالمىدى . «تارىخىي رەشىدى» دە بايان قىلىنىشىچە سۇلتان ھۇسەين ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ، ناھايىتى ئاجىزلاپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدا بىرلىك - ئىتتىپاقلىق يوق ئىدى . ئۇلاردا خۇراسان ھاكىمىيىتىنى بىرلىكتە قوغداپ ، تاشقى دۇشمەنگە تاقابىل تۇرغۇدەك ئىقتىدار كەمچىل ئىدى . مىلادىيە 1506 - يىلى 2 - ئايدا ھۇسەين بايقارا ئوغلى بەدىئۇززاماننى مۇرغاب دەرياسى بويىغا ئەۋەتكەندىن كېيىن ، ئارقىسىدىن ئۆزىمۇ يولغا چىقتى . لېكىن ھىرات شەھىرىدىن ئايرىلىپ ، ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، بابا ئىلاھى دېگەن مەنزىلگە يېتىپ كەلگەندە كېسىلى ئېغىرلىشىپ ، 1506 - يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋاپات بولدى .

سۇلتان ھۇسەيىننىڭ ھايات سەرگۈزەشتلىرى ، ئۇنىڭ قۇرغان دۆلىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى بىر مەرىپەتپەرۋەر دۆلەت ھۆكۈمرانىنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ، چەككەن رىيازەتلىرى ، قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە شان - شۆھرەتلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ . ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردە شۇنچە تېز روناق تېپىپ ، تارىختا شانلىق سەھىپىلەرنى قالدۇرالىشى ئۇنىڭ ئەلىشىر نەۋائىيدەك قابىلىيەت ئىگىلىرىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنلىكى ، ئۇنىڭ ئىلغار تەشەببۇسلىرىنى ئىزچىل قوللىغانلىقى ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭمۇ ھاكىمىيەتنى شۇ دەۋردىكى باشقا ھۆكۈمدارلارغا قارىغاندا



دەۋر تەلىپىگە ۋە خەلق ئارزۇسىغا خېلى دەرىجىدە ئۇيغۇن ھالدا يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى . ھۇسەين تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن پۇقرالار ئەھۋالىنىڭ قىيىن ھالەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ھىجرىيە 875 (مىلادىيە 1471 - 1470 ) - يىلىدىن باشلاپ ئىككى يىلغىچە ئاھالىنىڭ ئەڭ كۆپ شىكايىتىگە سەۋەب بولغان بەزى باج - سېلىقلىرىنى ئالماسلىق ھەققىدە يارلىق چۈشۈرگەنىدى . سۇلتان ھۇسەين جەڭ ۋە كۈرەشلەردىكى يۇقىرى شىجائىتى ، يۇقىرى دەرىجىدىكى تەشكىللەش ماھارىتى ، روشەن ھايات كۆزقاراشلىرى ، نازۇك بەدىئىي تالانتى ، ئۆزىگە خاس ئىلمىي تەشەببۇسلىرى بىلەن ئۆز دەۋرىدىكى ۋە كېيىنكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ يۇكسەك ھۆرمەت بىلەن تەرىپلىشىگە ئېرىشكەن . ئۇ خۇراساندا ھەر خىل ئىلىم ، ھەر خىل كەسىپلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن ، تۈركىي تىللىق مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بۇ خىل تەشەببۇسلىرىنى قىزغىن قوللىغان ، ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئارقا تىرەك بولغان . ئۆزىمۇ تۈركىي تىل بىلەن نۇرغۇن گۈزەل لىرىكىلارنى يازغان .

ھۇسەين بايقارا شېئىرىيەتتە ئۆزىگە «ھۇسەينى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان ۋە ئۆز شېئىرلىرىدىن بىر دىۋان تۈزگەن . ئۇنىڭ دىۋانى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن .

## ھۇسەينى دىۋانى ھەققىدە

سۇلتان ھۇسەين بايقارا ئۆز دەۋرىنىڭ ئىقتىدارلىق شائىرلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا بىۋاسىتە تۆھپە قوشقان . ئۇنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان شېئىرلىرى ھەممىسى بىر خىل تىل (يەنى تۈركىي تىل ) دا ، ئارۇزنىڭ بىرلا بەھرىنىڭ بىرلا خىل رۇكنى (تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ شېئىرىي رىتىمىغا ئەڭ ماس بولغان رەمەل بەھرىنىڭ

مۇسەممەنى مەھزۇف رۇكنى )دە يېزىلغان . كۆپىنچە شېئىرلىرىدا غەزەل شەكلىنى ئىشلەتكەن . ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بىرنەچچە غەزىلىگە تەخمىسلەرنىمۇ يازغان .

ھۇسەينى شېئىرلىرىنىڭ شەكلىدىن مەزمۇنىغىچە ۋە تىل خۇسۇسيەتلىرىگىچە بولغان ھەممە تەرەپلىرىدە يۇكسەك مىللىي روھ جۇلالىنىپ تۇرىدۇ . ئۇ تۇركىي تىللىق مەدەنىيەتنىڭ كۇچلۇك تەشەببۇسچىلىرىدىن بىرى بولغان ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئىلمىي ۋە نەزەرىيىۋى تەشەببۇسلىرىنى قىزغىن قوللىغان ۋە ئۇنىڭغا كۇچلۇك مەدەت بەرگەن . گەرچە ئۇ ئەرەب ۋە پارس تىلىغا كامىل بولسىمۇ ، لېكىن ئۆز ئەسەرلىرىنى بىردەك تۇركىي تىلدا يازغان . بۇ ئۆز دەۋرىدىكى تۇركىي تىللىق مەدەنىيەتنىڭ تەشەببۇسچىلىرى ئۇچۇن زور مەدەت ۋە ئىلھام ئىدى .

ھۇسەينى شېئىرلىرىدا پاك سۆيگۈ ـ مۇھەببەت يۇكسەك ماھارەت بىلەن كۈيلەنگەن . شائىر گەرچە ئۆزى بىر پادىشاھ بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزىنى ئىشق ساھەسىدە بىر قەلەندەر ھېسابلايدۇ . ئۆز مەشۇقىنى بولسا شاھلارنىڭ شاھى دەپ مەدھىيىلەيدۇ ، مەشۇق كوچىسىدىكى گادايلىقنى پادىشاھلىق دەپ ھېسابلايدۇ .

«كىم گەدايىڭ بولسە ئالەمدىن كېچىپ ، ئەي دىلرەبا ،
فەقر ئەھلى ئىچرە ئۇل سۇلتانى ئالەمدۇر بۇ كۇن .»
«ھالى زارىن سەن كەبى سۇلتاندىن ئايرۇ تۇشكەلى ،
ياپراق ئېرمەس گۇلدەكىم ، يۇز تىل بىلەن ئەيلەر ئەدا .»

شائىر ھۇسەينى بىناۋا ئاشىقنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت ئازابىدا چەككەن ئېچىنىشلىق نالە ـ ئەپغانلىرى ھەققىدە مۇنداق مىسرالارنى تىزىدۇ .

«ۋەھكى ، ئىشقىڭدىن جەھان ئىچرە فىغانىمدۇر مېنىڭ ،
بارچە كويۇ كوچەدە بۇ داستانىمدۇر مېنىڭ .
رەئدۇ بەرق ئېرمەس بۇلۇت ئىچرە كۆرۈنگەن ھەر تەرەف ،



بىر قۇياش ھىجرانىدا ئوتلۇق فىغانىمدۇر مېنىڭ .»

شائىر بۇ مىسرالاردا ئىشق ـ مۇھەببەت دەستىدىن داد ـ پەرياد چېكىۋاتقان ، ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالى كوچا ـ كويلاردا كىشىلەر ئاغزىدا داستانغا ئايلانغان بىر بىچارە ئاشىقنىڭ لىرىك ئوبرازىنى يارىتىپ ، ئۇنىڭ ئاھۇ ـ ئەپغانلىرىنى بۇلۇتلار ئارىسىدا چېقىلغان چاقماقلارغا ئوخشىتىدۇ .

شائىر ھۇسەينى ئىشق مۇھەببەتتە شاھلار بىلەن گادايلارنىڭ پەرقى يوقلۇقىنى ، ئۆزىنىڭ ئەلگە شاھ بولسىمۇ ئىشق ساھەسىدە ئەڭ كەمتەر ئىنسان ئىكەنلىكىنى تەكرار ـ تەكرار ئىزھار قىلىدۇ :

«ئەي سەئادەت مەتلەئى ئول ئارەزى ماھىڭ سېنىڭ ،
ئەھلى بىنىش تۇتىياسى خاكى دەرگاھىڭ سېنىڭ .»

دېگەن مىسرالاردا شائىر مەشۇقىنىڭ ئايدەك چېھرىنى بەخت سائادىتىنىڭ تۇغۇلىدىغان جايى ، ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى تۇپراقنى كۆزنى ئۆتكۇر قىلىدىغان تۇتىيا دەيدۇ .

ھۇسەينى شېئىرلىرىدا جۇدالىق ئازابلىرى ، ئاشىقنىڭ ھىجران ئىلكىدە چەككەن داد ـ پىغانلىرى ناھايىتى ئېنىق ئەكس ئەتتۇرۇلگەن :

«سەندىن ئايرۇ تۇشكەلى ، ئەي ماھى تابانىم مېنىڭ ،
دەم بەدەم قان ياشى يىغلار چەشمى گىريانىم مېنىڭ .»

ھۇسەينى شېئىرلىرىدا يەنە ئۇزۇن مۇددەت ھىجران ئازابى ، جۇدالىق ئىزتىرابى چەككەن ئاشىقنىڭ ۋىسالغا ئېرىشكەن چاغدىكى چەكسىز ھاياجانلىق كەيپىياتىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان :

«شۇكرلىللاھىكىم ، جەمالىڭدىن كۆزۈم رەۋشەندۇرۇر ،
خەستە كۆڭلۇمگە ۋىسالىڭ گۇلبۇنى مەسكەندۇرۇر .
ئوتلۇغ ئاھىمدىنكى ھەجرىڭ ئىچرە چەكتىم شۇئلەلەر ،
شەمئى ئىقبالىم بۇ كۇن ئول شۇئلەدىن رەۋشەن دۇرۇر .

. . . . . . . . . . .

نە ئۈچۈن گۈلدەك ئاچىلماي بەزمى ئىشرەت ئىچرەكىم ،
مەجلىسىم شەمئى بۇ كۈن ئول سەرۋى سىمىن تەندۇرۇر .
ئەشك ئىلە ئىشرەت گۈلىن ئاچتىڭ يەنە ئىشق ئىلكىدىن ،
ئەي ھۈسەينى ساڭا يۈز تەھسىنۇ ، مىڭ ئەھسەندۇرۇر .»

ھۈسەينى ئىشق يولىدىكى ۋاپادارلىق ، ساداقەتنى ئاشىقنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ بىلىدۇ . ۋاپاسىزلارغا ئىشەنچ قىلماسلىقنى تەكىتلەيدۇ .

«ئاڭلاڭ ، ئەي ئەھلى ۋەفا ، گەر ئۆلسەڭىز تارتىپ جەفا ،
بىۋەفالاردىن ۋەفا رەسمىن تەمەننا قىلماڭىز .»

شائىر يەنە سۆيگۈ - مۇھەببەتتە قارشى تەرەپنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ، ئىنسانىي ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىشنى ، ئۇنىڭ رايى ۋە ئىختىيارىغا ، تاللىشىغا ئوبيېكتىپ مۇئامىلە قىلىشنى ، ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى ياكى ئارزۇ - ھېسسىياتىنى قارشى تەرەپكە تاڭماسلىقنى تەكىتلەيدۇ . مەشۇق مەيلى قانداق ئۆزگەرسۇن ، نېمىنى خالىسۇن ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىختىيارى ، لېكىن ئاشىق ۋاپا ۋە ساداقەتتە قەتئىي ئۆزگەرمەسلىكى كېرەك ، دەپ قارايدۇ .

«بولسە ھالىم ئۆزگەچە ، ئەيب ئەتمەڭىز ، ئەي دوستلار ،
كىم تۈشۈپتۇر دىلبەرىم باشىغە سەۋدا ئۆزگەچە .
يار بولسە ئۆزگەچە ، ۋەھ ، ئىختىيارى باردۇرۇر ،
بولماغۇمدۇر مەن ۋەفا بابىدا قەتئا ئۆزگەچە .»

شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا يەنە جاھان باغىنىڭ لالە - رەيھانلىرىدا ۋاپا ھىدىنىڭ يوقلۇقى ھەققىدە شىكايەت قىلىپ مۇنداق يازىدۇ :

«دەھر باغىنىڭ رەياھىنىدە يوق بۇيى ۋەفا ،
خاھى رەئنا لالەسىن كۆر ، خاھى گۈلزارىغە باق .»

شائىر ھۈسەينى شېئىرلىرىدا ئەينى دەۋرنىڭ سىتەمكارلىقى ، پەلەكنىڭ زالىملىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان شېئىرلارمۇ خېلى



كۆپ ئۇچرايدۇ .

«ساقىيا ، تۇتقىل تولا گەردۇن كەبى ساغەرىنكىم ،
جانىمە دەرمەن دەمى بىدادى گەردۇن كۆرمەيىن .»

. . . . . . . . . . .

«غەم يەلى جىسمىم بىناسىن بولدى ۋەيران قىلغۇدەك ،
قايسى ۋەيرانكىم ، قارا يەر بىرلە يەكسان قىلغۇدەك .»

ھۈسەينى شېئىرلىرىدا چىن ئىنسانىي دوستلۇق كۈيلەنگەن ، دوست - بۇرادەرلەرگە نىسبەتەن كۈچلۈك ئىخلاس ۋە ئەقىدە ئىزھار قىلىنغان شېئىرلارمۇ ئۇچرايدۇ . بۇنداق شېئىرلار ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سەمىمىي ھېسسىياتى ۋە كۈچلۈك ئۈمىدۋارلىق روھى بىلەن دىققەتكە سازاۋەردۇر .

«غەم يېمە مەجنۇن كۆڭۈلكىم دىلرەبايىڭ كەلگۈسى ،
بەزمى ئەيشىڭ تۈزگۈچى ئىشرەت فەزايىڭ كەلگۈسى .
ئەيلەگىل پەرۋاز ، ئەي شەھبازى قىيمەتكىم ، بۇ كۈن ،
تايىرى قۇدس ئاشىيانىدا ھۇمايىڭ كەلگۈسى .
تىيرە شامى ھەجر ئىلە كۆپ قالما تاڭكىم ، مىھر ئىلە
سۇبھى دەۋلەتدەك چىقىپ ، تابەندە ئايىڭ كەلگۈسى .
غەم يېمە لەب تەشنە ھىجران دەشتىدە ھەيران قالىپ ،
كىم زۇلالى ۋەسل ئىچەرگە رەھنە مايىڭ كەلگۈسى .
ئەي ھۈسەينى ، قىلماغىل ئىشرەت نەۋاسىنكىم ، بۇ كۈن ،
كىم گۈلىستانى نىشاتىڭدا نەۋائىڭ كەلگۈسى .»

شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدىكى ئۇمۇمىي مەزمۇنىدىن شۇ نەرسە ئايادكى ، بۇ شېئىردا شائىر ئۆزىنىڭ سادىق دوستى ، ئۇلۇغلۇق ئاشياندىكى ھۇما قۇشى ، ئۆزىنىڭ چېۋەر ۋە قابىل مەسلەكدىشى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن چەكسىز سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن . شائىر ھۇسەيىنىنىڭ نەۋائى غەزەللىرىگە تەخمىسلەرنى يېزىشى ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقى ۋە ھۆرمىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئىپادىسىدۇر . بۇ ئىككى شائىرنىڭ ۋە دۆلەت ئەربابىنىڭ مۇستەھكەم دوستلۇقى ۋە قويۇق ھەمكارلىقى ئۆز دەۋرىدىكى خۇراسان دۆلىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىدا شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدە ناھايىتى زور رول ئوينىغانىدى .

ھۇسەيىنى شېئىرلىرى ئۆزىنىڭ تۈرلۈك ئىپادىلەش ۋاستىلىرگە بايلىقى ، مەزمۇنىنىڭ روشەن ، تىلىنىڭ پاكىز ۋە ئېنىقلىقى ، ھېسسىياتىنىڭ قويۇق ، مەنتىقىي جەھەتتىن پىكىرلىرىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرى بىلەن چاغاتاي ئەدەبىياتىدا كلاسسىك سەۋىيىگە يەتكەن مۇھىم ئەدەبىي مىراسلارنىڭ بىرىدۇر .



# يەتتىنچى باب

# ئەلىشىر نەۋائى

## نەۋائىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى

### نەۋائىنىڭ ھايات يولى

ئەلىشىر نەۋائى مىلادىيە 1441 ـ يىلى 9 ـ فېۋرالدا ھىرات شەھىرىدە دۇنياغا كەلدى . بۇ ۋاقىتتا ھىرات شەھىرى خۇراساننىڭ مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز تارىخىدىكى بۈيۈك بىر دەۋرنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇراتتى . نەۋائىنىڭ زاماندىشى ۋە شاگىرتى بولغان تارىخچى خاندەمىر ئۆزىنىڭ «مەكارىمۇل ئەخلاق» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازدى : « . . . خاقانى ئالىي مەقەم شاھرۇھ سۇلتاننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە . . . ئىززەت ۋە ئىقبال گۈلشەنىدە ئامانلىق ئۇمىد مېۋىلىرى بېرىدىغان بىر دەرەخ كۆكەردى ، مەرتىۋە ۋە ئۇلۇغلۇق ئاسمىنىدا دۆلەت ۋە بەخت ـ سائادەت كۆزىنى يورۇتقۇچى بىر يۇلتۇز پارلىدى . . . يەنى ئالىي مەرتىۋىلىك ، ھىدايەت نەسەبلىك ، پاكىز تەبىئەتلىك ، ساپ نىيەتلىك ، سەلتەنەت سۆيۈنچىسى ، مەملىكەت ئۇستىنى ، خاقانىيە دۆلىتىنىڭ ياردەمچىسى ، سۇلتان ھەزرەتلىرى (ھۇسەيىن بايقارانى دېمەكچى )نىڭ يېقىنى 17 ـ رامىزان ئېيى 884 ـ سىنەدە يوقلۇق دۇنياسىدىن بارلىق ئالىمىگە قەدەم بېسىپ ، ئۆزدنىڭ گۈزەللىكى ۋە پارلاق چېھرى بىلەن يەر يۈزىنى يورۇتتى » .①

① خاندەمىر: «مەكارىمۇل ئەخلاق»، (تاشكەنت، 1967 ـ يىلى نەشرى)، 27 ـ بەت.

ئەلىشىرنىڭ دادىسى غىياسىدىن مۇھەممەد «كىچىككىنە باھادىر»
، «كىچىك باخشى» ناملىرى بىلەن تونۇلغان زات ئىدى . تارىخچى
مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر (مىلادىيە 1500 ~ 1551 ) ئۆزىنىڭ «تارد-
خىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە نەۋائىنىڭ ئەسلىي نەسەبى ھەققىدە
مۇنداق دەپ ئۇچۇر بەرگەنىدى : «ئۇنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر باخشىلىرد-
دىن بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاتىسىنى كىچىككىنە باخشى دەپ ئاتىشاتتى ،
ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئىدى» .[1] نەۋائىي زاماندا شلىرىنىڭ بەرگەن
ئۇچۇرلىرىغا قارىغاندا ، نەۋائىنىڭ ئاتا تەرەپ بوۋىسى ئەمىر تېمۇرنىڭ
ئوغلى ئۇمەر شەيخ بىلەن ئېمىلداش بولۇپ ، تېمۇرىيلەر ئوردىسىنىڭ
ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ كەلگەنىدى . شۇڭ-
لاشقا ، تېمۇرىيلەر نەسلىگە مەنسۇپ بولغان پادىشاھلار ، جۈملىدىن
ھۆسەين بايقارانىڭ ئاتا - بوۋىلىرى غىياسىددىن كىچىككىنە ئائى-
لىسىدىكى باللارغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغانىدى . نەۋائىنىڭ
ئانىسى كابولنىڭ ئەمىرزادىلىرىدىن شەيخ ئەبۇسەئىد چەڭگىنىڭ قىزى
ئىدى . شۇ ۋەجىدىن نەۋائىي ئۆز ئاتا - ئانىلىرىنىڭ تېمۇرىيلەر
خاندانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغاند-
دى :

ئاتام بۇ ئاستانىنىڭ خاكبېزى ،
ئانام ھەم بۇ سەرا بوستان كەنىزى .

ئەلىشىرنىڭ ئائىلىدە نەچچىنچى پەرزەنت ئىكەنلىكى ئېنىق ئە-
مەس ، ئەمما ئۇ ئۆز يازمىلىرىدا ئاكىسىنىڭ بارلىقى ھەمدە دەرۋىش
ئەلى ئىسىملىك ئۇكىسىنىڭ بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ .
ئەلىشىر بالىلىقىدىن باشلاپلا چىچەن ، زېھنى ئۆتكۈر چوڭ بولد-
دۇ . بولۇپمۇ ئۇنىڭ شېئىرىيەتكە بولغان قىزىقىشى ئۈچ - تۆت

① مىرزا ھەيدەر: «تارىخى رەشىدى» ، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى،
1430 - نومۇرلۇق قولىيازما.



يېشىدىن باشلاپلا باشلانغانىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ بالىلىقى ھەققىدە ئەس-
لەپ ، ئۈچ - تۆت ياش چاغلىرىدا ئاتىسىنىڭ شائىر دوستلىرىغا ئەمىر
قاسىم ئەنۋەرنىڭ بىر مىسرا پارسچە شېئىرىنى يادقا ئوقۇپ بېرىپ
ھەممىنى ھەيران قالدۇرغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ . ئەلىشىرنىڭ بالا
چاغلىرىدىن باشلاپلا شېئىرىيەتكە ئىشتىياق باغلىشى ئۇنىڭ ئائىلىۋى
مۇھىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى . ئەلىشىرنىڭ ئاتىسى —
«كىچىككىنە باخشى» دەپ تەرىپلەنگەن بۇ زات ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات
- سەنئەتكە بولغان ھېرىسمەنلىكى ، بىلىملىكلىكى ۋە ئەدەبىي يىغد-
لىشلارغا بولغان قىزغىن ئىشتىراكى بىلەن ھەممىگە تونۇلغانىدى .
بۇ ئائىلىدە پات - پاتلا ئەدەبىي مەجلىسلەر ، شېئىر - غەزەلخانلىق
پائالىيەتلىرى بولۇپ تۇراتتى . ھىراتتىكى يوقىرى قاتلام ئەدىبلىرى
غىياسىددىننىڭ خاندانىدا دائىم شېئىرىيەت ھەققىدىكى قىزغىن مۇ-
نازىرىلەرنى ئېلىپ باراتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلىشىرنىڭ ئانا تەرەپ
تاغىلىرىدىن مىرسەئىد كابولى بىلەن مۇھەممەد ئەلى غەرىبىيلەر ئۆز
دەۋرىدىكى تونۇلغان شائىرلار بولۇپ ، ئۇلار تۈركىي شېئىرىيىتىدىن
باشقا مۇزىكا ۋە خەتتاتلىق جەھەتلەردىمۇ خېلىلا يېتىلگەنىدى . بۇ ھال
ياش ئەلىشىرنىڭ ئەدەبىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىگە ۋە كېيىنكى
ھايات مۇساپىسىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى .
ئەلىشىر تېمۇرىي شاھزادىلىرىدىن ھۆسەين بايقارا بىلەن بىللە
ساۋاق ئالدى ھەمدە ئالاھىدە مۇھىتتا تەربىيىلەندى . خۇددى تارىخچى
خاندەمىرنىڭ يازغىنىدەك ، ئەلىشىر « . . . ئاز ۋاقىت ئىچىدە قۇر-
داش ۋە شېرىكلىرىدىن ئىلگىرىلەپ كېتىدۇ ، نازۇك تەبىئىتىنىڭ
ساپلىقى ۋە ساغلاملىقى ئالەمگە يېيىلىدۇ ، مۇبارەك پىكرىنىڭ دادىل-
لىقى ھەققىدە سۆزلەر خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ
يۈرىدۇ» .[1] مىلادىيە 1447 - يىلى شاھرۇخ مىرزىنىڭ ئۆلۈمى بد-

① خاندەمىر: «مەكارىمۇل ئەخلاق»، 29 — 30 - بەتلەر.

لەن خۇراساندا تېمۇرىي شاھزادىلەر ئارىسىدا كەسكىن تەخت تالىشىش
كۇرەشلىرى ئەۋج ئالدۇ . پۈتكۈل خۇراسان ۋە ئۇنىڭ مەركىزى
بولغان ھىرات شەھىرى جەڭگى ـ جېدەل ۋە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە
قالدۇ . خەلق جان قايغۇسى بىلەن تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلىپ كېتىدـ
دۇ . ئەلىشىرنىڭ ئائىلىسىمۇ پاناھ جاي ئىزدەپ غەرب تەرەپتىكى
ئەللەرگە يول ئالدۇ . ئۇلارنىڭ كارۋىنى ئىراقنىڭ تەفت دېگەن
بازىرىغا كەلگەندە دەم ئېلىش ئۈچۈن توختايدۇ . بۇ يەردە ياش
ئەلىشىر تاسادىپىيلا ئۆز دەۋرىنىڭ يىرىك تارىخچىسى ، مەشھۇر ئەسەر
ـ «زەپەرنامە»نىڭ مۇئەللىپى شەرەفىددىن ئەلى يەزدى بىلەن ئۇچرىدـ
شىپ قالدۇ . ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبەت ياش ئەلىشىرنىڭ ھاياتىدـ
دا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدۇ .
مىلادىيە 1452 ـ يىلى ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ تەختكە چىقىشى
بىلەن خۇراساندا بولۇۋاتقان تەخت تالىشىش كۇرەشلىرى ۋاقتىنچە
توختايدۇ . ھىرات شەھىرىنىڭ تىنچسىز ۋەزىيىتى بىر ئىزغا چۈـ
شۈپ ، تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كەتكەن خەلق ئۆز يۇرتىغا قايتىپ
كېلىشكە باشلايدۇ . ئەلىشىرنىڭ ئائىلىسىمۇ بىرقانچە يىللىق دىشـ
ۋارچىلىقتىن كېيىن ، ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىدۇ .
ھىراتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، غىياسىددىن كىچىككىنە
ئوبۇلقاسىم بابۇر ئوردىسىغا خىزمەتكە چۈشتى ۋە ئۇزاق ئۆتمەيلا
سەبزىۋارغا ھاكىم بولۇپ تەيىنلەندى . مانا مۇشۇ يىللاردا ياش ئەلدـ
شىر ئۆزىنىڭ مەكتەپ ھاياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى . ئۇ قايناق
ھېسسىياتى بىلەن ئوقۇدى ، ئۆگەندى . شەرق كلاسسىك مۇتەپەككۇرـ
لىرىنىڭ دۇردانە پىكىرلىرى بىلەن گۈزەل شېئىرىي مىسرالىرىنى
باللىق قەلبىگە تاڭدى . شەيخ سەئدىنىڭ «بوستان» ، «گۇلىستان»
ناملىق دىداكتىك ئەسەرلىرى بىلەن پەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت
تەير» ناملىق داستانىنى بېرىلىپ ئوقۇدى . پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىدـ
نىڭ بۈيۈك ۋەكىللىرىدىن فىردەۋسى ، نىزامى گەنجىۋى ، ئەمىر



خىسراۋ دېھلىۋى قاتارلىقلارنىڭ شۆھرەتلىك ئەسەرلىرى بىلەن توـ
نۇشتى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنىڭ
نادىر ئۈلگىلىرى بىلەنمۇ ئۇچرىشىپ تۇردى . بۇ ھال ياش ئەلىشىر ـ
نىڭ كەلگۈسىدىكى بەدىئىي ئىستېداتى ۋە شېئىرى كامالىتى ئۈچۈن
مۇھىم جۇغلانما بولۇپ قالدى .
ياش ئەلىشىر ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى غىياسىدـ
دىن كىچىككىنە ئالەمدىن ئۆتتى . بۇنىڭ بىلەن ياش ئەلىشىر ئۆزىنىڭ
ساۋاقدىشى ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىرلىكتە خۇراسان پادىشاھى ئوبۇلـ
قاسىم بابۇرنىڭ خىزمىتىگە كىردى .
بۇ دەۋرلەردە پۈتكۈل خۇراسان دۆلىتى ، جۈملىدىن ھىرات ئەـ
مىر تېمۇر دەۋرىدىن بۇيان شەكىللەنگەن مەدەنىيەت گۈللىنىشىنىڭ
ئاخىرقى دەۋرىدە تۇرۇۋاتاتتى . شۇڭا ، بىر مەزگىللىك نىسپىي تىنچـ
لىق ھىراتتا يېڭىچە كەيپىيات ھاسىل قىلدى . ئەلىشىر ئۆزىنىڭ بۇ
نەۋقىران مەزگىللىرىنى ئىشلەش ، ئوقۇش ، ئۆگىنىش ۋە تەدرىجىي
بىلىم جۇغلاش بىلەن ئۆتكۈزدى . دەسلەپكى شېئىرلىرىنى پارسچە
يېزىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، تۈركىي تىل شېئىرىيىتىنىمۇ قېتىرقىدـ
نىپ ئۆگەندى ھەمدە مىللىي تىلغا بولغان ئاڭ ـ غۇرۇرىنى كۈنسېرى
ئۆستۈرۈپ باردى .
ئۇ 15 ياشتىن ھالقىپ ، يىگىتلىك مەزگىلىگە قەدەم قويغىنىدا ،
ئىككى تىلدا تەڭ ئىجادىيەت ئېلىپ بارالايدىغان ، بىر قىسىم شېئىرـ
لىرى شائىر ۋە ئەدىبلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان سەۋىيىگە يەتتى .
ئۇ بۇ جەرياندا تۈركىي تىلدا يازغان شېئىرلىرىغا «نەۋائى» ، پارس
تىلدا يازغان شېئىرلىرىغا «فانى» تەخەللۇسىنى قوللاندى ھەمدە ئەل
ئىچىدە «زۇللىسانەيىن» (قوش تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغۇچى)
دېگەن نام بىلەن تونۇلۇشقا باشلىدى .
شۇ يىللاردا ئەلىشىر نەۋائى لۇتفى ، سەككاكى قاتارلىق «تۈركىـ
گۈي» شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشتى ۋە ئۇلارنىڭ

تەسىرىگە ئۇچرىدى . بولۇپمۇ شۇ يىللاردا كاتتا شائىر سەئىد ھەسەن
ئەردەشىرنىڭ نەۋائىغا بولغان تەسىرى خېلىلا زور بولدى . ئۇ نەۋائى-
نىڭ تۇرمۇشىغا ئاتا ئورنىدا كۆڭۈل بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە
ئۇنىڭ بەدىئىي تالانتى ۋە ئەقىل - ئىدراكىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ
ئەھمىيەت بەردى .

مىلادىيە 1456 - يىلى كۈزدە ئوبۇلقاسىم بابۇر ئۆز قارارگاھىنى
مەشھەدكە يۆتكىدى . نەۋائى بىلەن ھۈسەيىن بايقارامۇ ئۇنىڭغا ئەگى-
شىپ مەشھەدكە بىللە باردى . مىلادىيە 1457 - يىلىنىڭ بېشىدا
خۇراسان پادىشاھى ئوبۇلقاسىم بابۇر ئالەمدىن ئۆتىدۇ . بۇنىڭ بىلەن
خۇراساندا بىر مەھەل تىنچلىنىپ قالغان تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى
قايتىدىن ئەۋج ئالىدۇ . نەۋائىنىڭ دوستى ھۈسەيىن بايقارامۇ تېمۇرىي
شاھزادىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن تەخت تالىشىش كۈرەشلىرىگە
ئىشتىراك قىلىدۇ ھەمدە خۇراسان تەختى ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان
جاپالىق سىياسىي ھاياتىنى باشلايدۇ .

مۇشۇ مەزگىلدە نەۋائى مەشھەدتە قېلىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇر-
دى . ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن ئەلىشىر تۇرمۇشىنىڭ ئاچچىق -
چۈچۈكلىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىزدىنىش ، ئىجادىيەتكە ئىنتىلىش ۋە
ياشلىق ھېسسىياتلىرىغا تولغان يىگىتلىك دەۋرىنى باشلىدى . ئۇ
مەشھەدتىكى كۈنلىرىنى ئۆزى يالغۇز ۋە مۇستەقىل ھالدا ئۆتكۈزدى .
كلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى تويماي ئوقۇدى ، ئىسلام
پەلسەپىسى ۋە ئۇنىڭ گۈلتاجى بولغان تەسەۋۋۇپ چەشمىلىرى بىلەن
قەلب دۇنياسىنى سۇغاردى . مۇشائىرە ۋە غەزەلخانلىق مەجلىسلىرىگە
ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگۈسىدىكى ئاجا-
يىپ يىرىك ئەسەرلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن بەدىئىي جۇغلانما
توپلىدى .

مەشھەدتىكى كۈنلەر تەنھالىق ۋە قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن
بولسىمۇ ، لېكىن نەۋائىنىڭ ھاياتىدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قال-



دۇردى . بۇ يەردە ياش نەۋائى ئاتا - ئانىسىز ، ھامىيسىز ۋە يېگانە
ھالدا كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى . ئۇ مەدرىسە ۋە خانىقالارنىڭ زەي ، قاراڭغۇ
ياتاقلىرىدا سوغۇقتىن تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتى . يۇلتۇز-
لۇق تۈنلەردە تۈگۈلۈكتىن ئاسمانغا قارىغىنىچە خىيال سۈرەتتى ، كۆڭ-
لىدە ئاللىكىملەر بىلەن مۇڭدىشاتتى . ياش شائىرنىڭ قەلبى ئىزگۇ
خىياللار ئىلكىدە ئۆركەشلەيتتى ، ئوي - پىكىرلىرى قانات قاقاتتى ،
ھېس - ھاياجىنى داۋالغۇيتتى . . . ياش ئەلىشىرنىڭ ھاياتى رېئال
دۇنيانىڭ ئەمەلىيىتىگە قارىغاندا خىيال ئالىمىنىڭ پەرۋازىدا كۆپرەك
جەۋلان قىلاتتى . نەۋائى كېيىنچە ئۆزىنىڭ مەشھەدتىكى ھاياتى ئۈستىدە
توختىلىپ مۇنداق دەپ يازغانىدى : «بارچەسىغە كۆپ قەتلە ئۆتۈبمەن ،
بەلكى كۆپنى ياد تۇتۇپمەن ۋە قەسايىد ۋە غەزەلىياتلارنىڭ غەرب ۋە
لەتافەتىن بىلىپمەن ، بەلكى غەربراق ۋە لەتىفراقلىرىغا تەتەببۇھ داغى
قىلىپمەن » .

مىلادىيە 1464 - يىلى خۇراساندىكى تەخت تالىشىش كۈرەشلى-
رى مىرزا ئەبۇسەئىدنىڭ ۋاقىتلىق غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى . ئۇ
تېمۇرىيلەر نەسلىدىن بولمىسىمۇ ، لېكىن ھەربىي جەھەتتىكى ئۈس-
تۈنلۈكى بىلەن خۇراسان تەختىگە ئولتۇردى ۋە پايتەختنى سەمەرقەنت-
تىن ھىراتقا يۆتكەپ كەلدى . نەۋائىمۇ دەل شۇ يىلى مەشھەدتىن ئانا
شەھىرى ھىراتقا قايتىپ كەلدى . ئۇ ئانا شەھىرى ھىراتتىمۇ قىيىن-
چىلىق ئىچىدە ياشىدى . چۈنكى ، مىرزا ئەبۇسەئىد نەۋائىنىڭ ھىراتتا
ئاتا - ئانىسىدىن قالغان يەر - زېمىن ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى
مۇسادىرە قىلغان ، شۇنداقلا نەۋائىغا نىسبەتەن سوغۇق مۇئامىلدە
بولغانىدى . ئەبۇ سەئىدنىڭ نەۋائىنى چەتكە قېقىشتا مۇنداق بىرقانچە
سەۋەبلىرى بار ئىدى : نەۋائىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بۇرۇندىن تارتىپ
تېمۇرىيلەر جەمەتىدىكى پادىشاھ ۋە شاھزادىلەر بىلەن يېقىن مۇناسى-
ۋەتتە بولۇپ ، تېمۇرىيلەر ئوردىلىرىدا مەنسەپ تۇتۇپ كەلگەنىدى .
شۇڭلاشقا تېمۇرىيلەر شاھزادىلىرىگە قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىدىغان

ئەبۇسەئىد نەۋائىنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان ساداقىتىدىن گۇمانلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋائىنىڭ ئەبۇسەئىدنىڭ كۈشەندىسى بولغان ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بولغان ساۋاقداشلىق، يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئۇنى تېخىمۇ شۈبھىلەندۈرەتتى.

شۇ ۋەجىدىن نەۋائى ھىراتتا سوغۇق سىياسىي كەيپىياتنىڭ بېسىمى ئىچىدە ياشىدى. شۇ دەۋرنىڭ ئادىتى بويىچە تونۇلغان شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوردىنىڭ ھامىيلىقىدا ياشايتتى ۋە ئۆز ئىجادىيىتىنى راۋاجلاندۇراتتى. ئەمما نەۋائى بۇنداق ئىمتىيازلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئېرىشەلمىدى. شۇڭا ئۇ ئۈن - تىنسىز ھالدا ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ۋە ئىجادىيەت بالاغىتىنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ مەزگىلدە ھىراتتىكى مەشھۇر ئەرباب، بۈيۈك مۇتەپەككۇر ۋە شائىر ئابدۇرەھمان جامى بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ھەمسۆھبەتتە بولۇش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدى. بۇ ئۇچرىشىش نەۋائىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدا كاتتا ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرەھمان جامى بىلەن ئەلىشىر نەۋائى ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ۋە ئۇستاز - شاگىرتلىق مۇناسىۋىتى رەسمىي باشلاندى.

نەۋائى ھىراتتا ئىككى يىلغا يېقىن غۇربەتچىلىك ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، مىلادىيە 1466 - يىلىغا كەلگەندە سەمەرقەندكە بېرىش قارارىغا كەلدى. نەۋائىنىڭ ھىراتتىن كېتىشىنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە سەمەرقەندكە بېرىپ يەندىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئەبۇ سەئىدنىڭ سىياسىي بېسىمىدىن ۋاقتىنچە قۇتۇلۇش نەۋائىنىڭ تۈپ خىيالى ئىدى. خاندەمىر بۇ ھەقتە توختىلىپ: «... سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ پادىشاھلىق دەۋرىدە سەمەرقەندكە بېرىپ، ئۇ جاناب (خوجا فەزلۇللائەبۇللەئىس) نىڭ خانىقاھىدىن ھۇجرا ئالدى. بىرقانچە ۋاقىت تېگىشلىك ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كىرىشتى». ① دەپ يازىدۇ. زەھىرىددىن مۇھەممەد

① خاندەمىر: «مەكارىمۇل ئەخلاق»، 38 - بەت.



بابۇرمۇ ئۆزىنىڭ «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرىدە «سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئۇنى (نەۋائىنى دېمەكچى) نېمە گۇناھ بىلەن ھىراتتىن سۈرگۈن قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن، سەمەرقەندكە باردى. ئۇ يەردە تۇرغان بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئەھمەد ھاجىبەگ ئۇنىڭغا ھامىي ۋە مۇرەببىي بولدى ...». ① نەۋائىنىڭ ئۆزىمۇ «خەمسە»نىڭ بىرىنچى داستانى «ھەيراتۇل ئەبرار»دا ئۆزىنىڭ قانداق ئەھۋالدا ھىراتتىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى مۇنداق يازىدۇ:

«زۇلمى تۇرار ئۇشبۇكى بىر نەتاۋان،
ئىلىم تىلەپ شەھرىدىن ئۇلغاي راۋان.
ئەينى فەلاكەتتىن ئاياغى يالاڭ،
تونى يوقىدىن تېنى داغى يالاڭ.
ئەگىدە ئەۋراقى كىتابى ئانىڭ،
قىلغالى تەھسىل شىتابى ئانىڭ،
ئاچ ئېتىبان قارنىنى مۇھتاجلىق،
تۆھمەگە مۇھتاج ئېتىبان ئاچلىق.
ھەرنە ئېتىپ، قانى ئۆلۈپ يول يۈرۈپ،
تا ئۆزىن ئۆز مەقسەدىگە يەتكۈزۈپ».

دەرۋەقە، نەۋائى سەمەرقەندكە كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە غۇربەتچىلىك ئىچىدە كۈن كەچۈردى. ئەمما شائىر بۇ مەدەنىي شەھەرنىڭ قويۇق ئىلمىي مۇھىتىدا تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ئىلمىي قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلىم دېڭىزىغا شۇڭغۇدى. مەدرىسىلەرگە قاتناپ يۈرۈپ ئىلىم تەھسىل قىلدى. كۆپلىگەن ئالىم، ئۆلىمالار بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەرخىل ئىلىملەردىن خەۋەردار بولدى ھەمدە ئۆزىمۇ شېئىرىي ئىجادىيەتتە خېلىلا يېتىلىپ قالدى. نەۋائىنىڭ كۈندىن - كۈنگە يېتىلىۋاتقان ئىستېداتى سەمەرقەند ھاكىمى ئەھمەد ھاجىبەگ-

① زەھىرىددىن مۇھەممەت بابۇر: «بابۇرنامە»، 318 ~ 319 - بەتلەر.

نىڭ دىققىتىنى تارتتى . ئۇ نەۋائىنى ئۆز ھامىيلىقىغا ئېلىپ ، تۇر-
مۇش جەھەتتىن ياردەم بەردى . ئىلىم تەھسىل قىلىشقا شەرت -
شارائىت ھازىرلاپ بەردى .

مۇشۇ يىللاردىكى سەمەرقەند شەھىرى يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەمىر
تېمۇر ۋە ئۇلۇغبېگ زامانىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قويۇق ئىلمىي
مۇھىتىنى مەلۇم جەھەتلەردىن ساقلاپ كېلىۋاتاتتى . نەۋائى بۇ يەردە
ھەر جاي ، ھەر يەرلەردىن كەلگەن ئىلىم ھەۋەسكارلىرى بىلەن بىللە
مەشھۇر ئالىم خوجا فەزلۇللا ئەبۇللەئىس دىن « فىقھ » (قانۇن )
ئىلمىدىن دەرس ئاڭلىدى . سەمەرقەند شەھەرلىرىدە بولۇپ تۇرىدىغان
ئەدەبىي مەجلىسلەرگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى . شېئىرىيەت ئەمەلد-
يىتىدىن باشقا يەنە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت كىتابلارنى تىرد-
شىپ ئوقۇپ ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ بار-
دى . ئۆزىدىن ئاۋۋال ئۆتكەن ۋە زامانداش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى
يادقا ئالدى . نەۋائى ئۆزىنىڭ سەمەرقەندتىكى ھاياتى ئۈستىدە توختد-
لىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ : «يىگىتلىك دەۋرلىرىمدە ماھارەتلىك پار-
سگۇي شائىرلارنىڭ ئېسىل شېئىرلىرىدىن 50 مىڭدىن ئارتۇق بې-
يىتنى يادلاپ ، ئۇلاردىكى زوق ۋە خۇشاللىقلار بىلەن ئۆزۈمنى ئاۋۇد-
دۇرغان ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرى ئۈستىدە پىكىر
بايان قىلغان ، مۇلاھىزە ۋە تەپەككۇرلار ئارقىلىق ئۇلاردىكى يوشۇرۇن
مەنىلەرنىڭ تېگىگە يەتكەن . . . » .①

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ سەمەرقەندتىكى ھاياتى ناھايىتى قىيىنچىلىق
ئىچىدە ئۆتكەنلىكىگە قارىماي ، ئىلىم ئۆگىنىش جەھەتتە ئاجايىپ مول
مەزمۇنلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇردى . ياش شائىر ئىجاد ۋە ئۆگد-
نىش قايىنىمىغا چوڭقۇر چۆكۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، جەمئىيەتنى

① نەۋائى: «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» (مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1988 ـ يىل نەشرى)، 41 ~ 42 ـ بەتلەر.



كۆزەتتى . بۇ قەدىمىي پايتەختنىڭ شانلىق ئۆتمۈشىگە نەزەر تاشلىدى ،
سەمەرقەندنىڭ ھەيۋەتلىك سېپىل - قەلئەلىرىگە تويماي باقتى ، ئارقا
كوچىلاردىكى ھۈنەرۋەن ، كاسىپلار ، مازار - ماشايىخلاردىكى دەرۋىش
- سوپىلار ، شۇنىڭدەك ئىلىم ساھەسىدىكى ئۆلىما - ئالىملار بىلەن
ھەمسۆھبەتتە بولدى . پۈتكۈل خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرنىڭ داۋال-
غۇپ تۇرغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى يېقىندىن كۆزەتتى . قىسقىسى ،
سەمەرقەند دەۋرى نەۋائى ھاياتىنىڭ ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قايىنىمىغا
چۆمۈلگەن ، گۈزەل ياشلىق ئەسلىمىلىرى بىلەن تولغان ، تەپەككۇر
ۋە تەسەۋۋۇر كەپتىرىنىڭ قانىتى يېشىلگەن مۇھىم بىر دەۋر بولدى .
نەۋائى سەمەرقەندتىكى ئاشۇ كۈنلەرنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇپ كېتەلمد-
دى . ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى ھېسسىياتى ، روھىي كەچۈر-
مىشلىرى ۋە ئوي - خىياللىرىنى «سەئىد ھەسەن ئەردەشىرگە يېزىل-
غان مەكتۇپ» تا تەپسىلىي بايان قىلدى .

مىلادىيە 1468 - يىلى سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا زور قوشۇن
باشلاپ ئىراننىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلد-
نىدۇ . ھالبۇكى ، بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ئەزەربەيجاندا ئۆلتۈرۈلىدۇ .
ئۇزۇندىن بۇيان پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ھۈسەيىن بايقارا ئۆز قوشۇند-
نى باشلاپ توسالغۇسىز ھالدا ھىراتقا كىرىپ تەختنى ئىگىلەيدۇ ۋە
ناھايىتى تېزلا پۈتكۈل ھىرات ۋە خۇراسان ئېلىگە يېڭى تەرتىپ
ئورنىتىدۇ . ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھىرات تەختىگە ئولتۇرۇشى خۇرا-
ساندا يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى . ياش نەۋائى
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چەكسىز ھاياجانغا چۆمدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن
بۇيان كۈتكەن ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ ئەمدى ئىشقا ئاشىدىغانلىقى ،
خۇراسان خەلقىنىڭ تىنچ - ئاسايىشلىقتا ئېرىشىدىغانلىقىدىن خۇشال
بولدى . شائىر قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە ھىراتقا قايتىشنىڭ تەييارلىقد-
غا كىرىشتى . سۇلتان ھۈسەيىن بايقارامۇ ھىرات تەختىنى ئىگىلەپ ،
ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاچ ، سەمەرقەندكە مەخسۇس مەكتۇپ يوللاپ ،

نەۋائىنى پايتەخت ھىراتقا چاقىرتتى .①

نەۋائى قەلبىگە گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلارنى پۈكۈپ ئانا شەھىرى ھىراتقا قايتىپ كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى سەرسان ـ سەرگەردانلىق ، غېرىب ـ غۇربەتلىك ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى . سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا نەۋائىغا زور ئىلتىپاتلار كۆرسىتىپ ، ئۇنى تامغىدارلىققا تەيىنلىدى .

سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا تەختكە چىقىپ بىر يىل بولا ـ بولمايلا يادىكار مۇھەممەد مىرزا ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى .

مىلادىيە 1470 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نەۋائى سۇلتانىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ، تۈركمەنلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھىراتنى ئىشغال قىلغان يادىكار مۇھەممەد مىرزا ئىسيانىنى باستۇرۇشتا ئالاھىدە پىداكارلىق كۆرسىتىدۇ ، شۇنداقلا ھۇسەيىن بايقارانى چوڭ بىر خەۋپتىن خالاس قىلىدۇ . بۇ ئىش ھۇسەيىن بايقارانىڭ نەۋائىغا بولغان ئىشەنچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ .

1472 ـ يىلى 2 ـ ئايدا (ھىجرىيە 876 ـ يىلى شەئبان ئېيىدا ) ھۇسەيىن بايقارا نەۋائىنى «دىۋان بېگى» مەنسىپىگە تەيىنلەيدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئەمىرى كەبىر ئۇنۋانىنى بېرىدۇ . گەرچە نەۋائىغا بېرىلگەن مەنسەپ ئەڭ ئالىي ئورۇن بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئىناۋىتى بىلەن سۇلتاندىن قالسىلا ئەڭ نوپۇزلۇق شەخس ھېسابلىناتتى .

نەۋائى زاماندىشلىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا ، بۇ دەۋردە ئۇ كاتتا يۈز ـ ئابرۇيغا ۋە چوڭ ھوقۇقلارغا ئىگە ئىدى . مەملىكەت ئىشلىرىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە ئارىلىشاتتى ھەمدە مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتنىشاتتى . بۇ ھال شائىرنىڭ ئىجادىيەت پائالـ

① ئابدۇقادىر ھېيتمەتوف: «نەۋائى ھەققىدە يېڭى مەلۇماتلار» — «شەرق يولتۇزى» ژۇرنىلى، 1972 ـ يىل 9 ـ سان، 186 ـ بەت.



يىتىگە زور توسالغۇ بولۇپ قالدى . باش ـ ئاخىرى تۈگىمەيدىغان دۆلەت ئىشلىرى نەۋائىنىڭ زېھنىي كۈچى ۋە ۋاقتىنى خورىتىپ بېرىۋاتاتتى . شۇڭلاشقا ، نەۋائى ئۆز ئەھۋالىدىن زارلىنىپ :

«كىم بار ئىدى باشىما كۆپ مېھنەتىم ،
يوق ئىدى باش قاشىغالى فۇرسەتىم .»

دەپ شىكايەت قىلىدۇ ھەمدە كېچىلىرى ئۇيقۇسىدىن كېچىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ، ھەر كېچىسى قىرىق — ئەللىك بېيىتتىن يېزىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي نەۋائى ئۆز ۋاقتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى دۆلەت ئىشلىرى بىلەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا سەرپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى .

بۇنىڭدىن باشقا نەۋائى يەنە مۇشۇ مەزگىللەردە ، سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ، جەمئىيەت تەرتىپىنى تۈزەش ۋە ئاۋام خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قاتارلىق چوڭ ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى . نەۋائى ھىراتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يەر ـ زېمىن ، مال ـ مۈلكىگە مىراسخورلۇق قىلدى ھەمدە كاتتا مۈلۈك ئىگىسى بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا نەۋائىنىڭ مۆھۈردار ۋە دىۋانبېگىلىك مەنسىپىگە قوشۇپ كاتتا يەر ، سۇ ۋە بىرمۇنچە قىشلاقلارنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنىدى . نەۋائى پادىشاھنىڭ يېقىن كىشىسى ۋە ئەمىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ يەرلەردىن كېلىدىغان دارامىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى مەملىكەتنىڭ روناق تېپىشىغا ، خەير ـ ساخاۋەت ۋە خەلقنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ، ھىرات شەھىرىدىكى كاتتا بىنالارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ، شۇنىڭدەك ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە سەرپ قىلاتتى .

بۇ يىللاردا نەۋائىنىڭ زور تىرىشچانلىقى ئاستىدا ھىرات شەھىرى پۈتكۈل خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر شەھەر ۋە مۇھىم

مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى . نەۋائى ئۆز مەبلىغى بىلەن سالدۇرغان «ئىخلاسىيە» مەدرىسىسى ھىراتتىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ قالدى . نەۋائى بۇ مەدرىسىگە ئۆز دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىم ، ئۆلىمالارنى مۇددەرىسلىككە تەيىنلىدى . بۇ مەدرىسىنىڭ جەنۇبىغا «خالاسىيە» نامى بىلەن كاتتا خانىقا سالدۇردى ، مەدرىسىنىڭ غەربىدە «شىفائىيە» ناملىق بىنا بەرپا قىلىپ ، ئۇنىڭغا مەشھۇر تېۋىپلارنى توپلىدى . مەدرىسىنىڭ غەربىدە يەنە كاتتا مەسچىت جامە ، مەسچىت قېشىدا بىر ھەيۋەتلىك گۈمبەز بىنا قىلدۇردى . نەۋائى يەنە ئۆز ئەتراپىغا كۆپلىگەن ئالىملار ، شائىرلار ۋە سەنئەتكارلارنى توپلاپ ، ئۇلارغا ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدىغان ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى . نەۋائىنىڭ خۇسۇسىي كۇتۇپخانىسىدا 70 تىن ئارتۇق خەتتات ، كاتىپ ، نەققاش قاتارلىق كىشىلەر خەت كۆچۈرۈش ، كىتابلارنى زىننەتلەش بىلەن شۇغۇللىناتتى . خالاسىيە مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان 2000 گە يېقىن ئوقۇغۇچىنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى نەۋائى ئۆزىنىڭ شەخسىي مال - مۈلكىدىن چىقىم قىلاتتى . قىسقىسى ، ھىراتنىڭ مىلادىيە 15 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مەيدانغا كەلگەن قويۇق مەدەنىي مۇھىتى ۋە گۈزەل قىياپىتىنى ئەلىشىر نەۋائىسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭلاشقا ، نەۋائى خەلق ئارىسىدا بىر مەشھۇر شائىرلا ئەمەس ، بەلكى بۈيۈك دۆلەت ئەربابى سۈپىتىدە تونۇلۇپ «بۈيۈك ئەمىر» (ئەمىرى كەبىر ) ، «ئەمىرى رەۋشەن زەمىر» ناملىرى بىلەن يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى .

ئەپسۇسكى ، نەۋائىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان شان - شۆھرىتى ۋە سۇلتان بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتى نەۋائىنىڭ دۈشمەنلىرىنى بارغانسېرى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ باردى . بۇنىڭ بىلەن ئوردىدىكى نىزامۇلمۇلۇكۇك ، مەجىددىدىن قاتارلىق ئەمەلدارلار ئۆز ئالدىغا گۇرۇھ تەشكىللەپ ، نەۋائى ئۈستىدىن سۇلتانغا پىتنە - پاسات ۋە تۆھمەت تارقاتتى ھەمدە نەۋائىنى ئوردىدىن چەتلەشتۈرۈشكە



ئۇرۇندى . كۈن بويى ئەيش - ئىشرەت ۋە ئىچىملىككە بېرىلىپ كەتكەن ھۈسەيىن بايقارا ئۆز ئەتراپىدىكى پىتنىخور ۋەزىرلەرنىڭ ئىغۋالىرىغا ئىشىنىپ ، نەۋائىغا نىسبەتەن سوغۇق ۋە گۇمانىي مۇئامىلىدە بولۇشقا باشلايدۇ .

بۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 1476 - يىلىغا كەلگەندە نەۋائى سۇلتانغا مەكتۇپ سۇنۇپ ئۆزىنىڭ ئوردىدىكى مەنسەپلىرىدىن ئىستېپا بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان - مەككە مۇكەررەمگە بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلىش ئارزۇسىنى بايان قىلىدۇ . ئەمما سۇلتان ئۇنىڭ ھەجگە بېرىش تەلىپىنى رەت قىلىدۇ . نەۋائى يەنە سۇلتانغا ئىلتىماس سۇنۇپ ھىرات شەھىرىنىڭ چېتىدىكى گوزورگاھ دېگەن جاينى ئۆز ئىختىيارىغا بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ . سۇلتان نەۋائىنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى تەستىقلايدۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ نەۋائى بۇ جاينى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشكە كىرىشىپ كېتىدۇ ھەمدە كۆپلىگەن ئاممىۋى ئەسلىھەلەر - مېھمانساراي ، ھاممام ، شىپاخانىلارنى سالدۇرىدۇ .

نەۋائى دۆلەت ئىشلىرىدىن بوشاپ چىققاندىن كېيىن پۈتكۈل زېھنىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىگە قارىتىدۇ . بوش ۋاقىتلىرىدا جامائەتنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىگە ۋە خەلق پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئارىلىشىدۇ . نەۋائى گەرچە ئوردىدىكى مەمۇرىي ھوقۇقىدىن ئىستېپا بەرگەن بولسىمۇ ، لېكىن يەنىلا سۇلتاننىڭ يېقىن كىشىسى سۈپىتىدە ھىراتتىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئەرباب بولۇپ قېلىۋېرىدۇ .

مۇشۇ مەزگىللەردە ھىراتنىڭ ئەدەبىي مۇھىتىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئەرباب ئابدۇرەھمان جامى ئىدى . ئۇنىڭ ئەتراپىغا جاي - جايلاردىن كەلگەن ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى تالىپلار ، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى توپلانغانىدى . نەۋائى بۇرۇندىن تارتىپلا جامىنى ئۆزىنىڭ پىر - ئۇستازى سۈپىتىدە ھۆرمەتلەپ كەلگەنىدى . مۇشۇ يىللاردا نەۋائى بىلەن جامىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى

ھەمكارلىق يەنىمۇ كۈچىيىپ باردى . نەۋائى پات - پاتلا جامىنىڭ
ھۇزۇرىغا بېرىپ ھەمسۆھبەتتە بولاتتى ، ئۆزى يازغان ۋە يازماقچى
بولغان ئەسەرلىرى ئۈستىدە جامى بىلەن سۆزلىشەتتى . نەۋائى بىلەن
جامى ئوتتۇرىسىدىكى سەمىمىي دوستلۇق ۋە ئىلمىي ھەمكارلىق مىلا-
دىيە 15 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى ھىراتنىڭ مەدەنىي
مۇھىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە كاتتا رول ئوينىدى . بۇ مەزگىللەردە
كۆپلىگەن شائىرلار ، ئەدىبلەر ، ھەكىملەر ، تارىخچىلار ، مۇزىكانتلار
ۋە رەسساملار بۇ ئىككى زاتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ ، ھىراتتىكى
ئەدەبىي ، ئىلمىي كەيپىياتنى يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرگەنىدى . شۇڭ-
لاشقا ، بابۇر مۇشۇ دەۋردىكى ھىراتنىڭ مەدەنىي مۇھىتى ئۈستىدە
توختىلىپ مۇنداق دەپ يازغانىدى : «ئەھلى فەزل ۋە بىنەزىر ئەلدىن
خۇراسان ، بەتەخسىس ھىرى شەھرى مەملۇ ئىدى ، ھەر كىشىنىڭ
كىم بىر ئىشقا مەشغۇللۇقى بار ئىدى ، ھىممەتى ۋە غەرەزى ئول
ئەردىكىم ، ئۇل ئىشنى كامالىغا يەتكۈزگەي» . [1]

نەۋائى پۈتكۈل ئىشتىياقى بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ كەتتى .
شۇ كەمگىچە يازغان لىرىك شېئىرلىرىنى توپلاپ «خەزائىنۇل مەئانى»
نامى بىلەن چوڭ دىۋان قىلىپ تۈزۈپ چىقتى . بۇ توپلام كېيىنچە
ئەل ئىچىدە «چاھار دىۋان» دەپمۇ ئاتالدى . مىلادىيە 1483 - يىلىغا
كەلگەندە شائىر ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىكى بۈيۈك ئەسەر —
«خەمسە»نى يېزىشقا رەسمىي تۇتۇش قىلدى . جامى نەۋائىنىڭ تۈر-
كىي تىلى بىلەن «خەمسە» ياراتماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭغا
ئاپىرىنلار ئوقۇدى . شائىر ئىجاد دېڭىزىغا چۆمۈلدى . قەلبى سەنئەت
يۈكسەكلىكىنىڭ ئەۋجىدە ئۆركەشلىدى . پەي قەلەمىنىڭ ئۇچىدىن ئاپ-
ئاق خوتەن قەغىزىگە دۇردانە پىكىرلەر تۆكۈلدى . . . خاندەمىر نەۋا-

① زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە» (تاشكەنت، ئۆزبېكىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1960 - يىل نەشرى)، 239~240 - بەتلەر.



ئى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازدى : «دائىملىق ئادىتى بويىچە (نەۋائى )
ئۆزىنىڭ پۈتۈن قۇتلۇق كۆڭلىرىنى (ئەسەرلىرىدىكى ) سۆزلەرنى تۈ-
زىتىش ۋە مەنىلىرىنى تەكشۈرۈش ، دەلىللىرىنى تەرتىپكە كەلتۈرۈش
ۋە مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش ، ئىلىم سىرلىرىنى ئېچىش ۋە ئەقلىي
پەنلەرنىڭ نازۇك نۇقتىلىرىنى تېپىشقا سەرپ قىلدى» . [1]

نەۋائى ھاياتىغا دائىر تەتقىقاتلاردا ھازىرغا قەدەر بوشلۇق ھالىتى-
دە تۇرىۋاتقىنى — دەل نەۋائىنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىدۇر .
شائىر نېمە ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئائىلە بەختىدىن بەھرىمەن بولالمىدى ،
شەرق رىۋايەتلىرىدىكى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ يۈرەكنى لەختە - لەختە
قىلىدىغان مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە ئۆلمەس داستانلارنى
ياراتقان نەۋائى نېمىشقا ئۆزىنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشىنى سىر ھالى-
تىدە قالدۇردى ؟ . . . شائىر كىمنى سۆيگەن ، شائىرنىڭ قەلبىنى
ئەسىر قىلغان جانان قىزنىڭ ئىسمى - شەرىپى نېمىشقا ھېچبىر
مەنبەدە ئۇچرىمايدۇ ! ؟

بابۇر بۇ ھەقتە توختىلىپ : « . . . (نەۋائى ) پەرزەنتسىز ، ئايال-
سىز ، بۇ ئالەمدىن يالغۇز - يېگانە ئۆتتى » . [2] دەپ يازىدۇ . ئەمما
نەۋائىنىڭ كىمنى سۆيگەنلىكى ھەمدە نېمە ئۈچۈن ئائىلە قۇرمىغانلىقى
ھەققىدە مەنبەلەردە ھېچقانداق مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان . ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە نەۋائىنىڭ مىجەز - خاراكتېرىدىكى نازۇكلۇق ۋە ئىچمائىل-
پىسىخىكا ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ شەخسىيىتى ھەققىدە كەڭ
- كۇشادە سۆز ئېچىشقا يول قويمىغان بولسا كېرەك . شۇڭا بابۇر
يەنە : «ئەلىشىر بەگ نازۇك مىجەزلىكى بىلەن مەشھۇردۇر ، كىشىلەر
ئۇنىڭ نازۇكلۇقىنى دۆلىتىنىڭ غۇرۇرىدىن بولغان دەپ بىلىشەتتى .

① خاندەمىر: «مەكارىمۇل ئەخلاق»، بىرىتانىيە مۇزېي قولىيازمىسى، 4669 - نومۇر، 132 - ۋاراق.
② «بابۇرنامە» (مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1992 - يىل نەشرى)، 319 — 320 - بەتلەر.

لېكىن ئۇنداق ئەمەس ئىكەن، بۇ ئۇنىڭ تۇغما سۇپىتى ئىكەن».[1] دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.

نەۋائىنىڭ ئۆزى بۇ ھەقتە ھېچبىر ئەسەردە ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆزلىمەيدۇ. بەلكى بەزى ئەسەرلىرىنىڭ ئايرىم مىسرالىرىدا ئاز ـ تولا يوشۇرۇن ئىشارەتلەر بېرىدۇ، خالاس. شۇڭلاشقا، نەۋائىشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن ئۇزۇن مەزگىل شۇغۇللانغان بەزى ئالىملار نەۋائىنىڭ مۇھەببەت تارىخى ئېھتىمال بىرەر پاجىئە بىلەن باغلانسا كېرەك دەپ قارايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، جۈملىدىن تۈركمەنلەر، تاجىكلار، ئۆزبېكلەر ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان نەۋائى بىلەن گۈلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت پاجىئەسى تەسۋىرلەنگەن رىۋايەتلەرمۇ يۇقىرىقى پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

... سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەنگەن ئەلىشىر بىر كۈنى باغقا كېتىۋېتىپ تاسادىپىيلا بىر ئۆيىنىڭ ھويلىسىدا تۇرغان گۈزەل قىز — گۈلىنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بولىدۇ. گۈلىمۇ بۇ ياش ۋەزىرنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ. ئەلىشىر بەگ قىزنىڭ ئاتىسىدىن نىكاھقا رازىلىق ئالىدۇ. ئەتىسى سۇلتان ۋەزىرى ئەلىشىرنى ئېلىپ شىكارغا ئاتلىنىدۇ. گۈلى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بولغۇسى ئېرى ئەلىشىرنى كۆرۈش ئۈچۈن باغنىڭ تېمىدىن يولغا قارايدۇ. دەل شۇ چاغدا بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا قىزنى كۆرۈپ ئاشىق بولىدۇ ۋە ئۇنى ئەمرىگە ئالماقچى بولىدۇ. ئەلىشىر قاتتىق ئازاب ئىچىدە ئۆز سۆيگۈسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە قىزنىڭ ئۆيىگە سۇلتاننىڭ ئەلچىسى بولۇپ بارىدۇ. قىز زار ـ زار يىغلاپ بىر شەرت بىلەن رازى بولىدۇ. يەنى، ئىككى خىل دورا كەلتۈرۈپ، بىرىنى ئۆزى ئىچىدۇ، يەنە بىرىنى ئەلىشىر بەگكە ئىچۈرىدۇ. بۇ دورا قىرىق كۈندىن كېيىن

① «بابۇرنامە» (مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1992 ـ يىل نەشرى)، 319 — 320 ـ بەتلەر.



ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ گۈلىنىڭ جېنىنى، ئەلىشىرنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىنى يوق قىلاتتى، گۈلى ئۆلۈمگە بەش كۈن قالغاندا ئەلىشىرنى سارايغا چاقىرتىدۇ. دەل بۇ چاغدا سۇلتان شىكاردىن قايتىپ گۈلىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ قالىدۇ. ئەلىشىر بۇنىڭدىن قاتتىق ئۇڭايسىزلىق ئىچىدە قالىدۇ. قىرىق كۈن بولغاندا گۈلى ئۆلىدۇ. ئوردا ئەھلى بۇ مۇسىبەتنى سۇلتان ھۇسەيىنگە يەتكۈزۈشنى ئەلىشىر نەۋائىدىن ئىلتىماس قىلىدۇ. نەۋائى سۇلتان ھۇسەيىنگە: «سەرۋىنىڭ سايىسىدە سولدى گۈل نە قىلماق كېرەك؟» دەيدۇ. سۇلتان بۇنىڭغا جاۋابەن «سەرۋىدىن تاۋۇت ياساپ، گۈلدىن كېپەن ئەتمەك كېرەك» دەيدۇ. ئۇلار كۆز يېشى تۆكۈپ گۈلىنى دەپنە قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەلىشىر نەۋائى ئۆمۈر بويى توي قىلمايدۇ. پەرزەنت يۈزىمۇ كۆرەلمەيدۇ...

نەۋائىنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشىگە دائىر بۇ تەسىرلىك رىۋايەت خەلق ئارىسىدىن باشقا يەنە بىر قىسىم پارىسچە قولىيازمىلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ رىۋايەتنىڭ نەۋائى ھاياتىدىكى رېئال كەچۈرمىشلەر بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە جىپسىلىشىدىغانلىقى ھەققىدە نەۋائىشۇناسلىق ئىلمىدە ھازىرغىچە ئېنىق يەكۈن يوق.

نەۋائىنىڭ زاماندىشى ۋاسىفى (مىلادىيە 1551 ـ 1485) بۇ ھەقتە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «ئەلىشىر ئۆيلەنمىگەنىدى، بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكى زاماننىڭ ھەممە كىشىلىرىنى قىزىقتۇرار ئىدى، سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا ئەلىشىرنىڭ ئۆيلەنمەسلىكىدىكى سەۋەب ـ ئۇنىڭ ‹ئېتىكى پاكلىقى›، ۋە نەپسانە شەھۋەتكە مەيلى يوقلۇقى، يەنى ئەخلاقىي جەھەتتىن ناھايىتى يۈكسەكلىكى، ئىلىم ـ پەن ۋە شېئىرىيەتكە بېرىلگەنلىكىدىن بولغان دەپ قارايتتى. سۇلتاننىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى خەدىچە بېگىم بولسا بۇنىڭ سەۋەبىنى باشقا تەرەپتىن چۈشىنەتتى. ھەقىقەتنى ئېنىقلاش ئۈچۈن خەدىچە بېگىم ئۆزىنىڭ ناھايىتى گۈزەل كېنىزەكلىرىدىن دۆلەتبەختنى ئەلىشىرنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىدۇ.

ياش كېنىزەك تۇرلۇك باھانىلەر كۆرسىتىپ ئەلىشىرنىڭ ئۆيىدە
تۇنەپ قالىدۇ . كېچىدە قىز ئەلىشىرنىڭ قوينىغا كېرىدۇ . . . دۆلەتـ
بەخت ئەتىسى خەدىچە بېگىمنىڭ ئالدىغا خۇشال قايتىپ پۇتۇن ۋەقەنى
سۆزلەپ بېرىدۇ . نەتىجىدە سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىنىڭ پىكرى توغرا
بولۇپ چىقىدۇ . شۇنىڭ بىلەن خەدىچە بېگىمنىڭ ئەلىشىرگە بولغان
ھۆرمىتى ئاۋۋالقىدىن يۇز مەرتىۋە ئاشىدۇ .①

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى ، نەۋائىنىڭ مۇھەببەت كەچۇرمىشى ۋە
خۇسۇسىي تۇرمۇشىدىكى ئىنچىكە تەرەپلەر ، جۇملىدىن شائىرنىڭ
پۇتكۇل ئەسەرلىرىدىكى بەزىدە يوشۇرۇن ، بەزىدە ئاشكارا ئىپادىلىنىدـ
دىغان مۇڭ ـ زار بىزگە ئۇنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسىدىن
دالالەت بېرىپ تۇرۇپتۇ . نەۋائىنىڭ مىجەز خاراكتېرىدىكى ئىنچىكە
ئالاھىدىلىكلەر ۋە خۇسۇسىي تۇرمۇشىدىكى سىرلار كەلگۇسىدە نەۋائىدـ
شۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى مۇھىم تېما سۇپىتىدە داۋاملىق تەتقىق قىدـ
لىنىغۇسى .

نەۋائى سۇلتان ھۇسەيىن ئوردىسىدىكى مەمۇرىي ۋەزىپىلىرىدىن
بوشاپ چىققاندىن كېيىنكى بىرقانچە يىللاردا كۆپ ۋاقتىنى ئۆزىنىڭ
ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە قاراتتى . ئەسەرلىرىنى توپلاپ ، قايتا رەتلەپ ،
دىۋانلار تۇزدى . ئەمما ، ئۇ سۇلتان ھۇسەيىن ھاكىمىيىتىنىڭ كۇنسېـ
ـرى زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقان ھالىتىگە ، مەملىكەتنىڭ ئىچى سىرتىدا
يۇز بېرىۋاتقان چوڭ ۋەقەلەرگە ، ئاۋام خەلقنىڭ دەرد ـ ئەلىمىگە ھەر
ۋاقىت دىققەت قىلىپ تۇردى . ئۆزىنىڭ ئەل ئىچىدىكى يۇكسەك
ئابرۇيي ـ ئىناۋىتى ۋە پادىشاھقا بولغان يېقىنلىق ئورنىدىن پايدىلىدـ
نىپ ، ئوردىدىكى مەجىدىدىن قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ چىرىك سىياـ

① ئىززەت سۇلتان: «نەۋائىنىڭ قەلب دەپتىرى»، 296~297 ـ بەتلەر.



سەتلىرىگە چەك قويدى .

ئەپسۇسكى ، نەۋائىنىڭ سۇلتان ھۇسەيىندىن كۇتكەن ئۇمىدلىرى
بارغانسېرى جاۋابسىز قالدى . خۇددى بابۇر ئېيتقاندەك ، سۇلتان
ھۇسەيىن «خۇراساندا قىرىق يىلغا يېقىن پادىشاھ بولۇپ ، پېشىندىن
كېيىن ئىچمىگەن كۇنى يوق ئىدى . . . ھەددىدىن ئارتۇق ئىشرەت
ۋە پاسىقلىق بىلەن مەشغۇل ئىدى . . .»① كېيىنكى مەزگىللەرگە
كەلگەندە ئۇ دۆلەت ئىشلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ كەيپ ـ
ساپاغا بېرىلىپ كەتتى . ئۆز ئەتراپىدىكى ھەسەتخور ئەمەلدارلارنىڭ
پىتنە ـ پاساتلىرىغا ئىشىنىپ نەۋائىنى بارغانسېرى ئوردىدىن يىراقـ
لاشتۇرۇشقا باشلىدى . مىلادىيە 1487 ـ يىلى سۇلتان ھۇسەيىن
نەۋائىنى ھىراتتىن يىراقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئۇنى يىراق ئاستراباد‌ـ
قا ھاكىملىق مەنسىپى بىلەن بېرىشنى پەرمان قىلدى . نەۋائى مەجبۇـ
رىي ھالدا ھىراتتىن ئايرىلدى . ئۇ ئاسترابادقا بارغاندىن كېيىن ، بۇ
يەرنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ، جەمئىيەتنى تەرتىپكە سېلىش
جەھەتلەردە بىرمۇنچىلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى . كېچىلىرى ئىجاـ
دىيەتنى داۋاملاشتۇردى . ئەمما شائىرنىڭ پۇتكۇل دىققىتى يەنىلا پايـ
تەخت ھىراتنىڭ ئەھۋالىدا ئىدى . بىر يىلدىن كېيىن ، يەنى مىلادىيە
1488 ـ يىلى نەۋائى پايتەختكە قايتىدۇ ۋە سۇلتان ھۇسەيىندىن
ھىراتتا قېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئەمما ھۇسەيىن بايقارا يەنىلا نەۋائىدـ
نىڭ ئاسترابادقا قايتىشىنى بۇيرۇيدۇ .

نەۋائى ئامالسىز يەنىلا ئاسترابادقا قايتىدۇ . ئۇ سۇلتاننىڭ ئورـ
دىدىكى پىتنە ـ پاساتچىلىرىنىڭ تەسىرىدە ئاينىپ كەتكەنلىكىنى ،

① بابۇر: «بابۇرنامە»، (مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1992 ـ يىلى نەشرى)، 306 ـ بەت.

ھاكىمىيەتنىڭ ئۇلىنىڭ تەۋرەپ قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ .
ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي نەۋائىنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان
سۇيىقەستى پاش بولىدۇ . سۇلتان ھۇسەيىن دەرھال نەۋائىغا مەكتۇپ
يېزىپ ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەرسىزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ ھەمدە
نەۋائىنىڭ ھىراتقا قايتىپ كېلىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ . نەۋائى ھىراتقا
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دۆلەتنىڭ ھېچقانداق سىياسىي ئىشلىرىغا
ئارىلاشماي ، ئوردىدىن يىراقتا تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . ھۇسەيىن
بايقارا ئۇنىڭغا : «مۇقەررەبى ھەزرىتى سۇلتانى» ، يەنى «ھەزرىتى
سۇلتاننىڭ ئەڭ يېقىنى» دېگەن نامنى بېرىدۇ . شۇڭلاشقا بابۇرمۇ
ئەلىشىر بەگ سۇلتان ھۇسەيىننىڭ «بېگى ئەمەس ، دوستى ئىدى»[1]
دەپ يازغانىدى .

شۇ يىلى نەۋائىنىڭ بەلختە ھاكىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىنىسى
دەرۋىش ئەلى ئوردىدىكى مەجدىددىننىڭ رەزىل قىلمىشلىرىغا چىدى-
ماي ئىسيان كۆتۈرىدۇ . مەجدىددىن سۇلتان ھۇسەيىنگە بۇ ۋەقەدە
ئەلىشىر بەگنىڭ قولى بار دەپ تۆھمەت قىلىدۇ . نەۋائى بۇ تۆھمەتنى
يوق قىلىش ئۈچۈن سۇلتاننىڭ قوشۇنى بىلەن بەلخقە بېرىپ ئىسياننى
تىنچىتىدۇ .

شۇنىڭدىن باشلاپ ھۇسەيىن بايقارانىڭ ھاكىمىيىتى قاتتىق كرى-
زىس ئىچىدە قالىدۇ . شاھزادىلەر تەخت ۋارىسلىقىنى تالىشىپ تەرەپ
- تەرەپتىن ئىسيان قوزغايدۇ . بولۇپمۇ سۇلتان ھۇسەيىن بىلەن
ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بەدىئۇززامان مىرزا ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن نىزا
ۋە جەڭگى - جېدەللەر ئۇزاققىچە داۋاملىشىدۇ . نەۋائى ئاتا بىلەن بالا
ئوتتۇرىسىدىكى تىغ كۈرىشىنى توختىتىش ۋە ئۇلارنى ياراشتۇرۇشقا

① «بابۇرنامە»، 318 - بەت.



كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇنىڭدىن چوڭ نەتىجە
چىقمايدۇ . سۇلتاننىڭ ئامراق خوتۇنى خەدىچە بېگىم باش ۋەزىر
نىزامۇلمۇلك بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ، ئۆز ئوغلى مۇزەپپەر ھۇسەيىن-
نى تەخت ۋارىسى قىلىشقا كۈچەيدۇ . ئۇلار سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا-
نىڭ مەستلىكىدىن پايدىلىنىپ ، بەدىئۇززامان مىرزىنىڭ ئوغلى ،
سۇلتاننىڭ ئامراق نەۋرىسى - مۆمىن مىرزىنى قەتلە قىلىشقا قول
قويدۇرۇۋالىدۇ . سۇلتان مەستلىكىدىن يېشىلگەندە ، بۇ پەرماننى
قايتۇرۇۋېلىشقا كېچىكىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئوردىدىكى زىددىيەت تېخى-
مۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ .

نەۋائى كۆز ئالدىدىكى بۇ پاجىئەلەردىن قاتتىق ئازابلىنىدۇ .
سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنىڭ تەقدىرىدىن ئۈمىدسىزلىنى-
دۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە مىلادىيە 1492 - يىلى ئابدۇرەھمان جامىنىڭ
ۋاپات بولۇشى ئۇنىڭغا كۈچلۈك زەربە بولىدۇ . نەۋائى ھاياتىنىڭ
ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە سالامەتلىكى بارغانسېرى ناچارلىشىپ
كېتىدۇ . ئائىلىسىزلىك ۋە پەرزەنتسىزلىك ئازابى شائىرنىڭ غېرىب
ۋە مىسكىن كۆڭلىنى تېخىمۇ قىينايدۇ . نەۋائى زامانداشلىرىنىڭ
خاتىرىلىرىگە قارىغاندا ، شائىرنىڭ ئاخىرقى يىللاردا مىجەزىنىڭ تو-
لىمۇ نازۇكلىشىپ ، بىر ئىشلاردىن ئاسان رەنجىيدىغان ، ھەتتا ئەسە-
بىيلىشىدىغان بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم . ئەمما نەۋائى ئۆمرىنىڭ ئاخى-
رىدىكى قىيىن مەزگىللىرىدىمۇ ئىجادىيىتىنى توختىتىپ قويمىدى .
«لىسسانۇت تەير» ، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» ، «تارىخىي مۇلكى
ئەجەم» ، «مەھبۇبۇل قۇلۇب» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرىنى شۇ
يىللاردا يېزىپ تۈگەتتى .

مىلادىيە 1500 - يىلى يازدا سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئاسترابادتا
ئىسيان كۆتۈرگەن ئوغلى مۇھەممەد ھۇسەيىنگە قارشى قوشۇن تارتى-
دۇ . نەۋائى ھىراتتا قالىدۇ . سۇلتاننىڭ بۇ يۈرۈشى شۇ يىلى دېكا-
بىردا ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن سۈلھى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ .

سۇلتان ھۇسەيىن پايتەختكە قايتىدۇ . نەۋائى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىر توپ جامائەتنىڭ ھەمراھلىقىدا سۇلتاننىڭ ئىستىقبالىغا چىقىدۇ . يىراقتىن داقا - دۇمباقلار ساداسى ياڭراپ سۇلتاننىڭ مەپىسى كۆرۈنۈشى بىلەن نەۋائى ئالدىراش ئاتتىن چۈشىدۇ - يۇ ، بېشىنىڭ قېيىپ ، پۇت - قوللىرىدا ماغدۇر قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ . شائىر ئالدىغا بىرقانچە قەدەم ماڭمايلا يەرگە يىقىلىدۇ . شۇ يىقىلغىنىچە قايتا ھوشىغا كېلەلمەيدۇ . كېسەل سەكتىگە ئايلىنىپ ، ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ . بۇ دەل ھىجرىيە 906 - يىلى 12 - جامادىيەلئاخىر ، يەنى مىلادىيە ھېسابى بويىچە 1501 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىدى .

شۇنداق قىلىپ ھىرات شەھىرى ماتەم قايغۇسىغا چۆمدى .

پۈتكۈل خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ۋە سۆيۈملۈك كىشىسىدىن ئايرىلدى !

نەۋائىنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىدا باشتىن - ئاخىر ئۇنىڭدىن ئايرىلمىغان تارىخچى خاندەمىر قاتتىق قايغۇ ئىچىدە مۇنداق قۇرلارنى يازدى : « . . .مەھشەر كۈنى غوۋغاسى پۈتۈن يەر يۈزىنى چۇلغىدى ، ئەمىر ۋە ۋەزىرلەرنىڭ يىغا - زارى ، كاتتايۇ - كىچىكلەرنىڭ فەريادۇ - فىغانى ئاسماننىڭ ئەڭ يوقىرى ئەۋجىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى . سۇلتانى ساھىبقىران ۋە پادىشاھ خاندانىنىڭ بەزى ئەزالىرى تۇشمۇتۇشتىن يېتىپ كەلدى ۋە ئىززەت تەختىدىن ماتەم قايغۇسىغا چۆمۈپ يىغىغا چۈشتى . پەيغەمبەر سۈننىتىگە مۇۋاپىق مېيىتنى يۇيۇش ، كېپەنلەش مۇراسىملىرىنى ئادا قىلىشتى . جىمى خەلق رەھمەت ئىگىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا خىيابانغا قاراپ يول ئالدى . . . شۇ پەيتتە ھاۋا جەۋھىرى شاھۇ - گەداغا قوشۇلۇپ ، چەكسىز ياش قەترىلىرىنى ياغدۇردى ، بەلكى روھۇ - رەيھان بۇلۇتلىرى ئۆز تامچىلىرىنى ئۇنىڭ ئەرشتەك مۇئەززەم تاۋۇتى ئۈستىگە تۆكتى . ھىرات ھېيتگاھىدا جىنازا ئوقۇلدى . كېيىن ئەلىشىرنىڭ ئۆزى سالغان مەسجىدى جامائە يېنىدىكى ،



ئىلگىرى ياساپ قويۇلغان گۈمبەز ئىچىگە ئېلىپ كىرىلىپ دەپنە قىلىندى . ‹ئەي تۇپراق ، باغرىڭدا نېمە بارلىقىنى نەدىن بىلىسەن ؟› - ئاشۇ كېچىسى بۈيۈك سەئىدلەر ۋە ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئاشۇ قەبرە تۆپىسىدە تۈنەپ چىقتى . قارىيلار تاڭ ئاتقۇچە تىلاۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى . . . سۇلتان ساھىبقىران ئۈچ كۈنگىچە ئۇ ئەھلى دىللار باشلىقى (ئەلىشىر )نىڭ ئۆيىدە ماتەم تۇتۇپ ئولتۇردى . . . » .[1]

## نەۋائىنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسى

نەۋائىنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسى خۇددى ئۇنىڭ ھايات يولىغا ئوخشاشلا بىر مۇرەككەپ جەرياننى بېسىپ ئۆتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ 60 يىللىق ھايات كەچۈرمىشلىرى جەريانىدا 30 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يېزىپ ، مىلادىيە 15 - ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىنى يوقىرى پەللىگە كۆتۈردى ، شۇنداقلا بەدىئىي ئىجادىيەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قازاندى .

نەۋائى ئۆز ھاياتىدا ساپ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ، يەنى ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيەسى ، تىلشۇناسلىق ، تارىخ - تەزكىرە ، پەلسەپە ۋە تەرجىمە قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەرگە دائىر نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى . بۇلاردىن «خەزائىنۇل مەئانى» («چاھار دىۋان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) ، «خەمسە» ، «لىسسانۇت تەير» ، «ھىلالىيە» ، «تۆھفەتۇل ئەفكار» ، «ھەسبى ھال» قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ؛ «مەجالىسۇن نەفائىس» ، «مىزانۇل ئەۋزان» قاتارلىق ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلىرىنى ؛

① خاندەمىر : «مەكارىمۇل ئەخلاق» ، «نەۋائى زامانداشلىرى خاتىرىسىدە» ناملىق توپلامغا قاراڭ. (تاشكەنت، 1985 - يىل نەشرى)، 108~109 - بەت.

«خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن» ، «تارىخىي مۇلكى ئەجەم» ، «ھالاتى
سەئىد ھەسەن ئەردەشىر» ، «ھالاتى پەھلىۋان مۇھەممەد» ، «مۇنشىـ
ئات» ، «ۋەقفىيە» ، «تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۆكۇما» قاتارلىق تارىخ ۋە
تەزكىرە ئەسەرلەرنى ؛ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» قاتارلىق دىداكتىك ئەـ
سەرلەرنى ، شۇنداقلا بىر يۈرۈش تەرجىمە ئەسەرلەرنى كۆرسىتىپ
ئۆتۈش مۇمكىن . زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرمۇ نەۋائىنىڭ ئىجادىـ
يەت ھاياتى ئۈستىدە توختىلىپ ، مۇنداق باھالارنى يازغانىدى : «ئەلـ
شىر بەگ تەڭدىشى يوق ئادەم ئىدى . تۈركىي تىلدا شۇنداق شېئىرلار ـ
نى يېزىپتۇكى ، ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك كۆپ ھەم ياخشى يازغان ئەـ
مەس . ئالتە مەسنەۋى كىتاب نەزم قىلىپتۇ ، بەشى « خەمسە» تەقلىـ
دىدە تۈزۈلۈپتۇ ، بىرى « مەنتىقۇتتەير» ۋەزنىدە تۈزۈلۈپ « لىسا ـ
نۇتتەير » دەپ ئاتىلىپتۇ . « غەرائىبۇسسىغەر» ، «نەۋادىرۇششەباب»
، «بەدائىيۇلۋەسەت» ۋە «فەۋائىدۇلكىبەر» نامىلىرىدا تۆت غەزەلىيات
دىۋانى تۈزۈپتۇ . ياخشى رۇبائىياتىمۇ بار . بۇلاردىن باشقا يەنە بەزى
ئەسەرلىرى بار . لېكىن ئۇلار يۇقىرىقى ئەسەرلىرىگە قارىغاندا تۆۋەنـ
رەك ۋە سۇسراق يېزىلىپتۇ . ئەسەرلىرىنى مەۋلانە جامىغا تەقلىد
قىلىپ توپلاپتۇ . قىسقىسى ، ھەركىمگە ھەرخىل ئىشلار ئۈچۈن يازـ
غان خەتلىرىنى يىغىپتۇ . يەنە «مىزانۇلئەۋزان» ناملىق ئارۇز يېزىپـ
تۇ . بىراق ئۇنىڭ تەنقىدكە تېگىشلىك تەرىپى كۆپ . . . پارسىي
نەزمىدە «فانى» تەخەللۇسىنى قوللىنىپتۇ . بەزى بېيىتلىرى يامان
ئەمەس ، لېكىن كۆپچىلىكى سۇس ۋە تۆۋەندۇر . مۇزىكىدا ياخشى
نەرسىلەرنى يارىتىپتۇ . . . » .①

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ شېئىرىيەتكە بولغان قىزىقىشى ناھايىتى كىـ
چىك چاغلىرىدىلا باشلانغان . شائىر ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس»
ناملىق ئەسىرىدە ئۈچ — تۆت ياش چاغلىرىدا ئاتىسى ئۇيۇشتۇرغان

① «بابۇرنامە»، 319 ـ بەت.



مۇشائىرە ئولتۇرۇشلىرىدا قاسىم ئەنۋارىنىڭ بىر كۇپلېت پارسچە
غەزىلىنى يادقا ئوقۇپ كۆپچىلىكنى ھەيرەتتە قالدۇرغانلىقىنى ئىلغا
ئالىدۇ . نەۋائى تەخمىنەن 14 ـ 15 ياشلارغا كىرگەن چاغلىرىدىلا
ئۆزىنىڭ دەسلەپكى چۈچۈك شېئىرلىرى بىلەن تونۇلۇشقا باشلىغان .
مەشھۇر شائىر لۇتفى خېلى ياشىنىپ قالغان چاغلىرىدا ، نەۋائىنىڭ
قابىلىيىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن . تارىخچى خاندەمىر بۇ ھەقتە مۇنـ
داق مەلۇمات بېرىدۇ : «مەۋلانە لۇتفى سۆز لۇتفىدە يېگانەئى دەۋران
ئىدى . ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىم تۈركىي تىلدا شېئىرنى ئۇنىڭدىن
ياخشىراق ئېيتالمىغان . ئالىھەزرەت نەۋائى ئەمدىلا يېتىلىپ ، يىگىتـ
لىك دەۋرى باشلانغان پەيتلەردە ، بىر كۈنى لۇتفى خىزمەتىغە باردى .
لۇتفى : «نازۇك پىكىرلىرىڭىزنىڭ نەتىجىلىرىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن
بىر غەزەلنى ئوقۇش بىلەن بىزنى بەھرىمەن قىلسىڭىز» دەپ ، ئىلتىـ
ماس قىلدى . ئۇ ھەزرەت (نەۋائى ) بىر غەزەل ئوقۇدىكى ، ئۇنىڭ
مەتلەئى مانا بۇدۇر :

«ئارەزىن ياپغاچ كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەرلەھزە ياش ،
بۇيلەكىم پەيدا بولۇر يۇلتۇز نىھان بولغاچ قوياش .»

(ئۇ جامالىنى يوشۇرغاچ كۆزۈمدىن ھە دەپ ياشلار قۇيۇلىدۇ ،
بۇ گويا قۇياش پاتقاندا يۇلتۇز پەيدا بولغانغا ئوخشاش ئەھۋال )

مەۋلانە جانابلىرى بۇ ئۇتلۇق غەزەلنى ئىشتىش بىلەن ھەيرەت
دېڭىزىغا چۆمۈپ ، شۇنداق دېدى : «ۋەللاھ ، ئەگەر مۇيەسسەر بولسا
ئىدى ، ئۆزۈمنىڭ ئون ئىككى مىڭ پارسىي ۋە تۈركىي بېيىتىمنى شۇ
غەزەلگە تېگىشەر ئىدىم ۋە بۇ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى چوڭ
مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلار ئىدىم» .①

نەۋائى يىگىتلىك چاغلىرىدىن تارتىپ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىـ
چە زور ئىجتىھات بىلەن كۆپلىگەن لىرىك ئەسەرلەرنى يازدى . كېـ

① خاندەمىر: «مەكارىمۇل ئەخلاق»، 45 ـ 46 ـ بەتلەر.

يىنچە ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق لىرىك شېئىرلىرىنى توپلاپ «خەزائىنۇل مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) نامى بىلەن دىۋانلار تۈزدى. شائىرنىڭ تۈركىي تىلىدا يازغان لىرىك شېئىرلىرى جەمئىي 44 مىڭ 901 مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلار تۆت دىۋانغا ئايرىلغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «چاھار دىۋان» دەپ ئاتاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا شائىرنىڭ پارس تىلىدا يازغان بىرمۇنچە غەزەللىرى «دىۋان فانى» نامى ئاستىدا ئايرىم توپلانغان. بۇلارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا نەۋائىنىڭ لىرىك غەزەللىرىنىڭ 50 مىڭ مىسرادىن ئاشىدىغانلىقى مەلۇم.

«خەزائىنۇل مەئانى» نەۋائىنىڭ ياش ۋاقتىدا تۈزگەن، ئىككى دىۋانغا كېيىن يازغان لىرىك شېئىرلىرىنى قوشۇپ جۇغلىغان چوڭ تىپتىكى غەزەللەر توپلىمى بولۇپ، شائىر 50 ياشتىن ئاشقان چاغلىرىدا رەسمىي تۆت دىۋان قىلىپ تۈزۈلگەن. شائىر مەزكۇر دىۋاننى تۈزۈشتە شەرق ئىسلام شېئىرىيىتىدىكى دىۋان تۈزۈش ئەنئەنىسىدىن ئىجابىي يوسۇندا پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ تۈركىي تىلىدىكى لىرىك شېئىرلىرىنى ۋاقىت ۋە مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن تۆت دىۋانغا ئايرىغان ھەمدە ھەربىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم نام بەرگەن.

ئەلىشىر نەۋائىي ئىنسان ئۆمرىنى بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىگە تەتبىقلاپ، ئۆز ھاياتىدا يازغان لىرىك شېئىرلىرىنى مۇنداق قانۇنىيەت بويىچە تۆت دىۋانغا ئايرىپ چىققان: يەتتە ـ سەككىز ياشتىن يىگىرمە ياشقىچە بولغان دەۋرىنى «بالىلىق چاغلىرى» دەپ ئاتاپ، ئۇنى «ئۆمۈر پەسىللىرىنىڭ نەۋباھارى ۋە ھايات گۈلشەنىنىڭ گۈلزارى» دەپ تەرىپلىگەن ھەمدە بۇ مەزگىلگە بېغىشلىغان شېئىرلىرىنى «غەرايىبۇس سىغەر» (بالىلىق غارايىبلىرى) دىۋانىغا كىرگۈزگەن؛ يىگىرمە ياشتىن ـ ئوتتۇز بەش ياشقىچە بولغان دەۋرىنى «يىگىتلىك زامانى» دەپ ئاتاپ، ئۇنى «ئۆمرىنىڭ ياز پەسلى ۋە يىگىتلىك بۇلدىقى» دەپ سۈپەتلىگەن ھەمدە مۇشۇ مەزگىلدىكى شېئىرلىرىنى «نەۋادىرۇش شەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى) دىۋانىغا توپلىغان؛ ئوتـ



تۇز بەش ياشتىن ـ قىرىق بەش ياشقىچە بولغان دەۋرىنى «ئوتتۇرا ياشلىق كۈنلىرى» دەپ قىياس قىلىپ، ئۇنى «ئۆمۈرنىڭ خازان پەسلى، يەنى تىرىكلىك بېغىنىڭ يوپۇرماق تاشلايدىغان چېغى» دەپ تەرىپلەيدۇ ھەمدە مۇشۇ مەزگىلگە بېغىشلىغان شېئىرلىرىنى «بەدائىيۇل ۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى) دىۋانىغا كىرگۈزىدۇ؛ قىرىق بەش ياشتىن ئاتمىش ياشنىڭ ئەتراپىغىچە بولغان دەۋرىنى «ئۆمۈرنىڭ قىش پەسلى» دەپ ئاتاپ، ئۇنى ئىنساننىڭ ئەدەم (يوقلۇق) يولىغا كىرىپ، زامان ئەھلى بىلەن خەيرلىشىدىغان ۋاقتى دەپ تەرىپلەيدۇ ھەمدە بۇ ھەقتە دۇئا تەرىقىسىدە يازغان شېئىرلىرىنى «فەۋائىدۇل كىبەر» (قېرىلىق پايدىلىرى) دىۋانىغا توپلايدۇ.

مەزكۇر دىۋان يەنە شەرق ئەدەبىياتىدىكى دىۋان تۈزۈش ئەنئەنىسى بويىچە، ھەربىر دىۋانغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ قاپىيىلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەر تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن. «چاھار دىۋان» دىكى شېئىرلار غەزەل، مەسنەۋى، قەسىدە، رۇبائىي، قىتئە، ساقىنامە قاتارلىق ئارۇز ۋەزنىنىڭ 16 خىل ژانىرىدا يېزىلغان.

«خەزائىنۇل مەئانى»غا كىرگۈزۈلگەن لىرىك شېئىرلارنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، شائىر نىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئادالەت قاراشلىرى، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق نۇقتىئىنەزەرلىرى، شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ ھايات ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. شائىرنىڭ ئىددىيىسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى غەزەللەردىكى «ئىشق» ماۋزۇسىغا يانداشقان ھالدا سىمۋوللۇق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن يۈكسەك شېئىرىي كەڭلىكتە ئىپادە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋائىي ئۆزىنىڭ لىرىكىلىرىدا تۈركىي ۋە پارس شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، شېئىرىي تىل ئىمكانىيەتلىرىنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەنىلەرنى ئىپادىلەشتىكى چەكسىز

مۇمكىنچىلىكىنى نامايان قىلىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز دەۋرىنىڭ
رېئاللىقىغا ھەمنەپەس بولغۇچى شائىر سۇپىتىدە ئۆزىنىڭ ئىلغار
ئىجتىمائىي غايىلىرىنى ، ئاۋام خەلقىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ، شۇ-
نىڭدەك مىلادىيە 15 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتىنىڭ
رېئال مەسىلىلىرىنى دادىللىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرىدۇ . مۇشۇ مەنى-
دىن ئېيتقاندا ، «خەزائىنۇل مەئانى» نامى ئاستىدا توپلانغان نەۋائى
لىرىكىلىرى ئۆزىنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇنى ۋە يۇقىرى بەدىئىي
مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن شائىر ئىجادىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك
قىلىدۇ .
مىلادىيە 1483 ـ يىلدىن 1485 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا نەۋائى
ئۆزىنىڭ چوڭ تىپتىكى داستانلار توپلىمى «خەمسە»نى يېزىپ چىقتى
ھەمدە زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى .
نەۋائى دەۋرىگە قەدەر ، شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىدا «خەمسە»
يېزىش دولقۇنى مۇھىم بىر ئەنئەنىگە ئايلانغانىدى . «خەمسە» ئەرەب
تىلىدىكى «بەش ، بەشلىك» سۆزىدىن كېلىپ چىققان ئاتالغۇ بولۇپ ،
ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتىدا ئەنئەنىۋى سۇژىتلارغا ئىگە مۇستە-
قىل بەش داستاندىن تەركىب تاپقان توپلام «خەمسە» دەپ ئاتىلاتتى .
مىلادىيە 12 ـ ئەسىردە ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى پارس
تىلىدا بەش داستاندىن تەركىب تاپقان تۇنجى «خەمسە»نى يېزىپ
چىقتى ھەمدە زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى . شۇنىڭدىن باشلاپ شەرق-
تىكى ئاتاقلىق شائىرلار ئارىسىدا نىزامىنىڭ «خەمسە»سىگە تەقلىد
قىلىپ «خەمسە» يېزىش ياكى ئۇنىڭدىكى ئايرىم داستانلارغا نەزىرە
يېزىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى . شائىرلار ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى
ۋە قەلەم قۇۋۋىتىنى «خەمسە» يېزىش ئارقىلىق ئۆلچەيدىغان ۋە
سىنايدىغان بولدى . نىزامىدىن كېيىن شەرقتىكى كۆپلىگەن شائىرلار
«خەمسە» يازغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى نىزامىنىڭ
بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىگە يېتەلمىدى . مىلادىيە 14 ـ ئەسىرگە كەل-



گەندە شىمالىي ھىندىستاندا ياشىغان مەشھۇر شائىر ئەمىر خىسراۋ
دېھلىۋى نىزامىنىڭ يولىدىن مېڭىپ ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا «خەم-
سە» يېزىپ چىقتى .
نەۋائى دەۋرىگە كەلگەندە شەرق ئەدەبىياتىدا خەمسەچىلىك ئەنئە-
نىسى خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى ھەمدە «خەمسە» يېزىش-
تا مول تەجرىبىلەر جۇغلاندى . نەۋائىنىڭ زاماندىشى ۋە ئۇستازى ،
پارس ۋە تاجىك مۇتەپەككۇرى ئابدۇرەھمان جامى نەۋائىدىن سەل
بالدۇرراق «خەمسە» يېزىشقا تۇتۇش قىلدى . جامى دەسلەپتە «خەم-
سە» چىلىك ئەنئەنىسى بويىچە بەش داستان يېزىپ چىقتى . كېيىن
يەنە ئۇنىڭغا باشقا ئىككى داستانىنى قوشۇپ «يەتتىلىك» كە يەتكۇزدى
ھەمدە ئۇنىڭغا «ھەفت ئەۋرەڭ» (يەتتە خەزىنە ) دەپ نام بەردى .
نەۋائى ئۆزىنىڭ تۈركىي تىلىدىكى «خەمسە» سىنى يېزىشتا
ئۇستازى ئابدۇرەھمان جامىنىڭ كۈچلۈك مەدەت بېرىشىگە ئېرىشتى ،
شۇنداقلا شەرق ئەدەبىياتىدىكى «خەمسە»چىلىك ئەنئەنىسىنىڭ مول
تەجرىبىلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى . نىزامى ، ئەمىر خىسراۋ دېھ-
لىۋى قاتارلىق مەشھۇر خەمسەنەۋىسلەر ( «خەمسە يازغۇچىلار» ) نى
ئۆزىنىڭ غايىۋى ئۇستازى ھېسابلىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ
، تۈركىي تىلدا «خەمسە» ياراتماقچى بولدى .
نەۋائىغىچە بولغان «خەمسە» داستانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك
پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ ، پارس تىلىدا ئەسەر يېزىش بىرقەدەر
مودىغا ئايلانغانىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆز دەۋرىدە «خەمسە»نى پەقەت
پارس تىلى بىلەنلا يازغىلى ۋە بەدىئىي يۇكسەكلىككە يەتكۈزگىلى
بولىدۇ ، تۈركىي تىلى بىلەن «خەمسە» يارانقىلى بولمايدۇ ، دېگەن
قاراش بار ئىدى . شۇڭا نەۋائى يۇكسەك ئىشەنچ بىلەن تۈركىي تىلىد-
مۇ «خەمسە» يارانقىلى ۋە بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ
دەپ قارىدى ۋە قولىغا قەلەم ئالدى .
شۇنداق قىلىپ ، نەۋائى ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە

(ئەمەلىي قەلەم تەۋرەتكەن ۋاقتىنى ھېسابلىغاندا ئالتە ئاي ) تۈركىي
تىلى بىلەن 53 مىڭ مىسرالىق داستانلار توپلىمى — «خەمسە»نى
يېزىپ چىقتى ھەمدە زور شۆھرەت قازاندى . ئابدۇرەھمان جامى ئۆز
دەۋرىدىلا نەۋائىنىڭ تۈركىي «خەمسە»سىگە يۇقىرى باھا بېرىپ :
«نەۋائىنىڭ تۈركىي تىلى بىلەن « خەمسە» يېزىشى پارسگۇيلار ‹
پارس تىلىدا ئەسەر يازىدىغانلار › ، ئۇچۇن زور بەختتۇر . ئەگەر نەۋائى
ئۆز ‹خەمسە › سىنى پارسچە يازغان بولسا ئىدى ، بىزلەرگە سۆز
ئېيتىشقا ماجال قالمىغان بۇلاتتى»[①] دەپ يازىدۇ .

نەۋائىنىڭ «خەمسە»سى شەرق ئەدەبىياتىدىكى خەمسەچىلىك تا-
رىخىدا بۈيۈك بىر ئابىدە بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە مىلادىيە 15 -
ئەسىر تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى ھاسىل قىل-
دى . نەۋائىدىن كېيىن كۆپلىگەن تۈركىي تىللىق شائىرلار نەۋائىنى
ئۇستاز ھېسابلاپ ، ئۇنىڭ «خەمسە»سى ۋە «خەمسە» تەركىبىدىكى
ئايرىم داستانلارغا تەقلىد قىلىپ نەزىرەلەر يازدى . «خەمسە» تەركى-
بىدىكى ئەنئەنىۋى مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ سۇژىتلىرىنى يېڭىچە
ۋارىيانتلار بىلەن بېيىتتى ۋە ئاممىبابلاشتۇردى .

نەۋائى «خەمسە»سىنىڭ بىرىنچى داستانى «ھەيرەتۇل ئەبرار»
بولۇپ ، جەمئى 63 ماقالات 7946 مىسرادىن تۈزۈلگەن . داستاندا
شائىرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ، ئىجتىمائىي غايىسى ۋە ئىنسان ،
جەمئىيەت ، دۆلەت ، ئادالەت ، ئەدەپ - ئەخلاق ھەققىدىكى قاراشلىرى
شەرق شېئىرىيىتىگە خاس دىداكتىك (پەند - نەسىھەت ) ئۇسلۇب
ۋە مەسەل قىلىش يولى بىلەن بايان قىلىنغان . مۇنداقچە ئېيتقاندا
«ھەيرانتۇل ئەبرار» داستانى شائىرنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىجتىمائىي
پائالىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ .

«خەمسە»نىڭ ئىككىنچى داستانى «پەرھاد - شېرىن» ، ئۇچىن-

---

① ئىززەت سۇلتان:«نەۋائىنىڭ قەلب دەپتىرى»،327 - بەت.



چى داستانى «لەيلى - مەجنۇن» ، تۆتىنچى داستانى «سەبەئى -
سەييارە» قاتارلىقلار خەمسەچىلىكتىكى ئەنئەنىۋى مۇھەببەت سۇژىت-
لىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ ، نەۋائىنىڭ «خەمسە»سى ئىچىدىكى
بەدىئىي سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى ، ئىجادىي مۇۋەپپەقىيىتى ئەڭ چوڭ ،
سېھرىي كۈچى ئەڭ كۈچلۈك ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ . نەۋائى داستان-
لارنى يېزىشتا ئالدى بىلەن شەرقتىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى-
دا تارقىلىپ يۈرگەن ئاشىق - مەشۇقلار ھەققىدىكى مۇھەببەت ھېكا-
يىلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن ۋە ئۇلارنىڭ سۇژىتلىرىدىن ئىجادىي
ئۆرنەك ئالغان . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسى-
دا تارقىلىپ يۈرگەن ئاشىق - مەشۇقلار ھەققىدىكى يەرلىك ۋارىيانت-
لارنىمۇ ئەسەر سۇژىتىغا ئۇستىلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ ، ھەم
دۇنياۋى ھەم مەھەللىۋى پۇراققا ئىگە تۈركىي مۇھەببەت داستانلىرى-
نىڭ يۇقىرى ئۈلگىسىنى ياراتتى . «پەرھاد - شېرىن» داستانىدا
قولغا كەلگەن ئاجايىپ يۈكسەك بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتمۇ دەل شۇنىڭ
جۇملىسىدىندۇر .

نەۋائى «خەمسە»سىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى داستانى «سەددى ئىسكەن-
دەر»، بولۇپ ، شائىر شەرق ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان ئىسكەندەر
زۇلقەرنەين (ئالېكساندىر ماكېدونىسكى )نىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى
ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ، ئۆزىنىڭ سى-
ياسىي ۋە ئىجتىمائىي غايىسىنى ئىپادە قىلغان . شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا ، ئىسكەندەر ھەققىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا يەرلىك سۇژىتلىرىدىن
ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ، ئۆزىنىڭ شەرقچە ئۇتوپىك جەمئىيەت
غايىسىنى ئىسكەندەر سېپىلىغا مۇجەسسەملەشتۈرگەن .

نەۋائى ئۆزىنىڭ ساپ بەدىئىي ئەسەرلىرىدىن باشقا ئىجتىمائىي
پەنلەرنىڭ كۆپلىگەن ساھەلىرىدە يىرىك ئەسەرلەرنى يازدى . ئۇنىڭ
«خەمسە»دىن كېيىن يازغان يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «تارىخىي مۇل-
كى ئەجەم» (ئىران شاھلىرىنىڭ تارىخى )دۇر . بۇ ئەسەر مىلادىيە

1488 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ ، تارىختىن بۇيانقى ئىران شاھلىرىنىڭ
خرونىكىسىنى تۇرغۇزۇپ چىققان . ھەربىر پادىشاھنىڭ تەرجىمىھالد-
دىن باشقا ، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرى ۋە خاتالىقلىرىغا باھا بەرگەن ھەمدە
ئىران تارىخىنىڭ دەسلەپكى سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ چىققان . نەۋا-
ئى بۇ ئەسەرنى يېزىشتا «تارىخىي تەبەرى» بىلەن ئوبۇلقاسىم فىر-
دەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىدىن ئۆرنەك ئالغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ . نەۋا-
ئى يەنە ئىران شاھلىرىنىڭ رويخېتىنى تۇرغۇزغان چاغدا ، ئۇلارنىڭ
ئوتتورا ئاسىيادىكى تۈركىي ـ تۇرانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ
بايان قىلىدۇ .
نەۋائى يەنە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەدەبىياتشۇناسلىق ۋە سەنئەت
نەزەرىيىسىگە دائىر ئەسەرلەرنىمۇ يازدى . بۇلاردىن «مىزانۇل ئەۋ-
زان» (ۋەزىن مىزانلىرى ) ۋە «ئارۇز تۈركىي» قاتارلىق ئەسەرلىرى
زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگىدۇر . ئۇنىڭدىن باشقا شائىر نىڭ مىلادىيە
1491 ـ يىلى يازغان «مەجالىسۇن نەفائىس» (گۈزەللەر مەجلىسى )
ناملىق ئەسىرى ئۆز ئىلمىي قىممىتى بىلەن نەۋائى ئىجادىيىتىدە
ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ . بۇ ئەسەردە شائىر ئۆزىدىن بۇرۇن ياشىغان
ۋە ئۆزىگە زامانداش بولغان 458 نەپەر شائىر ۋە ئەدىب ھەققىدە
مەلۇمات بېرىدۇ . نەۋائى ھەربىر ئەدىب ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇلارنىڭ
مىجەز ـ خۇلقى ۋە قىسقىچە تەرجىمىھالىدىن باشقا ، ۋەكىللىك شې-
ئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر كەلتۈرىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە
كونكرېت باھا بېرىدۇ . بەزى جايلاردا شېئىر ئىجادىيىتىگە ئائىت
بەزى نەزەرىيە ۋە قانۇنىيەتلەرنىمۇ قىسقىچە بايان قىلىدۇ . قىسقىسى ،
نەۋائىنىڭ بۇ ئەسىرى ئەينى چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىي
ھاياتى ھەمدە پارس ۋە تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋا-
لىنى چۈشىنىشتە ، تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .
نەۋائىنىڭ مىلادىيە 1499 ـ يىلى يازغان «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتە-
يىن» (ئىككى تىل مۇنازىرىسى ) ناملىق ئەسىرى تىلشۇناسلىقتا بې-



غىشلانغان مۇھىم ئەسەردۇر . شائىر ئەسەردە پارس تىلى بىلەن
تۈركىي تىلىنى فونېتىكا ، لېكسىكا ۋە گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىك-
لەر ھەمدە بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئىپادە مۇمكىنچىلىكى نۇقتىسىدىن
تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ ، تۈركىي تىلىنىڭ ئەۋزەللىك تەرەپلىرىنى
كۆرسىتىدۇ ھەمدە تۈركىي تىلىدىمۇ پارس تىلىغا ئوخشاشلا گۈزەل
ئەسەرلەرنى ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ . شائىر ئەسەرنىڭ
ئاخىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ : «مەن تۈركىي خەلقىنىڭ خۇش تىللىرىغا
بۈيۈك بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بەردىم . ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئۆز
تىلىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلدى ۋە پارسگۈيلارنىڭ تىل جەھەتتىكى
تاپا ـ تەنىلىرىدىن قۇتۇلدى . ئۇلار مېنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن
بۇ يوشۇرۇن ئىلمنى يورۇقلۇققا چىقارغانلىقىمنى بىلگەندە ، ئۇلار-
دىن ئۈمىدىم شۇكى ، پېقىرنى خەيرلىك دۇئالىرىدا ئەسلەپ قويسا ۋە
روھىمنى شاد قىلسا» . ①
دەرۋەقە ، نەۋائى بۇ ئەسىرى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىدىكى پارس
تىلىدا ئەسەر يېزىشنى چوڭ بىلىدىغان ، پارس تىلىغا قارىقويۇق
چوقۇنىدىغان ئەھۋال ئاستىدا تۈركىي تىلىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى
ئىمكانىيىتىنى كۆرسىتىپ بەردى ۋە تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ تەقدىرى
ئۈستىدە ئويلاندى .
مىلادىيە 1499 ـ يىلى نەۋائى كىچىكىدىن باشلاپ قەلبىگە
پۈكۈپ كەلگەن ، تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى بايان قىلىنغان مۇھىم ئەسى-
رى «لىسسانۇتتەير» (قۇشلار تىلى )نى يېزىپ چىقتى . شائىر خۇددى
مەزكۇر ئەسەرنىڭ باش قىسمىدا تەكىتلىگەندەك ، بالا چاغلىرىدا مەش-
ھۇر تەسەۋۋۇپچى شائىر پەرىدىدىن ئەتتار (مىلادىيە 1145 ـ 1229 )
نىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى قۇشلار تىلى ئارقىلىق بايان قىلغان «مەن-
تىقۇت تەير» (قۇشلار نۇتقى )ناملىق ئەسىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە

① نەۋائى: «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» 53 ـ بەت.

ئۆچرايدۇ . ئۇ بۇ خىل تەسىرنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ ھەمدە ئۆزىمۇ مۇشۇنداق بىر ئەسەرنى يېزىشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ . ئەڭ ئاخىرى ئۆمرىنىڭ خاتىمىسىدە بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىقىدۇ . شائىر داستاندا مەسەل ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ، بىر توپ قۇشلارنىڭ ھۆپۈپ-نىڭ باشچىلىقىدا جاپالىق سەپەرنى بېسىپ قۇشلارنىڭ پادىشاھى سۇ-مۇرغنى ئىزدەش جەريانىنى تەسۋىرلەيدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنى بايان قىلىدۇ .

نەۋائىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ، يەنى مىلادىيە 1500 - يىلى ئۆزى-نىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەسىرى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» (كۆڭۈللەر دوس-تى) ناملىق نەسرىي ئەسىرىنى يازىدى . بۇ ئەسەر شائىرنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ھايات مۇساپىسىنىڭ يەكۇنى ، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ جۇغلانمىسى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ . نەۋائىي ئەسەردە ئۆزىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ .

«گاھى تاپتىم فەلەكتىن نەتاۋانلىق ،
گاھى كۆردۇم زاماندىن كامرانلىق .
بەسى ئىسسىغ - ساۋۇغ كۆردۇم زاماندا ،
بەسى ئاچىغ - چۈچۈك تاتتىم جاھاندا .»

نەۋائىي بۇ ئەسەردە مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىدىكى ماقالاتچىلىق-نىڭ ئەنئەنىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ فولكلور ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مەسەل ۋە ھېكمەتلىك ھېكايەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھايات قارىشى ، ئىجتىمائىي ئەخلاق چۈشەنچىلىرى ۋە ئىنسانىي ھېس - تۇيغۇلىرىنى بايان قىلىدۇ . «مەھبۇبۇل قۇلۇب» نىڭ تىلى ئاددىي ، مەزمۇنى چوڭقۇر ، ئۇسلۇبى ئاممىباب بولغاچقا ، ئاۋام خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان . بەزى باياد-لىرى خەلق ماقال - تەمسىللىرى ۋە ھېكمەتلىك ھېكايەتلەرگە ئايلى-نىپ كەتكەن .



يىغىنچاقلىغاندا ، ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ مول ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ئەسەرلىرى ، ئىلغار گۇمانىزملىق ئىدىيىسى ۋە ئىجتىما-ئىي غايىلىرى بىلەن مىلادىيە 15 - ئەسىر تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىلى بولۇپ قالدى .

## نەۋائىينىڭ ئەدەبىي - پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭ غايىۋى مەنبەلىرى

ئەلىشىر نەۋائىي تۈركىي تىللىق خەلقلەر شېئىرىيىتىدە يۈكسەك پەللە ياراتقان بىر شائىرلا بولۇپ قالماستىن ، بەلكى يەنە ئۆز ئالدىغا پەلسەپىۋى چوڭقۇرلۇق ياراتقان مۇتەپەككۇر ئىدى . ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۆز دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇرا-سان خەلقلىرىنىڭ ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن كۆپ قىرلىق ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆتۈرۈلگەن مەدەنىيەت ئويغىنىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن تەسەۋۋۇپ پەلسە-پىسى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى . شۇڭلاشقا نەۋائىي دۇنيا قارىشى-نىڭ ئىدىيە مەنبەلىرى ۋە ئىجتىمائىي يىلتىزى ناھايىتى چوڭ تېما بولۇپ ، مۇرەككەپ ۋە كۆپ قاتلاملىق جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . يىغىنچاقلىغاندا ، ئۇنى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىن شەرھلەش مۇمكىن .

بىرىنچى ، نەۋائىي پەلسەپىسىنىڭ يادروسى ئەڭ ئالدى بىلەن ئىسلام تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان . مەلۇمكى ، تەسەۋۋۇپ (سوپىزم) ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ، نەۋائىي دەۋرىگىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇرەككەپ ۋە ئەگرى - توقاي بولغان تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋائىي ياشىغان دەۋردە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم ئېقىملىرىدىن بىرى بولغان نەقشىبەندىيە تەرىقىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا راسا گۈللىنىش باسقۇچىدا تۇراتتى . نەۋائىينىڭ ئۇستازى

ئابدۇرەھمان جامى (مىلادىيە 1414 ـ 1492 ) ۋە ئۇنىڭ ئۇستازى
سەئىددىدىن قەشقەرى قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەۋج
ئالغان نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ھىراتتىكى مەشھۇر ۋەكىللىرى ئى-
دى . بولۇپمۇ جامى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ پىرلىرىدىن بىرى بو-
لۇپ ، ئىدىيە جەھەتتىن ياش ئەلىشىرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەند-
دى . نەۋائى ئۆز ھاياتىدىكى ئۇستازلىرى ئىچىدە جامىنى ئالاھىدە
ئورۇنغا قويغان بولۇپ ، ئۇنىڭ تەسىرىدە نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە كىر-
گەنلىكى مەلۇم .
يەنە بىر تەرەپتىن نەۋائى بالىلىق چاغلىرىدىلا مەشھۇر پارس
شائىرى ۋە مۇتەپەككۇر پەرىدىددىن ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى
قۇشلار تىلى بىلەن بايان قىلغان «مەنتىقۇتتەير » (قۇشلار نۇتقى ) نام-
لىق ئەسىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى . ئۇ بۇ تەسىرنى
ئۆمۈر بويى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ . ئاخىرى ئۆزىمۇ 60 ياشقا
يېقىنلاشقاندا قولىغا قەلەم ئېلىپ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى
مۇجەسسەملەشكەن ئەسىرى «لىسانۇتتەير » (قۇشلار تىلى )نى يېزىپ
چىقىدۇ . شائىر بۇ ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ : «بۇ ھادىسە زادى
كاللامدىن چىقمايدۇ . بالىلىق چاغلىرىم ئىدى . مەدرىسىدە ئوقۇۋاتات-
تىم . بالىلار ھەر تەرەپتىن كىلىپ ئۇستازنىڭ زورى بىلەن ساۋاق
تەكرارلايتتى . . . بۇ چاغدا مىنىڭ بۇ ھەۋەسكار تەبىئىتىم ‹ مەنتى-
قۇتتەير › نى ئوقۇشقا ھېرىسمەن بولۇپ قالدى . ئەس يادىم بۇنى
تەكرارلاش بىلەن بولدى . خاتىرەم شۇ ئارقىلىق تەسكىن تاپاتتى .
ساددا كۆڭلۈم ئۇنىڭدىن مەدەت ئېلىشقا باشلىدى . تەبىئىتىم بۇ ئە-
سەردىكى سۆزلەرگە شەيدا بولۇپ قالغاچقا ، يەنە باشقا سۆزلەرگە
مايىللىق كۆرسەتمىدى . بۇ ئەسەردىكى ئاجايىپ ھېكمەتلەرگە ، قۇش
تىلى بىلەن ئېيتىلغان كىنايىلەرگە ئادەتلىنىپ قالدىم . ئۇنىڭدىكى
ھەربىر سۆزدىن تەبىئىتىم يايراپ مۇرادىمنى تاپاتتىم . ئۇنىڭ زەۋقى
مېنى ناھايىتى خۇشال قىلاتتى . ئۇنىڭ شەرھلىرى مېنى ھەيرانلىق



ئىچىدە لال قىلاتتى . مېنىڭ بۇ ھالىتىمگە تەبىئىتىم ئۇستاز بولماق-
تا ، بۇ كىتابقا بولغان ئېتىقادىم كۈنسېرى ئاشماقتا ئىدى . شۇ
تۇپەيلىدىن مەن خالايىق بىلەن بولغان ئۇلپەتچىلىكتىن قاچىدىغان
بولۇپ قالدىم . بۇ كىتاب مېنىڭ خىلۋەتتىكى ئەڭ يېقىن سىرداشىم
بولۇپ قالدى . بارا ـ بارا كىشىلەرنىڭ ياشاش ئادەتلىرى ۋە سۆز
ـ ھەرىكەتلىرىدىن تەبىئىتىمگە مالاللىق يېتىدىغان بولۇپ قالدى .
ئىشق مېنى شەيدا قىلدى . ‹خىلۋەت ئىشىكىنى ئاچاي ، بۇ ئالەمنىڭ
بىمەنە كىشىلىرىدىن قاچاي › دېگەن ئويغا كەلدىم .
بالىلار مەندىكى بۇ ھالەتنى كۆرۈپ سۇرەن ـ چۇقان سېلىشقا
باشلىدى . ئۇلارنىڭ غەلۋە ـ غوۋغىلىرى ئاتا ـ ئانامنىڭ قولىقىغا
ئاڭلاندى . ئۇلار بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ۋەھىمىگە چۈشتى .
ئۇلار : ‹ بۇ كىتابتىكى ئوتلۇق سۆزلەر بىلەن پەرزەنتىمىزنىڭ خام
تەبىئىتى تەلۋىلىككە قاراپ يۈزلىنىشى مۇمكىن . شۇنداق بولۇپ قال-
سا ، ئۇ تەقۋادارلىقتىن ۋە سالاھىيەتتىن باش تارتىدىغان ھالەتكە
بېرىپ يېتىدۇ › دەپ كىتابىمنى يوشۇرۇپ قويۇشتى . ئۇنى ئوقۇش-
تىن كۆڭلۈمنى ياندۇردى . ‹ مەنتىقۇتتەير › ھەققىدە تۈرلۈك پەند
ـ نەسىھەتلەرنى قىلىپ ، ئۇ كىتاب بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن مېنى
پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلدى .
ئارىدىن بىرنەچچە مۇددەت ئۆتتى . ئاتا ـ ئانامنىڭ كۆڭلى مې-
نىڭ بۇ ئەھۋالىمدىن خاتىرجەم بولۇپ تىنچلاندى . لېكىن بۇ ئەسەر
مېنىڭ يادىمدا قېپقالغانىدى . ئۇنى ھەمىشە مەخپىي ھالدا تەكرارلاپ
يۈرەتتىم . كۆڭلۈم دائىم قۇش تىلى بىلەن سىرداش ئىدى . ئۇنىڭدىن
باشقا سۆزگە مەيلىم يوق ئىدى .
ۋاقتىكى مەن تۈركىي شېئىرىيەتتە بايراق كۆتۈرۈپ چىقىپ ، بۇ
مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، ھەممىسىنى بىر قەلەم ئاستىغا
ئالدىم . تۆت دىۋان بىلەن بەش خەزىنە (يەنى چاھار دىۋان دەپ ئاتالغان
‹خەزائىنۇل مەئانى › ) بىلەن ‹خەمسە › نى ھېچقانچە قىينالمايلا قولغا

كەلتۇردۇم . يازغان نەزمىي ۋە نەسرىي ئەسەرلىرىم تەخمىنەن يۈز مىڭ بېيىت دەپ قىياس قىلاتتىم .

شېئىرىيەت ساھەسىدە شۇنچە مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بارغان بولسامۇ ، بىر خىيال زادىلا كاللامدىن چىقمايتتى . يەنى ‹تەڭرى مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلسا ، بۇ دەپتەر ( ‹مەنتىقۇتتەير › ) نى تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن يېزىپ چىقسام › دېگەن ئارزۇ كۆڭلۈمدە هامان ساقلىنىپ كەلدى . بىراق بۇ مۇشكۇل ئىش بولۇپ ، مەن ئۇنى بېجىرىشكە ئاجىز ئىدىم . شۇ تۈپەيلىدىن قەلەمگە قول ئۇزىتالماي كەلگەنىدىم .

مەن ئاقىۋەت شۇنى ھېس قىلدىمكى ، ئۆمرۈم تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ . مەن بۇ كىتابنى يازالماي ئۆلۈپ كەتسەم ، بۇ ئالەمدىن شۇ ئارمان بىلەن ، ياق ، بەلكى ئاشۇنداق ئوتتا ئۆرتىنىش بىلەن كېتىپ قالىمەن .

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمرۈم ئاتمىشقا قەدەم قويغاندا ، قۇش تىلىنى شەرھلەش ئۈچۈن قەلەم ئۇچلىدىم . . . » ①

مانا بۇ نەۋائىنىڭ ئاددىي ھالدىكى بىر ئەسىرىنىڭ يېزىلىش تارىخىلا ئەمەس ، بەلكى شائىرنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىش ، تەرەققىي قىلىپ ئۇلغىيىش ۋە ئەڭ ئاخىرى گۈزەل پىكىرلەرنىڭ ئانا تىل ئىمكانىيىتىنىڭ چەكسىز ئىپادە مۇمكىنچىلىكىدە يورۇقلۇققا چىقىش جەريانىدۇر . بىز بۇنىڭدىن نەۋائىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە پەلسەپە ئىدىيىسىدە تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىلىرىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز .

ئىككىنچى ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۈيۈك پەيلاسوپ ۋە ئەللامىلىرىدىن پارابى ، ئىبنى سىنا ، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى قاتارلىقلارنىڭ ئىنسان ، مەۋجۇدىيەت ، ئالەم ، ئەقىل ، بىلىم ، ئەخلا-

① نەۋائى: «لىسانۇتتەير» (موللا سىدىق يەركەندى تەرىپىدىن نەسرلەشتۈرۈلگەن نۇسخا) - «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 - يىل 1 - سان، 86 ~ 88 - بەتلەر.



ق ، تەبىئەت ، جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي بەخت - سائادەت ھەققىدىكى راتسىئونالىزملىق قاراشلىرى ، شۇنىڭدەك ئۇلارنى كۆۋرۈك قىلغان ھالدا قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ پەلسەپە تەلىماتلىرى نەۋائى دۇنيا قارىشىنىڭ يەنە بىر ئىدىيە مەنبەسى بولدى .

نەۋائى ئۆزىنىڭ « خەمسە » سىنىڭ تەركىبىدىكى ئاخىرقى داستانى « سەددى ئىسكەندەر » دە ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي غايىسىنى ئىپادىلىدى . ئۇ مەزكۇر داستانىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدە ئوتتۇرىغا قويغان غايىۋى جەمئىيەت تەسەۋۋۇرىدا ناھايىتى زور دەرىجىدە پارابىنىڭ « پەزىلەتلىك شەھەر » ھەققىدىكى ئۇتوپىيىلىرىگە ياندىشىتى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە ئىسكەندەرنىڭ ئۇزاق يۇرۇشلەردىن قايتىپ روھىي تاكامۇللۇققا ئېرىشىشى ھەمدە سېپىل سېلىپ ئادىل شاھقا ئايلىنىش جەريانلىرىغا يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن ئەرەستو (ئارىستوتېل ) ، ئەپلاتۇن (پلاتون ) قاتارلىقلارنىڭ تەلىماتلىرىنى سىڭدۈرۈپ تاشلايدۇ ؛ ئۇ يەنە «پەرھاد - شېرىن» داستانىدا چىن شاھزادىسى پەرھادنى غەربتىكى ئەقىل - ئىدراك ئېلى بولغان يۇنانغا سەپەرگە ئاتلاندۇرىدۇ . قەلبىدە ئىشق ئوتى لاۋۇلداپ تۇرغان پەرھاد كۆپلىگەن قىيىن سىناقلاردىن ئۆتۈپ ئاخىر يۇنانغا يېتىپ بارىدۇ ۋە بۇ يەردىكى بىر غاردا ئۇلۇغ ھەكىم سۇقرات بىلەن ئۇچرىشىپ مەنىۋى كامىللىققا ئېرىشىدۇ . شۇندىلا ئۇنىڭدا ئەرمەن مەلىكىسى شېرىننىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشنىڭ شەرتى ھازىرلىنىدۇ . دېمەك ، بىز ئۇنىڭ غەزەللىرى ، داستانلىرى ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرىدىن ئۇنىڭ يىپەك يولى بويلاپ يەھۇدىي ، ئەرەب ، مىسىر ، ۋىزانتىيە ۋە قەدىمكى يۇنان پەلسەپىلىرىدىن ئۇزۇق ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز .

ئۈچىنچى ، نەۋائى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى چوڭقۇر ئىزدىنىشلىرىدە ، سەنئەت قانۇنىيىتى ۋە پەلسەپىسى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىدە ۋە ئىنساننىڭ ماھىيىتى ، ئىرادىسى ، ئەركىنلىكى ، غايىسى ھەمدە ھايات تەلپۈنۈشلىرى ھەققىدىكى بەدىئىي تەلقىنلىرىدە ئۆزىدىن

ئاۋۋالقى شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، نىزامى گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلىۋى، جالالىدىن رومى، شەيخ سەئىدى، ھافىز شىرازى، ئابدۇرەھمان جامىلارنىڭ، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، لۇتفى، سەككاكى، ئاتايى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئۇلارنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى پىر ئۇستازلىرى دەپ ھېسابلىدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆز ئىجادىيىتىگە ئىلھام ۋە ئېنېرگىيە قوبۇل قىلدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نەۋائىي پەلسەپىسىنىڭ ئىدىيە مەنبەلىرى ۋە تارىخىي يىلتىزى مۇرەككەپ ۋە كۆپ قاتلاملىق بولۇپ، ئۇنى نەۋائىي ياشىغان دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىدىنمۇ ھەم ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك پىكىر تارىخىدىنمۇ ئىزدەش مۇمكىن.

نەۋائىي ئەسەرلىرىدىكى پەلسەپىۋى روھ ئۇنىڭ «چاھار دىۋان» ىدىكى كۆپلىگەن لىرىك غەزەللىرىدە، «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «لىسانۇتتەير»، «پەرھاد — شىرىن»، «لەيلى — مەجنۇن»، «مەھبۇبۇل قۇلۇب» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن.

نەۋائىينىڭ تەبىئەت، ئىنسان، ئىلاھىيەت ۋە مەۋجۇدىيەت قاراشلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇزۇن مەزگىل داۋاملىشىپ كەلگەن، مىلادىيە 15 — ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراساندا نەقشىبەندىيە تەرىقىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەنىدى. نەۋائىدىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەردىن ئوزۇق ئالغان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ئىنسان بىلەن ئاللا ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى ئۆز ئارا ئۇلاش ۋە ئۇلارنى ئەڭ ئاخىرى ئۆز ئارا قوشۇش ئۈستىدە جاپالىق ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغانىدى. تەسەۋۋۇپ بۇ نۇقتىدا ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ ئۆزىگە مۇجەسسەملەشكەن ئۇلۇغلۇقىغا مۇراجىئەت قىلدى. نەۋائىيمۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىمۇ تەسەۋۋۇپلارغا ئوخشاشلا ئاللانى ئالەمدىكى يې-



گانە بارلىق دەپ قارايتتى. ئۇنىڭچە ئاللا بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىگىسى ھەم ئەسلىي زاتى ئىدى. شۇڭا ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇدات ئاللا تەرىپىدىن يارىتىلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا يەنە ئاللاغا قايتاتتى. كائىناتتىكى باشقا شەيئىلەر ئاللا سۈپەتلىرىنىڭ تارقاق ياكى قىسمەن ھالدىكى تەجەللىسى (پارلاپ كۆرۈنۈشى) بولۇپ، پەقەت ئىنسانلا ئاللا سۈپەتلىرىنىڭ تولۇق ۋە پۈتۈن ھالەتتىكى تەجەللىسى بولالايتتى. شۇڭا ئىنسان ئاللادىن ئىبارەت «ھۆسنى مۇتلەق» نىڭ چەكسىز گۈزەللىكىدىن ئۆز ۋۇجۇدىنى تويۇندۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللانى بىلىش، تونۇش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسان ئۆزىنى تونۇشى ۋە بايقىشى زۆرۈر ئىدى. بۇ ھەقتە نەۋائىي مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«ئۆز ۋۇجۇدۇڭنى تەپەككۇر ئەيلەگىل،<br>
ھەر نە ئىزدەرسەن، ئۆزۈڭدىن ئىزدەگىل.»

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇپ قارىشىدا ئىنساننىڭ شۇ قەدەر ئۇلۇغلىنىشى دەل ئىنسان قەلبىنىڭ ئاللا سىرلىرىنىڭ ماكانى بولغانلىقىدا ئىدى. شۇڭلاشقا ئىنسان ھەق (ئاللا)نى سىرتقى دۇنيادىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن ئىزدىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسان ئاللانىڭ پۈتۈن مەۋجۇدىيەتنى يارىتىشتىكى ئەڭ ئالىي ۋە ئەڭ تۈپ مەقسىتى ئىدى. ھەتتا ئاللا ئىنساننى ياراتقاندا بارلىق مالائىكە — پەرىشتىلەرنىمۇ ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرىغانىدى. شۇڭا نەۋائىي «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدا مۇنداق دەپ يازدى:

«مۇنچە غەرايىپكى مىسال ئەيلەدىڭ،<br>
بارچەنى مىرادى جەمال ئەيلەدىڭ

گەنجىلىك[①] ئارانەقد[②] فەرۋان[③] ئىدى ،
لېك ، بارىدىن غەرەز ئىنسان ئىدى .
قانىيۇ ھەيۋانى ئەگەر خۇد نەبات ،[④]
ھەر بىرى بىر گەۋھەرى ئالىي سىفات .
بارچەسىنى گەرچە لەتىف ئەيلەدىڭ ،
بارچەدىن ئىنسانىنى شەرف ئەيلەدىڭ .»

نەۋائى ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى مۇجەسسەملەنگەن ئەسىرى «لىسانۇتتەير» دە «سۇمۇرغ» ، «ھۇدھۇد» (ھۆپۈپ) قاتارلىق مەجازى ئوبرازلارنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق قۇشلار تىلى بىلەن تەسەۋۋۇپتىكى قارىشىنى ، ئىنسان بىلەن ئاللانىڭ مۇناسىۋىتى ۋە بىرلىكى مەسىلىسىنى مەركەزلىك شەرھلەيدۇ . نەۋائىنىڭ قارىشىچە ، پەقەت كائىناتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللالا مەڭگۈلۈك مەۋجۇدىيەت ۋە يېگانە بارلىق ئىدى . ئالەمدىكى باشقا شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى يېگانە مەۋجۇدىيەت بولغان ئاللانىڭ خىلمۇخىل ھالەتتىكى ۋاقىتلىق كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ ، ئۇلار شەكىل ھالىتىدە كۆرۈنسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇتلۇققا ئىگە ئەمەس ئىدى . پۈتكۈل ئىنسان «ھۆسنى مۇتلەق» (مۇتلەق گۈزەللىك ، يەنى ئاللا ) نىڭ ئۆزىنى كۆرۈش ۋە كۆرسىتىشتىكى ئەينىكى ئىدى ، خالاس . شۇڭا نەۋائى مۇنداق دەپ خىتاب قىلىدۇ :

«قىلدى مەزاھىردا خىيال زوھۇر ،
تاپقالى ئۇل ھۆسن كەمال زوھۇر .
جىلۋەئى ھۆسنىگە چۇ يوق ئىردى ھەد ،
كۆزگۈ كېرەك بولدى ئاڭا بىئەدەد .
ئاشتى بۇ گۈلشەنىنىكى رەڭگىن ئېرور ،

① گەنج ــ خەزىنە.
② نەقد ــ تاللانغان، سەرخىل، ساپ، قىممەت باھا.
③ فەرۋان ــ زىننەت، بېزەك، ھەشەمەت.
④ قېنى‌بار ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر.



ھەر گۈل ئاڭا ئائىنەئى چىن ئېرور .
جىلۋەئى ھۆسن ئۇلغالى زاھىر ئاڭا ،
بولدى بۇ مىرئات مەزاھىر ئاڭا .»

شائىر يۇقىرىقى مىسرانىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان چەكسىز مەنىلەر ئىمكانىيەتلىرىدە ئۆزىنىڭ مۇتەسەۋۋۇپچىغا خاس ئالەم ۋە مەۋجۇدىيەت قارىشىنى ئىپادە قىلىدۇ ھەمدە بۇنى مۇنداق شەرھلەيدۇ : «كۈچلۈك بوران ئۆزىنىڭ يۈكسەك دولقۇنلىرى بىلەن سۇ يۈزىدە ئۆركەشلەرنى پەيدا قىلىپ ، مىڭ خىل نەقىشلەرنى كۆرسىتىدۇ . بۇ نەقىشلەر دەممۇدەم يوقىلىپ ، يەنە مىڭ تۈرلۈك يېڭى دولقۇنلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ . ئەگەر سەن بۇ ھادىسىگە ياخشى نەزەر سالساڭ ، دېڭىز دولقۇنلىرىدا تۇراقلىق بىر مەۋجۇتلۇقنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن . چۈنكى ئۇ ھامان دېڭىز يۈزىدە يوقىلىپ تۇرىدۇ . دېڭىزدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى يوقالغۇچىدۇر . ئەنە شۇ چەكسىز دېڭىز ھەق ۋۇجۇدىدىن ئاددىي بىر نەمۇنىدۇر . ئۇنىڭ يۈزىدىكى دولقۇن ۋە ئۆركەشلەر بولسا ، بۇ ئالەمدىكى تۈرلۈك ــ تۈمەن نەرسىلەردۇر . مەنە ئەھلىلىرى ئېتىراپ قىلىدىغان بۇ ئون سەككىز مىڭ ئالەم ئىچىدە قانداق نەرسە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈنۈشتىكى شەكلەن مەۋجۇتلۇق بولۇپ ، شەكلىي جەھەتتىنلا كۆزگە چېلىقىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر . . . ئەگەر ھەربىر كىشىدە ئەقىلدىن ئەسەر بولسا شۇنى بىلسۇنكى ، بۇ ئالەمدىكى ئەزەلدىن تا ئەبەتكىچە بولغان ھەممە نەرسە مەۋجۇتلۇققا ئىگە ئەمەس ، پەقەت شەكىل جەھەتتىكى كۆرۈنۈشكىلا ئىگە» .[①]

بۇنىڭدىن شۇ نەرسە مەلۇمكى ، نەۋائى ئىنسان ، دۇنيا ۋە ئالەم قاتارلىق ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت بىلەن مۇتلەق بارلىق ھېسابلانغان

① نەۋائى: « لىسانۇتتەير»(نەسرى نۇسخا) ــ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 ــ يىللىق 4 ــ سان، 62 ــ بەت.

ئاللانى بىر ـ بىرىگە قارشى قويمايدۇ . بەلكى مەۋجۇتلۇقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ھەق (يەنى ئاللا ) بولۇپ ، باشقا بارلىق شەيئىلەر ئۇنىڭ شەكلەن سايىسى دەپ قارايدۇ . شۇڭا ئۇ ئالەمدىكى ئەزەلىيەت ۋە ئەبەدىيەت ئۇقۇملىرى يېگانە بارلىق ھېسابلانغان ئاللاغىلا مەنسۇپ دەپ ئىدا قىلىدۇ :

«نە بولۇپ ئەۋۋەلدە بىدايەت ساڭا ،
نەكېلىپ ئاخىرىدا نىھايەت ساڭا .
ئەۋۋەل ئۆزۈڭ ، ئاخىرۇ مابەيىن ئۆزۈڭ ،
بارچەغە خالىق ، بارىغە ئەيىن ئۆزۈڭ .»

نەۋائى يەنە مەۋجۇدىيەتنىڭ ماھىيىتى بولغان يېگانە بارلىقنى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى مەنىسىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ : «تەڭرى ۋۇجۇدى دېڭىز قايناملىرىنى ھاسىل قىلىدۇ . قاينام ۋە ئۆركەشلەردىن ھاسىل بولغان ئېگىز ـ پەس نەقىشلەر دېڭىزغا ھېچبىر پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ . دېڭىز دولقۇنلۇق بولسۇن ياكى دولقۇنسىز بولسۇن ، ئۇ ئۆزىدىكى سۇ بىلەن بەربىر دېڭىز ھېسابلىنىۋېرىدۇ . بىراق سۇسىز دولقۇن ۋە نەقىشلەر ھاسىل بولمايدۇ . دولقۇن ۋە نەقىشلەرنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىنى دېڭىز بەلگىلەيدۇ» .①

يەنە بىر تەرەپتىن ، نەۋائى پەلسەپىسىدە تەسەۋۋۇپنىڭ مۇھىم ھالقىسى بولغان ئىنسان بىلەن ئاللانىڭ بىرلىكى تەكىتلەنگەن ۋە پەۋقۇلئاددە مۇھاكىمە ئوبيېكتىغا ئايلانغاندى . نەۋائىنىڭ تەشەببۇسلىرىدىن قارىغاندا ، ئىنسان ئاللا ياراتقان جىمى مەخلۇقاتلار ئىچىدىكى ئەڭ يۈكسەك ، ئەڭ ئۇلۇغ ئىجادىيەت ئىدى ، شۇنداقلا كائىناتتىكى جىمى سىرلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بۈيۈك «كىتاب» ئىدى . ئىنساننىڭ ئىنسانىي كامىللىقى ئۇنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك دەرد-

① نەۋائى: « لىسانۇتتەير» ـ « بۇلاق » ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل 4 ـ سان، 72 ~ 73 ـ بەتلەر.



جىدە بىلىشى ۋە تونۇشىدا ئىشقا ئاشاتتى . بۇ نۇقتىدا ئىنساننى باشقا ھېچقانداق بىر مەخلۇقات بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايتتى :

«ئەي كۆڭۈل ، ھۆرۇ ـ پەرى ۋەسفىن ئىشتىدىم گويىيا ،
ھېچقايىسى ئادەمىلىغدە ئەمەس ، ئىنسانچە خوب . »

نەۋائى ئۆز قاراشلىرىدا ئىنسان بىلەن ئاللانىڭ بىرلىكىنى تەكىتلەپ ، ئىنساننى سۆيۈشنىڭ ئۆز مەنىسى بىلەن ئاللانى سۆيۈش ئىكەنلىكىنى ، شۇنىڭدەك ئاللاغا بولغان مۇھەببىتىنىڭمۇ ئەمەلىيەتتە ئىنسانغا بولغان مۇھەببەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . شۇڭا بۇ نوقتىدا نەۋائى جالالىددىن رۇمىنىڭ :

«ئايا سىز جان تىكىپ ھەرلەھزە ئىزدەيسىز ئىلاھنى ،
ئۇنى ئىزدەشكە نەھاجەت ، ئىلاھى ـ سىز ، ئىلاھى ـ
سىز !»

دېگەن مىسرالىرىغا يېقىندىن ياندىشىدۇ . ئەمما نەۋائى ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان ھۆرمىتى ، مۇھەببىتى ۋە ھەمنەپەسلىكىنى ھەرگىزمۇ چەتكە قاقمايدۇ . بەلكى ئۇنى ئۆزى ئۆمۈر بويى كۈيلىگەن «ئىشق» ئوتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قارايدۇ :

« ئەي نەۋائى ، ئۇل پەرى ئۆلتۈرسە ھەم ئازدۇر سېنى ،
كىمكى ئىنساندۇر ئانىڭ مەھبۇبى ھەم ئىنسان كېرەك . »

نەۋائىنىڭ ئىنسان بىلەن ئاللانىڭ بىرلىكى ھەققىدىكى قاراشلىرى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى «فەنا» چۈشەنچىسىدە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى . ناھايىتى روشەنكى ، «فەنا» (يوق بولماق ) ـ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى بىر خىل يۇقىرى باسقۇچ ئىدى . ھەقىقىي ئاشىقلىق مۇقامىغا ئېرىشكەن ئىنسان مانا مۇشۇ يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەندىلا ، ئاندىن «فەنا» قايىنىمىغا كىرەلەيتتى ۋە ئۆزلۈكنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ ياكى ئۆزلۈكتىن ھالقىپ ، بىردىنبىر مەۋجۇتلۇق بولغان ئەسلىي ۋۇجۇد (ھەق ۋۇجۇدى )غا قوشۇلۇپ كېتەلەيتتى . ئۆزلۈك يوقالغان ،

نەپس ئۆلتۈرۈلگەن ، ھەق ۋۇجۇدى بىلەن مەڭگۈلۈك بىرلىشىپ كەتكەن بۇ يۈكسەك باسقۇچتا «مەن» ئۇقۇمى مەۋجۇت بولمايتتى . بەلكى «مەن» ۋە «سەن» ياكى ئاشىق بىلەن مەشۇق ئەمەلىيەتتە بىر گەۋدىگە ، بىر ۋۇجۇدقا ئايلىنىپ كېتەتتى . شۇنداق بولغاچقا «فەنا» — «ھۆسنى مۇتلەق»قە ئاشىق بولغان چىن ئاشىقنىڭ ئاخىرقى مەقستى ئىدى . گەرچە تەسەۋۋۇپنىڭ بۇ يۇقىرى باسقۇچى «فەنا» (يوقلۇق ) دېگەن بىرلا سۆزگە يىغىنچاقلانسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى مەنىسىنى شەرھلەش ئۈچۈن نەۋائى ئېيتقاندەك « يۈز رىسالىمۇ كەملىك قىلاتتى» :

« دېدىڭ «فەنا» نېدۇر ؟ مۇختەسەر دېيىن : «ئۆلمەك» ،
كى شەرھىن تىلەسەڭ يۈز رىسالە بولغۇسىدۇر » .

«فەنا» تەلىماتى تەسەۋۋۇپتىكى مۇرەككەپ چۈشەنچە . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي نەۋائى غەزەللىرىدە «فەنا» ، يەنى ئۆزلۈكنى يوقىتىپ ھەق ۋۇجۇدىغا قوشۇلۇپ ئەبەدىيلىك ۋە چەكسىزلىككە ئېرىشىش ئىدىيىسى چوڭقۇر ئەكس ئەتكەن :

« كىم نەۋائىنىڭ فەنا ۋادىسىدا ئېتەر ھوزور ،
كەچسۇن ئۆزىدىن بەلكى خۇد ئۆزلۈكنى ھازىر كۆرمەسۇن . »

دېمەك ، نەۋائى بۇ مىسرالاردا ھەق ۋۇجۇدىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقىي مەشۇقنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن «فەنا» لا ئىنساننى ئۆزلۈكتىن ، ئىنسانىي نەپسى - بالادىن ھالقىتىپ ، ئەبەدىيلىككە ئېلىپ بارىدۇ ، دېگەننى ئالغا سۈرىدۇ . بولۇپمۇ شائىرنىڭ نەزىرىدە ئۆزلۈكتىن ھالقىغان «فەنا» قايىنىمى ھەقىقىي تەسەۋۋۇپ ئىدى . بىز بۇنى تۆۋەندىكى غەزەللەردىن تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلالايمىز :

« قىلىپ ھەق ۋۇجۇدىدا مەھۋ ئۆز ۋۇجۇدىدىن ،
نەۋائى ، مۇنى بىل تەرىفى تەسەۋۋۇپ ،

مەندە يارەب قويما مەنلىكتىن نىشان ،



ئۆزلۈكۈمدىن مەھۋ قىل دامەنگە شان . »

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى ، شائىرنىڭ قارىشىچە ، ئىنسان مەڭگۈلۈك گۈزەللىك بولغان ھەق ۋۇجۇدىغا يېتىشتە ، «مەن» دىن كېچىشى كېرەك . چۈنكى «مەن» — « ئۆزلۈك » تىن ئىبارەت بولۇپ ، « ئۆزلۈك » تىن قىيالمىغان ئىنسان مۇقەررەر يوسۇندا ئادىمىي نەپسى - بالاغا ئەسىر بولاتتى . شۇڭا «فەنا» (يوقلۇق ، ئۆلۈم ) ئىنساننى چەكلىك «ئۆزلۈك» دۇنياسىدىن چەكسىز «ئۆزلۈكسىزلىك» دۇنياسىغا ئېلىپ چىقىشتىكى كۆۋرۈك ئىدى . ئىنسان «فەنا» ئارقىلىقلا ئۆز - ئۆزىدىن ھالقىپ ئەبەدىيلىك ھەق ۋۇجۇدىغا ئېرىشەلەيتتى . مانا بۇ نەۋائى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى «فەنا» چۈشەنچىسىدۇر .

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ، نەۋائى پارس تىلىدا يازغان شېئىرلىرىغا «فانىي» (فەنا ) تەخەللۇسىنى قوللانغان . بىزنىڭ قارىشىمىزچە ، نەۋائىنىڭ پارس تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىدە قوللانغان «پانىي» تەخەللۇسى بىلەن تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى «فەنا» ئاتالغۇسى ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بولۇشى چوقۇم . شائىر ئىجادىيىتىدىكى «فەنا» قاراشلىرى چوڭقۇر ئەكس ئەتكەن نۇرغۇن مىسرالارمۇ بۇ نوقتىنى دەلىللەيدۇ .

نەۋائىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىدا يۇقىرىدا بىز تەكىتلەپ ئۆتكەن تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىلىرىدىن باشقا ، يەنە ئۆز دەۋرىنىڭ رېئاللىقى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن خەلقچىللىق ۋە شەرق رېنېسسانىس (ئويغىنىش ) دەۋرىنىڭ ئاخىرقى ئېراسىدىكى گۇمانىزمچى مۇتەپەككۇرلارغا خاس ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى . نەۋائى ئىنساننىڭ يەككە ھالەتتىكى بەخت - سائادىتى پەقەت ۋەتەنداشلىرىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى ۋە سائادىتى بىلەن بىرلەشكەندىلا ئاندىن ھەقىقىي قىممەتكە ۋە مەنىگە ئىگە بولىدۇ دەپ قارىدى . شۇڭا ئۇ «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدا مۇنداق دەپ يازدى :

« ئادەمى ئېرسەڭ دېمەگىل ئادەمى ،

ئانىڭكى يوق خەلق غەمىدىن غەمى . »

شۇنداق بولغاچقا ، نەۋائى پەرھادنىڭ شېرىنغا بولغان پاك مۇھەببىتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى سۈپىتىدە قانال قېزىپ ، چۆلگە سۇ باشلاش موتىفىنى كۈچەپ تەسۋىرلىدى . نەۋائىنىڭ قەلىمى ئاستىدا شېرىننىڭ ۋەتىنى پەرھادنىڭمۇ ۋەتىنى ئىدى . پەقەت ئاشۇ ۋەتەن بەخت - سائادەتكە ئېرىشكەندىلا ، ئاندىن ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىمۇ يېڭىچە مەنىلەرگە ئىگە بولاتتى . شۇڭا چىن شاھزادىسى پەرھاد ، ئەرمەن مەلىكىسى شېرىن ۋە ئۇنىڭ ۋەتىنى ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە ھەر قاچان تەييار ئىدى ! . . .

كۆپلىگەن نەۋائىشۇناس ئالىملار نەۋائى ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرىدىكى گۇمانىزم روھىغا ئىگە سەنئەتكارلارغا ئوخشاش كۈچلۈك ئىنسانپەرۋەرلىك روھنى ئىپادە قىلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ . رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن ژىرمونسكى : «ئويغىنىش دەۋرىنىڭ گۇمانىستىك ئىدېئالى پەرھاد ئوبرازىدا مۇكەممەل مۇجەسسەملەنگەن» دەپ كۆرسىتىدۇ . دېمىسىمۇ نەۋائىنىڭ ئېپىك داستانلىرىدا ئەسەر قەھرىمانلىرى مىللەت ، دىن ، ئىرق ، دۆلەت ۋە جۇغراپىيىلىك چەكلىمىلەرنى بۆسۈپ ئۆتىدۇ ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئىنسانپەرۋەرلىك روھنى نامايان قىلىدۇ . خۇددى شەرقشۇناس كونراد ئېيتقاندەك ، نەۋائى قەھرىمانلىرى تۈرلۈك - تۈمەن خەلقلەرگە مەنسۇپ . مەسىلەن ، پەرھاد چىنلىق ، شاپۇر ئىرانلىق ، شېرىن ئەرمىنىيىلىك ، قەيس ئەرەب ، ئىسكەندەر يۇنانلىق [1] ئۇنىڭدىن باشقا نەۋائى خاقانى چىن بىلەن يۇنانىستاننى يىپەك يولىنىڭ شەرقى بىلەن غەربىدىكى ئىككى بۈيۈك مەدەنىيەت ئوچىقى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىدۇ . يۇنان مۇتەپەككۇرلىرىدىن فىساغورس ( پىفاگور ) ، بوقرات ( ھىپپوكرات ) سوقرات ،

① ن.ئى.كونراد: «ئەلىشىر نەۋائى» — «ئۆزبېك تىلى ۋە ئەدەبىياتى»، 1962 - يىل نەشرى.



ئەپلاتۇن (پلاتون ) ، ئەرەستو (ئارىستوتېل ) قاتارلىقلارنىڭ ناملىرىنى كۆپ قېتىم ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ . نەۋائى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىلغار گۇمانىستىك ئىدىيىلىرىنى پەرھاد ئوبرازىغا سىڭدۈرىدۇ . دەرۋەقە ، «پەرھاد ئوبرازىدا ئويغىنىش دەۋرىگە خاس ئىدىيىلەر ھەقىقەتەن روشەن ئەكس ئەتكەن . شەرق ئويغىنىش دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن نەۋائى قەھرىمانلىرىنىڭ مۇھەببىتى ئۆلۈمدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ . پەرھاد مېھنەتكەش ، ئىجادكار ، قۇرغۇچى ، تاش كېسەر ، ھەيكەلتىراش ، نەققاش ، رەسسام ، قانال قازغۇچى ، جەڭچى ۋە سەركەردە ، شائىر ۋە مۇتەپەككۇر . پەرھاد ئەنە شۇنداق كۆپ قىرلىق شەخس . ئۇنىڭ مۇنداق بىر مۇرەككەپ شەخس ئىكەنلىكى بىر ئەلنىڭ ، بىر دەۋرنىڭ ئەمەس ، بەلكى تۈرلۈك دەۋر ۋە خەلقلەرنىڭ - گرېكلار ، پارسلار ، ئەرەبلەر ، ئەرمەنلەر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ . »[1] شۇڭا نەۋائى بۇ نوقتىدا مىللەت ، دىن ، ئىرق ۋە مەملىكەت چېگرىلىرىدىن ھالقىپ چىقىپ ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يۈزلىنىدۇ ھەمدە كۈچلۈك گۇمانىزملىق روھنى ئىپادە قىلىدۇ :

« كۆڭۈلنى ئالسا مەلامەت بىلە تەفاۋۇت يوق ،
خىتايۇ ئولسۇنۇ يا ئەرمەنى ۋە يا ھىندۇ .
ھۆسن چۈن جىلۋە قىلۇر ئاقۇ قارادا يوق پەرق ،
كىشىگە كەلسە بالا ، خاھى خىتا خاھى ھەبەش .

مەن تىلەپ ھۆسن ۋەلى شاھ تىلەپ ئەسلۇنەسەپ ،
ماڭا لولى بىلەن ھىندۇ ، ئاڭا قونغىراتۇ قىيات . »

دېمەك ، نەۋائى شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىر-

① شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات» (شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى)، 483 ~ 484 - بەتلەر.

قى باسقۇچىدىكى گۇمانىزملىق روھقا ئىگە مۇتەپەككۇرلارنىڭ، جۇملىدىن ئۆمەر ھەييام، فىردەۋسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نىزامى، خىسراۋ دېھلەۋى، ھافىز شىرازى، سەئىدى، سەئىدىددىن قەشقەرى، ئابدۇرەھمان جامى قاتارلىقلارنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي پىكىرلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ، مىللەت، دىن، ئىرق ۋە مەملىكەت چېگرىسىدىن ھالقىغان خەلقلەر دوستلۇقىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئەلىشىر نەۋائى يەنە يېپەك يولىدىكى ئەڭ چوڭ سىندىكىرىتىك (ئارىلاشما) مەدەنىيەت نامايەندىسى سۈپىتىدە ئۆز ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ «خەمسە نەۋائى» دا چىن خاقانلىقىنىڭ، ئىران پادىشاھلىقىنىڭ، ئەرەب دالاسىنىڭ، ئەرمەن يۇرتىنىڭ، ھەتتا مىسىر ۋە ھىندىستاننىڭ سىمۋوللاشقان تەسۋىرى ۋە قەھرىمانلىرىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ ‹سەددى ئىسكەندەر› داستانىدا گرېك پەلسەپىسى تەسىرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننى غايىۋى پادىشاھ سىيماسىدا تەسۋىرلەپ، پەلسەپە، پەزىلەت (سىۋىلىزاتسىيە)، مۇھەببەت ۋە بەخت ـ سائادەتتىن تەشكىل تاپقان ئۇتوپىك جەمئىيەت تەسەۋۋۇرىنى بەدىئىيلەشتۈردى »①

ئۇنىڭدىن باشقا، نەۋائىنىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە سىستېمىسىدا ئەخلاق ۋە ئېستېتىكىلىق غايىلىرى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بولۇپمۇ، نەۋائىنىڭ «ھەيراتۇل ئەبرار» داستانى بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يازغان «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنىڭ ئەخلاق قاراشلىرى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. نەۋائى بۇ ئەسەرلىرىدە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى پەند ـ نەسىھەت ۋە دىداكتىك ئەسەرلەرگە ئەنئەنە بولغان ماقالات ۋە ئىبرەتلىك ھېكايە ئۇسلۇبىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھايات پەلسەپىسىنى شەرھلىدى. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈك، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت، ئادىللىق بىلەن زوراۋانلىق، ۋاپادارلىق بىلەن دۈشمەنلىك قاتارلىق ئىجتىمائىي ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرگە بولغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئائىلىدىن تارتىپ، جەمئىيەتكىچە، شەخستىن تارتىپ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكىچە، ئەر ـ ئاياللار مۇناسىۋىتىدىن تارتىپ جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرىغىچە بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي ئەندىزىلىرى ئۈستىدە توختالدى. نەۋائىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى ئۆتكۈر بايانلىرى كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ۋە ئەقلىيە سۆزلىرىگە ئايلىنىپ كەتتى.

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى)، 259 ـ بەت.



## نەۋائىنىڭ لىرىك مىراسلىرى

نەۋائىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا يازغان بەدىئىي ئەسەرلىرى ئىچىدە لىرىكا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ ھەمدە شائىرنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ يۈكسەك چوققىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. نەۋائىنىڭ 14 ياش ۋاقتىدىلا ئۆزىنىڭ بىر غەزىلى بىلەن ياشانغان شائىر لۇتفىنى ھەيران قالدۇرغانلىقى مەلۇم. نەۋائى بالىلىقىدىن تارتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھايىتى زور ھەجىمدىكى لىرىك شېئىرلارنى يازدى. بۇ شېئىرلار ئارۇز ۋەزنىنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرىدا يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتە ناھايىتى كەڭ دائىرىگە چېتىلغانىدى. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، نەۋائىنىڭ بەدىئىي شېئىرىيەتتىكى تالانتى ۋە كامالىتى ئۇنىڭ لىرىكىلىرىدا ئۆز ئەكسىنى تاپقانىدى.

نەۋائىنىڭ لىرىك مىراسلىرى ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىدا يازغان ناھايىتى زور ھەجىمدىكى لىرىك شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، «خەزائىنۇل مەئانى» (خەلق ئىچىدە «چاھار دىۋان» دېگەن نام بىلەن

مەشھۇر ) ؛ «دىۋان فانى» (شائىرنىڭ پارس تىلىدا يازغان لىرىك شېئىرلىرى ، مىلادىيە 1495 ~ 1500 - يىللار ئارىلىقىدا تۈزۈلگەن ) ؛ «نەزمۇل جەۋاھىر» قاتارلىق ئەسەرلىرى ؛ پۈتكۈل ئەسەرلىرى توپلىمى (كۇللىيات )غا مۇقەددىمە سۈپىتىدە يازغان «مۇناجاتنامە» (مىلادىيە 1499 ~ 1500 ) ؛ «ھىلالىيە» قاتارلىق بىر يۈرۈش قەسىدىلىرى ئۇنىڭ لىرىك مىراسلىرى ئىچىگە كىرىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا شائىرنىڭ «خەمسە» ، «لىسسانۇت تەير» (قۇشلار تىلى ) ، «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ( كۆڭۈللەر دوستى ) ، «ھالاتى سەئىد ھەسەن ئەردەشىر» ، «ھالاتى پەھلەۋان مۇھەممەد» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئىچىدىكى لىرىك پارچىلار ۋە ئايرىم شېئىرلارمۇ ئۇنىڭ لىرىك مىراسلىرىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ .

نەۋائى ئالدى بىلەن ، ئۆز مىللىتىنىڭ شائىرى ئىدى . ئەمما ، نەۋائىينىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى ، ئىجادىيەت مېتودى ۋە يېڭىلىق ياردىتىش روھى ئۇنى ئۆز مىللىتىنىڭ پاسىلىدىن ئېلىپ چىققانىدى ، ئۇ شېئىرلىرىدىكى كۈچلۈك ئىنسانپەرۋەرلىك روھ بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ ماكان ۋە زامان چەمبىرەكلىرىدىن ھالقىپ چىقىپ ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ شائىرىغا ئايلانغانىدى .

نەۋائى گەرچە ھەممە ساھەدە قەلەم تەۋرەتكەن ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئەدىب بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرى ئالدى بىلەن بەدىئىي شېئىرىيەتكە تەئەللۇق ئىدى . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەسىرلەر بويى خەلق قەلبىدە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد يادلىنىشتىن بۇرۇنلا ئۆز دەۋرىنىڭ بەدىئىي سىناقلىرىدىن ئۆتكەنىدى . شۇڭلاشقا ھىندىستاننى فەتھ ئەتكەن بابۇر-



نىڭ : « ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك كۆپ ھەم ياخشى يازغان ئەمەس »①

دېيىشى ؛ مىرزا ھەيدەرنىڭ « تارىخىي رەشىدى » ناملىق ئەسىرىدە : «ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم تۈركىي تىلىدا شېئىرنى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋە ئۇنىڭدىن يۇكسەكرەك يازالىغان ئەمەس . نەۋائى بۇ ھۈنەردە ئۇستازدۇر »② دەپ يېزىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى .

ئۆز دەۋرىدىكى خۇراسان دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ، نەۋائىنىڭ بالىلىق دەۋردىكى ساۋاقدىشى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئۆزىنىڭ «رىسالە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى : « . . .ۋە لېكىن گۈزەل مەنىلەر كېلىنچەكلىرىگە بۇ كۈنگىچە ھېچكىم تۈركانە كىيىم كىيگۈزمىگەن ۋە ئۇ نازىنىنلارنى بۇ گۈزەل سەرپا بىلەن بېزەپ يورۇقلۇققا چىقارمىغانىدى . مۇشۇ ھىدلىق گۈزەل گۈللەر قابىلىيەتلىك يۇرەكلەرنىڭ يوشۇرۇن جايلىرىدا يالىڭاچ پېتى ئۈيلىپ ياتقانىدى ، شۇنداقلا بۇ ھۆر قىياپەتلىك زىبالار كىيىمسىزلىكتىن ناز بىلەن جىلۋە قىلالمىغان ئىدى . تا بۇ بەختىيار زاماندا ۋە قۇتلۇق دەۋراندا . . . ھەق سۆز ئېيتىشنىڭ قەھرىمانى ، يەنى نەۋائى تەخەللۇسى بىلەن مەشھۇر مىر ئەلىشىر تۈركىي تىلنىڭ ئۆلگەن جەستىگە مەسىھ نەپىسى بىلەن روھ - جان كىرگۈزدى ۋە ئۇنىڭغا تۈركىي سۆز يىپەكلىرىدىن توقۇلغان قىممەتباھا ھەم نەپىس كىيىملەرنى كىيگۈزدى . سۆز گۈلىستانىدا نەۋائىنىڭ نەۋباھار ئىستېداتىدىن جان بېغىشلىغۇچى يېغىنلار يېغىپ ، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلدى . ئۇ يەنە نەزم

① «بابۇرنامە»، 319 - بەت.
② ئىززەت سۇلتان: « نەۋائىنىڭ قەلب دەپتىرى » 398 - بەت.

دەرياسىغا ئۆزىنىڭ پىكىر بۇلۇتلىرىدىن جان بەخش ئەتكۈچى تامچىلار ياغدۇرۇپ ، خىلمۇ خىل دۇرلار چاچتى . ئۇ ھەربىر شېئىر تۇرى مەيدانىغا چاپقۇر ئېتىنى سۇرۇپ كىرىپ ، ئاشۇ مەملىكەتنى تىل قىلىچى بىلەن ئۆزىگە بويسۇندۇردى . ئۇنىڭ نەزمىلىرىنى ماختاشقا تىل نۇقسانلىق قىلۇر ھەمدە قەلەم ئاجىزدۇر . . . » ①

نەۋائى ئالدى بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدا لىرىك شېئىرلار ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى ئۈلگىسىنى ياراتتى . نەۋائىغىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا بەدىئىي ئەدەبىياتىدا ، گەرچە «قۇتادغۇ بىلىك»تىن باشلانغان تۈركىي شېئىرىيىتى مەلۇم ئەنئەنىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ ، لېكىن پارس شېئىرىيىتىنىڭ زەنجىرسىمان دولقۇنى ۋە بەدىئىي زىلزىلىسى خېلى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەنىدى . بولۇپمۇ ھافىز شىرازىنىڭ لىرىك شېئىرىيەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئابرۇيىنى ئەۋجگە كۆتۈرگەنىدى . بۇنىڭ نەتىجىسىدە خېلى بىر قىسىم تۈركىي تىللىق ئاپتورلار ئارىسىدىمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەر شېئىرىيىتىنىڭ ئىستىقبالىغا گۇمان بىلەن قارايدىغان ، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا ئەسەبىيلەرچە مەپتۇن بولىدىغان كەيپىيات شەكىللەنگەنىدى .

ئوتتۇرا ئاسىيادا تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە سەمەرقەند ، ھىراتنى مەركەز قىلغان ئاخىرقى مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ قايتا گۈللىنىشىگە شارائىت ھازىرلىدى . نەۋائى دەۋرىگە قەدەر لۇتفى ، سەككاكى ۋە ئاتايى قاتارلىق «تۈركىيگۈي» شائىرلار تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىنى قايتا گۈللەندۇرۇش يولىدا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىدى . ئەمما نەۋائىنىڭ دۇنياغا كېلىشى تۈركىي

① ئىززەت سۇلتان: «نەۋائىنىڭ قەلب دەپتىرى»، 396 ~ 397 ـ بەتلەر.



شېئىرىيىتىنىڭ ھەقىقىي زىلزىلىسىنى نامايان قىلدى ھەمدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر شېئىرىيىتىنىڭ «ئۆلگەن جىسمىغا مەسىھ نەپەسى بىلەن روھ ـ جان كىرگۈزدى» . ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىكى شۇكى ، نەۋائىنىڭ «خەزائىنۇل مەئانى» نامى ئاستىدا «دىۋان» قىلىپ تۈزۈلگەن 53 مىڭ مىسراغا يېقىن غەزەللىرى تۈركىي لىرىك شېئىرىيىتىنىڭ يۇقىرى نەمۇنىسىنى ياراتتى . نەۋائى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى تۈركىي شېئىرىيىتىنىڭ 500 يىللىق ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ، ئەرەب ـ پارس شېئىرىيىتىنىڭ پوئېتىك قانۇنىيەتلىرى ۋە بەدىئىي ماھارەتلىرىدىن ئىجادىي ھالدا پايدىلىنىپ ، ئۆزىگە خاس شېئىرىي سىستېما ياراتتى . شۇڭلاشقا نەۋائىشۇناسلارنىڭ «نەۋائى پوئېتىكىسى» دېگەن خاس نامنى قوللىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەستۇر . يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئەرەب ـ پارس شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنىنىڭ تۈرلۈك ژانىر ئىمكانىيەتلىرىنى تۈركىي شېئىرىيىتىنىڭ ئىپادە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۇردى . ئۇ ئىجادىيەتتە شەرق كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى ژانىرلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك كۆپلىگەن لىرىك شېئىرلارنى يازدى ھەمدە مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكىدە ، ۋەزىن بىلەن شېئىرىي ھېسسىياتنىڭ جىپسىلىشىدا ئالاھىدە ماھارەت ياراتتى . بۇنىڭ بىلەن نەۋائى لىرىكىلىرى شۇ چاغقىچە كەم ئىشلىتىلگەن ياكى يېڭىلىق بولغان ۋەزىنلەرنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر شېئىرىيىتىگە ئۆزلىشىشىگە ۋاستە بولدى . نەۋائى ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرىيىتىدە ـ غەزەل ، رۇبائىي ، قىتئە ، ساقىنامە ، مۇستەھزاد ، مۇخەممەس ، مۇسەددەس ، مۇسەممەن ، تەرجىبەند ، تەركىببەند ، قەسىدە ، مەسنەۋى ، مۇئەمما ، لۇغز (تېپىشماق) ، تۇيۇق ، فەرد قاتارلىق 16 خىل ژانىرنى قوللاندى . ئۇ ئۆزىنىڭ ژانىرلارنى قوللىنىشتىكى خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدا بەدىئىي ژانىرلارنى راۋاجلاندۇردى ۋە بېيىتتى . لىرىك شېئىرلىرىدىن دىۋان تۈزۈشتە ئەرەب ـ پارس شېئىرىيىتىدىكى ھەرپ-

لەر تەرتىپى بويىچە تىزىش ئەنئەنىسىدىن پايدىلىنىپ ، ئەسلىدىكى 28 ھەرپلىك ئەندىزىنى تۈركىي شېئىرىيىتىنىڭ 32 ھەرپلىك ھالىتىگە ماسلاشتۇردى . ئۇنىڭدىن باشقا، نەۋائى كلاسسىك ئەرەب ـ پارس شېئىرىيىتىنىڭ بىرمۇنچىلىغان نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ ، ئۆزىدىن ئاۋۋالقى تۈركىي شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس تەجرىبە ـ خۇسۇسىيەتلىرى ئاساسىدا ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر مىللىي شېئىرىيەت نەزەرىيىسىنى تۇرغۇزۇشتا كۆپ كۈچ چىقاردى .

دەرۋەقە ، نەۋائىنىڭ لىرىك شېئىرىيەتتىكى تىرىشچانلىقى كۈچلۈك ئۈنۈم بەردى . ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى بەدىئىي ئۇتۇقلىرى ئۆز زامانداشلىرى ۋە ئۆزىدىن كېيىنكىلەرنىڭ ئۆگىنىش ئوبيېكتىغا ئايلاندى . نەۋائى لىرىكىلىرىدىكى گۈزەل تىل ، يالقۇنلۇق ھېسسىيات ، رەڭدار مەزمۇن ۋە نىگاھلارنى غەلىتىلىگۈچى شېئىرىي مۇھىت ئەسىرلەر بويى كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىپ كەلدى . ئۇنىڭ « ھەربىر غەزىلى خۇددى بىر ئېسىل قۇتا ، ئۇ مىسرالار رىشتىسىگە تىزىلغان ، گۈزەل تىل بىلەن نۇرلانغان ، خىلمۇخىل ۋەزىن ھەم باي قاپىيىلەر بىلەن تېخىمۇ رەڭدار تۈس ئېلىپ چاقناپ تۇرىدىغان نازۇك پىكىر جەۋھەرلىرى بىلەن تولغان ، شۇنداقلا بۇ غەزەللەر كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە ، مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە باي » . ① شۇڭلاشقا قانچە ئەسىرلەردىن بويان نەۋائى لىرىكىلىرى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر شائىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت نەمۇنىسى سۈپىتىدە قارىلىپ كەلدى . «چاھار دىۋان» مەدرىسلەرنىڭ مۇھىم دەرسلىكى سۈپىتىدە ئوقۇتۇلدى . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكا قامۇسى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ كۆپلىگەن

① ئەلشىر نەۋائى: «غەزەللەر»، تېيىجان ئېلىيوپنىڭ «كىرىش سۆز»ىگە قاراڭ، 6 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى.



تېكىستلىرى نەۋائى غەزەللىرىدىن تاللاندى . مۇشۇ نوقتىدىن ئېيتقاندا ، « ئەلشىر نەۋائى مىلادىيە 15 ـ ئەسىردىكى مىللىي شېئىرىيەتنى بەدىئىي جەھەتتىن ئەڭ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈشتە ژانىر جەھەتتىن بېيىتقان ، ۋەزىن جەھەتتىن سىستېمىلاشتۇرغان ، سەنئەت يوللىرىنى شاخلاندۇرغان ، بولۇپمۇ تېماتىكىلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ، ئاكتوئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ، شېئىرىيەتنىڭ غايىۋى دەرىجىسىنى يۈكسەلدۈرگەن ۋە رېئال ئەھمىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن شائىردۇر . شۇڭلاشقا ئۇنى مىلادىيە 15 ـ ئەسىردىكى مىللىي شېئىرىيەتنىڭ بايراقدارى دەيمىز » . ①

تۆۋەندە نەۋائىنىڭ لىرىك مىراسلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان « خەزائىنۇل مەئانى » («چاھار دىۋان») ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ ئۆتىمىز .

## «خەزائىنۇل مەئانى»

**«خەزائىنۇل مەئانى»نىڭ تۈزۈلۈشى :** «خەزائىنۇل مەئانى» 53 مىڭ مىسراغا يېقىن لىرىك شېئىردىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، شائىرنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە يازغان تۈركىي تىلدىكى شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . ئەسەر تەركىبىدىكى بىرىنچى قېتىم يېزىلغان دىۋان ـ « بەدايىئۇل بىدايە » مىلادىيە 1469 ـ يىللاردىن كېيىن ھۈسەيىن بايقارانىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن تۈزۈلگەن . نەۋائى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئىككىنچى دىۋان «نەۋادىرۇ نىھايە» دەپ ئاتالدى . بۇ دىۋان مىلادىيە 1480 ~ 1487 ـ يىللار ئارىسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ ، بىرىنچى دىۋان تۈزۈلگەندىن كېيىن يېزىلغان شېئىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . ئەلـ

① ئىمىن تۇرسۇن: « نەۋائى ھەققىدە »، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى، 230 ـ بەت.

شېئىر نەۋائى مىلادىيە 1492 ~ 1498 - يىللار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى دىۋانىغا كىرگەن شېئىرلارنى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردە ئىجاد قىلىنغان شېئىرلارنى ھەم تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئالدىنقى دىۋانىغا كىرمەي قالغان بارچە ژانىردىكى شېئىرلىرىنى توپلەپ «خەزائىنۇل مەئانى» دىۋانىنى تۈزدى. ئۇ دىۋاندىكى شېئىرلارنى تۆتكە بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئۆزىگە خاس ئىسىم قويدى. بالىلىقنىڭ پاك تۇيغۇلىرى ۋە غارايىپ سىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شېئىرلارنى بىر توپلام قىلىپ، ئۇنىڭغا «غەرايىبۇس سىغەر» (ياشلىقنىڭ غارايىپلىقلىرى) دەپ؛ يىگىتلىكنىڭ تەڭداشسىز جۇشقۇن سېزىملىرى كۈيلەنگەن شېئىرلارنى بىر توپلام قىلىپ، ئۇنىڭغا «نەۋادىرۇششەباپ» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى) دەپ؛ قىران چاغلارنىڭ ئالتۇن ۋەزنىدىكى گۈزەل تۇيغۇلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىرلارنى بىر توپلام قىلىپ، ئۇنىڭغا «بەدائىيۇل ۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى) دەپ؛ ئۆمۈرنىڭ چاچ ئاقارسىمۇ، يەنىلا ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئاخىرقى يىللىرى ئۈچۈن خاس بولغان شېئىرلارنى بىر توپلام قىلىپ، ئۇنىڭغا «فەۋائىدۇل كىبەر» (قېرىلىق پايدىلىرى) دەپ ئايرىم - ئايرىم ئىسىم قويدى. ھەر بىر دىۋان يەنە شەرقنىڭ دىۋان تۈزۈش ئەنئەنىسى بويىچە، قاپىيە ئېتىبارى ۋە ئېلىپبە تەرتىپىنى ئاساس قىلىپ رەتلەنگەن بولۇپ، قاپىيىسى ئوخشاش ھەرپ بىلەن ئاياغلاشقان شېئىرلاردىن تەركىب تاپقان ھەربىر بۆلۈمگە ئايرىم - ئايرىم ماۋزۇلار قويۇلغان. مەسىلەن، «مىم» (م) بىلەن تۈگىگەن بارلىق شېئىرلارغا «مىم ھەرپى مەھبۇبلىرىنىڭ مالامەتلىرى»؛ «دال» (د) بىلەن تۈگىگەن شېئىرلارغا «دال ھەرپى دىلرەبالىرىنىڭ دەردلىرى» دەپ ماۋزۇ قويغان.①

① ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى)، 598 - بەت.



شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، نەۋائى شېئىرلارنى دىۋانلارغا تەقسىملىگەندە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي خرونولوگىيىلىك تەرتىپىنى نەزەردە تۇتمىغان. بەلكى ھەربىر شېئىرنىڭ روھى ۋە ئۇسلۇبىغا كۆپرەك ئېتىبار بەرگەن. شۇڭا ئۇنىڭ ياشلىق پەيتىدە يازغان غەزەللىرىنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭ ئاۋۋالقى دىۋانلىرىدا ئۇچرايدۇ. ئەمما تۆت دىۋان ھەجىم جەھەتتىن بىر - بىرىدىن كۆپ پەرق قىلمايدۇ. شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، ئەسەردىكى شېئىرلارنىڭ دىۋانلارغا تەقسىملىنىشى ۋە ناملىنىشى شەرتلىك بولۇپ، سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە.

**«خەزائىنۇل مەئانى»نىڭ تېماتىك مەزمۇنى:** نەۋائىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى پەقەت ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى كۆپلىگەن لىرىك ژانىرلارنى كەڭ جارى قىلدۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى يەنە شۇ ژانىرلاردىن پايدىلىنىپ مۇھىم پىكىر ۋە غايىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئىپادىلەندى. نەۋائى ئۇلارنىڭ ھاياتىي مەسىلىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، پەلسەپىۋى - ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي مۇلاھىزىلىرى، گۇمانىستىك قاراشلىرىنى لىرىك يوسۇندا ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەر بىر ژانىرنىڭ مەۋجۇت ئىمكانىيەتلىرىنى ئىشقا سالدى ھەم ئۇلارنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى.

نەۋائى لىرىكىسى تېمىسىنىڭ رەڭدارلىقى، غايىۋى مەزمۇنىنىڭ بايلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. لىرىك ژانىرنىڭ خىلمۇخىل كۆرۈنۈشلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم ئەتكەن بۇ شېئىرىيەت خەزىنىسىنى ئۇلۇغ سەنئەتكار پۈتكۈل ھاياتىدا ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ھاياتى ۋە پىكىر دۇنياسى بىلەن باغلىق كۆپلىگەن مەسىلىلەر ئۆز ئىنكاسىنى تاپقان. ئۇنىڭ دىۋانىدا بىز بىر جەھەتتىن ئەنئەنىۋى مەزمۇنلارنىڭ ئۆزىگە خاس مۇلاھىزىلىرى، يېڭى سۈژىتلار ھەمدە ئۇلارنىڭ شېئىرىي ۋەقەلەر ئاساسىدىكى يۈكسەك راۋاجىنى كۆرسەك، يەنە بىر جەھەتتىن شائىرنىڭ ئۆز ھاياتى، زامانىغا نىسبەتەن چىقار-

غان ئورگىنال پىكىر ۋە چوڭقۇر تۇيغۇلىرىنى ھېس قىلالايمىز .
نەۋائى ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ مەنىلىك ئىشلارنىڭ بىرى بولغان ھەم ئۆزى شەخسەن بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىشق ـ مۇھەببەت مەسىلى- سىگە لىرىكىلىرىدا خېلى كۆپ ئېتىبار بەرگەن . مەسىلەن :

« ئەي نەۋائى ، بۇ ئۆتەر ئالەم ئىچىدە بەش كۈن قىل ،
ئۆزۈڭنى مەي بىلەن مەشغۇلۇ ئىشق بىرلە ئاۋۇت . »

(ئەي نەۋائى ، بۇ ئۆتكۈنچى بەش كۈنلۈك ئالەمدە ئۆزۈڭنى مەي بىلەن مەشغۇل قىلىپ ، ئىشق بىلەن ئاۋۇتقىن . ) دېگەن مىسرالاردا نەۋائى ئۆزىنىڭ ئىشققا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى لىرىك يوسۇندا ئوتتۇ- رىغا قويغان .

ئىشق مەزمۇنىدىكى شېئىرلاردا ئۇنىڭ ئىشققا نىسبەتەن ئورىگى- نال قاراشلىرى ئىپادىلىنىپلا قالماي ، ئەينى زاماندا بۇ تېما ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرنىڭ خىلمۇخىل مەسىلىلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ ئوت- تۇرىغا قويۇلۇشىدا ۋاستە رولىنى ئوينىغان . ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، نەۋائى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ـ پەلسەپىۋى خاراكتېردىكى پىكىر ۋە خۇلاسىلىرىنىڭ ئايرىم تەرەپلىرىنى بىۋاستە ، يەنى ئىشق تېمىسىدىكى شېئىرلار تەركىبىدە ئەكس ئەتتۇرگەن . نەۋائىنىڭ ئىشق مەسىلىسىدىكى قاراشلىرى ئۇنىڭ ئومۇمىي دۇنيا قارىشى ، پەلسەپىۋى ـ ئىجتىمائىي پىكىرلىرى بىلەن مەھكەم باغلانغان . مەسىلەن :

« دەمادەم جەبرئىلە بۇزدۇڭ نەۋائى كۆڭلىن ئەنداقكىم ،
بۇزۇلغاي مۇلك ، گەر زۇلۇم ئەتسە شاھى كامران ھەردەم .
»

(پادىشاھ زۇلۇم قىلىپ ، مەملىكەتنى ۋەيران قىلغىنىغا ئوخ- شاش ، سەن دەممۇدەم جاپا قىلىپ ، نەۋائى كۆڭلىنى خاراب قىلدىڭ . ) دېگەن مىسرالاردا نەۋائى ئۆزىنىڭ يارنىڭ ۋەسلىدە ھىجران ئازابى تارتىشىنى خەلقنىڭ پادىشاھنىڭ زۇلمىدا ئازاب ـ ئوقۇبەتكە قېلىشىغا تەققاسلىغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمگە



نارازىلىقىنى ئەكس ئەتتۇرگەن . مەسىلەن :

« ئالغىلى كۆڭلىن نەۋائىنىڭ تالاشۇرخۇبلەر ،
شاھلار ئانداقكى مۇلك ئۇستىدە قىلغايلەر تالاش . »

(خۇددى پادىشاھلار تەخت ئۇستىدە جېدەل قىلغىنىغا ئوخشاش ، ئۇ گۈزەللەرمۇ نەۋائىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش ئۈچۈن بىر ـ بىرى بىلەن ماجىرا قىلىدۇ . ) دېگەن مىسرالىرىدا ، ئىشق تېمىسى- غا يانداشتۇرۇپ ، ئەينى زاماندىكى پادىشاھلار ئۆزئارا تەخت تالىشىپ خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈرگەن رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن .

نەۋائى ئىشق ـ سۆيگۈ تېمىسىدىكى شېئىرلىرىدا مەجازى ئىشق (ئىنسانىي مۇھەببەت )نى ھەقىقىي ئىشق (ئاللاغا بولغان مۇھەببەت ) قا قارشى قويمىغان . بەلكى مەجازى ئىشقنى ھەقىقىي ئىشقنىڭ بىر قىسمى ياكى ھەقىقىي ئىشق يولىدىكى بىر باسقۇچ دەپ قارىغان . مەسىلەن :

« گەر نەۋائى يىغلاسا ، ئىشقىڭ مەجازىدۇر دېمە ،
كىم نەزەر پاك ئەيلەگەن ، ئەينى ھەقىقەتدۇر مەجاز .
مەجازدىن ماڭا مەقسۇد ئىرۇر ھەقىقىي ئىشق ،
نەدىنكى ، ئەھلى ھەقىقەتكە بۇ تەرىقەت ئىرۇر .
مەجازدىن چۇ ھەقىقەتكە يول تاپار ئىشق ،
قىلۇر مەجازنى نەف ئۇلكى بىھەقىقەت ئىرۇر . »

دېمەك ، نەۋائىنىڭ ئىشقنىڭ ماھىيىتى مەسىلىسىدىكى قارىشى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ ، پاك ئىنسانىي مۇھەببەتنى ھەر قانداق يول بىلەن ئۇلۇغلاش ۋە ھىمايە قىلىش تەرەپتە تۇرغان . نەۋائى يەنە ئىشقتا باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلغان :

« ئىشق ئارا دىشۋارلىق بولماق كىشى ھەمدەردى شاھ ،
چۈندە ئۇلماس دەردىنى ، بىر يىل يۈگۈرسە دادخاھ .
شاھ دادىمغە نەتىب ئەتسۇنكى ، مۇلكى ئىشق ئارا ،
قەدرى ئالى شاھ ئىلە تەڭدۇر گاداي خاكراھ .

شاھ مەندىن ئىشق ئارا ئاجىزراق ئولسا ، تەڭ ئەمەس ،
كىم بالاكەشلىك مىنىڭ خۇيىمدۇر ، ئانىڭ ئىززۇ شاھ .
شاھلىقنىڭ دەخلى يوق ئىشقى ـ مۇھەببەت كويىدا ،
كىم كېرەك ئاندا سارىغ يۈز ، لەئلگۈن ئاشىق ، يۇتلۇغ
ئاھ . . . »

خۇلاسىلىگەندە ، نەۋائى ئىشقتا ھېچكىم ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئەمەس دەپ قارايدۇ . ئاشىقنىڭ شاھ ياكى گاداي بولۇشىنىڭ مەشۇق ئۈچۈن ئەھمىيىتى يوق . ئاشىقنى ئاشىق قىلىپ تۇرغان نەرسە بولسا پاك سۆيگۈ ، چىن ساداقەتمەنلىكتۇر . بۇ پىكىر نەۋائىنىڭ لىرىكىلىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن .

نەۋائى لىرىكىلىرىدا ئىشق ـ مۇھەببەتنى ئىنتايىن ئۇلۇغلىغان . چۈنكى ئىشق ھەقىقىي ئىنسانغا خاس بولۇپ ، مەلۇم جەھەتتىن ئالغاندا ئادىمىيلىكنىڭ بەلگىسىدۇر . شۇڭا ئىشق ئۇنىڭ نەزىرىدە شۇ قەدەر يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولغان . مەسىلەن :

« كىمگە يەتكەي ئىشق دەردى داغىدىن ئاپەت ئاڭا ،
داغى مېھرى سەلتەنەتدۇر ، دەرد ئىررۇر سىھھەت ئاڭا . »
(كىمگە ئىشق كۆيۈگىدىن ئاپەت يەتسە ،
ئۇ ئىشقنىڭ كۆيىكى ـ سەلتەنەت ، ئاغرىقى ـ سالامەتلىكتۇر . )
« ئىشق كۆيى توفراغى بىر كىميادۇر كىم ، ئىررۇر ،
يۈز قۇياش ئەكسەرىچە ، بەلكىم فۇزۇن قىممەت ئاڭا . »
(ئىشق كوچىسىنىڭ توپىسى شۇنداق ئېسىلكى ،
يۈز قۇياشتىن ، بەلكىم ئۇنىڭدىن ئارتۇق قىممەتكە ئىگە . )

دېمەك ، ئىشق شۇ قەدەر ئۇلۇغ ، شۇ قەدەر يۈكسەك بولۇپ ، ھەقىقىي ئىنسانغا خاستۇر . شۇ سەۋەبتىن نەۋائى لىرىكىلىرىدا ئىشق ئەھلى ھەقىقىي ئىنسان سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ ، ساپ ئىشق ـ مۇھەببەتنى تەقىب ئاستىغا ئېلىۋاتقان رەزىل فېئودال دىنىي كۈچلەر بىلەن كۈچلۈك سېلىشتۇرما بولغان . بۇ خىل سېلىشتۇرۇلۇش نەتى-



جىسىدە ئادىمىي خىسلەتتىن خالىي بولغان رەزىل ، ئەكسىيەتچى زۇلمەت كۈچلىرىنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسى ئاشكارا بولغان . شۇنىڭدەك ئىشق ئەھلى ۋە ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقى نامايان بولغان .

لىرىك قەھرىماننىڭ قەلبىدىكى يار گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بولۇپ ، نەۋائى لىرىكىلىرىدا مۇنداق سۈرەتلىنىدۇ :

« ئارەزىڭ زەر ھوققەلەردىن ، ئەي مەلاھەت مەشئەلى ،
مۇسھەفىدۇر لاجۇۋەردۇر ئالتۇن ئانىڭ جەدۋەلى . »
( مەنىسى :ئەي گۈزەللىك مەشئىلى ، جامالىڭ زەر قۇتا ، ئىچىدىكى كىتابى ـ كۆك ياقۇت ، سىزىقلىرى ئالتۇن . )
« تۇرفە ئايىدۇر ئۇزارىڭ ، كۆك ئاڭا ماۋى لىباس ،
ئەنجۇم ئانىڭ تەنگە ـ تەنگە باسما قىلغان زەر ھەلى . »
( مەنىسى : جامالىڭ ئاجايىپ بىر ئاي ، ئاسمان ئۇنىڭ ھاۋارەڭ كۆڭلىكى ، يۇلتۇزلار ـ ئالتۇندىن ھەل بەرگەن تەڭگە گۈللىرى . )
« ھەر نەفەس ئارتار جامالىڭنىڭ سەفاسى كۆزگۈدىن ،
كۆزگۈنىڭ ئانداقكى كۆلدىن بولغاي ئەفزۇن سەيقەلى . »
(مەنىسى : جامالىڭنىڭ سۈزۈكلۈكى ھەر قاچان ئەينەكتىن ئۈستۈن، خۇددى ئەينەكنىڭ پارقىرىشى كۆلدىن زىيادە بولغاندەك . )
« بىر پەرىدۇر لالەزار ئىچرە سارىغ گۈللەر ئارا ،
يا ئۇل ئاي ئۈستىدە زەر بەفىت گۈلگۈن مەخمەلى . »
(مەنىسى : ئۇ پەرى لالىزار ئىچىدە ، سېرىق گۈللەر ئارىسىدا ، خۇددى زەرباپ ، مەخمەل كىيگەن بىرى ئاي ئۈستىدە تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ . )

يار ئەنە شۇنداق گۈزەل بولغانلىقتىن ، لىرىك قەھرىمان ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئىنتىلىدۇ . ھەم ئاشۇ يارنىڭ ۋەسلىگە يېتەلمەي ھىجران ئازابىنى تارتىدۇ . مەسىلەن :

«فۇرقەتىڭدىن يىغلابان ، ھەقدىن ۋىسالىڭ ئىستەرەم ،
گاھ ساچارمەن باشقا تۇفراغ ، گاھ قويارمەن يەرگە باش»

(مەنىسى : جۇدالىق دەردىدە يىغلاپ ، خۇدادىن ۋىسالىڭنى تىلەي-
مەن ، گاھى بېشىمغا توپا چاچىمەن ، گاھى بېشىمنى يەرگە ئۇرىمەن . )
«قەترە قانلار كىم تامار كۆكسۈمگە ئۇرغان تاشىدىن ،
زەخمىدىندۇر دېمەكىم ، قان يىغلار ئەھۋالىمغا تاش . »
(مەنىسى : كۆكسۈمگە ئۇرۇلغان تېشىدىن تامچە - تامچە قانلار
تامدى . بۇ جاراھىتىمدىن ئاققان قان ئەمەس ، بەلكى تاشنىڭ مېنىڭ
ھالىمغا قان يىغلىغانلىقى . )
دېمەك ، لىرىك قەھرىمان يارنىڭ پىراقىدا پۈتمەس - تۈگىمەس
ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولىدۇ . ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ھالىدىن
ۋايسىمايدۇ ، ئەكسىچە يارغا بولغان ئىشقىدىن ئۆزگە قانائەت ۋە
تەسەللى ئىزدەيدۇ .
« سەنۇ ھايۋان سۈيى ، ئەي خىزىر ، تۇتقىل تەرك جانىم-
نى ،
ماڭا يار ئالدىدا ئۆلمەك ھاياتى جاۋىدانى ، بەس . »
(مەنىسى : ئەي خىزىر ، ئەي ئابىھايات ! مېنىڭ جېنىم بىلەن
كارىڭلار بولمىسۇن ، يار ئالدىدا ئۆلۈش مەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ھاياتلىق . )
« شەھۇ ئىززەت سەرىدىكىم ئەگەر بۇدۇر جەھان جاھى ،
ماڭا ئىدبار كويىدا مەزەللەت خاكدانى بەس . »
(مەنىسى : پادىشاھ ھەم ئىززەت تەختى جاھاندا ئالىي مەرتىۋە
بولسا ، مەن ئۈچۈن پىشكەللىك كوچىسىدىكى خار - زارلىق توپىسى
يېتەرلىك . )
شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، نەۋائىنىڭ ئىشق لىرىكىلىرىدى-
كى لىرىك قەھرىمان ھەقىقىي ئاشىق بولۇپ ، ئۇ يۈكسەك پەزىلەتلەر-
گە ئىگە بولغان ئالىيجاناب قەلب ئىگىسى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ .
لىرىك قەھرىمان - «ئاشىق» شائىر ئىجادىي تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى



بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىشقى - مۇھەببەت ھەققىدىكى يۈكسەك ئىدىيىلىرى
ئۇنى چىن قەھرىمان سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىرىدۇ . ئۇنىڭ خاراكتېرى-
دا بىز ئاشىققا خاس كەمتەرلىك ۋە ساداقەت ، ھەقىقىي ئىنسان ئۈچۈن
زۆرۈر بولغان غۇرۇر ۋە مەردلىك قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالا-
لايمىز . لىرىك قەھرىمان يار ئۈچۈن ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە قېلىشقا ،
ھىجران ئازابىنى تارتىشقا ، ھەتتا ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا رازى
بولىدۇ . بۇ خىل روھ چىن ئىنسانىي پەزىلەت بولۇپلا قالماستىن ،
بەلكى يەنە ئاشىقنىڭ روشەن بەلگىسى ھەم ئىشق - مۇھەببەتتىكى
مۇھىم ئامىلدۇر . نەتىجىدە ، نەۋائى لىرىكىلىرىدىكى ئاشىق ئاشۇ
خىل روھى بىلەن ھەم چىن ئىنسان سۈپىتىدە ھەم ھەقىقىي ئاشىق
سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىدۇ .
ۋاپادارلىق ، ئۆز سۆيگۈسىگە سادىق بولۇش ئاشىق مەنىۋى قىيا-
پىتىنىڭ ئەڭ ئاساسىي پەزىلىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى :
« گەر ۋاپا قىلساڭ ئىرۇر ئاندىنكى بارىدۇرسەن بەرى ،
يوقسە كىم ئالەمدە كۆرمىش نەۋائى ئىنساندىن ۋافا . »
(مەنىسى : ئەگەر ۋاپا قىلساڭ ئۇنىڭ مېۋىسىنى كۆرىسەن ،
ئۇنداق بولمىغاندا ئىنسان بالىسىدىن كىم ۋاپا كۆرىدۇ . )
ۋاپادارلىق ئىشق ئەھلىدە كەم بولسا بولمايدىغان پەزىلەت بو-
لۇپ ، ئىشقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىشى ۋاپاغا
تايىنىدۇ . نەۋائىنىڭ «پەرھاد - شېرىن» داستانىدىكى ئاشىق - مە-
شۇقلار دەل ئاشۇنداق ۋاپادار ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ جۈملىسىدىن
بولۇپ ، نەۋائى لىرىكىلىرىدىمۇ ئىشق ئەھلىنى ۋاپادار بولۇشقا چاقىر-
غان .
ئەمما ، لىرىك قەھرىمان ئىشق يولىدا نۇرغۇنلىغان جاپا - مۇ-
شەققەتلەرگە ئۇچراپ ، ئىسسىق - سوغۇق كەچۈرمىشلىرىنى بېشىدىن
ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر ئىدى .
« كۆڭلۈمە ھىجرىڭدا جەننەت گۈلشەنى زىندان ئىرۇر ،

كۆزۈمە سەنسىز گۈل نەفشان باغى خار ئەفشان ئىرۇر».

(مەنىسى : سېنىڭ ھىجرىڭدە جەننەت گۈلشەنى كۆڭلۈم ئۈچۈن
زىندان سېزىلىدۇ ، سەنسىز گۈل ئېچىلىپ تۇرغان باغ ، كۆزۈمگە
تىكەنزارلىق بولۇپ كۆرۈنىدۇ . )
« دەفئە ـ دەفئە گۈل ئاچىلمايدۇر گۈل ئەفشان باغىدە ،
كىم مېنىڭ گۈلگۈن ياشىمدە قەترە ـ قەترە قان ئېرۇر»

(مەنىسى : ئۇ گۈللۈك باغدا ئۈزلۈكسىز ئېچىلىۋاتقان گۈل
ئەمەس ، بەلكى مېنىڭ تامچە ـ تامچە بولۇپ تۆكۈلگەن قىزىل قان
ـ ياشلىرىمدۇر . )
« بەھرۇتاغ ئەتمەك گۇمانىكىم ، ئول بىرى كۆزۈمگە ياش ،
بۇ بىرى كۆڭلۈمگە دەردۇ مېھنەتى ھىجران ئېرۇر . »
(مەنىسى : ئاۋۇ دېڭىز ، ماۋۇ تاغ دەپ قالماڭ ، ئۇنىڭ بىرى
كۆز يېشىم ، يەنە بىرى جۇدالىقنىڭ كۆلپىتىدۇر . )
« دېمە بىردەمدە بولۇت كۆكنى نەۋئى ئەيلەر نىھان ،
كىم ، بۇ مۇشكۈل دورى ئاھىم ئالىدا ئاسان ئېرۇر . »
(مەنىسى : بۇلۇت بىردەمدىلا قانداقچە ئاسمان يۈزىنى توسۇۋالدى-
دۇ دېمە ، بۇ تەس ئىش ، لېكىن مېنىڭ ئاھىم تۈتۈنلىرى ئالدىدا
ئاسان . )

« قىلدى ئەشكىمنى ، شەفەقگۈن ھەجىر بىپايان تۈنى ،
مەللەسىن جەك تاڭنىڭ ئەي گەردۈنكى قان بولغۇسىدۇر .
»
(مەنىسى : جۇدالىقنىڭ ئۇزۇن تۈنى كۆز يېشىمنى شەپەق رەڭگە
ئايلاندۇردى ، ئۇنى تاڭنىڭ شايىسى بىلەن تاڭمىساڭ ، ئاسمان قانغا
بويىلىپ كېتىدۇ . )
شۇبھىسىزكى ، ئاشىقنىڭ بۇ ئوڭۇشسىز كەچۈرمىشلىرىگە ئەينى



دەۋردىكى زۇلمەتلىك فېئوداللىق جەمئىيەت ۋە ئەكسىيەتچى دىنىي
كۈچلەر سەۋەب بولغانىدى . قاراڭغۇ ئوتتۇرا ئەسىردە ياشلارنىڭ ئىشق
ـ مۇھەببىتى ، ناھايىتى تەبىئىيلا دىنىي ـ تەبىقىۋى چەكلىمىلەر ھەم
ھۆكۈمرانلارنىڭ رەزىل ، پاسىق دۇنيا قارىشى تۈپەيلى قاتتىق چەكلى-
مىگە ۋە بوغۇشقا ئۇچرايتتى . لىرىك قەھرىماننىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلى-
رىنى نەۋائىمۇ بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى دېيىشكىمۇ بولىدۇ . لىرىك
قەھرىمان يەنە مەلۇم مەنىدىن نەۋائىنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت ھەققىدى-
كى چوڭقۇر تەسىرات ـ تونۇشلىرىنى ئۆزىگە يۈكلىگەنلىكتىن ، تو-
لۇق ھوقۇقلۇق ھالدا ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولغۇچى ئىشق
ئەھلىگە ۋاكالىتەن قاراڭغۇ جەمئىيەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ .
لىرىك قەھرىمان يەنە قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئۈمىدۋار ھالدا يى-
راققا نەزەر تاشلايدۇ ۋە جاپا ـ مۇشەققەت ، ئازاب ـ ئۇقۇبەتنى ئىشق
ۋەسلىگە يېتىشتىكى مۇقەررەر باسقۇچ دەپ قارايدۇ .
« كىم مەي ۋەسل ئىچىشكىم ، ھىجران خۇمارى چەكمى-
دى ،
خارسىز گۈل دەھىر بوستانىدا نى ئىمكان ئىرور . »
(مەنىسى : كىم ھىجران دەردىنى تارتماي ۋىسال شارابىنى ئى-
چىپتۇ ؟ جاھان بوستانىدا تىكەنسىز گۈل بولۇشى مۇمكىن ئەمەسقۇ !
؟ )

دېمەك ، ئاشىق يەنىلا ئۈمىدۋار بولىدۇ . بۇ خىل ئۈمىدۋارلىق
ئۇنى ئىشق يولىدا جاپادىن قورقماسلىققا ئۈندەيدۇ ھەم ئۇنىڭغا تەسەل-
لى بولىدۇ .
نەۋائى يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ ،
خىلمۇ ـ خىل ئىرق ، مىللەت ۋە قەبىلىگە تولغان جەمئىيەتتە چىن
ئىنسانىي مۇھەببەتنى كۈيلەيدۇ . ئاشىق ـ مەشۇقچىلىقتا ھەقىقىي
سۆيگۈنى ھەممىنىڭ يۇقىرىسىغا قويۇشنى تەكىتلەيدۇ :
«سەنەملەر ھۆسنىدىن مەقسۇد يار ئولمىش نەۋائىغا ،

ئەگەر بارلاس ، ئەگەر تارخان ، ئەگەر ئارلات ، ئەگەر سولدۇز ؛

ئىشق كامىل ئەلنى يا پەرھاد ، يا مەجنۇن قىلار ،
گەر ئىرۇر مەشۇقى ياخۇد ئەرمەنى ، ياخۇد ئەرەب .

ئەگەر ھۆسىن ئۆتسە قاتىل ، زار نە دەرۋىشۇ نە سۇلتان ،
ۋە گەر ئىشق ئولسا كامىل يار نەھىندۇ ئۇ نە ئۆزبېك .

نەۋائى ئىستە مازاھىردە چېھرى مەقسۇد ،
ئەرەب ۋە گەر چىغتاي ، يوقسا تۈركمەنۇ ، ھالاژ .

ھۆسن ئۇچۇن جىلۋە قىلۇر ، ئاقۇ ـ قارادا يوق پەرق ،
كىشگە كەلسە بالا ـ خاھى خىتا ، خاھى ھەبەش .

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

مەن تىلەپ ھۆسن ، ۋەلە شاھ تىلەپ ئەسلۇ نەسەب ،
ماڭا لولى بىلەن ھىندۇ ، ئاڭا قۇڭراتۇ قىيات . »

بۇ مىسرالاردا نەۋائىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك غايىسى ئالاھىدە ۋايىغا يەتكەن . مەلۇمكى ، ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىرقى ۋە مىللىي تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ ، تەخت ماجىرالىرى ، خانلىقلار ئارا ئۇرۇش كۆچىيىۋاتقان ئاشۇ مەزگىلدە نەۋائىنىڭ بۇ خىل ئىنسانپەرۋەلىك روھى ناھايىتى قىممەتلىك ئىدى . چۈنكى ، مىللەتلەر ، قەبىلىلەر ئارا زىددىيەت كېلىپ چىقىدىغان بولسا ، بۇنىڭ خەلققە ئېلىپ كېلىدىغان بالايىئاپىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى . نەۋائى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىناقلىق ، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەر



قايسى مىللەت ۋە ھەر قايسى قەبىلە قىز ـ يىگىتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى چىن مۇھەببەتنى تەرغىب قىلغان بولۇپ ، خىلمۇخىل خەلقلەر خاتىرجەم ، تىنچ ياشايدىغان بىر جەمئىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلغان . نەۋائىنىڭ بۇ خىل ئىدىيىسى يەنە مىللىي ـ قەبىلىۋى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ ، ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ كۈچى ئارقىلىق خەلق ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنى ئىستىگەن . يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا ، ئىشق ـ مۇھەببەت ، چىن سۆيگۈنىڭ رولىنى ئۇلۇغلىغان بولۇپ ، كىشىلەرنى ھەر خىل پەرقلەرنى قايرىپ قويۇپ ئۆزىنىڭ يۈرەك ساداسىغا قۇلاق سېلىشىغا چاقىرىدۇ .

دېمەك ، نەۋائىنىڭ ئىنسان ھاياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرى ـ ئىشق ـ مۇھەببەت توغرىسىدىكى بۇ خىل قاراشلىرىغا ئۇنىڭ جەمئىيەت ، ھايات ھەققىدىكى ئىجتىمائىي ـ پەلسەپىۋى قاراشلىرىمۇ ياندىشىپ كەلگەن . ئۇنىڭ ئۇستىگە شائىرمۇ ھەقىقىي ئاشىقلىقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولغاچقا ، ئۆزىگە تونۇش بولغان بۇ تېمىدا تېخىمۇ چوڭقۇر ، تېخىمۇ كۈچلۈك پىكىرلەرنى ھەم ئىنچىكە تەھلىللەرنى ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان .

نەۋائى ياشىغان دەۋردىكى خىلمۇخىل زىددىيەتلەر ، ۋەقە ۋە ھادىسىلەر شائىر لىرىكىسىنىڭ تېمىسىنى تېخىمۇ بېيىتقان . چۈنكى ، ئۇ تەخت تالىشىش ماجىرالىرى ، نادانلىق ، جاھالەت ، ھىيلىگەرلىك ، ئالدامچىلىق ، ساختىپەزلىك ، ھەسەتخورلۇق ، مۇناپىقلىق ، تۆھمەتخورلۇق يامراپ كەتكەن فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ خىلمۇخىل جىنايەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى ، شائىر خەلقپەرۋەلىكى تۈپەيلى قارا نىيەت كىشىلەرنىڭ پىتنە ـ ئىغۋاسىغا ئۇچراپ ھۆسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىدىن سىقىپ چىقىرىلغان ھەم خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بېرىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغانىدى . شائىرنىڭ بۇ خىل بىۋاستە كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭ لىرىكىسىدا چوڭقۇر ئەكس

ئېتىپ ، شائىرنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىك ، ئىنسانپەرۋەرلىك ، ساداقەت ،
مېھىر ـ ۋاپا ، مەردلىك ، راستچىللىق ، توغرىلىق ، دوستلۇق قاتار-
لىق ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ ئىپادىلىنىشىگە تۈرتكە بولغان ئىدى . شائىر
ئەنە شۇنداق لىرىكىلىرىدا ئادالەتپەرۋەر ، مەرىپەتپەرۋەر شەخس سۈپە-
تىدە مەيدانغا چىقىپ ، زالىم پادىشاھلارنى ، پارىخور ، بۇلاڭچى ئەمەل-
دارلارنى ، جاھىل ، ھىيلىگەر ، ئالدامچى ، خۇشامەتچى شەخسلەرنى ،
ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى قاتتىق قامچىلايدۇ . بۇ خىل روھ ئۇنىڭ بىر
قاتار لىرىكىلىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن .

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ئۇنىڭ خەلقچىللىقى-
دا كۆرۈلىدۇ . ئۇ ھاكىمىيەتتىكى چاغلاردا ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەت-
لىرى ئارقىلىق خەلقپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلغان بولسا ، ئىجا-
دىيەت بىلەن شۇغۇللانغان چاغلاردا ئۆز لىرىكىلىرىنى خەلقچىللىق
روھ بىلەن سۇغاردى :

« يۈزجەفا قىلسا ماڭا بىر قەتلە فەرياد ئەيلەبان ،
ئەلگە قىلسا بىر جەفا يۈز قەتلە فەرياد ئەيلەرەم . »

(مەنىسى : ماڭا يۈزلەپ جاپا قىلسا پەقەت بىرلا قېتىم پەرياد
چېكىمەن ، خەلققە بىر جاپا قىلسا يۈزلەپ پەرياد چېكىمەن . )

نەۋائىنىڭ ئېزىلگەن خەلق ئۈچۈن پەرياد چېكىدىغانلىقى ئۇنىڭ
ئەمەلىي ئىش ھەرىكەتلىرىدىمۇ ئىپادىلەنگەنىدى . ھىرات خەلقى قوز-
غىلاڭ كۆتۈرگەندە ، نەۋائى خەلق تەرەپتە تۇرۇپ ، ئالۋان ـ ياساق ،
باج ـ سېلىقنى كۆپەيتىۋەتكەن ۋەزىر ـ ئەمەلدارلارنى قاتتىق جازالى-
غانىدى . يۇقىرىقى مىسرالار بولسا ئۇنىڭ خەلقپەرۋەلىك روھىنىڭ
لىرىكىلاردا ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

يەنە :

« شەربەت ماڭا خونئاب ، غىزا بولمىش غەم ،
بەستەر قارا تۇپراغۇ ئاھ ھەمدەم بولمىش .
ھالىمغا خەلايىق ئىشى ماتەم بولمىش ،



سەنسىز ئۆلەرىم سەئب ئىدى ، ئۇ ھەم بولمىش . »

(شەربىتىم قان ، غىزايىم غەمدىن ئىبارەت بولدى ، ياتار يېرىم
قارا تۇپراق ، ھەمدىمىم ئاھ ـ پىغان . سەنسىز ئۆلمىكىم مۇمكىن
ئىدى ، ئۇ ھەم بولدى . )

دېگەن مىسرالىرىدا نەۋائىنىڭ خەلق بىلەن غەم ـ قايغۇ ، جاپا
ـ مۇشەقەتتە بىللە بولۇش روھى كۈچلۈك ئەكس ئەتكەن .خەلقنىڭ
بېشىغا چۈشكەن جەبىر ـ زۇلۇم تۈپەيلى ، زامان نەۋائىغا زالىم ،
رەھىمسىز ھەم قاراڭغۇ تۇيۇلاتتى :

« بىرەھىم دۇرۇر ئالەمۇ زالىم ئەفلاك ،
بىمېھىر دۇرۇر ئەنجۇمۇ دەۋران بىباك .
قاي سەرۋچە مەندە جىلۋە قىلدى چەلاك ،
كىم يەرگە تۆكۈلمەدى نىچۇككىم خاشاك ؟ ! »

(مەنىسى : ئالەم رەھىمسىز ، پەلەك زالىمدۇر ، يۇلتۇزلار مې-
ھىرسىز ، دەۋران ۋاپاسىزدۇر ، چىمەندە چىرايلىق جىلۋە قىلغان
سەرۋ دەرىخى ئوت ـ خەسلەردەك يەرگە تۆكۈلمەي قالدى ؟ ! )

زامانىنىڭ ئەنە شۇنداق قاراڭغۇلۇق ، چۈشكۈنلۈككە پېتىشىغا ،
خەلقنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتە قېلىشىغا پادىشاھلار ، خانىشلار ۋە ساراي
ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشى سەۋەبلىك ئىدى . بۇ
مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ :

« قاتىغ كۆلكۆڭدىن ئاقتى خەلق ياشى ،
كى يامغۇر بائىسىدۇر يادە تاشى . »

(مەنىسى : پادىچىلارنىڭ يادىتېشى يامغۇرغا سەۋەب بولغۇنىدەك ،
سېنىڭ كۆلكە ـ خۇشاللىقلىرىڭ خەلقنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزدى . )

« نۇش ئىمەسىدۇر دەھىر بەزمىدە كىرەككىم نۇش
دۇرۇر ،
مەي دېمەكىم ساغەرى دەۋران ئىچىدە قان ئىرۇر . »

(مەنىسى : زامان بەزمىسى ئىچىدە كېرەك قىلىنىۋاتقىنى مەي

ئەمەس بەلكى نەشتەردۇر ، دەۋران پىيالىسىگە تولدۇرۇلغاننى شاراب دەپ قالما ، ئۇ قىزىل قاندۇر . )

« شاھا ئەل جەۋھەر جانىن چىقاردىڭ ،
جەۋائىر ھىرىسىدىن بىداد ئېتىپ فاش . »

(مەنىسى : ئەي پادىشاھ ، جەۋھەرگە تويماي ، خەلققە زۇلۇم سېلىپ ، ئۇلارنىڭ جان گۆھەرلىرىنى سۇغۇرۇپ ئالدىڭ . )

يۇقىرىقى مىسرالاردا نەۋائى فېئوداللىق دۆلەتنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ـ پادىشاھقا بىۋاستە خىتاب قىلغان بولۇپ ، ئۇ ناھايىتى دادىل ھالدا ئۇلارنىڭ قانلىق جىنايەتلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن . نەۋائى يەنە شاھلار ، ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلقنىڭ قان تەرى بەدىلىگە ئەيش ـ ئىشرەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ، ئۇلارنى زۇلۇمنى توختىتىشقا چاقىرىدۇ .

تۆۋەندىكى مىسرالاردا شائىر تېخىمۇ كونكرېت ھالدا شاھ ، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنىڭ زادى قانداق ئاساسقا ئورنىتىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ :

« قەسرىكى ، بەزىم ئۇندا مۇھەييا بولۇپ ،
زىننىتى فىردەۋسى مۇئەللا بولۇپ .
پەردىلىرى رىشتى ئەل جېنىدىن ،
لەلىيۇل شىنگەرفى ئولۇس قېنىدىن .
شەمسى ئەل مېلى بىلەن زەر نىگار ،
ئەل دۇرۇلەلى بىللە گۆھەر نىگار .
غىشتىنى مەسجىت بۇزۇبان كەلتۈرۈپ ،
تېشىنى ئەل مەرقەدىدىن يەتكۈزۈپ . »

يۇقىرىقى مىسرالاردىن يەنە شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىرى ، ھەتتا ئۇلار ئەيش ـ ئىشرەت قىلىدىغان ئوردا ـ سارايلار ، چاھار باغلار خەلقنى زار ـ زار قاقشىتىش ، خانىۋەيران قىلىش بەدىلىگە كەلگەن . نەۋائى ھۆكۈمرانلارنىڭ



ئاگاھ بولۇشىنى ، زولۇمنى توختىتىشنى ، بولمىسا نەتىجىسىنىڭ خەيرلىك بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ، ھەمدە :

« سەن جەفا قىلغاچ ، كۆڭۈل جان بىرلە تەركىم تۇتتىلەر ،
بولسا شاھ زالىم ، ئەل ئىچرە زۇلمىغا ئىرمىش رىدۋاج . »

(مەنىسى : پادىشاھ زالىم بولسا يۇرت ئىچىدە زۇلۇم ئەۋج ئېلىپ كەتكەندەك ، سەن جاپا سېلىۋەرگەچكە كۆڭلۈممۇ ، جېنىممۇ مەندىن بىزار بولدى . )

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق زالىم پادىشاھ بىلەن ئەل ئىچىدىكى زۇلۇم ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئېچىپ بېرىدۇ . ئۇ يەنە زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە :

« راۋان تىغى ھەم ئەل باشىدا دائىم ،
ۋە ئۆز كۆكسىدۇر ئانىڭ غىلابى .
بۇ ھالەتغە تانۇقدۇر ئەل باشىنىڭ ،
سەفاسى بىرلە ئۆز كۆكسى شىكافى . »

(مەنىسى : ھەر دائىم خەلقنىڭ بېشىدا ئوينىتقان قىلىچ ، ئۇنىڭ ئۆز كۆكسىنى غىلاپ قىلىدۇ ، بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى ، خەلقنىڭ بېشى قانچىلىك كېسىلسە ، ئۇنىڭ كۆكسىمۇ شۇنچىلىك تىلىنىدۇ )

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالارنى تىزىپ ، زۇلۇم ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدىغان قارشىلىقتىن ئىبارەت سەۋەب ـ نەتىجىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . ئۇ خەلق ئۈچۈن ھەق مەيداندا تۇرۇپ ، شاھلار خەلققە زۇلۇم قىلىۋەرسە ، ئاقىۋەتتە قەدىردان ھاكىمىيىتىدىن ئايرىلىپ ، ئۆز قىلمىقى ئۈچۈن پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدىغانلىقى ھەققىدە شاھنى ئاگاھلاندۇرىدۇ .

نەۋائى ياشىغان دەۋردە ھۇسەيىن بايقارا خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمنى كۈچەيتكەن ، سۇيىقەستچىلەرگە ئىشىنىپ ، خەلقپەرۋەر نەۋائىد-

نى ئوردىدىن سىقىپ چىقارغاندى . نەۋائى بۇ ھەقتە :

« ئەي نەۋائى ، گەر ۋافاسىز چىقتى ئول سۇلتان ھۇسەيىن ،
تاپتىڭ ئەلگە نىكىم ، تىلەرسەن ئەمدى سۇلتاندىن ۋافا . »

(مەنىسى : ئەي نەۋائى ، ئۇ سۇلتان ھۇسەيىن ۋاپاسىز بولۇپ چىقتى ، ۋاپانى ئەلدىن تاپتىڭ ، ئۇنى يەنە سۇلتاندىن تىلەمسەن ؟ ) دەپ يېزىپ ، ئۆز زامانىسىدىكى ھۆكۈمدار ھۇسەيىن بايقارانى – زالىملىقى تۇپەيلى ئاشكارا ئەيىبلەيدۇ . ئۇ يەنە ئەمگەكچى خەلقنىڭ زالىم ھۆكۈمرانلارغا سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن ۋاپادار ئىكەنلىكىنى ، ئۆزىنىڭ ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدا ئاشۇ ئېسىل پەزىلەتنى بايقىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

نەۋائى ئەقىلسىز ، ھاماقەت شاھلارنىڭ قانداق كىشىلەرنى ئەتراپىغا يىغىۋالىدىغانلىقى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ :

« شاھ يانىن فەرزىن كەبى كاجلەر مەقام ئېتمىش ، نىتاڭ ،
راستىرەۋلەر ئېرسەدىن گەر تۇشەلەر رۇھدەك قىراق . »

(مەنىسى : پادىشاھنىڭ يېنىدا فەرزىنگە ئوخشاش ئەگرى يۇرگۇچىلەر ئورۇن ئالغان بولسا ، روھقا ئوخشاش تۇز ماڭغۇچىلارنىڭ چەتتىن ئورۇن ئېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . )

نەۋائى بۇ مىسرالاردا قابىلىيەتسىز ، ھاماقەت شاھلارنىڭ ئۆز ئەتراپىغا بىر توپ قارانىيەت ، زالىم ، قابىلىيەتسىز كىشىلەرنى يىغىۋالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . بۇ خىلدىكى رەزىل كۇچلەر پادىشاھنىڭ بىخۇد ، ھاماقەت ، زالىملىقىدىن پايدىلىنىپ خەلققە كوللېكتىپ ھالدا زىيانكەشلىك قىلاتتى . نەۋائى ئۆزىنىڭ ئۇلارغا بولغان غەزەپ – نەپرىتىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە يەنە :

« بىراۋنىڭ خەۋپى كۆپرەك شاھ قاشىندە ،
كى شاھنىڭ بار ئاڭا تەئزىمى كۆپرەك .
ئىرۇر شاھ مەجلىسى ئوتكىم ، كى ئوتغە ،



يېقىنراق بولسا كۆيمەك بىمى كۆپرەك . »

(مەنىسى : كىمنىڭ خەۋپى كۆپرەك بولسا ، شۇ شاھنىڭ قېشىدا ، يەنە پادىشاھ ئۇنىڭغا جىقراق تەزىم قىلىدۇ ، پادىشاھنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بىر ئوتتۇركى ، ئوتقا يېقىن بولغاننىڭ كۆيمەك خەۋپى كۆپرەك بولىدۇ . ) دېگەن مىسرالاردا شاھنىڭ ئاخىرى زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق تەرىپىدىن يوقىتىلىدىغانلىقىنى ، شۇڭا قابىل كىشىلەرنى ئەتراپىغا توپلاپ ، خەلققە بەخت يارىتىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

نەۋائىنىڭ جەمئىيەتنىڭ روناق تېپىشى ، خەلقنىڭ بەخت تېپىشى ياكى ئەكسىچە بولۇشىنى پادىشاھقا باغلىشىنى ئەينى زامان شارائىتىغا قويۇپ چۈشىنىش كېرەك . پادىشاھ فېئوداللىق دۆلەتتىكى ئالىي ھۆكۈمران بولغانلىقتىن ، ئاشۇ بىر ئادەمنىڭ ئادىل ياكى زالىم بولۇشى جەمئىيەتكە ئاسمان – زېمىن تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلەتتى . خەلقنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرەلمەسلىكىمۇ ئادىل ياكى زالىم پادىشاھنىڭ تەختكە چىقىش ئېھتىماللىقىغا قاراپ ئىشقا ئاشاتتى . فېئودال پادىشاھمۇ فېئودال ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى ۋە ھاكىمىيەت ئاپپاراتى ھەربىي كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۇرگۈزگەنلىكتىن مۇقەررەر كېلىپ چىققان قارشىلىقلارمۇ ئاسانلىقچە فېئودال ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىۋېتەلمەيتتى . شۇ سەۋەبتىن پادىشاھلارنىڭ ئادالەتلىك ، خەلقپەرۋەر ، مېھرىبان بولۇشىنى تىلەش ھەمدە ئۇنىڭغا خەلقنى ، دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىش يەنىلا ئەڭ ياخشى چىقىش يوللىرىنىڭ بىرى ئىدى . ئەگەر بۇ خىل چارە ئۈنۈم بەرسە ياخشى نەتىجە كېلىپ چىقاتتى . نەۋائى بۇ خىل نەتىجىنى مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىدۇ ؛

« ئەدل ئەيلەكى ئول خەلق ھاياتى بولمىش ،
خۇش ئول كىشىكىم ئەدل سىفاتى بولمىش .
ھەم مۇلك بىلە ئەدل جىھادى بولمىش ،

هەم ئەدل بىلە مۇلك سەباتى بولمىش . »

(مەنىسى : ئادالەت يۈرگۈز ، ئۇ خەلقنىڭ ھاياتىدۇر ، ئادىل بولۇش كىشىنىڭ ياخشى سۈپىتىدۇر ، مەملىكەت بولغاندا ئادالەتلىك ئۇرۇش بولىدۇ ، ئادالەت بىلەن مەملىكەت تىنچ بولىدۇ . )

بۇ مىسرالاردا شائىر ئادىل شاھ ھۆكۈمرانلىقىدىكى تىنچ ، تەرەققىي تاپقان فېئودال دۆلەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغان بولۇپ ، پادىشاھنى ئادىل بولۇشقا ، شۇ ئارقىلىق خەلققە بەخت كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلغان .

يۇقىرىدا ئېيتىقىنىمىزدەك ، نەۋائىنىڭ دۆلەت ، خەلق بەختىنى ئادىل شاھقا باغلىشى ، ئەينى دەۋر تارىخىي شارائىتىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر . جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخىدىن قارىغاندىمۇ ، ئەينى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمىدىن باشقا ئالاھىدىرەك تۈزۈمنى بارلىققا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا نەۋائىنىڭ بارلىق ئۈمىدىنى شاھقا باغلىشى ناھايىتى تەبىئىي . ئۇنىڭ خەلقپەرۋەرلىك ، ئىنسانپەرۋەرلىك غايىلىرىمۇ كۆپ ھاللاردا شاھنى مەركەز قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان .

ئەينى زاماندىكى جاھالەت كۈچلىرىنىڭ يەنە بىر ۋەكىلى ـ رەزىل ، مۇتەئەسسىپ ، جاھىل دىنىي كۈچلەر ئىدى . ئۇلار فېئودال ھاكىمىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىنى كونترول قىلغانلىقتىن ، خالىغانچە ھاكىمىيەتكە ، جەمئىيەتكە ، ھەتتا ئەڭ ئادەتتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگىچە قارا قولىنى سوزاتتى . ئۇلار خەلق شۇنچە ئۇلۇغلىغان دىنىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ، دىنىنىڭ خەلقنىڭ قەلبىدىكى ھەم ھاكىمىيەتتىكى ئورنىدىن رەزىللەرچە پايدىلىناتتى . ئۇلارغا تىل تەگكۈزۈش ، ئۇلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى چىقىش ، كۆپ ھاللادا دىنغا تىل تەگكۈزۈش ، دىنغا قارشى چىقىش بىلەن باراۋەر بولۇپ قالاتتى . نەۋائى دىنىي كۈچلەرنىڭ زوراۋانلىقىنى تونۇپ يەتكەن بولۇپ ، لىرىكىلىرىدا ئۇلارنى مۇنداق تىلغا ئالغان .



« ئول بىرى دام ئېردى ، بۇ بىر دانە ئەل سەيدى ئۈچۈن ،
ھەر قاچانكىم ئەزمى تەسبىھۇ موسەللا قىلدى شەيخ . »

(مەنىسى : شەيخ دائىم تەسۋى بىلەن جايىنامازغا يۆلىنىدۇ ، ئۇنىڭ بىرى كىشىلەرنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ، يەنە بىرى قىلتاق . )

« ياخەيالى بەڭ ، ياخۇد خانەقەھ فىكرى ئىدى ،
ھەر كەراماتى مەقاماتىكى ئىفشا قىلدى شەيخ . »

(مەنىسى : ئۇ يا نەشىنىڭ كەيپىدە ياكى خانىقانىڭ غېمىدە ، ئۆزىچە ئاجايىپ كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ كېتىدۇ . )

« باۋۇجۇدى مەسخۇ نادانلىغ مۇرد ئەيلەر ئۈچۈن ،
كۆپ ئۆزىدىن مەسخۇ نادانراغنى پەيدا قىلدى شەيخ . »

(مەنىسى : ئۇ شۇنداق تۇرۇپ ئەخمەق ۋە نادانلاردىن مۇرىت توپلاش ئۈچۈن ئۆزىدىنمۇ بەتتەر ئەخمەق ، نادانلارنى تاپىدۇ . )

نەۋائى سوپى ـ شەيخلەرنى ئەيىبلەش ئۈچۈن شۈبھىسىزكى ، زور خەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلغان . گەرچە سوپى ـ شەيخلەرگە تىل تەگكۈزۈش شۇ قەدەر خەۋپلىك بولسىمۇ ، نەۋائى ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشتىن ، خەلق ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشنى ئەۋزەل كۆرگەن . شۇ سەۋەبتىن ئۇ رەزىل سوپى ـ ئىشانلارنى لىرىكىلىرىدا قاتتىق قامچىلاپ ، ئۆزىنىڭ خەلقپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلغان .

شۈبھىسىزكى ، ئەلىشىر نەۋائى لىرىكىسىنىڭ شېئىرىيەت قاردشىدىكى ئورنى ۋە ئەھمىيىتىنى بەلگىلىگۈچى مۇھىم ئامىللاردىن بىرى ـــ بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەندەك ، ئۇنىڭ لىرىكىلىرىنىڭ ھاياتقا يېقىنلىقى ، دەۋر قىياپىتى ھەمدە ئىلغار ئىجتىمائىي روھنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتكەنلىكىدۇر . نەۋائى لىرىكىسى ئۆز ئىجتىمائىيلىقى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك تەرەققىيات تارىخىدا ئالاھىدە بىر باسقۇچنى تەشكىل قىلىدۇ . شائىر ھاياتىنىڭ تۈرلۈك دەۋرلىرىدە شارائىت تەقەززاسى بىلەن بارلىققا كەلگەن ، ژانىر جەھەتتىن باي

بولغان لىرىكىلىرىدا خىلمۇخىل مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەل قىلىش
يوللىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان . ئۇنىڭ لىرىكىلىرى ئىجتىمائىي لىرى-
كىنىڭ دەسلەپكى نامايەندىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

**«خەزائىنۇل مەئانى» نىڭ بەدىئىي مېتودى :** يۇ-
قىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، نەۋائى ھاياتىدا 16 خىل ژانىردا
ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ ، «خەزائىنۇل مەئانى»دا ئۇلارنىڭ
نادىر ئۈلگىسىنى ياراتقاندى . ئۇنىڭ دىۋانلىرىدا غەزەل ئاساسىي
سالماقنى ئىگىلىسىمۇ ، غەزەل بىلەن بىرلىكتە يەنە يۈزلەپ قىتئە ۋە
رۇبائىيلار ، خىلمۇخىل تېمىلاردا يېزىلغان مۇستەھزات ۋە مۇخەم-
مەس ، مۇسەددەس ۋە تەرجىبەند ، ساقىنامە ۋە مەسنەۋى ، مۇئەمما
ۋە چىستان قاتارلىقلار ئۇچرايدۇ . ئۇ بۇ ژانىرلاردا ناھايىتى يۇقىرى
ماھارەت بىلەن ئىجاد قىلىپ ، دىۋانلىرىدا يۇقىرى بەدىئىيلىكنى ھا-
سىل قىلدى .

**غەزەل .** نەۋائى لىرىكىلىرىدا غەزەل ئاساسىي سالماقنى ئى-
گىلەيدۇ . ئۇنىڭ غەزەللىرى غايىۋى بەدىئىي سالمىقى جەھەتتىن ئوت-
تۇرا ئاسىيا تۈركىي تىلى غەزەلچىلىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىسى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . نەۋائىغا قەدەر ئوتتۇرا ئاسىيادا غەزەلچىلىك
مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەنىدى . نەۋائى ئۆزىنىڭ
غەزەل ئىجادىيىتىنى ئاشۇ مىللىي ئەنئەنىنىڭ باي تەجرىبىلىرى ئاسا-
سىدا باشلىدى . ئۇ ئۆز ئىجادىيىتى جەريانىدا ئەرەب - پارس شېئىرى-
يىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، تۈركىي
تىلىدىكى غەزەلچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا خىزمەت قىلدۇردى . ئۇ غە-
زەللىرىنى ئارۇز ۋەزنىنىڭ خىلمۇخىل بەھرىلىرىدە يازدى ھەم يازغان-
دىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ يازدى . بۇ خىل ئەھۋالنى ئۇنىڭ بىلەن زاماد-
داش باشقا تۈركىي تىلىدىكى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۇچرىتال-
مايمىز . ئۇنىڭ غەزەللىرى ئۇسلۇبىنىڭ رەڭدارلىقى ھەمدە شۇ رەڭ-



دارلىق بىلەن باغلانغان رەڭدار تېمىلىرى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە
تاشلىنىپ تۇرىدۇ . نەۋائىغا قەدەر يارىتىلغان غەزەللەردە سۆيگۈ تېمى-
سى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ ، نەۋائى ئۆز غەزەللىرىگە
كۈچلۈك ئىجتىمائىيلىق ئاتا قىلدى . ھەجۋىي روھىيىتىدىكى غەزەل-
نىڭ نەمۇنىلىرىنى ياراتتى . مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ ، ئۇنىڭ
غەزەللىرىنىڭ رېئال تۇرمۇش تەسىراتلىرى زېمىنىدا يارىتىلغانلىقى
بىلىنىپ تۇرىدۇ .

نەۋائىغا قەدەر تۈركىي ۋە پارس تىللىق خەلقلەر غەزەلچىلىكىدە ،
غەزەلنىڭ تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىزچىللىقتا ئىگە بولۇشى تەلەپ
قىلىنمايتتى . گەرچە ئايرىم ساندىكى غەزەللەر ئاشۇ خىل ئالاھىدى-
لىككە ئىگە بولسىمۇ ، لېكىن بۇ خىل ئەھۋال پۈتكۈل غەزەلچىلىك
ئۈچۈن خاراكتېرلىك ئەمەس ئىدى . نەۋائى غەزەلىياتىدا بولسا ئەنە شۇ
خۇسۇسىيەت سىستېما ھالىتىگە كېلىپ ، شائىر غەزەللىرىنىڭ خا-
راكتېر بەلگىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى . شائىر بىر غەزەلدە مەلۇم
بىر تېمىنى ئاساس قىلدى ۋە شۇ تېمىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىشكە
ئەھمىيەت بەردى . يەنى ، بىرىنچى بېيىتتا ئېيتىلغان پىكىر كېيىنكى
بېيىتلاردا راۋاجلاندۇرۇلدى . مەسىلەن :

« جانغا چۇن دەرمەن : نەئەردى ئۆلمەگىم كەيپىياتى ؟
دەركى ، بائىس ئولدى جىسىم ئىچرە مەرەزنىڭ شىددەتى .
جىسمدىن سورىسامكى بۇ ۋەزىنغە نە ئەردى سەبەب ،
دەر : ئاڭا بولدى سەبەب ئوتلۇق باغىرنىڭ خىرقەتى .
چۇن باغىردىن سورىدىم ، ئايتۇر : ئاندىن ئوت تۇشتى ماڭا ،
كىم كۆڭۈلگە شولا سالدى ئىشق بەرقەتى ئافەتى ،
كۆڭلۈمە قىلسام غەزەب ، ئايتۇركى ، كۆزدىندۇر گۇناھ ؛
كۆرمەيىن ئول تۇشمەدى بىزگە بۇ ئىشنىڭ تۆھمەتى .
كۆزگە چۇن دەرمەنكى ، ئەي تەردا مەنى يۈزى قارا ،
سەندىن ئولمىش تەلبە كۆڭلۈمنىڭ بالايۇ ۋەھشەتى .

يىغلاپ ئايتۇر كۆزكى، يوق ئەردى ھەم ماڭا ئىختىيار،
كىم كۆرۈندى ناگەھان ئول شوخى مەھۋەش تەلبەتى.
ئەي نەۋائى، بارچە ئۆز ـ ئۆزىن دېدى، ئۆلگۈنچە كۆي،
كىم ساڭا ئىشق ئوتى يوق ئەرمىش ئەزەلنىڭ قىسمەتى.»

بۇ غەزەلنىڭ بىرىنچى بېيىتىدا سوراق، ئېنىقلىنىشى لازىم بولغان مۇئەمما تەرزىدە قويۇلغان مەسىلە بېيىتمۇ بېيىت مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئەڭ يۇقىرى نۇقتىغا يېتىدۇ. بايانىنىڭ مەنتىقىي راۋاجى جەريانىدا بىرەرمۇ ئارتۇق دېتال ئۇچرىمايدۇ. شائىرنىڭ خۇلاسىسى بولسا مەسىلىنىڭ يورۇتۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

نەۋائىنىڭ غەزەللىرىنى تەئرىف، تەۋسىپ، مەدھ، شەرھى ھال (ئىزھار) ۋە ھېكايە (سۇژىت) تەسۋىرى دېگەن تىپلارغا بۆلۈش مۇمكىن. غەزەلنىڭ تىپلىرى مەزكۇر ۋاستىلەرگە قاراپ بۆلۈنگەن.①

تەرىپ تىپىدىكى غەزەللەردە كۆپىنچە مەشۇقنىڭ قىياپىتى مەلۇم ئوخشىتىشلار بىلەن تەسۋىرلەنگەن. مەسىلەن:

«ئىككى غۇنچەڭ ئەرمەس، ئەي گۈلچېھرە، تەڭ،
ئاغزىڭ ئەسرو تارۇ كۆڭلۈڭ ئەسرۇ كەڭ.

گۈلدە يوق سەرۋ قەدى، سەرۋدە يوق گۈل رۇخسارى،
سەرۋ گۈل رويۇم ئېرۇر ھۆسن تەرىقىدە تۆكۈز...

چەمەندە مۇنىسىم نە سەرۋ ئېرۇر، نە گۈل، نە سۇنبۇل ھەم،
ماڭا سەرۋ كىرەككىم، ساچى سۇنبۇلدۇر، يۈزى گۈل ھەم.»②

① بۇ ھەقتىكى ۋە ئەسەر بەدىئىلىكى ھەققىدىكى بايانلارنى يازغاندا، ئىمىن تۇرسۇننىڭ «نەۋائى ھەققىدە» ناملىق ئەسىرى، بولۇپمۇ «نەۋائىنىڭ لىرىكىلىق ژانىرلىرى» ناملىق بۆلىكىگە مۇراجىئەت قىلىندى.

② نەۋائىنىڭ غەزەللىرى 7 ~ 13 بېيىتقىچە ھەجىمدە يېزىلغان. ئەمما سەھىپە ئېتىبارى بىلەن غەزەللەردىن ئايرىم بېيىتلار تاللاپ ئېلىندى.



تەۋسىپتە ئىنسانى گۈزەللىك، تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ئاشىقنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان «ئىشق ئاتەشكەدەسى شەرارەلەرى» (ئىشق ئاتەشخانىسىنىڭ ئۇچقۇنلىرى) ئوبيېكت قىلىنغان.

مەسىلەن: يارنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا تەۋسىپ:

«يۈزدە خالىڭدۇرمۇ، ياتەھرىر ئېتەر ھالەتدە خەت،
تامدى قۇدرەت كىلكىدىن كۈن سەفھەسىغە بىر نۇقەت.»

(مەنىسى: يۈزىڭدىكى خالمۇ ياكى يېزىۋاتقان چاغدا خۇدانىڭ قەلىمىدىن كۈن سەھىپىسىگە تېمىپ كەتكەن چېكىتمۇ؟)

«سەبزەئى خەتتىڭ كۆزۈمنى يارۇتۇر باققان سايىن،
كۆپ نەزەر قىلسا ئەگەرچە تىيرە ئەيلەر كۆزنى خەت.»

(خەتكە تولا قارىسا كۆز خىرەلىشىپ قالاتتى، بىراق، زىنىقىڭ سىزىقلىرى قارىغانسېرى كۆزۈمنى يورۇتىۋەتتى).

«ئاينى رۇخسارىڭ دېدىم گويا، قاراڭغۇ ئەردى تۈن،
كىم ماڭا ئەسرۇ يىراقتىن ۋاقىت ئولمىش بۇ خەلەت.»

(مەنىسى: ئاينى جامالىڭغا ئوخشىتىپتىمەن. ئۇ، قاراڭغۇ كېچىدە يىراقتىن ماڭا شۇنداق غەلىتە بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ.)

تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تەتبىقلاش يولى بىلەن يار ـ مەھبۇبنى سۈپەتلەش توغرىسىدا:

«باغدا گۈلگۈن ئەيلەمىش رەۋشەن ئۇزارىڭ باغىنى،
ئويلە كىم، ساچقاي سەبا سۇ ئۇزرە گۈل يافراغىنى.

گۈل تولا ساندۇق دەر ھەريان تېمۇر گۈلمىخ ئىلە،
كۆرگەن ئەل ئىشقىڭ تولا كۆكسۈمدە ھەريان داغىنى.

نە ئەجەب گۈلگۈن بولۇت بولسايۇ ئاندىن ياغسا قان،
چۇن سوۋۇرسا يەل شەھىد ئەتكەنلەرىڭ تۇفراغىنى.»

مەدھىيە تىپىدىكى غەزەللەردە ئوبيېكتنىڭ بارچە تاشقى ۋە ئىچ-

كى پەزىلەتلىرى ماختالغان . مەسىلەن :

« چەككەندە نەقاشى قەزائول سەرۋى گۇلرۇخ سۇرەتىن ،
گويا بىگەنمەي تاشلامىش تەرھ ئەيلەپ ئانىڭ ھەيئەتىن . »

(تەقدىر رەسسامى ئۇ سۇباتلىق ، گۇل يۇزلۇكنىڭ سۇرىتىنى سىزغاندا ، ئاي ، كۇنگە تەقلىد قىلىشنى ياراتماي ، باشقىچە سىزىپتۇ . )

« رۇخسار ئارچىب ئول سىمبەر ، قامەتنى ئەيلەپ جىلۋەگەر ،
ئۇزدىيۇ كەتتى سەر ـ بەسەر گۇل رەغبەتىن ، سەرۋ ئۇلپەتىن . »

(ئۇ كۇمۇش بەدەن قەددى ـ قامىتىنى ئوينىتىپ ، يۇزىنى ئاچقانىدى . سەرۋىگە ئۇلپەت بولىدىغان ، گۇلگە قىزىقىدىغانلار زادى قالمىدى . )

شەرھى ھال ياكى ئىزھار تىپىدىكى غەزەللەردە ئىچكى دۇنيا توغرىدىن ـ توغرا مۇلاھىزە تەرزىدە شەرھلەنگەن . مۇنداق غەزەللەردە لىرىك قەھرىمان ئاساسەن ئۆزىنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرى ، ھال ـ ئەھۋالىنى تەبىئىي ھادىسىلەر ۋە نەرسىلەر ئارقىلىق ھەر تەرەپلىمە ئىپادىلىگەن :

« ئەشك ئىلە نەۋائى سۇ بېرۇر ، سەبر نىھالىن ،
بىلمەسكى ، ئانى ئاھىم ئوتىدىن قۇرۇتۇپمەن . »

(مەنىسى : نەۋائى بىلمەسلىكتىن ئاھ ئوتى بىلەن سەۋر كۆچتىنى قۇرۇتۇپ قويۇپ ، ئەمدى ئۇنى كۆز يېشى بىلەن سۇغارغىلى تۇردى . )

« ئۆلگۇرۇمدۇر چۇ فۇرقەت ئىلە ئىشتىياقدىن ،
كەل قۇتقار ، ئەي ئەجەل مېنى ئۇشبۇ فىراقدىن . »

(مەنىسى : جۇدالىق ۋە ئىشتىياقدىن ئۆلىدىغان بولدۇم ، ئەي ئەجەل ، كېلىپ مېنى بۇ دەردتىن قۇتقۇزغىن . )

مۇھاكىمە ـ مۇلاھىزە تىپىدىكى غەزەللەردە بولسا شائىر ھۆكۇمرانلار ۋە زۇلمەتلىك جەمئىيەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ :



« شاھنىڭ مۇڭلۇق مۇشەۋۋەشلەر بىلە نە نىسبەتى ،
كامرانلارغا بەلاكەشلارگە قايدىن ئۇلفەتى .
ئولكى قەھر ئەتسە ، قېلىچىدىن دەما ـ دەم قان تامار ،
باغرىدىن قان تامغۇچىلار بىرلە نە جىنسىيەتى . »

يارنىڭ بىپەرۋالىقى ۋە ۋەدىسىدە تۇرمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە :

« ساڭا ئىش جەۋلان قىلىپ مەيداندا چەۋگان ئوينىماق ،
ماڭا ئالدىڭدا باشىمنى گوي ئېتىپ جان ئويناماق .
كۆز قاراسىن ئويناتۇر ھەرلەھزە ئول مەردۇمنى كۆر ،
ھىندۇيىدەككىم ئېرۇر ئاينى قالقان ئويناماق . »

**رۇبائىي .** رۇبائىي ، شەرق شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمىي ۋە كەڭ تارقالغان ژانىرلىرىدىن بىرى . بۇ شەكىلدىكى شېئىرلار پارس تىللىق ئەدەبىياتتا ئۇمەر ھەييام ، رۇداكى ۋە شەيخ سەئىدلارنىڭ ئىجادىيىتىدە ۋايىغا يەتكەن بولسا ، تۇركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدا لۇتفى دىۋانلىرىدىن بۇ خىل شېئىرىي شەكىلنىڭ بىر قانچە نەمۇنىسىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن .

كېيىن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ قەلىمىدە بۇ ژانىر راۋاجلاندى . ئۇ تۇركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئاغزاكى ۋە يازما ئەدەبىياتى تەجرىبىلىرى ھەمدە پارس ـ تاجىك رۇبائىيچىلىقىنىڭ باي تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ ئۇيغۇر تىلىدا رۇبائىيلارنىڭ رەڭمۇ ـ رەڭ نەمۇنىلىرىنى ياراتتى .

ئادەتتە پەقەت تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەن شېئىرنى خالىغانچىلا رۇبائىي دېگىلى بولمايدۇ . رۇبائىيدا مەخسۇس ۋەزىن ۋە بىر پۈتۈن مەزمۇن بولۇشى كېرەك . رۇبائىي ئادەتتە ھەزەج بەھرىنىڭ ئەھرەم

ۋە ئەرەب رۇكنىدە (جەمئىي 24 كۆرۈنۈشتە) يېزىلىدۇ. نەۋائى ھەر ئىككىلا رۇكنىدە تولۇق كامالەت بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، تۈركىي تىلىدىكى بىخ ھالەتتىكى رۇبائىينى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى مۇكەممەللىككە باشلىغان.

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «غەرايىبۇسسىغەر» دىۋانىغا 135 رۇبائىي كىرگۈزۈلگەن. شۇ دىۋانىنىڭ نەسر بىلەن يېزىلغان دىباچەسىدىمۇ 30 رۇبائىي بار. ئەلىشىر نەۋائى رۇبائىيلىرى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىدا كۆپلۈكى بىلەنمۇ خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇ تۈركىي تىلدا كۆپلەپ رۇبائىي يارىتىش بىلەن بۇ ژانىرنى يۇقىرى باسقۇچقا ئېلىپ چىقتى ۋە ئۇنى تۈركىي تىل پوئېزىيەسىنىڭ ئاساسىي ژانىرلىرىدىن بىرى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

نەۋائى بۇ ژانىرنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئۆزىدىن بۇرۇنقى تۈركىي تىلىدىكى شائىرلار ئىجاد قىلغان ئىشق تېمىسىدىكى ئازغىنە رۇبائىيلارغا ئوخشىمىغان ھالدا تۈركىي تىلىدىكى رۇبائىي ژانىرىنى چوڭقۇر ئىجتىمائىيلىققا ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى جەمئىيەت ھاياتىنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرى تەقەززاسى بىلەن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلاردا ئاپتورنىڭ ئىجتىمائىي - پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئاساسىي ئورۇن تۇتىدۇ. كۆپلىگەن رۇبائىيلار شائىر ھاياتىنىڭ مۇئەييەن دەۋرلىرى ۋە شۇ پەيتلەردە سادىر بولغان ۋەقە - ھادىسىلەر بىلەن باغلانغان. مەسىلەن:

« گەردۇنكى ئانىڭ جەۋرىدىن مەملۇغەمدۇر،
ھەر بىر غەمدە يۈز ئىبتىدا مۇدغەمدۇر.
دۇنيادىكى ئەل نەۋھەسى زېرۇپەمدۇر،
ھەر زاۋىيەسى ئانىڭ تولا ماتەمدۇر. »

بۇ رۇبائىدا نەۋائى ئەينى دەۋردىكى زۇلۇمغا تولغان رېئاللىق ۋە زالىم شاھ ئۇستىدىن شىكايەت قىلغان.

نەۋائى رۇبائىيلىرىدىكى ھىجران تېمىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا،



نەۋائىنىڭ ئۆمرىنىڭ مەلۇم دەۋرىنى سەرسانلىقتا، ئېغىر ماددىي ۋە مەنىۋى قىيىنچىلىقلار ئىسكەنجىسىدە ئۆتكۈزگەنلىكى مەلۇم. شائىرنىڭ ئەنە شۇ پەيتلەردىكى ئوي - پىكىرلىرى، ئارزۇ - ئىنتىلىشلىرى، ھىجران دەقىقىلىرىدىكى مۇڭلۇق ۋە ئاتەش قەلب سادالىرى ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىدا ئۆز ئەكسىنى تاپقان. مەسىلەن:

« غۇربەتتە غەرب شادمان بولماس ئىمىش،
ئەل ئاڭا شەفقۇ مېھرىبان بولماس ئىمىش.
ئالتۇن قەفەس ئىچىدە گەر قىزىل گۈل بولسە،
بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشيان بولماس ئىمىش. »

نەۋائى رۇبائىيلىرىنىڭ كۆپ قىسمى، ئومۇمەن ئۇنىڭ مەۋجۇت تۈزۈمگە، پادىشاھلارغا بولغان قارىشىغا بېغىشلانغان. ئۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ رەزىللىكلىرىگە بولغان نەپرىتىنى، ئادالەتسىزلىك ۋە ئىنساپسىزلىقتىن شىكايىتىنى، زۇلۇم ۋە زۇلۇملارغا قارشى ئاچچىق كىنايىلىرىنى، ئادالەت ھەققىدىكى تەشۋىقاتلىرىنى ئۆز رۇبائىيلىرىدا بايان قىلغان.

ئومۇمەن، نەۋائى رۇبائىيلىرىنىڭ مەزمۇنى خىلمۇخىل ۋە كەڭ بولۇپ، ئۇلاردا شائىر نىڭ ئۆزىنى ھاياجانلاندۇرغان دەۋر مەسىلىلىرى ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋىتى، كۈندىلىك ھاياتىي ۋەقەلەردىن ئالغان تەسىراتلىرى، كەچۈرمىشلىرى يۈكسەك بەدىئىي شەكىلدە ئىپادىلەنگەن. شۇڭا بىز ئۇلاردىن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا شائىرانە مۇلاھىزىلەرنى كۆرەلەيمىز. نەۋائىنىڭ رۇبائىيلىرى، ئەڭ ئاۋۋال بەدىئىي ئەسەرلەردۇر. ئۇلاردا مۇھىم پىكىر، يۈكسەك غايىلەر، رەڭمۇ - رەڭ پوئېتىك ھېسسىياتلار تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر ياردىمىدە بايان قىلىنغان. خۇددى باشقا شېئىرىي ژانىرلارغا ئوخشاش رۇبائىيلارمۇ شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى، شېئىرىي ماھارىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئومۇمەن، نەۋائى لىرىكىسىنىڭ بەدىئىي قىممىتى، شائىر سەن-

ئەتكارلىقىنىڭ ئۆزگە خاس نامايەندىلىرى ئۇنىڭ شېئىرىي ۋاستىلى-
رى دائىرىسى ھەم ئۇلاردىن پايدىلىنىش يوللىرىدا نامايان بولىدۇ .
نەۋائىينىڭ تۈركىي تىل شېئىرىيىتىگە يېڭى لىرىك ژانىرلارنى ئې-
لىپ كىرىش ، لىرىكىنىڭ غايىۋى دەرىجىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش
جەھەتتىكى ئۇلۇغ تەشەببۇسلىرى چوڭقۇر غايىلەرنىڭ يۈكسەك بەدى-
ئىي شەكىلدە ئىپادىلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان باي شېئىرىي
ۋاستىلەرنى تېپىش ۋە ئۇلارنى جارى قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن ئېلىپ
بارغان ئىجادىي ئىزدىنىشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن . نەۋائىنىڭ
تىرىشچانلىقلىرى ئۇنىڭ ئېسىل نامايەندىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپلا
قالماي ، تۈركىي تىل شېئىرىيىتىنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە زور
تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىدىيىۋىلىك ۋە بە-
دىئىيلىكنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ماسلىشىشى بولۇپ ، ئەسىرلەردىن
بويان شېئىرىيەت ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن شائىرلارغا
ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرىنى چېچىپ كەلدى . نەۋائى بارلىققا كەلتۈرگەن
تۈركىي تىل - ئەدەبىياتىدىكى ئاشۇ يۇقىرى تەرەققىيات باسقۇچى
كېيىنكى ئەدەبىيات نەتىجىلىرىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمگە ئايلىنىپ
قالدى . شۈبھىسىزكى ، نەۋائىنىڭ ئەدەبىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى دۇنيا
ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن رەڭ تالىشالايدۇ .

## لىسانۇت تەير

«لىسانۇت تەير» (قۇشلار تىلى ) - مەسىللىك داستان بو-
لۇپ ، نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان . داستاندىكى :

« مەنكى خىلۋەت ئىچرە يۇندۇم خامەنى ،
نەقش ئەيلەرگە بۇ دىلكەش نەۋائى . . .

يىل توققۇز يۈز ئاتمىش ئېردى داغى تۆرت ،



كىم ئۇلۇسنىڭ كۆڭلىغە سالدى بۇ ئورت .

ھەم بۇ تارىخ ئىچرەكىم قىلدىم شۇرۇ ،
ئىختىتامىغا داغى بولدى ۋۇقۇ . »

دېگەن بېيىتلاردىن نەۋائىنىڭ بۇ ئەسەرنى 904 - يىلى (مىلادى-
يە1498 ~ 1499 - يىللار ) يازغانلىقىنى بىلىمىز .
نەۋائى ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئالىمىدە ئۆزگىچە پەلسەپىۋى ئىدىيە
شەكىللەندۈرگەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى . ئۇنىڭ دۇنيا قا-
راشلىرىغا قەدىمكى گرېك پەيلاسوپلىرى ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا
ئەسىردىكى دانىشمەنلىرى ، ئەبۇ نەسىر پارابى ، ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا ،
ئەبۇ رەيھان بىرونى ۋە باشقىلارنىڭ مەۋجۇدىيەت ، ئىنسانىيەت ، ئە-
قىل ، بىلىم ، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي بەخت - سائادەت توغرىسىدىكى
ئەقلىي ۋە گۇمانىزملىق قاراشلىرى ، جاھان مەدەنىيەت غەزىنىسىگە
ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئەدىب ، مۇتەپەككۇرلاردىن ئوبۇلقاسىم فىر-
دەۋسى ، نىزامى گەنجىۋى ، خىسراۋ دېھلىۋى ، جالالىدىن رۇمى ،
شەيخ سەئىدى ، خوجا ھاپىز شىرازى ، ئابدۇرەھمان جامى ، جۈملىدىن
ئۇيغۇر شېئىرىيەت ماھىرلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، ئەھمەد يۈكنە-
كى ، لۇتفى ، ئاتايى ، سەككاكى ، ئەھمەد ھاجىبەگ ، سۇلتان مالىك
قەشقەرى قاتارلىقلارنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي پىكىرلىرى تەسىر كۆر-
سەتكەن . بولۇپمۇ شەيخ سەئىدى ، خوجا ھاپىز شىرازى ، سەئىددىدىن
مۇھەممەد قەشقەرى ، پەرىدىددىن ئەتتار ، ئابدۇرەھمان جامى قاتارلىق-
لارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنىڭ تەسىرى
ئالاھىدە زور بولغان .
ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپىسىنىڭ تەسەۋۋۇپقا ئائىت يۆنىلىشىنىڭ
مەشھۇر نامايەندىلىرىدىن پەرىدىددىن ئەتتار (مىلادىيە1148 ~ 1151
يىللىرى ئارىسىدا تۇغۇلۇپ ، مىلادىيە 1219 - يىللىرى ئارىسىدا
ئالەمدىن ئۆتكەن ) نىڭ «مەنتىقۇت تەير» (قۇشلار نۇتقى )ناملىق

ئەسرى ئەلىشىر نەۋائىغا بالىلىق چاغلىرىدىلا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن . «لىسانۇت تەير» (قۇشلار تىلى ) نىڭ خاتىمە قىسمىدا نەۋائى بۇنى ناھايىتى تەپسىلىي تىلغا ئالىدۇ . بۇ كىتاب ( «مەنتىقۇت تەير» ) ئەلىشىر نەۋائىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماس ھەمراھى ، سىرداشى بولغان . كىتابقا قاتتىق بېرىلىپ كەتكەن نەۋائى ھەتتا ئۇنى يادقا ئېلىۋالغان . مۇشۇ كىتابنىڭ سەۋەبىدىن كىشىلەردىن قاچىدىغان ، يالغۇزلۇقنى ، جىمجىتلىقنى خالايدىغان بولۇپ قالغان . بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن ئاتا ـ ئانىسى كىتابنى يوشۇرۇپ قويغان بولسىمۇ ، كىتابنى يادقا ئېلىۋالغان نەۋائى ئۇنى ھەممىشە مەخپىي تەكرارلاپ يۈرگەن . نەۋائى شېئىرىيەتتە داڭق قازىنىپ ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ ، شېئىرىيەت ساھەسىدە شۇنچە كۆپ پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ ، «مەنتىقۇت تەير» نى تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن يېزىپ چىقىش ئارزۇسىنى ھېچ ۋاقىت ئېسىدىن چىقارمىغان . ھەتتا ، بۇ كىتابنى يازالماي ئۆلۈپ كەتسەم ئارماندا كېتىمەن دەپ ئويلىغان . ئەلىشىر نەۋائى ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىكى ئاشۇ تەسىر ۋە ئارزۇلارنىڭ تۈرتكىسىدە ، گەرچە مەزمۇن جەھەتتە زور پەرقلەنسىمۇ ، ئەللىك سەككىز يېشىدا «لىسانۇت تەير» ناملىق بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىققان . نەۋائىنىڭ بۇ ئەسىرى مەيلى مەزمۇن ياكى بەدىئىي ئالاھىدىلىكتە بولسۇن ، شەيخ پەرىدىددىن ئەتتارنىڭ پارس تىلى بىلەن يېزىلغان «مەنتىقۇت تەير» ى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىر مۇنچە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولسىمۇ ، ئۇ بۇ ئەسەرنى «مەنتىقۇت تەير» نىڭ تەرجىمىسى دەپ ئاتىغان . «لىسانۇت تەير» دىكى «قەقنۇس ھەققىدىكى ھېكايەت» نىڭ ئاخىرىدا ، نەۋائى پەرىدىددىن ئەتتارنى خۇشناۋا بىلەن سايرىغۇچى دادا قەقنۇسقا ، ئۆزىنى دادىسىنىڭ ئىزىنى باسقۇچى بالا قەقنۇسقا ئوخشىتىدۇ .

نەۋائىنىڭ زامانىدىشى ۋە ئۇستازى ئابدۇرەھمان جامى (مىلادىيە 1414 ~ 1492 ) پۈتۈن ئۆمرى تەرىقەت ئەھكاملىرى ئىچىدە ئۆتكەن



ئۇلۇغ شائىر بولۇپ ، نەقشبەندىيە تەرىقىتى پىرلىرىنىڭ بىرى ئىدى . نەۋائى ئۆزى چوڭقۇر ھۆرمەتلەيدىغان بۇ زاتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مىلادىيە 1467 ـ يىلى نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە كىرىدۇ .[1] بۇنىڭ بىلەن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئىدىيىۋى قاراشلىرىدا زور ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلىدۇ .

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئەينى زاماننىڭ رېئال ھاياتى ئاساسىدا تەبىئىي ھالدا يۇغۇرۇلغان بولۇپ ، ئۆزىگە خاس پەلسەپىۋى قاراشنى شەكىللەندۈرگەن . «لىسانۇت تەير» دە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ پەلسەپە ، ئىلاھىيەت ، ئىنسان ، ئەقىل ، بىلىم ، ئىرادە ، ئەركىنلىك ، ئەخلاق ، دۆلەت ، ئىتتىپاقلىق ، گۈزەللىك ، ئىلىم ـ پەن ، مەرىپەت قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى مەسەللىك سۇژېت بىلەن يورۇتۇلغان .

«لىسانۇت تەير» نىڭ قىسقىچە سۇژېت ۋەقەلىكى مۇنداق : بىر كۈنى بارلىق ئۇچار قۇشلار بىر يەرگە جەم بولۇپ ، مەجلىس ئېچىپ ئۆز گۇرۇھلىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپتۇ . لېكىن پەسلەر ئۇلۇغلارنىڭ ، رەزىللەر ئېسىللەرنىڭ ، پەزىلەتسىزلەر پەزىلەتلىكلەرنىڭ ، نادانلار ئاقىللارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىشى بىلەن ئەسلىدىكى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن ئولتۇرۇش ياساپ ، كۆڭۈل ئېچىپ ، بەزمىدىن كېيىن كۆككە پەرۋاز قىلىدىغان گۈزەل ئارزۇلىرى يوققا چىقىپ ، مەجلىستە غوۋغا ، جېدەل ـ ماجىرا كۆتۈرۈلىدۇ . پۈتۈن مەجلىس ئەھلى ئۆزلىرىنى ئېسىل ساناپ ، ھېچقايسىسىنىڭ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرگۈسى ، قۇللۇق ۋە خىزمەتكارلىققا چۈشۈپ قالغۇسى كەلمەپتۇ . قۇشلار تائىپى دەل مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرغاندا ، يەنى

① ئىبراھىم مۇتىئى: «ئەلىشىر نەۋائى» ، «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائى»ناملىق توپلام، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىل نەشرى.

شەۋكەتلىك بىر پادىشاھنىڭ زۆرۈرىيىتىگە دۇچ كەلگەندە، ھۆپۈپ قۇشلارغا يول كۆرسىتىپ، ئۇلارنى سۇمۇرغ پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىشنى ئېيتىدۇ. قۇشلار ھۆپۈپتىن پادىشاھنىڭ خىسلەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپىرىشنى ئۆتۈنىدۇ. ھۆپۈپ قۇشلارغا پادىشاھ (سۇمۇرغ)نىڭ خاسىيەتلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، قۇشلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشى ئىنتايىن كۈچىيىپ، ئۇنى كۆرۈشكە ئىشتىياق باغلايدۇ. قۇشلار ھۆپۈپنى ئۆزلىرىگە يول باشلىغۇچى قىلىپ سايلاپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە سۇمۇرغنىڭ دەرگاھىغا يول ئالىدۇ. لېكىن سەپەر ئۇستىدە بۇ سەپەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى، جاپالىقلىقىدىن بەزى قۇشلار سەپەردىن يالتىيىدۇ. بەزى قۇشلارنىڭ سەپەرنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا كۆزى يەتمەيدۇ. قۇشلارنىڭ سەپەرنى تاماملاپ، سۇمۇرغنىڭ دىدارىنى كۆرۈش ئىرادىسى سۇنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ رەھبىرى بولغان ھۆپۈپ، ئۇلار سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ. شۇ تەرىقىدە قۇشلار مۇشەققەتلىك سەپەرنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا يۈز تۈمەنمىڭ قۇشلار ئىچىدىن ئوتتۇز نەپەر قۇش مىڭلىغان بالايىئاپەتلەرنى يېڭىپ، ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلگە ھېرىپ ـ چارچاپ، تەنلىرىدە جاندىن ئەسەر قالمىغان ھالدا يېتىپ كېلىدۇ.

«لىسانۇت تەير» تەسەۋۋۇپ تەلىماتىغا بېغىشلانغان، باشتىن ـ ئاخىر كۈچلۈك تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى بىلەن سۇغىرىلغان. نەۋائىنىڭ تەسەۋۋۇپچىلىق ئىدىيىسى پەقەت «لىسانۇت تەير» دىلا ئەمەس، ئۇنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «مەھبۇبۇل قۇلۇب»، «تارىخىي ئەنبىيا ۋە ھۆكۇما» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ.



ئەلىشىر نەۋائى ئىدىيىسى ئۇ ئۇستاز ئورنىدا كۆرۈپ ھۆرمەت قىلىدىغان مەۋلانە جالالىدىن رۇمى، پەرىدىددىن ئەتتار، شەيخ سەئدى، ھافىز شىرازى، ئابدۇرەھمان جامى قاتارلىق مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. تەسەۋۋۇپچىلىق ئىدىيىلىرىنىڭ نەۋائى ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇھىتىدا تولىمۇ تەبىئىي ئىش ئىدى. بىز بۇ نۇقتىنى «لىسانۇت تەير» نى ئوقۇغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلالايمىز.

«لىسانۇت تەير» دە «تەڭرى» گە سىمۋول قىلىنغان «سۇمۇرغ» نىڭ سۈپىتىنى بايان قىلغاندا، نەۋائى «ھۆپۈپ» (سوپى) نىڭ تىلى ئارقىلىق «قۇشلار» (ئىنسانىيەت) غا مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ شۇنداق بىر پادىشاھىمىز باركى، ئۇ بارلىق شاھلارنىڭ شاھىدۇر. ئۇ بىزنىڭ بارلىق ئەھۋالىمىزدىن خەۋەردار. ئۇنىڭ ئۆزى يەككە ـ يېگانە، ئۇنىڭ شېرىكى يوق. سۈپەتلىرى جاھان ئىچىدە مەشھۇر. بۇ سۈپەتلەر ئۇنىڭ ئىسمىغا باغلانغان، ئۇنىڭدىن ئىجازەت ئالمىغۇچە ھېچكىم بىر تىنىق ئالالمايدۇ.»① نەۋائى ئاللانى ئىنكار قىلمايدۇ. ئەكسىچە، تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئاللانى بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىگىسى، ھەممىنى بىلگۈچى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ بۇيرۇقىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن تەڭرىنى بىر ـ بىرىگە قارشى قويمايدۇ، ئۇ ئوبيېكتىپ دۇنيا تەڭرىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىدە تۇرغان ھالەتتىن ھەر خىل شەكىلدە بولغان ھالىتىدىن ئىبارەت، شۇنداق بولغاچقا، تەڭرى ئالەمنىڭ سىرتىدا ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدە، ئۇنىڭ ھەر بىر زەررىسىدە دەپ چۈشەندۈرىدۇ. نەۋائىنىڭ

① «لىسانۇت تەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل 3 ـ سان.

قارشىچە، دۇنيا ئەينەكتىن ئىبارەت. «لىسانۇت تەير» دىكى «ئۆز ھۆسنىنى ئاشكارا قىلىش ئۈچۈن ئەينەكنى ۋاستە قىلغان پادىشاھنىڭ ھېكايىسى» دە، «ئەي مەسلەك ئىگىسى، سەنمۇ كۆڭلۈڭنى ئاشۇ ئەينەك دەپ خىيال قىلغىن، ئۇ مۇتلەق پادىشاھ ئۆز جامالىنىڭ ئەكسىنى سېنىڭ ئاشۇ كۆڭۈل ئەينىكىڭگە سالىدۇ. تېنىڭ قەسرىڭدە كۆڭلۈڭنى ئەينەك دەپ بىلگىن. شاھ ھۆسنىگە ئاشۇ ئەينەكتىن نەزەر سالغىن، سەن ئالدى بىلەن ئۇ ئەينەكنى تازىلاپ، نۇرلاندۇرمىساڭ، شاھ ئۆز ئەكسىنى ئۇ يەرگە سالمايدۇ. كۆڭلۈڭنى پاك تۇتقىن. ئاندىن ئۇ پادىشاھنىڭ گۈزەل ھۆسنى ـ جامالىنىڭ ئەكسى كۆڭۈل ئەينىكىڭدە دائىم جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ.» ①

نەۋائى، ئاللا قانداقتۇر ئالەمنىڭ سىرتىدىكى مەۋھۇم نەرسە ئەمەس، ئۇ بارلىق شەيئىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. سوپىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ، رېئال دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، تەركىدۇنياچىلىق يولىدا مېڭىپ، تەڭرىنى ئىزدىمەكلىك ھاجەتسىز ھەم بىمەنىلىك دېگەن قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

نەۋائى تەسەۋۋۇپنى خالىسلىق، پاكلىق، سادىقلىق تەلىمى دەپ چۈشەنگەن، سوپى ـ ئىشانلارنىڭ يالغان تەقۋادار بولۇۋېلىپ، تەسەۋۋۇپنى دەستەك قىلىپ ئالدامچىلىق قىلىشىغا تاقەت قىلالمىغان. ئۇ بۇ قاراشلىرى بىلەن تەركىدۇنياچىلىق، زاھىدلىقنى تەرغىب قىلىدىغان مۇتەسەۋۋۇپلاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل كۆز قاراشلار «لىسانۇت تەير» دە «تەڭرى»، «سوپى»، «ئىنسانىيەت» كە «سۇمۇرغ»، «ھۆپۈپ»، «قۇشلار» نى سىمۋول قىلىپ، ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرى ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلگەن. يەنى، نەۋائى «سۇمۇرغ» نى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن نۇرغۇن جەبىر ـ جاپالارنى تارتىپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، كۆپ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن،

① «لىسانۇت تەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل 3 ـ سان.



قۇشلارنىڭ «ھۆپۈپ» كە بولغان نارازىلىقىنى قوللايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەركىن ھايات كەچۈرۈشىنى، ھاياتنى قەدىرلىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

«لىسانۇت تەير» تەسەۋۋۇپتىكى قەلبنى پاكلاش جەريانىنىڭ يەتتە مۇقامى (تەلەپ، ئىشق، مەرىپەت، ئىستىغنا، تەۋھىد، ھەيرەت، فەقرۇفەنا) ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك ھېكايىلەر بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ.

«لىسانۇت تەير» دە نەۋائى يۇقىرىقىدەك تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنى ئىپادىلەشتىن باشقا، شەرق مۇتەپەككۇرلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاساسىي ئورۇندا قويۇپ كېلىۋاتقان، مەرىپەتلىك ئادىل شاھ باشچىلىق قىلغان غايىۋى دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

نەۋائى تېمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياشىدى، ھۇسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا ئارىلاشتى. شاھزادىلەرنىڭ، تەخت ۋارىسلىرىنىڭ ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ ھاكىمىيەت ۋە تەخت تالىشىپ ئېلىپ بارغان جەڭلىرىنى، قىرغىنچىلىقلىرىنى ۋە بۇ ئۇرۇشلارنىڭ خەلققە ئېلىپ كەلگەن ئېغىر بالايىئاپەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. تاج ـ تەخت تالاشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كۈرەشلەر نەۋائىغىمۇ نۇرغۇن مۇشەققەتلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ رىيازەت چېكىشىگە سەۋەب بولدى.

نەۋائى پادىشاھ شاھرۇخ ۋاپاتىدىن كېيىنكى تەخت تالىشىش ئۇرۇشلىرى، ھۇسەيىن بايقارا بىلەن ئەبۇ سەئىد ئوتتۇرىسىدىكى جەڭلەر، ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئوغلىنىڭ دادىسىغا قارشى كۆتۈرگەن ئىسيانى، پادىشاھقا قارشى بولۇۋاتقان قوزغىلاڭلار . . . غا شاھىت بولدى. نەۋائى ئوردا خىزمىتىدە بولۇۋاتقان ۋاقتىدا ئۆز ئەتراپىغا نۇرغۇن ئالىم، شائىر، سەنئەتكارلارنى يىغىپ، مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە گۈللەندۈرگەنىدى. ئۇ خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەندىن كېيىن بۇ كىشىلەر ئوردىدىكى قارانىيەت ۋەزىرلەر، ئەمەلدارلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدى، يەكلەندى، بېسىمغا ئۇچرى-

دى . داۋالغۇپ تۇرغان تىنچسىز سىياسىي ۋەزىيەت ۋە كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ ئادالەتسىزلىك ، ناھەقچىلىقلارنى كۆرگەن نەۋائى دۆلەتنىڭ ئېغىر سىياسىي كرىزىسقە دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى . ئۇ بىر مەرىپەتپەرۋەر ، ئادىل پادىشاھنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت تۇرغۇزۇپ ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ، ئەل ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىق ، مالىمانچىلىقنى تۈگىتىپ ، ئەدلى - ئادالەت تۇرغۇزۇشنى ئۈمىد قىلدى . «لىسانۇت تەير» دە ئاپتور ئۆزىنىڭ بۇ ئارزۇسىنى قۇشلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلەيدۇ .

« بىر كۈنى گۈلىستان قۇشلىرى ، ئورمان ۋە باياۋان ئۇچارلىقلىرى يىغىلدى . ئۇلار بىر يەرگە جەم بولۇپ ، مەجلىس قۇرۇپ ، شۇ ئارقىلىق ھەممىسى ئۆز گۇرۇھىنىڭ سۈپەتلىرىنى كۆرسەتمەكچى بولدى . بىراق بۇ مەجلىستە ئالاقاغا تۇتىنىڭ يۇقىرىسىدا ئولتۇردى . باشقا قاغىلارمۇ بۇلبۇل ، پاختەكلەردىن ئالىيراق جايغا ئورۇنلاشتى . غاز شۇڭقاردىن ئالىيراق يەرگە جايلاشتى . سېغىزخان توزدىن ئىلگىرىرەك ماڭدى . ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئۆزئارا قىزغىن مۇھەببەت بىلەن ئولتۇرۇش تۈزۈپ ، كۆڭۈل ئېچىش ، بەزمە تامام بولغاندىن كېيىن كۆككە پەرۋاز قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى . لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئورنىنى تېپىپ ئولتۇرالماي ، رەزىل ۋە نەسلى پەسلەر جامائىتى ئېسىل ۋە شەرەپلىك جامائەدىن ئۈستۈن ئولتۇردى . شەرەپ ئىگىلىرى بۇنىڭدىن نارازى بولغان بولسىمۇ ، تېگى پەس رەزىل ، پەسكەشلەر ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى . قۇشلار ئارىسىدا تەرەپ - تەرەپتىن غەلۋە - غوۋغىلار كۆتۈرۈلدى . بارا - بارا بۇ غوۋغىلار



ماجىراغا ئايلاندى . »[1]

قۇشلار تائىپىسى ئىچىدە كۆرۈلگەن بۇ زىددىيەت دەل شۇ دەۋردىكى جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان قالايمىقانچىلىقنى كۆرسىتىپ بېرەتتى . «ئاخىر بۇ قۇشلار تائىپىسى بىر شەۋكەتلىك پادىشاھقا موھتاج بولدى . ئادەتتىكىلەر ۋە نەسلى پەسلەرنىڭ ئالىي ۋە شەرەپلىك پەزىلەت ئىگىلىرىگە بەرھەم بەرمەسلىكى ، پەزىلەتلىكلەرنىڭ يامان نەسىللىك خەسىسلەر ئالدىدا پەگاھقا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىر ئىنساپلىق ھۆكۈمران ۋە ئادىل ، ھوشيار خاننىڭ بولۇشى زۆرۈر بولۇپ قالدى» .[2] بۇ نەۋائىنىڭ بىر ئادىل شاھنىڭ بولۇشىغا بولغان ئارزۇسى ئىدى . «ئۇلار بىر ئەقىللىق پادىشاھ بولغان بولسا بۇ جامائەلەرنى پەرقلەندۈرۈپ ، ئېسىل پەزىلەتلىكلەرنى ئۇلۇغلاپ ، نەسلى پەس ، ئادەتتىكىلەرنى ئۆزىگە مۇۋاپىق ئورۇندا تۇتۇپ تۇرسا ، دېيىشەتتى» . بىر ئادىل پادىشاھنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى يالغۇز شائىر نەۋائىنىڭ ئەمەس ، بارلىق ئاۋامنىڭمۇ ئارزۇسى ئىدى .

مەرىپەتپەرۋەر ، ئادىل پادىشاھ باشچىلىقىدا مەركەزلەشكەن دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسى ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ، جۈملىدىن نەۋائى ياشىغان تېمۇرىيلەر دەۋرىدە بۆلۈنۈش ، پارچىلىنىشقا قارشى زور ئىلغارلىق بولۇپ ، ئۇنىڭ رېئال ئەھمىيىتى ناھايىتى زور ئىدى .

مەلۇمكى ، مۇھەببەت — ئەدەبىياتتىكى مەڭگۈ ئۆلمەس تېما . نەۋائى ئەسەرلىرىدە مۇھەببەت ، ئاشىقلىق ئەڭ كۆپ ئىپادە قىلىنغان تېمىلارنىڭ بىرى . گەرچە «لىسانۇت تەير» دە «ھەقىقىي ئىشق»

① «لىسانۇت تەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل 3 ـ سان.
② « لىسانۇت تەير »، « بۇلاق » ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل 3 ـ سان.
③ «لىسانۇت تەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل 3 ـ سان.

(ئاللاغا بولغان ئىشق ) ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلىنىپ ، «مەـ
جازىي ئىشق» (ئىنسانلارئارىسىدىكى ئىشق ) «ھەقىقىي ئىشق»قا
يېتىشتىكى ۋاستە دەپ قارالسىمۇ ، نەۋائى كىشىلەر ئارىسىدىكى چىن
مۇھەببەتنى ئىنكار قىلمايدۇ . ئاشىقلارنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە ئىلھام
بېرىدۇ . ھەقىقى سۆيگۈ ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىسىمۇ ئەرزىيدىغاـ
لىقىنى تەكىتلەيدۇ . «لىسانۇت تەير» دە شەيخ سەنئاننىڭ ھېكايەـ
سى ۋە ھۆپۈپنىڭ بايانلىرى ، «ئىشق ـ ئۆچمەس بىر مەشئەلدۇر ،
ئۇنىڭدىن ھەم ئالەم نۇرلىنىدۇ . كىمكى راست ئاشىق بولىدىغان
بولسا ، جاندىن ئەنسىرىمەيدۇ . ئىمانغا پەرۋا قىلماي ، كۇپۇرلۇقنى
قوبۇل قىلىشتىن يانمايدۇ ، ئەگەر ئاشىققا جانان مۇيەسسەر بولىدىغان
بولسا ، ئۇنىڭ جان ۋە جاھاندىن كېچىشى ناھايىتى ئوڭاي . ئاشىقلار
ئار ـ نومۇستىن ، نام ـ ئاتاقتىن.مىللەت ۋە ئىسلامدىنمۇ كېچىپ ،
دەرد بىلەن ئۆتۈشنى ئەلا كۆرىدۇ . »①

شائىر ئاجايىپ پاساھەتلىك ۋە گۈزەل سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن
چىن مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايدۇ ، كىشىلەرنى مۇھەببەت بىلەن ياشاشقا
ئۈندەيدۇ .

«لىسانۇت تەير » دە نەۋائىنىڭ تەسەۋۋۇپچىلىق ئىدىيىسى ، غايەـ
ۋى دۆلەت قۇرۇش توغرىسىدىكى گۈزەل ئارزۇلىرى ۋە مۇھەببەت
ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىدىن باشقا يەنە ، قۇشلارنىڭ دىئالوگلىرى ،
ھېكايەتلەر ۋە مۇناجاتلار ئارقىلىق ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بولغان
تونۇشى ، ئېتىكىلىق ۋە ئېستېتىكىلىق كۆز قاراشلىرى ناھايىتى
ئوبرازلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان .

ئەسەردە ھۆپۈپ بىلەن بۇلبۇل ، پاختەك ، كەپتەر ، تاغ كەكلىـ

① «لىسانۇت تەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل 4 ـ سان.



كى ، قىرغاۋۇل ، قارچىغا ، شۇڭقار ، بۇركۇت ، ھۇۋقۇش ، ھوماي ،
ئۆردەك ، توخۇ قاتارلىق قۇشلار ئوتتۇرىسىدىكى سوئال ـ جاۋابلار
ئارقىلىق ئىنسان تەبىئىتىدىكى ھۇرۇنلۇق ، تەييارغا ھەييار بوـ
لۇش ، نەپسىنى يىغماسلىق ، مال ـ دۇنيا قوغلىشىش ، ۋىجدانسىزـ
لىق ، ھىيلىگەرلىك ، ئىككى يۈزلىمىلىك ، ساختىپەزلىك ، تەكەببۇرـ
لۇق ، جاھىللىق ، ئۆز ـ ئۆزىگە تەمەننا قويۇش ، ئاچ كۆزلۈك ،
تەمەگەرلىك ، يالغانچىلىق ، قىلغان ئىشىغا مىننەت قىلىشقا ئوخشاش
ناچار ئىللەتلەر قاتتىق قامچىلانغان ، ئادالەت ، سېخىيلىق ، ۋاپادارـ
لىق ، راستچىللىق ، توغرىلىق ، مەردلىك ، شجائەتكە ئوخشاش ئېـ
سىل خىسلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇلغان . كىشىلەرنى ئەمگەكنى سۆـ
يۈشكە ، دوستلۇقنى قەدىرلەشكە ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەشكە دەۋەت
قىلغان .

«لىسانۇت تەير » دە ، «ھەرقانداق شەيئى پەيدا بولۇش ، تەرەققىي
قىلىش ، يوقىلىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتىدۇ . دۇنيادا يوقالماي مەڭـ
گۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان شەيئى بولمايدۇ . » دېگەن قۇرلار
ئارقىلىق ، شائىر ئۆزىنىڭ ئالەمنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ھەققىدىـ
كى قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ .

«لىسانۇت تەير» چوڭقۇر بىلىم ، پىشقان بەدىئىي سەنئەت ،
ئاجايىپ يىتۈك تەپەككۇر ۋە ھېكمەت جاۋاھىرلىرى بىلەن تولغان بىر
خەزىنە . ئەسەردىكى تولۇپ ـ تاشقان ھېكمەت ئۇنچىلىرى ئوقۇرمەننى
ئۆزىگە مەھلىيا قىلسا ، سەنئەت گۈزەللىكلىرى كىشى قەلبىنى ھاياـ
جانغا چۆمدۈرىدۇ . ئۇنىڭدا مىسال كەلتۈرگەن بەزى ھېكايەتلەر ئوقۇـ
غۇچىلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ . كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سېـ
لىپ ، قايناق ھېسسىيات ۋە ئاجايىپ تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ . ئۇنىڭـ
دىكى مەسەللەر كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ ، بۇلار ئەلىشىر نەۋائىـ
نىڭ ئۆزگىچە پەلسەپىۋى قاراشلىرى ، ئەخلاق ـ پەزىلىتى ، مەنىۋى
دۇنياسى ، كىشىلىك ھاياتتىن يىغقان ئاجايىپ زور تەجرىبە ـ ساۋاقـ

لىرى ، شۇنداقلا ، تولغان سەنئەت ماھارىتىدىن مەلۇمات بېرىدۇ ،
يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن « لىسانۇت تەير » خېلى زور تەربى-
يىۋى ، ئىلمىي ، بەدىئىي ، ئېستېتىكىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە .

«لىسانۇت تەير » پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ، جۈملىدىن ، ئۇيغۇر
خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان ، ئۇيغۇر خەلقى بۇ ئەسەرنى
سۆيۈپ ئوقۇغان . بۇ ئەسەر ئەلىشىر نەۋائىنى ئۇستاز تۇتۇپ ، ئۇنىڭ
ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپ ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە نەزىرە ، تەقلىد قىلىدى-
غان ئۇيغۇر شائىرلىرىغا ياخشى ئۈلگە بولۇپ قالغان . مىلادىيە 18 ـ
ئەسىردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى
«لىسانۇت تەير » گە تەقلىد قىلىپ ئەسەر يازغان . مىلادىيە 18 ـ
ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان تالانتلىق
ئەدىب ، نەۋائىشۇناس موللا سىدىق يەركەندى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ
«خەمسە » سىنى نەسرلەشتۈرۈپ يازغاندا «خەمسە » دىكى بىرىنچى
داستان «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار » نىڭ ئورنىغا «لىسانۇت تەير » نى
ئالماشتۇرۇپ ، بۇ ئەسەرنىڭ نەسرىي نۇسخىسىنى «خەمسە » گە
قوشقان . بۇلاردىن «لىسانۇت تەير » نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئور-
نىنى ۋە تارىختىن بۇيانقى ئۇنىڭغا بولغان ئىزچىل ۋارىسلىقىنى كۆرۈ-
ۋالغىلى بولىدۇ .

## خەمسە

### نەۋائى «خەمسە »سىنىڭ يارىتىلىشى

نەۋائى پۈتكۈل ھاياتىدا 30 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان
بولسىمۇ ، لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە « خەمسە » ( Hamsa ) نامى



ئاستىدا يېزىلغان بەش داستانى پۈتۈن ئىجادىيىتىنىڭ يۈكسەك چوققى-
سى ھېسابلىنىدۇ ، شۇنداقلا نەۋائىنى يۇقىرى شان ـ شەرەپكە ۋە
شەرق ئەدەبىياتىدىكى گىگانت شەخسكە ئايلاندۇرغان ئەدەبىي مىراس
سانىلىدۇ . نەۋائى ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا شەرق ئەدەبىياتى-
دىكى بۈيۈك نامايەندىلەردىن فىردەۋسى ، نىزامى ، ئەمىر خىسراۋ ،
ھاپىز شىرازى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇغان ۋە
ئۆگەنگەن بولۇپ ، قەلبىگە «خەمسە » يېزىشتىن ئىبارەت بۈيۈك مەق-
سىتىنى پۈككەنىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، نەۋائى ياشىغان دەۋردە ئىران
ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا نۇرغۇنلىغان شائىرلار نىزامى ۋە خىسراۋ دېھلىۋى-
نىڭ «خەمسە »لىرىگە تەقلىد قىلىپ «خەمسە » يېزىش دولقۇنىنى
قوزغىغانىدى . نەۋائى ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس » ناملىق ئەسى-
رىدە ، ‹خەمسە › يېزىشقا كىرىشكەن كىشىلەردىن ئەشرەف ، ئەلى
ئاھى ، كاتىپى ، فاسىھ رۇمى ، مەۋلانە دەرۋىش ئەلى ، خوجا ھەسەن ،
خىزىرشاھ ، مەۋلانە ئابدۇللا ، ئەمىر شەيخ سۇھەيل ، خوجا ئىماد ،
ئابدۇرەھمان جامى قاتارلىق زامانداشلىرىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ
ئۆتىدۇ . ئۇلار گەرچە «خەمسە » يېزىشقا تۇتۇش قىلغان بولسىمۇ ،
لېكىن ھېچقايسىسى تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ . كۆپىنچىلى-
رى «خەمسە » تەركىبىدىكى بىر ياكى ئىككى داستانىنىلا يېزىپ چىقى-
دۇ . نەۋائى يۇقىرىقى شائىرلار ئىچىدە ئەشرەفنىڭ «خەمسە »نى تو-
لۇق تاماملىغانلىقىنى ھەمدە « يامان ئەمەس »[1] يازغانلىقىنى تىلغا
ئالىدۇ . ئۇ يەنە «خەمسە » سى تەركىبىگە كىرگەن داستانلارنىڭ
مۇقەددىمىلىرىدە نىزامى ، خىسراۋ دېھلىۋى ۋە جامىلارنىڭ ئىسمىلى-
رىدىن كېيىن ، ئەشرەفنىڭ نامىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ
ئۆتىدۇ ، شۇنداقلا ئەشرەفنىڭ «خەمسە » سىنىڭ گەرچە تولۇق تاما-
ملانغان بولسىمۇ ، لېكىن كۆپ جەھەتلەردىن ئالدىنقىلارنىڭ ئەسەرلى-

[1] نەۋائى: «مەجالىسۇن نەفائىس»، 276 ـ بەت.

رىنىڭ تەكرارى بولۇپ قالغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ . نەۋائىنىڭ قارىشى-
چە «ئەشرەفىنىڭ ‹خەمسە› سى غايىۋى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىك جە-
ھەتتىن نىزامى ۋە خىسراۋ دېھلىۋىلەرنىڭ ‹خەمسە› لىرى دەرىجىسى-
گە كۆتۈرۈلمىگەن . گەرچە ئۇ ئۆز ‹ خەمسە › سىنىڭ بەزى تەرەپلى-
رىنى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن شائىرلارنىڭ ‹خەمسە› لىرىگە ئوخشات-
ماستىن ئىشلەشكە ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن كۆپ ئورۇنلار-
دا ئالدىنقىلارنىڭ يازغىنىنى تەكرارلىغان . ‹خەمسە› چىلىككە يېڭى-
لىق كىرگۈزۈشكە ، سۇژېت لىنىيىلىرىنى مۇستەقىل تۈزۈشكە ،
ھەتتا تەييار سۇژېتلاردىكى بەزى قاراڭغۇ نۇقتىلارنى كونكرېتلاشتۇ-
رۇشقا كۆچى يەتمىگەن . . .» .[1] شۇڭا ئۇنىڭ «خەمسە» سى ئۆز
دەۋرىدە ئانچە شۆھرەت قازىنالمىغان .

نەۋائى مانا مۇشۇ تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى چوڭقۇر يەكۈنلىدى ۋە
«خەمسە» يېزىشقا ئالدىراپ كەتمىدى . ئۇ بىر تەرەپتىن ، ئۆزىدىن
ئاۋۋالقى نىزامى گەنجىۋى ، ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى قاتارلىق ئۇلۇغ
شائىرلارنىڭ «خەمسە»لىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، چوڭقۇر تەتقىق
قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۆزى يازماقچى بولغان «خەمسە» داستان-
لىرىنى قانداق قىلىپ ئۆزى ياشاۋاتقان مىلادىيە 15 ـ ئەسىرنىڭ
ئىجتىمائىي رېئاللىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ۋە «خەمسە»چىلىك تارى-
خىدا يېڭىلىق يارىتىش مەسىلىلىرى ئۈستىدە باش قاتۇردى . ئۇزاق
مەزگىللىك ئىزدىنىش ۋە ئۆگىنىش نەتىجىسىدە ، نەۋائى 40 ياشتىن
ئاشقان ۋە قەلىمى پىشقان چاغدا ، ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى
ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى . نەۋائى ئۆزىنىڭ بۇ چاغدىكى
ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى ۋە پىلانلىرىنى «ۋەقفىيە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق

① ئابدۇقادىر ھېيتمەتوف: «نەۋائىنىڭ ئەدەبىي ـ تەنقىدىي قاراشلىرى» (تاشكەنت، 1959 ـ يىل نەشرى)، 170 ـ بەت.



بايان قىلىدۇ : «يىگىتلىك چاغلىرىم ئاخىرلىشىپ ، ھايات گۈلشەنىمە-
نىڭ باھارى خازان بولدى . ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەن
ئىككى ئۈمىد ـ ئارزۇيۇم ئەمدى مېنى ئالدىرىتىشقا باشلىدى . بۇ
ئىككى ئارزۇنىڭ بىرى ـ مۇبارەك سەپەر ، يەنى ھەربىر مۇسۇلماننىڭ
بۇرچى بولغان مەككە ـ مۇكەررەمنى تاۋاب قىلىپ كېلىش ؛ ئىككىن-
چىسى ـ ئەسىرلەر بويى ياشايدىغان ئەسەرلەر يارىتىش . شۇ جۇملى-
دىن مەسنەۋى (ئىككىلىك) يېزىشتۇر . . .»[1]

دېمەك : ئەسىرلەر بويى ياشايدىغان داستانلار توپلىمى ـ «خەم-
سە» يارىتىش ، نەۋائىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇلىرىدىن بىرى ئىدى .
لېكىن ئۇزاقتىن بۇيان دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ئالدىراشچىلىقى ، تۈرلۈك
ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر سەۋەبىدىن نەۋائى قولىغا قەلەم ئالالمىغان-
دى . مىلادىيە 1476 ـ يىلى نەۋائى سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئوردى-
سىدىكى باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى ۋە دۆلەت ئىش-
لىرىدىن بوشاپ ، پۈتكۈل زېھنىنى «خەمسە» يېزىشنىڭ تەييارلىقىغا
سەرپ قىلدى . بىر قانچە يىللىق تەييارلىقتىن كېيىن ، مىلادىيە
1483 ـ يىلى نەۋائى «خەمسە» سىنى رەسمىي يېزىشقا تۇتۇش قىلدى-
دۇ . ئۇ مەسلىھەت ئۈچۈن ئۆز ئۇستازى ئابدۇرەھمان جامىنىڭ ئالدى-
غا باردۇ . جامى ئۇنى بۇ ئىشقا جىددىي كىرىشىشكە ئۈندەيدۇ .
چۈنكى ، نەۋائى ئۆز شېئىرلىرى بىلەن قابىلىيىتىنى نامايان قىلغاندى-
دى . جامىنىڭ پىكرىچە ، پۈتكۈل تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان كى-
شىلەر ئارىسىدا نەۋائىدەك تالانتلىق يازغۇچى يوق . پەقەت تۈركىي

① «نەۋائى ئەسەرلىرى توپلىمى»، 13 ـ توم (تاشكەنت، 1966 ـ يىل نەشرى)، 173 ~ 176 ـ بەتلەر.

خەلقلەرلا ئەمەس ، ھەتتا ئىران ۋە ئەرەب خەلقلىرى ئۈچۈنمۇ «خەمسە» يارىتىش كەم كۆرۈلىدىغان ئىش . جامى «خەمسە» يارىتىشنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى چەكسىز ئورمانغا كىرىش ياكى دېڭىزغا شۇڭغۇشقا ئوخشىتىدۇ : بۇ ئورماندا ئىككى بۈيۈك شىر ، دېڭىزدا ئىككى قەھرىمان لەھەڭ (بۇ يەردە نىزامى بىلەن خىسراۋ دېھلىۋىنى دېمەكچى ) بار ، «خەمسە» يارىتىش — ئۇلار بىلەن بەسلىشىش دېمەكتۇر . ۋەھالەنكى ، زاماننىڭ باشقا شائىرلىرى بەش بېيىتتىن ئىبارەت بىر غەزەل يارىتىش ئۈچۈن ئون كۈن ، مىڭ بېيىت يېزىش ئۈچۈن ئون يىل تىرىشىدۇ ، شۇنداقتىمۇ بۇ ئەسەرلىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ناتايىن . پەقەت سەنلا ئەڭ نازۇك پىكىرلەرنى ئەڭ راۋان ۋە كەم - كۈتىسىز ئىپادىلەشكە قادىرسەن ، شېئىرىيەت ساھەسىدىكى پالۋانسەن دەيدۇ ھەمدە نەۋائىنى دەرھال قولىغا قەلەم ئېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ .

جامى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا پارس تىلى بىلەن ئۆز «خەمسە»سى ، يەنى يەتتە داستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ھەفت ئەۋرەڭ» (يەتتە خەزىنە )نى يېزىش بىلەن مەشغۇل ئىدى . شۇڭا جامى بىلەن نەۋائىنىڭ «خەمسە » لىرى يېزىلغان ۋاقىت جەھەتتىن بىر - ئىككى يىللا پەرق قىلاتتى :

| «خەمسە» / ئاپتور | بىرىنچى داستان | ئىككىنچى داستان | ئۈچىنچى داستان | تۆتىنچى داستان | بەشىنچى داستان |
|---|---|---|---|---|---|
| ئابدۇرەھمان جامى | 1481 | 1482 | 1483 | 1484 | 1484/85 |
| ئەلىشىر نەۋائى | 1483 | 1484 | 1484 | 1484 | 1485 |

① نەۋائى: «سەددى ئىسكەندەر » ( شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى) ، 1029، 1031 - بەت.



مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا ، نىزامى بىلەن خىسراۋ دېھلىۋىنىڭ «خەمسە »لىرىگە كىرگەن سۇژىتلارنى ئەركىن قوللىنىش ئاساسىدا ، يېڭى يىرىك ئەسەر يارىتىش نەۋائى زامانىدا ئاللىقاچان بىر ئەنئەنىۋى ئېقىمغا ئايلانغانىدى . ھىراتنىڭ ئۆزىدە ئابدۇرەھمان جامى ، ئەشرەف ۋە باشقا بىر مۇنچە شائىرلار ‹خەمسە › سۇژىتلىرى ئاساسىدا يېڭى يىرىك ئېپىك ئەسەرلەر يارىتىش بىلەن مەشغۇل ئىدى . نەۋائى ئەنە ئاشۇ قىزغىن ئېقىمغا قوشۇلدى .①

دېمەك ، بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى ، نەۋائى ئۆز «خەمسە»سىنى يېزىشتا ، ئۆزىدىن ئاۋۋالقى شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن ، ئۇلارنى ئۆزىگە ئۇستاز ھېسابلىغان، بولۇپمۇ نىزامى ، خىسراۋ دېھلىۋى ، جامى قاتارلىق «خەمسە» ئۇستازلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئوزۇق ئالغان . لېكىن نەۋائى ھەرگىزمۇ ئۆز «خەمسە»سىنىڭ ئالدىنقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ياكى قايتا تەكرارى بولۇپ قېلىشىنى خالىمىغان . ئۇ بۇ جەھەتتە باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشقان .

بىز نەۋائى «خەمسە»سىنى تەپسىلىي ئوقۇپ ، چوڭقۇر تەھلىل قىلساق ، ئۇنىڭ «خەمسە» يېزىشتا ئىككى بۈيۈك مەقسەتنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز . بۇلارنىڭ بىرى ، تۈركىي تىلىدا خۇددى پارس تىلىدىكىگە ئوخشاش ئۇلۇغ ئەسەر يارىتىش ئىدى . خۇددى

① ئىززەت سۇلتان: « نەۋائىنىڭ قەلب دەپتىرى»، 318 - بەت.

ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ئېيتقاندەك: «نەۋائى ‹خەمسە› سىنىڭ يېڭى ۋە ئورىگىنال بولۇشى، ئۇنىڭ بىرىنچى، شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىم بۇ ژانىرنى تۈركىي تىلدا (چاغاتاي ئەدەبىي تىلى دەپ ئاتالغان كونا ئۇيغۇر تىلىدا) مەيدانغا چىقارغانلىقىدۇر. ئەسلىدە، بۇرۇنقى ‹بەشلىك› لەر پارس تىلىدا يارىتىلغان بولۇپ، پارس ئەللىرىدە شۆھرەت قازانغانىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن پارس تىلىنىڭ ئابرۇيىمۇ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ، تۈركىي زىيالىيلىرى ‹خەمسە› داستانلىرىنى پارس تىلىدا ئوقۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. مانا بۇ جەھەتلەردىن نەۋائىينىڭ تۈركىي تىلدا ‹خەمسە› يېزىشى چوڭ دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.»[1]

شۇڭا نەۋائى «خەمسە»نىڭ بىرىنچى داستانى — «ھەيرەتۇل ئەبرار» دا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

« كىمكى بۇ يول ئىچرەكى ئۇلار سالدى غەم،
ھەر نەچە غەم ئولسا ماڭا ھەم خىرەم.
پارسى ئولدى چۇ ئۇلارغا ئەدا،
تۈركىي ئىلە قىلسام ئانى ئىبتىدا.
پارسى ئەل تاپتى چۇ خۇرسەندلىغ،
تۈركىي تاغى تاپسا بەرۇمەندلىغ.
يولداسا بۇ يولدا نىزامى يولۇم،
قولداسا خىسراۋ بىلە جامى قولۇم.
نۆكتە سۇرۇدىدا رەۋا بولماغاي،
بۇكى نەۋائىغا نەۋا بولماغاي».

(مەزمۇنى: «خەمسە» چىلىكنىڭ ئۇستازلىرى بۇ يولدا قەدەم بېسىپ، شۆھرەت قازاندى، مەنمۇ شۇ يولدىن بىر قانچە قەدەم باساي؛ ئۇلار پارس تىلى بىلەن «خەمسە» يېزىپ، ئۆز خەلقىنى خۇش

① ب.ئەرشىدىن: «ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىدا داستان ژانىرى»، 76 ~ 77 ـ بەتلەر.



قىلغانىدى، مەن «خەمسە»منى تۈركىي تىلى بىلەن باشلاي؛ پارس تىلىدىكى ئەسەرلەر ئۇلارنىڭ خەلقى ئارىسىدا خۇرسەنلىك پەيدا قىلدى، تۈركىي تىلىمۇ شۇنداق قىلالىسا ئەجەب ئەمەس؛ «خەمسە» چىلىكتە نىزامى مېنىڭ يولۇمدۇر، خىسراۋ دېھلىۋى بىلەن جامى ئىككى قولۇمدۇر؛ ئۇستازلار مېنى قوللاۋاتقان يەردە، بۇ گۈزەل كۆيلەرنى كۈيلەش نەۋائىينىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، دېيىش توغرا ئەمەس.)

نەۋائى يەنە «خەمسە» نىڭ ئۈچىنچى داستانى «لەيلى — مەجنۇن» دا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«گەر نۇكتەلىرى جەھاننى تۇتتى،
غەۋغالىرى ئىنسۇ جاننى تۇتتى.
چۇن پارسى ئەردى نۇكتە شەۋقى،
ئازراق ئىدى ئاندا تۈركىي زەۋقى.
ئول تىل بىلە نەزم بولدى مەلفۇز،
كىم پارسى ئاڭلار ئولدى مەھزۇز.
مەن تۈركچە باشلىبان رىۋايەت،
قىلدىم بۇ فەسانەنى ھېكايەت.
كىم چۇن شۆھرەتى جەھانغا تولغاي،
تۈركىي ئېلى داغى بەھرە ئالغاي.
نەچۇنكى بۇگۇن جەھاندا ئەتراك،
كۆپتۇر خوش تەبئى ساف ئىدراك.»

(مەزمۇنى: ئۇلار، يەنى نىزامى ۋە خىسراۋ دېھلىۋىلارنىڭ سۆزلىرى ۋە شۆھرەتلىرى جاھانغا يېيىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يازغان ئەسەرلەردە پارسچە زوق كۆپرەك، تۈركچە زوق ئازراق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەنىلەر پارس تىلى بىلەن ئىپادە قىلىنغانلىقتىن، پەقەت پارسچە بىلىدىغان كىشىلەرلا بەھرە ئالالىدى. ھازىر جاھاندا ساپ ئىدراكلىق، خۇش تەبئەتلىك

تۈركىي تىلىدا يازىدىغانلار كۆپەيگەن شارائىتتا ، شۆھرىتى جاھانغا تارقالسۇن ، تۈركىي خەلقلىرىمۇ بەھرە ئالسۇن دەپ ، بۇ رىۋايەتنى تۈركىي تىلىدا يېزىپ چىقتىم ) .

دەرۋەقە ، بۇ چاغدا ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ، جۈملىدىن سەمەرقەند ، ھىرات قاتارلىق مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە پارس تىلىنىڭ نوپۇزى ۋە تەسىرى خېلىلا چوڭقۇر بولۇپ ، كۆپلىگەن كىشىلەر پارس تىلىدا ئەسەر يېزىشنى تەرغىب قىلاتتى . ئەمما ، نەۋائى ياشىغان دەۋرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ، جۈملىدىن تېمۇرىيلەر دەۋرىدە تۈركىي تىلىدا ئەسەر يېزىش خاھىشى مەيدانغا كېلىپ ، مىللىي ئاڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى . لۇتفى ، سەككاكى ، ئاتايى قاتارلىق ئەدىب ۋە شائىرلار تۈركىي تىلىدا ئەسەر يېزىپ ، مىللىي تىل ۋە مەدەنىيەتنى قايتا راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچتى . بۇ ئەھۋال ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدە لاتىن تىلىنىڭ مۇتلەق نوپۇزىدىن قۇتۇلۇپ ، ھەرقايسى مىللىي تىللار تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىۋاتقان ياۋروپانىڭ ۋەزىيىتىگە تولىمۇ ئوخشايتتى . نەۋائى مانا مۇشۇنداق بىر شارائىتتا ، تۈركىي تىلى بىلەن تۇنجى مۇۋەپپەقىيەتلىك «خەمسە»نى يېزىپ چىقتى ۋە تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئاچتى .

ئەمما ، نەۋائى ئۆزىدىن ئاۋۋال ئۆتكەن كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ پارس تىلىدا يازغان «خەمسە»لىرىنى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلماقچى ياكى ئەينەن كۆچۈرۈپ چىقماقچى ئەمەس ئىدى . ئالدىنقىلار يارىتقان نەمۇنىلەر بىلەن تەڭ تۇرىدىغان ، يېڭى ، ئورىگىنال ئەسەر يارىتىش ـ نەۋائىنىڭ «خەمسە» يېزىشتىكى ئىككىنچى مەقسىتى ئىدى . ئۇنداقتا ، نەۋائى ئۆزىنىڭ تۈركىي تىلىدىكى «خەمسە»سىدە قانداق يېڭىلىقلارنى ياراتتى ، ئۇ ئالدىنقىلارنىڭ نېمىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، نېمىلىرىنى تاشلىدى ؟

دەرۋەقە ، بۇ نەۋائى «خەمسە» سىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى ئەڭ نېگىزلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر . شۇنىسى ئېنىقكى ، ھەرقانداق



بىر بۈيۈك ئەسەر تاسادىپىي ۋە يەككە ـ يېگانە ھالدا مەيدانغا كېلەلمەيدۇ . بەلكى ئۆزىدىن ئاۋۋالقى شۇ تۈردىكى ئەسەرلەردىن ئىجابىي ئوزۇق ئېلىش ، تەجرىبىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە شۇ ئاساستا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ . نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ، ئەلۋەتتە . نەۋائى ئۆز «خەمسە» سىنى يازغان چاغدا ، ھەر بىر داستانىنىڭ مۇقەددىمە ، خاتىمە قىسىملىرىدا ، نىزامى ، خىسراۋ دېھلىۋى ، ئابدۇرەھمان جامى قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ نامىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ . ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ، كەمچىلىكلىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ . ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قايسى تەرەپلىرىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقى ، قايسى تەرەپلىرىگە يېڭىلىق كىرگۈزگەنلىكى ۋە بېيىتقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ .

نەۋائى ئۆزى ئۇستازىم دەپ قارىغان كلاسسىك شائىرلار ئىچىدە نىزامىنى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولىنى ئۆز يولۇم دەپ قارايدۇ . ھەممىگە مەلۇمكى ، نىزامى شەرق ئەدەبىياتىدا تۇنجى قېتىم «خەمسە» يازغان ، شۇنداقلا «خەمسە» چىلىك ئەنئەنىسىنى باشلاپ بەرگەن بۈيۈك شائىر ئىدى . نىزامىدىن كېيىن ، «خەمسە» يېزىشقا تۇتۇش قىلغان شائىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نىزامىنى ئۇستاز ھېسابلىغانىدى ۋە ئۆز «خەمسە»لىرىنى نىزامى «خەمسە»سىگە تەقلىد قىلىپ يازغانىدى . نەۋائى دەۋرىگىچە شەرق ئەدەبىياتىدا باشقا ھەر قانداق شائىرنىڭ ئەسىرى نىزامى «خەمسە» سىنىڭ بەدىئىي ۋە غايىۋى مۇۋەپپەقىيىتىگە تەڭلىشەلمىگەنىدى .

شۇڭلاشقا ، نەۋائى «خەمسە» يېزىشقا كىرىشكەن ئىكەن ، ئەڭ ئالدى بىلەن نىزامى «خەمسە»سىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرەپلىرىدىن ئۆگەندى ۋە ئۇنى ئىجابىي يوسۇندا ئۆزلەشتۈردى . ئۇ يەنە «خەمسە» يېزىشنىڭ ئادەتتىكى بىر ئىش ئەمەس ، بەلكى ئاجايىپ قىيىن ئىجادىيەت ئىكەنلىكىنى ، بولۇپمۇ نىزامىنىڭ «خەمسە»سىگە تەڭلىشىدىغان

«خەمسە» يارىتىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى تەكىتلەيدۇ [1] ھەمدە

«كېرەك شىر ئالىدا ھەم شىر چەنگى ،
ئەگەر شىر ئولماسا بەرى پەلەنگى .»

(مەزمۇنى : نىزامىغا ئوخشاش شىرنىڭ ئالدىدا شىر جېڭى قىلىش كېرەك ، ئەگەر شىر بولالمىغاندىمۇ ، يولۋاس بولۇش لازىم.)

دەپ يېزىپ ، نىزامى بىلەن بەسلىشىش ۋە نىزامى داستانىغا تەڭلىشەلەيدىغان ئۇلۇغ ئەسەر يارىتىش ئۇچۇن ، نىزامىچە قۇدرەت بولۇش كېرەك دەپ قارايدۇ ھەمدە ئۆز «خەمسە»سىدە نىزامىنى «شېئىرىيەت ئىلمىنىڭ ئۇستازى » ، [2] «سۆز سەنئىتىنىڭ نەققاشى » دەپ تەرىپلەيدۇ . ئۇ ئۆز «خەمسە»سىدە ، نىزامى «خەمسە»سىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن چوڭقۇر ئوزۇق ئالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ :

«چۇ مەشغۇل بولدۇم تاماشاسىغە ،
ئۆتۇپ ۋادىيۇ تاغۇ دەرياسىغە .
جەھانە كۆرۈندى كۆزۈمغە نىھان ،
نىھان بەلكى ھەر بېيتى ئىچرە جەھان .»

(مەنىسى : نىزامى «خەمسە»سىنىڭ بىپايان تاغ ـ دەريالىرىنى كېزىپ ، تاماشا قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدۇم . ئۇنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرى كۆزۈمگە جاھاندەك كۆرۈندى ، ھەر بىر بېيتىنىڭ ئىچىگە يېڭى بىر دۇنيانىڭ مۆكۈنگەنلىكىنى ھېس قىلدىم ) .

دېمەك ، «خەمسە»چىلىكتە نەۋائىينىڭ ئۆز ئۇستازى نىزامىنىڭ تەسىرىگە قانچىلىك دەرىجىدە ئۇچرىغانلىقى ، ئۇنىڭدىن نېمىلەرنى

---

① نەۋائىي: «پەرھاد ـ شېرىن»، 42 ـ بەتكە قاراڭ.
② نەۋائىي: «سەددى ئىسكەندەرى»، 1040 ـ بەتكە قاراڭ.
③ نەۋائىي: «سەددى ئىسكەندەرى»، 1040 ـ بەت.



ئۆگەنگەنلىكى ، قايسى ئەنئەنىلەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىنتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۇچۇن ، يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرەلىشىمىز مۇمكىن . دەرۋەقە ، نەۋائىي ياشىغان دەۋر بىلەن نىزامى ياشىغان دەۋر ئوتتۇرىسىدا كۆپ ئەسىرلىك تارىخىي جەريان مەۋجۇت ئىدى ، شۇنداقلا بۇ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي جەرياندا ، «خەلقنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تەلەپلىرىمۇ خېلى دەرىجىدە ئۆسكەن ، ئەدەبىي ـ تەنقىدىي پىكىرلەرمۇ تەرەققىي قىلغانىدى » . [1] شۇڭلاشقا ، نەۋائىينىڭ ئۆز «خەمسە»سىنى مىلادىيە 15 ـ ئەسىر ئىجتىمائىي رېئاللىقى بىلەن يۇغۇرۇشى ، ھەر قايسى داستانلىرىدا دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىشى ، شۇنداقلا يېڭىلىق يارىتىشقا ئۇرۇنۇشى تەبىئىي ئىدى . خۇددى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ۋاھىد زاھىدوف ئېيتقاندەك : «نەۋائىي ئۆزىنىڭ ‹خەمسە› سىدە نىزامىغا مەخسۇس بابلار بېغىشلايدۇ . ئۇنىڭغا مەدھىيىلەر ئوقۇيدۇ ، سەمىمىي مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ ، ئۇنىڭ نامىنى كۆكلەرگە كۆتۈرىدۇ . لېكىن ، نەۋائىي يالغۇز نىزامى بولۇپ قېلىشنى خالىمايدۇ . يېڭى دەۋر تەلەپلىرىگە ، خەلق ۋە ۋەتەن مەنپەئىتىگە ناھايىتى يېقىندىن جاۋاب بېرىدىغان ھەمدە ماس كېلىدىغان يېڭى ئورىگىنال ، بەدىئىي خەزىنە يارىتىشقا كىرىشىدۇ . نىزامى بىلەن ئىجادىي مۇسابىقىگە چۈشىدۇ » . [2]

ھەممىگە مەلۇمكى ، نىزامى ــ شەرق ئەدەبىياتىدىكى «خەمسە» چىلىك ئەنئەنىسىنىڭ ئاساسچىسى . نىزامىدىن كېيىن شەرق ئەدەبىياتىدا كۆپلىگەن شائىرلار «خەمسە»چىلىك ساھەسىدە ئۆز تالانتىنى سىناپ كۆرگەن . بىراق ، جامى ۋە نەۋائىي قاتارلىق ئۇلۇغ ئەدىبلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا قارىغاندا ، مىلادىيە 15 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى

---

① ئابدۇقادىر ھېيتمەتوف: «نەۋائىينىڭ ئەدەبىي تەنقىدىي قاراشلىرى»، 155 ـ بەت.
② «نەۋائىي ۋە ئەدەبىي تەسىر مەسىلىلىرى» ناملىق توپلام، 15 ـ بەت.

يېرىمىغا قەدەر بولغان دەۋردە نىزامى ئەسىرىگە جاۋاب تەرىقىسىدە
يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققىنى ئەمىر
خىسراۋ دېھلىۋىنىڭ «خەمسە» سى ھېسابلىنىدۇ . شۇڭلاشقا ، نەۋائى
ئەمىر خىسراۋغا نىزامىدىن كېيىنكى «خەمسە»چىلىك تارىخىدىكى
ئۇلۇغ شائىر سۈپىتىدە قارايدۇ ھەمدە ئۆز «خەمسە» سىدىكى ھەر
بىر داستانىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا ئۇنىڭغا مەخسۇس مەدھىيىلەر بې-
غىشلايدۇ . نەۋائى يەنە ئەمىر خىسراۋنىڭ «خەمسە» سىنىڭ كۆپ
جەھەتلىرىدە نىزامى «خەمسە» سىگە ياندىشالىغانلىقىغا قارىماي ، ئايرىم
ئورۇنلاردا خېلى كۆپ ئۆزگەرتىشلەر ۋە يېڭىلىقلارنى ئېلىپ بارالىغان-
لىقىنى تىلغا ئالىدۇ . مەسىلەن ، نەۋائى ئۇنىڭ «خىسراۋ ــ شېرىن»
داستانى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ :

« ۋە لېكىن ساھىرى ھىندۇستانى ،
يازاردا بۇ مالالەت داستانى .
چۇ تاپتى خامەسى تەھرىرى تەئجىل ،
بۇ ئىشقا بەردى كۆپ تەغيىرۇ تەبدىل . »

[مەنىسى : ھىندىستاننىڭ ئۇلۇغ شائىرى (يەنى ئەمىر خىسراۋ
دېھلىۋى ) بۇ داستاننى يازغان ۋاقتىدا ، ئۆزىدىن ئاۋۋالقى كىتابلارنى
كۆرۈپ ، تەھرىرلەپ چىقتى ھەمدە بۇ ئىشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ ، زور
يېڭىلىقلار كىرگۈزدى .]

نەۋائى ئۆز «خەمسە»سىنى يېزىش جەريانىدا ، ھەر قايسى داستان-
لارنىڭ سۇژېت ۋە پېرسوناژلىرى جەھەتتە ئەمىر خىسراۋ «خەمسە»
سىنىڭ كۆپلىگەن ئۇتۇقلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى ئىجابىي ئۆز-
لەشتۈردى . مەسىلەن ، ئەمىر خىسراۋ ئۆزىنىڭ «خىسراۋ ــ شېرىن»
داستانىدا ، پەرھادنى تۇنجى قېتىم خوتەنلىك دەپ تەسۋىرلەيدۇ ①
ھەمدە پادىشاھ خاندانىدىن قىلىپ كۆرسىتىدۇ . ئەمىر خىسراۋ يەنە

① ب.ئەرشىدىن: « ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىدا داستان ژانىرى»، 69 ــ بەت.



بىرىنچى بولۇپ شېرىننى ئەرمەن مەلىكىسى قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ
(نىزامى شۇ ناملىق داستانىدا شېرىننى ئەزەربەيجاندىكى بىردا ھاكىمى
مېھىنبانۇنىڭ جىيەن سىڭلىسى قىلىپ تەسۋىرلىگەن ) . نەۋائى ئۆزد-
نىڭ «پەرھاد ــ شېرىن» داستانىدا بۇ بايانلارنى ئەينەن قوبۇل قىل-
دى . ئۇنىڭدىن باشقا ، نەۋائى يەنە «سەبئەئى سەييارە» داستانىدا بەزى
ئورۇنلاردا ئەمىر خىسراۋنىڭ يولىدىن ماڭدى . مەسىلەن ، شاھ بەھ-
رامنىڭ كېنىزىكىنىڭ نامى فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدا ئازادە ،
نىزامىنىڭ ئەسىرىدە فىتنە ، ئەمىر خىسراۋنىڭ ئەسىرىدە دىلئارام
دەپ ئاتالغان . نەۋائىمۇ ئۇنى دىلئارام دەپ ئاتىدى . ئۇنىڭدىن باشقا
يەنە بەزى ۋەقەلەرنى ئەمىر خىسراۋنىڭ داستانى بويىچە ئىشلىدى .
لېكىن شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، نەۋائى داستانلىرى ھەر-
گىزمۇ نىزامى ياكى ئەمىر خىسراۋ داستانلىرىنىڭ تەكرارى بولۇپ
قالمىدى . بەلكى ھەر جەھەتتىن يېڭىلىق يارىتىش ، ئۆز خاسلىقىنى
جارى قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلدى . شۇڭا نەۋائى ئۆز «خەمسە»
سىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا مەخسۇس ئۆز ئۇستازلىرىنىڭ ئەسەرلى-
رى ئۈستىدە توختىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە كەمچىلىكلى-
رى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ ، شۇنداقلا تەنقىدىي باھا بېرىدۇ .
نەۋائى ئۆز «خەمسە» سىدە يەنە ئەمىر خىسراۋ «خەمسە» سىنىڭ كۆپ
جەھەتلەردىن نىزامى «خەمسە» سىگە ئوخشاپ قالغانلىقىنى ، بەدىئىي
ۋە غايىۋى جەھەتتىن نىزامىدىن ئۆتۈپ كېتەلمىگەنلىكى ، ھەتتا بەزى
جەھەتلەردە چېكىنگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ .

نەۋائى ئۆز «خەمسە»سىنى يارىتىش جەريانىدا ، نامىنى ئەڭ كۆپ
تىلغا ئالغان ئۇستازلىرىنىڭ بىرى ــ ئابدۇرەھمان جامىدۇر . مەلۇم-
كى ، جامى نەۋائىنىڭ ئۇستازى ۋە زامانىدىشى ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۇلار ئۇزاق ۋاقىت ھىرات شەھىرىدە بىللە ياشىغاچقا ، دائىم سۆھبەت-
لىشىپ ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى . جامى شۇ كەمگىچە ھەممە
شېئىرىي ژانىرلاردا ئۆز قەلىمىنى سىناپ كۆرگەنىدى ۋە ناھايىتى

زور شۆھرەت قازانغانىدى. ئۇ نەۋائىدىن سەل ئىلگىرى، يەنى مىلادىيە 1481 - يىلى «خەمسە» يېزىشقا كىرىشكەن بولۇپ، نەۋائىنىڭ «خەمسە» يېزىشىغا زور تۈرتكە بولغانىدى. نەۋائىي جامىنىڭ پۈتكۈل ئەسەرلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىدۇ. بولۇپمۇ جامىنىڭ ئىجادىيىتىدە بىرىنچى ئورۇنغا ئۇنىڭ مەسنەۋى ئۇسلۇبىدا يازغان داستانلىرىنى، يەنى ئۇنىڭ «ھەفت ئەۋرەڭ» (يەتتە خەزىنە) ئەسىرىنى قويىدۇ. نەۋائىنىڭ پىكرىچە، جامى نىزامى، خىسراۋ دېھلىۋىدىن كېيىن «خەمسە» تىپىدا ئەسەر يېزىپ، مەسنەۋى ژانىرىنى، يەنى «خەمسە» چىلىكنى تىرىلدۈرگەن شائىر ئىدى:

« بۇلاز چۇن ئەدەم سارى كۆچمىش ئىدى،
دېگىل مەسنەۋى ئاتى ئۆچمىش ئىدى.
ھەمۇل باغ ئەرا گۇل يوقۇ، بۇيى ھەم،
قۇرۇمۇش ئىدى ئۇل ئارىغ سۇيى ھەم.
بىھەمدىللاھ ئۇل گۇل تاپىب رەڭگى بۇ،
بىر ئاققان ئارىقغە يانا ئاقتى سۇ. »

[مەنىسى: بۇلار (خەمسە يازغۇچىلار) باشقا ژانىرلارغا يۆتكەلگەن، مەسنەۋى ئۇسلۇبىنىڭ نامى ئۆچكەنىدى؛ «خەمسە»چىلىك بېغىدا گۇل - گىياھلار قۇرۇغان، ئېرىق سۇلىرى قۇرۇغانىدى؛ ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ گۇل (يەنى جامىنىڭ «خەمسە»سى) يېڭى رەڭگە كىردى، خەمسەچىلىك بېغىنىڭ قۇرۇغان ئېرىقىغا يەنە سۇ كەلدى.]

دېمەك، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، نەۋائىي جامىنى ئۇلۇغ ئۇستاز سۈپىتىدە ھۆرمەتلەپ قالماستىن، بەلكى خەمسەچىلىك ئەنئەنىسىنى قايتا تىرىلدۈرگەن شائىر دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆز «خەمسە» سىدە كۆپ تەرەپلەردىن جامىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن، نىزامىنىڭ «خەمسە»سى تەركىبىدىكى «ئىسكەندەرنامە» داستانىدا ئىسكەندەر ئوبرازى ئاساسىي جەھەتتىن تارىخىي شەخس سۈپىتىدە



تەسۋىرلەنگەندى ھەمدە «شەرەفنامە» ۋە «ئىقبالنامە» دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەندى. جامى ئۆزىنىڭ «خىرەدنامەئى ئىسكەندەر» ناملىق داستانىنى پەقەت بىرلا كىتاب قىلىپ يازدى ۋە ئىسكەندەر ئوبرازىنى تارىخىي شەخسكە قارىغاندا، كۆپرەك بەدىئىي جەھەتتىن تەسۋىرلىدى. نەۋائىي ئۆز «خەمسە» سىدە جامىنىڭ بۇ يېڭىلىقلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە جامى يولىدىن ماڭدى. شۇڭا بىز «‹خەمسە› داستانلىرىدىكى مۇقەددىمىلەرنى ئىنچىكىلەپ ئوقۇساق، كۆز ئالدىمىزدا مۇتەپەككۇر جامىنىڭ سەنئەتكارغا خاس ئىجادىي ئەمگەكلىرى نامايەن بولىدۇ» . ①

قىسقىسى، نەۋائىي ئۆز «خەمسە»سىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا، ئۆزىدىن ئاۋۋالقى ئۇستازلىرى، جۈملىدىن نىزامى گەنجىۋى، ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى، ئابدۇرەھمان جامى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن نەۋائىي ھەرگىزمۇ ئۆز ئۇستازلىرى ئاللىقاچان يەتكەن سەۋىيىدە تۇرۇپ قېلىشنى، ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنى تۈركىي تىلدا ئەينەن تەكرارلاپ يېزىشنى خالىمايدۇ، بەلكى دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشىدۇ. دەرۋەقە، نەۋائىي «خەمسە»سىنىڭ يېڭىلىقى ئۇنىڭ «خەمسە» داستانلىرىنى تۇنجى قېتىم تۈركىي تىلدا يېزىپ چىققانلىقىدا ئەمەس ئىدى. بەلكى ئۆز «خەمسە»سىنى بەدىئىي ۋە غايىۋى مېتود، پېرسوناژلار ئوبرازى، قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە يېپيېڭى ھالەتكە ئىگە قىلغانلىقى ۋە دەۋر روھى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەنلىكىدە ئىپادىلىنەتتى.

شۇڭلاشقا نەۋائىنىڭ «خەمسە»سى شەرق ئەدەبىياتىدىكى تۆت مەشھۇر «خەمسە»نىڭ بىرى بولۇپ قالدى. نەۋائىنىڭ ئۆزىمۇ ناھايى-

---

① ھەمىدجان ھەمىدوف: «نەۋائىي ‹خەمسە› سىدە جامى كۆلەڭگىسى»، «ئۆزبېكىستان ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» گېزىتى، 1988 ـ يىللىق 11 ـ نويابىر سانى.

تى زور شۆھرەت قازاندى . نەۋائى «خەمسە» يېزىشقا كىرىشكەن دەسلەپكى چاغلاردىلا ئۆز ئەسىرىنىڭ زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا چوڭقۇر ئىشەنگەنىدى . ئۇ «خەمسە» نىڭ بىرىنچى داستانى «ھەيرەتۇل ئەبرار »نىڭ مۇقەددىمىسىدە ، ئۆز ئۇستازلىرى بولغان نىزامى ، خىسراۋ دېھلىۋى ۋە جامىلارنى – ئوت ، سۇ ۋە ھاۋاغا ، ئۆزىنى بولسا تۇپراققا ئوخشىتىدۇ . نەۋائىنىڭ قارىشىچە ، دۇنيا ۋە تەبىئەت تۆت ئاناسىر (ئاناسىر ئەربەئە )دىن ، يەنى ئوت ، سۇ ، ھاۋا ۋە تۇپراق قاتارلىقلاردىن تۈزۈلەتتى . شەرق ئەدەبىياتىدىكى «خەمسە» يېزىش بىلەن شۆھرەت قازانغان نىزامى ، خىسراۋ دېھلىۋى ، جامى قاتارلىق ئۈچ نەپەر بۈيۈك شەخسكە نەۋائى ئۆزىنى قوشقاندا ، خۇددى تەبىئەت دۇنياسىنى شەكىللەندۈرگەن تۆت ئاساسىي ئېلېمېنتقا ئوخشاش ، خەمسەچىلىك تارىخىدىكى تۆت چوققا مەيدانغا كېلەتتى . شۇڭا نەۋائى مۇنداق دەپ يازىدۇ :

« باغى ئەناسىركىم ئېرۇر دىلكۇشاي ،
جەدۋەلى دىۋارى ئانىڭ چاھارداي .
بولسا ئوتۇ سۇ ۋە ھەۋا دىلپەزىر ،
ئۇل ئارا تۇفراغ ھەم ئېرۇر نەگۇزىر . »

(مەنىسى : تۆت ئاساسىي ئېلېمېنت يەنى ئوت ، سۇ ، ھاۋا ۋە تۇپراق دۇنيادىكى ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئاساسىدۇر . ئاۋۋالقى ئۈچ ماددا قانچىلىك زۆرۈر بولسا ، تۆتىنچى ماددا – تۇپراقمۇ بولمىسا بولمايدىغان دەرىجىدە مۇھىمدۇر . )

دېمەك ، نەۋائى شەرق ئەدەبىياتىدىمۇ خۇددى شۇنداق تۆت ئاساسىي ئېلېمېنتقا ئوخشايدىغان ، تۆت بۈيۈك شەخسنى كۆرىدۇ : ئۇلار نىزامى ، خىسراۋ دېھلىۋى ، جامى ۋە نەۋائىنىڭ ئۆزى ئىدى . شائىر



مانا مۇشۇنداق زور ئىشەنچ بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ ، مىلادىيە 1483 – يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1485 – يىلىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا «خەمسە »نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى . خۇددى ئۆزبېك ئالىمى ئىززەت سۇلتان ئېيتقاندەك : «ھەر بىر داستانى ناھايىتى زور شۆھرەت قازانغان ، پۈتكۈل ھەجمى 53 مىڭ مىسراغا يەتكەن ، بەدىئىي ۋە غايىۋى قىممىتى جەھەتتىن ھەقىقەتەن ئۇلۇغ بولغان بۇ ئەسەرنىڭ ئىككى يىل ئىچىدە (ئەمەلىي ئىشلەنگەن كۈنلىرىنى ھېسابلىغاندا – ئالتە ئايدا ) يېزىپ تاماملىنىشى – ھەتتا شائىرنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ كۈتۈلمىگەن ئىش ئىدى » .[1] شۇڭلاشقا نەۋائى «خەمسە» نىڭ ئاخىرقى داستانى «سەددى ئىسكەندەرى» نىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ :

« چۇ ھەيرەتغە سالدىم كۆڭۈل رىغبەتىن ،
ئاڭا غالىپ ئەتتىم ئۇلۇس ھەيرەتىن .
چۇ پەرھادغە بولدۇم ئەندىشەۋەر ،
تۈزەتتىم بەسى تاغ ئۇلۇب تېشەۋەر .
چۇ مەجنۇن ھەدىسىغە تۈزدۇم فۇنۇن ،
بەسى خەلقنى قىلدى شەيدا جۇنۇن .
يانا سەبئەغە تەبئىم ئولغاچ قەرىن ،
ئىشتتىم يەتتە چەرخدىن ئافەرىن .
ئىسكەندەرغە تىل تارتىپ ئازەر كەبى ،
دېدىم ئانى سەددى ئىسكەندەر كەبى .
بۇ مېھنەتلەر ئىچرە چېكىپ سۆزگە تىل ،

① ئىززەت سۇلتان: «نەۋائىنىڭ قەلب دەپتىرى»، 323 – بەت.

زەماندىن كەمۇ بەش ئۆتۈپ ئىككى يىل .
يىغىشتۇرسا بولماس بەرى ئالتە ئاي ،
كى بولدۇڭ بۇ رەئناغە سۇرەتنامە ئاي .
تۈزەلدى بۇ نەزمىڭ بەسى سەرسەرى ،
يانا تۈركىي ئەلفاز ئاڭا بىر سەرى . »

(مەنىسى : «ھەيرەتۇل ئەبرار» نى يېزىپ كۆڭلۈمنى ئىلھاملاندۇردۇم ، ئۇنىڭغا پۈتكۈل مىللەتنىڭ ھەيرانلىقىنى تەقدىم قىلدىم ؛ «پەرھاد - شىرىن» داستانى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزدۈم ، خۇددى تاغ تەشكۈچىدەك تاغ - دەريالارنى تۈز قىلدىم ؛ «لەيلى - مەجنۇن»نى بايان قىلىشتا ھۇنەر كۆرسەتتىم ، ھەممە خەلقنى ئۇنىڭغا شەيدا قىلدىم ؛ يەنە «سەبەئى سەييارە»نى يېزىپ ، خەلق كۆڭلىگە يېقىن قىلدىم ، يەتتە قات ئاسماندىن ئاخىرىنلارغا ئېرىشتىم ؛ ئىسكەندەرگە خۇددى ئوت يالقۇنىدەك شىددەت بىلەن قەلەم تەۋرەتتىم ۋە ئۇنى «سەددىي ئىسكەندەرى» دەپ ئاتىدىم ؛ يۇقىرىقى ئەمگىكىمگە كىرىشىپ ، ئىككى يىل ئىچىدە يېزىپ تاماملىدىم . ئەمەلىي قەلەم تەۋرەتكەن كۈنلىرىمنى ھېسابلىسام ئالتە ئايغىمۇ بارمايدۇ . بۇ نەزمىنىڭ ھەممىسى باشتىن - ئاخىر تولۇق پۈتتى . تۈركىي تىلى ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭ بېزەك بولدى . )

## نەۋائىي «خەمسە»سىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە يېڭىلىقلىرى

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، نەۋائىي «خەمسە»سىنىڭ يارىتىلىشى ۋە زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا ، ئۇنىڭ ئالدىنقىلارنىڭ



ئەنئەنىلىرىگە ، تەجرىبىلىرىگە ۋە ئىجادىيەت مېۋىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقى ۋە ئىجابىي ئۆزلەشتۈرگەنلىكى مۇھىم رول ئوينىدى . لېكىن نەۋائىينىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيتتى . تېخىمۇ مۇھىمى ، ئۇ «خەمسە»چىلىك ئەنئەنىسىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئىلمىي يوسۇندا خۇلاسىلەپ ، «خەمسە» تەركىبىگە كىرگەن ھەر قايسى داستانلىرىدا زور يېڭىلىق ۋە ئىجادىي پىكىر ياراتقانىدى .

نەۋائىينىڭ «خەمسە»چىلىك ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن يېڭىلىقلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن شەرھلەش مۇمكىن ؛

بىرىنچى ، نەۋائىينىڭ تۈركىي تىلدا «خەمسە» يازغانلىقى ۋە زور شۆھرەت قازانغانلىقى «خەمسە»چىلىك تارىخىدىكى زور ۋەقە ئىدى . تېخىمۇ توغرىراقى ، نەۋائىينىڭ «خەمسە»سى تۈركىي تىلىدىكى تۇنجى ھەم ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتلىك «خەمسە» ئىدى . نەۋائىي ئەرەب - پارس تىللىرىدا ئەسەر يېزىش قىزغىنلىقى ئەۋج ئالغان ، تۈركىي تىلى كەمسىتىلگەن ، تۈركىي تىلدا «خەمسە» يازغىلى بولمايدۇ دەپ قارالغان بىر شارائىتتا ، باتۇرلۇق بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ ، تۈركىي تىلدا مۇۋەپپەقىيەتلىك «خەمسە» يېزىپ چىقتى ۋە ئىلىم ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، نەۋائىينىڭ «خەمسە» يېزىشتىكى ئەڭ چوڭ مەقسىتىنىڭ بىرىمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۈچۈن ئۆلمەس «خەمسە» يارىتىش ئىدى . شۇڭلاشقا نەۋائىينىڭ «خەمسە»سى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ، تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتا داستانچىلىق ژانىرى ئۈچۈن يېڭى سەھىپە ئېچىلدى . مىلادىيە 15 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا كۆپلىگەن تۈركىي تىللىق شائىرلار بۇ ساھەدە نەۋائىينى ئۆزلىرىگە ئۇستاز تۇتتى ۋە نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىجابىي ئوزۇق ئالدى . نەۋائىينىڭ «خەمسە»سى ئۆز دەۋرىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس ، ھەتتا پارس تىللىق ئەدەبىياتتىمۇ ناھايىتى چوڭ تەسىر پەيدا قىلدى . نەۋائىينىڭ ئۇستازى جامى ئۆزىنىڭ «خىرەدنامە-

ئى ئىسكەندەر » ناملىق داستانىنىڭ خاتىمىسىدە نەۋائىنىڭ «خەمسە »
سى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازدى :

« بۇ ‹بەشلىك › كە ئاۋۋال باشلاپ ئۇرۇپ پەنجە ،
خوش خەۋەرلەر كەلتۇرگەننىڭ يۇرتى گەنجە .
لېكىن تۇركىي تىلدا كەلدى بۇ نەقش ئەجەب ،
بۇ سۆز دەمەن جادۇسىدا باغلىغاي لەب .
پەلەكتىن ماختاش ياغسۇن ئۇل قەلەمگە ،
ئۇل قەلەمدىن كەلدى گۇزەل سۆز ئالەمگە . »

(مەنىسى : «خەمسە» يېزىپ ، ئەڭ ئاۋۋال شۆھرەت قازانغان
كىشى گەنجەلىك نىزامىدۇر . لېكىن نەۋائىنىڭ تۇركىي تىلدا يازغان
«خەمسە »سى خۇددى گۇزەل نەقىشتەك ھەممىنى ھەيران قالدۇردى .
گۇزەل ئەسەرلەرنى دۇنياغا كەلتۇرگەن ئاشۇ قەلەمگە ئاسماندىن مەد-
ھىيىلەر ياغسۇن ! )

جامى يەنە شۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا چەكسىز ھاياجان ئىلكىدە
مۇنداق دەپ يازدى : «ئەي ، نەۋائى ! . . .سېنىڭ ‹خەمسە › ڭ تۇر-
كىي تىلدا ئاجايىپ بىر نەقش بولدىكى ، سېھىرلىك نەپەسلەرنىڭ
لەۋلىرىگە مۆھۈر بولۇپ بېسىلدى . بۇ قەلەم پارس تىلى ئىگىلىرىگە
- پارسچە شېئىر يازىدىغان كىشىلەرگە رەھىم قىلدى . ناۋادا ئۇمۇ
پارس تىلىدا يازغىنىدا ئىدى ، بىزلەرگە سۆز ئېيتىش ماجالى قالمى-
غان بولاتتى . ئاشۇ مۆجىزىلىك شېئىر تارازىسىدا نىزامى كىمۇ ،
ئەمىر خىسراۋ كىم ؟ سەن بىر ياققا تاشلىنىپ قالغان تۇركىي تىلىغا
يېڭىدىن ئابرۇي بېغىشلىدىڭ ، ئۇنى ئىجادىيەت مەيدانىغا سۆرەپ
كىردىڭ ، بۇ تىل سېنىڭ پىكىرلىرىڭ نۇرىدىن پارلاق بولدى . مېھىر
- مۇھەببىتىڭدىن ياشراق بولدى . . . »[1]

ئىككىنچى ، نەۋائى ئۆز «خەمسە »سىدە شەرق ئەدەبىياتىدا ئۇزاق

① ئىززەت سۇلتان: « نەۋائىنىڭ قەلب دەپتىرى»، 329 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقلگە قاراڭ.



تارىخقا ئىگە بولغان خەمسەچىلىك ئەنئەنىسىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلە-
رى ، نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىرى ۋە بەدىئىي مېتودلىرىنى يەكۇنلىدى
ۋە خۇلاسىلىدى . بۇ نەۋائىغىچە بولغان «خەمسە » يازغۇچىلاردا كۆرۈ-
لۇپ باقمىغان ئىش ئىدى . نەۋائى «خەمسە » تەركىبىدىكى ھەر بىر
داستاننىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا ئۆزىدىن ئاۋۋال ئۆتكەن ئۇستازلىرى
نىزامى ، ئەمىر خىسراۋ ، جامى ، ئەشرەپ قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ
«خەمسە »لىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا باھا بېرىدۇ . ئۇلارنىڭ ئارتۇق-
چىلىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ، شۇنداقلا «خەمسە»
چىلىكنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە نەزەرىيىۋى پرىنسىپلى-
رىنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ . بۇ ھال نەۋائى «خەمسە» سىنىڭ ئەدەبىي
جەھەتتىنلا ئەمەس ، بەلكى ئىلمىي جەھەتتىنمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە
يەتكەنلىكىنى چۈشەندۇرىدۇ .

ئەدەبىياتتا شەكىلۋازلىق ، غايىسىزلىك كەڭ ئەۋج ئالغان بىر
دەۋردە نەۋائى شېئىرىي ژانىرلار مەسىلىسىدە ، ئېپىك ژانىرنى تەرەق-
قىي قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى . ئۇ ئېپىك ئەسەرلەر مۇھىم
ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئۆزىدە كەڭ ئەكس ئەتتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە دەپ قارىدى . تۇركىي تىللىق ئەدەبىياتتا ئۇ بۇ مەسىلىنى نەزەرى-
يىۋى جەھەتتىنلا ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن كۇپايىلىنىپ قالماي ، بەل-
كى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىمۇ كۆرسەتتى . نەۋائى ئېپىك
ژانىرنى «مەسنەۋى» دەپ ئاتىدى . بۇ «ئىككىلىك» شەكلىدىكى ئې-
پىك شېئىر ئىدى . نەۋائى مەسنەۋى ئۇسلۇبىنى خەمسەچىلىك ئەنئە-
نىسىدە بىرىنچى ئورۇنغا قويدى . بۇ ئۇسلۇبتا ئەسەر يازغان كىشى
ئۆز مەقسىتىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر يورۇتالايدۇ دەپ قارىدى . بۇنىڭ
ئۈچۈن «مەسنەۋى »دە بار بولغان ئىمكانىيەتلەر باشقا ھەر قانداق بىر
ژانىردا يوق دەپ ھېسابلىدى . نەۋائى «خەمسە »سىدە «مەسنەۋى»
ھەققىدە مۇنداق دەپ يازدى :

« بويلا نەزم ئىچرە ھەم ئېرۇر نەچە شىق ،

فەھم ئېتەر ئۇل كىشىكى بولسا مۇدىق .
لېكىن ئۇل بارچەدىن داغى خوبى ،
بار دۇرور مەسنەۋىنىڭ ئۇسلۇبى .
ئۆزگەلەرنى گەر ئەتمەدىم مەزكۇر ،
بۆك ئەمەس چۇن ئېرۇر بارى مەشھۇر .
مەسنەۋىكىم بۇرۇن دېدىم ئانى ،
سۆزدە كەلدى بەسې مەيدانى . »

(مەنىسى : شېئىرىيەت ئىلمى ئۆز ئىچىدىن نەچچىلىگەن تۇرلەر-
گە بۆلۈنىدۇ ، ئۇستاز كىشى بۇنى تولۇق ئايرىيالايدۇ ؛ لېكىن بۇلار-
نىڭ ئىچىدە ھەممىدىن گۈزىلى مەسنەۋى ئۇسلۇبىدۇر ؛ مەن باشقا
ئۇسلۇبنى تاللىماي مەسنەۋى ئۇسلۇبىنى لايىق كۆردۈم ؛ بۇرۇن ئېيى-
تىپ ئۆتكەندەك ، مەسنەۋى ئۇسلۇبىدا ھەممە مەنىنى كەڭ - كۇشادە
ئىپادە قىلغىلى بولىدۇ . )

بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى ، نەۋائى تۇركىي تىللىق ئەدە-
بىياتتا مەسنەۋى ئۇسلۇبىنى ، يەنى داستانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇشتا مۇھىم تۆھپە قوشتى . «نەۋائى ‹خەمسە › سىنىڭ ماھىيىتى
يەنە شۇنىڭ بىلەن ئۆلچىنىدۇكى ، ئۇ تۇركىي تىلىدىكى مەسنەۋىنى
پارس تىلى ئۈستۈنلۈك ئىگىلەپ تۇرغان مىلادىيە 15 - ئەسىردە
‹خەمسە › دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن مەسنەۋىلەر خەزىنىسىدۇر » . ①
نەۋائى ئۆز دەۋرىدە مەسنەۋى ئۇسلۇبىنىڭ پەقەت ئېپىكلىق ئەسەر-
لەرگە خاس شەكىل ئىكەنلىكىنى پۈتۈن پارس ئەدەبىياتىغىمۇ ئاگاھ-
لاندۇرۇپ ئۆتىدۇ . چۈنكى نەۋائى زامانىسىدا ئارىفى ( ؟ ~
1449 ) ، كاتىبى (مىلادىيە 15 - ئەسىر ) ، شىرازى (مىلادىيە 1455
~ 1535 ) ، ھىلالىي ( ؟ ~ 1533 ) قاتارلىق شائىرلار شەكىل-
ۋازلىققا بېرىلىپ ، دىداكتىك داستانلىرىنى تۇيۇق شېئىرىي شەكلى

① ب.ئەرشىدىن: « ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىدا داستان ژانىرى»، 78 - بەت.



بىلەن يېزىپ چىققان . بۇ شەكىل داستان ژانىرى ئۈچۈن ئېغىر ھەم
قۇلايسىز ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋائى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن
نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە تەنقىد قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىت-
تا ، «خەمسە»دىمۇ ئۇلارنى تەنقىد قىلىپ ، مەسنەۋى ئۇسلۇبىنىڭ
ئالاھىدىلىكى ، ئەھمىيىتى ۋە ئىمكانىيەتلىرى ئۈستىدە مەخسۇس توخ-
تىلىدۇ . مەسىلەن ، نەۋائى «ھەيرەتۇل ئەبرار» ناملىق داستانىدا
مۇنداق دەپ يازىدۇ :

« ئاڭلامايىن سۆزدە تۇيۇق بەھرىنى ،
قايسى تۇيۇق ، بەلكى قوشۇق بەھرىنى .
لەفزلەرى بېمەزە ، تەركىبى سۇست ،
ناسېرى مەنىيۇ ، ئەدا نادۇرۇست .
بارچەسىغە ، دېۋىيۇ مەنىيى خاس ،
خاسلەردىن تاپماي ئۇلاردىن خەلاس . »

(مەنىسى : تۇيۇق ئۇسلۇبىنى «خەمسە»دە ئىشلەتمىدىم . چۈنكى
ئۇنىڭ تەركىبى چىگىش ھەم مۇرەككەپ ، ئىپادىلىگەن مەنىلىرى
بەزىدە ناتوغرا بولۇپ قالىدۇ ھەمدە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرىدۇ . )

دېمەك ، نەۋائى نوقۇل بىر شائىرلا ئەمەس ، بەلكى ئەدەبىياتشۇ-
ناس سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ ، «خەمسە» يېزىشنىڭ نەزەرىيىۋى
ئاساسلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىدۇ ، پىكىر يۈرگۈزىدۇ . «خەمسە»
چىلىك ئەنئەنىسىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەيدۇ . بۇ
جەھەتتە نەۋائى ئۆز ئۇستازلىرىغا قارىغاندا خەمسەچىلىك ئىجادىيىتى-
نى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرىدۇ .

ئۈچىنچى ، نەۋائى ئۆز «خەمسە» سىدە تۇركىي تىللىق خەلقلەر-
نىڭ قەدىمكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ بىر قىسىم ئەنئەنىۋى سۇ-
ژىت ، مۇتىف ۋە قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرىنى «خەمسە» داستانلىرى-
نىڭ ئەنئەنىۋى سۇژىت لىنىيىسىگە ئورگانىك بىرلەشتۇردى . بۇنىڭ
بىلەن ئۇنىڭ «خەمسە»سى تەركىبىدىكى ھەر قايسى داستانلىرى ۋەقە

ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ناھايىتى زور يېڭىلىقلارغا ئېرىشتى .

ھەممىگە مەلۇمكى ، «خەمسە» تەركىبىدىكى ھەر قايسى داستاز-
لارنىڭ سۇژىتلىرى ئىران ، ئەرەب ، ئەزەربەيجان ، كافكاز خەلقلىرى-
نىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتى ، يىلنامىلىرى ، رىۋايەت - قىسسىلىرى
ئاساسىدا پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن ئىدى . مىلا-
دىيە 12 - ئەسىردە نىزامى گەنجىۋىنىڭ بەش داستانىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان «خەمسە» يېزىشى بىلەن بۇ داستانلارنىڭ سۇژىتلىرى قېلىپلى-
شىپ ، «مۇقەددەس سۇژىتلار»غا ئايلاندى . شۇندىن باشلاپ ، «خەم-
سە» يازغان شائىرلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئەنئەنىۋى سۇژىتلار بويىچە
داستانلارنى قايتا پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بولدى . مىلادىيە 15 -
ئەسىرگە كەلگەندە نەۋائى «خەمسە» داستانلىرىنىڭ سۇژىتلىرىدا ناھا-
يىتى زور ئىسلاھات ئېلىپ باردى . ئۇ ئۆزىنىڭ تۈركىي تىلىدىكى
«خەمسە»سىنى تېخىمۇ زور يېڭىلىققا ئىگە قىلىش ئۈچۈن داستانلار-
نىڭ ئەنئەنىۋى سۇژىتلىرىنى دەۋر روھى بىلەن ماسلاشتۇرۇشقا ۋە
شۇ ئارقىلىق ئۆز زامانىسىنىڭ زور ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى يورۇ-
تۇشقا تىرىشتى . شۇڭلاشقا ئۇ «خەمسە» داستانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى
سۇژىتلىرىنى زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىپ ، ئۇنىڭغا تۈركىي تىللىق
خەلقلەرنىڭ ئېپوسلىرىنىڭ سۇژىت ، مۇتىف ۋە قۇرۇلما ئالاھىدىلىك-
لىرىنى بىرلەشتۈردى . بۇ ھال ئۇنىڭ «خەمسە»سى ئىچىدىكى «پەر-
ھاد - شېرىن» داستانىدا ئالاھىدە گەۋدىلەندى . ئۇ «پەرھاد - شې-
رىن» داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۆزىنىڭ ئالدىنقىلارغا ئوخشىماي-
دىغان ئىجادىي يېڭىلىقلىرى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ :

« ئانى نەزم ئەتكى تەرھىڭ تازە بولغاي ،
ئۇلۇسقا مەيل بىئەندازە بولغاي .
يوق ئېرسە نەزم قىلغاننى خەلايىق ،
مۇقەررەر ئەيلەمەك سەندىن نەلايىق .
خوش ئېرمەس ئەل سوڭىچە رەخش سۈرمەك ،



يولىكىم ئەل يۈگۈرمىشتۇر يۈگۈرمەك .
بىراۋ كىم بىر چەمەندە سەير ئەردى ،
نەچەكىم گۇل ئاچىلغان كۆردى ، تەردى .
ھەمۇل يەردە ئەمەس گۇل ئىستەمەك خوپ ،
بۇ بوستان سەھىدە گۇل كۆپ ، چەمەن كۆپ . »

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى ، نەۋائى مەزكۇر داستانىنى يېزىشقا كى-
رىشكەن چاغدا ، ئالدىنقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قايتا تەكرارلاپ قويۇش-
نى ھەرگىز خالىمىغان ، بەلكى دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ ، تۈركىي
تىللىق خەلقلەر ئېپوسچىلىقىنىڭ كۆپلىگەن سۇژىتلىرىنى «خەمسە»
داستانلىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەن . مەسىلەن ، مەيلى نىزامىنىڭ
«خەمسە»سىدە بولسۇن ياكى ئەمىر خىسراۋنىڭ «خەمسە»سىدە بول-
سۇن «خىسراۋ - شېرىن» داستانىنىڭ سۇژىتلىرى پۈتۈنلەي ئىران
مەنبەلىرىدىكى رىۋايەت - قىسسىلەرگە ئاساسلىنىپ يېزىلغانىدى .
ئۇلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى
خىسراۋ بىلەن ئەرمەنىستان مەلىكىسى شېرىن ئوتتۇرىسىدىكى ئىشق
- مۇھەببەت نۇقتىلىق تەسۋىرلىنىپ ، پەرھاد ئوبرازى قوشۇمچە ئو-
رۇندا تەسۋىرلىنىدۇ .

نەۋائى ئۆزىنىڭ «پەرھاد - شېرىن»داستانىدا يۇقىرىقى قېلىپ-
لاشقان سۇژېتنى ئىسلاھ قىلىپ ، چىن شاھزادىسى پەرھاد بىلەن
ئەرمەن مەلىكىسى شېرىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى ئاساسىي نىيەت
قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ . نەۋائى پەرھادنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى
پۈتۈنلەي تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېپوسلىرىدىكى قەھرىمانلارنىڭ
ئۆسۈپ يېتىلىش فورمىسى بويىچە تەسۋىرلەيدۇ . تۈركىي تىللىق
خەلقلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىن «ما-
ناس» ، « ئوغۇزنامە » ، « ئالپامىش » ، « قوبلاندى » ، «گۆر
ئوغلى» قاتارلىقلاردا قەھرىماننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ئادەتتە
تۇراقلاشقان سۇژىت جاھازىسىدىن تەركىب تاپىدۇ .

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نەۋائى ئۆز قەھرىمانى پەرھادنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى تەسۋىرلەشتە، پۈتۈنلەي تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېپوسچىلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى سۇژېت فورمىسى بويىچە ئىش كۆرگەن. يەنى ئوغۇزخان، ماناس، ئالپامىش قاتارلىق قەھرىمانلارغا ئوخشاشلا پەرھادمۇ ئاتا ـ ئانىسى پەرزەنت يۈزى كۆرەلمەي، ئازاب چېكىپ، تەڭرىگە سىغىنىپ قېرىغاندا، ئاندىن تاسادىپىيلا تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمۇ غەيرىي نورماللىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. باتۇر، قورقۇمسىز ۋە كۈچلۈك چوڭ بولىدۇ. دادىسىنىڭ خەزىنىسىدىكى جاھاننەما ئەينىكىدىن شىرىننىڭ جامالىنى كۆرۈپ غايىبانە ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىراق سەپەرگە ئاتلىنىپ، تاغ ـ دەريالارنى كېزىپ، ئىلىم ـ ھېكمەت ماكانى ـ يۇنانغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. خۇددى ئوغۇزخان ئىنسانىيەتكە بالايىئاپەت كەلتۈرگەن ئاق مۈڭگۈزلۈك قىئاتنى ئۆلتۈرگىنىدەك، پەرھادمۇ ئۇزاق سەپەر جەريانىدا ئۇرۇش قىلىپ ئەجدىھانى ئۆلتۈرىدۇ، جاھاننى قاپقارا ئىسقا تولدۇرغان ئەھرىمەن دىۋىنى يېڭىپ، ھالاك قىلىدۇ. ئىسكەندەر تىلسىمىنىڭ سىرىنى ئاچىدۇ. ئېگىز تاغ ئىچىدىكى قاراڭغۇ غار ئىچىدە بۈيۈك پەيلاسوپ سوقراتنى تاپىدۇ ۋە ئەقىل ـ پاراسەتتە كامالەتكە يېتىدۇ. پەرھاد ئوبرازىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېپوسلىرىدىكى قەھرىمانلارنىڭ پۈتكۈل مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان باتۇرانە ئىش ـ ئىزلىرى بىلەن ناھايىتى زور ئوخشاشلىققا ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا، نەۋائى يەنە «خەمسە» تەركىبىدىكى «سەبەئى سەييارە»، «سەددى ئىسكەندەرى» قاتارلىق داستانلىرىنى يېزىش جەريانىدا، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېپوس، داستان، قىسسەلىرىنىڭ نۇرغۇن سۇژېت ۋە مۇتىفلىرىنى بىرلەشتۈرىدۇ.

تۆتىنچى، نەۋائى ئۆز «خەمسە»سىدە كۆپلىگەن باش قەھرىمانلىرىنى نىزامى ۋە ئەمىر خىسراۋنىڭ «خەمسە»لىرىگە ئوخشىمىغان



ھالدا، تۈركىي تىللىق خەلقلەر يۇرتىدىن، يەنى چىن، ماچىن دىيارىدىن قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. نەۋائى ئەسەرلىرىدە، جۈملىدىن ئۇنىڭ «خەمسە»، داستانلىرىدا ئۇچرايدىغان چىن سۆزى ئۆز دەۋرىدىكى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىنى، ماچىن سۆزى خوتەن دىيارىنى، «خىتا» ـ سۆزى جۇڭگونى كۆرسىتەتتى. ئومۇمەن شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان «چىن» سۆزى جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى كەڭ رايونلارنى، يەنى تارىختىكى غەربىي يۇرتنى كۆرسىتەتتى. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان جاڭ خۇڭنىيەن ئەپەندى ئەسەردە ئۇچرايدىغان چىن ئاتالغۇسىنى « 中 国 » (جۇڭگو)دەپ تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلىي جۇغراپىيىلىك ئورنىنى مۇنداق دەپ شەرھلەيدۇ: «مەزكۇر ئېپوستىكى چىن سۆزى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىنى ئەمەس، بەلكى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال قىسمىنى، يەنى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ياشاۋاتقان رايونلارنى كۆرسىتىدۇ».[1]

مەشھۇر رۇس ئالىمى بېرتېلس ( Е. Э. Бертелъс) مۇ نەۋائى ئەسەرلىرىدىكى قەھرىمانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەكشۈرگەندە ئۇلارنى بىۋاستە جۇڭگونىڭ غەربىي رايونى، يەنى شىنجاڭغا باغلايدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، نەۋائىينىڭ ئەسىرىدىكى «چىن»، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكى ( 中原 )ئەمەس، بەلكى جۇڭگونىڭ غەربىي رايونى، يەنى شىنجاڭدۇر. شۇڭلاشقا «خاقانى چىن»نىڭ باتۇر شاھزادىسى پەرھادمۇ شىنجاڭلىقتۇر.[2]

بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، نەۋائى يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەر-

---

[1] فىردەۋسى: «شاھنامىدىن تاللانما» (جاڭ خۇڭنىيەن تەرجىمىسى، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1991 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى)، 126 ـ بەتتىكى ئىزاھاتقا قاراڭ.

[2] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئالموتا، 1983 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى)، 61 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ.

لىك روھى بىلەن ئەسەرلىرىدىكى قەھرىمانلىرىنى باشقا مەملىكەتلەر-
دىن ئەمەس، بەلكى ئۆز خەلقى، جۇملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن
ئالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «فانى» تەخەللۇسى بىلەن يازغان شېئىرلىرىنىڭ
بىرىدە پارس شائىرى ھافىز (مىلادىيە 1327 ـ 1390)نىڭ بىر
شېئىرىغا قارىتا مۇنداق پارسچە شېئىر يازغانىدى:

« گەر ئان تۈركي ختايى نۇش سازەد جامى سەھ-
بارا،
ناخۇست ئارەد سۇئى ما تۈركتازى قەتلۇ ياغمارا.
»

(مەنىسى: ئەگەر ئۇ جۇڭگولۇق تۈرك مەھبۇب ئالتۇن قەدەھتە
مەي ئىچسە، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە لاتاپىتى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە
ئىشق ئوتى سېلىپ، قەلبىمىزنى تالان ـ تاراج قىلىدۇ.)
دېمەك، نەۋائى بۇ يەردە ھافىزنىڭ پارس گۈزىلىنى يازغان
شېئىرىغا قارشى ھالدا، جۇڭگولۇق تۈرك قىزنىڭ گۈزەللىكىنى
جاكارلايدۇ. ئۇ «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىدا ئۆزىنىڭ يازماقچى
بولغان بۇ گۈزەل رىۋايىتىنى «تۈركي چىن»، يەنى چىنلىق تۈركي
قوۋمىنىڭ گۈزىلىگە ئوخشىتىدۇ:

« قايۇ زەررىن غەزالە تۈركي چىن دەي،
قارا تۇفراقغە كىرگەن مەھجەبىن دەي. »

(مەنىسى: ئۇنى «تۈركي چىن»نىڭ ئالتۇنرەڭ كېيىكى دەيمۇ؟
ياكى قارا تۇپراققا كىرگەن ئاي يۈزلۈك گۈزەل جانان دەيمۇ!؟)
نەۋائى داستاندا يەنە ئۆز قەھرىمانى پەرھادنىڭ شىنجاڭنىڭ
خوتەن دىيارىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا بېشارەت بېرىدۇ:

« دېدى كىم بىر گورۇھى تەجىر ئېردۈك،
يەمەن سارى خوتەندىن سەير ئېردۈك. »

[مەنىسى: ئۇلار (يەنى پەرھادنىڭ ھەمراھلىرى) دېدىكى، بىز
بىر گۇرۇھ ئادەم ئىدۇق، خوتەن دىيارىدىن يەمەن تەرەپكە سەپەرگە



ئاتلانغان ئىدۇق.]
بۇلاردىن شۇنى ھېس قىلغىلى بولىدۇكى، نەۋائى «خەمسە»
سىنىڭ ئەڭ زور يېتەكلىگۈچىلىرىدىن بىرى — ئۇنىڭ ئەسەر قەھرىمانلى-
رىنى ئۆز خەلقى ۋە ئۆز ۋەتىنىنىڭ تۇپرىقىدىن ئالغانلىقىدۇر. نەۋائى
«خەمسە» تەركىبىدىكى ھەر قايسى داستانلىرىدا ئۆزىنىڭ بۇ خىل
خاھىشىنى كۆچەپ ئىپادە قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ «خەمسە»
يېزىشتىكى ئەڭ زور مەقسەتلىرىدىن بىرىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇ-
چى ھەر قايسى تۈركي تىللىق خەلقلەر ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئۆلمەس
ئەسەر يارىتىش ئىدى. شۇڭا ئۇ «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىنىڭ
خاتىمە قىسمىدا ناھايىتى چوڭ ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

« نىزامى ئالسا بەردەئى بىرلە گەنجە،
قەدەم رۇم ئەھلىغە ھەم قىلسا رەنجە.
چېكىپ خىسراۋ داغى تىغى زەبانىنى،
يۈرۈپ فەتھ ئەيلەسە ھىندۇستانىنى.
يەنە جامى ئەجەمدە ئۇرسا نەۋبەت،
ئەرەبدە داغى چالسا كۈسى شەۋكەت.
ئەگەر بىر قەۋم گەر يۈز، يوقسە مىڭدۇر،
مۇئەييەن تۈرك ئۇلۇسى خۇد مېنىڭدۇر.
ئالىبمەن تەختى فەرمانىمغە ئاسان،
چېرىك چەكمەي ختادىن تا خۇراسان.
كۆڭۈل بەرمىش سۆزۈمگە تۈرك جان ھەم،
نە يالغۇز تۈرك، بەلكىم تۈركمەن ھەم. »

(مەنىسى: نىزامى ئۆز «خەمسە»سى بىلەن گەنجەنى ئىشغال
قىلىپ، پۈتۈن رۇم خەلقىگە ئۆزىنى تونۇتتى؛ ئەمىر خىسراۋ ئۆز
«خەمسە»سىنى قالقان قىلىپ، ھىندىستاننى بويسۇندۇردى؛ جامى
ئىراندا «خەمسە»سىنى پۈتتۈرگەن چاغدا، ئۇنىڭ داڭقى ئەرەب زې-
مىنلىرىغىچە تارقالدى؛ مەيلى بىر، يۈز ياكى مىڭ قەبىلە بولۇشىدىن

قەتئىينەزەر ، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسى
مېنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمدۇر ؛ مەن تۈركىي تىلدا پۈتكەن «خەمسە»م
ئارقىلىق بىرمۇ ئەسكەر چىقارمايلا ، جۇڭگودىن خۇراسانغىچە بولغان
كەڭ رايونلاردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر زەۋقىنى ئۆزۈمگە قارىتالا-
يمەن ؛ مېنىڭ بۇ ئەسىرىمگە ھەممە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ، ھەتتا
تۈركمەن خەلقلىرىمۇ كۆڭۈل بېرىدۇ . )

مانا بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، نەۋائى «خەمسە» يېزىشقا كىرىشكەن
چاغدا ، ئۆز ئۇستازلىرىدىن نىزامى ، ئەمىر خىسراۋ ، جامى قاتارلىق-
لارنىڭ «خەمسە»لىرىگە تەڭلىشەلەيدىغان «خەمسە» يارىتىشنىلا مەق-
سەت قىلمىغان . چۈنكى نەۋائىنىڭ قارىشىچە ، ئالدىنقىلارغا تەڭلى-
شىشنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلمايتتى . پەقەت ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشكەندى-
لا ، ئاندىن يېڭى قىممەت يارانقىلى بولاتتى . شۇڭا نەۋائى دادىللىق
بىلەن ئىزدىنىپ ، ئۆز «خەمسە»سىنى تۈركىي خەلقلەرگە تونۇش
بولغان ۋارىيانتلار بىلەن يېڭىلاپ ، ھەمدە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ
كۆڭلىگە ياقىدىغان يېڭى ئەسەر ياراتتى . بۇ جەھەتتە ئۇ كۆپرەك
تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتى ، جۈملىدىن مىلادىيە 9 ـ ئەسىر-
دىكى قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلانغان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ
ئەنئەنىلىرىدىن ئوزۇق ئالدى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇردى . بولۇپمۇ
ئۇنىڭ «خەمسە»سى ئىچىدىكى «پەرھاد ـ شىرىن» ، «سەبئەئى سەييا-
رە» ، «سەددى ئىسكەندەرى» قاتارلىق داستانلاردا بۇ خىل خاھىش
روشەن ئىپادىلەندى . بۇ ھەقتە باتۇر ئەرشىدىن مۇنداق دەپ يازىدۇ :
« كلاسسىك شائىرلار ئەنئەنىۋى سۇژىتلارغا مۇراجىئەت قىلغاندا ،
تولىراق ئۆز خەلقى ۋە ئۆز تۇرمۇش مۇھىتىغا يېقىنلاشتۇرۇشنى
مەقسەت قىلغاچقا ، شۇ سۇژىتنىڭ مەنبەسىنى يەرلىك خەلق رىۋايەتلى-
رى ئاساسىدا ھەل قىلغان » .[1] نەۋائىمۇ ئۆز «خەمسە»سىدە كۆپلى-

[1] ب.ئەرشىدىن: «ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىدا داستان ژانىرى»، 107 ـ بەت.



گەن پېرسوناژلىرىنى «چىن» دىيارىدىن قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ . مەسى-
لەن ، رەسسام مانىنى «سەبئەئى سەييارە» ، «سەددى ئىسكەندەرى»
قاتارلىق داستانلىرىدا «چىن»لىق قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ . «پەرھاد ـ
شىرىن» داستانىدا ، پەرھاد ۋە ئۇنىڭ ئۇستاز ، دوستلىرى قارۇن
( KARUN) ، شاپۇر (SHAPUR ) ، بەھرام (BAHRAM ) قا-
تارلىقلار «چىن» دىيارىدىن قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ . «سەبئەئى سەييا-
رە» داستانىدا ، بەھرامنىڭ ياخشى كۆرگەن كېنىزىكى دىلئارامىمۇ
چىنلىق بولۇپ ، بەھرام ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە قايتا ئېرىشىش ئۈچۈن
«چىن» ئېلىنىڭ پادىشاھى بىلەن ئالاقە ئورنىتىدۇ . نەۋائى يەنە
«سەددى ئىسكەندەرى» داستانىدا تۈركىي تىللىق خەلقلەر يۇرتلىرىنى
مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلەيدۇ . ئىسكەندەر تۈركىي تىللىق خەلقلەر
يۇرتلىرىدا كۆپلىگەن شەھەرلەرنى بىنا قىلىدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى
« توساتتىن قوشۇلۇپ قالغان سۇژىتلار بولماستىن ، بەلكى تۈركىي
تىللىق ئەدەبىياتنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك مەقسەتتىن
كېلىپ چىققان . يەنى نەۋائى «خەمسە»سىدىكى پەرھاد ، مانى ، قا-
رۇن ، شاپۇر ، دىلئارام ، ئىسكەندەر ۋە باشقا قەھرىمانلارنىڭ ھەممى-
سى قەدىمكى كۈسەن مىڭئۆيلىرى ، خوتەن قاشتېشى ئويمىچىلىقى ،
تۇرپان مانىخېزم رەسىمچىلىكى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بو-
لۇپ ، بۇ ئەپسانىۋى ئوبرازلارنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ مىڭئۆي ،
قاشتېشى سەنئىتى ، مانى ۋە بۇددىزم تام رەسىمچىلىكىگە باغلاپ
چۈشەندۈرۈپ كەلگەنىدى » .[1]

نەۋائى ئۆز داستانلىرىدا مانا مۇشۇ يەرلىك ۋارىيانتلاردىن ئۈنۈم-
لۈك پايدىلاندى . بولۇپمۇ نەۋائىنىڭ ئىسكەندەر ھەققىدىكى داستانىدا
ئىسكەندەرنىڭ چىن خاقانى بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇرۇش قىلىشنىڭ
ئورنىغا سۈلھى تۈزگەنلىكى ۋە ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا بىر قانچە شەھەر

[1] ب.ئەرشىدىن: «ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىدا داستان ژانىرى»، 108 ـ بەت.

بىنا قىلغانلىقى ھەققىدىكى تەسۋىرلىرى «خەمسە» ئۇستازلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى بايانلىرىغا قارىغاندا، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئىسكەندەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەرگە يېقىنراق كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، نەۋائىي «خەمسە»سى تەركىبىدىكى «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «پەرھاد – شېرىن»، «ئىسكەندەر سېپىلى» قاتارلىق داستانلىرىدا ئىپادىلەنگەن بىلىملىك، ئادىل شاھ باشچىلىقىدا مەركەزلەشكەن قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش، بىلىم، قانۇن ۋە ئەخلاق ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىپ، ئەلنى گۈللەندۈرۈش ئىدىيىسى مىلادىيە 11 – ئەسىردىكى ئۇيغۇر شائىر يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»دىن كەلگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. چۈنكى نەۋائىي داستانلىرىدىكى بىلىملىك، ئادىل پادىشاھ باشچىلىقىدىكى كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش غايىسى نىزامىنىڭ «خەمسە»سىدە ئىپادىلەنگەن ئۇتوپىك جەمئىيەت غايىسىگە قارىغاندا، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»دا ئىپادە قىلىنغان «بىلىملىك، ئادىل شاھ، غايىۋى جەمئىيەت» ئىدېئالىغا يېقىنراق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇس ئالىملىرىدىن بېرتېلسمۇ نەۋائىي قەھرىمانى ئىسكەندەرنىڭ، نىزامى «خەمسە»سىدىكى ئىسكەندەر ئوبرازىغا قارىغاندا، «قۇتادغۇ بىلىك»دىكى ئوبرازلارغا ناھايىتى ئوخشايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن، نەۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەرى» داستانىدا بىر زاھىدنى تاغدىن چاقىرىپ كېلىپ پادىشاھ قىلماقچى بولغان بىر ۋەقەلىك بار. بۇ «قۇتادغۇ بىلىك»دە زاھىد – ئۇدغۇرمىشنى غاردىن چاقىرىپ كېلىپ، پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ ئوردىسىدا ئىشلەشكە دەۋەت قىلىش ھەققىدىكى بايان بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، مىلادىيە 12 – ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن شائىر ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بىۋاسىتە تەسىرى ئاستىدا يېزىلغان بولۇپ، نەۋائىي بىر قانچىلىغان ئەسەرلىرىدە بۇ ئەسەردىن نەقىللەر كەلتۈرگەنىدى. بۇ



ھال نەۋائىي «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن ئۇچراشقانمۇ – يوق؟ دېگەن گۇماننى تۇغدۇرىدۇ. رۇس ئالىمى بېرتېلس بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىزنىڭ زامانىمىزغىچە ئەڭ مۇنەۋۋەر قەدىمكى ئەدەبىي يادىكارلىق ‹قۇتادغۇ بىلىك› بىلەن بىزنىڭ شائىرىمىز نەۋائىي تونۇشقانمۇ – يوق؟ دېگەن مەسىلە بىزنىڭ پىكىر ئېيتىشىمىزغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇۋاتىدۇ. نەۋائىينىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› بىلەن تونۇشماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ‹قۇتادغۇ بىلىك› داستانىنىڭ ئاساسلىق قوليازمىسى ھىراتتا كۆچۈرۈلگەن ئەمەسمۇ؟ بۇ پاكىت بىزنىڭ پىكرىمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ. لېكىن بۇ توغرۇلۇق بىزدە ھېچقانچە ئېغىز ئېچىلمىدى. يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشنى خالايمەنكى، نەۋائىي قەھرىمانى ئىسكەندەرنىڭ ئۇستازى ئارىستوتېل بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرە شەكلىدىكى سۆھبىتى ‹قۇتادغۇ بىلىك›نىڭ شۇ ئاساسىي قىسمىغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. مانا بۇ نوقتىدىن نەۋائىي نىزامىغا قارىغاندا يۇسۇپ خاس ھاجىپقا ھەقىقەتەنمۇ يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. مەن بۇلارنى ئېيتىش بىلەن نەۋائىي مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپقا تەقلىد قىلدى، دېمەكچى ئەمەسمەن. پەقەت بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن ئەنئەنىنىڭ ئاشۇ يىراق – ‹قۇتادغۇ بىلىك›تىن كېلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىمەيمىز، دېمەكچىمەن».①

دېمەك، نەۋائىي «خەمسە»دە خەمسەچىلىك ئەنئەنىسىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە سۇژېت، پېرسوناژ، قۇرۇلما ۋە ئېستېتىك غايە قاتارلىق جەھەتلەردە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى زور دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرگەن. ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ تىلى، ئىدىيىۋى مەزمۇنلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئۆز خەلقىنىڭ ئەنئەنىلىرى ئىچىدىن

---

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئالمۇتا، 1983 – يىل ئۇيغۇرچە نەشرى)، 61 – بەتتە كەلتۈرگەن نەقىلگە قاراڭ.

ئېلىپلا قالماستىن ، بەلكى ئۆزى ياراتقان ئەڭ سۆيۈملۈك ئوبرازلىرد-
نى «خەمسە» ئۇستازلىرىدىن كەسكىن پەرقلىق هالدا ، ئۆز خەلقد-
نىڭ ۋە ۋەتىنىنىڭ ئوغلانلىرى ئىچىدىن تاللىۋالدى . ئۇ ئۆزى كۈيلد-
گەن ۋە مەدھىيىلىگەن ۋەتىنىنى مەۋھۇم نەرسە سۈپىتىدە ئەمەس ،
بەلكى جۇڭگودىن خۇراسانغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدىكى كونك-
رېت ۋە رېئال تۇپراق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى . ئۇ «سەبەئى
سەييارە» داستانىدا «چىن» ، «خىتا» ، «خوتەن» ئاتالغۇلىرىنى پا-
راللېل مەنىدە ، يەنى تارىم ۋە تەڭرىتاغ بويلىرى دېگەن مەنىدە ئىشلەت-
تى ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلىدى .

بەشىنچى ، نەۋائى ئۆز «خەمسە»سىدە هەر قايسى داستانلىرىنىڭ
ئەنئەنىۋى سۇژېتلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئاغزاكى ئەدەبى-
ياتى ، جۈملىدىن خەلق ئەپسانە رىۋايەتلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى .
بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ «خەمسە»سى هەم مىللىي ئالاهىدىلىككە هەم
يېڭىلىققا ئىگە بولدى . نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئالدىنقىلارنىڭ
ئۆلۈك هالەتتىكى تەكرارى ياكى كۆچۈرۈلمىسى بولۇپ قېلىشىنى
ئەسلا خالىمايتتى . شۇڭا ئۇ «سەبەئى سەييارە» داستانىدا ناهايىتى
ئېنىق قىلىپ مۇنداق يازىدۇ :

« بىر دېگەننى ئىككى دېمەك خوش ئەمەس ،
سۆز چۇ تەكرار تاپتى دىلكەش ئەمەس . »

(مەنىسى : بىر دېگەن هېكايىنى قايتا يەنە بايان قىلسا هېچكىمنى
قىزىقتۇرغىلى بولمايدۇ . ئېيتىلغان سۆزلەر تەكرارلانسا هەممە بىزار
بولىدۇ . )

شۇ سەۋەبتىن ، ئۇ قەلەم ئىگىلىرىنى هېچكىم كەزمىگەن بوستان-
لارنى كېزىشكە ، هېچكىمنىڭ كۆزى چۈشمىگەن گۈلىستانلاردىن
هېچكىمنىڭ قولى تەگمىگەن گۈللەرنى تېرىشكە چاقىرىدۇ . ئۇنىڭ
قارىشىچە ، خەلق ئاغزاكى ئىجادىنىڭ ئىمكانىيەتلىرى چەكسىز ، چېگ-
رىسىز بولۇپ ، ئۇ ئەسىرلەر بويى قانچىلىغان شائىر - يازغۇچىلارنى



پۈتمەس - تۈگىمەس ئىجادىيەت ئېهتىياجى ئىلهامى بىلەن تەمىنلەپ
كەلگەنىدى . شۇڭلاشقا ئۇ «لەيلى - مەجنۇن» داستانىدا :

« ئېيتىپ سوۋۇماس تېرانە سەن - سەن ،
ئالىپ قۇرىماس خەزىنە سەن - سەن . »

(مەنىسى : خەلق ئىجادىيىتى ئېيتىپ تۈگەتكىلى ياكى ئىشلد-
تىپ قۇرۇتىۋەتكىلى بولمايدىغان ، چەكسىز چوڭقۇر خەزىنىدۇر . )
دەپ يازىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاشۇ چەكسىز خەزىنىدىن پايدىلانغانلىقىنى
تەكىتلەيدۇ . خۇددى ئۆزبېك ئالىمى نەتەن مەللايېف ئۆزىنىڭ «نەۋائى
ۋە خەلق ئىجادىيىتى» ناملىق كىتابىدا ئېيتقىنىدەك : « نەۋائى ئۇس-
تازلىرىنىڭ داستانلىرى ‹ ساپ هالەتتىكى كىتابى › داستانلار بول-
ماستىن ، بەلكى خەلق ئىجادىيىتى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئەسەر-
لەردۇر . شۇڭلاشقا نەۋائى ئۇستازلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ۋا-
ستىلىك بولسىمۇ شەرق خەلقلىرىنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيىتى ، جۈملد-
دىن ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرى بىلەن تونۇش ئىدى . يەنە بىر تەرەپتىن
نەۋائى «خەمسە» ئۇستازلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قال-
مىدى . ئۇ تۈرلۈك - تۈمەن مەنبەلەرنى ، يەنى تارىخىي كىتابلىرى ،
خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆگىنىپ چىقتى ،
ئۇلاردىن ئىجادىي پايدىلاندى » .[1] نەۋائى «پەرهاد - شېرىن» داستانىد-
دا مۇنداق دەپ يازىدۇ :

« قىلىپ كۆڭلۈمنى بۇ ئەندىشە شەيدا ،
تەۋارىخ سارى ئەيلەدىم هەر سارى پەيدا .
نەزەر ئەيلەپ بارىن ئەۋۋەلدىن - ئاخىر ،
بولۇپ باشتىن - ئاياق ئالىمدا زاهىر .
تاپىلدى ئانچە سۆزكىم ، كامىم ئەردى ،

[1] ن.مەللايېف: «ئەلىشىر نەۋائى ۋە خەلق ئىجادىيىتى» (تاشكەنت، 1974 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى)، 145 - بەت.

قۇيۇلدى ئانچە مەيكىم ، جانىم ئەردى .
بۇ دۇرلەر چۈنكى مەنزۇم ئولغۇسىدۇر ،
قۇلاق سالغانغە مەلۇم ئۇلغۇسىدۇر .
كى بۇ بەھر ئىچرەكىم پايان ئاڭا يوق ،
يېتىشمەك قەھرىگە ئىمكان ئاڭا يوق . »

(مەنىسى : بۇ داستاننى يېزىش خىيالى كۆڭلۈمگە ئارام بەرمەدى ، شۇنىڭ بىلەن تارىخىي مەنبەلەرگە نەزەر تاشلىدىم ؛ ھەممە مەنبەلەرنى باشتىن ـ ئاخىر ۋاراقلاپ چىققاندىن كېيىن ، كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ بىر دۇنيا ئايان بولدى ؛ مەن كەم بولۇپ قالدى دەپ ھېسابلىغان جايلىرىم ئاخىر تولۇقلاندى . بۇ سىرلارنىڭ ھەممىسى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغان ئادەمگە ئايان بولغۇسىدۇر . چۈنكى خەلق ئىجادىدىن بەھرە ئېلىشنىڭ پايانى يوق ، ئۇنىڭ چەك ـ چېگرىسىغا يەتكىلىمۇ بولمايدۇ . )

دېمەك ، نەۋائى «خەمسە» داستانلىرىنى يېزىشقا كىرىشكەن چاغدا ، ئەسلىدىكى ئىران سۇژىتلىرىنى زور دەرىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋارىيانتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەن . خەلق ئاغزاكى ئىجادىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ، ئۆز ئەسەرلىرىنى خەلق ئاممىسىغا يېقىنلاشتۇرغان . ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ تەقدىرىنى خەلق ۋە ۋەتەننىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن . بولۇپمۇ ئۇنىڭ «پەرھاد ـ شېرىن» ، «سەددى ئىسكەندەرى» ، «سەبەئى سەييارە» قاتارلىق داستانلىرىدىكى خەلق ئارىسىدىن ئېلىنغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ سۇژىتلىرى بۇ نوقتىنى تېخىمۇ روشەن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

## «خەمسە» تەركىبىدىكى داستانلار ھەققىدە

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تۈركىي تىل بىلەن يازغان داستانلار توپلىمى



ـ «خەمسە» ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە چاغاتاي ئەدەبىياتى تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەسەر ھېسابلىنىدۇ .

نەۋائىنىڭ تۈركىي تىل بىلەن يازغان بۇ مەشھۇر ئەسىرى مىلادىيە 1483 ـ يىلىدىن 1485 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھىراتتا يېزىلغانىدى . تۈركىي تىلىدىكى بۇ تۇنجى مۇۋەپپەقىيەتلىك «خەمسە» دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ، ئۆز دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلىم ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى . نەۋائىنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى پەخىرلەنگەن ھالدا : « دىۋانلار ، مەسنەۋىلەر ۋە باشقا كىتاب ـ رىسالىلەرنى ئالەم بىنا بولۇپ ھازىرغىچە بۇ خەلقتىن ھېچكىم (تۈركىي تىل بىلەن )يازالمىغان ۋە دۇنياغا كەلتۈرەلمىگەنىدى . ئۇلارنى مەن يازدىم ۋە دۇنياغا كەلتۈردۈم »[1] دېگەنىدى . نەۋائىنىڭ «خەمسە»سىگە بېرىلگەن تۈرلۈك ـ تۈمەن باھالار ئىچىدە ئېھتىمال ئەڭ توغرا بولغۇنى بۈيۈك شائىرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بەرگەن باھاسى بولسا كېرەك . چۈنكى نەۋائى ئەرەب ـ پارس تىللىرى ئىلىم ساھەسىدە مۇتلەق نوپۇزغا ئېرىشكەن ، پارس تىللىق ئەدەبىيات ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ، تۈركىي تىل بىلەن «خەمسە» يارىتقىلى بولمايدۇ دەپ قارىلىۋاتقان شارائىتتا ، باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ، چاغاتاي تىلى بىلەن تۇنجى مۇۋەپپەقىيەتلىك «خەمسە»نى دۇنياغا كەلتۈرگەنىدى . شۇڭلاشقا سۇلتان ھۆسەيىن بايقارانىڭ نەۋائىنى «شېئىرىيەت مەملىكىتىنى قولغا كەلتۈرگەن ساھىبقىران» دەپ تەرىپلىگەنلىكىنىڭ ھېچقانداق ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق ئىدى . نەۋائىنىڭ «خەمسە» نامى ئاستىدىكى داستانلىرى ئۆز تەرتىپى بىلەن «ھەيرەتۇل ئەبرار» ، «پەرھاد ـ شېرىن» ، «لەيلى ـ مەجنۇن» ، «سەبەئى سەييارە» ۋە «سەددى ئىسكەندەرى» قاتارلىق بەش داستاندىن تەركىب تاپقان

① نەۋائى: «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن»، 53 ـ بەت.

بولۇپ ، جەمئىي 50 مىڭ مىسرادىن ئاشىدۇ . تۆۋەندە «خەمسە» تەركىبىگە كىرگەن داستانلار ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى بايان قىلىمىز .

## (1) «ھەيرەتۇل ئەبرار» :

«ھەيرەتۇل ئەبرار» ( «ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى» )ناملىق بۇ داستان نەۋائى «خەمسە»سىنىڭ بىرىنچى داستانى بولۇپ ، جەمئىي 63 باب ، 3973 بېيىت ، 7946 مىسرادىن تەشكىل تاپقان . پۈتكۈل داستان مۇقەددىمە ، ئاساسىي تېكىست ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تۈزۈلگەن . مەزكۇر داستان شەرق ئەدەبىياتىدىكى دىداكتىك مەزمۇننى ئاساس قىلغان ئېپىك شېئىرىيەت ئەنئەنىسى بويىچە يېزىلغان بولۇپ ، شائىرنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي قاراشلىرى ، دىنىي تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى ، جەمئىيەت ، ئەخلاق ۋە ئاۋام خەلق ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرى كەڭ كۆلەمدە يورۇتۇلغان .

نەۋائى مەزكۇر داستانىنىڭ «مۇقەددىمە» قىسمىدا شەرق ئەدەبىياتىدىكى «خەمسە» يازغان بۈيۈك خەمسەنەۋىسلەردىن نىزامى گەنجىۋى ، ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى ، ئابدۇرەھمان جامى ، ئەشرەف قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ خەمسەچىلىك ئەنئەنىسىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نەۋائى يەنە ئۇلارنىڭ «خەمسە»لىرىنىڭ بەزى يېتىشسىز تەرەپلىرىنىمۇ ئىلمىي جەھەتتىن كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ . ئاندىن ئۆزىنىڭ «خەمسە»چىلىكتە ئالدىنقىلارنىڭ قايسى تەرەپلىرىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى ، قايسى مەزمۇنلارنى بېيىتقانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ «خەمسە» يېزىشتىكى مەقسىتى ھەمدە «خەمسە»چىلىكنىڭ بىر يۈرۈش نەزەرىيىلىرىنى تەپسىلىي شەرھلەيدۇ . مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، «ھەيرەتۇل ئەبرار»نى بىر پەلسەپىۋى دىداكتىك ئەسەر بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە خەمسەچىلىك نەزەرىيىسىنى يەكۈنلىگەن ئىلمىي - نەزەرىيىۋى ئەسەر دېيىشكىمۇ بولىدۇ .



«ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىنىڭ ئاساسىي تېكىست قىسمى 20 ماقالاتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، شائىر ھەر بىر ماقالىسىدە بىر ئىبرەتلىك ھېكايىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ، سىياسىي ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان .

نەۋائى بۇ داستانىنى يېزىش جەريانىدا خەمسەچىلىكنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە پەلسەپىۋى - دىداكتىك داستانلارنىڭ ئاساسىي ئەندىزىسىنى ساقلاشقا تىرىشتى . لېكىن ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ، ئۆز دەۋرىنىڭ روھىي قىياپىتى ، رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى ، ئۆزدىنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي غايىلىرى ، ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرى ، دىنىي - ئەخلاقىي نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرىنى كەڭ تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلدى . يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا ، نەۋائىنىڭ بۇ داستانىدا ئىلگىرى سۈرگەن پىكىرلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن :

بىرىنچى ، شائىر داستاندا ئىنساننى ئۇلۇغلاش ، سۆيۈش ۋە قەدىرلەشتەك ئىلغار گۇمانىزملىق ئىدىيىنى ئالغا سۈردى . ھەممىگە مەلۇمكى ، ئىنسان ئۇلۇغلۇقى ۋە گۇمانىزم تەشەببۇسلىرى ياۋروپانىڭ ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە مەركەزلىك ئىپادىلەنگەنىدى . نەۋائى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ گويا ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر دەۋردە ياشىدى . شۇڭا ئۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دىنىي ئىدېئولوگىيىسى ۋە ئىلاھىي پەلسەپىسى ھۆكۈم سۈرگەن ئاشۇ زاماندا باتۇرلۇق بىلەن ئىنساننى سۆيۈش ۋە ئۇلۇغلاش غايىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . «ئەلىشىر نەۋائى ئىنسانىيەتنى ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ كۆزى ، شۆھرىتى ، ئەڭ ئالىي مەۋجۇدىيەت دەپ ھېسابلىدى . ئۇ ‹ئىنسان مەركەز › نەزەرىيىسى قاراشلىرىنى ‹تەڭرى ياراتقان مەۋجۇدىيەت › دېگەن قاراش ئاستىدا گەۋدىلەندۈردى . ئۇ ئىنسان ئاللانىڭ پۈتۈن ئالەمنى يارىتىشتىكى ئەڭ ئالىي

مەقسىتىدۇر ، ئىنسان يارىتىلغاندا ئۇنىڭغا بارلىق مالائىكىلەرمۇ
سەجدە قىلغان دەپ يازىدۇ ۋە ئىنساننى مۇقەددەس بىلىپ ئۇلۇغلايدۇ »
[1] . ئىنساننى ئالەم يارىتىلىشىنىڭ مەقسىتى ، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ
سەرخىلى دەپ ھېسابلايدۇ . ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ،
ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشىنى ـ ھەر بىر ئىنساننىڭ ، ھەر بىر ئائىلى-
نىڭ ، ھەر بىر مەملىكەتنىڭ ئەڭ ئالىي ۋەزىپىسى دەپ چاقىرىق
قىلىدۇ .

نەۋائىينىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە
ئومۇمىي خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتى ۋە بەخت ـ سائادىتى بىلەن
بىرلىشىپ كەتكەندى . شۇڭا ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىنساننى سۆيۈش ، ئۆز
مەنىسى بىلەن خەلق ئاممىسىنى سۆيۈش ، دېگەنلىك ئىدى . شۇڭا ئۇ
بۇ ھەقتە :

« مىڭ جەفا كەلسە ماڭا بىر قەتلە فەرياد ئەيلەدىم ،
ئەلگە كەلسە بىر جەفا ، يۈز قەتلە فەرياد ئەيلەدىم . »

(مەنىسى : مىڭ جاپا بېشىمغا كەلسە بىر قېتىم پەرياد چەكتىم ،
خەلقىمگە بىر قېتىم جاپا كەلسە يۈز قېتىم پەرياد چەكتىم . ) دەپ
يازسا ، «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدا يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ :

« كۆڭلى كىشى خوشلىقىدىن خوش كېرەك ،
ناخۇش ئەگەر بولسا مۇشەۋۋەش كېرەك .
ئادەمى ئېرسەڭ دېمەگىل ئادەمى ،
ئانىڭكى يوق ئەل غەمىدىن غەمى . »

دېمەك ، بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى ، شائىر شەخس سۇ-
پىتىدىكى ئىنساننى سۆيۈش بىلەن ئومۇمىي خەلقنى ۋە ئۇلارنىڭ
مەنپەئىتىنى سۆيۈشنى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ھەمدە

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئەلشىر نەۋائىينىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ھەققىدە ئىزدىنىش» ـ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 ـ يىللىق 2 ـ سان.



خەلقچىللىق ئاساسىدىكى ئىلغار گۇمانىزم ئىدىيىسىنى ئىلگىرى سۇ-
رىدۇ .

ئىككىنچى ، شائىر داستاندا ئۆزىنىڭ زور ئىجتىمائىي ، سىيا-
سىي ۋە رېئال مەسىلىلەرگە بولغان قاراشلىرىنى ھەر بىر بابتىكى
قىسقا ئىبرەتلىك ھېكايىلەر ، مەسەللەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ .
بولۇپمۇ شائىر دۆلەت ۋە خەلقنىڭ پاراۋانلىقى ، جەمئىيەتنى تىنچ ـ
ئاسايىشلىققا ئېرىشتۈرۈشتە پادىشاھ ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ ئادىل ، ھەق-
قانىي سىياسەت يۈرگۈزۈشىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ .
زالىم پادىشاھلارنى ، رەھىمسىز ئەمەلدارلارنى ، ئالدامچى شەيخلەرنى
قاتتىق پاش قىلىدۇ . ھۆكۈمرانلارنى ئادالەتنى ھىمايە قىلىشقا ، خەلق
ئۈستىدىكى جەبىر ـ زۇلۇملارنى يېنىكلىتىشكە ، شۇ ئارقىلىق تىنچ
ۋە قۇدرەتلىك مەملىكەت بىنا قىلىشقا ئۈندەيدۇ . ئۇ بۇ تەلەپنى ھەم-
مىدىن ئاۋۋال پادىشاھلارغا قويىدۇ ۋە ئۇلارنى ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا
قىلىشقا چاقىرىدۇ :

« بىل مۇنىكىم سەن داغى بىر بەندىسەن ،
كۆپرەگىدىن ئاجىز ۇ ئەفگەندىسەن .
بارچە جەۋارىھ بىلەن ئەئزادە تەڭ ،
سۇرەتى نەئۋىيۇ ھايۇلادە تەڭ .
لېك ھۈنەر ئىچرە كەمال ئىچرە ھەم ،
خۇلقى خۇشۇ لۇتفى ماقال ئىچرە ھەم .
سەن تۇشۇبان يول نەھاجىدىن يىراق ،
كۆپرەگى سەندىن يۇرۇبان ياخشىراق . »

(مەنىسى : پادىشاھ ، سەن يارىتىلىشتا ھېچ يېرىڭ باشقىلاردىن
ئالاھىدە يارالغان ئەمەسسەن ، خەلق ئىچىدە سەندىن كۆپ جەھەتلەردە
يۇقىرى تۇرىدىغان قابىلىيەتلىك كىشىلەر بار . ئەمما پادىشاھلىق
تەختى ساڭا نېسىپ بوپتۇ . بۇ ئىمتىياز ساڭا باشقا ئىشقا بېرىلمىگەن .
بەلكى خەلق غېمىدە بولۇشقا ، ئادالەت يولى بىلەن دۆلەتنى ئىدارە

قىلىشقا بېرىلگەن . )

شائىرنىڭ بۇ خىل ئادالەت قارىشى ۋە زالىم پادىشاھلارغا بولغان نارازىلىقى داستاننىڭ 19 ـ بابىدا بايان قىلىنغان پادىشاھ بەھرام ھەققىدىكى ھېكايىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادە قىلىنىدۇ : «پادىشاھ بەھرام كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوۋغا چىقىپ بىر قىشلاقتا قونۇپ قالىدۇ . بۇ قىشلاق ئاجايىپ ۋەيرانە ۋە نامرات بولۇپ ، گويا قەبرىستانلىققا ئوخشايتتى . پادىشاھ بەھرام قىشلاقنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ۋەيرانە ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سورايدۇ . بىر دېھقان سوئال سورىغۇچى كىشىنىڭ پادىشاھ ئىكەنلىكىنى ئۇقماي ، ئۇنىڭغا پادىشاھ بەھرام ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ، پادىشاھنىڭ زۇلۇمى قىشلاقنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى ، دەيدۇ . »

بۇ ھېكايە كۈچلۈك رېئالىزم پۇرىقىغا ئىگە بولۇپ ، شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمگە بولغان نارازىلىقى ، خەلق ئاممىسىغا بولغان ھېسداشلىقىنى كۈچلۈك ئىپادە قىلىدۇ . ھېكايە قىلىش ۋاستىسى ئارقىلىق رېئاللىققا دارتىملاپ ، پادىشاھ ۋە ھۆكۈمرانلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ .

ئۈچىنچى ، شائىر داستاندا مەركەزلىك ھالدا ئۆزىنىڭ دىنىي ، ئەخلاقىي ، پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەققىدىكى قاراشلىرىنى شەرھلىدى . ئادالەت ، دوستلۇق ، چىن مۇھەببەت ، ۋاپا ، ئەدەپ ، سېخىيلىق ، رەھىمدىللىق ، راستچىللىق ، كەمتەرلىك ، ئەمگەك سۆيۈش ۋە ئىلىم ئۆگىنىش قاتارلىق ياخشى خىسلەتلەرنى تەشەببۇس قىلىپ ، شەخسىيەتچىلىك ، ئىسراپخورلۇق ، نادانلىق ، زۇلۇم ، تەمەخورلۇق ، چۈشكۈنلۈك ، ھۇرۇنلۇق قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى قاتتىق قامچىلىدى . ئىنسانىي ئەدەپ ـ ئەخلاق ، تەربىيە ئارقىلىق مەنىۋى كامىللىققا ئېرىشتۈرۈپ ، خەلق قەلبىنى مەرىپەت نۇرى بىلەن يورۇتۇشقا چاقىردى .

قىسقىسى ، شائىر خەمسەچىلىك ئەنئەنىسى بويىچە ، بۇ داستاندا



ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ۋە تەلىمى قاراشلىرىنى شەرھلىدى . شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى دىداكتىك داستانلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىمۇ بىرلەشتۈردى . ئۆز دەۋرىدە كەڭ تارقالغان ، كەڭ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ، مەسەل ، ھېكايەت ، رىۋايەت قاتارلىقلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ، ئۆزىنىڭ كۆز قاراش ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈردى . ئۆز دەۋرىنىڭ زور سىياسىي ، ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى ، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى نامايان قىلدى . شەرق ئەدەبىياتىدا «كەلىلە ۋە دىمنە»دىن باشلىنىپ ، «قۇتادغۇ بىلىك» ، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ، «گۈلىستان» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەردە داۋاملاشقان ، «خەمسە»تەركىبىدىكى داستانلاردا تارىخىي ئەنئەنىگە ئايلانغان دىداكتىك ژانىرنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى . شائىرنىڭ بۇ داستاندىكى ئايرىم شېئىرىي مىسرالىرى كېيىنچە خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ۋە ئەقلىيە سۆزلىرىگە ئايلىنىپ كەتتى .

**(2) «پەرھاد ـ شېرىن» :** «پەرھاد ـ شېرىن» نەۋائىينىڭ «خەمسە»سى ئىچىدىكى ئىككىنچى داستانى بولۇپ ، جەمئىي 54 باب ، 5453 بېيىت ، 11560 مىسرادىن تەركىب تاپقان . مەزكۇر داستان نەۋائى ئەسەرلىرى ئىچىدىكى بەدىئىي سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى ، تەسىرى ئەڭ زور بولغان ئېپىك ژانىردىكى مۇھەببەت داستانى بولۇپ ، شائىرنىڭ ئۆزى ئۇنى «پىراقنامە» دەپ ئاتىغان .

نەۋائى بۇ داستاندا چىن خاقانىنىڭ شاھزادىسى پەرھاد بىلەن ئەرمەنىستان مەلىكىسى شېرىن ئوتتۇرىسىدىكى تەسىرلىك مۇھەببەت ھېكايىسىنى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەيدۇ : پەرھاد ئەسلىدە چىن خاقانىنىڭ يالغۇز ئوغلى بولۇپ ، تۇغۇلۇشىدىنلا ئەقىللىق ۋە زېرەك بالا ئىدى . ئۇ ئوردىدا تۈرلۈك بىلىملەرنى ، ھەر خىل ھۈنەر ـ سەنئەتنى ، قەلەم ۋە ئەلەم ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىپ ، ھەر تەرەپلەردە

کامالەتکە یەتکەن يىگىت بولۇپ يېتىشىدۇ . بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا شاھ
ئاتىسىنىڭ خەزىنىسىنى كۆرۈۋېتىپ ، بىر ساندۇقتا كۆزى چۈشۈپ
قالىدۇ ھەمدە ساندۇقنى ئېچىپ كۆرۈپ باقماقچى بولىدۇ . ئاتىسى
ئۇنى بۇ نىيىتىدىن يېنىشقا دەۋەت قىلىسىمۇ ، لېكىن پەرھاد بۇنىڭغا
قوشۇلمايدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئىلاجسىز قالغان شاھ مۇلازىملىرىغا ساند-
دۇقنى ئېچىشنى بۇيرۇيدۇ . ساندۇق ئېچىلىپ ئىچىدىن بىر جاھاننە-
ما ئەينىكى كۆرۈنىدۇ . پەرھاد ئەينەككە قارىشى بىلەنلا ئاجايىپ
گۈزەل بىر قىزنىڭ سۈرىتىنى كۆرىدۇ - دە ، شۇ ھامان ئاشۇ قىزغا
ئاشىقى بىقارار بولۇپ ، ھوشىدىن كېتىدۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ پەرھاد
ئىشق ئوتىغا گىرىپتار بولۇپ ، چىرايى كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ
بارىدۇ . ھېچبىر ئىشقا قىزىقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ . ئاخىر سەپەرگە
ئاتلىنىپ ، تاغ - دەريالار كېزىپ ، نامەلۇم ئەلدىكى ئاشۇ گۈزەل
قىزنىڭ ۋىسالىغا يەتمەكچى بولىدۇ . خاقان ھەر خىل ئاماللار بىلەن
پەرھادنى بۇ ئىشتىن توسۇغان بولسىمۇ ، لېكىن پەرھاد ئۆز پىكرىدە
چىڭ تۇرۇۋالىدۇ . بۇنىڭ بىلەن خاقانى چىننىڭ بارلىق پۇقرالىرى
شاھزادە پەرھادقا ئاقيول تىلەپ ئۇنى سەپەرگە ئۇزىتىپ قويىدۇ .
شاھزادە پەرھاد تاغ - دەريالار ئاتلاپ ، جاپالىق سەپىرىنى داۋاملاشتۇ-
رىدۇ . پەرھاد سەپەر جەريانىدا چەكسىز كۈچ - قۇدرەت بىلەن ئاغزى-
دىن ئوت پۈركۈيدىغان ئەجدىھانى يېڭىپ ، خاسىيەتلىك شەمشەر بىلەن
قالقاننى قولغا چۈشۈرىدۇ ؛ ئەھرەمەن دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ «سۇلايمان
ئۈزۈكى» گە ئېرىشىدۇ ؛ تۆمۈر كىيىملىك ئادەملەرنى مەغلۇپ قىلىپ
«جاھاننەما» ئەينىكىنى ئولجا ئالىدۇ ۋە بۇلارنىڭ ياردىمىدە يىراقتى-
كى ئەل — يۇنانغا يېتىپ بارىدۇ . بۇ يەردىكى بىر غاردا بۈيۈك
دانىشمەن ۋە ھەكىم سوقرات ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانىدى . پەرھاد سوقرات
بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئالىدۇ ۋە روھىي تاكامۇللۇققا
ئېرىشىدۇ . ئاندىن ھېلىقى گۈزەل قىزنى ئىزدەپ ئەرمەنىستانغا قاراپ
يولغا چىقىدۇ . ئۇ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ



قانال قېزىپ ، تاغقا سۇ باشلاش ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەۋاتقانلىقىنى
كۆرىدۇ ۋە ئۆزى دەرھال يەڭلىرىنى تۈرۈپ ئىشقا كىرىشىدۇ . پەرھاد
ئۆز ئېلىدە ئۆگەنگەن قانال قېزىش ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ، مۆجىزە
يارىتىدۇ . پەرھادنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە تېخنىكىسى نەتىجىسىدە
قانال قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ، ئەرمەن تاغلىرىغا سۇ باشلىنىدۇ . ئەرمەنىس-
تاننىڭ ئايال ھۆكۈمدارى مېھىنبانۇ ۋە ئۇنىڭ جىيەن قىزى مەلىكە
شېرىن قانال قۇرۇلۇشى پۈتكەنلىكىنى تەبرىكلەپ ، پەرھاد ئىشلەۋات-
قان جايغا كېلىدۇ . بۇ چاغدا تۇيۇقسىز شامال چىقىپ مەلىكە شېرىن-
نىڭ چۈمبىلىنى قايرىيدۇ . پەرھاد شېرىنىنىڭ جامالىنى كۆرۈپ ،
ئۆزى «جاھاننەما» ئەينىكىدىن كۆرۈپ ئاشىق بولغان قىز - دەل
مۇشۇ شېرىن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ھاياجاندىن ھوشىدىن كېتىدۇ .
شېرىنمۇ پەرھادنى كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ ھوشىدىن كېتىدۇ . شۇنىڭ-
دىن باشلاپ ، بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ بەختلىك كۈنلىرى
باشلىنىدۇ . ئەمما بۇ كۈنلەر ئۇزاققا بارمايدۇ .

ئىران شاھى خىسراۋ ئەرمەن مەلىكىسى شېرىنىنىڭ گۈزەللىكى-
نى ئىشىتىپ ، شېرىننى كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىش ئۈچۈن ئەلچى
ئەۋەتىدۇ . خىسراۋنىڭ بۇ ئورۇنسىز تەلىپى قاتتىق رەت قىلىنىدۇ .
بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن خىسراۋ زور قوشۇن باشلاپ ئەرمەنىستانغا
باستۇرۇپ كېلىدۇ . پەرھاد ئەرمەن قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ ،
خىسراۋنىڭ ھۇجۇملىرىنى بىر - بىرلەپ مەغلۇپ قىلىدۇ . پەرھادنى
يېڭىشكە كۆزى يەتمىگەن خىسراۋ نامەردلىك قىلىپ ، جادۇگەر كەم-
پىرنى ئىشقا سېلىپ ، سۇيقەست بىلەن پەرھادنى ئۆلتۈرىدۇ . بۇ
خەۋەر ئوردىغا يەتكەندىن كېيىن ، چەكسىز ئازابلانغان شېرىن ، پەر-
ھادنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ ، ئۆزىگە پىچاق سېلىپ ئۆلۈۋالىدۇ .

خىسراۋنىڭ ئالدىنقى ئايالىدىن بولغان ئوغلى شېرىنىنىڭ قەستى-
دە ئاتىسى خىسراۋنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە تەختنى قولغا ئالىدۇ . ئاخىرىدا
پەرھادنىڭ دوستى بەھرام چىن خاقانلىقىدىن زور قوشۇن باشلاپ

كېلىپ ، شىرۋىيانى ئۆلتۈرۈپ ، ئەرمەنىستاننى ئازاد قىلىدۇ .

نەۋائى دەۋرىگىچە شەرقتىكى ھەر قايسى خەلقلەر ئەدەبىياتىدا پەرھاد ، خىسراۋ ، شېرىن قاتارلىقلار ھەققىدىكى تەسىرلىك ھېكايەلەر كەڭ تارقالغانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئوبرازلار مەلۇم تارىخىي يىلتىزغىمۇ ئىگە ئىدى . مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە ئىران شائىرى فىردەۋسى ئۆزىنىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىدە بۇ رىۋايەتنى تۇنجى قېتىم يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرگەنىدى . ئەمما فىردەۋسىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «خىسراۋ ـ شېرىن»غا دائىر بايانلار ناھايىتى ئاددىي بېرىلگەنىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىران شاھى خىسراۋنىڭ شېرىنغا بولغان مۇھەببىتى ناھايىتى تۇراقسىز بولۇپ ، ئوقۇرمەنلەرنى قايىل قىلالمايتتى . شۇنداقلا خىسراۋ بىلەن شېرىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ كەچۈرمىشلەر فىردەۋسىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بۈيۈك داستان «شاھنامە»نىڭمۇ ئاساسىي سۇژېتى ئەمەس ئىدى . شۇڭلاشقا پەرھاد ، شېرىن ، خىسراۋ قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ۋەقەلىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخىي تىلغا ئېلىنغاندا ، فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىدىكى بۇنىڭغا دائىر بايانلار كۆپ تىلغا ئېلىنمايتتى .

فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىدا پەرھاد ئوبرازى بولمىغىنىدەك ، ئۇنىڭ دوستى شاپۇرمۇ يوق ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەقەلىرىمۇ ئىنتايىن قىسقا ۋە ئاددىي بولۇپ ، مۇكەممەل ھالەتكە كەلتۈرۈلمىگەن .

مىلادىيە 12 ـ ئەسىرگە كەلگەندە پارس ۋە ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى «پەرھاد ـ شېرىن» ھەققىدىكى قىسسىنى تۇنجى قېتىم «خەمسە» تەركىبىدىكى ئەنئەنىۋى داستانغا ئايلاندۇردى . ئۇ بۇ داستاننى يېزىشتا شۇ كەمگىچە خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 25 ـ پادىشاھى خىسراۋ II بىلەن شېرىن ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقى ـ مۇھەببەت رىۋايەتلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم يازما مەنبەلەرگە تايىنىدۇ . فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»



سىدىكى بۇ ھەقتىكى بايانلاردىن پايدىلىنىدۇ . ئۇ ئىران شاھى خىسراۋنى باش پېرسوناژ قىلىپ ، ئۇنىڭ شېرىن بىلەن بولغان ئەگرى ـ توقاي مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىدۇ . پەرھادنى بولسا قوشۇمچە پېرسوناژ سۈپىتىدىلا تەسۋىرلەيدۇ . نىزامىنىڭ بۇ داستانى ئۇنىڭ «خەمسە»سى بىلەن بىللە ناھايىتى زور شۆھرەت قازىنىدۇ .

نىزامىدىن كېيىن ، شەرق ئەدەبىياتىدا كۆپلىگەن شائىرلار «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىغا تەقلىدىي داستانلارنى يازدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە ھىندى شائىرى ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى (مىلادىيە 1253 ~ 1324 )نىڭ شۇ ناملىق داستانى بولدى . لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ داستانىنى نىزامىنىڭ «خىسراۋ ـ شېرىن» داستانىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىتىپ يازدى . شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ داستانى مەلۇم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ ، لېكىن بەدىئىي ۋە غايىۋى جەھەتتىن نىزامىغا يېتەلمىدى .

فىردەۋسىدىن بەش ئەسىر ، نىزامىدىن ئۈچ ئەسىر ، خىسراۋ دېھلىۋىدىن بىر ئەسىر كېيىن ، بۇ گۈزەل تېمىغا ئۇيغۇرلارنىڭ بۈيۈك شائىرى يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن مۇراجىئەت قىلدى . ئۇ تۈركىي تىلى بىلەن «پەرھاد ـ شېرىن» ناملىق يېپيېڭى ، ئۆلمەس ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى .

دەرۋەقە ، خەمسەچىلىك شەرق ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى ھادىسە بولغاچقا ، نەۋائىنىڭ مۇشۇ ئەنئەنە بويىچە ماڭماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . لېكىن ئۆز «خەمسە»سىنى ، جۈملىدىن «پەرھاد ـ شېرىن»نى يېزىشقا كىرىشكەن چاغدا ، ئەنئەنىۋى سۇژېتلار بىلەن يېڭى ۋەقەلەرنى ، ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبىلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ يېڭىلىقلىرىنى قانداق بىرلەشتۈرۈش ھەققىدە جاپالىق ئىزدەندى .

نەۋائى «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى يېزىش جەريانىدا ئالدى بىلەن پارس كلاسسىكلىرىدىن فىردەۋسى ، نىزامى ، خىسراۋ دېھلىۋى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى ۋە ئوزۇق ئالدى .

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆز ئەسىرىنى قويۇق يەرلىك پۇراققا ۋە
مىللىي خاسلىققا ئىگە قىلدى .
ئالدى بىلەن نەۋائى ئۆز داستانىدا ئەنئەنىۋى سۇژىتلاردىكى ئىك-
كى باش قەھرىمان ـ پەرھاد بىلەن خىسراۋنىڭ ئورنى ۋە سالاھىيىتىد-
گە تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى . نەۋائى پارس كلاسسىكلىرىغا
ئوخشىمىغان ھالدا ئەسلىدىكى قوشۇمچە پېرسوناژ ئورنىدا تۇرۇپ
كەلگەن پەرھادنى ھەقىقىي ئاشىق سۈپىتىدە باش پېرسوناژ قىلىپ
تاللىۋالدى . ئىران شاھى خىسراۋنى بولسا شىرىنغا مۇھەببەت قويۇشقا
ئەرزىمەيدۇ دەپ قاراپ ، ئۇنى سەلبىي پېرسوناژ سۈپىتىدە تەسۋىرلى-
دى ھەمدە ئۇنى ياۋۇزلۇق ، قانخورلۇق ۋە تاجاۋۇزچىلىقنىڭ سىمۋولى
قىلدى .
گەرچە ، پەرھاد ھەققىدىكى ئۇچۇرنى مىلادىيە 12 ـ ئەسىردە
نىزامى تۇنجى قېتىم يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرگەن بولسىمۇ ،
لېكىن پەرھاد ھەققىدىكى كۆپلىگەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر نىزامىدىن
ئىلگىرىلا خەلق ئىچىدە مەۋجۇت ئىدى . خۇددى رۇس ئالىمى ترېۋېر
(K. Тревер ) ئېيتقاندەك : «پەرھاد نىزامى تەرىپىدىن ئويلاپ چىقى-
رىلغان ئوبراز ئەمەس ، ئۇ خەلق ئارىسىدا قەدىمدىن بۇيان مەلۇم
ئىدى . شۇڭلاشقا پەرھاد ئوبرازى بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە ساقلىنىپ
كەلگەن » .① ئەدەبىياتشۇناس ئەلىيېف (Г. Алиев ) مۇ بۇ ھەقتە :
«پەرھاد ھەققىدە مۇستەقىل رىۋايەتلەرمۇ بولغان . چۈنكى تاغ كېسىپ
يول ئېچىش ۋە قانال قېزىپ سۇ چىقىرىشقا دائىر ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر
شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان تارقىلىپ كەل-
مەكتە »② دەيدۇ .
پەرھاد ھەققىدىكى ئوبرازنىڭ تارىخىي يىلتىزى ھەققىدىكى تەك-
شۈرۈشلەر ، پەرھاد بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراننىڭ قەدىمكى ئەپسا-
نىلىرىدىكى يورۇقلۇق ئىلاھى مىترا (Mitra ) ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن

---

① ك.ترېۋېر: «‹پەرھاد ـ شىرىن›ھەققىدە» (تاشكەنت، 1964 ـ يىل نەشرى)، 1 ـ بەت.
② گ.ئەلىيېف: «شەرق ئەدەبىياتىدىكى ‹خىسراۋ ـ شىرىن›رىۋايىتى ھەققىدە» (موسكۋا، 1960 ـ يىل نەشرى)، 78 ـ بەت.



باغلىنىش بارلىقىنى كۆرسەتتى .① چۈنكى «ئاۋېستا »دا تەسۋىرلەنگەن
يورۇقلۇق ئىلاھى مىترانىڭ قۇرغاقچىلىق ۋە ئاپەت ئىلاھى ـ ئەھرە-
مەن (Ahuraman ) بىلەن بولغان كۈرەشلىرى ، نەۋائىنىڭ قەلىمى
ئاستىدىكى پەرھادنىڭ يۇنانغا بېرىش سەپىرىدە ئەھرەمەن دىۋە بىلەن
ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىغا تولىمۇ ئوخشايدۇ .
شەرق ئەدەبىياتىدا پەرھاد ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ پەيدا بولۇ-
شىغا مەنبە بولغان يەنە بىر ئامىل ـ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 6 ـ
ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەرۋ (Marw ) ئەتراپىدا تارقالغان Firat
نامى بىلەن باغلانغان ھېكايىلەردۇر . بۇ ھەقتە بىزنىڭ زامانىمىزغىچە
بىردىنبىر مەنبە ئىراندىكى بىھىستون پۈتۈكلىرىدۇر .
ئىراندىكى قەدىمكى ئاخمانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن
دارا I (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 521 ~ 426 ـ يىللار ) ئەتراپىدىكى
ئەللەرگە قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
ساك ، ماساگېت قاتارلىق خەلقلەرنىڭ كۆپلىگەن زېمىنلىرىنى بېسى-
ۋالىدۇ ۋە دەھشەتلىك زۇلۇم يۈرگۈزىدۇ . بۇ چاغدا مەرۋ ، پارفىيە
(Parfiya ) قاتارلىق جايلاردا Firat دېگەن كىشى باشچىلىقىدا قوزغى-
لاڭ كۆتۈرۈلىدۇ . ئىران پادىشاھى دارا بۇ قوزغىلاڭنى دەھشەتلىك
باستۇرىدۇ ۋە Firat نى قىيناپ ئۆلتۈرىدۇ . بۇ قېتىمقى ۋەقە ئىران
پادىشاھى دارا I نىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىھىستون تېغىغا قەدىمكى
ئىران يېزىقى بىلەن ئويدۇرۇلىدۇ . ئاشۇ قېتىمقى خەلق قوزغىلىڭى-
نىڭ رەھبىرى «Firat » نىڭ نامى بىھىستون تېغىغا «Firat » ياكى
«Frawartish » شەكلىدە ، بابىل ۋە ئارامى يېزىقلىرىدا بولسا «
Pirrumartis » ، «Parumartis » شەكلىدە يېزىلىدۇ .② بۇ خۇددى «

---

① «نەۋائى ۋە ئەدەبىي تەسىر مەسىلىلىرى»ناملىق توپلام (تاشكەنت، 1968 ـ يىل نەشرى)، 179 ~ 180 ـ بەتلەر .
② « نەۋائى ۋە ئەدەبىي تەسىر مەسىلىلىرى »،ناملىق توپلام ( تاشكەنت، 1968 ـ يىل نەشرى )، 181 ـ بەت.

Behram » نى دارى ـ پارس تىلىدا «Warahan » دېگەنگە ئوخشاش
ئىدى . رۇس ئالىمى دىياكونوف بۇ ھەقتە توختىلىپ : «
Frawartis » نامىنىڭ «Ferhad » نامى بىلەن ئومۇمىيلىقى يوق دې-
يىش خاتا ئىدى »[1] دەپ يازىدۇ . ئۆزبېك تارىخشۇناسى غۇلاموفمۇ
«Frat » نىڭ دەل «Ferhad » ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەي-
دۇ .[2]

دېمەك ، Firat نىڭ ئىران پادىشاھى دارا I (Darius I )غا
قارشى كۈرەشلىرى كېيىنچە خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدە بۇ ھەقتىكى
تۈرلۈك ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ سەۋەب بولۇشىغا سەۋەب بولدى . بۇ
رىۋايەتلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىش جەريانىدا ، خەلق Firat (
Ferhad ) ئوبرازىغا بېھىستون تېغىدا قانال قېزىپ ، سۇ باشلاشتەك
بىر قاتار ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى قوشۇپ بېيىتتى . شۇنداقلا «ئاۋېستا »
دىكى قۇياش ئىلاھى مىترانىڭ ئاپەت ئىلاھى ـ ئەھرەمەنگە قارشى
كۈرەشلىرىنىمۇ مۇشۇ ئوبرازغا يۈكلىدى . «شۇنىڭدىن باشلاپ ، تا-
رىختىكى Firat بىلەن ئىران پادىشاھى دارا I ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش
ئېپىزوتى كېيىنچە Ferhad بىلەن ئىران ساسانىيلار پادىشاھى خىسراۋ
پەرۋىز (مىلادىيە 590 ~ 648 ) ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بىلەن
ئالماشتى » .[3] لېكىن ، تاكى نەۋائى دەۋرىگە قەدەر ، بۇ رىۋايەت
ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەن شائىرلارنىڭ ھەممىسى پارس ئەدىبلىرى
بولغاچقا ، ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىران پادىشاھى خىسراۋ بىلەن
ساھىبجامال شېرىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرىنى ئا-

① ئى.دىياكونوف: «مىدىيە تارىخى» (مۇسكۋا، 1956 ـ يىل نەشرى)، 276 ـ بەت.
② «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» (تاشكەنت، 1960 ـ يىل نەشرى)، I توم، 42 ـ بەت.
③ «نەۋائى ۋە ئەدەبىي تەسىر مەسىلىلىرى» ناملىق توپلام، 182 ـ بەت.



ساسىي لىنىيە قىلىپ تەسۋىرلىدى ، پەرھادنى بولسا قوشۇمچە پېرسو-
ناژ سۈپىتىدە تىلغا ئالدى . شۇڭلاشقا مىلادىيە 12 ـ ئەسىردە نىزامى
«خىسراۋ ـ شېرىن » داستانىنى يېزىشتىن بۇرۇنلا پەرھاد ھەققىدىكى
رىۋايەتلەر خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغانىدى . شۇڭا مىلادىيە 10 ـ
ئەسىردە ئۆتكەن پارس شائىرى ئاغاچى (Aghachi ) ئۆزىنىڭ بىر شې-
ئىرىدا پەرھادنىڭ نامىنى تىلغا ئالغانىدى :

« بەتۇندى چۇنان ئۇفتاد بەر بەرەم ،
كى مېتىنى پەرھاد بەر بېستۇن . »[1]

(مەنىسى : ئۇستۇمگە شۇنداق تېزلىك بىلەن چۈشتىكى ، خۇددى
بېھىستون تېغىغا ئۇرۇلغان پەرھادنىڭ جوتۇسىغا ئوخشايتتى . )

نىزامىدىن كېيىن پەرھاد ئوبرازى خىسراۋ دېھلىۋىنىڭ «خىس-
راۋ ـ شېرىن » ، مىلادىيە 14 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئەزەربەيجان شائىرى
ئارىف ئەردەبىلىنىڭ «پەرھادنامە » قاتارلىق ئەسەرلىرىدە داۋاملىق
يارىتىلدى ۋە مۇكەممەللىشىپ باردى . لېكىن پەرھاد ئوبرازىنىڭ
شەرق ئەدەبىياتىدا تۇنجى قېتىم باش پېرسوناژ سۈپىتىدە مۇكەممەل
يارىتىلىشى نەۋائىنىڭ قەلىمى ئارقىلىق ئىشقا ئاشتى . نەۋائى ئۆزى-
دىن ئاۋۋالقى ئۇستازلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىجابىي تۈردە پايدىلان-
دى . بولۇپمۇ پەرھاد ئوبرازىغا ئائىت «ياخشى پەزىلەتلەر نەۋائىنىڭ
خاھىشى بىلەن ئىجابىي فانتازىيە ۋاسىتىسىدە ۋۇجۇدقا كەلدى ۋە
بېيىتىلدى »[2] . يەنە بىر تەرەپتىن ، نەۋائى پەرھاد ئوبرازىنى يارىتىش-

① «نەۋائى ۋە ئەدەبىي تەسىر مەسىلىلىرى» ناملىق توپلامغا قاراڭ (تاشكەنت، 1968 ـ يىل نەشرى)
، 183 ـ بەت.
② ئابدۇقادىر ھېيتمەتوف: «نەۋائىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت مېتودلىرى» (تاشكەنت، 1963 ـ يىل
نەشرى)، 92 ـ بەت.

تا ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرگە ۋە تارىخىي مەلۇماتلارغا كۆپرەك تاياندى . ئىران يىلنامىلىرىگە قارىغاندا ، ئۆز خەلقى ۋە ۋەتىنىنىڭ بۇ ھەقتىكى مەنبەلىرىگە كۆپ يانداشتى . بولۇپمۇ «نەۋائى داستانىنىڭ ۋەقەلىكى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ ، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خوتەن شاھزادىسى پەرھاد بىلەن ئەرمەنىستان مەلىكىسى شېرىنىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى ھېكايە قىلىنغان گۈزەل رىۋايەتكە بەكمۇ يېقىن» . [1] شۇڭا نەۋائى بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ :

«ئەگەرچە نەزم دىلكەش بولسا مەسمۇئە ،
ئانىڭ ئەفسانىسى ھەم بولسا مەتبۇئە .
بۇرۇن جەم ئەت نەكەم بولغاي تەۋارىخ ،
بارىدە ئىستە بۇ فەرخۇندە تەۋارىخ .»

(مەنىسى : ئەگەر سېنىڭ دىلنى تارتقۇچى شېئىرلىرىڭنى باشقىلار ئاڭلاشنى خالىسا ، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ئەپسانىلىرىڭ كۆڭۈلگە ياقىدىغان بولسۇن ؛ ئالدى بىلەن بۇ ھەقتىكى ھەممە تارىخلارنى توپلا ، بىز سۆزلىمەكچى بولغان بۇ ھېكايىنى شۇ كىتابلاردىن ئىزدە . )

شۇنداق قىلىپ ، نەۋائى «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرتىپىنى قايتىدىن ئىشلەپ چىقتى . پەرھادنى ئىجابىي شەخس سۈپىتىدە ئاساسلىق قەھرىمان قىلدى ۋە چىن شاھزادىسى قىلىپ تەسۋىرلىدى . ئۆز خەلقىنىڭ غايىسى ، ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى پەرھاد ئوبرازىغا يۈكلىدى . نىزامىنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئىجابىي پېرسوناژ قىلىپ تەسۋىرلەنگەن ئىران پادىشاھى خىسراۋنى زالىم ، قانخور پادىشاھ قىلىپ تەسۋىرلىدى . خۇددى ئۆزبېك ئالىمى ئابدۇقادىر ھېيتمەتوف ئېيتقاندەك : «نەۋائىنىڭ پەرھادنى باشقا پېرسوناژ سۈپىتىدە ، ئىران پادىشاھى خىسراۋنى بولسا زالىم ، تاجاۋۇزچى سۈپىتىدە قوشۇمچە پېرسوناژ قىلىپ تەسۋىرلىشى خەمسەچىلىك تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ دادىل يېڭىلىقلارنىڭ بىرى ئىدى» . [1]

① ۋ.غوپۇر، ئە.ھۇسەيىن: « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى تېزىسلىرى»، 542 ـ بەت.



نەۋائى ئۆزىنىڭ بۇ داستانىدا ئېلىپ بارغان يۇقىرىقى ئىسلاھاتى ئارقىلىق ئۆز خەلقىنىڭ تارىخى ، ئەدەبىي ۋە ئېستېتىكىلىق ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنىمۇ ئىپادە قىلغانىدى .

نەۋائى ئۆز ئەسىرىدە خىسراۋدىن ئىبارەت بۇ شەخسنى ناھايىتى ئۆچ كۆردى . ئۇنى شېرىنىنىڭ مۇھەببىتىگە لايىق ئەمەس دەپ ھېسابلىدى . چۈنكى ، نىزامى ، خىسراۋ دېھلىۋى قاتارلىق پارس تىلىدا ئەسەر يازغان شائىرلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا خىسراۋ ناھايىتى زىددىيەتلىك ۋە مۇرەككەپ شەخس ئىدى . نەۋائىنىڭ قارىشىچە ، خىسراۋ شېرىنغا مۇھەببەت قويۇشقا مۇناسىپ ئەمەس ئىدى . مۇشۇ نۇقتىدىن نەۋائى نىزامى گەنجىۋى ، ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى قاتارلىق پارس كلاسسىكلىرىنىڭ خىسراۋغا تۇتقان ئاكتىپ پوزىتسىيىسى ۋە مەدھىيىسىنى تەنقىد قىلدى ھەمدە ئۆز ئەسىرىدە خىسراۋنى قانخور پادىشاھ ، نامەرد ئاشىق سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقاردى :

« ۋەلې چەككەنلەر ئۇشبۇ جامىدىن راھ ،
سەراسەر بولدىلەر خىسراۋغا مەدداھ .
كى مۈلكى ئانداغۇ ، ئايىنى مۇنداغ ،
سىپاھى ئانداغۇ ، تەمكىنى مۇنداغ .
ئۇلار نەزمىنىڭ ئالىدە مەنزار ،
چۇ فەھم ئەتتىمكى كۆرگۈمدۇر كۆپ ئازار .
زەرۇرەتكىم سالىب بىر ئۆزگىچە تەرھ ،
بۇ مېھنەتنامىنى قىلغۇمدۇر شەرھ . »

(مەنىسى : بۇ تېمىغا مۇراجىئەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسى باشتىن

① ئا.ھېيتمەتوف: «نەۋائىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدىي قاراشلىرى»، 160 ـ بەت.

ـ ئاياغ خىسراۋغا مەدداھ ـ ۋاھىز بولۇشتى ؛ ئۇلار ، خىسراۋنىڭ
مەملىكىتى مۇنداق ، قائىدە ـ قانۇنلىرى مۇنداق ، قوشۇنلىرى ئۇنـ
ـداق ، ئۇستۇنلۇكى مۇنداق دەپ ماختاشتى . ئۇلارنىڭ يازغانلىرىدىن
بىزارلىق ھېس قىلدىم . كۆپلەپ ئازار يەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم .
شۇڭا باشقىچە يول تۇتۇشنى زۆرۈر دەپ بىلىپ ، بۇ داستانىمنى بايان
قىلىشقا كىرىشتىم . )

شۇنداق قىلىپ ، نەۋائى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك قەھرىمانى پەرھادنى
ئۆز ۋەتىنىدىن تالللىۋالدى ۋە ئۇنى تارىختا ئوتتۇرا ئاسىياغا تىنىمسىز
تاجاۋۇز قىلغان ئىران ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ۋەكىلى خىسراۋغا قارشى
قىلىپ قويدى . خۇددى رۇس ئالىمى بېرتېلس ئېيتقاندەك : « نەۋائى
ياشىغان دەۋرنىڭ شارائىتى باشقىچە ئىدى . ئۇنىڭ ۋەتەنداشلىرى
ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن پەخىرلىنەتتى . ئۆزلىرىنىڭ ئانا
تىلىنى سۆيەتتى . پارس تىلىنى رەت قىلمىغان ھالدا ، ئۆز ئانا تىللىـ
ـرىنى ئاشۇ تىل بىلەن تەڭ ، ھەتتا ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىش ئىمكاـ
نىيىتىگە ئىگە دەپ ھېسابلايتتى . نەۋائى ‹ پەرھاد ـ شېرىن ›
داستانىدا شۇ يول بىلەن ئەنئەنىۋى سۇژېتلارنى ئۆزگەرتىپلا قالماي ،
ئەسەردە تارىخنىڭ شۇ بۆلىكىدىكى (مىلادىيە 15 ~ 16 ـ ئەسىرلەر )
خەلق ئاممىسى ئېڭىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ئەكس ئەتتۈرـ
ـدى » . ①

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، نەۋائىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىـ
ـنىڭ تارىخىدا ناھايىتى مۇدھىش ئىز قالدۇرغان ئىران ھۆكۈمرانلىـ
ـرىغا مەدھىيە ئوقۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . چۈنكى نەۋائى ياشىغان
مىلادىيە 15 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مىللىي ئېڭىدا
زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن ، تۈركىي تىلىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش
دولقۇنى قوزغالغان ، مىللىي ئەدەبىيات تەشەببۇس قىلىنغانىدى . شۇـ

① بېرتېلس: «‹پەرھاد ـ شېرىن› ھەققىدە»، 29 ـ بەت.



ڭا نەۋائىنىڭ ئىراننىڭ تارىختىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا بولغان
قارشىلىقىنى ئىپادىلىشى ۋە نىزامى مەدھىيىلىگەن خىسراۋنى سەلبىي
ئوبراز سۈپىتىدە تەسۋىرلىشى ئاۋام تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى .
چۈنكى نەۋائىنىڭ بۇ قارىشى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ مىلادىيە 15 ~
16 ـ ئەسىردىكى تەرەققىياتىغا زىت ئەمەس ئىدى .

ئىككىنچى ، نەۋائى «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىدا پەرھاد بىلەن
شېرىننىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىگە سۇ مەسىلىسى ھەققىدىكى
يېڭى بايانلارنى قوشتى . ھەممىگە مەلۇمكى ، سۇ مەسىلىسى تارىختىن
بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ھاياتىدىكى ئەڭ جىددىي ، ئەڭ زۆرۈر
مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەنىدى . رۇس ئالىمى ژېرمۇنسكى
كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك : «ماركس ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈم سۈرگەن
پادىشاھلارنىڭ ئىلغار ياكى قالاقلىقىنى سۇ مەسىلىسىگە تۇتقان پوزىتـ
ـسىيىسىگە قاراپ باھالىغانىدى » . ① ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كىلىماتى
قۇرغاق ، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاز ، سۇ مەنبەسى قىس بولغاچقا ،
بۇ يەردە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ سۇغا بولغان تەشنالىقى ئىنتايىن
كۈچلۈك ئىدى . بۇ يەردە سۇ بولسىلا بوستانلىقلارمۇ مەۋجۇت بولاتـ
ـتى ؛ سۇ بولسىلا ھاياتلىق كاپالەتكە ئىگە بولاتتى . شۇڭا ئوتتۇرا
ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا قانال قېزىپ چۆلگە سۇ باشلاش ۋە سۇ
ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق تېمىلارغا بېغىشلانغان
كۆپلىگەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر قەدىمكى زامانلاردىلا كەڭ تارقالغانـ
ـدى . «سۇ جىددىيچىلىكى مەسىلىسى مىلادىيە 15 ـ ئەسىردە ، يەنى
نەۋائى ياشىغان دەۋردە يەنىلا مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى .
نەۋائى خەلقنىڭ سۇ ئۈچۈن جاپا چېكىۋاتقانلىقىنى ، سۇ دەپ قان
يىغلاۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلەتتى . شۇڭا ئۇ بۇ رېئال مەسىلىنى ئۆز

① شەرىپىدىن ئۆمەر: «19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى)
، 2 ـ توم، 901 ~ 902بەتلەر.

داستانغا ئېلىپ كىرىپ ، كەڭ خەلقنىڭ ئارزۇ - ئۇمىدلىرىنى ئىپادە قىلماقچى بولدى » .[1] ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرق خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدە شىرىن ھەققىدىكى ۋەقەلەرنىڭ كۆپچىلىكى سۇ تېمىسى ، يەنى ئېرىق قېزىپ سۇ باشلاش تېمىلىرى بىلەن باغلانغانىدى » .[2] شۇڭا نەۋائى مۇشۇ خەلق رىۋايەتلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ، سۇ مەسىلىسىنى پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىگە مۇھىم ۋاسىتە قىلدى . ئۇ يەنە مەزكۇر داستاندا بېھىستۇن تېغىنى كېسىپ ، ئەرمەنىستانغا سۇ باشلاپ ، خەلقنى پاراۋانلىققا ئىگە قىلىش مەسىلىسىنى پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ مۇھەببىتىگە باغلاپ تەسۋىرلەيدۇ .

نىزامىنىڭ «خىسراۋ - شىرىن» داستانىدا ياكى ئەمىر خىسراۋنىڭ شۇ ناملىق داستانىدا سۇ مۇتىفى يوق ئىدى . ئۇلار پەرھاد ئوبرازىنى پەقەت ئەرمەن مەلىكىسى شىرىنگە سۈت ئېقىپ كېلىدىغان تاش ئېرىق قازدۇرۇش ئېھتىياجى بىلەنلا ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ .

لېكىن نەۋائى پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنىڭ باشلىنىشىنى «سۈت ئېرىق»ى بىلەن ئەمەس ، بەلكى تاغ كېسىپ ، قانال ياساپ ، سۇ چىقىرىشتەك رېئال مەسىلە بىلەن باغلايدۇ . بۇ ھال پەرھاد ئوبرازىنىڭ يەنىمۇ خاسلىقى ۋە مۇكەممەللىكىنى ئاشۇرىدۇ . گۈزەل مەلىكە شىرىن نەۋائىنىڭ قەلىمى ئاستىدا تاجاۋۇزچى پادىشاھنى ئەمەس ، بەلكى ئەمگەك سۆيەر چىن شاھزادىسى پەرھادنى ياخشى كۆرىدۇ . پەرھادنىڭ ئەرمەن خەلقى ئۈچۈن قانال قېزىپ سۇ چىقىرىش قۇرۇلۇشىدا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى ۋە چەكسىز جاسارىتى شىرىننى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ . نەۋائى داستانىدا «شىرىنىنى ‹سۈت ئېرىق›نىڭ ئەمەس ، بەلكى ئەل - يۇرتقا ھايات ۋە نىجات بېغىشلىغان سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ تەشەببۇسچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ » .[1]

① نەتەن مەللايېۋ: «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» (تاشكەنت، 1956 - يىل نەشرى)، 103 - بەت.

② نەتەن مەللايېۋ: «ئەلىشىر نەۋائى ۋە خەلق ئىجادىيىتى» (تاشكەنت 1974 - يىل نەشرى)، 152 - بەت.



نەۋائى داستاندا خەلق چۆچەكلىرىدىكى قەھرىمانىنى سىناش مۇتىفىدىن پايدىلىنىپ ، پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . پەرھاد يىراق چىن مەملىكىتىدىن سەپەرگە ئاتلىنىپ ، نۇرغۇن تاغ - دەريالارنى كېزىپ ، يولدا ئۈچ چوڭ توسۇقنى - ئەجدىھا ، تۆمۈر ئادەملەر ۋە ئەھرىمەن دىۋىنى يوقىتىدۇ . ئاندىن ئەرمەنىستانغا كېلىپ قانال قېزىپ ، سۇ چىقىرىش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىدۇ . پەرھادنىڭ كۈچلۈك جاسارىتى ئارقىسىدا ئاخىرى قاقاس تاغقا سۇ چىقىدۇ . پەرھادمۇ بۇ جەرياندا پىشىپ يېتىلىدۇ ۋە سىنىلىدۇ . دېمەك ، پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئارقىسىدا خەلق ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن ، خەلق مەنپەئىتىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان بىر خىل ئالىيجاناب روھ يوشۇرۇنغانىدى .

پەرھاد باشچىلىقىدا قېزىلغان سۇ قانىلىغا «نەھرۇل ھايات» ( Nahru hayat ) ، كۆلگە «بەھرۇن نىجات» (Behrun nijat ) دەپ ئىسىم قويۇلىدۇ . خەلق خۇشال - خۇراملىقتا چۆمىدۇ :

«ئارىققا قويدىلەر نەھرۇل ھايات ئىسىم ،
فەلەكۋاش ھاۋزغا بەھرۇن نەجات ئىسىم .»

ئېرىق ۋە كۆللەرگە قويۇلغان ناملاردىنمۇ نەۋائىنىڭ سۇ مەسىلىسىگە قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . نەۋائىنىڭ قارىشىچە ، سۇ - ھايات ، سۇ - نىجات مەنبەسىدۇر . شۇڭا پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ ساپ مۇھەببىتى دەل مۇشۇ مۇھىم مەسىلىنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق تېخىمۇ يۈكسەكلىككە ئىگە بولىدۇ .

① نەتەن مەللايېۋ: «ئەلىشىر نەۋائى ۋە خەلق ئىجادىيىتى»، 152 - بەت.

ئۈچىنچى ، شائىر «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىدا ئۆز ئۇستازلىـ
رى نىزامى ، ئەمىر خىسراۋ قاتارلىقلارنىڭ «خىسراۋ ۋە شىرىن»
داستانلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر مىللىيلىك ، تېخىمۇ كەڭ
دۇنياۋىلىق ۋە تېخىمۇ بۈيۈك ئىنسانپەرۋەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى
ئوتتۇرىغا قويىدى . نەۋائىنىڭ قەلىمى ئاستىدا پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ
مۇھەببىتى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى ، ئىنتىلىشـ
لىرى ۋە مەنپەئەتلىرى بىلەن بىر گەۋدە قىلىنىدۇ . نەۋائى «پەرھاد
ـ شىرىن» ھەققىدە ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتە كەڭ تارقالغان رىۋايەتـ
لەرنى ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقىنىڭ ئارىسىغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ .
نەۋائى پەرھادنىڭ رىيازەتلىك كەچۈرمىشلىرى بىلەن كۆپ خىل
مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۇيۇنغان ھاياتىنى ۋە مۇھەببەت پاجىـ
ئەسىنى ‹پەرھاد› دېگەن ئىسمىدىكى بەش ھەرپ ۋەكىللىك قىلىدىـ
غان سىمۋوللۇق مەنىلەر بىلەن باغلايدۇ . يەنى پ ـ پىراقتا ، ر ـ
رەشككە ، ھ ـ ھىجرانغا ، ئا ـ ئاھۇ ـ زارغا ، د ـ دەرد ـ ئەلەمگە
ۋەكىللىك قىلىدۇ :

«ئاڭا فەرزانە پەرھاد ئىسىم قويدى ،
ھورۇفى مەئىخەزىن بەش قىسىم قويدى .
فىراقۇ ، رەشكۇ ، ھەجرۇ ، ئاھ ئىلە دەرد ،
بىرەر ھەرف ئىبتىدادىن ئەيلەبان فەرد .»

شۇنداق قىلىپ ، نەۋائى «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىدا پەرھاد
ئوبرازىنىڭ مۇكەممەل سىخېمىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزىپ چىقتى .
نەۋائىدىن كېيىن پۈتكۈل تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر
ئەدەبىياتى (جۈملىدىن قىسمەن پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتى ) نەۋائىنىڭ
پەرھاد ئوبرازىنى يارىتىشتىكى ئەندىزىسىنى قوبۇل قىلدى . مىلادىيە
16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى تۈرك
شائىرى لامىينىڭ «پەرھاد ـ شىرىن» ناملىق دستانى ، مىلادىيە 18
ـ ئەسىردە خوتەندە ئۆتكەن شائىر ئىسمائىل مەھزۇننىڭ «شاھزادە



پەرھاد بىلەن مەلىكە شىرىننىڭ قىسسىسى» ناملىق نەسرىي داستانى ،
مىلادىيە 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىـ
چە بولغان ئارىلىقتا يەكەندە ئۆتكەن ئۆمەر باقى يەركەندى بىلەن موللا
سىدىق يەركەندىلەرنىڭ نەسرىي شەكىلدە ئىشلىگەن «پەرھاد ـ شىـ
رىن» داستانلىرى ، شۇنىڭدەك ئابدۇرېھىم نىزارى (مىلادىيە 1776
～ 1850 )نىڭ «پەرھاد ـ شىرىن» ناملىق داستانلىرى پەرھاد ئوبراـ
زىنى يارىتىشتا پۈتۈنلەي نەۋائىنىڭ سۈژىتىغا مۇراجىئەت قىلدى .
ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر قايسى
بوستانلىقلاردا كەڭ تارقالغان «پەرھاد ـ شىرىن» توغرىسىدىكى خەلق
داستانلىرى ، ھېكايە ـ قىسسىلىرى ۋە رىۋايەت ـ چۆچەكلىرى نەۋائىـ
نىڭ «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىدىكى سۇژېت ئەندىزىسىنى ئۆزىگە
مەنبە قىلدى . ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە رايونىمىز شىنجاڭدىكى «پەرھاد
تېغى» ، «دىۋە قەلئەسى» ، «شىرىن سېيى» ، «بىبى شىرىن قىشلىـ
قى» ، «پەرھاد ئۆستىڭى» قاتارلىق يەرناملىرىمۇ شۇ ئاساستا ئاستا
ـ ئاستا مەيدانغا كەلدى .

## (3) «لەيلى ـ مەجنۇن» : «لەيلى ـ مەجنۇن» نەۋائىـ

نىڭ «خەمسە»سى تەركىبىدىكى ئۈچىنچى داستانى بولۇپ ، جەمئىي
38 باب ، 3614 بېيىت ، 7228 مىسرادىن تەشكىل تاپقان .
نەۋائى «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىنى يېزىشتا پۈتكۈل شەرق
خەلقلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئاغزاكى ئىجادىغا ئايلىـ
نىپ كەتكەن لەيلى ۋە مەجنۇن توغرىسىدىكى خەلق رىۋايىتىنى ئاساس
قىلدى . ئۇنىڭغا بىر مۇنچە يېڭى ۋەقەلەرنى قوشۇپ ئىجادىي ھالدا
بېيىتتى . ئۇنى مىلادىيە 15 ـ ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا ئىجتىمائىي
مۇھىتىنىڭ رېئال مەسىلىلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى .
«لەيلى ـ مەجنۇن» توغرىسىدىكى بۇ گۈزەل رىۋايەتنى تۇنجى
قېتىم يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرگەن كىشى شەرق ئەدەبىياتىدا

خەمسەچىلىكنى باشلاپ بەرگەن مەشھۇر شائىر ـ نىزامى گەنجىۋى-
دۇر . نىزامىدىن كېيىن نەۋائىغىچە بولغان بىر قانچە ئەسىر جەريانىدا
بۇ تېمىغا ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى ، ھاپىز شىرازى ، سۇ ھەيلى قاتار-
لىق ئوتتۇزغا يېقىن شائىر ۋە يازغۇچىلار قەلەم تەۋرەتتى . بۇنىڭ
بىلەن بۇ رىۋايەت شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا چوڭدىن ـ كىچىككىچە
ھەممىسى بىلىدىغان مەشھۇر قىسسىگە ئايلاندى . بۇ قىسسەنى «رومېـ
ئو ـ ژولېتتا» بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىغان رۇس ئالىمى
كراچكوۋسكىي (И. Ю. Крачквский ) مۇنداق دېگەنىدى : «غەرب ئە-
دەبىياتشۇناسلىرى شېكىسپېر تەرىپىدىن يېزىلغان ‹رومېئو ـ ژۇلېتـ
تا › قىسسەسىنى دۇنيادىكى ئەڭ مۇڭلۇق مۇھەببەت قىسسىلىرىنىڭ
بىرى دەپ ئاتىغانىدى . شەرق خەلقلىرى ، ئەلۋەتتە ‹رومېئو ـ ژولېتـ
تا ›نى بىلمىگەن ، ئۇنىڭ بىلەن پەقەت مىلادىيە 19 ـ ئەسىرگە
كەلگەندىلا ئاندىن تونۇشقان ئىدى . ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر
داۋامىدا ئۆزلىرى بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتقان غەمكىن قىسسىسى
يەنى ‹لەيلى ۋە مەجنۇن ›ى بار . . .بۇ قىسسە ئونلاپ ئۇلۇغ شائىرلار-
نى رومانتىك داستانلار يارىتىشقا ئىلھاملاندۇردى ۋە ھازىرقى كۈنگە
قەدەر شەرقنىڭ تۈرلۈك خەلقلىرى شائىرلىرىنىڭ ، دراماتورگلىرى-
نىڭ ، مۇزىكانتلىرىنىڭ ئىجادىدا ئۆز ئەكسىنى تېپىپ كەلمەكتە .
غەرب ئەدەبىياتىدىكى ‹رومېئو ـ ژولېتتا ›نىڭ شۆھرىتى بىلەن سې-
لىشتۇرغاندا ، شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدىكى ‹لەيلى ـ مەجنۇن ›قىسسىسى
تېخىمۇ مەشھۇرراقتۇر » .[①]

تۈركىي تىلدا تۇنجى قېتىم «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىنى
مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىققان كىشى ئەلىشىر نەۋائى بولدى . ئۇ
«خەمسە» ئۇستازلىرىنىڭ شۇ داڭلىق داستانلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنـ

① نەتەن مەللايېف: «ئەلىشىر نەۋائى ۋە خەلق ئىجادىيىتى»، 156 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ.



دى ۋە ئۇلارنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈردى . نەۋائى ئالدىن-
قىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆلۈك ھالەتتە تەكرارلاپ قويمىدى ، بەلكى
ئۆز دەۋرىنىڭ پىكىرلىرى ۋە خەلق ئاغزاكى رىۋايەتلىرىنى قوشۇپ
بېيىتتى .

نەۋائىغا قەدەر «لەيلى ـ مەجنۇن» قىسسىسى بىر تەرەپتىن
خەلق رىۋايەت ۋە قىسسىلىرىدە ، يەنە بىر تەرەپتىن يازما ئەدەبىياتتا
قايتا ـ قايتا ئىشلىنىپ ، چوڭ ئىجادىي تەجرىبىلەر ۋە مەلۇم ئەنئەنە-
لەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىدى . خۇددى ئەنگلىيە ئالىمى خاملتون
ئا . گىببى ئېيتقاندەك : « ‹لەيلى ۋە مەجنۇن ›نىڭ يۈرەكلەرنى
لەرزىگە سالغۇچى بەختسىز كەچۈرمىشلىرى مىڭ يىللاردىن بۇيان ،
ئەرەب ، پارس ۋە تۈركىي تىللىق شائىرلار ۋە يازغۇچىلارغا تېما
تەقدىم قىلىپ كەلدى . بۇ تۈردىكى ئەسەرلەرنى بېدوئىنلارنىڭ ساپ
سەنئىتى دېيىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس » .[①]

نەۋائى ئەنە شۇ كىتابلاردىن ئورۇن ئالغان رىۋايەتلەر بىلەنمۇ ،
ئۆز ئۇستازلىرىنىڭ داستانلىرى بىلەنمۇ ، شۇنداقلا خەلق ئارىسىدا
تارقىلىپ يۈرگەن بۇ ھەقتىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بىلەنمۇ يېقىندىن
تونۇش ئىدى .

نەۋائى بۇ داستاندا «لەيلى ـ مەجنۇن» رىۋايىتىنىڭ خەلق ئىجا-
دىيتى زېمىنىدا پەيدا بولغانلىقى ، ئۇنىڭ ئاۋام خەلق ئارىسىدا ئېغىز-
دىن ئېغىزغا تارقىلىپ ، ھېكايە قىلىنىپ كەلگەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ .

نەۋائى «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىنى يېزىشقا كىرىشكەن چاغدا ،
ئالدىنقىلارنىڭ مەلۇم ئەدەبىي ئەنئەنىلىرىدىن ۋاز كېچەلمىدى . ئۇنىڭ
ئالدىدا ئاشۇ ئەدەبىي ئەنئەنىلەردىن ئىجادىي پايدىلىنىش ۋە شۇ ئاساستا
ئۆز دەۋرىنىڭ يېڭى ۋە مۇھىم تەلەپلىرى ھەمدە ئېھتىياجلىرىغا جاۋاب

① خاملتون ئا . گىببى (ئەنگلىيە): «ئەرەب ئەدەبىياتى» (خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1980 ـ يىل نەشرى)، 45 ـ بەت.

بېرىش ۋەزىپىسى تۇراتتى . بۇ ھەقتە شائىر داستاننىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ :

«مەن خەستەكى بۇ رەقەمنى چەكتىم ،
تەھرىرى ئۈچۈن قەلەمنى چەكتىم .
يازماققا بۇ ئىشقىي جەۋىدانە ،
مەقسۇدۇم ئەمەس ئەردى فەسانە .
مەزمۇنغە بولدى رەھ مەيلى ،
ئەفسانە ئەردى ئانىڭ تۇفەيلى .
لېكىن چۇ رەقەمگە كەلدى مەزمۇن ،
ئەفسانە ئاڭا لىباسى مەۋزۇن .»

(مەنىسى : مەن بۇ مۇڭلۇق قىسسىنى يېزىش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم . بۇ مۇھەببەت ھېكايىسىنى سۆزلەشتىكى مەقسىتىم ئەپسانە ئېيتىش ئەمەس . گەرچە ئۇ ئاڭلىماققا ئەپسانىدەك تۇرسىمۇ ، لېكىن مەزمۇنى باشقىدۇر . يەنى ئەپسانە ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ، مەزمۇنى بولسا رېئال ھاياتتۇر . )

دەرۋەقە ، نەۋائى بۇ داستاندا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى كىچىك بىر قەبىلە باشلىقىنىڭ ئوغلى قەيس (aYs ) بىلەن باي ۋە ئابرۇيلۇق چوڭ قەبىلە باشلىقىنىڭ قىزى لەيلى (ryli ) ئوتتۇرىسىدىكى پاجىئەلىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنى بايان قىلىدۇ . ئۇلار فېئوداللىق چىرىك تۈزۈم ، دەرىجە ۋە سالاھىيەت پەرقى قاتارلىق قاتمال ئادەتلەرنىڭ قۇربانى سۈپىتىدە ، مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتەلمەيدۇ . قەيس مۇھەببەت ئازابىدىن چۆل - باياۋانلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن «مەجنۇن» (ساراڭ ) دەپ ئاتىلىدۇ . ئاخىرىدا ئۇلار پاجىئەلىك تۈردە ئۆلۈپ كېتىدۇ .

نەۋائى ئۆز داستاندا باشقا «خەمسە» يازغۇچىلارغا ئوخشاشلا «لەيلى - مەجنۇن» ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ سۇژىتلىرىدىن پايدىلانغانىدى . بىراق ، نەۋائىنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزى



بىلەن ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ ئەسلىي مەقسىتى «ئەپسانە» سۆزلەش ئەمەس ، بەلكى «مەزمۇن» بايان قىلىش ئىدى . «ئەپسانە» ئەسەرنىڭ «كىيىمى» بولسا ، رېئال ھايات ، يەنى نەۋائى ياشىغان مۇھىتتىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە ماھىيىتى ئىدى . سىرتتىن قارىماققا داستاندىكى ۋەقەلەر ئەرەب سەھرالىرىدا بولۇپ ئۆتكەندەك تۇيۇلىدۇ . بۇ ئەمەلىيەتتە ئەنئەنىۋى سۇژىتلار ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە ئەسەرنىڭ رومانتىك ھېكايىۋى تۈسىنى كۈچەيتكۈچى شەرتلىك ئېلېمېنتتىدۇر . ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن داستاندا تەسۋىرلەنگەن مۇھەببەت پاجىئەسى ۋە ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي مۇھىت ، دەل نەۋائى ياشىغان ماكان ۋە زامان بىلەن باغلىقتۇر .

شائىر لەيلى ۋە مەجنۇننىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ، قاتمال فېئوداللىق ئەخلاق قاراشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بۇ داستاندا ئىنسانىنى ، ئۇنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى ، مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى ھىمايە قىلىشقا ، كىشىلەرنى ئائىلىۋى بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ .

نەۋائى تۈركىي تىل بىلەن تۇنجى قېتىم «لەيلى - مەجنۇن» داستانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقىدۇ شۇنداقلا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدا لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ مۇكەممەل بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىدۇ . ئۇ ئۆز داستانىنى مەزمۇن ، شەكىل ، قۇرۇلما ۋە ئۇسلۇب جەھەتلەردىن خەلق ئىجادىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ . بۇنىڭ بىلەن كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان بۇ مۇھەببەت قىسسەسى ناھايىتى تېزلا خەلق ئىجادىيىتى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ . نەۋائى بۇ داستانىنى «ماتەمنامە» دەپ ئاتىغانىدى . ھەمدە داستانىنىڭ ئاخىرىدا :

«سوڭىن نەچەكىم ئۇزاتتىم ئاخىر ،

يغلاي ـ يغلاي تۇگەتتىم ئاخىر .»

(مەنىسى : داستانىمنى نېمىلا بولمىسۇن ، ئاخىرى قولۇمدىن
چىقاردىم ، يغلاپ ـ يغلاپ يېزىپ تۇگەتتىم .) دەپ يازىدۇ .
دېگەندەك : نەۋائىنىڭ بۇ داستانى مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئەسەر-
لەر ئىچىدە ھەممىنى كۆز يېشى قىلدۇرىدىغان تراگېدىيىلىك ئەسەر
بولۇپ قالدى .

## (4) «سەبئەئى سەييارە» :

«سەبئەئى سەييارە» نەۋائىد-
نىڭ «خەمسە»سى تەركىبىدىكى تۆتىنچى داستانى بولۇپ ، جەمئىي
38 باب ، 5009 بېيىت ، 10018 مىسرادىن تەشكىل تاپقان . داستان
مىلادىيە 1484 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ ، ئاپتور ئۇنى «زەۋقناك
ھەڭگامە» (قىزىقارلىق ھېكايە) دەپ ئاتىغان .

داستانىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى بەھرام ۋە دىلئارام توغرىسىدىكى
ئاساسىي لىنىيە ۋە ئۇنىڭغا ياندىشتۇرۇلغان يەتتە باغلانما ھېكايىدىن
تەشكىل تاپقان . شائىر داستاندا ئىككى ئاساسىي ئوبراز شاھ بەھرام
بىلەن چىن دىيارىدىن كەلتۈرۈلگەن گۈزەل قىز ـ دىلئارامنىڭ ئوبرا-
زىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارانقاندىن باشقا ، يەنى ئاھى ، زەھھاب ، سە-
ئىد ، مېھر ، سۇھەيل ، مۇقبىل ، فەررۇخ قاتارلىق بىر قاتار ئوبراز-
لارنىمۇ ناھايىتى جانلىق يارىتىپ ، ئۆزىنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي
غايىلىرى ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرىنى بەدىئىي يۇكسەكلىكتە ئىپادە
قىلىدۇ .

نەۋائىي بۇ داستاندا شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان
بەھرام گۇر توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئاساسىي ۋەقەلىك قىلدى . بەھ-
رام ئوبرازى بىر تەرەپتىن قەدىمكى ئەپسانىلەرگە تاقالسا ، يەنە بىر
تەرەپتىن ئىران ساسانىيلار پادىشاھى بەھرام V (مىلادىيە 418 ~
438 )غا بېرىپ تاقىلاتتى . رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ، بەھرام دائىم گۇر
(پارسچە ‹ياۋا ئېشەك ›) ئوۋلاشنى ياخشى كۆرگەچكە «بەھرام گۇر»



دەپ ئاتالغانىكەن . بەھرام ھەققىدىكى تۇرلۇك ـ تۇمەن رىۋايەتلەردە ،
ئۇ شان ـ شۆھرەتلىك پادىشاھ ، ماھىر ئوۋچى ۋە ئىشرەتپەرەس
كىشى سۇپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ .

فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»دە تەسۋىرلەنگەن بەھرام ھەققىدىكى
ھېكايىلەر يازما ئەدەبىياتتىكى بىرىنچى قېتىم ئىشلەنگەن شاھ بەھرام
ھەققىدىكى بايانلاردۇر . فىردەۋسى ئۆز ئەسىرىدە بەھرامنىڭ پادىشاھ-
لىق تارىخى ۋە ئۇنىڭ نامى باغلانغان بىر قاتار ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى
بايان قىلىدۇ . فىردەۋسى بىر تەرەپتىن بەھرامنى شان ـ شۆھرەتلىك
ئادىل پادىشاھ ، پالۋان ، ماھىر ئوۋچى سۇپىتىدە ، ئىككىنچى تەرەپ-
تىن ، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلگەن ، قەھر ـ غەزىپى كۇچلۇك ،
دەھشەتلىك كىشى سۇپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ . فىردەۋسىنىڭ بەھرام
ھەققىدىكى تەسۋىرلىرى ناھايىتى ياخشى يېزىلغان بولۇپ ، كېيىنكى
تەتقىقاتچىلار ئۇنى «شاھنامە»نىڭ ئىچىدىكى «ئەڭ سۆيۈملۇك قەھرى-
مان»[①] دەپ ئاتىدى .

نىزامىنىڭ «ھەفت پەيكەر» (يەتتە يۇلتۇز ) داستانىدىن باشلاپ
بەھرام «خەمسە»چىلىكنىڭ ئەنئەنىۋى بىر ئوبرازىغا ئايلىنىپ قال-
دى . نىزامى ئۆز داستانىدا ، شاھ بەھرام بىلەن كېنىزىكى فىتنە
ھەققىدىكى ئاساسىي ھېكايە ، يەتتە گۇزەل ھېكايىسى ۋە يەتتە مەھبۇس
ھېكايىلىرىنى پۇتۇن ئەسەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى قىلىدۇ . نىزامى
بۇ داستاندا مەركىزىي مەسىلە سۇپىتىدە ، مەملىكەتنى ۋە خەلقنى
ئادالەت بىلەن ئىدارە قىلغۇچى ئىدېئال پادىشاھ ئوبرازىنى يارىتىش
مەسىلىسىنى قويىدۇ ۋە بۇ جەھەتتە خېلى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ .

نىزامىدىن كېيىن ، ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى مۇشۇ تېمىدا
«ھەشت بېھىشت» (سەككىز جەننەت ) داستانىنى يازدى . ئۇ بەھرام
بىلەن دىلئارام ھەققىدىكى ئاساسىي ھېكايە بىلەن يەتتە مەلىكە ھەققى-

① نەتەن مەللايېۋ: «ئەلىشىر نەۋائىي ۋە خەلق ئىجادىيىتى»، 156 ــ بەت.

دىكى يەتتە ھېكايىنى قوشۇپ ، داستانىغا «ھەشت بېھىشت» دەپ نام
بېرىدۇ . ئۇ بۇ داستاننى ئەنئەنىۋى سۇژىتلارنى ئاساس قىلغان ھالدا ،
ھىندىستاننىڭ يەرلىك رىۋايەتلىرىنى قوشۇپ تېخىمۇ بېيىتىدۇ .
نەۋائى ئۆزىنىڭ «سەبەئى سەييارە» داستانىدا ، كۆپ جەھەتلەردە
ئۆز ئۇستازلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئەنئەنىۋى سۇژىتلارغا ۋارىسلىق
قىلدى . لېكىن نەۋائى ھەر جەھەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ رېئال ، ئىجتىما-
ئىي مەسىلىلىرى ۋە ئەدەبىي - ئېستېتىكىلىق تەلەپلىرىنى ئەكس
ئەتتۈرۈشكە تىرىشتى . بولۇپمۇ داستاندىكى يەتتە مۇساپىرلارنىڭ
ئېيتقان ھېكايىلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئاغزاكى رىۋايەت-
لىرىدىن ئالدى .
نەۋائى داستانىدا ، نىزامى ۋە ئەمىر خىسراۋنىڭ داستانلىرىغا
ئوخشاشلا ، بىر ھەپتىدىكى يەتتە كۈننى يەتتە يۇلتۇزغا تەتبىقلاپ ،
ئۇنى يەتتە خىل قەسرىنىڭ يەتتە تۈرلۈك رەڭگىگە سىمۋول قىلدى .
پادىشاھ بەھرام مۇشۇ يەتتە قەسىردە يەتتە مەلىكە بىلەن ئەيش -
ئىشرەت سۈرۈپ ، يەتتە مۇساپىرنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلايدۇ .
نەۋائى ئۆزىنىڭ بۇ داستانىدا ، مۇنداق بىر قانچە يېڭىلىقلارنى
ئوتتۇرىغا قويدى .
بىرىنچى ، نەۋائى ئۆز ئۇستازلىرى نىزامى ۋە ئەمىر خىسراۋلار-
نىڭ داستانلىرىدا تەسۋىرلەنگەن شاھ بەھرام ئوبرازى ئاساسەن تارىخى
نۇقتىدىن تەسۋىرلەنگەن ، ئۇنىڭدا بەدىئىي پىششىقلاش ۋە غايىۋىلەش-
تۈرۈش كەمچىل دەپ قارىدى . شۇڭا نەۋائى «سەبەئى سەييارە» داستا-
نىغا ئىشقى - مۇھەببەت سۇژىتلىرىنى كۆپرەك ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەمدە
ئۇنى بەدىئىي جەھەتتىن يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ، بەھرام ئوبرازىنى
مۇھەببەت نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلدى . بەھرامنىڭ ئۆز كېنىزىكى
دىلئارامنى چۆلگە تاشلىۋېتىشى ، كېيىن پۇشايمان قىلىپ ئۇنى سېغى-
نىشى ۋە قاتتىق ئازابلىنىشى قاتارلىق بايانلارنى ئىنچىكە تەسۋىرلى-
دى . پېرسوناژلار ئىچكى كەچۈرمىشلىرى ، روھىي ھالىتىنى تولۇق



ئېچىپ بېرىشكە تىرىشتى .
ئىككىنچى ، نەۋائى نىزامىنىڭ «ھەفت پەيكەر» داستانىدا يەتتە
مەملىكەتتىن كەلگەن يەتتە مەلىكىنىڭ شاھ بەھرامغا ھېكايە سۆزلە-
شى رېئال ئەمەس ، چۈنكى ئەڭ تەسىرلىك ھېكايىلەرنى جاھان كې-
زىپ يۈرگەن مۇساپىر سەيياھلار ئېيتالايدۇ دەپ قارايدۇ . شۇڭلاشقا ،
ئۆز داستانىدا پادىشاھ بەھرامغا ھېكايە سۆزلىگۈچى يەتتە مەلىكىنى
يەتتە نەپەر مۇساپىر سەيياھقا ئۆزگەرتتى .
ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نەۋائى بەھرامنىڭ كېنىزىكى دىلئارامنى
چىن دۆلىتىنىڭ مەلىكىسى قىلىپ تەسۋىرلىدى ، ئۇنىڭ ئىسمى فىر-
دەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىدە «ئازادە» ، نىزامىنىڭ «ھەفت پەيكەر»دە
«فىتنە» بولۇپ ، نەۋائى ئۆز ئەسىرىدە «دىلئارام» دەپ ئۆزگەرتتى .
نىزامىنىڭ داستانىدا شاھ بەھرام ئەڭ ئاخىرىدا «گۈر» (ياۋا ئېشەك )
ئوۋلاپ ، بىر غارغا كىرىپ غايىب بولىدۇ . ئەمىر خىسراۋنىڭ داستا-
نىدا شاھ بەھرام ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپ ، ئىز - دېرەكسىز يوقىلىدۇ .
نەۋائىنىڭ داستانىدا بولسا ئۇنى يەر يۇتىدۇ .
دېمەك ، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى ، نەۋائى بەھرام ھەققىدىكى بۇ
ئەنئەنىۋى سۇژىتقا ھەر جەھەتتىن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ ، ئۇنى ئۆز
دەۋرىنىڭ بەدىئىي ، ئېستېتىكىلىق تەلەپلىرى ۋە ئىجادىيەت فورمى-
سىغا مۇۋاپىقلاشتۇرغان .
ئۈچىنچى ، نىزامى بىلەن ئەمىر خىسراۋنىڭ داستانلىرىدا شاھ
بەھرام بىلەن گۈزەل فىتنە ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ھېكايىسى ئاسا-
سىي لىنىيە قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بولسا ، نەۋائى يەتتە سەيياھنىڭ
ئېيتقان ھېكايىلىرىنى ئاساسىي ۋەقەلىك لىنىيىسى قىلىپ تەسۋىرلى-
دى . بەھرام بىلەن دىلئارام ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ھېكايىسىنى
ئىككىلەمچى ئورۇندا تەسۋىرلىدى . چۈنكى نەۋائىنىڭ قارىشىچە ، بەھ-
رام ناھايىتى زىددىيەتلىك شەخس بولۇپ ، ئۇ گەرچە دەسلەپتە ئادالەت
بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن پادىشاھ بولسىمۇ ، لېكىن كېيىنچە

ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەنىدى . شۇڭا نەۋائى داستانىدا بەھرامنى كۆپ جايلاردا تەنقىد قىلىدۇ ، پاش قىلىدۇ . ئەڭ ئاخىرىدا يەر يۇتقۇزۇپ ھالاك قىلىدۇ . نەۋائى بۇ جەھەتتە ئۆز دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانلارغا ، جۈملىدىن خۇراسان پادىشاھى ھۈسەيىن بايقاراغا كىنايە قىلىدۇ .

## ( 5 ) «سەددى ئىسكەندەر» :

«سەددى ئىسكەندەر» نەۋائىنىڭ «خەمسە»سى تەركىبىدىكى ئەڭ ئاخىرقى داستانى بولۇپ ، ھەجمى ئەڭ زور داستان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . پۈتكۈل داستان 89 باب ، 7182 بېيىت ، 14364 مىسرادىن تەشكىل قىلىنغان .

ئىسكەندەر ھەققىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ مەنبەسى يۇنان تارىخىدىكى مەشھۇر ئىستېلاچى ئالېكساندىر ماكېدونىسكى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 356 ~ 323 يىللار )نىڭ شەرققە يۈرۈشى بىلەن بىۋاستە باغلىنىدۇ . ئىسكەندەرنىڭ نامى شەرقتىكى كۆپلىگەن خەلقلەردە ، جۈملىدىن ئەرەبلەردە ، پارسلاردا ، ھىندىلاردا ، تۈركلەردە ، ئافغانلاردا ، تاجىكلاردا ۋە ئۇيغۇر ، ئۆزبېكلەردە «ئىسكەندەر زۇلقەرنەين» ، «ئىسكەندەر رۇمى» ، «ئىسكەندەر مەقدۇن» دېگەنناملار بىلەن مەشھۇردۇر . مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «قۇرئان»دا ئىسكەندەرنىڭ نامىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ، ئىسكەندەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىغا كەڭ تارقىلىشىغا مەنبە بولدى . «قۇرئان»نىنىڭ 18 ـ سۈرە ، 82 ـ ، 97 ـ ئايەتلىرىدە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ «يەجۈج ـ مەجۈج» دەپ ئاتىلىدىغان ياۋايى قوۋمنىڭ يولىنى توسۇش ئۈچۈن ئىككى تاغ ئارىسىغا سېپىل سالدۇرغانلىقى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار . شۇنىڭدىن باشلاپ تارىختىكى ئالېكساندىر بىلەن ئىسلام رىۋايەتلىرىدىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ رىۋايەتلىرى ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتتى . بولۇپمۇ ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسكەندەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر كەڭ



تارقالدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسكەندەر ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىۋالغاندىن كېيىن ، بۇ يەرلەردە نۇرغۇنلىغان شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ ، قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ شەرققە تارقىلىشىغا يول ئاچقان ئىدى . شۇڭا قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا ئىسكەندەرنىڭ تارىخىغا ئائىت كۆپلىگەن يەرلىك رىۋايەتلەر مەيدانغا كەلگەن ئىدى . مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇچرايدىغان ئىسكەندەرگە ئائىت كۆپلىگەن رىۋايەتلەر بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا تۇرپان ، ئىلى ، يەتتەسۇ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان مىلادىيە 9 ـ ئەسىرگە ئائىت مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرىدا ئىسكەندەرنىڭ نامى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا (Aleksandros ) شەكلىدە تىلغا ئېلىنغان[1] ۋە ئۇنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان .

ئىسكەندەرگە ئائىت مەلۇماتلار ئاساسەن تارىخىي ۋە بەدىئىي شەكلىدە داۋاملىشىپ كەلگەن . تارىخىي تېمىدا كۆپرەك يۇنان تارىخچىلىرى مەلۇمات بەرگەن ، بەدىئىي جەھەتتىن ئاساسەن شەرق كلاسسىك ئەدىبلىرى ئىشلىگەن . شۇنداق قىلىپ ، تارىختىكى مەشھۇر ئىستېلاچى ئالېكساندىر ماكېدونىسكى ئاستا ـ ئاستا شەرقتىكى ھەر قايسى خەلقلەر ئاغزاكى ۋە يازما ئەدەبىياتىدا قايتا ـ قايتا ئىشلىنىپ ، غايىۋىلەشتۈرۈلۈپ ، ئادىل پادىشاھ ، ھەققانىي ھۆكۈمران سۈپىتىدە ، ئىسكەندەر ئوبرازىغا موقىملاشتى . مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىن باشلاپ ، ئىسكەندەر ئوبرازى شەرق خەلقلىرىنىڭ يازما ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنۋى ئوبرازغا ئايلاندى . فىردەۋسى ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «شاھنامە»سىدە ئىسكەندەرگە مەخسۇس سەھىپە ئاجراتتى . مىلادىيە 12 ـ ئەسىردە نىزامى ئۆز «خەمسە»سىدىكى بەشىنچى داستانى «ئىسكەنـ

① قاھار بارات: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نىستورىيان دىنىغا دائىر ۋەسىقىلەر» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى)، 1986 ـ يىللىق 3 ـ سان.

دەرنامە»دە ، ئىسكەندەرنى ئادالەتلىك پادىشاھ ، ئىلىم سۆيەر ھۆكۈمران سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ ، شەرقچە ئۇتوپىك جەمئىيەت غايىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى . نىزامىدىن كېيىن ، ئەمىر خىسراۋ «ئائىنەئى ئىسكەندەر» ناملىق داستانىدا ، جامى ئۆزىنىڭ «خىرەدنامەئى ئىسكەندەر» داستانلىرىدا مۇشۇ تېمىنى قايتا ئىشلىدى .

نەۋائى ئىسكەندەر ھەققىدىكى داستانىنى يېزىشقا كىرىشكەن چاغدا ، ئۆز ئۇستازلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن بۇ ھەقتە كۆپ نەرسىلەر ئۆگەندى . لېكىن نەۋائى ئىسكەندەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە كۆپلىگەن ئىختىلاپلار بارلىقىنى ھېس قىلىپ ، كۆپلىگەن تارىخىي كىتابلار ، ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەرنى ئوقۇدى ۋە تەتقىق قىلدى . بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا تارقالغان ئىسكەندەر ھەققىدىكى رىۋايەت ـ قىسسىلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلاندى . خۇددى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك : «ئىسكەندەر ھەققىدە قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا يۇناندىن خوتەنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەلقلەرنىڭ توقۇغان تۇرلۇك ـ تۇمەن رىۋايەتلىرى تارقىلىپ يۈرگەن . بۇ رىۋايەتلەر ئىسكەندەرنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنى بايان قىلىدىغان يېرىم تارىخىي ، يېرىم ئەپسانىۋى خەلق داستانلىرىغا مەركەزلەشكەن . ئۇيغۇرلار ئىسكەندەر ھەققىدە ئۆز ھاياتىغا تەتبىقلاپ تۇرلۇك رىۋايەتلەرنى توقۇغان بولۇپ ، ئۇنىڭدىن بىر قىسمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دا ئەكس ئەتكەن . ئۇ ‹ئۇيغۇر› ، ‹چىگىل› ، ‹ئالتۇن قان› قاتارلىق ناملار بىلەن ‹سۇلى› ، ‹قوچۇ› ، ‹جانبالىق› ، ‹بەشبالىق› ، ‹يېڭىبالىق› ، قاتارلىق ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ بىنا بولۇشىنى ئىسكەندەرگە ئائىت رىۋايەتلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرگەن . ئەنە شۇ خەلق رىۋايەتلىرى



ئەنئەنىۋى ئىسكەندەر تېمىسىغا ئاساس بولغان» .[1]

شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى ، نەۋائىنىڭ «سەددىي ئىسكەندەر» داستانىدىكى غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى شەرق ۋە غەربنىڭ شۇ خىل پىكىر تارىخىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغاندى . بولۇپمۇ نەۋائىغا «شەرقنىڭ ئارىستوتېلى» دەپ ئاتالغان پارابى (مىلادىيە 870 ـ 950 )نىڭ پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى ھەققىدىكى قاراشلىرى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىم ، قانۇن ، ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان غايىۋى دۆلەت ۋە ئادالەتلىك شاھ ھەققىدىكى ئىدىيىلىرى ، لۇتفىنىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» ناملىق داستانىدىكى خەلقچىللىق ئىدىيىلىرى ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن . نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق ئەسىرى تىلغا ئېلىنغان ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ ، لېكىن «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ نەۋائى ئىجادىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن . مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدىكى ئىسكەندەرنىڭ چىن خاقانى بىلەن سۈلھى تۈزگەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر بىلەن نەۋائىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدىكى ئىسكەندەر بىلەن چىن پادىشاھى ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەلەر تەسۋىرى ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ .

نەۋائى بۇ داستانىدا ، نىزامىنىڭ «ئىسكەندەرنامە» داستانىغا ئوخشاش «شاھسىز غايىۋى جەمئىيەت» قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويمىدى . بەلكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»قا ئوخشاش «ئادىل ، بىلىملىك پادىشاھ» غايىسىنى مەيدانغا چىقاردى . «نەۋائى ‹سەددى ئىسكەندەر› داستانىنى شەرقچە غايىۋى جەمئىيەت كۆز قارىشى جەھەتتە نىزامى ۋە جامىلارنىڭ شۇ ناملىق داستانلىرىنىڭ دەرىجىسىگە

[1] ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «نەۋائىنىڭ ‹سەددىي ئىسكەندەر› داستانى توغرىسىدا» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى)، 1985 ـ يىللىق 4 ـ سان .

كۆتۈرەلمىدى . ئۇ ئۆز داستانىدا شاھسىز ، سىنىپسىز ، زۇلۇمدىن
خالىي ، ھەممە باراۋەر ياشايدىغان ئۇتوپىك غايىۋى جەمئىيەت تەسۋىرى-
نى بېرەلمىدى . ئۇ ئىسكەندەرنى بىلىملىك ، قانۇن بىلەن دۆلەت
باشقۇرىدىغان ئادىل پادىشاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى . بۇ ئېھتىمال
نەۋائىنىڭ سىياسىي ئورنى ، ھۈسەيىن بايقارا ئوردىسىدا باش ۋەزىر
بولغانلىقى ۋە سىياسىي ، ئىجتىمائىي مەۋقەسى بىلەن باغلىق بولسا
كېرەك » .①

قىسقىسى ، نەۋائى بۇ داستانىدا تارىختىكى ئىسكەندەرنى ئەمەس ،
بەلكى غايىۋىلەشتۈرۈلگەن ئىسكەندەر ئوبرازىنى ياراتتى . ئۇنىڭ قەلە-
مى ئاستىدا ، پادىشاھ ئىسكەندەر بىر يۇرت ياكى بىرەر مىللەتنىڭ
ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل يەر يۈزىنىڭ پادىشاھى ئىدى . ئۇ تاجاۋۇزچى-
لىق ۋە مۇستەبىتلىكنى ئەمەس ، بەلكى بىلىم ، ئادالەت ، قانۇن
ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان ، تىنچ - خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈر-
گەن ، خەلق باياشات بىر غايىۋى جەمئىيەتنى ئىزدىگۈچى شەخس
ئىدى .

نەۋائى قەلىمى ئاستىدىكى ئىسكەندەر دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن ،
قىرغان دىگەن جايغا سورۇقچىلىق كەلتۈرۈۋاتقان يەجۇج -
مەجۇجلەردىن مۇداپىئە كۆرۈپ ، خەلقنى تىنچ ھاياتقا ئېرىشتۈرۈش
ئۈچۈن نۇرغۇن قەبىلە ۋە تائىپىلەردىن مىڭلىغان ئۇستىلارنى تەكلىپ
قىلىپ ، غايەت زور سېپىل سالدۇرىدۇ :

«كىشى ئېبەردىكى ھەر مەرزىبۇم ،
فەرەڭ ئولسۇنۇ رۇس يا شامۇ رۇم .
كى نېچە مىڭ ئۇستادۇ سەنئەتكارى ،
تامام ئەتتىلەر سەددى ئىسكەندەرى . »

① شەرىپىدىن ئۆمەر : « ‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى » ، «بۇلاق» ژۇرنىلى ، 1994 - يىللىق 1 - سان .



خۇددى نەۋائى «تارىخىي مۇلكى ئەجەم» ناملىق ئەسىرىدە ئېيت-
قاندەك : « ھەر تەقدىر بىلەن ئىسكەندەر پادىشاھ ئەردىكىم ، ئاندىن
بۇرۇنقى ۋە سوڭغى سەلاتىن بۇگۇنگىچە ئول قىلغان ئىشنى قىلمادى-
لەر ، ھەم ھەكىم ئەردى ھەم ۋالىي ، بەزى ئانىڭغا نۇبۇۋۋەت ئىسنادى
ھەم قىلىپتۇرلەر ، تۆرت يۈز ھەكىم ئانىڭ خىزمەتىدە ئەردىلەر ،
ئەپلاتۇن ئىلاھىي باشلىغ ۋە ئەرەستۇدەك ۋەزىرى بار ئەردى . سەك-
كىزمىڭ شاھ ۋە شاھزادە خىزمەتىن قىلۇر ئەردىلەر . . . »① دېمەك ،
نەۋائى بۇ ئەسىرىدە پارس كلاسسىكلىرىنىڭ ئىسكەندەر سۈژىتلىرى
ھەققىدىكى ئەنئەنىلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە قوبۇل قىلىش بىلەن بىر
ۋاقىتتا ، ئەڭ مۇھىمى ئۇنى تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنىڭ سۈژىتلىرى
بىلەن بېيىتقان ۋە ئۆزىنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي غايىسىگە
يېقىنلاشتۇرغان .

## نەۋائى «خەمسە»سىنىڭ بەدىئىي قىممىتى

نەۋائىنىڭ « خەمسە » سى « خەمسە » چىلىك تارىخىدىكى
بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ناھايىتى زور بولغان ، ئەڭ ئاخىرقى «خەم-
سە» بولۇپ قالدى . نەۋائى ئۆز «خەمسە»سىدە ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى
«بەشلىك» سۈژېتلىرىنى ئىجادىي يوسۇندا بېيىتىپلا قالماستىن ، بەل-
كى پۈتكۈل مىلادىيە 15 - ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ
ئىجتىمائىي غايىلىرى ۋە رېئال مەسىلىلىرىنىمۇ چوڭقۇر يورۇتۇپ
بەردى . يەنە بىر تەرەپتىن ، «خەمسە»چىلىكتىن ئىبارەت بۇ ئەدەبىي
ھادىسىنىڭ نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىرى ، تەرەققىيات جەريانى ۋە ئىجا-
دىيەت مېتودلىرىنى ئىلمىي - نەزەرىيىۋى جەھەتتىن يەكۈنلىدى .
شۇڭلاشقا نەۋائىدىن كېيىن ، «خەمسە» تەركىبىدىكى داستانلارغا تەق-

① «ئون بەش توملۇق نەۋائى ئەسەرلىرى توپلىمى» ، 14 - توم ، 202 - بەت .

لىد ئەسەر يازغان شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى نەۋائىنى ئۆزلىـ
ـرىگە ئۇستاز ھېسابلىدى ، شۇنداقلا نەۋائى «خەمسە»سىنىڭ ئەنئەنىـ
ـسىنى داۋاملاشتۇردى . نەۋائىنىڭ زاماندىشى ۋە ئۇستازى ، «خەمسە»
چىلىك تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان پارس شائىرى ـ جامى نەۋائى
ئەسەرلىرىگە ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «خەمسە»سىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا
بەردى ۋە نەۋائىنىڭ «خەمسە»چىلىك تارىخىدا ئەڭ يوقىرى بەدىئىي
مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇردى . نەۋائىنىڭ زاماندىـ
ـشى ، ھىندىستان بابۇرىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ـ بابۇر (مىـ
ـلادىيە 1483～1530 ) ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «بابۇرنامە»دا نەۋاـ
ـئىغا مۇنداق دەپ باھا بېرىدۇ : «ئەلىشىر بەگ تەڭدىشى يوق كىشى
ئىدى . تۈركىي تىلىدا شۇنداق گۈزەل شېئىرلارنى يېزىپتۇكى ، ھېچـ
ـكىم ئۇنىڭچىلىك كۆپ ھەم ياخشى يازغان ئەمەس . ئالتە مەسنەۋى
كىتاب يېزىپتۇ . بەش داستانىنى ‹خەمسە› ئەنئەنىسى بويىچە يېزىپتۇ .
يەنە بىرىنى پارس شائىرى ئەتتارنىڭ ‹مەنتىقۇت تەير› ئەسىرىگە
تەقلىد قىلىپ يېزىپتۇ ۋە ‹لىسانۇت تەير› (قۇشلار تىلى ) دەپ ئىسىم
قويۇپتۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ‹چاھار دىۋان› ناملىق لىرىك شېئىرلار
توپلىمى يېزىپتۇ . . . »[1]

ئۇنىڭدىن باشقا ، نەۋائىنىڭ «خەمسە»سى ھەققىدە ئۆز زاماندىشىـ
ـلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۆپلىگەن ئەدىبلەرنىڭ سان ـ ساناقسىز
باھالىرى بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ دەلىللەيدۇ .

ئومۇمەن ، نەۋائى ئۆز «خەمسە»سىدە شەرق ئەدەبىي ئويغىنىش
دەۋرىگە خاس ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنى ئىلگىرى سۈردى .
ئۇنىڭ داستانلىرى ئىجادىيەت مېتودى جەھەتتىن ئىلغار رومانتىزم
ئېقىمىغا مەنسۇپ بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا كۈچلۈك رېئالىزملىق
تېندىنسىيەلەرمۇ يانداشقانىدى .

[1] «بابۇرنامە» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى)، 319 ـ بەت.



ئەلىشىر نەۋائى «خەمسە» تەركىبىدىكى ھەر قايسى داستانلىرىنى
يېزىشتا ۋە مۇرەككەپ كۆپ قىرلىق ئوبرازلارنى يارىتىشتا ، ئۆزىدىن
ئاۋۋال ئۆتكەن شەرق شائىرلىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىـ
ـنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن ھەمدە قەدىمكى يۇنان ، ئەرەب ، پارس ، تۈركىي
تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ئۇتۇق ۋە تەجرىبىلىرىدىن
بەھرىمەن بولغان .

نەۋائىنىڭ «خەمسە»سى مىلادىيە 15 ـ ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا
مەدەنىيەت گۈللىنىشىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆزىدە ھەر
جەھەتتىن مۇجەسسەملىدى : «شەرق ئويغىنىش دەۋرى مەدەنىيىتىنى
تەكشۈرۈش تېخى ئەمدىلا باشلاندى . غەربتە ئويغىنىش دەۋرى كاپىتاـ
ـلىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىخلانغان دەۋردە يۈز بەرـ
ـگەن بولسا ، شەرقتە فېئودالىزم شارائىتىدا مەيدانغا كەلدى . نەۋائى
ئىجادى دەل شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ مەھسۇلىدۇر » .[1] مۇشۇ
مەنىدىن ئېيتقاندا ، نەۋائىنىڭ «خەمسە»سى نوقۇل بەدىئىي يۈكسەكـ
ـلىككە ئېرىششىنى كۆزلەپلا قالماستىن ، بەلكى چوڭقۇر ئېنسىكلوـ
ـپېدىيىلىك بىلىملەرنى ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك مەدەنىيەت جۇغلانمىسىـ
ـنى ئۆزىدە نامايان قىلدى .

شۇڭلاشقا ، نەۋائى «خەمسە»سىدە ، شەرق ئەدەبىياتى ، جۈملىـ
ـدىن ئەرەب ، پارس ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر كلاسسىك ئەدەبىياتى
ئېرىشكەن ئۇتۇقلار بىلەن قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسى ئېرىشكەن ئۇـ
ـتۇقلار ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلدى . ئۇنىڭ قەھرىمانلىرى يۈسۈپ
خاس ھاجىپ ، نىزامى قاتارلىق شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە
ئىپادىلەنگەن شەرقچە غايىۋى دۆلەت ۋە ئۇتوپىك روھنى ئىپادىلەپلا
قالماستىن ، بەلكى يەنە قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى پلاتوننىڭ «غايىۋى
دۆلەت»ىدىن ئوزۇقلاندى . نەۋائى ئۆز قەھرىمانى پەرھادنى قەدىمكى

[1] شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، 483 ـ بەت.

ئىلىم - ھېكمەت ماكانى - يۇنانغا تەلپۈندۈردى . بۈيۈك پەيلاسوپ
سوقرات بىلەن ئۇچراشتۇردى . پەرھاد يونان پەيلاسوپى سوقرات بىلەن
بولغان سۆھبەت جەريانىدا مەنىۋى كامالەتكە ئېرىشتى . . . نەۋائى يەنە
قەدىمكى يونان ئىستېلاچىسى ئالېكساندر ماكېدونىسكىنى شەرقچە غا-
يىۋى دۆلەتنىڭ ئادالەتلىك پادىشاھى ، ئىلىم سۆيەر ھۆكۈمرانى ئىس-
كەندەر قىلىپ تەسۋىرلىدى ۋە ئۇنى يۈكسەك دەرىجىدە غايىۋىلەشتۈر-
دى . شەرقچە غايىۋى دۆلەتنىڭ ئادىل پادىشاھى ئىسكەندەرنىڭ ئۇس-
تازلىرى سۈپىتىدە ئەپلاتۇن ( PLATON ) ، ئەرەستو (
ARESTTLE ) ، سوقرات (SOKRAT ) قاتارلىق قەدىمكى يونان
مۇتەپەككۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى . خۇددى نەۋائىشۇناس ۋاھىد
زاھىدۇف ئېيتقاندەك : «نەۋائىنىڭ قەلىمى ئاستىدا ، يۇنان پەيلاسوپ-
لىرىنىڭ پىكىرلىرى ، ئالىيجاناب غايىلىرى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرى ،
پەرھادنىڭ پائالىيىتى ئۈچۈن مەنبە بولىدۇ . ئۇلار پەرھادنىڭ تەقدى-
رىنى ، ھايات يولىنى بەلگىلەيدۇ ؛ پەرھادقا ئىنسانىيەت ئۈچۈن ،
گۈزەل ھايات ئۈچۈن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىشقا ، ياخشىلىق ۋە
گۈزەللىكنى سۆيۈشكە ، مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاشقا كۆرسەتمە بېرىدۇ ؛
ئۇلار پەرھادنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىنىڭ پروگراممىسىنى سىزىپ بېرى-
دۇ ؛ ئۇلار پەرھادقا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي بۇرچىنى ھېس قىلدۇرى-
دۇ . ئەسىرلەردىن بۇيان ، زۇلۇم ئاستىدا ئېزىلگەنلەرنى ئازاد قىلىش-
قا ، ئەجدىھالارنى ، ئەھرەمەن دېۋىلارنى يوقىتىشقا چاقىرىدۇ»①

نەۋائى «خەمسە»سىدە ئىنسانىيەتنىڭ ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ
بۈيۈك دوستلۇقىنى مەدھىيىلىدى . ئىنسانپەرۋەرلىك غايىلىرىنى ئىل-
گىرى سۈردى . ئۆز قەھرىمانلىرىنى بىر مىللەت ياكى بىر دۆلەت
زېمىنىدا ئەمەس ، بەلكى جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن چەكسىز كەڭ

① ۋاھىد زاھىدوف: «ئۇلۇغ شائىر ئىجادىنىڭ قەلبى» (تاشكەنت، 1959 - يىل نەشرى)، 229 -
بەت.



بولغان كۆپلىگەن ئەللەردە - ماۋەرائۇننەھر ، خۇراسان ، چىن ، كەش-
مىر ، خوتەن ، ھىند ، يەمەن ، مىسىر ، ھەبەش ، ئەرەبىستان ، شام ،
ئىران ، رۇم ، فەرەڭ ، يۇنان ، ئەرمەنىستان ، ئورۇس ، كافكازلاردا
پائالىيەت قىلدۇردى . «خەمسە» قەھرىمانلىرى دۇنيانىڭ تۈرلۈك
جايلىرىدا ياشىسىمۇ ، لېكىن ئۇلار بىر - بىرى بىلەن دوستانە مۇنا-
سىۋەتتە بولىدۇ ، بىر - بىرىنى سۆيىدۇ ، ئورتاق غايە ئۈچۈن كۈرەش
قىلىدۇ .

دەرۋەقە ، بۇنداق دۇنياۋى دوستلۇق ۋە خەلقئارالىق ئىنسانلار
مۇناسىۋىتى نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى يەنىمۇ كېڭەيتىدۇ .
چىن شاھزادىسى پەرھاد ئەرمەن گۈزىلى شېرىنىنى سۆيىدۇ . ئىران
پادىشاھى بەھرام چىن دۆلىتىدىكى گۈزەل قىز دىلئارامنى ياخشى
كۆرىدۇ .

نەۋائى «خەمسە»سىدىكى بۇ خىل دۆلەت ۋە مىللەت ھالقىغان
خەلقلەر دوستلۇقى بىلەن مۇھەببەت تېمىلىرى ئەدەبىي ئويغىنىش
دەۋرىدىكى ياۋروپا يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ .
«شېكىسپىر ئەسەرلىرىدىكى قەھرىمانلارمۇ ۋېنېتسىيىلىكلەر ، ئىتال-
يانلار ، رىملىقلار قاتارلىقلار ئىدى . بۇ ئېھتىمال ئويغىنىش دەۋرىگە
خاس خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك » . ① نەۋائى ئىجادىيىتى-
نىڭ شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى بىلەن چەمبەرچاس
باغلانغانلىقىنى رۇس ئالىمى ژىرمونىسكىمۇ تەكىتلىگەنىدى .

نەۋائى «خەمسە»سىدە سۆيگۈ ۋە گۇمانىزم غايىلىرى ئىزچىل
ئىپادىلەندى . نەۋائى مۇھەببەت ئادەملەرنى بىرلەشتۈرىدۇ ، قەلبىنى

① شەرىپىدىن ئۇمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، 485 - بەت.

پاكلايدۇ ، ئىنساننى ھەقىقىي ئىنسان دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ دەپ قارىدى ھەمدە «پەرھاد - شىرىن» ، «لەيلى - مەجنۇن» داستانلىرىدا بۇ پىكرىنى چوڭقۇر ئىپادە قىلدى . رۇس ئالىملىرىدىن كونراد ، ژىرمونسكى ، بېرتېلس قاتارلىقلار نەۋائىينىڭ مۇھەببەت داستانلىرىنى شېكىسپېرنىڭ «رومىئو - ژۇلىېتتا» تراگېدىيىسى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدى ۋە يۇقىرى باھا بەردى .[1]

قىسقىسى ، نەۋائىينىڭ «خەمسە»سى شەرق ئەدەبىياتىدىكى «خەمسە»چىلىك ئەنئەنىسى تارىخىدا ئەڭ پارلاق بەدىئىي نەمۇنە بولۇپ قالدى .

① ئابدۇقادىر ھېيتمەتوف: «نەۋائىينىڭ ‹خەمسە› سى ۋە جاھان ئەدەبىياتى» (ئۆزبېكىستان ئەدەبىيات - سەنئىتى)گېزىتى، 1986 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى.



# نەۋائىينىڭ نەسرىي ۋە ئىلمىي - نەسرىي ئەسەرلىرى

ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ نەسرىي ۋە ئىلمىي - نەسرىي ئەسەرلىرى سالماق ئورۇن تۇتىدۇ .

نەۋائىينىڭ نەسرىي ئەسەرلىرىنى تۆۋەندىكىچە گۇرۇپپىلاش مۇمكىن :

1 . تىل - ئەدەبىياتقا دائىر ئىلمىي ئەسەرلەر : «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» ، «مىزانۇل ئەۋزان» ، «مەجالىسۇن نەفائىس» ، «رىسالەئى مۇئەممما» ، «مۇفرەدات» ؛

2 . بىئوگرافىك ئەسەرلەر : «خەمسەتۇل - مۇتەھەييىرىن» ، «ھالاتى سەئىد ھەسەن ئەردەشىر» ، «ھالاتى پەھلەۋان مۇھەممەد» ؛

3 . ئىجتىمائىي - پەلسەپىۋى ۋە دىداكتىك خاراكتېردىكى ئەسەرلەر : «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ؛

4 . تارىخ ۋە دىن تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەر : «تارىخىي مۇلكى ئەجەم» ، «تارىخىي ئەنبىيا ۋە ھۆكەما» ؛

5 . تەسەۋۋۇپ ۋە دىنغا ئائىت ئەسەرلەر : «نەسايىمۇل مۇھەببەت» ، «ۋەقفىيە» ، «چىھىل ھەدىس» ، «سىراجۇل مۇسلىمىن» ؛

6 . مەكتۇبلار : «مۇنشەئات» ؛

ئۇنىڭدىن باشقا ، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ دىۋانلىرىغا يېزىلغان «دىباچە»لەر ، «نەزمۇل جەۋاھىر»نىڭ مۇقەددىمىسى ، قىتئەلىرىدىكى ماۋزۇ ئورنىدا بېرىلگەن نەسرىي بايانلارنىمۇ بۇنىڭغا كىرگۈزۈش مۇمكىن .

تۆۋەندە بۇلاردىن بىرقانچىسىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز .

## «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»

تىل — ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىللارنىڭ بىرى . ياكۇب گرىم : «بىر مىللەتنىڭ تىلى ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتنىڭ تارىخىدۇر . بىر مىللەتنىڭ تارىخىغا نىسبەتەن ئۇستىخان ـ سۆڭەك ، قەبرە ـ كېپەنلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق بىر پاكىت باركى ، ئۇ بولسىمۇ دەل ئۇلارنىڭ تىلىدۇر» دەيدۇ . دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر تاشلىساق ، بىر ئەل ياكى بىر خەلقنىڭ مەدەنىيىتى گۈللەنگەن دەۋرى دەل ئۇلارنىڭ مىللىي تىلىنىڭمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ۋە تاكامۇللاشقان دەۋرى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز .

نەۋائى ياشىغان دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيەت ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ، پەلسەپە ۋە باشقا ئاڭ فورماتسىيىلىرىدە جىددىي ئىسلاھاتقا دۇچ كېلىپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە تۈركىي تىلىنىڭ ئىستىقبالى مەسىلىسىدىمۇ كەسكىن ئويلىنىشقا توغرا كەلدى . چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادا ئىسلامىيەت غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ، ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ تەسىر دائىرىسى غەربتە ئىسپانىيىدىن شەرقتە جۇڭگو چېگرىسىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىلەرگە يېتىپ باردى . بۇنىڭ بىلەن بىرلىككە كەلگەن ئىمپېرىيە ئىچىدە ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى مىسلىسىز دەرىجىدە گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى . ئەرەب تىلى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولغان «قۇرئان»نىڭ تىلى سۈپىتىدە پۈتكۈل ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىن ، ئالاقە ۋە ئىلىم ـ پەن تىلىغا ئايلاندى ھەمدە باشقا مىللىي تىللارنى بارغانسېرى چەتكە



قېقىشقا باشلىدى . بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەرەب ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى مەدەنىيەتلىك خەلق پارسلار ئەڭ ئالدى بىلەن مىللىي تىل مەسىلىسىدە كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇردى . پارس زىيالىيلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن ھەرىكەتكە كېلىپ ، مەدەنىيەتتە ئەرەب تىلىنىڭ يېگانە مونوپوللۇقىغا قارشى تۇردى . پارس تىلىدا ئەسەر يېزىپ ، «شۇئۇبىيە» ھەرىكىتى دەپ ئاتالغان مەدەنىيەت ئىسلاھاتى قوزغىدى ۋە مىللىي مەدەنىيەت تىرىلىشى ئېلىپ باردى . بۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى ، يەنى خۇراسان رايونىنى مەركەز قىلغان ھالدا دارى پارس تىلى قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى . دارى پارس تىلى پەھلەۋى تىلىنى ئاساس قىلىپ ، ئەرەب تىلى بىلەن بولغان رىقابەت جەريانىدا شەكىللەنگەن كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر پارس ئەدەبىي تىلى ئىدى . ئۆز دەۋرىدە رۇداكى (مىلادىيە 850 ـ 941) ، فىردەۋسى (مىلادىيە 940 ـ 1020) قاتارلىق شائىرلار دارى پارس تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ ، پارس ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە ئاساس ياراتتى ۋە ئەرەب تىلىنىڭ ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مونوپوللۇقىغا خاتىمە بەردى .

مىلادىيە 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان جەريان پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ . مانا مۇشۇ ئۇزاق جەرياندا پارس ئەدەبىي تىلى ئىران تەۋەسىدىن ھالقىپ چىقىپ ، شىمالىي ھىندىستان ، پامىر ، ماۋەرائۇننەھر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى . بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىرىغا ، جۈملىدىن چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇئەييەن رول ئوينىدى . مىلادىيە 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە پارس تىلى ئەرەب تىلىنىڭ شەرقىي رايونلىرىدىكى تەسىرىگە تامامەن خاتىمە بەردى . بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا پارس تىلىنىڭ تەسىرى كۈچىيىپ ، تۈركىي تىلى بىلەن بىۋاسىتە رىقابەتلەشتى . تۈركىي تىللارنىڭ لۇغەت

تەركىبىگە پارس تىلىنىڭ سۆزلۈكلىرى كۆپلەپ ئۆزلىشىشكە باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ، مىلادىيە 15 - ئەسىرگە كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىرى جىددىي كرىزىسكە دۇچ كەلدى. پارس تىلىنىڭ كۈچلۈك خىرىسى ۋە كۆپ قىسىم تۈركىي ئاپتورلارنىڭ پارس تىلىدا ئەسەر يېزىشقا مەھلىيا بولۇشى تۈركىي تىلىنىڭ تەقدىرىگە تەرەققىي قىلىش ياكى كەينىگە چېكىنىش مەسىلىسىنى تاڭدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نەۋائىي دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەھمەد يەسەۋى، رابغۇزى قاتارلىقلار تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلغان تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنىڭ ئەنئەنىسى خېلىلا سۇسلاشقانىدى. نەۋائىي دەۋرىدە گەرچە لۇتفى، سەككاكى ۋە ئاتايى قاتارلىق شائىرلار تۈركىي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تۈركىي تىلى بىلەن شېئىرلار يېزىپ، چاغاتاي ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن خۇددى نەۋائىي ئېيتقاندەك، بۇ تۈركىگويى شائىرلارنىڭ لۇتفىدىن باشقىسى پارس ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر شائىرلارنىڭ يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتى بىلەن تەڭلىشەلمەيتتى ھەمدە كۈنسېرى ئۇلغىيىپ كېتىۋاتقان پارسگويلۇق ئېقىمىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمىگەنىدى.

ئەھۋال ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى. ئۆز دەۋرىدە خۇددى مەھمۇد قەشقەرى ئېيتقاندەك: «ئەرەب تىلى بىلەن خۇددى بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتتەك تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقان» تۈركىي تىلى ئەمدىلىكتە پارس تىلىنىڭ كۈچلۈك خىرىسىغا دۇچ كەلگەنىدى. تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان پادىشاھلار تۈركىي تىل ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن تېمۇرىيلەر دۆلىتى يەنىلا ناھايىتى قويۇق بولغان پارس مەدەنىيىتى چەمبىرىكى ۋە كەيپىياتى ئىچىدە



تۇرماقتا ئىدى. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بىر قىسىم ئەدىب - شائىرلار ئۆز ئانا تىلىدا ئەمەس، بەلكى پارس تىلىدا ئەسەر يېزىشنى خۇددى ئابرۇي بىلىدىغان، ھەتتا تۈركىي تىلدا ئەسەر يازغانلارنى مەسخىرە قىلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدى.

بۇنداق بولۇشىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار ئىدى. تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىران تېررىتورىيىسىدە قۇرغان سالجۇقىيلار قاتارلىق بىرقانچە ھاكىمىيەتلەردە پارس تىلى ھاكىمىيەت تىلى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىلادىيە 10 - ئەسىردىن 15 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا پارس ئەدەبىي تىلى ۋە ئەدەبىياتى گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن بولۇپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادا زور تەسىر پەيدا قىلغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە پارسلار بىلەن يېقىن قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىدى. پارسچە يېزىش، پارسچە ئوقۇش دولقۇنى ئەۋج ئالدى. ھەتتا بەزى تۈركىي ئەدىبلەرنىڭ پارسچىغا بولغان چوقۇنۇشى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇلار «فارسىي شېكەرەست» (پارس تىلى شېكەر تىل)، «ئەرەبىي ھەسەلەست» (ئەرەب تىلى ھەسەل تىل) دەپ داۋراڭ سېلىشتى. تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ تەقدىرى جىددىي ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. تۈركىي تىلى دۇچ كەلگەن بۇ ئېغىر خەۋپنى ئەلىشىر نەۋائىي ھەممىدىن چوڭقۇر ھېس قىلدى. خۇددى ئۇنىڭ «شۇ ئېھتىمالغا ھەرگىز يول قويغىلى بولمايدۇكى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ تالانت ئىگىلىرى پۈتۈن پارس تىلى بىلەن شېئىر يازسۇن - دە، تۈركىي تىل بىلەن يازمىسۇن بەلكى كۆپچىلىكى يازالمىسۇن» دېگىنىدەك، ئۇنىڭ مىللىي غۇرۇرى ئۆز ئانا تىلىنىڭ بۇ تەقدىرىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقا يول قويمىدى. نەۋائىي تۈركىي تىلىنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئورنىنى ۋە شۇ ئارقىلىق

تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنى قوغداش ئۈچۈن بەل باغلىدى.①
شۇنىڭ بىلەن نەۋائى ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى جاپالىق ئىزدىنىشى-
نى باشلىدى. ئۇ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» دېگەن ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ
تۈركىي تىلغا بولغان دەسلەپكى تەسىراتىنى مۇنداق بايان قىلدى:
«ئەقىل يېشىغا قەدەم قويغىنىمدىن كېيىن، ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا
تەبىئىتىمگە بەخشەندە قىلغان غارايىبچانلىق، ئەستايىدىللىق ۋە مۇش-
كۈلاتچىلىق روھىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تۈركىي تىل ئۈستىدە مۇلاھى-
زە يۈرگۈزۈشنى لازىم تاپتىم. مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگىنىمدىن كې-
يىن، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئون سەككىزمىڭ ئالەمدىن ئارتۇق بىر
ئالەم نامايان بولدى. مەن ئۇ يەردە توققۇز پەلەكتىن ئېشىپ چۈشكەن
بىر زىبۇ زىننەت ئاسمىنىنى كۆردۈم. دۇرلىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ جۇ-
لالىق بىر يۈكسەكلىك ۋە بۈيۈكلۈك خەزىنىسىنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭ
يۇلتۇزلاردىنمۇ گۈزەل گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن گۈلشەنىگە يولۇق-
تۇم. ئۇنىڭ ھەرىمى ئەتراپىغا ئادەم ئايىغى يەتمىگەن، غارايىباتلىرىغا
ھېچكىمنىڭ قولى تەگمىگەنىدى. ئەمما خەزىنىنىڭ يىلانلىرى دەھ-
شەتلىك، گۈلشەنىنىڭ تىكەنلىرى سانسىز ئىدى. مەن سەنئەت ئەھلى-
نىڭ دانالىرى مۇشۇ يىلانلارنىڭ ئۆتكۈر نەشتىرىدىن قورقۇپ، بۇ
خەزىنىلەردىن بەھرىمەن بولالماي ئۆتۈپتۇ، نەزم قوشۇنىنىڭ گۈلدەس-
تىچىلىرى مۇشۇ تىكەنلەردىن ئېھتىيات قىلىپ، بەزمىگە لايىق گۈل
ئۈزەلمەي كېتىپتۇ، دەپ ئويلىدىم. مېنىڭ يۈكسەك ئىرادەم، قور-
قۇش ۋە بىپەرۋالىقتىن خالىي تەبىئىتىم بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىشىمگە
يول قويمىدى. مەن بۇ يەرنى تاماشا قىلىپ تويمىدىم، تالانتىم لەشكەر
بولۇپ، بۇ ئالەم مەيدانىدا ئات ئويناتتى. خىيالىم قۇش بولۇپ بۇ
ئالەم ئاسمىنىدا ئېگىز پەرۋاز قىلدى. دىلىم سەرراپ بولۇپ، بۇ

① ئەلىشىر نەۋائى: «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى)، كىرىش سۆز قىسمىغا قاراڭ، 5 ـ بەت.



جەۋھەرلەر خەزىنىسىدىن ھېسابسىز قىممەتلىك ياقۇت ۋە دۇرلارنى
ئالدى. كۆڭلۈم گۈل تەرگۈچى بولۇپ، بۇ گۈلشەن رەيھانلىرىدىن
چەكسىز خۇش پۇراق گۈللەرنى يىغدى».①
نەۋائى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، تۈركىي
تىلىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى يوشۇرۇن كۈچىدىن باشقا يەنە ئۇنى
ئىلمىي جەھەتتىن ـ تىلشۇناسلىق نوقتىسىدىن تەتقىق قىلىشىنىڭ
زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مىلادىيە
1499 ـ يىلى ئۆزىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» (ئىككى تىل توغ-
رۇلۇق مۇھاكىمە) ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يازدى. نەۋائىنىڭ بۇ
ئەسىرى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسى-
رىدىن 500 يىل كېيىن، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ساھەسىدە يې-
زىلغان يەنە بىر مۇھىم ئەسەر بولۇپ، مىلادىيە 15 ـ ئەسىردىكى
تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىچكى ئالاھىدىلىكلىرى ۋە بەدىئىي ئىجادى-
يەتتىكى ئىمكانىيەتلىرى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق مۇپەسسەل يو-
رۇتۇپ بېرىلگەن. «نەۋائى بۇ ئەسىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىدا چاغاتاي
تىلى (يېقىنقى زامان تۈركىي ئەدەبىي تىلى)نى پارس تىلى بىلەن
سېلىشتۇرۇپ، چاغاتاي تىلىدىكى ئەۋزەللىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرى-
دۇ. چاغاتاي تىلىدا ئۇقۇمنى نازۇك جەھەتلەردىن پەرقلەندۈرۈپ
بېرەلەيدىغان سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، بەزى ساھەلەرگە خاس بولغان
سۆز ئاتالغۇلارنىڭ موللۇقىنى، تۈيۈق يېزىش، قاپىيە كەلتۈرۈش
قاتارلىق بەدىئىي ماھارەت ۋە سۆز تۈرلەش، سۆز ياساش ئىمكانىيەتى-
لىرىنىڭ كەڭلىكىنى نۇرغۇنلىغان مىساللار بىلەن ئىسپاتلايدۇ. چاغا-
تاي تىلى مۇشۇنداق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغقى-
چە بىركىم تەرىپىدىن ئىسپاتلاپ كۆرسىتىپ بېرىلمىگەنلىكى ئۈ-
چۈن، بۇ ئەۋزەللىكلەر يوشۇرۇن ھالەتتە قالغانلىقىنى، تۈركىي تىل-

① نەۋائى: «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، 28 ~ 29 ـ بەتلەر.

لىق شائىرلار ، بولۇپمۇ ياش شائىرلار ياخشى مۇلاھىزە قىلمايلا پارس تىلىنى ئەۋزەل بىلىپ ، شېئىرنى پارس تىلى بىلەن يېزىشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە تۈركىي تىللىق شائىرلار بارغانسېرى ئۆز ئانا تىلىنى ياخشى بىلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئېچىنىش بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا چاغاتاي تىلى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە بەل باغلىغانلىقىنى ، ئىزدىنىش نەتىجىسىدە بۇ تىلنىڭ مول بايلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ ، چەكسىز غۇرۇرلانغانلىقىنى ، بۇ تىلنى پۇختا ئىگىلىگەن ئاساستا بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك پەللىنى ئىگىلىگەن ئەسەرلىرىنى يارىتىشقا مۇۋەپپەق بولغانلىقىنى ، ئاخىردا ئۆز ئىشىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە بۇ ئەسەرنى يازغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ » .①

شۇنداق قىلىپ ، نەۋائى قەلبىگە بۈيۈك مەقسەتلەرنى پۈكۈپ ، مەردانىلىك بىلەن تۈركىي تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ باردى ۋە تۈركىي تىلنىڭ پارس تىلىدىن قېلىشمايدىغان گۈزەل تىل ئىكەنلىكىنى ، ئۆز ئەسەرلىرىدىكى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن نامايان قىلدى . بولۇپمۇ بۇ دەۋردىكى تۈركىي تىلى تىرىلىش ھەرىكىتى ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئىجادىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى . شائىر ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلار توپلىمى «خەزائىنۇل مەئانى» بىلەن داستانلار توپلىمى «خەمسە»دە تۈركىي تىلنىڭ بەدىئىي قۇدرىتىنى جەۋلان قىلدۇردى . شۇڭلاشقا ، نەۋائىنىڭ ئۇستازى ۋە زاماندىشى ، بۈيۈك پارس ـ تاجىك مۇتەپەككۇرى ئابدۇرەھمان جامى ئۆزىنىڭ «خىرەدنامەئى ئىسكەندەر» (ئىسكەندەر ئەقىلنامىسى) ناملىق داستانىدا نەۋائى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ :

«تۈركىي تىلىدا داغى نەقش كەلدى ئەجەب ،

① ئەلىشىر نەۋائى: «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، كىرىش سۆز قىسمىغا قاراڭ، 2~3 ـ بەتلەر.



ھەتتا سېھىرگەرلەرمۇ باغلىدى لەب .
بۇنداق گۈزەل نەقش چۈشۈرگەن قەلەم ،
بېشىغا ئافىرىنلار ياغدۇرسۇن ئالەم .
كەچۈرسۇن پارسىيدا گۆھەر تەرگەنلەر ،
دارى تىلىدا دۇر ، خەزىنە بەرگەنلەر .
بۇنىڭ تىلى ھەم گەر بولسا دارى .
مەجالسىز قالاتتى ئۇلارنىڭ بەرى .»

ئۇنىڭدىن باشقا ، نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىدە تۈركىي تىلنىڭ ئۆلگەن جىسمىغا جان كىرگۈزۈپ ، جانلىق تىلدىلا قوللىنىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان بەزى لېكسىكىلىق سۆزلەملەرنى بەدىئىي ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىردى ۋە چاغاتاي تىلىنىڭ ئەدەبىي سۆز بايلىقىنى ئاشۇردى . ئۆزبېكىستان «پەن» نەشرىياتى نەشر قىلغان تىلشۇناس بەھرام باقايېفنىڭ : «نەۋائى ئەسەرلىرى لېكسىكىسى» ناملىق ئەسەردىكى سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، پوشكىن ئۆز ئەسەرلىرىدە جەمئىي 21197 سۆز ، شېكىسپىر 20 مىڭدىن كۆپرەك سۆز ، سېرۋانتېس 18 مىڭ سۆز ، ئابدۇللا توقاي 14 مىڭ ، ئاباي 6 مىڭ سۆز ئىشلەتكەن . ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە تەخمىنەن بىر مىليون 378 مىڭ 67 سۆز ئىشلىتىلگەن بولۇپ ، ئۇلار 26 مىڭ 35 لېكسىكىلىق بىرلىكتە ئومۇملاشقان . نەۋائى پەقەت «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىدىلا 5431 سۆز ئىشلەتكەن .②

نەۋائى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» نام-

① «جامى ۋە نەۋائى» (تاشكەنت، 1989 ـ يىل نەشرى)، 20 ـ بەتتىكى فارسچە، 42 ـ بەتتىكى ئۆزبېكچە تەرجىمە شېئىرغا قاراڭ.

② يۇسۇپ جۇمەنەزەروف: «نەۋائى قانچە سۆز ئىشلەتكەن» ـ «ئۆزبېكىستان ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» گېزىتى، 1986 ـ يىل 10 ـ يانۋار سانىغا قاراڭ؛ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

لىق ئىلمىي ئەسىرىدە تۈركىي تىلىنى فونېتىكا ، لېكسىكا ۋە گراماـ
تىكا جەھەتلەردىن پارس تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ، تۈركىي تىلىنىڭ
بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى يوشۇرۇن هاياتىي كۈچىنى نەزەرىيە جەھەتتىن
دەلىللىدى . تۈركىي تىلىنىڭ بەزى جەھەتلەردىن پارس تىلى مۇمكىن
بولمىغان ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ، لېكىن تۈرـ
كىي ئاپتورلارنىڭ بۇ خىل ئىمكانىيەتلەرگە سەل قارىغانلىقىنى كۆرـ
سىتىپ ئۆتىدۇ . نەۋائى بۇ ئەسىرىدە ئۆز دەۋرىدىكى پارسگۈي ئەدىبـ
لەرگە قارىتىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ : « . . . بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ،
مۇخالىپ ۋە دەۋاگەرلىرىم ‹نەۋائىنىڭ تەبىئىيتى تۈركىي تىلىغا
مايىل بولغىنى ئۈچۈن بۇ تىلنىڭ تەرىپىدە مۇبالىغە قىلىۋاتىدۇ .
پارس تىلى بىلەن ئالاقىسى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى چەتكە قېقىپ
ئىنكار قىلىۋاتىدۇ › دەپ قالمىسۇن . هالبۇكى ، پارسچىنى ئەتراپلىق
ئىگىلەش ۋە چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش يولىدا هېچكىم مەندىن
ئارتۇق ئىش قىلغان ئەمەس . ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىق ـ كەمچىلىك تەرەپـ
لىرىنى هېچكىم مېنىڭدىن ياخشىراق بىلگەن ئەمەس » .[1]

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى ، نەۋائى يۇكسەك ئىشەنچ بىلەن تۈركىي
تىلىنىڭ پارس تىلىدىن قېلىشمايدىغان گۈزەل ۋە پاساھەتلىك تىل
ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ مەنە مۇمكىنچىلىكىنىڭ چەكسىزلىكىنى قەيت
قىلىدۇ . نەۋائى مەزكۇر ئەسەردە تۈركىي ئاپتورلارنى ، بولۇپمۇ پارسـ
گۈيلۇققا مەھلىيا بولۇپ كەتكەن ياش شائىرلارنى ئۆز ئانا تىلىدا
يېزىشقا دەۋەت قىلىدۇ ھەمدە بۇ پىكرىنى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن
دەلىللەيدۇ : « . . . شۇ قەدەر مول ۋە نازۇك ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىـ
غان تۈركچە سۆز ـ ئىبارىلەر بىرەر كىشى تەرىپىدىن مۇلاھىزە
قىلىنىپ ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ھالىتى كۆرسىتىپ بېرىلمىگەنلىكـ
تىن ، هازىرغىچە يوشۇرۇن هالەتتە تۇرۇپ كەلدى . بىلمىسىز ھەم

① نەۋائى: «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، 33 ـ بەت.



بېلى بوش تۈرك يىگىتلىرى ئىشنىڭ ئوڭىينى كۆزلەپ پارس تىلى
بىلەن شېئىر يېزىشقا بېرىلىپ كەتتى . ۋەھالەنكى ، ئەگەر ئۇلار
ياخشى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەن بولسا ئىدى ، ئۆز تىلىدىكى شۇ
قەدەر كەڭ ئىمكانىيەتلەرنى بايقىغان ۋە بۇ تىلدا ھەر خىل پىكرىنى
ئىپادىلەش ، خۇش سۆزلۈك ، شائىرانىلىك ۋە داستانچىلىق سەنئەتلىـ
رىنى كۆرسىتىش تېخىمۇ ئاسان بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بولاتتى .
دەرۋەقە بۇ ئەمەلىيەتتىمۇ ئاسان ئىدى . يۇقىرىدا تۈركىي تىلىنىڭ
كەڭ مەنىلىكى ۋە ھەر تەرەپلىمىلىكى شۇنچە دەلىللەر بىلەن ئىسپاتـ
لاپ كۆرسىتىلدى . روشەنكى ، بۇ خەلق ئىچىدىن چىققان تالانت
ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيەت ۋە تالانتلىرىنى ئۆز تىلى تۇرغان
يەردە باشقا تىل بىلەن نامايان قىلماسلىقى كېرەك ئىدى ۋە مۇنداق
ئىشقا كىرىشمەسلىكى كېرەك ئىدى . ئەگەر ھەر ئىككى تىلدا يېزىش
قابىلىيىتى بولسا ، ئۆز تىلىدا كۆپرەك يېزىپ ، باشقا تىلدا ئازراق
يېزىشى كېرەك ئىدى . بەك ئېشىپ كەتكەندىمۇ ئىككى تىل بىلەن
ئوخشاش يېزىش كېرەك ئىدى . شۇ ئېھتىمالغا ھەرگىز يول قويغىلى
بولمايدۇكى ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ تالانت ئىگىلىرى پارس تىلى بىلەن
شېئىر يازسۇن ـ دە ، تۈركىي تىل بىلەن يازمىسۇن ، بەلكى كۆپچىـ
لىك يازالمىسۇن ، يازسىمۇ خۇددى سارتلار (پارسلار ) تۈركىي تىل
بىلەن يازغان شېئىردەك خۇش سۆز تۈركلەر قېشىدا ئوقۇيالمىسۇن
ۋە ئۆتكۈزەلمىسۇن ، ئوقۇسىمۇ ھەر سۆزدىن يۈز ئەيىب تېپىـ
لىپ ، ھەر جۈملىسى يۈز ئېتىرازغا ئۇچرىسۇن » .[1]

مانا بۇ نەۋائىنىڭ «يۇكسەك ئىرادە ، قورقۇش ۋە بىپەرۋالىقتىن
خالىي تەبىئىتى »دىن ئۇرغۇپ چىققان ئانا تىل غۇرۇرى ئىدى ! ئۆز
دەۋرىدە مۇنداق قاراشلارنى تىلشۇناسلىق ۋە مەنتىقە ئىلمىي نۇقتىسىـ
دىن ئوتتۇرىغا قويۇش ئاسان ئەمەس ئىدى . خۇددى نەۋائى : «مەن

① نەۋائى: «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، 26 ـ 27 ـ ، 53 ـ بەتلەر.

تۈرك خەلقىنىڭ خۇش تىللىرىغا بۈيۈك بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ
بەردىم»① دېگىنىدەك، ئۆزىنىڭ تەشەببۇسلىرى ۋە ئىجادىيەت ئەمەلى-
يىتى ئارقىلىق زاماندىشلىرى ۋە ۋەتەنداشلىرىغا ئەڭ يارقىن ئۈلگە
تىكلەپ بەردى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، نەۋائىي بىر ئۇلۇغ شائىرلا
ئەمەس، بەلكى يەنە كەسكىن نەزەرىيىچى، مۇتەپەككۇر ۋە تۈركىي
تىل ئىنقىلابىنىڭ يېتەكچىسى ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە نەۋائىي ۋە-
كىللىكىدىكى تۈركىي تىللىق ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلى-
رى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مىلادىيە 15 - ئەسىردىكى ئاخىرقى
قېتىملىق مەدەنىيەت گۈللىنىش دەۋرىنى - «كەنجى ئويغىنىش دەۋ-
رى»② نى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ دەۋر گەرچە تېمۇرىيلەر دۆلىتىنىڭ
يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئاخىرلاشقان بولسى-
مۇ، لېكىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر
تەپەككۇرىنىڭ ئۆزلىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى، تۈركىي ئەدەبىي
تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

نەۋائىينىڭ يازغىنىدەك:

«تۈرك نەزمىدە چۇ تارتىپ مەن ئەلەم،
ئەيلەدىم ئۈل مەملىكەتنى بىر قەلەم.»

دېگەن مىسرالىرىدا تۈركىي تىلىنىڭ يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچىنى ئاش-
كارا قىلدى. نەۋائىي باشچىلىقىدىكى تۈركىي تىللىق ئەدىبلەر قوزغى-
غان «تۈركىي ھۇنەرست» دولقۇنى يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تۈركىي
تىللىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك ئەدەبىي تىللىرىنىڭ تەرەققى-
ياتى ۋە تاكامۇللىشىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

① نەۋائىي: «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، 26 -، 27 -، 53 - بەتلەر.
② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 293 - بەت.



## «مەجالىسۇن نەفائىس»

ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» (گۈ-
زەل مەجلىسلەر) ناملىق ئەسىرى مىلادىيە 14~15 - ئەسىرلەردە
ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغان ئەمىر تېمۇر ئىمپېرىيىسى ۋە ئۇنىڭ
ئەۋلادلىرى شاھرۇخ، مىرزا ئۇلۇغ بېگ، ئوبۇلقاسىم بابۇر، ھۈسە-
يىن بايقارا دەۋرلىرىدە ياشىغان شائىر - يازغۇچىلار، ئەدىبلەر ۋە
ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھالى تونۇشتۇرۇلغان تەزكىرىچىلىككە ئائىت
ئەسەر بولۇپ، تۈركىي تىلىدىكى خەلقلەر ئەدەبىياتىدا تەرجىمىھال
ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ ھەسسە قوشقان، ئۇيغۇر ئاپتوگرافى-
يىسىگە ئاساس سالغان تۇنجى ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر. «مەجالىسۇن
نەفائىس» ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتشۇناسلىقى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم
مەنبەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەدەبىيات تارىخىي تەرەققىياتى ئۈچۈن
قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي «مەجالىسۇن نەفائىس»نى مىلادىيە 1490 ~
1491 - يىللىرى يېزىپ تاماملىغان ۋە بىرقانچە يىللار ئۆتكەندىن
كېيىن، مىلادىيە 1497 ~ 1498 - يىللىرى بۇ ئەسەرنى قايتىدىن
تولۇقلاپ ئىشلىگەن. «مەجالىسۇن نەفائىس» ئوتتۇرا ئاسىيا خەلق-
لىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇ
ئەسەرنىڭ نۇرغۇن قولىيازمىلىرى ساقلانغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە
مەھمۇد بىننى داۋۇد ئىسىملىك بىر كىشى تەرىپىدىن مىلادىيە
1559 ~ 1560 - يىللاردا مىسىردا كۆچۈرۈلگەن قولىيازما بىلەن
ئۇنىڭدىن كېيىنرەك كۆچۈرۈلۈپ ئاقسۇدىن تېپىلغان قولىيازما ھازىر
ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلا-
ش، رەتلەش، نەشر قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسىنىڭ
قولىيازمىلار فوندىدا ساقلانماقتا. ئابدۇرېشىت ئىسلام ۋە ئابدۇمىجىت
قۇربان قاتارلىقلار يۇقىرىدىكى قولىيازمىلار ئاساسىدا تەييارلىغان مەز-
كۇر ئەسەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى

يەشمىسى كىتاب قىلىپ تۈزۈلۈپ ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىد-
دىن مىلادىيە 1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نەشر قىلىندى .

«مەجالىسۇن ـ نەفائىس» سەككىز بابقا بۆلۈنگەن . ئەسەردە
جەمئىي 458 نەپەر شائىر ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەھلى ھەققىدە
تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىسىم ـ شەرىپى ،
نەسەبى ، يۇرتى ، ئەدەبىي تەخەللۇسى ، ماھارىتى ۋە باشقا ئالاھىدىلىك-
لىرى ، شېئىرىيەتتىكى ئۇسلۇبى ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئارتۇقچىلىق
ۋە كەمچىلىكلىرى ، ھەتتا بەزى شائىر ، يازغۇچىلارنىڭ بىۋاستە
ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگىچە بولغان ئىشلار ئىنتايىن
ئىنچىكىلىك بىلەن خاتىرىلەنگەن . ئەلىشىر نەۋائى بۇ ئەسەردە شا-
ئىر ، يازغۇچىلارنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرۇپلا قالماستىن ، بەلكى
ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن ياخشى دەپ قارالغان نەمۇنىلىك رۇبائى ،
بېيىت ، قىتئە ، مۇئەمما ، تۇيۇق ، مۇتەللە ، تارىخ ، مەتلە قاتارلىق
شېئىرىي شەكىللەردىكى ئۆرنەكلەردىن پارسچە ۋە تۈركچە بولۇپ
جەمئىي 1065 مىسرا شېئىرنى بەرگەن ھەمدە يەنە بۇ شېئىرلار
توغرىسىدىكى شائىرنىڭ كۆز قارىشى ، تونۇشى ۋە باھاسى بېرىلگەن .

ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ ئۇستازى ۋە زامانداشلىرى ياز-
غان «باھارىستان» ، «تەزكىرەتۇل شۇئەرا» قاتارلىق تەزكىرە ئەسەر-
لىرىنى ئوقۇپ ، بۇلاردىن زور ئىلھام ئالغان . «باھارىستان» ئابدۇ-
رەھمان جامىنىڭ ئەسىرى بولۇپ ، مىلادىيە 1486 ~ 1487 ـ
يىللىرى يېزىلغان . ئەسەرنىڭ 7 ـ بابى تەزكىرە بولۇپ ، ئۇنىڭدا
رۇداكىدىن تارتىپ دېھلىۋىگىچە بولغان 30 دىن ئارتۇق شائىر ھەققى-
دە مەلۇمات بېرىلگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدىن نەمۇنىلەر كەلتۈ-
رۈلگەن . «تەزكىرەتۇل شۇئەرا» ( «شائىرلار تەزكىرىسى» ) دۆلەتشاھ
سەمەرقەندىنىڭ مىلادىيە 1487 ـ يىلى يازغان ئەسىرى بولۇپ ، بۇ
ئەسەر مىلادىيە 10 ~ 15 ـ ئەسىرلەردە خۇراسان ، ماۋەرائۇننەھر ،
ئىران ، ئەزەربەيجان ، ھىندىستان ۋە باشقا ۋىلايەتلەردە ياشىغان قەلەم



ئىگىلىرى تونۇشتۇرۇلغان .

يۇقىرىدىكى تەزكىرە ئەسەرلىرىگە نەۋائى دەۋرىدىن ئىلگىرى
ياشىغان شائىر ، يازغۇچى ، سەنئەتكارلارنىڭ تەرجىمىھالى كىرگۈزۈل-
گەن بولۇپ ، نەۋائى بىلەن زامانداش شائىرلارنىڭ نامى كىرگۈزۈلمى-
گەنىدى . شائىر ئۆزى بىلەن دەۋرداش يازغۇچى ، شائىرلارنىڭمۇ ئۆز
ئەسەرلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ يېزىۋاتقانلىقىنى ، ئۇلار نامىنىڭمۇ تا-
رىخ بېتىدىن ئورۇن ئېلىشى زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ .
«مەجالىسۇن نەفائىس»نىڭ مۇقەددىمىسىدە ئەلىشىر نەۋائى بۇ كىتاب-
نى يېزىشتىكى مەقسىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «نەزمە
ئىلمىنىڭ ئالىملىرى شېئىرىيەت بېتىنىڭ كامالەت ئىگىلىرى نازۇك
پىكىرلەر گۆھىرىنىڭ ئوممان دەرياسى ۋە گۈزەل مەنىلەر ياقۇتىنىڭ
كانى بولالايدۇ ، شۇنداقلا ئۇلار ئۇلۇغ جامائەت ، ئەزىز قوۋم ھېسابلى-
نىدۇ . شۇڭلاشقا ، ئۇلارنىڭ ناملىرى ۋە گۈزەل سۈپەتلىرى زامان
سەھىپىلىرىدىن ۋە دەۋران ئابىدىلىرىدىن يوقىلىپ كەتمىسۇن دەپ ،
ئەسەر يازغانلار ئەسەرلىرىدە ئۇلار ئۈچۈن قانچىلىغان پەسىللەرنى
تۈزۈپتۇ ۋە تالاي بابلارنى بېزەپتۇ ، ئۆز كىتابلىرىغا بۇ جامائەت بايانى
بىلەن زىبۇ زىننەت بېرىپتۇ .

شۇلاردىن بىرى : ھەزرىتى مەخدۇمى شەيخۇلئىسلام مەۋلانا نۇ-
رىددىن ئابدۇرەھمان جامىدۇر . بۇ ئۇلۇغ بۇزرۇكۋار ئۆزىنىڭ «باھا-
رىستان» ناملىق كىتابىدا سەككىز باغ ئېچىپتۇ ، سەككىز جەننەت بېغى
بۇ باغلار ئالدىدا خىجىل بولۇپ ، ئەل كۆزىدىن يوشۇرۇنلۇق پەردىسى
ئىچىگە قېچىپتۇ . . . ئەمىر دۆلەتشاھمۇ سۇلتان ساھىبقىران نامىغا
«شائىرلار تەزكىرىسى» ناملىق كىتابىنى يېزىپتۇ . بۇ ساھەدە ئۇ
كۆپ رىيازەت چېكىپ ، ئۆز كىتابىدا شائىرلار جامائىتىنى ياخشى
جەملەپتۇ . بۇ توغرۇلۇق يەنە باشقا رىسالە ۋە كىتابلار بار . ئەمما ،
ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بۇرۇن ئۆتكەن شائىرلارنىڭ ئەھۋالى ، خىسلەت-
لىرى ، ئۆتكەن زامان سەنئەتكارلىرىنىڭ ناملىرى بايان قىلىنىپ ،

يېزىق قۇرلىرىدىن ئورۇن ئاپتو . بۇ مۇبارەك زامان ۋە ئامەتلىك
دەۋرانىنىڭ شائىرلىرى ۋە تالانت ئىگىلىرى سۇلتان ساھىبقىران دۆلە-
تىنىڭ بەرىكىتى ۋە تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسىدە ، شېئىرنىڭ كۆپرەك
ئۇسلۇبىدا ، بولۇپمۇ غەزەل شەكلىدە كۆڭۈلنى ئېچىمۇ خۇشال قىلى-
دۇ . شادلىقنى ھەممىدىن بەكرەك ئارتتۇرىدۇ . بۇلار ئۆز شېئىرلى-
رىنى راۋانلىق ، روشەنلىك ، ئېنىقلىق ۋە گۈزەللىك جەھەتلەردە
بۇرۇنقىلارغا يەتكۈزەلەيدۇ . مەنىلەرنىڭ نازاكىتى قىزىقارلىق ، ئاجا-
يىپ - غارايىپ بولۇشى ۋە نادىرلىقى جەھەتتە بار بولغانلىكى شەرتلەر-
نى ئورۇندىيالايدۇ . بۇلارنىڭ ناملىرى بۇرۇنقى شائىرلار قاتارىدىن
مەھرۇم ۋە سۆزلىرى ئۇلار رىتى ۋە قائىدىسىدە نامەلۇم بولغاچقا ،
بۇ سۇنۇق كۆڭۈلگە بۇ ھاجەتمەنلەرنىڭمۇ بۇرۇنقى ئۇلۇغ شائىرلار
قاتارىدا تىلغا ئېلىنىشى ۋە بۇ ئەگەشكۈچىلەرنىڭمۇ بۇرۇنقى يولباشچى-
لار قاتارىغا قوشۇلۇشى ئۈچۈن بىرنەچچە ۋاراق يېزىپ ، بۇ ئەسەر
شائىرلىرى ۋە بۇ دەۋر زېرەكلىرىنىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭدا قەيت قىلىش
خىيالى كەلدى . . . »

ئەلىشىر نەۋائى ئۆزى بىلەن زامانداش شائىر - يازغۇچىلارنىڭ
ئىجادىي ئەمگەكلىرىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن . ئۇلارنىڭ سىڭ-
دۈرگەن ئەجرىگە تۇشلۇق خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغانلىقى ، شۇن-
داقلا ئۇلار نامىنىڭ تارىخ بېتىگە يېزىلىپ ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا
قالدۇرۇلۇشى كېرەكلىكىنى ناھايىتى ئېنىق تونۇپ يەتكەن . ئۇنىڭ-
دىن باشقا ، يەنە «مەجالىسۇن نەفائىس»نى يېزىشقا تۇتۇش قىلىشنىڭ
ئالدى - كەينىدە نەۋائىنىڭ كۆندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان
يۇكسەك ئابرۇيى ئوردا ئىچى - سىرتىدىكى ئەمەلدارلارنى ، جەمئىيەت-
تىكى فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى ، دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان
روھانىيلارنى قاتتىق ساراسىمىگە سالغانىدى . چۈنكى نەۋائى ئۆزىنىڭ
ئىلغار دۇنيا قاراشلىرى ۋە خەلقپەرۋەرلىكى بىلەن ئوردىدىكى باشقا
ئەمەلدارلاردىن ۋە جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن مۇلۇكدار ، بايلاردىن پەرق-



لىنىپ تۇراتتى . شۇڭا ، ئۇ ۋەزىر چاغلاردا مەدەنىيەت - سەنئەتنى
راۋاجلاندۇرۇش ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە
نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى . ئۆز ئەتراپىغا ئۆز زامانىسى-
نىڭ ئەدىبلىرى ، سەنئەتكارلىرى ، ئالىملىرىنى يىغىپ ، تەشكىللەپ ،
پىلانلىق ، سىستېمىلىق ئىش ئېلىپ باردى . ئۆز ئىقتىسادىغا
مەدرىسە - خانىقالارنى سالدۇرۇپ ، شۇ جاينىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىغا
زور تۆھپىلەرنى قوشقانىدى . ھىرات ۋە باشقا شەھەرلەردە خەلققە
ياقىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغانىدى . نەۋائىنىڭ بۇ خىل ئىلغار
ھەرىكەتلىرى جەمئىيەتتىكى ئەكسىيەتچى فېئودال گۇرۇھلار ۋە روھا-
نىيلارنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇلار-
نىڭ نارازىلىقىنى قوزغاشقا سەۋەب بولدى . ئوردىدىكى رەزىل كىشى-
لەرنىڭ چېقىمچىلىقى ۋە شۇ مەزگىللەردە ئۆزى دۈچ كەلگەن بىرمۇن-
چە كۆڭۈلسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن نەۋائى ئوردا خىزمىتىدىن ئىستېپا
بەردى . ئۇ خىزمىتىدىن قالغاندىن كېيىن ، ھىراتتىكى ئالىم ، سەن-
ئەتكارلارمۇ يامان نىيەتلىك ، جاھىل ، مۇتەئەسسىپ ئوردا ئەمەلدار-
لىرى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ ، چىدىغۇسىز قىسىلىش ، ئازابلى-
نىشقا ئۇچرايدۇ . نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىقتىسادىي جەھەت-
تىن نامراتلىشىپ ، ھايات كەچۈرمىكى قىيىنلىشىدۇ . ئەنە شۇنداق
روھىي ئازاب ، چارچاش ، دەرد - ئەلەملەر تۈپەيلىدىن لۇتفى ، ئابدۇ-
رەھمان جامى ، ئاتائى ، سەككاكى ، تۇربەتى ، فەزلۇللا ئەبۇل لەيس ،
مەۋلانە شەرىفىددىن ئەلى يەزدىگە ئوخشاش كۆپلىگەن ئۇستازلىرى ،
دوستلىرى ، سۆھبەتلەردە بولغان سەنئەتكار كەسپداشلىرى ئارقا -
ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ . ئۇلارنىڭ ۋاپاتى نەۋائىغا قاتتىق تەسىر
قىلىدۇ ۋە چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ . دېمەك ، نەۋائى
ئۆزىدىن بۇرۇن ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتكەن ئەنە شۇنداق ئۇستازلى-
رى ، دوستلىرى ، زامانداش ئالىم - سەنئەتكارلارنى سېغىنىش ،
ئەسلەش ، ئۇلارغا بولغان چوڭقۇر قايغۇسى ، ھۆرمىتىنى بىلدۇرۇش ،

ئۇلارنىڭ نام - شەرىپىنى كىتاب قىلىپ يېزىپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش مۇددىئاسى بىلەن «مەجالىسۇن نەفائىس»نى يېزىپ چىقىدۇ.

«مەجالىسۇن نەفائىس» ئۆزىدىن ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن ئەنئەنىۋى تەزكىرىلەرگە ئوخشىمايدىغان نۇرغۇنلىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ئەسەرگە «باھارىستان»، «تەزكىرەتۇل شۇئەرا» قاتارلىق شائىرلار تەزكىرىلىرىدىن پەرقلىق ھالدا نەۋائى بىلەن زاماندىش بولغان شائىرلار كىرگۈزۈلگەن، شۇنداقلا نەۋائى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، بەزى ئەسەرلەرگە ئۆزىنىڭ تەنقىدىي كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ جەھەتتىن «مەجالىسۇن نەفائىس» مىلادىيە 15 - ئەسىرگىچە يېزىلغان پارس ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى باشقا ئەسەرلەردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ.

ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن شائىر، يازغۇچىلار توغرىسىدا ئەلىشىر نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس»نىڭ مۇقەددىمىسىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سۇلتان ساھىبقىران (ھۈسەيىن بايقارا)نىڭ دۇنياغا كەلگەن بەختىيار زامانىدىن تارتىپ دۆلىتى ۋە شان - شۆھرىتى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان دەۋرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى نامىنى پېقىر ئىشىتكەن، ئەمما خىزمەتلىرىگە يېتەلمىگەن، بەزىلەرنىڭ خىزمەتلىرىگە يەتكەن، لېكىن ئۇلار بۇ مەغرۇر پانىي ئالەمدىن شادلىق بېغىشلىغۇچى باقىي ئالەم سارىيىغا كۆچۈپ كەتكەن، يەنە بەزىلىرى بۇ مۇبارەك زاماندا ھايات بولۇپ، ئۇ ھەزرەت (ھۈسەيىن بايقارا)نىڭ پەرىشتە سۈپەتلىك خىسلەتلىرىگە مەدھىيە ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى جەملەپ، ھەر قايسىسىنىڭ تالانتلىرى نەتىجىسىدىن بىر ئاز نىشانە يازماقچى بولدۇم. شۇنداق قىلىپ بۇ مەقسىتىم ھاسىل بولدى». ئەلىشىر نەۋائى بۇ ئەسىرىدە ئۆز زامانداشلىرى



ئىچىدىكى ئالەمدىن ئۆتكەن شائىرلارنى ئەسلەپ، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرىنى ۋە تالانتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. يېڭىدىن يېتىشىپ چىقىۋاتقان كۆپلىگەن ياش شائىرلار ۋە تالانت ئىگىلىرىگىمۇ ئۆز ئەسىرىدىن تېگىشلىك ئورۇن بېرىپ، ئۇلارنىڭ توختىماستىن ئىزدىنىشى، تىرىشىشى، ياخشى ئەسەرلەرنى يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنە (ئۆرنەك)لەرنى بېرىپ، ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، مەنىۋى جەھەتتىن كۈچ بېغىشلايدۇ. يۇقىرىقىلاردىن نەۋائىنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرنىڭلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىم ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى، بۇ ئەسىرى ئارقىلىق ھايات شائىرلارنى، بولۇپمۇ ياش تالانت ئىگىلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

نەۋائى بۇ ئەسىرىدە ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن نەقىللەرنى كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماي، ئۇلار ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ بېرىپ، ياخشى يېزىلغان شېئىرلارنى ماختايدۇ ھەمدە باشقا شائىرلارنى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ. مەزمۇنى ساغلام، سۆز - جۈملىلىرى جايىدا بولمىغان بەزىبىر شېئىرلارغا تەنقىدىي نەزەردە قاراپ، ئۇلارغا بولغان پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شېئىرلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، بۇ شېئىرلاردىكى ئارتۇقچىلىق ۋە نۇقسانلارنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەتتا ئۇ ئۆزى ھۆرمەت قىلىدىغان شائىر، يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە كەمچىلىك، نۇقسانلارنى بايقىغاندىمۇ قىلچە يۈز - خاتىرە قىلماي كۆرسىتىپ بېرىدۇ ۋە بەلگىلىك دەرىجىدە تەنقىد قىلىپ ئۆتىدۇ. مەسىلەن، نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس»نىڭ ئاخىرقى مەجلىسىدە لۇتفىنىڭ:

«ئەي، قەدىڭ تۇبى جەننەت خەددى گۈلگۈن ئۈستىنە،
كۆرمەدى دەۋران سېنىڭدەك ئاي گەردۇن ئۈستىنە.»

(مەنىسى: ھەي، سېنىڭ بويۇڭ جەننەتنىڭ تۇبى دەرىخىدۇر.

ئۇنىڭ ئۈستىدە گۈل يۈزلىرىڭ ئورۇن ئالغاندۇر . دەۋران پەلەكتە
ئۈستىدە سېنىڭدەك ئاينى كۆرۈپ باقمىغان . )
دېگەن مەتلەئىگە جاۋابەن ھۈسەيىن بايقارا يازغان :

«زۇلفىنىڭ تارى تۇشۇبدۇر لەئلى مەيگۇن ئۈستىنە ،
ئۈيلەكىم ، جان رىشتەسى بىر قەترەئى خۇن ئۈستىنە .»

(مەنىسى : گويا جان رىشتىسى بىر تامچە قان ئۈستىگە چۈشكەنـ
دەك ، ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ قىلى قىپقىزىل ياقۇتتەك ، لەۋلىرى ئۈسـ
تىگە چۈشۈپتۇ . )

مەتلەئىسىنى سېلىشتۇرۇپ ، لۇتفىنىڭ شېئىرىدىكى ئوخشىتىشـ
نىڭ تازا جايىدا بولمىغانلىقىنى ، شۇنداقلا بۇ ئىككى مىسرانىڭ
مەزمۇن جەھەتتىن ياخشى باغلاشمىغانلىقىنى ، ئۇنىڭغا جاۋابەن يېزىلـ
غان كېيىنكى ئىككى مىسرادىكى مەزمۇننىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ، مىسراـ
لارنىڭ بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ ، سۆزلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە لايىقلىـ
شىپ ، ناھايىتى ياخشى چىققانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

ئىككىنچى مەجلىستە تونۇشتۇرۇلغان ئاتائىنىڭ :

«ئول سەنەمكىم سۇۋ قىراغىدا پەرىدەك ئولتۇرۇر ،
غايەتى نازۇكلۇقىدىن سۇۋ بىلەن يۇتسە بولۇر .»

(مەنىسى : ئۇ سەنەم سۇ قىرغىقىدا پەرىدەك ئولتۇرىدۇ . ئۇ
ئىنتايىن نازۇك بولغانلىقتىن سۇ بىلەن قوشۇپلا يۇتسا بولىدۇ . )
دېگەن بېيىتىنى مىسال ئېلىپ ، «ئۇنىڭ قاپىيىسىدە ئازراق نۇقسان
بار» دەيدۇ . مۇشۇ مەجلىستە يەنە مەۋلانە سەئىدىنىڭ :

«زى بەھرى قەتئى ھەستى ھىيلە ئەز سەد جايى ئەنگىزەم ،
مەگەر يەك لەھزە بائان دىلبەرى خۇددايى ئامىزەم .»

(مەنىسى : ئاشۇ دىلبەر بىلەن بىر پەس بىللە بولارمەنمىكىن
دېگەن خىيال بىلەن ، ھايات يولىنى كېسىشتە يۈز جايدىن ھىيلە
قوزغىتىمەن . )
دېگەن مەتلەئىسىدە ئاپتورنىڭ ئىككى قاپىيىگە رىئايە قىلغانلىقىنى



يازىدۇ .

قىسقىسى ، ئەلىشىر نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس»قا كىرگۈـ
زۈلگەن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى توغرىسىدا ئەتراپلىق ، چوڭقۇر مۇـ
لاھىزە ئېلىپ بارغان بولۇپ ، بۇنىڭدىن نەۋائىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرـ
نىڭ بەدىئىي سۈپىتىگە قاتتىق پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىـ
لى بولىدۇ .

نەۋائى شائىر ، يازغۇچىلارنىڭ ئەخلاق جەھەتتە ئۆزلىرىگە قاتتىق
تەلەپ قويۇشىنى ، كەمتەر ، سەممىي ، ئوچۇق ـ يورۇق ، خۇش
چاقچاق ، كەڭ قورساق بولۇشىنى ، ئاچ كۆز ، تەمەگەر بولماسلىقىـ
نى ، يۈرەكلىك ، جاسارەتلىك ، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ، ئېھتىياتچان ،
رەتلىك بولۇشىنى ، قورقۇنچاق ، جۈرئەتسىز ، چۈشكۈن ، ئالدىراڭـ
غۇ ، رەتسىز بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ . كەمتەرلىكنىڭ ئىنسانلارـ
دا بولىدىغان ئېسىل خىسلەت ئىكەنلىكى ، ھاكاۋۇرلۇقنىڭ ئادەمگە
ياخشى نام ئەكەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، بۇنىڭغا ئۈچىنچى مەجلىسـ
تىكى مەۋلانا ئابدۇللانىڭ شېئىرلىرىنىڭ خەلق ئارىسىدا داڭلىق
ئىكەنلىكىنى ، ئەمما تەكەببۇرلۇقىدىن ھەتتا نىزامى گەنجىۋى ،
خىسراۋ دېھلىۋى قاتارلىق داڭلىق شائىرلارنىڭ «خەمسە» داستانلىـ
رىنىمۇ مەنسىتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۇنىڭغا قاتتىق ئېتىراز بىلـ
دۈرىدۇ . ئۇنىڭ كەمتەر بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ . نەۋائى يەنە شائىرـ
لارنىڭ خىلمۇ ـ خىل ئىلىملەردىن ۋە جەمئىيەت ئەھۋالىدىن خەۋەرـ
دار بولۇشىنى ، ھۇرۇن ، گېپى سەت ، قوپال بولماسلىقىنى ، ئەدەپ
ـ ھايانى بىلىدىغان ، ئۆز غۇرۇرىنى ۋە ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ساقلايدىـ
غان ئېسىل خىسلەتلەرگە ئىگە بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ . مەسىـ
لەن ، بىرىنچى مەجلىستە ، مەۋلانا ساھىب بەلخىنىڭ شېئىرىيەت
پېنىدە ماھارەتلىك بولۇپلا قالماي ، يەنە مۇزىكا نەزەرىيىسى ، نوتا ۋە
كۈي ـ نەغمە ئىلىملىرىدىمۇ كامالەتكە يەتكەنلىكىنى ، ئەمما ھەددىدىن
زىيادە تەمەخورلۇقىدىن ئۆز ئىززەت ـ ئابرۇيىنى چۈشۈرگەنلىكىنى

تەنقىد قىلسا ، ئىككىنچى مەجلىستە ، مەۋلانا سەغەرنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ ، ئۇنىڭ بىساتىدا نۇرغۇن مال - دۇنياسى بولسىمۇ ، پىخسىقلىقىدىن كىشىلەر ئارىسىدا مەسخىرىگە قالغانلىقىنى يازىدۇ .

نەۋائى شائىرلاردىن ئۆز ئانا ۋەتىنىنى سۆيىدىغان كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بولۇشىنى ۋە ئۆز مىللىتىنى سۆيىدىغان مىللىي غۇرۇرغا ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ . شەيخ ئازەرى ۋە خوجا ئەفزەلگە ئوخشاش ئۆز ئېلىنى ، ئۆز ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيىدىغان ، ئېسىل خىسلىتى ۋە مەردانە روھىدىن چەكسىز سۆيۈنىدۇ ۋە ئۇلارغا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇيدۇ . مەۋلانا ئالىم ۋە سەئىد ئەبۇ ئىسھاق ئاستىرابادىدەك ئەمەلدارلار ھەتتا ۋەزىرلەرنىڭ شۇملۇقلىرىنى ئېچىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلىدىغان ، شائىرلارنىڭ ئادالەت ، ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان روھقا ، زوراۋانلاردىن قورقمايدىغان جاسارەتكە ئىگە بولۇشنى قۇۋۋەتلەيدۇ . ئىجادىيەتتىكى كۆچۈرمىچىلىككە ئوخشاش ناچار خاھىشلارنى تەنقىد قىلىدۇ . شائىر ، يازغۇچىلارنىڭ خىلمۇ خىل پىكىر ئېقىملىرىغا ئىگە بولۇشىنى قوللايدۇ ۋە دادىل پىكىر قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ .

«مەجالىسۇن نەفائىس» تا تونۇشتۇرۇلغان شەخسلەرنىڭ ھەممىسى مەخسۇس شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شائىرلار ئەمەس ، بۇ ئەسەردە ھەر خىل تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى ، جۈملىدىن ئاسترونوملار ، ماتېماتىكلار ، كىمياگەرلەر ، تېۋىپ - ھەكىملەر ، مۇزىكانتلار ، مۇدەررىسلەر ، خەتتاتلار ، نەققاشلار ، رەسساملار ، بىناكارلار ، كاساگەرلەر ، ئوقيا ياسىغۇچىلار ، چېدىر تىككۈچىلەر ، ئاشپەزلەر ، تۆمۈرچىلەر ، موزدۇزلار ، خىش قۇيغۇچىلار ، چىنە قاداقچىلار ، سودا - تىجارەتچىلەر ۋە باشقا خىلمۇ خىل پەن ۋە ھۈنەر - كەسىپ ئىگىلىرى ئۇچرايدۇ . نەۋائى بۇلارنى چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە سەمىمىي مۇھەببەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ . ئۇلارنىڭ ئىلىم - ھۈنەرلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ . بۇ ئارقىلىق



ئەلىشىر نەۋائى كىشىلەرنى پەقەت شېئىرىيەتتىلا ئەمەس ، بەلكى ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان بارلىق ئىلىم - پەن ، ھۈنەر - سەنئەتلەرنى يۇقىرى - تۆۋەن دېمەستىن ، تىرىشىپ ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ . ھۈنەر - سەنئەتنى ياراتمايدىغان مەۋلانا مەئانىغا ئوخشاش شائىرلارنى قاتتىق سۆكىدۇ .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، يەنە ئەسەرنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ كۈچلۈك خەلقچىللىق خاھىشى ، پەن - مەدەنىيەتنى ، ئىلىم ئىگىلىرىنى ، تالانتلىقلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ئىلغار ئىدىيىلىرىنى ، كەمتەر ، كىچىك پېئىل ، ئۆز كەمچىلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەتلىرىنى ، باشقىلارغا ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي كۆز قارىشى بويىچە ئەمەس ، بەلكى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ باھا بېرىدىغان ئالىيجاناپ خىسلىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . مەسىلەن ، سەككىزىنچى مەجلىستە ، نەۋائى ئۆزىنىڭ ھۈسەيىن بايقارا يازغان بىر پارچە شېئىرغا تەقلىد قىلىپ ، شېئىر يازالمىغانلىقىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇ . يەنە شۇ مەجلىستە ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئۆزىنىڭ بىر غەزەلىگە جاۋابەن يازغان غەزىلى توغرىسىدا «بۇ غەزەل پېقىرنىڭ غەزىلىگە جاۋابەن يۈزەگە چىقىپتۇ ، ئۆزۈم ئىنساپ يۈزىسىدىن ئېتىراپ قىلىمەنكى ، بۇ غەزەل مېنىڭكىدىن يۈز ھەسسە ئېشىپ چۈشۈپتۇ» دەيدۇ .

ئەسەردە خاتىرىلەنگەن شەخسلەر ئىچىدىكى بىر قىسىم شائىرلار (مەسىلەن ، ئۈچىنچى مەجلىستىكى مەۋلانە خۇررەمى ، سەيىد قۇرازە ، سەيدىل قۇتبىدىن ، لەكەدەك قاتارلىقلار ) ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، بەزى بولمىغۇر ، ناچار ئىللەتلەرنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلىۋالغان ھەم شۇ سەۋەبتىن خەلق ئىچىدە يامان نام ئالغان بولسىمۇ ، لېكىن شائىر ئەلىشىر نەۋائى تارىخىي نۇقتىدىن ئۇلارغا ئادىل ھەم توغرا قاراپ ، ئۆز ئەسىرىدىن ئورۇن بەرگەن .

بىز «مەجالىسۇن نەفائىس» تىن ئوتتۇرا شەرق ئەدەبىياتىدىكى

كەڭ ئاپتورلار ئارىسىدا ئومۇملىشىپ كەتكەن «نەزىرە»چىلىك ۋە تەقلىدچىلىك ، ئەدەبىي تەخەللۇس ئىشلىتىشتەك ئەدەبىيات ھادىسىسى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز . ئەسەردە مەۋلانا كاتىبى ، مەۋلانا شەرىفىددىن ، مەۋلانا ئەلى ئاھى ، مەۋلانا ئابدۇللا ، خوجا ئىماد قاتارلىق شائىرلارنىڭ «خەمسە»گە نەزىرە يېزىپ ، بەزىلىرىنىڭ ناھايىتى ياخشى «خەمسە»لەرنى يازغانلىقىنى ، بەزىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغانلىقىنى ، نۇرغۇن شائىرلارنىڭ باشقا شائىرلارنىڭ شېئىر ۋە غەزەللىرىگە تەقلىد قىلىپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بايان قىلىدۇ . ئۈچىنچى مەجلىستە ، مەۋلانا نەزىرىددىنىڭ مەشھۇر شائىر ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ «ۋەفائى» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەنلىكىنى ، لېكىن باشقىلارنىڭ تەخەللۇسىنى سەۋەبسىز ئىشلىتىشنىڭ نامۇۋاپىق ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

بۇ ئەسەرنىڭ تىلى «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» بولۇپ ، قولىيازما ئىملاسىدا چاغاتاي تىلى ئىملا قائىدىلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىنغان . ئەسەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

ئاپتور يەنە ئەسەر تىلىنىڭ ساغلام ، سۆز ئىبارىلەرنىڭ رەتلىك ، ساپ ، پاكىز بولۇشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن . سەت ، قوپال ، نامۇۋاپىق سۆز - جۈملىلەرنى ئىشلىتىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلغان . مەسىلەن ، بىرىنچى مەجلىستە ، مەۋلانا جۇنۇنىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ چاقچاق ۋە ھەجۋىي بىلەن مەشھۇر ئىكەنلىكىنى ، لېكىن ئۆز ئەسىرىدە ئىشلىتىشنى مۇناسىپ كۆرمىگەنلىكىنى يازسا ، يەتتىنچى مەجلىستە ئابدۇللەتىف مىرزىنىڭ سەۋدايى مىجەز ، سەۋدا تەبىئەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ئوسال قىلىقلىرىنى بايان قىلسا ھاياسىزلىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ .

«مەجالىسۇن نەفائىس»قا نۇرغۇنلىغان چاقچاق ۋە لەتىپىلەر ، شائىرلار توغرۇلۇق تارقالغان ھەر خىل كۈلكىلىك ھېكايىلەر ، ھەج-



ۋىيلەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، قويۇق يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە . بۇ ھال ئەسەرنىڭ رەڭدارلىقىنى ۋە ئېستېتىكىلىق قىممىتىنى ئاشۇرۇپ ، ئۇنى ئېخىمۇ زور جەلىپ قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلغان .

«مەجالىسۇن نەفائىس» ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتىدىكى تەزكىرىچىلىككە ئائىت ئەسەرلەر ئىچىدىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە نادىر ئەسەر بولۇپ ، ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىش ، يازغۇچى - شائىرلارنىڭ تارىخىي ئورنىغا ۋە رولىغا باھا بېرىشتە زور رول ئوينايلا قالماستىن ، پارس ، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسىدىمۇ ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ ، تەزكىرە ئەسەرلەرنى يېزىشتا ئەڭ ياخشى نەمۇنە بولالايدۇ .

## «مەھبۇبۇل قۇلۇب»

نەۋائىنىڭ پەلسەپىۋى - دىداكتىك قىممىتى بىلەن جۇلالىنىپ تۇرىدىغان مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ بىرى - ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسىرىدۇر . ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر دىداكتىك پروزىسىنىڭ يىرىك ۋە نادىر نامايەندىسى بولغان بۇ ئەسەر ھىجرىيە 906 - يىلى (مىلادىيە 1500 - يىلى ) يېزىلغان بولۇپ ، بۇ دەۋردە بىر تەرەپتىن تەبىئەت ئىلمىي ، ھۈنەر - سەنئەت ئالىملىرى ئۆز لاگېرىنى ، ئۆز داھىيلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن ، يەنە بىر تەرەپتە ئىلاھىيەتچىلىك - روھانىيەتچىلىك ، سوپىزم ھامىيلىرى ئۆز لاگېرىنى ، ئۆز ۋەكىللىرىنى شەكىللەندۈرگەن . بىر تەرەپتە دەھشەتلىك نىزا ۋە ئۇرۇشلار ، خانىۋەيرانلىق ، يەنە بىر تەرەپتە ، قۇرۇلۇش ۋە بىناكارلىق ۋە مەدەنىيەت گۈللىنىشى[1] بالاغەتكە يېتىۋاتقان دەۋر ئىدى . ئۆزىنىڭ بىر يۇرۇش مەدەنىيەت سەمەرىلىرى ۋە مۇرەككەپلىكى

[1] ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 240 ـ بەت.

بىلەن ئۆزىگە خاس خاراكتېر يارىتقان بۇ تارىخىي مۇھىت ئوتتۇرا
ئاسىيانىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئىدېئولوگىيىسى ـ بەدىئىي ئەدەبىياتقا
تەسىر قىلماي قالمىدى . شۇ ۋەجىدىن ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ 60
يىللىق ھاياتىدا بولۇۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ، قايمۇقۇش ۋە
گاڭگىراشلىرىنى سەممىي رەۋىشتە خۇلاسىلەپ ، مەزكۇر ئەسەرنى
يېزىپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدى . مەزكۇر ئەسەردە ئۇ ئۆزىنىڭ ئىج-
تىمائىي سالاھىيىتى ۋە خاراكتېرى ، دۇنيا قارىشىنى بەدىئىي يوسۇندا
«بۇ خاكسار ، پەرىشان ھاياتىمدا ياشلىقنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ
قېرىلىقنىڭ ئاخىرىغىچە ، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ۋەقەلەردىن ، ئايلان-
غۇچى پەلەك ھادىسىلىرىدىن ، پىتنە قوزغىغۇچى زامان رەڭۋازلىقى-
دىن ، ئۇزاق مۇددەت ، كۆپ ۋاقىت ، ھەر خىل مۇشەققەتلىك يوللارنى
باستىم . تۇرلۇك يوللاردا يۈگۈردۈم . ئۆزۈمنى ياخشى ـ يامانلار
سۆھبىتىگە يەتكۈزدۈم . گاھىدا خارلىق ۋە يوقلۇق خارابىسىدە نالە
ـ پىغان قىلدىم . گاھى ئىززەت ۋە بايلىق باغچىسىدا سورۇن تۈزدۈم .
. . يوقسۇز ، ناتىۋان چاغلىرىمدا ، يەنى پالاكەت باسقان نامراتلىق
كۈنلىرىمدە بەزىدە داستىخانلاردا پەگاھدىن ئورۇن تۇتتۇم . ئىلىم
نۇرى بىلەن كۆزلىرىمنى يورۇتتۇم . بەزىدە تەقۋادارلار مەسچىتىدە
ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەن يەرگە يۈزۈمنى سۈرتتۇم . كۆپ سەجدە
قىلىپ پېشانەم تېرىسىنى سويدۇم . گاھى سوپىلار خانىقاسىنىڭ ئىۋ-
رىقلىرىغا سۇ قۇيۇپ ھۆرمەتكە ئېرىشتىم . گاھى مەيخانا ساقىيلىقى-
دىن ئابرۇي تاپتىم . بەزىدە پەس ، نادان كىشىلەر ئارىسىدا خارلىق ،
خارلار ئالدىدا ئېتىبارسىزلىق كۆردۈم . يەنە بەزىدە ئىشقى ـ مۇھەب-
بەت يولىدا ئەدەپسىزلىك كۆرۈلدى . ئادەم ئۆلتۈرىدىغان پەرى يۈز-
لۈك گۈزەللەر دەستىدىن ھالاكەتلەر يۈز بەردى . بەزىدە مەجنۇنلۇق
كوچىسىدا پەسكەش گىرىلەر بوينۇمغا مۇشت ئۇردى . باللار بېشىمغا
تاش ياغدۇردى . گاھى ئۆز شەھىرىم خەلقىنىڭ زۇلۇمىدا غېرىب
بولدۇم . غېرىب ـ مۇساپىرلارغا قوشۇلدۇم . گاھى تاغ جىلغىلىرى



ئارامگاھىم بولدى . گاھى سەھرا ئېتىكى پاناھىم بولدى . بەزىدە
قاتتىقچىلىقتىن ۋەتەننى تاشلاپ ، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارنى ماكان قىل-
دىم . بەزىدە غېرىب ـ مۇساپىرلىقتا كېسەل بولۇپ ، ياتلار ئالدىدا
خارلاندىم . بەزىدە ئۆزۈمنى ئەزىزلەر سۆھبىتى ۋە خىزمىتىدىن بەھ-
رىمەن قىلدىم . سۆزۈمنى دىل پىسەنت تاپتىم . . .» دەپ ئىزھار
قىلىدۇ . ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۆمۈر تەلقىنلىرى ئاساسىدا ، مول
ئەمەلىي بىلىم ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولغان شائىر ئۆزىنىڭ ھايات
كەچۈرمىشلىرىدىن لىللا خۇلاسە چىقىرىپ ، كېيىنكىلەرگە قانداق
ياشاش ، قانداق ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋەتلىشىش ، قانداق ئېسىل
پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە ھازىرلاش توغرىسىدا بۇ دىداكتىك ئەسىرىنى
يېزىپ چىقىپ ، بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ : «بۇنداق سۆھبەتداش دوست-
لارغا ئۇچۇر بېرىپ ، بۇ ھاللاردىن خەۋەردار قىلىشنى زۆرۈر ھېساب-
لىدىم . ئۇلار ھەر قايسى گۇرۇھلار خۇسۇسىيەتلىرىدىن ۋاقىپ بو-
لۇپ ، ھەر تەبىقە ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ ، نامۇۋاپىق كىشىلەر
سۆھبىتىدىن يىراق بولسۇن ، كۆرگەنلا ئادەمگە يۈرەك سىرىنى ئېيت-
مىسۇن ، شاياتۇن ھىيلە ـ مىكرىدىن زىيان تارتمىسۇن ، ھەر خىل
كىشىلەر سۆھبىتىنى خالايدىغان ، ئۇلارنىڭ ئادەت ـ قىلىقلىرىغا
قىزىقىپ ، ھەۋەس قىلىدىغان كىشىلەرگە پېقىرنىڭ تەجرىبىسى كۇپايە
قىلىدۇ . بۇ ئەسەرنىڭ قەدرى مەلۇم بولدى . شۇنىڭ ئۇچۇن بۇ كىتابقا
«مەھبۇبۇل قۇلۇب» (كۆڭۈللەر سۆيگىنى ) دەپ ئات قويۇلدى . . .
كىتابخانلارنىڭ بـۇ كىـتابنى دىققەت ـ ئېتىـبار بىـلەن ئوقۇپ ،
ئەقىل ـ پاراسىتىگە لايىق مەنپەئەت ئېلىشىنى ، ئاپتورغىمۇ دۇئا
بىلەن بەرىكەت ياغدۇرۇپ ، پېقىرنىڭ روھىنى سۆيۈندۈرۈشىنى ئۈمىد
قىلىمەن» .

ناھايىتى ئېنىقكى ، ئاپتورنىڭ مەزكۇر ئەسەرنى يېزىپ چىقىش-
تىكى ئاساسلىق مەقسىتى ـ ئاسارەتتە تۇرۇۋاتقان ئاۋام خەلقنى تەربى-
يىلەش ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىش ، ئادالەتسىز خان ـ پادىشاھلار

ئۇستىدىن شىكايەت قىلىش ۋە ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلاش ، ئاۋام
ئارىسىدىكى ناچار ئادەت ، ناچار قىلمىشلارنى نەسىھەت ئارقىلىق تازى-
لاشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت .
ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاتىمە قىسمىدا ئاپتور ئەينى دەۋر
شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئەبجەد ھېسابى بويىچە يىلنامە قالدۇرۇش ئۇسۇ-
لىنى قوللىنىپ ، ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرۇلۇق مۇنداق ئۇچۇر
بېرىدۇ :

«بۇ نامەغە كىم لىسانىم ئولدى قايىل ،
ھەر نەۋئى ئەل ئىشىگە كىلكىم ئولدى نائىل .
تارىخى چۇ «خۇش» لەبزىدىن ئولدى ھاسىل ،
ھەر كىم ئوقۇسا ئىلاھى ئولغاي خۇش دىل .»

(مەنىسى : بۇ ئەسەرنى يېزىشقا تىلىم قايىل بولدى . قەلىمىم
خەلقنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىشلىرىنى يېزىشقا نائىل بولدى ، يەنى ئېرىش-
تى . ئەسەرنىڭ يېزىلىش تارىخى «خۇش» سۆزىدىن ئېلىنىدى . پەر-
ۋەردىگارىم ئوقۇغان كىشىنى خۇشال قىلسۇن .)
يۇقىرىقى رۇبائىدىكى «خۇش» سۆزىنى ئەبجەد ھېسابى بويىچە
ھېسابلىغاندا ، «خ» ھەرپى 600 نى ، «ۋ» ھەرپى 6 نى ، «ش»
ھەرپى 300 نى كۆرسىتىدۇ . بۇلارنى قوشۇپ جەملىسەك 906 بولى-
دۇ . يىغىندى سان 906 بولسا كىتابنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ، يەنى
ھىجرىيە 906 يىلىنى (مىلادىيە 1500 - يىلىنى) كۆرسىتىدۇ .
بۇنىڭدىن بىز مەزكۇر ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى ئېنىق بىلىۋالالاي-
مىز . ئاپتور ئېيتىپ ئۆتكەندەك : بۇ ئەسەر جەمئىي ئۈچ قىسىمغا
بۆلۈنگەن بولۇپ ، بىرىنچى قىسىمدا جەمئىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان
قاتلاملىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ھەرقايسى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ جەم-
ئىيەتتىكى ئورنى ، كەسپى ، مەجبۇرىيىتى ۋە خاراكتېرى ھەققىدىكى
پىكىرلىرىنى نەسرىي ۋە شېئىرىي ئۇسلۇبتا بايان قىلىپ ، ئۆزىنىڭ
بۇ توغرىسىدىكى ئىلغار قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىدۇ . شۇ-



نىڭدەك خەلققە زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدىغان ، ئۆز مەنپەئىتىنىلا
ئويلاپ ، خەلقنىڭ ھالى بىلەن كارى بولمايدىغان بىر قىسىم ئەمەلدار-
لارنى ، ئوردا مۇلازىملىرىنى ، ساراي خوجايىنلىرىنى ۋە تۆۋەن تەبىقە-
دىكى بىر قىسىم قارا نىيەت كىشىلەرنى قاتتىق سۆكىدۇ . ئۇلارنىڭ
خاراكتېرى ۋە ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن
بىرگە جەمئىيەتكە ، جەمئىيەت كىشىلىرى ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسىغا
ئادىل باھا بېرىپ ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈشتىكى ئورنى ۋە رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ .
ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قىسمى ئەخلاق ۋە تەلىم - تەربىيە مەسىلى-
لىرىگە بېغىشلانغان بولۇپ ، بۇ قىسىمدا ئاپتور ئەخلاق كاتېگورىيە-
سىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ، سېخىيلىق ۋە بېخىللىق ، ۋاپادارلىق
ۋە ۋىجدانسىزلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى پاراللېل ھالدا ئوتتۇرىغا
قويۇپ ، ئۇلارنىڭ خەلققە بولغان ، ئوخشاش بولمىغان ئاقىۋەتلىرىنى
دىداكتىك ۋە تەمسىللىك يوسۇندا بايان قىلىپ ئۆتىدۇ .
ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى قىسمى ئاساسەن تەنبىھ خاراكتېرىنى ئال-
غان ، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى چوڭقۇر بولغان تەمسىل ، ماقال ، ھېكى-
مەتلىك ئىبارىلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، جەمئىيەت ھادىسىلىرىگە
بولغان قاراشلىرىنى يۇقىرى پەلسەپە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئوتتۇرىغا
قويىدۇ .
«مەھبۇبۇل قۇلۇب»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى يۇقىرىقىلاردىن ئى-
بارەت بولۇپ ، ئەسەرنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۈستىدە تۆۋەندىكىدەك
مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزۈشكە بولىدۇ .

**بىرىنچى قىسىم . كىشىلەرنىڭ قىلىق ئەھۋاللىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا :** ئاپتورنىڭ ئېيتىپ ئۆتكىنى-
دەك ، ئەسەرنىڭ بۇ قىسمى 40 پەسىل (بۆلەك)كە ئاجرىتىلغان بو-
لۇپ ، جەمئىيەتتىكى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى ،

رولى ئۈستىدە توختالغان. مەزكۇر قىسىمنىڭ ئالدىنقى ئون بۆلىكى پادىشاھ، ۋەزىر – ۋۇزرالار، ئوردا خادىملىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە رولى ھەققىدىكى بايانلار بولۇپ، بۇنىڭغا ياندىش ھالدا يەنە 36 – پەسىل، تۇزكور خادىملار توغرىسىدىكى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ، ئاپتورنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەت، پادىشاھ ۋە پۇقرا، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ۋە ئوردا خادىملىرى، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، بەخت – سائادىتى ۋە خەلقنىڭ تەقدىرى ئۈستىدىكى رېئال مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. نەۋائى ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى تۈپ مەقسىتى ۋە ئارزۇسى بويىچە، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئاسايىشلىقى ۋە بەخت – سائادىتى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئادىل شاھقا باغلايدۇ. چۈنكى نەۋائىنىڭ غايىۋى دۆلەت توغرىسىدىكى ئىلغار قاراشلىرى ئەينى دەۋر شەرق ئىستىبداتىدىكى دىنىي – مىستىكىلىق ئىدېئولوگىيە مۇھىتى بىلەن زىچ گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. شۇڭلاشقا، ئادىللىق ۋە ھەققانىيەتچىلىكتىن ئىبارەت ئۆلچەمنى چىقىش قىلىپ، بۇنى ئادىل پادىشاھنىڭ سۈپەتلىرى ۋە خۇلقلىرى بىلەن باغلاشتۇرىدۇ. ئادىل پادىشاھنى مەملىكەتنى ئاۋات قىلىدىغان، خەلققە ئەمىنلىك، بەخت – سائادەت ئېلىپ كېلىدىغان قۇياش نۇرى دەپ بىلىپ، بارلىق ئاۋام خەلقنىڭ ئادىل پادىشاھقا دۇئا قىلىش ۋە نازلاش (ئەركىلەش)، سادىق ۋە مېھرىبان بولۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ.

شائىر ئادىل پادىشاھلارغا جانلىق تونىنى كىيگۈزۈپ، ئۇلارنى بارچە كىشىلەردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ، شۇنداقلا يۇكسەك گۇمانىزملىق روھنى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈپ، ئىنسانلىق بابىدا شاھ بىلەن گادايىنىڭ پەرقسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلۇس پادىشاھىۋ دەرۋىشۇۋش،
ئاڭا شاھلىقتىن كېلىپ پەقرى خۇش.»

(مەنىسى: ئۆزى ئەلنىڭ پادىشاھى بولسىمۇ، لېكىن خۇسۇسى-



يىتى دەرۋىشكە ئوخشاش، چۈنكى ئۇ پادىشاھلىقتىن پەقىرلىقنى ياخشى كۆرىدۇ.)

«كېلىپ ئەينى ئىنسان ئىنسانىي ئەينى،
جاھان ۋارىسى شاھ سۇلتان ھۈسەين.»

(مەنىسى: جاھاننىڭ ۋارىسى – سۇلتان ھۈسەين بايقارا، ئىنسانلارنىڭ كۆزىگە ئەينى ئىنسان قىياپىتىدە كۆرۈندى.)

شائىر ئادىل پادىشاھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ۋە ئۇنى قوغدايدىغان بەگلەر ئۈستىدە توختىلىپ، شاھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ۋەزىر – ۋۇزرالارنى، بەگ – ئەمەلدارلارنى ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ مەرتىۋىلىك شەخس مۇھەممەدنىڭ تۆت يارىنىڭ بىرىگە ئوخشىتىدۇ. ئۇلارنى تىپىك دىنىي خاراكتېر ئىچىگە قويۇپ، پۇقرالارنىڭ ھال – ئەھۋالى ۋە تەقدىرى ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەت ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

نەۋائى ئادىل پادىشاھ، ساداقەتمەن ۋەزىرلەر توغرىسىدا غايىۋى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىچىدىكى رېئال مەسىلىلەرگە قايتىپ كېلىدۇ. خەلققە زۇلۇم سالىدىغان نەپسانىيەتچى ئەمەلدارلارنى ۋە ئورۇنباسارلارنى قاتتىق سۆكىدۇ ۋە قامچىلايدۇ. ئادىل پادىشاھ بىلەن زالىم پادىشاھ، يالغانچى، سۇخەنچى ئەمەلدارلار بىلەن پاك نىيەت، ساداقەتمەن ئەمەلدارلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرىدۇ. شائىر ئوردا خىزمەتچىلىرىنىڭ مىجەز – پىسخىكىسى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزۈپ، بىر تەرەپتىن پادىشاھقا خۇشامەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنى قاقتى – سوقتى قىلىدىغان، تىلى بىلەن دىلى بىر بولمىغان خىزمەتچىلەرنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلايدۇ. بۇ خىلدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ دۆلەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنى توغرىسىدا كىرىزىس تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

شائىر بىر دۆلەت ئەربابى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە ھاكىمىيەتنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇشى ئۈچۈن ھەربىي

كۈچىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەچكە ، دۆلەت ئىچى ۋە پادىشاھ ئۈچۈن ھەربىي لازىمەتلىكلەر ، قاراۋۇل ـ ساقچىلار ۋە ئەسكەرلەرنىڭ زۆرۈرلۈكى ، ئۇلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك زۆرۈر شەرتلەر ھەققىدە توختىلىپ ، ئۇلارنىڭ خالىس بولۇشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

پادىشاھ بىلەن خەلقنىڭ تەقدىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھاكىمىلەردە شائىر ئادالەت چۈشەنچىسىنى تۈپ مەقسەت كاتېگورىيىسىگە قويۇپ ، ئادىل پادىشاھ بىلەن زالىم شاھ ھەم ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ۋە سىياسەتلىرىنىڭ خەلقنىڭ ھال ـ كۈنىگە بولغان مەنپەئىتى ۋە زىيانلىرىنى ، شۇنداقلا خەلقنىڭ ھاكىمىيەتكە ۋە پادىشاھقا بولغان ھەر خىل قاراشلىرىنى ۋە پسىخىكىسىنى سېلىشتۇرما يوسۇندا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ : «ئەگەر شاھ بولسا ئادالەت شوئار ، خەلقنىڭ ئىشلىرىدا ئادالەتنىڭ ئالامەتلىرى بار . ئەكسىچە بولسا پادىشاھنىڭ زالىملىق ئىشى ، بولىدۇ خەلقنىڭ زۇلۇمدىن قورقۇنچىسى . . . پادىشاھتا بولسا كۆپۈرلۈقنىڭ خىسلەتلىرى ، خەلقىدىمۇ بولىدۇ كۆپۈرلۈقنىڭ ئىللەتلىرى» ھەمدە شائىر بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىسىنى تۆۋەندىكى شېئىرغا يىغىنچاقلاپ ، يۇكسەك پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ۋە بىر ـ بىرىگە بولغان تەسىرىگە باھا بېرىپ ، مۇنداق دەيدۇ :

«ئەرىقلارنى ئول بەھرىدىن ئالۇر ،
بىلىگلىك بۇلارنىڭ سۈيى بىر بولۇر .
چۇ بىردۇر سۇ دەريا بىلە نەھر ئارا ،
ئېمەس تەئمىدە ھاجەت ماجرا» .

(مەنىسى : ئېرىق دەريادىن ئايرىلىپ چىققان بولغاچ ، دەريا ۋە ئېرىقنىڭ سۈيى ئوخشاش بولۇشى ھەممىگە مەلۇم . دېمەككى ، دەريادىكى سۇ بىلەن ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىكى سۇ ئوخشاش بولغانلىقتىن ، ئۇلارنىڭ تەمى ھەققىدە مۇنازىرىگە ھاجەت يوق . )

10 ـ پەسلىدىن تارتىپ 15 ـ پەسلىگىچە ھەم 19 ـ ، 20 ـ ، 21 ـ ، 30 ـ ، 38 ـ پەسىللەر ئاساسەن دىنىي مۆتىۋەرلەر ، قارىي ـ مولللار ، مۇدەررىسلەر قاتارلىق دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ سۇبىيېكتى ۋە خاراكتېرى ھەققىدىكى بايانلار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئوخشاشمىغان مەيداندىكى ئوخشاش بولمىغان ئەقىدە ـ ھالەتلىرىنى ئۈستىلىق بىلەن ئېچىپ تاشلىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ رولى ۋە مەجبۇرىيىتى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ بەرگەن .

شائىر نەۋائى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تىلغا ئالغان ، يۇكسەك گۇمانىستىك روھنى سىڭدۈرگەن بۆلەكلەرنىڭ بىرى ـ دېھقانلار ھەققىدىكى بايانلاردۇر . «شائىر جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي تەبىقىلەر توغرىسىدا سۆزلىگەندە ، جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن تۆھپە ياراتقان دېھقاننى شاھتىن گادايغىچە ۋە ھەتتا چوڭ مەخلۇقاتتىن قۇرت ـ قوڭغۇزلارغىچە رىزىق يەتكۈزۈپ بەرگۈچى ئۇلۇغ ئىنسان سۈپىتىدە مەدھىيىلەيدۇ .[①]

«مەھبۇبۇل قۇلۇب»نىڭ بۇ قىسمىدا يەنە شائىر ھەر خىل ھۆنەر ، كەسىپ ئەھلىلىرى ، ئاسترونوم ، تىجارەتچى ، ئوۋچى قاتارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ خۇي ـ پەيلى ، جەمئىيەتكە ۋە خەلققە كەلتۈرگەن ياخشىلىقلىرى ، نۇقسانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ ، ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئىلغار قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

**ئىككىنچى قىسىم . ياخشى ئەخلاق ، ناچار ئادەتلەر توغرىسىدا :** «مەھبۇبۇل قۇلۇب»نىڭ تەشەببۇس خاراكتېرىنى ئالغان بۇ قىسمىدا شائىر تۆۋا قىلىش ، زوھد (تەقۋالىق ) ، تەۋەككۇلچىلىك ، قانائەت ، سەۋر ، كەمتەرلىك ، زاكىرلار ، مەۋەججۇھ ، رىزا ، ئىشق ـ مۇھەببەت قاتارلىق ئون چوڭ مەزمۇن بويىچە توختالغان

① شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كىلاسسىك ئەدەبىيات، 487 ـ بەت.

بولۇپ ، ئىسلام شەرىئىتى ئاساسىدا بىر يۈرۈش قائىدە ـ نىزاملارنى ، تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . «بۇلار مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئادەت بولۇپ ئۆزلىشىپ كەتكەن ترادىتسىيىلىك تېمىلار بولۇپ ، نەۋائىنىڭ بۇلاردىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى » .[1] شائىر دىداكتىك مەزمۇندىكى شەرق ئەدەبىيات ئۇسلۇبىغا ياندىشقان ھالدا ، مۇلاھىزە ، پروزا ، پوئىزىيە ئامىللىرىنى ئارىلاش قوللىنىپ ، تەسىرلىك ئىبارىلەر ، گۈزەل لىرىكىلار ۋە ئەھمىيەتلىك ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئىلغار قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىدۇ .

«توۋا »نى بارلىق ئىزگۈلۈك ۋە ياخشىلىق ، شۇنداقلا ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ تۈپ ۋاستىسى قاتارىدا ، بارلىق يامان نىيەت ، گۇناھلارنىڭ ئىنسان سۇبيېكتىدا ھالاك بولۇشقا يۈز تۇتۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى ئىكەنلىكىنى ، توۋا قىلىشنىڭ ئۆزى خۇدا يولىدا ئىبادەت قىلىش ئىكەنلىكىنى پەلسەپىۋى يوسۇندا مۇنداق شەرھلەيدۇ : «توۋا ـ يامان ئىشلارنىڭ قەبىھلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشتۇر . تەۋپىق ـ توۋىنىڭ يولدىشى بولۇپ ، يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىشتۇر . توۋا ـ گۇناھلارنىڭ ۋاقىت ئەينىكىنى گۇناھ داتلىرىدىن سۈرتۈپ تازىلايدۇ . ۋاقىت ئەينىكىنى نىياز (ئاجىزلىق بىلدۈرۈش ) ئېكىكى بىلەن ئېكەكلەپ پارقىرىتىدۇ . توۋا ـ يامانلىق يولىنىڭ تۈگەنچىسىدۇر . ھىدايەت يولىغا مېڭىشنىڭ باشلىنىشىدۇر . . . :

«ھەقتىن ئاڭا كىم يەتتى ھىدايەت ۋاقتى ،
كۆڭلىگە يامان پېئىلى سىرايەت ۋاقتى .
ئىسيانىغا باش بولۇپ نىھايەت ۋاقتى ،
بۇ بولدى ھىدايەتكە بىدايەت ۋاقتى . »

(خۇدادىن ھىدايەت يەتكەندە ، يامان ئىشلىرى كۆڭلىگە چۈشىـ

① ۋاھىدجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، 641 ـ بەت.



دۇ . گۇناھلىرى پاش بولۇپ ، نىھايىتىگە يېتىش ھىدايەتنىڭ باشلىنىشىدۇر . )

ئىنسان تەقدىرى ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرغان شائىر تەۋەككۇلچىلىكنى بارلىق مۇۋەپپەقىيەت ۋە توغرا يولغا مېڭىشنىڭ سەۋەبى دەپ بىلىپ ، قويۇق دىنىي كەيپىيات ئىچىدە ئىنساننىڭ بارلىق مەئىشەتلىرى ۋە نېسىۋىلىرىنىڭ ھەممىسى تەڭرىنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان دارامەتلىرى ، ئىنسان تەۋەككۇلنىڭ ھاسىلاتى سۈپىتىدە ، تەقدىرنى تەۋەككۇل ئورنىدا كۆرۈپ ، نېسىۋىگە شۈكۈر قىلىپ ، نەپسىنى يىغىش ، مەئىشەتكە بېرىلىپ ، تەڭرىنىڭ تەۋەككۇل شاپائىتىدىن قالماسلىقنى كۈچەپ تەكىتلەيدۇ . «تەۋەككۇل دېمەك ـ يول ۋاستىلىرىنى كېرەك قىلماستىن ، توغرا يولدا مېڭىۋېرىش ، سەۋەب ۋە ئۆزرىنى قويۇپ ، ھەممىنى ئاللادىن كۆرۈش ، تەۋەككۇلنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا سەۋەبنىڭ رىشتىسى چۈرۈك ، تەقدىرنىڭ مەشئىلى ئالدىدا ۋاستىنىڭ ئۇچقۇنى ئۆچۈك . . . تەۋەككۇل ئەھلى بارلىق چارە ۋە ۋاستىلەردىن كۆز يۇمۇپ ، ئۆزىنى تەۋەككۇل دەرياسىغا ئېتىپتۇ . ۋاستىسىز تەۋەككۇل ۋادىسىغا قەدەم تاشلاپ مەقسەتكە يېتىپتۇ . »

شائىر قانائەت توغرىسىدا توختىلىپ ، قانائەتنىڭ ئادەمگە بولغان پايدىسى ، شۇنداقلا قانائەتلىك كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق ـ سۈپەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ پسىخىكىسى ، ھەم ئاچ كۆزلۈك ، قانائەتسىزلىكنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى سېلىشتۇرۇپ قانائەتچان بولۇشقا ، تەمەخورلۇق ، ئاچ كۆزلۈكتىن يىراق تۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «قانائەت بىر قورغانكى ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسەڭ نەپسىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلىسەن ، ئۇ بىر تاغدۇركى ، ئۇنىڭغا چىقساڭ دوست ـ دۈشمەندىن بىھاجەت بولىسەن ، قانائەت چۈشكۈنلۈكتەك بىلىنسىمۇ ، نەتىجىسى ئۈستۈنلۈك بولىدۇ . ئاجىزلىقتەك سېزىلسىمۇ ، نەتىجىسى كۈچلۈكلۈك بولىدۇ . قانائەت بىر ئۇرۇقكى ، نەتىجىسى بايلىق ، دەرەخكى ، مېۋىسى بىھاجەتلىك . . .پەس تەبىئەتـ

لىك ، خارلىق ئەسكىگە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ . ئۇنىڭغا يېقىنلى-
شىش – خارلىق ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىشىش تەنتەكلىكتۇر… »
كەمتەرلىك – «مەھبۇبۇل قۇلۇب»دا ئەخلاق ئۆلچەملىرى
ئىچىدىكى ئىلىم – مەرىپەت ، ئېتىكا – ئەخلاق مۇناسىۋەتلىرى توغرى-
سىدىكى نېگىزلىك بىر مەزمۇندۇر . شائىر بۇ توغرىسىدا توختىلىپ ،
كەمتەرلىك ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت ، ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتىغا كۆرسى-
تىدىغان ئەجايىپ تەسىرلىرىنى تەپسىلىي كۆرسىتىپ ، كىشىلەر ئوت-
تۇرىسىدىكى دوستلۇق ، مېھرىبانلىق رىشتىسىنى باغلاش ، خەلقنىڭ
مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىشنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى تەكىت-
لەپ مۇنداق دەيدۇ : «كەمتەرلىك كىشىنى خەلقنىڭ ياخشى كۆرۈشى-
گە ۋە دوست تۇتۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ . ئەنە شۇنداق دوستلۇقنىڭ
گۈللىنىشىدە گۈزەل گۈللەر ئېچىلىدۇ ۋە بۇ گۈللەر ئىناقلىق ۋە
ئۇلپەتچىلىك بەزمىسىگە چېچىلىدۇ . كەمتەرلىك – تەكەببۇر دۇشمەن-
نى يوقىتىدۇ . . .كىشىلەردە بۇ خىسلەت مۇستەھكەم ئورۇن ئالغان
بولسا ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت بىلەن قارىمايدىغان كىشى بولماي-
دۇ . . . »

نەۋائىينىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت ھاياتىدا ، ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى
ۋە ئوبراز قاتلىمىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ، نەۋائىي ئۆمۈر بويى جان
– دىلى بىلەن كۈيلىگەن تېما – ئىشق – مۇھەببەتتۇر . نەۋائىي
مەزكۇرئەسەردە ئىشق – مۇھەببەتنىڭ خاسىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئەخلاق
ئۆلچەملىرى ھەققىدە باشقا تېمىلارغا قارىغاندا ئالاھىدە سەھىپە ئاج-
راتقان . نەۋائىينىڭ ئىشق قارىشىنى مەزكۇر ئەسەردىكى ئىشقا ئائىت
مەزمۇنلارغا تايىنىپلا بايان قىلىش خېلىلا يەكدىللىق بولۇپ ھېسابلى-
نىدۇ . شۇنداق بولسىمۇ ، مەزكۇر ئەسەردىكى نەۋائىينىڭ ئىشق توغ-
رىسىدىكى بايانلىرىغا نەزەر سالغىنىمىزدا ، نەۋائىي ئىشقنى ئىنسان
روھىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى ، ئىنسان پائالىيىتىنىڭ سۇبيېكتى ئارقىلىق
ھەقىقەتنى بىلىشكە ، بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا



تۇرتكە بولىدىغان زور مەنىۋى كۈچ دەپ بىلىپ ، ئىنسان روھى-
يەت – ئىلاھىيەت زەنجىرىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان ھالقا قاتارىدا
مۇئامىلە قىلىدۇ . پاك ھېسسىيات ئىگىسىگە نىسبەتەن مۇھەببەت ھەم
ھىدايەت يولىغا باشلايدىغان مەشئەل ، ھەم غاپىللىق كوچىسىغا سۆرەي-
دىغان شەيتان ھەم تەڭرى مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىشقى ئارقىلىق زاھىر
بولۇشىدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئىشق ئارقىلىق
گۈزەللىك ئىدىيىسى ۋە گۈزەللىك ئېستېتىكىسىنى سىڭدۈرۈش ،
ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت ئورنىتىشقا يول قويۇش كېرەك . نەۋائىي
ئىشقنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلىمىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىدىن كۆر-
سىتىپ ئۆتىدۇ : بىرىنچىسى ، جىسمانىي ئىشق . يەنى نەتىجىسى نى-
كاھ ياكى جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن خۇلاسىلىنىدىغان ئىشق . ئىك-
كىنچىسى ، ئاۋامغا بولغان ئىشق . ئاۋامغا ، ئاۋامنىڭ ھال – كۈنى ،
تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن خۇلاسىلىنىدىغان ئىشق . ئۈچىنچى-
سى ، تەڭرىگە بولغان ئىشق . يەنى پاك كۆڭۈلدىن ، پاك يۈزنىڭ
ئىشقىدىن ھۇزۇرلىنىش ، بۇ ئارقىلىق تەڭرىنىڭ ۋىسالىغا يەتمەك
بىلەن خۇلاسىلىنىدىغان ئىشق . بۇ ئۈچ خىل ئىشق ئوخشاشمىغان
قاتلامغا ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى ۋە ئەڭ مۇكەممە-
لى – تەڭرىگە بولغان ئىشقدۇر .

نەۋائىي ، ئىشق ئەھلى ئىشق – مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى گۈزەل
تىل ئىبارىلەر ۋاستىسى بىلەن ئاۋامغا تارقىتىپ ، ئاۋامنىڭ يۈكسەك
ھۆرمىتى ۋە شاپائىتىگە ئېرىشكەن ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋى ، ئابدۇ-
رەھمان جامىلارنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ ، ئۇلارنىڭ ئىشق –
مۇھەببىتىنىڭ ئىشقىنىڭ ئەڭ ئالىي مەرتىۋىسىگە لايىق ئىكەنلىكىنى
مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ .

**ئۈچىنچى قىسىم . بىرقانچە پايدىلىق مىساللار :** ئەسەر-
نىڭ بۇ قىسمى ئاساسەن شائىرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئەخلاق مەسىلى-

ـرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان پەلسەپىۋى ۋە دىداكتىك قاراشلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ تۈگۈنى ۋە جەۋھىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«بۇ قىسىمدا كۆڭلى ئويغاق كىشىلەرگە يەنىمۇ ئىلھام بېرىش، كۆڭلى ئويغانمىغان، ھاياتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمەيدىغان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىدىغانلارنى ئويغىتىش، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ زېرەكلىكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاپتور ئۆزى تولىمۇ مۇھىم ۋە زۆرۈر دەپ قارىغان پىكىرلەرنى 125 تەنبىھ (ئويغىتىش ۋە سىگنال بېرىش) ئاستىدا بايان قىلىدۇ. بىر تەنبىھنىڭ ئاستىدا بىر ئىككى پىكىر، بەزىسىدە بىرقانچە پىكىرلەر بايان قىلىنىدۇ».[①] بۇلار ئاساسەن ئىلىمنى ئۇلۇغلاش، ئۆگەنگەننى ئەمەلدە ئىشلىتىش، ئۆمۈرنى بىھۇدە زايە قىلماسلىق، ياشلىقنى قەدىرلەش، قېرىغاندا ئۆكۈنمەسلىك، ئەدەپلىك، مۇلايىم بولۇش، تىلنى ئاسراش، ئاز ۋە ئويلاپ سۆزلەش، گۈزەل ۋە يۇمشاق سۆزلۈك بولۇش، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، خەير ـ ساخاۋەتلىك بولۇش، بېخىللىق قىلماسلىق، ياخشىلار بىلەن ھەمدەمدە بولۇش، يامانلارنى دوست تۇتماسلىق، خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، سىرنى ياخشى ساقلاش، راست سۆزلەش، يالغانچىلىق قىلماسلىق، كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلىماسلىق، گەپ توشۇماسلىق، غەيۋەت قىلماسلىق، دۈشمەندىن ھوشيار بولۇش، يامانلارغا ياخشىلىق قىلىش، ۋاپادار بولۇش، بىۋاپالىق قىلماسلىق، ھالال ياشاش، دۇنيادىن پاك ئۆتۈش، بەتخۇي بولماسلىق، ئوچۇق چىراي بولۇش، كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئاچماسلىق، ئۆز خاتالىقىنى تونۇش، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك، ئالدىراڭغۇ بولماسلىق، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك، شۈكۈر ـ قانائەتچان بولۇش»[②] قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

① غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1992 ـ يىل)، 298 ـ بەت.

② ۋاھىدجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، 644 ـ بەت.



«مەھبۇبۇل قۇلۇب»نىڭ بۇ قىسمىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ بولۇپ، تۆۋەندە ئىنسان ۋە ھاياتنىڭ قەدىر ـ قىممىتى، شۇنداقلا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەزمۇنلار ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

شائىر ئىلىم ـ مەرىپەت مەسىلىلىرىدە ئادىل شاھتىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە دىلىنى ئىلىم سۈيى بىلەن سۇغىرىشنى، ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن «ھالالغا تارتىنىش يوق» دېگەن ماقالىنىڭ روھى بويىچە تارتىنىشنى ۋە شۇنىڭدەك تارتىنىپ ئىلىمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى ئىلىمگە نىسبەتەن خىيانەت دەپ قاراپ، ئىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن سوئال ـ سوراقنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى تۆۋەندىكى مىسرالاردا قەيت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«بىلمىگەننى سوراپ ئۆرگەنگەن ئالىم،
ئارلانىپ سورامىغان ئۆزىگە زالىم.
ئۆرگەنۇردىن قاچقان لەۋەند،
ئەمگەك تارتىپ ئۆرگەنگەن خىرەمەند.»

(مەنىسى: بىلمىگەننى سوراپ ئۆگەنگەن ئالىم، نومۇس قىلىپ سورىمىغان ئۆزىگە زالىم، ئۆگىنىشتىن قاچقان يارىماس كىشىدۇر، جاپا چېكىپ ئۆگەنگەن كىشى ئەقىللىق.)

ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ يولى ۋە مەقسىتى ئۈستىدە توختىلىپ، ئىلىم ئۆگىنىپ ئىشلەتمىگەن كىشىلەرنى مېۋىسىز دەرەخكە، ھوسۇلسىز ئۇرۇققا ئوخشىتىدۇ. شۇنىڭدەك ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ تۈپ مەقسىتى ـ ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەن، ئىگىلىگەن ئىلمى ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە تۆۋەندىكى مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ:

«ئىلىم ئوقۇپ قىلماغان ئەمەل مەقبۇل،
دانا ساچىپ كۆتەرمەدى مەھسۇل.»

(مەنىسى: بىلىم ئېلىپ ئىشلىتىشنى قىلمىغان قوبۇل، ئۇرۇق

چاچتى لېكىن يىغمىدى ھوسۇل . )
نەۋائىي ئۆمۈر گۈلشەنىنىڭ تاجى ۋە باھارى بولغان ياشلىق ھەق-
قىدە توختىلىپ ، ياشلىق بىلەن ئىشقنىڭ مۇناسىۋىتىنى نىسبەتلەش-
تۈرىدۇ . شەيئىلەرگە بولغان بارلىق ئىشق - مۇھەببەت ياشلىق
باھارىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ، ھەر نەرسىگە ئېرىشىشنىڭ تۇنجى
باسقۇچى ياشلىقنى قەدىرلەپ ، بارلىق ئىشق - مۇھەببەتنى ئۆزى
ياقتۇرغان ، ئۆزى قىزىقىدىغان نەرسىلەرگە بېغىشلاش كېرەكلىكىنى
ئوتتۇرىغا قويىدۇ .
نەۋائىي ماكان - زامان مۇناسىۋىتىدىن شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت
ھالىتى ۋە قىممىتىگە باھا بېرىپ ، بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھامان ئۆز
مەۋجۇدىيىتىنى يوقىتىدىغان قىسمەتكە دۇچار بولىدىغانلىقىنى تەكىت-
لەپ ، كىشىلەرنىڭ ساخاۋەت بىلەن ياشاپ ، ئەل ئارىسىدا ياخشى نام
قالدۇرۇش زۆرۈر دەپ قارايدۇ .
ئانا تىل مەسىلىسى ۋە تىلنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت بىلەن
بولغان باغلىنىشى ئۈستىدە كۆپ ئويلانغان ۋە ئەمەلىي تەجرىبە ، بىلىم
توپلىغان شائىر تىل نۇقتىسىدىن خۇلاسىلەپ چىققان قاراشلىرىنى
ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئالدى بىلەن تىل ۋە ئۇ ھەقتىكى قاراشلارغا قىسقى-
چە باھا بەرگەندىن كېيىن ، ئوخشاشمىغان خاراكتېردىكى كىشىلەر-
نىڭ تىلغا نىسبەتەن مۇئامىلىسى ۋە ئۇنىڭ ياخشى - يامان ئاقىۋەتلى-
رىنى بايان قىلىپ ، كۆڭۈلگە ياقىدىغان ، گۈزەل ۋە پاساھەتلىك ،
دۇرۇس سۆزلەرنى توغرا ، جايىدا ئىشلىتىشنى ، يالغان سۆزلەپ ياكى
ئاچچىق تەنە گەپلەرنى سۆزلەپ باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەس-
لىكنى تەكىتلەيدۇ .
تىل نۇقتىسىدىن ، نەۋائىينىڭ گۇمانىستىك ، خەلقچىللىق روھى
يەنىلا خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىدىن ئۇزۇق ئالغان بو-
لۇپ ، ئۇ «خەزائىنۇل مەئانى» ۋە بارلىق رىسالىلىرىدا خەلق تىلىغا ،
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئەنئەنىۋى تەپەككۇرغا يانداشقان . شۇڭا


نەۋائىينىڭ بۇ ئەسىرىدىكى نۇرغۇنلىغان جۈملىلەر خەلق تىلىغا ، تىل
ئىشلىتىش ئادىتىگە ، ئاۋام تىلى پسىخىكىسىغا ماس بولغاچقا ، ناھايى-
تى ئاسانلا خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئۆزلىشىپ ، ماقال - تەمسىل-
لەر ، ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن . مە-
سىلەن :
«پاسقتىن ھايا تىلىمە ، زالىمدىن ۋاپا ؛
ياماندىن ياخشىلىق كۆزلىمەك قۇرۇق خىيالدۇر ، مۇشۇكتىن
كەپتەرگە شەپقەت مەھەلدۇر ؛
ئاز دېگەن ئاز يېگۈلۈر ، ئاز يېگەن ئاز يىقىلۇر ؛
مېۋىسىز ياغاچ ئوتۇن ، يامغۇرسىز بۇلۇت تۇتۇن ؛
كۆپ ياسانغۇچى ئەر كىشى ئەقىل ئەھلىلىرى سېپىدىن يىراق-
لاشقۇچىدۇر ؛
ھەسەتخورلۇق كېسەلدۇر ، بەلكى ساقايماس مەرەزگە گىرىپتار-
لىقتۇر ؛
گۆھەر پاتقاقتا چۈشكەن بىلەنمۇ قىممىتىنى يوقاتماي ، ئۆز باھا-
سىنى ساقلاپ قالىدۇ ؛
ساقلىق تىلىسەڭ كۆپ يېمە ، ئىززەت تىلىسەڭ كۆپ دېمە ؛
«مەھبۇبۇل قۇلۇب»نىڭ بۇ قىسمىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە ھەل
قىلىش يولى كۆرسىتىپ بېرىلگەن باشقا ئېتىكىلىق قاراشلار ئەسەر-
نىڭ باش قىسمىدا ئومۇمىي مەزمۇن ۋە خاراكتېر جەھەتتىن ئاساسەن
ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ بولغاچقا ، بۇ ھەقتە كۆپ توختالمىدۇق .

**«مەھبۇبۇل قۇلۇب»نىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى :** «مەھ-
بۇبۇل قۇلۇب»نىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىگە ئەسەرنىڭ خاس پروزى-
لىق قىممىتى ياكى پوئېزىيىلىك قىممىتى نۇقتىسىدىن باھا بېرىش
ۋە ياكى مەزكۇر ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى نەۋائىي ئىجادىيى-
تىنىڭ بىر پۈتۈن بەدىئىي قاتلىمىدىن ئايرىپ مۇلاھىزە قىلىش توغرا

تەتقىقات مېتودى ئەمەس . بىراق ، ئايرىملىقنىڭ ئومۇملۇق ئىچىدىكى بىر يۈرۈش ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە ، نەۋائى مەزكۇر ئەسىرىدە ئالدى بىلەن شەرق ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدىكى ماقالاتچىلىك ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلدى ، ھەتتا نۇرغۇن ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتتى . بەدىئىي ئەدەبىيات بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ گارمونىك جىپسىلىشىشىدىن ھاسىل بولغان ئاجايىپ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەت بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئەسىرىنى خەلقچىللىق روھىغا باي قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن دۇنياۋى خاراكتېرگە ئىگە بولغان تېمىلارنى مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ بەدىئىي تالانتىنى جۇلالاندۇردى .

«مەھبۇبۇل قۇلۇب» مەزمۇن جەھەتتىن تىرەنلىكى ، قۇرۇلما جەھەتتىن ئىخچاملىقى ، پەلسەپىۋى جەھەتتىن يۇكسەكلىكى تۇپەيلىدىن نەۋائىنىڭ ئۆمۈر خۇلاسىسى سۈپىتىدە ، ئۆزىنىڭ قۇرۇلما ، ژانىر ، تىل جەھەتتىكى بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن نەۋائى ئىجادىيىتىدە سالماق ئورۇن تۇتىدۇ .

مەزكۇر ئەسەردە توختىلىپ ئۆتۇلگەن ھەربىر مەزمۇننىڭ بايان ئۇسلۇبى ۋە قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىدىن ئەسەرگە باھا بەرگىنىمىزدە ، ئالدى بىلەن بايان قىلىنماقچى بولغان ئوبيېكتنىڭ خاراكتېرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ياكى ئۇنىڭغا ئىزاھ بېرىلىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ، شۇ ئوبيېكتنىڭ ئەخلاق كاتېگورىيىسىدىكى قىممىتى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى رولى ، ياخشى ـ يامان ئاقىۋەتلىرى ، ئەڭ ئاخىرىدا شۇ ئوبيېكتنىڭ ھەقىقەت يولىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى ياكى ئۆز ـ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاقىلانە يولى نەزەرىيەت ياكى نەسرىي يول بىلەن كۆرسىتىلىپ ئۆتۈلىدۇ . مەسىلەن : «دىيانەتسىز باشلىق يامان ، بۇزۇق ـ كېرەكسىز نەرسىدۇر . ئۇ ناكەس ، بىلىمسىزدۇر . پىسىق پۇچۇر (يامان ئىش ) ئۇنىڭ غەرىزىدۇر . ئۇنىڭ مەجلىسلىرى نەغمە ـ ناۋالىق ، ئىلىم تەقۋاسى ھازىسىغا ۋارقىراپ يىغلىغانلىقتۇر



... باشلىق بولغان ئادەم ئىلىم ئەھلىگە يېقىندىن ياردەم قىلسۇن ، پېشقەدەم ، ئۇلۇغلارغا خىزمەتكار ۋە ياردەمچى بولسۇن ، پۇقراغا قىزغىن ، تىرىشچان خىزمەت قىلسۇن ، ۋەخپە ئىقتىسادىنى بۇزۇپ ـ چېچىشقا قارشى تۇرسۇن ، زىرائەتلەرنىڭ مول بولۇشىغا كۈچ چىقارسۇن » .

ئەخلاق كاتېگورىيىسى ئۈستىدە توختالغاندا ، سېلىشتۇرما شەكىلدە ھەر بىرىنىڭ ئىككى تەرىپىنى ۋە ئۇنىڭ خەلققە كەلتۈرىدىغان پايدىسى ۋە زىيانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئۇلارغا ، ئۇلارنىڭ سۇبيېكتلىرىغا ۋە خاراكتېرىگە باھا بېرىدۇ :

«ھەر كىمگە قانائەت تەرىپى ۋە نىسبىتى بار ،
بارچە ئەل ئارا تاۋازۇ ۋە ئىززىتى بار .
ئولكىم تەمە ۋە ھېرىسى بىلە ئۆلپىتى بار ،
ياخشى ـ يامان ئىچرە زىللەت ۋە نۆكبىتى بار . »

(مەنىسى : قانائەتلىك كىشى خەلق ئارىسىدا ئىززەت ۋە ئابرۇيغا ئىگىدۇر . تەمەخور كىشى ياخشى ۋە يامانلارنىڭ ئارىسىدا خار ـ زەلىلدۇر . )

شائىر ئۆزىنىڭ ئېتىكىلىق قاراشلىرىنى يۇقىرىقىدەك گاھى نەسرىي شەكىلدە ، گاھى نەزمىي شەكىلدە بايان قىلىدۇ . نەسرىي شەكىلدە بايان قىلغان مەزمۇنلىرى قويۇق شېئىرىي ئاھاڭدارلىققا ئىگە بولۇپ ، كۈچلۈك شېئىرىي تويغۇ ئاتا قىلىدۇ . يەنى : «ئىشق بىر كەڭ دېڭىزدۇركى ، كۆرمىڭ ئەقىل ـ ھوش كېمىلىرى ئۇنىڭغا چۆككەن ، ئۇ ئوت ـ چۆپلەرنى كۆيدۈرىۋېتىدىغان بىر ئوتتۇركى ، نۇرغۇن كۆڭۈل ۋە جانلار سۇ بولۇپ ئېرىگەن . . . »

شائىر مەزكۇر ئەسەردە ھەم پروزا ھەم پوئېزىيىنىڭ جانلىق شەكلىدىن ئىنتايىن ياخشى پايدىلانغان بولۇپ ، ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قىسمى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسىدۇر . ئالدى بىلەن ھەربىر مەزمۇننى پەلسەپىۋى تىلدا بايان قىلىپ ، ئۇنىڭدىن كۆپ ھاللاردا رۇبائىي

شەكىلدە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەمسىللىك ھېكايىلەر بىلەن ئۆز كۆز قاراشلىرىنى دەلىللەيدۇ. بەزى ھاللاردا ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكىرلىرىگە لايىق كېلىدىغان ياكى ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان مەلۇم بىر شەخسنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

تۈركىي تىل بىلەن ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ۋە ئېستېتىكىلىق ۋاستە ئوبيېكتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى زىچ گىرەلەشتۈرۈپ، تىل ئارقىلىق تەسەۋۋۇرنى، بۇ ئارقىلىق مەزمۇن تىرەنلىكىنى بالاغەتكە يەتكۈزۈش خاس «مەھبۇبۇل قۇلۇب» تىلا ئەمەس، بەلكى نەۋائىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىگە سىڭگەن ئومۇمىي ئالاھىدىلىكتۇر. ئەسەرنىڭ كىشىلەرگە بېغىشلايدىغان ئاجايىپ گۈزەل ۋە نازۇك ئېستېتىكىلىق زوقىدىن بەھرە ئالالىغان كىشى بىزنىڭ بۇ پىكرىمىزدىن گۇمانلانمايدۇ».①

# نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە تەسىرى

ئەلىشىر نەۋائىي پۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يۇسۇپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى يەنە بىر يۈكسەك چوققا ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ھەجىم جەھەتتە كۆپلۈكى، بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقى ۋە تۈركىي ئەدەبىي تىلنى تاكامۇللاشتۇرغانلىقى بىلەن مىلادىيە 15 ـ ئەسىر تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدا بىر نۇرلۇق يۇلتۇز بولۇپ قالدى. نەۋائىنىڭ زاماندىشى، ئۆز دەۋرىدىكى خۇراسان دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ھۇسەيىن بايقارا نەۋائىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يازغان «رىسالە» ناملىق ئەسىرىدە، ئۇنى «شېئىرىيەت مەملىكىتىنى قولغا كەلتۈرگەن ساھىبقىران» دەپ ئاتىدى.

نەۋائىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «قۇتادغۇ بىلىك» دىن باشلانغان يازما ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنى ئەھمەد يۈكنەكى، رابغۇزى، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى قاتارلىق شائىر ۋە ئەدىبلەرنىڭ تۈركىي تىلدا ئېلىپ بارغان بىر يۈرۈش ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق مىلادىيە 15 ـ ئەسىرگە ئۇلىدى ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك ئالتۇن دەۋرىنى ئاچتى. نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ شۆھرىتى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق رايونىغا كەڭ تارقالدى. خۇددى بارتولد ئېيتقاندەك، تېمۇرىيلەر دەۋرىدە «نەۋائىي ئەسەرلىرى قالتىس شان ـ شۆھرەتكە ئىگە بولدى ھەمدە تېمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، ھەرقايسى رايونلارغا تارقالدى».①

نەۋائىي نىزامىدىن باشلانغان، خىسراۋ دېھلىۋى ۋە جامىلار ئىجادىدا قېلىپلاشقان، شەرق ئەدەبىياتىدىكى «خەمسە» چىلىك ئەنئەنىسى (ياكى ھادىسىسى) نى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى. ئۇنىڭ «خەمسە» سى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدا «خەمسە» چىلىك ھادىسىسىنى مەيدانغا كەلتۈردى. شۇنداقلا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى ھەم ئەڭ ئاخىرقى مۇكەممەل «خەمسە» بولۇپ قالدى.

نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ «خەمسە» سى ئۆزىدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتى تەرەققىياتىغا ناھايىتى

① ۋاھىدجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، 659 ـ بەت.

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە» (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى)، 234 ـ بەت.

زور تەسىر كۆرسەتتى. «خەمسە» تەركىبىدىكى ھەرقايسى داستانلارنىڭ سۇژىتى كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئېپىك داستانچىلىق ژانىرى ۋە بۇ ژانىرلاردىكى ئەسەرلەرنىڭ تەرەققىياتىدا ئەجايىپ رول ئوينىدى.

نەۋائىي ئەسەرلىرى ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدىكى ئەدىب - شائىرلار ئارىسىدا ناھايىتى كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى. «نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي ۋە مەۋلانە سەككاكى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى ناھايىتى تېزلا تارىم ۋادىسىدىكى ھەرقايسى جايلارغا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتتى».[1] «نەۋائىي ۋاپاتىدىن كېيىنكى بەش ئەسىر داۋامىدا، شائىرلار ئۇنى شېئىرىيەت پىرى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئوزۇق ئالدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تۈركىي تىللىق خەلقلەر شېئىرىيىتىنىڭ قامۇسى، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارزۇسىنىڭ ئۆلچىمى، مۇددەرىسلەرنىڭ مۇھىم دەرسلىكى سۈپىتىدە ئەدىبلەر تەرىپىدىن ئوقۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مۇقام تېكىستلىرىگە كىرگۈزۈلۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئېيتىلىپ كەلدى».[2]

ئومۇمەن، ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ «خەمسە»سىنىڭ كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىدىن شەرھلەش مۇمكىن؛

بىرىنچى، نەۋائىي ئەسەرلىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ «خەمسە»سى بەش ئەسىردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تەرىپىدىن

[1] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى)، 365 - بەت.

[2] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 - يىل خەنزۇچە نەشرى)، 365 - بەت.



مەخسۇس بىر خەتتاتلىق مەكتىپىنى شەكىللەندۈردى. نەۋائىي ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، تارقىتىش، ساقلاش ۋە مۇھاپىزەت قىلىشنى ئاساس قىلغان بۇ زىيالىيلار قوشۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادا «قەشقەر خەتتاتلىق مەكتىپى» دەپ ئاتالدى.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى مىلادىيە 15 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ، مەخسۇس خەتتات ۋە كاتىپلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈشكە باشلىدى. شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي كىتابەت ۋە خەتتاتلىق تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىدى. مىلادىيە 15 - ئەسىردىن باشلاپ تاكى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر تۈركىي تىلىدا كۆچۈرۈلۈپ كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن مەنبەلەرنىڭ يېرىمىغا تەڭ قىسمىنى نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ نۇسخىلىرى ئىگىلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كىتابچىلىق، خەتتاتلىق، بەدىئىي قوليازما ۋە مىنىئاتۇرا (MINIATURA) سەنئىتىنىڭ كېيىنكى بەش ئەسىرلىك تەرەققىياتىنى بىلىشتە نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ قوليازمىلىرى يېتەكچى ۋە ھەل قىلغۇچى مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ».[1] نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ قوليازمىلىرى بەش ئەسىر داۋامىدا جاھاننىڭ ھەرقايسى يەرلىرىگە تارقالدى. ھازىرقى ۋاقىتتا پەقەت سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ھەرقايسى كۈتۈپخانىلاردىلا نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ 1000 جىلد (توم)تىن ئارتۇق قوليازما نۇسخىلىرى ساقلانماقتا.[2]

مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى بەش ئەسىردىن بۇيان نەۋائىي ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، ساقلاش، تارقىتىش ئىشلىرىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. ھازىرغا قەدەر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى

[1] مۇھەممەدجان ھېكىموۋ (ئۆزبېكىستان): «نەۋائىي ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن خەتتاتلار» — «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992 - يىللىق 2 - سان، 91 - بەت.

[2] يۇقىرىقى ئەسەر، 91 - بەت.

جايلىرىدىن نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلىگەن قوليازما نۇسخىلىرى تېپىلدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە نۇرغۇنلىرى خەلق ئارىسىدا ساقلانماقتا . بۇ قوليازمىلارنىڭ ئەمەلىي سانى ھەققىدە بىر نېمە دېيىشمۇ قىيىن .

ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ، شائىرلىرى ، ئەدىبلىرى بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانسا ، يەنە بىر تەرەپتىن كلاسسىك ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈش ۋە رەتلەش ئىشلىرى بىلەنمۇ مەشغۇل بولاتتى . شۇڭا ئۇلار شائىر ، يازغۇچى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە ماھىر خەتتاتلاردىن بولۇپ يېتىشەتتى . بۇنىڭ بىلەن ئۇلار نەۋائى قاتارلىق مەشھۇر شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش جەريانىدا ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىنى قوبۇل قىلاتتى ۋە ئۇنى ئىجادىيىتىگە سىڭدۈرەتتى .

مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، نەۋائى ۋاپاتىدىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەن ۋە ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان . بولۇپمۇ يەكەن خانلىقى (مىلادىيە 1514 ~ 1678 ) دەۋرىدە نەۋائى ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ، كۆچۈرۈش ۋە رەتلەش ئىشلىرى كەڭ كۆلەمدە ئەۋج ئالغان . نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ تۈرلۈك قوليازما نۇسخىلىرى مەيدانغا كېلىپ ، نەۋائىشۇناسلىق ئىلمىنىڭ شىنجاڭدا بارلىققا كېلىشىگە ئاساس ياراتقان . سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىدىن روزى قادىرى شىنجاڭدا نەۋائىشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مىلادىيە 16 ـ ئەسىردە ، يەنى يەكەن خانلىقى دەۋرىدىن باشلانغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ ۋە مۇنداق دەپ يازىدۇ : «مىلادىيە 16 ـ ئەسىردىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ قەشقەر ، يەكەن ، خوتەن ، ئاقسۇ ، كۇچا قاتارلىق شەھەرلىرىدىلا ئەمەس ، بەلكى ئۆلكىنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىمۇ نەۋائىشۇناسلىق ئىلمىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى كۆرىمىز . نەۋائى ۋاپاتىدىن ئىككى ئاي كېيىن ، كۇچا مەدرىسىدە نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «چاھار دىۋان»ى تولۇقى بىلەن



كۆچۈرۈلگەن . ئۇنىڭدىن كېيىن ، مىلادىيە 1700 ـ يىلى مۇشۇ ئەسەر يەنە «خەزائىنۇل مەئانى» دېگەن نام بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆچۈرۈلگەن . بۇ ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى قوليازما نۇسخىسى يەنە شۇ دەۋردە قۇمۇل شەھىرىدە موللا مەقسۇد دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن» .[1] ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە مىلادىيە 15 ~ 16 ـ ئەسىرلەرگە خاس ، شىنجاڭ ئۇيغۇر كاتىپلىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن . مەسىلەن ، مىلادىيە 1557 ـ يىلى ، «چاھار دىۋان»نىڭ شىنجاڭنىڭ مەلۇم يېرىدە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بىلەن نەۋائىنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنىڭ كۇچا ، خوتەن قاتارلىق جايلىرىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى بايقالدى .

مىلادىيە 20 ـ ئەسىردىن بويان ، بولۇپمۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشلەردە نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ تۈرلۈك قوليازما نۇسخىلىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن تېپىلدى . مىلادىيە 1950 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە ، ئىلمىي خادىملار نەۋائى ئەسەرلىرى قوليازمىسىدىن 400 نۇسخىدىن ئوشۇقراقىنى كۆزدىن كەچۈرگەن . مىلادىيە 1957 ـ يىلى يەكەندە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە 700 پارچە ئەسەرنىڭ قوليازما نۇسخىسى بايقالغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە 150 پارچىسى نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ قوليازمىسى ئىكەن . ئۇنىڭدىن[2] باشقا ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت ، شەھەر ۋە ناھىيىلىرىدىكى مەدەنىيەت يۇرتلىرى ۋە ئورۇنلىرىدا

① روزى قادىرى (قازاقىستان): «شىنجاڭدا نەۋائىشۇناسلىق» ـ «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى، ئالموتا، 1990 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى سانى.

② غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ش ئۇ ئا ر ئۆزلۈكىدىن ئىمتىھان بەرگۈچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش ئىشخانىسى نەشر قىلدۇرغان، 1992 ـ يىل نەشرى)، 307 ـ بەت.

ساقلىنىۋاتقان نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ قولىيازما نۇسخىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمەلىي سانى تېخىچە ستاتىستىكا قىلىنمىدى. «بۇ يەردە شۇ نەرسىنى قىستۇرۇپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى نەۋائى ئەسەرلىرىنى قولىيازما سۈپىتىدە كۆچۈرۈپ ۋە ساقلاپلا قالماستىن، بەلكى، سۆيۈملۈك شائىرنىڭ ئوتلۇق شېئىرلىرىنى ھەر خىل ئۆي جابدۇقلىرىغا ئويۇپ ساقلىغان. ئۇلار ئەينى چاغلاردا نەۋائىنىڭ غەزەل ۋە بېيىتلىرىنى ھەر خىل نەرسىلەرگە نەقىشلەپ، مازار ـ ماشايىخلار، مەدرىسە ـ مەكتەپلەرگە ئېسىشتىن سىرت، مېتال ۋە تۇچ بۇيۇملارغىمۇ ئويغان. مەسىلەن، ئىلمىي خادىملار مىلادىيە 1955 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ قاراقاش ناھىيىسىدىن نەۋائىنىڭ يەتتە مىسرالىق شېئىرى ئويۇلغان بىر نەقىشلىك ئاپتۇۋا تاپقان. بۇ ئاپتۇۋا مىلادىيە 1842 ـ يىلى سېرىق تۇچتىن ياسالغان ئىكەن».[1]

دېمەك، نەۋائى ۋاپاتىدىن كېيىنكى بەش ئەسىر داۋامىدا، نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، رەتلەش، كىتاب قىلىپ تارقىتىش ئىشلىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك بىر كەيپىياتقا ئايلانغان. بۇنداق ھالەت شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبى قىسمىدىكى قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭنىڭ يىراق شەرقىي قىسمىدىكى قۇمۇل، تۇرپان ۋە لوپنۇر قاتارلىق يۇرتلاردىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان. نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش ۋە رەتلەش ئىشلىرى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللانغۇچى كاتىپ ـ خەتتاتلار ئادەتتىكى بىر كۆچۈرگۈچى خەتتاتلار ئەمەس، بەلكى ئۆز دەۋرىدىكى ئەدەبىي ـ نەزەرىيىۋى بىلىملەردىن تولۇق خەۋەردار بولغان، شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن شەخسلەر ئىدى. شۇڭا ئۇلارنى ئاشۇ تارىخىي شارائىتتىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى دېيىشكە

① يۇقىرىقى كىتاب، 307 ـ بەت.



بولاتتى. ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە بەزىدە نەۋائى ئەسەرلىرىنى تولۇقى بىلەن، بەزىدە تاللاپ ھەر خىل خەت نۇسخىلىرىدا كۆچۈرەتتى ۋە مۇقاۋىلاپ كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرەتتى. بۇنداق ئەسەرلەر «كۇللىيات» (ئومۇمىي توپلام)، «باياز» (تاللانما توپلام)، «دىۋان» (شېئىرلار توپلىمى) دەپ ئاتىلاتتى. بەزىلىرىگە نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلىي نامى قويۇلاتتى. خەتتات ـ كاتىپلارنىڭ بەزىلىرى نەۋائى ئەسەرلىرىدىن بىرىنىلا كۆچۈرگەن بولسا، بەزىلىرى بىرنەچچە، ھەتتا ئونلاپ ئەسەرلەرنى كۆچۈرگەن. پۈتۈن ئۆمرىنى نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈشكە بېغىشلىغان خەتتاتلارمۇ بولغان. ھەربىر خەتتات ياكى كاتىپ مۇئەييەن بىر خەتتاتلىق ئېقىمى ياكى مەكتىپىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە، شۇ ئېقىمنىڭ ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا، يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئۆز ھەسسىسىنى قوشقان. نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش ۋە تارقىتىش ئەنئەنىسى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر قانچىلىغان خەتتاتلىق ئېقىملىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە «قەشقەر خەتتاتلىق مەكتىپى» ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەتتات ۋە كاتىپلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ قولىيازما نۇسخىلىرى ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە نامايان قىلغانىدى. بۇ خەتتاتلىق ئېقىمى مىلادىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈشنىڭ تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ياراتتى. بۇ دەۋردە «قەشقەرى» تەخەللۇسى بىلەن نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن خەتتاتلارنىڭ قولىيازمىلىرى شىنجاڭ تەۋەسىدىن ھالقىپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا، تاتارىستان ۋە ئەزەربەيجانلارغىچە تارقالدى. مەسىلەن، ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ 254 قولىيازما نۇسخىسى ئىچىدە 66 قولىيازمىنىڭ تۈزگۈچى ۋە كۆچۈرگۈچىلىرىنىڭ ئىسمى ئېنىقلانغان.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالتە چوڭ قولىيازمىنىڭ كۆچۈرگۈچىلىرى «قەشقەرى» تەخەللۇسلۇق ئەدىبلەردۇر.[①] ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئاشۇ ئىنستىتۇتتا ساقلىنىۋاتقان نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق توپلىمى — «كۇللىيات»ى بار بولۇپ، بۇ قولىيازما مىلادىيە 1824 ~ 1830 - يىللاردا قەشقەردە ئابدۇرېھىم پازىل قەشقەرى دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ، كىتاب قىلىنغان. بۇ «كۇللىيات»قا نەۋائىنىڭ 19 ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە بايقالغان نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ قولىيازما نۇسخىلىرى ئىچىدە ھەجمى ئەڭ چوڭ، كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر ئەڭ كۆپ، ئىلمىي قىممىتى ئەڭ يۇقىرى قولىيازما ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭدا كۆچۈرۈلگەن نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ قولىيازمىلىرى ئىچىدە «خەمسە» ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بەش ئەسىردىن بۇيان كۆپلىگەن خەتتات ۋە كاتىپلار نەۋائىنىڭ «خەمسە»سىنى كۆچۈرۈش، تارقىتىش جەھەتلەردە كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. ھازىر نەۋائى «خەمسە»سىنىڭ ھەر خىل قولىيازما نۇسخىلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەدەنىيەت ئورۇنلىرىدا ساقلانماقتا. پەقەت قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيدىلا نەۋائى «خەمسە»سىنىڭ 21 قولىيازما نۇسخىسى ساقلانماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى قولىيازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان نەۋائى «خەمسە»سىنىڭ 20 گە يېقىن قولىيازمىسى ئىچىدە 14 نى شىنجاڭلىق خەتتاتلار كۆچۈرگەن ئىكەن.

دېمەك، بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدە «خەمسە» ناھايىتى كۆپ كۆچۈرۈلگەن ۋە سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئۆز دەۋرىدىكى ئەدىبلەر نەۋائىنىڭ «خەمسە»

① ئابدۇشۈكۈر تۇردى: «نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن قەشقەرلىك خەتتاتلار» — «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1992 - يىللىق 2 - سان.



سىنى كۆچۈرۈش جەريانىدا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەرقايسى داستانلارنىڭ تېما، سۇژېت ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان. بەزى داستانلارنى ئۆز ئىجادىيىتى سۈپىتىدە قايتا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىگەن. شۇڭلاشقا نەۋائىنىڭ «خەمسە»سى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئايرىم داستانلارنى كۆچۈرۈش جەريانى، ئەمەلىيەتتە ئۆز دەۋرىدىكى ئەدىبلەر ئۈچۈن قايتا ئىجادىيەت جەريانى ھېسابلىناتتى. ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا نەۋائىنىڭ «خەمسە»سى تەركىبىدىكى بەش داستاننى بىرلەشتۈرۈپ، تولۇق كۆچۈرۈپ، بىر پۈتۈن كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرەتتى - دە، ئۇنىڭغا «خەمسە نەۋائى» دېگەن نامنى بېرەتتى. بەزىدە «خەمسە» تەركىبىدىكى ئايرىم داستانلارنى ئۆز ئالدىغا كۆچۈرۈپ مۇستەقىل بىر كىتاب قىلاتتى.

«خەمسە» داستانلىرىنى كۆچۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان ئەدىبلەر شۇ چاغلاردا نەۋائىنىڭ «خەمسە»سىنى كۆچۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى نىزامى ۋە ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋىلەرنىڭ «خەمسە»لىرى تەركىبىدىكى ئايرىم داستانلارنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى ۋە ھەر خىل نۇسخىلاردا كۆچۈرۈپ تارقاتتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ رايونىدا مەخسۇس «خەمسە» داستانلىرىنى كۆچۈرىدىغان بىر قوشۇن شەكىللەندى. نەۋائى «خەمسە»سىنى كۆچۈرۈش ۋە تارقىتىشنى ئاساس قىلغان بۇ زور قوشۇن ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇر يازغۇچى - شائىرلىرىنىڭ نەۋائى «خەمسە»سى ئىچىدىكى مۇھەببەت داستانلىرىدىن زور ئىلھام ئېلىپ، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئېپىك داستانچىلىق ژانىرى ۋە ئۇسلۇبىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى. ئۇلار نەۋائىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «پەرھاد - شېرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»قاتارلىق مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ، ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە»، «ھۆرلىقا - ھەمرا-

جان» ، «رابىيە ـ سەئدىن» قاتارلىق داستانلارنى يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىردى . ھەر بىر دەۋردىكى ئەدىبلەر ئۆزلىرىنىڭ داستان ئىجادىيىتىنى باشلاشتىن ئاۋۋال نەۋائى داستانلىرىنى كۆچۈرۈپ ، كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرەتتى ۋە بۇ جەرياندا نەۋائى داستانلىرىنىڭ بەدىئىي مېتودىنى چوڭقۇر ئۆگىنەتتى ، ئۆزلەشتۈرەتتى .

دېمەك ، مىلادىيە 15 ـ ئەسىردىن باشلانغان نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش ، تارقىتىش ۋە ئۆگىنىش دولقۇنى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ، مىلادىيە 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخىدا زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى . بۇ ساھەدە ئەدىبلەر ، شائىرلار ، تالىپلار ۋە كاتىپلار قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان زور قوشۇن شەكىللەندى . ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا شەكىللەنگەن نەۋائىشۇناسلىق ئىلمىدىكى بۇنداق زور قوشۇن ، پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىدا ، جۈملىدىن ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئېلىپ ، شىنجاڭدا نەۋائىشۇناسلىق ئىلمىنى بارلىققا كەلتۈردى .

ئىككىنچى ، نەۋائى ئەسەرلىرى ، جۈملىدىن ئۇنىڭ «خەمسە»سى تەركىبىدىكى داستانلارغا نەزىرە ھەمدە تەقلىدىي ئەسەر يېزىش ؛ ياكى «خەمسە» تەركىبىدىكى داستانلارنىڭ سۇژىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ، يېڭى ۋە ئورىگىنال ئەسەرلەر يارىتىش قىزغىنلىقى كەڭ ئەۋج ئالدى . بەزى پىشقان ئەدىبلەر نەۋائى «خەمسە»سىنىڭ خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىشىنى ۋە ھەممىگە چۈشىنىشلىك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن نەۋائى «خەمسە»سى تەركىبىدىكى ھەرقايسى داستانلارنى ئاممىباب تىل بىلەن نەسرلەشتۈردى .

نەۋائى ئەسەرلىرىگە ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ غەزەل (لىرىك شېئىر) لىرىگە تەقلىد قىلىپ شېئىر يېزىش دولقۇنى يەكەن خانلىقى (مىلادىيە 1514 ~ 1678 ) دەۋرىدىلا باشلانغان بولۇپ ، بۇ دەۋردىكى شائىر-



لارنىڭ ھەممىسى نەۋائىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇستازى دەپ ھېسابلىغاندى . شىنجاڭدا خوجا ـ ئىشانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەر (مىلادىيە 1678 ~ 1759 )دە ، خېلى كۆپ شائىرلار ـ ئەرشى ، ھىرقەتى ، زەلىلى ، خاراباتى ، نەۋبەتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نەۋائىنى ئۆزلىرىنىڭ يولباشچىسى ھېسابلاپ ، ئۇنىڭ لىرىك شېئىر ـ غەزەللىرىگە تەقلىد قىلىپ ئەسەرلەر يازدى . بۇنىڭ بىلەن نەۋائى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ چوقۇنىدىغان سۆيۈملۈك شائىرىغا ئايلاندى .

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (مىلادىيە 1759 ~ 1912 )لەردە ، نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى يەنىمۇ ئېشىپ باردى . بۇ دەۋردە ھەرقايسى ئەدىبلەر نەۋائىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىغا تەقلىد ئەسەرلەر يېزىشتىن تاشقىرى ، ئۆز دىققىتىنى كۆپرەك «خەمسە» تەركىبىدىكى داستانلارغا قاراتتى . تەخمىنەن مىلادىيە 1830 ـ يىللاردىن 1850 ـ يىللارغىچە بولغان جەرياندا ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان قەشقەردە مەدەنىيەت ـ مائارىپ ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى . شۇ دەۋردىكى قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى زوھۇردىن ھېكىمبەگ (مىلادىيە 1831 ~ 1847 ) نىڭ تەشەببۇسى بىلەن نىزارى ، زىيائى ، غېرىبى ، سەبۇرى قاتارلىق داڭلىق ئەدىبلەر نەۋائى «خەمسە»سىگە مۇراجىئەت قىلىپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئايرىم داستانلارنىڭ سۇژىت ۋە تېمىلىرىدىن پايدىلىنىپ بىر قاتار ئىجادىي ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى . نىزارىنىڭ «پەرھاد ـ شېرىن» ، «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانلىرى ، غەرىبىنىڭ «شاھ بەھرام» داستانى ۋە سەبۇرىنىڭ «ماقالات» قاتارلىق ئەسەرلىرى دەل شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر .

ئۇلار نەۋائىنىڭ «خەمسە»سى تەركىبىدىكى بەزى داستانلارنى ئىجادىي يوسۇندا ئۆزلەشتۈرۈپ ، قايتا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش جەر-

ياندا ، بىر تەرەپتىن نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر ئۆگەندى . يەنە بىر تەرەپتىن ، «خەمسە»نىڭ ئەنئەنىۋى سۇژىتلىرىنى ئۆز دەۋرىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۇرۇپ ، يېڭى ۋە ئورىگىنال ئەسەرلەر ياراتتى . سەبۇرى قاتارلىق بىر قىسىم ئەدىبلەر نەۋائى «خەمسە»سى تەركىبىدىكى ئايرىم داستانلارغا تەقرىز ۋە باھا بېرىپ ، نەۋائىينىڭ بەدىئىي ۋە ئەدەبىي قاراشلىرىنى تەھلىل قىلدى . مەسىلەن ، سەبۇرى مىلادىيە 1840 - يىلى «نەۋائىينىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ ، نەۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىنى تەھلىل قىلدى ھەمدە نەۋائىينىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى شەرھلىدى .

ئۇنىڭدىن باشقا ، شىنجاڭدا شەكىللەنگەن نەۋائىشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇتۇقلىرىدىن بىرى — نەۋائى «خەمسە»سى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى داستانلارنىڭ ئاممىباب تىلدا نەسرلەشتۇرۇلۇشىدۇر . مىلادىيە 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئەدىبلىرى نەۋائى داستانلىرىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا يېقىنلاشتۇرۇش ، تېخىمۇ چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلىش ئېھتىياجى بىلەن نەۋائى «خەمسە»سىنى نەسرلەشتۈردى . مەشھۇر ئەدىب ئۆمەر باقى يەركەندى مىلادىيە (1750 - ؟) 1792 - يىلى نەۋائىينىڭ «خەمسە»سى ئىچىدىن «پەرھاد - شېرىن» ، «لەيلى - مەجنۇن» داستانلىرىنى تاللىۋېلىپ ، ئاممىباب ، چۈشىنىشلىك تىلدا نەسرىي ئۇسلۇب بىلەن قايتا ئىشلەپ چىقتى . يەنە بىر مەشھۇر ئەدىب موللا سىدىق يەركەندى مىلادىيە 1813 - يىلى نەۋائىينىڭ «خەمسە»سى ئىچىدىكى تۆت داستانغا ، يەنە ئۇنىڭ «لىسانۇت تەير» ناملىق ئەسىرىنى قوشۇپ ، تولۇق نەسرلەشتۈرۈپ چىقتى . بۇ ئەسەرلەر ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭ تەۋەسىدىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا ئالقىشقا ئېرىشىپ ، نەۋائى «خەمسە»سىنىڭ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى . ھەمدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا ژانىرى ۋە ئېپىك



ئەسەرلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ھەسسە قوشتى .

ئومۇمەن ، نەۋائىدىن كېيىنكى 500 يىل مابەينىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئارىسىدا نەۋائىنى بىلىش ، ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ، ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلىپ يېڭى ئەسەرلەر يېزىش بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلانغان . شۇنداقلا شۇ دەۋردىكى ئەدىبلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسى بىلەن بەدىئىي ماھارىتىنى ئۆلچەيدىغان بەلگىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان .

ئۈچىنچى ، نەۋائى ئەسەرلىرى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «خەمسە»سى تەركىبىدىكى ھەر قايسى داستانلىرى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئۆتۈپ ، ئاغزاكى خەلق داستانلىرى ، رىۋايەتلىرى ۋە قىسسىلىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى .

ھەممىگە مەلۇمكى ، نەۋائى ئەسەرلىرى ئۆز دەۋرىدىلا شىنجاڭغا يېتىپ كېلىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدە كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلغانىدى . يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر (مىلادىيە 1501 ~ 1550) ئۆزىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى : «مىر ئەلىشىرنىڭ تەخەللۇسى «نەۋائى»دۇر . ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم تۈركىي تىلدا شېئىرنى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋە يۇكسەكرەك يازالىغان ئەمەس . نەۋائى شېئىر سەنئىتىنىڭ ئۇستازىدۇر . ئۇنىڭ تۈركىي تىلدا يازغان شېئىرلىرى ئابدۇرەھمان جامىنىڭ پارسچە شېئىرلىرى بىلەن ئوخشاشلا شۆھرەتكە ئىگىدۇر . نەۋائى پارسچە شېئىرلارنىمۇ كۆپ يازغان ھەمدە پارسچە شېئىرلىرىغا «فانى» تەخەللۇسنى ئىشلەتكەن . خەمسەچىلىكتە ھېچكىم ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋىدەك زور شۆھرەت قازانغان ئەمەس» .[1]

① ئىززەت سۇلتان (ئۆزبېكىستان) : «نەۋائىينىڭ قەلب دەپتىرى» (تاشكەنت، 1969 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى)، 398 - بەت.

شۇنىڭدىن كېيىن، نەۋائىي ئەسەرلىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ «خەمسە»سى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى تەرىپىدىن تەكرار ـ تەكرار كۆچۈرۈلۈش جەريانىدا، ئۇنىڭ تەسىرى يازما ئەدەبىياتتىن ھالقىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. نۇرغۇنلىغان شائىر ۋە يازغۇچىلار نەۋائىينى ئۆز ئۇستازى ھېسابلاپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە نەۋائىي ھەققىدە مەخسۇس توختالدى. نەۋائىي ئەسەرلىرى يەكەن خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپلا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەدرىسە ـ مەكتەپلەردە دەرسلىك ياكى ئوقۇشلۇق قىلىنىپ كەلگەن. بولۇپمۇ مىلادىيە 18 ـ ئەسىردە قەشقەردە نەۋائىي ئەسەرلىرىگە مەخسۇس لۇغەتلەر تۈزۈلگەنلىكى، مىلادىيە 1806 ـ يىلى نىزارىنىڭ قەشقەردە ‹نەۋائىي› ناملىق دەرسلىك تۈزگەنلىكى شىنجاڭدا نەۋائىشۇناسلىقنىڭ جانلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ».①

يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر مۇزىكانتلىرى ۋە ئەدىبلىرى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئەسلىدىكى تېكىستلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنىڭ 39 تېكىستىگە نەۋائىينىڭ مەزمۇن جەھەتتە ئىلغار بولغان غەزەل ۋە لىرىك شېئىرلىرىنى كىرگۈزدى. ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ـ «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرىگە تاللانغان نەۋائىينىڭ شېئىرلىرى بەش ئەسىردىن بۇيان خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

نەۋائىي ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «خەمسە»سى تەركىبىدىكى داستانلارنىڭ خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتىغا ئۆتۈشىدە، بىر قىسىم ئەدىبلەرنىڭ ئەمگىكى مۇھىم رول ئوينىدى. ئۆمەر باقى يەركەندى، موللا سىدىق يەركەندى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ «خەمسە»سى ھەمدە ئۇنىڭ ئىچىدىكى داستانلارنى ئەسلىدىكى شېئىرىي شەكلىدىن نەسرىي شەكىلگە كەلتۈرۈشى ۋە ئاممىبابلاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە، بۇ داستانلار ناھايىتى تېزلىكتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كىرىپ كەلدى. خەلق

① غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 305 ـ بەت.



سەنئەتكارلىرى بۇ داستانلارنى خەلق ئىجادىغا ماسلاشتۇرۇپ، قايتا ئىشلەپ، چوڭدىن ـ كىچىك ھەممىسى بىلىدىغان خەلق داستانلىرىغا ئايلاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى ئوبرازى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ سۆيۈملۈك ھالەتكە يەتتى. بۇ خىل ئەھۋاللارنى مىلادىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ شىنجاڭدا ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ۋە ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ بارغان چەت ئەل شەرقشۇناسلىرىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى. مەسىلەن، مىلادىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭنى تەكشۈرگەن رۇسىيىلىك قازاق ئوفىتسېر ـ چوقان ۋەلىقانوۋ ئۇيغۇرلارنىڭ نەۋائىينى ئاجايىپ ئۇلۇغلاپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك شائىرى دەپ ھېسابلايدىغانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر قالدۇرىدۇ. ئۇ ئۆز خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەلىشىر نەۋائىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك شائىرى ئىكەن، توي ـ تۆكۈن ۋە ئاممىۋى پائالىيەتلەردە ئالدى بىلەن نەۋائىينىڭ غەزەللىرىدىن پارچىلار ئوقۇلۇپ تۇرىدىكەن».① شۇنىڭ بىلەن بىرگە چوقان ۋەلىقانوۋ يەنە شىنجاڭدا نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ مىلادىيە 16 ـ، 18 ـ، 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خاس بولغان تۈرلۈك ـ تۈمەن قولىيازما نۇسخىلىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدە ئۆز ئەسىرىدە گۇۋاھلىق بېرىدۇ.② رۇس ئالىملىرىدىن مالوۋ مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، بۇ يەردە ياشىغۇچى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەۋائىينى ئۆزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك شائىرى سۈپىتىدە تونۇيدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇ بۇ ھەقتە ھاياجان بىلەن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «... نەۋائىي بۇ يەردىكى

① ك. ھەسەنوۋ، س.موللاۋۇدوۋ (قازاقىستان): «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (ئالمۇتا، 1981 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى)، 143 ـ بەت.

② «چوقان ۋەلىقانوۋ ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار» (ئالمۇتا، 1956 ـ يىل قازاقچە نەشرى)، 108 ـ 112 ـ بەت.

كىتابخانىلار ئۇچۇن پەۋقۇلئاددە سۆيۈملۈك ئاپتور ئىكەن . بۇنىڭغا بۇ يەردە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ خىلمۇخىل قولىيازمىلىرى ئۇچۇق مىسال بولىدۇ . ھەتتا شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت جايلىرىدىن بىرى بولغان لوپنۇردا نەۋائى شېئىرلىرى ناخشا قىلىنىپ ئېيتىلىپ ، دېكلاماتسىيە ئۇچۇن يادلىنىددىكەن . نەۋائى داستانلىرىنىڭ سۇژېتلىرى خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن چۆچەك - ھېكايە قىلىنىپ ئېيتىلىدىكەن . بۇ توغرۇلۇق بىزگە مەركىزىي ئاسىيانى كۆپ قېتىم ساياھەت قىلغان شۋېتسىيە ئالىمى سۋېن ھېدىن (SWEN HEDIN ) مەلۇمات بېرىدۇ .[1]

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا ، بەش ئەسىردىن بۇيان نەۋائى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى باشقا ھەرقانداق بىر شەخس بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولمايدۇ . خۇددى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇر ئالىمى مۇراد ھەمرايېۋ ئۆزىنىڭ «ئەلىشىر نەۋائى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق ماقالىسىدە ئېيتقاندەك : «باشقا بارچە تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە قارىغاندا ، ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرى ۋە نامى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئەڭ تونۇش ۋە ئەڭ يېقىندۇر .»[2] نەۋائى ئەسەرلىرى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «خەمسە»سى يېقىنقى 3 - 4 ئەسىر مابەينىدە ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ، ھەر قەدەمدە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلدى . كلاسسىك يازغۇچى - شائىرلار نەۋائىنى ئىزچىل ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئۇستازى ھېسابلاپ كەلدى . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىلھام ۋە بەدىئىي ئوزۇق ئېلىپ تۇردى . بۇنداق ھالەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يەكەن خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ ، تاكى مىلادىيە 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 -

[1] مالوۋ (رۇسىيە): «مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي ئەدەبىياتىدا ئەلىشىر نەۋائى»، 480 - بەت؛ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئالموتا، 1983 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى)، 62~63 - بەتلەر.

[2] مۇراد ھەمرايېۋ (ئۆزبېكىستان): «ئەلىشىر نەۋائى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» - «شەرق يولتۇزى» ژورنىلى، تاشكەنت، 1986 - يىللىق 2 - سان، ئۆزبېكچە نەشرى.



ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان دەۋرلەردە ئىزچىل داۋاملاشتى . بىز نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىنى ھەتتا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرى بولغان موللا بىلال نازىم (مىلادىيە 1825 ~ 1899 ) بىلەن تەجەللى (مىلادىيە 1856~ 1925 ) قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىنمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز .

مىلادىيە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى شەكىللەندى ۋە تېزلىكتە راۋاجلاندى . يېڭى دەۋردىكى يازغۇچى - شائىرلار جۇڭگو ۋە چەت ئەل ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ، بولۇپمۇ نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى داۋاملىق جارى قىلدۇردى . مىلادىيە 30 - يىللارغا كەلگەندە ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دراما ژانىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى . بۇ دەۋردىكى يازغۇچى - سەنئەتكارلار ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن نەۋائى «خەمسە»سى ئىچىدىكى «پەرھاد - شېرىن» ، «لەيلى - مەجنۇن» داستانلىرىنى ئۆزگەرتىپ دراما قىلىپ يازدى . مىلادىيە 1930 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە بۇ درامىلار شىنجاڭنىڭ چۆچەك ، غۇلجا ، ئۈرۈمچى ، ئاقسۇ قاتارلىق شەھەرلىرىدە سەھنىدە ئوينالدى ۋە خەلقنىڭ كۈچلۈك ئالقىشىغا ئېرىشتى .[1] مەشھۇر شائىر لوتپۇللا مۇتەللىپ (مىلادىيە 1922 ~ 1945 ) ئۆزىنىڭ «تەسىراتىم» ناملىق شېئىرىدا چوڭقۇر ھاياجان ئىلكىدە تۆۋەندىكى مىسرالارنى يازدى :

«ئوقۇپ شېئىرلىرىنى زەۋققە غەرق بولۇپ ،
قەلبكە تەسىرات ، تۇيغۇلار تولۇپ .
كۆزۈم بىر نۇقتىغا قېتىپ قالىدۇ ،

[1] سىراجىددىن زەپەر ئاغزاكى بايان قىلغان، مۇھەممەد ئەيسا رەتلىگەن: «بىر سەنئەتكارنىڭ ئۆمۈرلۈك ئەسلىمىسى»ـ«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 36ـتوم (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993ـيىل نەشرى).

ۋۇجۇدۇم خىياللارغا پېتىپ قالدۇ .
قولۇمدا كىتابى دىلدىن سورايمەن ،
نەۋائى قانچىلىك بۈيۈك زات دەيمەن .
قېنى شۇ نەۋائى ، قېنى بىر كۆرسەم ،
مۇبارەك قوللىرىدىن ئۇنىڭ بىر سۆيسەم .
قاراپ تۇرسام «خەمسە»نى يازغاندا ،
قاراپ تۇرسام قەلەمدە گۆھەر قازغاندا .
قاراپ تۇرسام فەرهادقا رەسىم سىزغاندا ،
قاراپ تۇرسام شېرىنغا گۈللەر تىزغاندا .
قوي ! شائىر سۆزلەۋەرمە ، جۆيلۈپ يوققا ،
نەۋائى كۆمۈلگەن ئەمەس تۇپراققا .
يۈرىكى سىغمايدۇ ئالەمدەك لەھەتكە ،
روھى يۆلەنمەيدۇ غەمگە ـ ئەھەدكە .
ئۇنىڭ مازارىنى ھەر بىر ۋاراقتىن ئىزدە ،
گۈمبەز قەبرىنى ھەر مىسرادىن ئىزدە .
ئۇ ئىجاد دەرياسىغا چۆمگەن ،
ئۇ ھەر بىر مىسرا تۈۋىگە كۆمۈلگەن .»

مىلادىيە 1940 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ، يەنە بىر مەشھۇر شائىر نىمشېھىت (مىلادىيە 1906 ~ 1972 )نەۋائىنىڭ «خەمسە»سى ئىچىدىكى «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىدىن ئىلھاملىنىپ ، ئۆزىنىڭ «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن»ناملىق داستانىنى يېزىپ چىقتى . نىمشېھىت بۇ داستانىنى يېزىشتا نەۋائىنىڭ شۇ ناملىق داستانىدىن ئۆگەنگەن بولسىمۇ ، لېكىن داستاندىكى ئەنئەنىۋى مۇھەببەت ھېكايىسىنى شىنجاڭنىڭ كۇچا بىلەن باي ناھىيىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل مىڭئۆيلىرىگە باغلاپ ، داستانىنى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلدۇ . ئۇ داستاندا پەرھاد بىلەن شېرىن ھەققىدىكى مۇھەببەت ھېكايىسىنى رەسمىي تارىم بويىغا ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئۇنى مىڭئۆيلەر-



نىڭ ياسىلىشى بىلەن باغلايدۇ . شۇ ئارقىلىق كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادە قىلىدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا ، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شۆھرەت قازانغان تېيىپجان ئېلىيېۋ ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، ئەھمەد زىيائى قاتارلىق يازغۇچى ـ شائىرلارمۇ ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزلىرىگە ئىلھام مەنبەسى ۋە ماھارەت مەكتىپى قىلىپ كەلدى .

## زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر

چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ مىلادىيە 16 ـ ئەسىردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىلىرىدىن بىرى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر مىلادىيە 1483 ـ يىلى فەرغانە ۋىلايىتى ئاخسىدا ، تېمۇرىيلەر ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئۆمەر شەيخ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۆمەر شەيخنىڭ ئاتىسى ئەبۇ سەئىدە مىرزا ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئاقساق تېمۇردۇر .

بابۇر ئانا تەرەپتىن يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان ۋە «تارىخىي رەشىدى»نىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر بىلەن بىر نەۋرە بولىدۇ . چۈنكى ، بابۇرنىڭ ئانىسى قۇتلۇق نىگارخانىم ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاتىسى سۇلتان ئەھمەدخان ، مىرزا ھەيدەرنىڭ ئانىسى خۇبنىگار خانىملارنىڭ ھەممىسى چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن يۇنۇسخاننىڭ باللىرى ئىدى .

ئاتىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ، مىلادىيە 1494 ـ يىلى 12 ياشلىق بابۇر فەرغانە پادىشاھى بولىدۇ . بابۇر تەختكە چىققان مەزگىل تېمۇرىيلەر سۇلالىسى پارچىلىنىپ ، مۇنقەرزلىككە يول تۇتقان ، ئۆزبېك خانى شەيبانىخان كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ ، ماۋەرائۇننەھرنى ئىگىلەشكە كىرىشكەن مەزگىل ئىدى . شۇڭلاشقا ، ياش بابۇر تېمۇرىيلەر سۇلالىسى سەلتەنىتىنى قوغداپ قېلىش كۈرىشىگە ئاتلىنىشقا

مەجبۇر بولىدۇ . بۇ جەرياندا بابۇر مىلادىيە 1497 ـ يىلى نويابىر ئېيىنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ۋە مىلادىيە 1500 ـ يىلى كەچ كۈزدە سەمەرقەندنى ئىككى قېتىم ئىگىلەيدۇ . ئۇ سەمەرقەندنى ئىككىنچى قېتىم ئىگىلىگەن مەزگىلدە ھىراتتا تۇرۇۋاتقان بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائى مەكتۇپ ئەۋەتىپ ئۇنى تەبرىكلەيدۇ . بۇ ھەقتە بابۇر : «سەمەرقەندنى ئىككىنچى قېتىم ئالغان ۋاقتىمدا ئەلىشىر بەگ ھايات ئىدى . بىر قېتىم ماڭا مەكتۇپمۇ كەلگەنىدى . مەنمۇ بىر پارچە مەكتۇپ يوللىغان ئىدىم . كەينىگە تۈركىي بېيىت يېزىپ ئەۋەتكەنىدىم »[①] دەپ يازىدۇ . بابۇر بۇ قېتىم سەمەرقەندتە بىر قىسىم مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئىزدەپ تېپىپ ئۆگىنىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىنى شۇ مەزگىلدە يېزىشقا باشلايدۇ . ئۇ بۇ ھەقتە «بابۇرنامە»دە : «ئۇ چاغلاردا مەنمۇ ئانچە ـ مۇنچە بېيىتلارنى ئېيتىپ قوياتتىم ، لېكىن غەزەل تاماملاپ باقمىغانىدىم» دەپ يېزىپ ، تۇنجى قېتىم شائىر موللا بىنائىنىڭ رۇبائىيسىغا جاۋاب تەرىقىسىدە بىر رۇبائىي ئېيتقانلىقىنى يازىدۇ » .[②]

ئارىدىن يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ ، مىلادىيە1501 ~ 1502 ـ يىللار ئارىلىقىدا ، سەمەرقەند شەيبانىخاننىڭ مۇھاسىرىسى ئاستىدا قالىدۇ . بابۇر سەمەرقەندنى بەش ئاي مۇداپىئە قىلىدۇ . ھالبۇكى ، ياردەمسىز قېلىش ، ئاچارچىلىق دەستىدىن ھالىدىن كەتكەن بابۇر ئازغىنە ئادەملىرى بىلەن شەھەرنى تاشلاپ چىقىدۇ . مىلادىيە 1502 ~ 1503 ـ يىللىرى ئۇ يەنە بەزى ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ ، ئاخىرى ماۋەرائۇننەھردە پۇت تىرەپ تۇرالماي ، كابول ۋە غەزنىگە چېكىنىدۇ . مىلادىيە 1504 ـ يىلى بابۇر

① زەھىرىددىن مۇھەممەت بابۇر: «بابۇرنامە» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى) ، 159 ـ بەت.

② «بابۇرنامە»، 160 ـ بەت.



كابول ۋە غەزنى ۋىلايىتىنى ئېلىپ ، ئۇ يەرنىڭ پادىشاھى بولىدۇ . مىلادىيە 1506 ـ يىلى ئۇ خۇراساندىكى سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن بىرلىشىپ ، ماۋەرائۇننەھرنى قايتۇرۇۋېلىش نىيىتىدە ھىراتقا بارغان ۋە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ ، نەتىجە چىقىرالمايدۇ . ئەكسىچە ، مىلادىيە 1507 ـ يىلى خۇراسان شەيبانىخانغا بېقىنىدۇ . مىلادىيە 1511 ـ يىلى بابۇر ئىسمايىل شاھنىڭ ياردىمى بىلەن ماۋەرائۇننەھرنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا مەغلۇپ بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بابۇر تېمۇرىيلەر سەلتەنەتىنى قايتا تىكلەش ئۈمىدىدىن ۋاز كېچىپ ، ئۆز ئالدىغا ئىمپېرىيە قۇرۇش مەقسىتىدە ، ئۆزىنىڭ كابولدىكى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ، ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىدۇ . مىلادىيە 1526 ـ يىلى دېھلى ۋە ئەگرەنى ئىشغال قىلىپ ، ھىندىستاندا تاكى مىلادىيە 1761 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن . تارىختا «ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسى» دەپ ئاتالغان ئىمپېرىيىنى قۇرىدۇ .

بابۇر ھىندىستاندا ئۆز سۇلالىسىگە ئاساس سېلىش داۋامىدا ، ياشلىق دەۋرىدىلا يېتىلگەن بىر دۆلەت ئەربابى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ھىندىستاننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سىياسىي بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە بەلگىلىك يۈكسىلىش بارلىققا كېلىدۇ . بابۇرنىڭ ھىندىستان تارىخىدىكى بۇ تۆھپىسىنى ھىندىستاننىڭ مەشھۇر جامائەت ئەربابى جەۋاھىرلال نېھرو ئۆزىنىڭ «ھىندىستاننىڭ كەشىپ ئېتىلىشى» ، «جاھان تارىخىغا بىر نەزەر» ناملىق ئەسەرلىرىدە مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى . ج . نېھرۇ «جاھان تارىخىغا بىر نەزەر» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە : «بابۇر ئەڭ دانىشمەن ۋە دىلبەر شەخسلەردىن ئىدى . ئۇنىڭدا مەزھەپچىلىك تەلۋىلىكى ، قالاقلىق ۋە قىسقا پىكىرلىكتىن ئەسەر يوق ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئەجدادىغا ئوخشاش ۋەيران قىلىش ، خاراب قىلىش يولىدىن بارمىدى . بابۇر سەنئەت ۋە ئەدەبىياتنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلە-

گەن كىشىلەردىن ئىدى»[1] دەپ يازىدۇ . بابۇر بۇ مەزگىلدە دۆلەت ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇشىغا قارىماي ، ۋاقىت چىقىرىپ ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئىشلار بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ مول ۋە قىممەتلىك ئەدەبىي ۋە ئىلمىي مىراسلىرىنىڭ سالماقلىق قىسمىنى مۇشۇ مەزگىلدە يارىتىدۇ .

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر مىلادىيە 1530 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەگرەدە ۋاپات بولىدۇ ، جەستى كېيىن كابولغا قويۇلىدۇ .

بابۇر چاغاتاي تىلى (تۈركىي تىل ) ۋە پارس تىلىدا تەڭ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان بۈيۈك سەنئەتكار . ئۇ چاغاتاي تىلىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ، كابول ۋە غەزنى ۋىلايىتىنىڭ پادىشاھى بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە «بابۇرىي خېتى» ( «خەتتى بابۇرىي» ) نامىدىكى ھۆسنخەت شەكلىنى ئىجاد قىلغان .[2] ھالبۇكى ، مۇقەددەس دەپ قارالغان ئەرەب خېتى ئۈستۈنلۈك ئىگىلىگەن ئۇ دەۋردە «بابۇرىي خېتى» ئومۇملىشالمىغان .

بابۇر مىلادىيە 1506 ـ يىلى سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ، شەيبانىخاننى خۇراساندىن قوغلاپ چىقىرىش سەپىرىگە ئاتلانغان مەزگىلدە ، ھۇسەيىن بايقارا ۋاپاتىدىن كېيىن ھىراتتا 20 كۈن تۇرىدۇ . ئۇ بۇ چاغدا ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئۇنسىيە دەپ ئاتىلىدىغان ئۆيىدە تۇرۇپ ، ئۇ يەردە نەۋائى ئىجادىيىتى بىلەن تەپسىلىي تونۇشىدۇ ھەمدە نەۋائى دىۋانلىرىدىن تاللانما دىۋان تۈزىدۇ . نەۋائى ئىجادىيىتى ئۇنىڭ كېيىنكى ئەدەبىي پائالىيىتى ئۈچۈن زور ئىلھام بولۇپ قالىدۇ .

---

① «ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى» 3 ـ توم (ئۆزبېكىستان «فەن» نەشرىياتى، تاشكەنت، 1978 ـ يىل، ئۆزبېكچە نەشرى)، 52 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

② «بابۇرنامە»، 270 ـ بەت.



مەلۇمكى ، بابۇر شېئىر ئىجادىيىتىدە ئەنە شۇ مەزگىللەردىلا تونۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ ، ئۇ ئىجادىيىتىدە غەزەل ژانىرىغىلا ئەمەس ، باشقا ژانىرلارغىمۇ مۇراجىئەت قىلغان .

بابۇر ئۆزىنىڭ تۇنجى شېئىري دىۋانىنى مىلادىيە 1519 ـ يىلى كابولدا تۈزگەن . ئىككىنچى دىۋانىنى مىلادىيە 1528 ~ 1529 ـ يىللىرى ھىندىستاندا تۈزگەن . ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بارلىق لىرىك مىراسىنى ، يەنى ئىككى دىۋانغا كىرگەن ۋە كىرمەي قالغان شېئىرلىرىنى تولۇق دىۋان ھالىتىگە كەلتۈرگەن . لېكىن ئۇنىڭ بۇ تولۇق دىۋانىنىڭ تەقدىرى ھازىرغىچە نامەلۇم .

بابۇرنىڭ دىۋانلىرى ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن لىرىك ئەدەبىي مىراسى 364 ئەسەردىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇنىڭ 114 ى غەزەل ، 201 ى رۇبائىي ژانىرىدا يېزىلغان . قالغىنىنى قىتئە ، تۇيۇق ۋە فەردلەر تەشكىل قىلىدۇ .

بابۇر ئۆزىنىڭ مەسنەۋىلىرىنى «مۇبەيىين» . «ۋالىدىيە» نامى بىلەن ئىككى توپلام قىلىپ چىققان .

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ لىرىك مىراسى ژانىر ۋە مەزمۇن جەھەتتىن كۆپ خىللىقى ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ ، مۇئەللىپنىڭ مۇرەككەپ دۇنيا قارىشىنى ئېچىپ بەرگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ . بۇ لىرىك مىراسلاردا ساددا تىل ، راۋان ئۇسلۇبتا يېزىلىشتەك ، ئىجتىمائىي ـ تارىخىي مەزمۇن بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ جىپسىلىشىپ كېتىشىدەك ئالاھىدىلىك كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ . بۇ شائىرنىڭ ھاياتقا بولغان مۇناسىۋىتى بىلەن باغلىق بولۇپ ، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇ يەنە شائىرنىڭ ئىجادىي ئۇسلۇبىنى بەلگىلىگەن .

بابۇرنىڭ ئىجادىي ئۇسلۇبىدا رېئالىزملىق تەسۋىر ئۇسلۇبى رومانتىك تەسۋىر ئۇسلۇبىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ . ئۇ شېئىرىيىتىدە ئۆزگىچە مەۋجۇت بولغان لىرىك پوئېزىيە ئەنئەنىلىرىنى داۋام ئەتتۈرۈش

بىلەن بىرگە، ئۆز شەخسىيىتى بىلەن باغلىق بولغان ۋەقە - ھادىسىلەر ۋە ھايات تەسىراتلىرىنىمۇ بەدىئىي قېلىپقا چۈشۈرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ لىرىكىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئاشىق كۆپىنچە بابۇرنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى ئىپادىلىگۈچى ئوبرازغا ئايلىنىپ، ئەنئەنىۋى ئوبراز بىلەن رېئال شەخسنىڭ بىرلىكى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. لېكىن بابۇر لىرىكىسىدىكى لىرىك قەھرىمان بابۇرنىڭ ئۆزى بولماستىن، بەلكى بابۇرنىڭ قەلىمى ئاستىدا يۇكسەك دەرىجىدە تىپىكلەشتۇرۇلۇپ، ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىنغان لىرىك قەھرىمان ئوبرازىدۇر.

بابۇر چاغاتاي تىلى ۋە پارس تىلىدا تەڭ ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش داۋامىدا، ئۆزىنىڭ ھەر ئىككىلا تىلدا كامالەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى نامايىش قىلىش بىلەن بىللە، شېئىرلىرىنى كۆپىنچە چاغاتاي تىلىدا يېزىپ، چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھەسسە قوشتى. ئۇ شېئىرىيەتنىڭ ھەممە ژانىرلىرىدا ئىجادىيەت ئېلىپ باردى، شۇنداقلا بۇ ژانىرلارنى، بولۇپمۇ غەزەل ۋە رۇبائىي ژانىرلىرىنى مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۇرۇش يولىدا زور خىزمەت كۆرسەتتى.

تۆۋەندە بابۇر رۇبائىيلىرىدىن بىرقانچىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

شائىرنىڭ روھى كەچۈرمىشلىرىگە ئالاقىدار رۇبائىيلاردىن بىر مىسال:

«تالى يوق جانىمغە بالالىغ بولدى،
ھەر ئىشنىكى ئەيلەدىم خاتالىغ بولدى.
ئۆز يەرنى قويۇپ، ھىندىسارى يۈزلەدىم،
يارەب، نېتەيىن نې يۈز قارالىغ بولدى.»

شائىرنىڭ ئەخلاق ۋە پەند - نەسىھەت مەزمۇنىدىكى رۇبائىيلىرىدىن بىر مىسال:

«كىم يار ئاڭا ئىلىم تالىبى ئىلىم كېرەك،
ئۆرگەنگەلى ئىلىم تالىبى ئىلىم كېرەك.



مەن تالىبى ئىلمي تالىبى ئىلمي كېرەك،
مەن بارمەن ئىلىم تالىبى ئىلىم كېرەك.»

بۇ رۇبائىيدا ئىلىم ۋە تالىبى ئىلىم (ئىلىم تەلەپكارى) ئۈستىدە سۆز بارىدۇ. شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئىلىم تالىبى ئۈچۈن ئىلىم كېرەك، ئىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ تالىبى، ئىلىم ئۆگىنىش شەيداسى بولۇش كېرەك.

تۆۋەندىكى رۇبائىيدا خەلق ماقال ۋە ھېكمەتلىرىدىن ئورۇن ئالغان «ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق قايتىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت بۇ كىشىلىك ھايات ھەقىقىتى ئاددىي، لېكىن ئاجايىپ ئورگىنال شېئىرىي تەپەككۇر ئۇنچىسى سۈپىتىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ:

«ھەر كىمكى ۋەفا قىلسا، ۋەفا تاپقۇسىدۇر،
ھەر كىمكى جەفا قىلسا، جەفا تاپقۇسىدۇر.
ياخشى كىشى كۆرمەگەي يامانلىق ھەرگىز،
ھەر كىمكى يامان بولسا، جەزا تاپقۇسىدۇر.»

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر شېئىرى مىراسلىرىدىن باشقا يەنە ئارۇز، مۇزىكا، ھەربىي ئىشلارغا دائىر رىسالىلەرنى ھەمدە دۇنيادىكى مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان «بابۇرنامە» ناملىق ئەسلىمىنى يېزىپ قالدۇرغان.

«بابۇرنامە» دېگەن بۇ ئىسىم كېيىنكى ۋاقىتلاردا مۇقىملاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاۋۋال بۇ ئەسەر تۈرلۈك مەنبەلەر ۋە نۇسخىلاردا «ۋاقىئاتى بابۇرى»، «تۈزۈكى بابۇرى»، «تەۋارىخى بابۇرى»، «بابۇرىيا» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. بابۇر بولسا ئۆز ئەسىرىدە ئۇنى «تارىخ»، «ۋەقائى» دەپ ئاتايدۇ.

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر «بابۇرنامە» دە ئۆزىنىڭ 12 يېشىدىن باشلاپ پۈتۈنلەي دېگۈدەك جەڭ ۋە ھەربىي يۈرۈشلەر بىلەن ئۆتكەن جەڭگىۋار، تىنىمسىز، شۇنداقلا سەرگۈزەشتىلەرگە باي ھايا-

تىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى، ئۆزى قاتناشقان ياكى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان جەڭلەر، ۋەقەلەرنى، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ياكى ئۆزى بىلىدىغان پادىشاھ، خان، مىرزا، بەگلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى، ئۆزىنىڭ ھېس - تۇيغۇ ۋە تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ۋە باشقا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى بايان قىلىدۇ. «بابۇرنامە» ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، ھىندىستان قاتارلىق جايلارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ھەربىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى مول، پاكىتلىق ماتېرىياللار بىلەن تولغان بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭدا يەنە بۇ جايلارنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، ئېتنوگرافىيىسى ۋە مەدەنىيىتى قاتارلىقلارمۇ ھەر تەرەپلىمە يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ، بۇ ئەسەر ئالللىبۇرۇنلا دۇنيادىكى شەرقشۇناس ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، نۇرغۇنلىغان ئالىملار ئۇنى تەتقىق قىلىپ، «ئاسىيادىكى ئەسەرلەر ئىچىدە بىردىنبىرى بولمىسىمۇ، ئەڭ ئېسىلى»، «ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ماتېرىياللار ئېنسىكلوپېدىيىلىك خاراكتېرگە ئىگە»، «دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەرىپلىگەن.①

«بابۇرنامە»نىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىدىن، ئۇنىڭ مىلادىيە 1518 ~ 1519 - يىللاردىن باشلاپ يېزىلىشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن. چۈنكى ئاپتور شۇ يىللارغىچە بولغان ۋەقەلەرنى مەلۇم دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىدۇ. بەزىدە شۇ يىل ۋەقەلىرى تەپسىلاتى ئىچىگە كېيىنكى يىللاردا سادىر بولغان ۋەقەلەرنىمۇ قوشۇپ يازىدۇ. ۋەھالەنكى، ئاپتور شۇ يىللاردىن باشلاپ ۋاقىتنى كونكرېت يازىدۇ. ئايلارنىلا ئەمەس، بەلكى ھەپتە، كۈنلەرنىمۇ، ھەتتا بەزى ۋەقەلەرنىڭ شۇ كۈننىڭ قايسى ۋاقتىدا بولغانلىقىنىمۇ

① «بابۇرنامە»، تەرجىمە قىلغۇچى سۆزىنىڭ 3 - ، 6 - بەتلىرىگە ۋە 6 - بەتتىكى ئىزاھاتلارغا قارالسۇن.



كونكرېت، ئېنىق ۋە تەرتىپلىك بايان قىلىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، يىل تەرتىپى بويىچە بايان قىلىنىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ ئۈچ يېرىدە ئۈزۈلۈش بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن 36 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا تېگىشلىك ئەسلىمىنىڭ يېرىمىغا يېقىنى كەم بولۇپ قالغان. بۇ كەم بولۇپ قالغان جايلار، بولۇپمۇ ھىجرىيە 914 - يىلدىن 924 - يىلنىڭ ئاخىرغىچە (مىلادىيە 1508 ~ 1509 - يىللاردىن 1517 ~ 1518 ) بولغان قىسمى توغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسەرنىڭ دەسلەپكى قوليازمىسىنىڭ تاسادىپىي زىيانغا ئۇچرىشى (مىلادىيە 1529 - يىلى ) بىلەن ئۇنىڭ شۇ قىسىملىرى يوقىلىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دېگەن پەرەز ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

«بابۇرنامە»دىن مەلۇمكى، بابۇر پۈتۈن ھاياتىدا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ كەلگەن بىر شەخس بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ «بابۇرنامە»نى يېزىش ئۇسلۇبىدىمۇ روشەن ئەكس ئەتكەن. ئەسەردە بابۇر ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن «تەكەللۇپسىز، ئېنىق ۋە ئاددىي سۆزلەر بىلەن يېزىش»① ئۇسلۇبى روشەن گەۋدىلەنگەن بولۇپ، ئەسەردە شۇ دەۋر ئەسەرلىرىدە دائىم كۆرۈلىدىغان ھەشەمەتلىك ئىبارىلەر، تەكەللۇپلۇق سۆز ۋە تەسۋىرلەر، چۈشىنىش قىيىن بولغان ئېغىر جۈملىلەر كۆزگە چېلىقمايدۇ. بەلكى ئىشنىڭ، مەقسەتنىڭ نەق ئۆزى ساددا ئىبارە ۋە يەڭگىل سۆز - جۈملىلەر بىلەن بايان قىلىنىدۇ. «بابۇرنامە»دە بابۇرنىڭ يېتىلگەن بىر ئەدىب ۋە بىلىمى كەڭ بىر ئالىم ئىكەنلىكى ئەسەر تەركىبىدىكى ھەر بىر تونۇشتۇرۇش، بايان ۋە تەپسىلاتلاردا، ئۇنىڭ ھەربىر شەخسكە بەرگەن باھاسىدا، تۈركىي تىل ۋە پارس تىلىدا بېرىلگەن شېئىرى پارچىلاردا، شۇنداقلا ئەسەر تىلىدا ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇ ئەلىشىر نەۋائىينى تو-

① «بابۇرنامە»، 657 - بەت.

نۇشتۇرغان بايانلىرىدا : «ئەلىشىر بەگ نازۇك مىجەزلىكى بىلەن
مەشھۇردۇر ، كىشىلەر ئۇنىڭ نازۇكلۇقىنى دۆلىتىنىڭ غۇرۇرىدىن
بولغان دەپ بىلىشەتتى . لېكىن ئۇنداق ئەمەس ئىكەن ، بۇ ئۇنىڭ
تۇغما سۈپىتى ئىكەن . سەمەرقەندتە تۇرغان ۋاقتىدىمۇ شۇنداق نازۇك
مىجەز ئىكەن . ئەلىشىر بەگ تەڭدىشى يوق ئادەم ئىدى . تۈركىي
تىلدا شۇنداق شېئىرلارنى يېزىپتۇكى ، ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك كۆپ
ۋە ياخشى يازغان ئەمەس . ئالتە مەسنەۋى كىتاب نەزم قىلىپتۇ ، بەشى
«خەمسە» تەقلىدىدە تۈزۈلۈپتۇ ، بىرى «مەنتىقۇت تەير» ۋەزنىدە
تۈزۈلۈپ «لىسانۇت تەير» دەپ ئاتىلىپتۇ . «غەرائىبۇس سىغەر» ،
«نەۋادىرۇش شەباب» ، «بەدائىيۇل ۋەسەت» ۋە «فەۋائىدۇل كىبەر»
ناملىق تۆت غەزەلىيات دىۋانىنى تۈزۈپتۇ . ياخشى رۇبائىياتمۇ بار .
بۇلاردىن باشقا يەنە بەزى ئەسەرلىرىمۇ بار ، لېكىن ئۇلار بۇ ئېيتىلغاند-
لارغا قارىغاندا تۆۋەن ۋە سۇسراق يېزىلىپتۇ . ئەسەرلىرىنى مەۋلانە
جامىغا تەقلىد قىلىپ توپلاپتۇ . قىسقىسى ، ھەر كىمگە ھەر خىل
ئىشلار ئۈچۈن يازغان خەتلىرىنى يىغىپتۇ . يەنە «مىزانۇل ئەۋزان»
ناملىق ئارۇز يېزىپتۇ . بىراق ئۇنىڭ تەنقىدگە تېگىشلىك تەرەپلىرى
كۆپ ، يىگىرمە تۆت رۇبائىي ۋەزنىدىن تۆت ۋەزنىدە خاتا قىلىپتۇ ،
بەزى بەھرلەرنىڭ ۋەزنىدىمۇ يېڭىلىشىپتۇ ، بۇلار ئارۇز بىلەن شۇ-
غۇللانغۇچىلارغا مەلۇم بولغۇسىدۇر . پارسى دىۋانىمۇ تۈزۈپتۇ ، پارسى
نەزمىدە «فانى» تەخەللۇسىنى قوللىنىپتۇ ، بەزى بېيىتلىرى يامان
ئەمەس ، لېكىن كۆپچىلىكى سۇس ھەم تۆۋەندۇر . مۇزىكىدا ياخشى
نەرسىلەرنى يارىتىپتۇ . ياخشى ناخشا ۋە ياخشى پەشرەۋلىرى بار .
ئىلىم ۋە ھۈنەر ئەھلى ئۈچۈن ئەلىشىر بەگكە يېتىدىغان مۇرەببىي
ۋە ھامىينىڭ بولغانلىقى مەلۇم ئەمەستۇر» .①
يۇقىرىقى پارچىدا بابۇرنىڭ «تەكەللۇپسىز يېزىش» ، راست گەپ

① «بابۇرنامە»، 319 ~ 320 ـ بەتلەر.



قىلىش ئىستىلى روشەن گەۋدىلەنگەن . بۇ خىل ئىستىل ، شۇنداقلا
چىنلىق ئەسەرنىڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتى بولۇپ ، بابۇر ئەسەردە
«ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى بايان قىلىش
بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى ، خاتالىقلىرىنى ۋە
بەزى چاغلاردىكى چۈشكۈن ھالىتىنىمۇ يوشۇرۇپ قالمايدۇ . مۆرىتى
كەلگەندە دۈشمەنلىرىنى ماختايدۇ . دوستلىرىنى ، تۇغقانلىرىنى رە-
ھىمسىز پاش قىلىپ قامچىلايدۇ . مانا بۇ نۇقتىلار كىشىنىڭ ئەسەردە
بايان قىلىنغان ئاساسىي ۋەقەلەرنىڭ چىنلىقىغا بولغان ئىشەنچىنى
تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ» .① بابۇر ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ ھەر بىر ئوي —
پىكىر ، ھەرىكىتىنى ھېچبىر تەكەللۇپسىز ، قىلچە سۆز يورغىلاتماي ،
ئەينەن بايان قىلىدۇ . ئۇ ئەسەردە «ئەمرىگە» بويسۇنمىغان ياكى
سېلىق تۆلەشتە رايىش بولمىغان ئاھالە ۋە قەبىلىلەر ئۈستىدىن ئېلىپ
بارغان بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىقلىرىنى ، ھەتتا ئادەم كاللىسى-
دىن مۇنار تۇرغۇزۇشتەك ئىشلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ تەبىئىي
قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى قاتارىدا بايان قىلىدۇ . بەزىدە مۇنداق
قىرغىنچىلىقلاردىن يىرگەنگەندەك قىلىسىمۇ ، لېكىن يەنىلا داۋاملاش-
تۇرىدۇ ۋە مۇنداق ئىشلارنى پادىشاھلار ئۈچۈن راۋا ھېسابلايدۇ» .
② قىسقىسى ، «بابۇرنامە» ـ زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنى چۈشى-
نىش ، تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق باھا بېرىشتە ، شۇنداقلا
مىلادىيە 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 16 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى
يېرىمىغىچە بولغان مەزگىلدىكى مەركىزىي ئاسىيا ، ئۇنىڭ جەنۇبىي
ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ تارىخىنى ، مىلادىيە
1526 ـ يىلىدىن 1761 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن «ھىندىستان
موغۇل ئىمپېرىيىسى» (بابۇرىيلار سۇلالىسى ) تارىخىنى چۈشىنىش ۋە
تەتقىق قىلىشتا تېپىلغۇسىز قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ .

①② «بابۇرنامە» ، تەرجىمە قىلغۇچى سۆزى ، 4 ~ 5 بەتلەر .

«بابۇرنامە»نىڭ ئەسلىي نۇسخىسى يوقالغان. مىلادىيە 1900 - يىلى ئاننېت. س. بېۋېرىج «بابۇرنامە»نىڭ تۈركىي تىلىدىكى نۇسخىسىنى تاپقان بولسىمۇ، تەكشۈرۈشلەردىن ئۇنىڭ مىلادىيە 1770 - يىللاردىكى كۆچۈرمە نۇسخا ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. «ھەيدەر ئاباد نۇسخىسى» دەپ ئاتالغان ۋە ھەممە نۇسخىلاردىن بىر قەدەر تولۇقراق بولغان بۇ نۇسخا ئا. بېۋېرىج تەرىپىدىن مىلادىيە 1905 - يىلى سۈرەتكە ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن لوندوندا نەشر قىلدۇرۇلغان. ن. ئىلمىنىسكى بۇخارادىن تېپىلغان تۈركىي تىلىدىكى يەنە بىر قولىيازما نۇسخىسىنى مىلادىيە 1857 - يىلى قازاندا نەشر قىلدۇرغان.

«بابۇرنامە» بابۇر ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مىلادىيە 1589 - يىلى پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، بىرقانچە زىننەتلىك ۋە سۈرەتلىك نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن. پارسچە نۇسخا مىلادىيە 1813 - يىلى ئېرسكىن تەرىپىدىن ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «بابۇر يادنامىلىرى» دېگەن نام بىلەن مىلادىيە 1826 - يىلى نەشر قىلىنغان.

«بابۇرنامە»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى خەمت تۆمۈرنىڭ تەرجىمە قىلىشى بىلەن مىلادىيە 1992 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.



# سەككىزىنچى باب

# يەكەن خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

## يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى

چاغاتاي خانىنىڭ ئۆلۈمى (مىلادىيە 1242) دىن كېيىن چاغاتاي خانلىقى پارچىلىنىپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى كۇچا، قارا شەھەرگە، ئاخىرىدا بېشبالىققا كۆچۈرۈلدى. ئېلىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا بۇ خاندانلىق «بېشبالىق ھاكىمىيىتى» دەپ ئاتالدى. بۇ مەزگىلدە بېشبالىق ھاكىمىيىتى بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قويۇق بولغانىدى. مىلادىيە 1418 - يىلى (يۇڭلى 16 - يىلى) ئۇۋەيسخان ھاكىمىيەت مەركىزىنى بېشبالىقتىن ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈردى. بۇ، ئۇيرات موڭغۇللىرىنىڭ يارىش دالاسى (ھازىرقى جۇڭغار ئويمانلىقى) غا قاراپ سىلجىشى ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ جانلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ ھاكىمىيەت شۇنىڭدىن باشلاپ «ئىلبالىق ھاكىمىيىتى» دەپ ئاتالدى. ئىلبالىق ھاكىمىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئالمۇتا، ئىسسىقكۆل ئەتراپى رايونلىرى، ئېلىمىزنىڭ

كۇچا بىلەن قۇمۇل ئارىلىقىدىكى (تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىي ياقىسى-
دىكى ) رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى . تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدى-
كى جايلار بولسا ، موڭغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسىدىن بولغان يابدا-
غاننىڭ ئەۋلادى پولاجى جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئەمەلىي كونتروللۇقىدا
ئىدى .

پولاجى جەمەتىدىكىلەرنىڭ بۇ رايوندىكى ئەمەلىي ئورنى ئۆتكەن
ئەسىردىلا تىكلەنگەنىدى . موللا موسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى»
ناملىق ئەسىرىدە پولاجىنىڭ بوۋىسى يابداغان ۋە ئۇنىڭ جەمەتى ھەققى-
دە خېلى كۆپ مەلۇمات بېرىلگەن . ئۇ مۇنۇلارنى يازىدۇ : «چىڭگىزقا-
ئان ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي خانغا ئامۇ دەرياسىنىڭ شەرقى تەرىپىدى-
كى ماۋەرائۇننەھرى ، فەرغانە ۋىلايىتى ، موڭغۇلىيە ، تاتارلار يۇرتى ،
ئۇيغۇرلار زېمىنى ۋە قەدىمكى نايمان قوۋملىرىگە تەۋە جايلارنى تەقسىم
قىلىپ بەرگەنىدى . چاغاتايخانمۇ ئۆز ئەمىر - ئۆمەرالىرىغا بۇ يۇرت-
لارنى تەقسىم قىلىپ بەردى . جۈملىدىن ، دوغلات قەبىلىسىدىن يابدا-
غان دوغلاتىيىگە ماڭلاي سۆيەنى ئىنئام قىلىش بىلەن تەڭ ، يەنە
ئۇنىڭغا ئۈچ مەنسەپنى مىراس قىلىپ بەردى . (ماڭلاي سۈيە ) دېگەن
سۆز موغۇل تىلىدا ‹ ئاپتاپ تەرەپ › (شەرقنى دېمەكچى ) دېگەن
مەنىدە ئىكەن . بۇ زېمىننىڭ شەرقىي چېگرىسى باغراش ، كورلا ،
شىمالىي تەرەپتە مۇزتاغ ، غەربتە ئالاي تاغلىرى ۋە كاتتا داۋان ،
جەنۇبتا لەئلى كان ، بەدەخشان ۋە قاراڭغۇ تاغدىن ئىبارەت . يابداغاذ-
نىڭ ئەۋلادلىرى ئۇزۇن زامان ئىنئام قىلغان بۇ زېمىن ئىچىگە
ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆتتى . ‹ دوغلات › دېگەن سۆز موغۇل تىلىدا
(توكور ) ، (ئاقساق ) دېگەن مەنىدە . چۈنكى چىڭگىزقائاننىڭ ئۈچىنى-
چى ئاكىسى قوبۇلخاننىڭ سەككىز ئوغلى بار ئىدى . ئالتىنچى ئوغلى-
نىڭ ئىسمى بولجار بولۇپ ، ئۇ ئاقساق ئىكەن . شۇڭلاشقا ، ئۇنىڭغا
‹ دوغلات › دەپ لەقەم قويۇلغان ئىكەن . دوغلات تائىپىلىرى ئۇنىڭ



نەسىل - ئەۋلادى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ » .①

چاغاتاي خانلىقى شەرقىي چاغاتاي ۋە غەربىي چاغاتاي دەپ ئىككى
قىسىمغا بۆلۈنگەندە پولاجى جەمەتىدىكىلەر تەلتۆكۈس ئۇيغۇرلىشىپ
كەتكەنىدى .② چاغاتاي ئەۋلادلىرى ۋەكىللىكىدىكى زور بىر تۈركۈم
موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كېتىشىنىڭ مۇقەددىمىسى ، ئو-
مۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، توغلۇق تېمۇر دەۋرىدىن باشلانغانىدى .
توغلۇق تېمۇرنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن چاغاتاي ئەۋلادلىرى ۋەكىلل-
كىدىكى زور بىر تۈركۈم موڭغۇللارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلى-
شى بۇ موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بىر مۇھىم ئايرىمى-
لىقنى تۈگەتكەن بولسا ، چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ سىياسى جەھەتتە
زەئىپلىشىشى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا قوشۇلۇپ كېتىش جەريا-
نىنى تېخىمۇ تېزلەتكەنىدى .③

تۆمۈرلەڭدىن كېيىنكى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت مابەينى-
دە ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدىكى تەخت تالىشىش كۈرىشى ئۇ-
زۇلمەي داۋاملىشىپ ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئىزچىل
ھالدا بۆلۈنۈش ھالىتىدە تۇردى . مىلادىيە 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى
چارىكىگە كەلگەندە ، بۇ رايوندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا جۇڭغار خانلى-
قى ، تۇرپان سۇلتانلىقى ۋە قەشقەر سۇلتانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ
ھاكىمىيەت مەركىزى شەكىللىنىپ ، يەرلىك ھاكىمىيەتلەر بۇ ئۈچ
خانىدانلىقنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا ئۆتتى . بۈگۈنكى توقسۇ ناھىيىسى-
نى ئۆزىگە چېگرا قىلغان تۇرپان سۇلتانلىقى بىلەن قەشقەر سۇلتانلى-
قىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولسىمۇ ، لې-

① موللا موسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى» (مىللەتلەرنەشرىياتى 1986، ئۇيغۇرچە نەشرى)، 97 - بەت.

② لىۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (مىللەتلەر نەشرىياتى 1987، ئۇيغۇرچە نەشرى)، بىرىنچى قىسىم (2)، 709 - بەت.

③ لىۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى». بىرىنچى قىسىم (2)، 711 - بەت.

كىن ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ، ئۇيغۇرلاشقان موغۇللار ئىدى . بۇ ئىككى ھاكىمىيەت باشقۇرۇۋاتقان پۇقرالارمۇ ، ئوخشاشلا ، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان ، بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىدىغان مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئىدى . مۇشۇ پاكىتلار ئاساسىدا ، ئېلىمىز ۋە چەت ئەل تارىخچىلىرى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ئۇيغۇر زېمىنلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخىنى ئۇيغۇر تارىخى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بايان قىلىپ كەلدى . يەكەن (سەئىدىيە) خانلىقى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى سۇلتانلىق ۋە خانلىقلارنىڭ ، يەكەن (سەئىدىيە) خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنى ۋە شۇ دەۋرلەر مەدەنىيىتىنى ئۇيغۇرلار تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى دەپ ھېسابلاپ كەلدى .

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي كۈچلەرنىڭ پارچىلانغانلىقى ، بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ زەئىپلەشكەنلىكى پولاجى جەمەتىدىكىلەرنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت بولدى . مىلادىيە 1466 ـ يىلى ئۇۋەيسنىڭ ئىككى ئوغلى — ئىسەن بۇقا بىلەن يۇنۇس خانلىقنى كەسكىن تالىشىۋاتقان مەزگىلدە ، پولاجى جەمەتىدىكىلەردىن ئابابەكرى يەكەندە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، ئېلبالىق ھاكىمىيىتىدىن بۆلۈنۈپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى ،① ئارقىدىنلا ، مىلادىيە 1483 ـ يىلى كىچىك دادىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنى (مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ بوۋىسى) قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىپ ، ئۆزىنى قەشقەر سۇلتانى دەپ ئېلان قىلدى ۋە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، ئاقسۇ ، ئۈچتۇرپان ، باي قاتارلىق جايلارنى ، شۇنداقلا ، ئىسسىقكۆل ئەتراپىنى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالدى . مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنىڭ مەيدانغا چىقىشى چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەردى . ئاتالمىش «شەرقىي چاغاتاي خانلىـ

① ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» بىرىنچى قىسىم (2)، 642 ـ بەت.



قى» بولسا ، پەقەت مەنسۇر ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان تۇرپان سۇلتانلىقى بىلەنلا چەكلەندى .

مىلادىيە 1487 ـ يىلى يۇنۇسخان ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مەھمۇدخان ئەسلىدىكى موغۇلىستاننىڭ غەربىي قىسمىنى (يەتتە سۇ ، پەرغانە ۋە تاشكەنت رايونىنى) بۆلۈۋېلىپ ئۆز ئالدىغا خانلىق قۇرغانىدى . سۇلتان مەھمۇدخان زەھىرىدىن مۇھەممەت بابۇرنىڭ تاغىسى بولۇپ ، بابۇر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولغان ۋە ئۇنىڭ شەيبانىخانغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ تۇرغانىدى . بابۇرمۇ سۇلتان مەھمۇدخاننى ناھايىتى ھۆرمەتلىگەن ۋە شېئىرىيەت مەسىلىلىرى توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن پىكىرلىشىپ تۇرغان . چۈنكى ، سۇلتان مەھمۇدخان ئۆز زامانىسىدا تونۇلغان ئەدىب بولغان . «چىڭگىزنامە» (ئەسەرنىڭ ئەسلىي ئىسمى «تارىخى قەشقەر» بولۇپ ، مىلادىيە 1985 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى مۇشۇ نام بىلەن نەشر قىلغان) دە «سۇلتان مەھمۇدخان پادىشاھ زادەئى خۇش تەبىئىي ۋە خۇشخۇي ئىدى . تۈركىي ۋە پارس شېئىرىنى خوپ ئەيتۇر ئىدى» دېيىلىپ ، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ تۆۋەندىكى بېيىتى بېرىلگەن :

«ئەھلى دۇنيا بىرلە دۇنيادىن ۋەفا كۆرمەس كىشى ،
ئەي خۇش ئول ئازادەكىم ئالەم بىلەن يوقتۇر ئىشى» .①

سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ بۇ شېئىرىدىن دۇنيادىن بىزارلىق ، تەسەۋۋۇپچىلىق خاھىشى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ . ھالبۇكى ، ئۇنىڭ مۇشۇ بىر بېيىتىدىن باشقا ئەدەبىي مىراسى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن .

مىلادىيە 1502 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ھاكىمىيىتى دەشتى قىپچاق ئۆزبېكلىرىنىڭ رەھبىرى شەيبانىخان تەرىپىدىن تارتىـ

① موللا مىرسالىھ قەشقەرى: «چىڭگىزنامە» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985)، 87 ـ بەت.

ۋېلىندى. مىلادىيە 1509 - يىلى مەھمۇدخان شەيبانىخانغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، خوجەنت دېگەن جايدا ئالتە ئوغلى بىلەن بىللە چېپىپ تاشلاندى.

مىلادىيە 1508 - يىلى يۇنۇسخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئەھمەدخاننىڭ 3 - ئوغلى سەئىدخان خارابلىشىپ، ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتقان تۇرپان سۇلتانلىقى بىلەن قەشقەر سۇلتانلىقىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، دوغلات جەمەتىدىكىلەر ئۈچ بۆلەككە بۆلۈۋالغان ئەسلىدىكى موغۇلىستان زېمىنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قۇدرەتلىك بىر خاندانلىق قۇرۇشتەك يۈكسەك بىر ئىستەك بىلەن تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. نۇرغۇن تىرىشچانلىق، يېڭىش - يېڭىلىشلاردىن كېيىن، ئۇ ئاخىر ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى مۇنقەرز قىلىپ، مىلادىيە 1514 - يىلى 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى (ھىجرىيە 920 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى) قەشقەردە خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي (شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى) خانلىق مەركىزىنىڭ يەكەنگە يۆتكىلىشى بىلەن، بۇ خاندانلىقنىڭ نامى «يەكەن خانلىقى» دەپ ئاتالدى. تارىختا بۇ خانلىق يەنە ئۆز قۇرغۇچىسىنىڭ نامى بىلەن باغلىق ھالدا «سەئىدىيە خانلىقى» دەپمۇ ئاتىلىپ كەلدى.

يەكەن (سەئىدىيە) خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سەئىدخان كۆپلىگەن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە خانلىقنى مۇستەھكەملىدى. «تارىخىي رەشىدى» دە، سەئىدخان «خانلىقنى تۈزەپ، مۆمىنچىلىك قىلىۋەتكەندى. يۇقىرىسى بەگ - بېگات، ئېسىلزادىلەردىن، تۆۋىنى پۇقرا - پەقىرلارغىچە ھەممە كىشى ئەدەپ - سۆلكەتلىك ئىدى. ئەلدە غەم - قايغۇ يوق ئىدى» ① دېيىلىدۇ. بۇ، سەئىدخاننىڭ ھەقىقەتەنمۇ

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983، خەنزۇچە نەشرى)، 308~309 - بەتلەر.



بىر قەدەر ئادىل ۋە دانا خان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەلنى ئىدارە قىلىشتا مۇنداق ماھىر پادىشاھ شۇ زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا كەمدىن - كەم تېپىلاتتى. ئۇ يېڭى خانلىقنى قۇرغاندىن كېيىن، ئومۇمىيلىقنى ئەلا بىلىپ، خانلىقنى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈردى. ھالىدىن كەتكەن خانلىقنىڭ ئارام ئېلىپ دەرمان توپلىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىنى تىنچىتىپ، خارابلاشقان ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەتنىڭ قايتا جانلىنىشىغا ئىمكان بەردى. ①

بۇ مەسىلىدە، سەئىدخاننىڭ مىلادىيە 1516 - يىلى يارىشىش ئۈچۈن تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەنسۇرخانغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى، ئىككى قېرىنداشنىڭ يارىشىپ، مەنسۇرخاننىڭ يەكەن (سەئىدىيە) خاندانلىقى تەركىبىگە ئۆتكەنلىكىنى؛ خەلقنىڭ «ئاجىز ۋە خاراب بولغانلىقىنى بىلىپ ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ مال - دۇنياغا بىھاجەت بولغانلىقىنىمۇ سېزىپ، بۇ يەتتە شەھەرنىڭ ئون يىللىق باج - خىراجىتىنى پۇقرالارغا ئىنئام ۋە ئېھسان قىلىپ: ‹ئون يىلغىچە پۇقرالاردىن بىر نەرسە ئالماڭلار، سالماڭلار، پۇقرالارمۇ بەرمىسۇن›، دېگەن مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋە ئالەمنى قايىل قىلىدىغان ئىنائەت بارلىقىنى جاكارلىغان» ② لىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كۇپايە. شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ «تارىخىي رەشىدى (زەيلى)» ناملىق ئەسىرىدە يېزىلىشىچە، ئەينى مەزگىلدە قۇمۇلدىن بەدەخشانغىچە بولغان يولدا ماڭغان ھەرقانداق كىشى ئۇزۇق - تۈلۈك ئالماي ماڭىدىغان، ئۆي - ئۆيدە مېھمانغا ئوخشاش كۈتۈلىدىغان بولغان. ③

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989، ئۇيغۇرچە نەشرى)، 308 - 309 - بەتلەر.

② موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، 124 - بەت.

③ شاھ مەھمۇد جوراس: «تارىخى رەشىدى (زەيلى)» (شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەتى، تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن 1960 - يىلى باستۇرۇلغان شاپىگراف نۇسخا)، 68 - بەت.

سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ھىجرىيە 940 ـ يىلى
مۇھەررەم ئېيىنىڭ 1 ـ كۈنى (مىلادىيە 1533 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ
23 ـ كۈنى ، پەيشەنبە ) ئوغلى ئابدۇرەشىدخان تەختكە ۋارىسلىق
قىلدى . سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ۋە ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇكې-
رىمخان (مىلادىيە 1531~ 1592 ) ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىل-
لەردە ھازىرقى شىنجاڭ رايونى تولۇق بىرلىككە كېلىپ ، ئىقتىساد
ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى گۈللىنىش گەۋدىلىك كۆرۈلدى .

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان كۆپ ئىقتىدارلىق خان بولۇپ ، ئۇ كۆپ-
لىگەن ئاكتىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ،
قول سانائىتى ۋە ئىچكى ـ تاشقى سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈردى . ئىلىم ـ پەن ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى
گۈللەندۈردى . بۇ مەزگىلدە قەشقەردىكى «خاقانىيە مەدرىسەسى» كې-
ڭەيتىپ قۇرۇلدى ، يەكەندىمۇ يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرى تەسىس قىلىن-
دى . يەكەندە يەنە «دىۋانخانا» (خانلىق كاتىباتخانا ) قۇرۇلۇپ ، ئالىي
بىلىم يۇرتى ۋە تەتقىقات ئورنىغا ئايلاندۇرۇلدى .[1] ئۇيغۇر (چاغاتاي )
ۋە ئەرەب ، پارس تىلىدىكى كۆپلىگەن ئەدەبىي مىراسلار ، شۇنداقلا ،
ئىلىم ـ پەننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىگە دائىر ئەسەرلەر كۆچۈرۈلۈپ ،
رەتلەندى .

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىر مەرىپەتپەرۋەر شاھ ، شۇنداقلا بىر
ئەدىب ـ سەنئەتكار بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئۇيغۇر خەلق مۇقام
سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى .
سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قىزغىن
قوللىشى ، مۇقام پىر ـ ئۇستازلىرىدىن يۈسۈپ قىدىرى (قىدىرخان
يەركەندى ) ، مەلىكە ئامانىساخانلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئىجادىي

[1] ۋاھتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» (مىللەتلەر نەشرى-
ياتى، 1987، ئۇيغۇرچە نەشرى)، 683 ـ بەت.





پائالىيىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى زور تەرەققىياتلارغا ئې-
رىشتى . قىسقىسى سۇلتان سەئىدخان ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋ-
رىدە يەكەن شەھىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلى-
رىدىن بىرى سۈپىتىدە تونۇلدى .

ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئىنىسى مۇھەممەدخان تەختتە ئولتۇرغان
يىللاردا (مىلادىيە 1591 — 1592 ~ 1609—1610 ) يەكەن خانلى-
قى يەنىلا مۇقىم گۈللىنىش يولىدا ماڭدى . مۇھەممەدخان پۇقرالارغا
كەڭ قورساق ئىدى ، جازانىخورلارنى چەكلەيتتى . ئۇ تۇرپاندا نائىب
بولۇپ تۇرغاندا ، مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەنىدى . يەكەن خانلى-
قىنىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى قويۇق ئىدى .
ئۇلار بۇ ئالاقىنى «ئالتۇن يول» دەپ بىلەتتى . كىمكى بۇ يولنىڭ
راۋانلىقىغا كاشىلا قىلسا ، خانلىقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايتتى .[1]

كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ، يامان غەرەزلىك خوجىلارنىڭ
قۇترىتىشى ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان شاھزادىلەرنىڭ ئىقتى-
دارسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئىختىلاپ ۋە سەلتەنەت تالىشىش ئۇرۇشلىرى
يۈز بېرىپ ، خانلىق پارچىلىنىش ۋە زەئىپلىشىشكە يۈزلەندى . مىلا-
دىيە 1638 ـ يىلى ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىنىسى ئابدۇللاخان باش
كۆتۈرۈپ چىقىپ ، خانلىقنىڭ ئەسلىدىكى سەلتەنەتنى ئەسلىگە كەل-
تۈرۈپ ، مەدەنىيەت ، ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىنى قايتا گۈللەندۈرۈشكە
تىرىشقان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ مەزگىلدە خانلىق چوڭ ـ كىچىك
خوجىلار (ئاساسلىقى ، خوجا مەھدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرى ) ۋە ئۇلارنىڭ
مۇرىتلىرىنىڭ «ئىشقىيە» ۋە «ئىسھاقىيە» دەپ ئاتالغان ئىككى چوڭ
سوپىلىق سۇلۇكىگە بۆلۈنۈپ ، ئۆزلىرىنى «ئاق تاقىيا» ، «قارا تاقى-
يا» ( «تاقىيا» ـ بىر خىل باش كىيىم بولۇپ ، بۇ ئاتالغۇ كېيىن
«ئاق تاغلىق» ، «قارا تاغلىق» بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەن ) لىق

[1] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 312 ـ بەت.

بولۇۋېلىپ، ھاكىمىيەت ئۈچۈن ئېلىپ بارغان سىياسىي غەلىيان ۋە مەزھەپ كۈرەشلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكى ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ، مۇنقەرز بولۇشقا يۈز تۇتتى.

مىلادىيە 1670 - يىلى ئابدۇللاخاننىڭ ئىنىسى ئىسمايىل خانلىق تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، «ئاق تاغلىق» خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەت ۋە خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى يوقىتىش يولىدا بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى. «ئاق تاغلىق» خوجىلارنىڭ «پىرى» ھىدايىتۇللا خوجا (ئاپپاق خوجا) نى قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى. ئاپپاق خوجا قەشقەردىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئوغرىلىقچە كەشمىرگە بېرىپ، ئۇ يەردىن تىبەتكە ئۆتتى. ئۇ دالاي لاما V بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ بۇددىستلار كېگەننىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. دالاي لاما V ئۇنى خەت بىلەن جۇڭغار خانلىقىنىڭ قۇنتەيجىسى غالدانغا ئەۋەتتى. مىلادىيە 1678 - يىلى، غالدان 12 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر چىقاردى. بۇ ئەسكەرلەر مۇزات ئارقىلىق تەڭرىتاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، قەشقەرلەرنى ئىشغال قىلىپ يەكەنگە يېتىپ باردى. «ئاق تاغلىق» خوجىلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ماسلىشىشى، قاتتىق جەڭلەر نەتىجىسىدە، يەكەننى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان سەركەردە ئىۋەزبەگ جەڭدە ئۆلدى، شەھەر يىمىرىلدى، ئىسمايىلخان بالا - چاقىسى بىلەن ئەسىرگە چۈشۈپ، ئىلىغا ئەۋەتىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەكەن (سەئىدىيە) خانلىقى مۇنقەرز بولدى. تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلار جۇڭغارلارنىڭ زېمىنىغا ئايلاندى.①

يىغىپ ئېيتقاندا «مىلادىيە 15 ~ 16 - ئەسىر ئۇيغۇر تارىخى بۇرۇنقىغا ۋارىسلىق قىلىش، كېيىنكىلەر ئۈچۈن يول ئېچىش دەۋرى بولدى».② يەكەن (سەئىدىيە) خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 321 –، 322 – بەتلەر.

② ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، بىرىنچى قىسىم (2)، 713 – بەت.



شىنجاڭ رايونىدا سىياسىي، ئىقتىساد، دىن، تىل - يېزىق جەھەتتە قايتىدىن بىرلىكنى (جۇملىدىن، ئۇيغۇرلىشىشنى) ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى مىللەت ئورتاق گەۋدىسى - يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلىرىنى شەكىللەندۈرگەن مۇھىم بىر تارىخىي دەۋرنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي زېمىنىنىڭ بىر مۇقىم ھاكىمىيەت مەركىزى ئاساسىدا بىرلىككە كېلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداش، مۇستەھكەملەش ۋە كېيىنكى قايتىدىن بىرلىككە كېلىشى ئۈچۈن مۇھىم تارىخىي ئاساس بولۇپ قالدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مىلادىيە 16 - ئەسىردە ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلىپ مەيدانغا كەلگەن يەكەن (سەئىدىيە) خانلىقى «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسىم زېمىنىنى ئۆزلەشتۈرۈش، گۈللەندۈرۈش ۋە قوغداش يولىدا قوشقان تارىخىي تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ».①

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، يۈسۈپ قىدىرى، ئامانىساخانغا ئوخشاش ئەدىبلەردىن باشقا يەنە ئايازى، مەجلىسى، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر، شاھ مەھمۇد جۇراس، ئەمىرى، مۇھەممەد ئەمىن ھىرقەتى، ئابىد قاتارلىق ئەدەبىيات نامايەندىلىرى (ئۇلار ھەققىدە ئايرىم ماۋزۇلاردا توختىلىمىز)، شۇنداقلا، مىرزا مىرەك چالىشى، ئاخۇن خوجا، مەۋلانە خۇلقى، ئاخۇند موللا رەئىدى، خوجا ئابدۇرازاق، دوستى يەركەندى، زىلەيخا بېگىم قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەربابلىرى، ئالىم - تارىخشۇناسلار ئۆتكەن. مەۋلانە خۇلقى، مىرزا مىرەك چالىشى ۋە ئاخۇند موللا رەئىدى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ناھايىتى ئاز ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس. مەۋلانە خۇلقى ھەققىدە «چىڭگىزنامە» («تارىخى كاشغەر») دە:

① ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، بىرىنچى قىسىم (2)، 753 – بەت.

«تالىبۇلئىلىم ، خوب شېئىر نەغىز ئېيتۇر ئىدى »[1] دېيىلىدۇ . مىرزا مىرەك چالىشى ( «زېرەك » دەپمۇ ئاتالغان ) ھەققىدە بولسا ، «مىرزا زېرەك دەپ ئەزىز بار ئىدى . چالىشىدا بىر كىمەرسە سەھەر ۋەقتىدە رۇخسارە گۇل ئەيتتى ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى » دەپ ئۇنىڭ تۆۋەندىكى بىر بېيىتى بېرىلىدۇ :

«قارالاسام كۆرۈنمەيدۇر دۇنيانىڭ ئۇچى ،
بۇ دۇنيا بىر كوھنە رەبات ، بىر يول ئۆتكۈچى . »[2]

«تارىخىي رەشىدى » (زەيلى ) دە مىرزا مىرەك چالىشىنىڭ ئىسمى - شەرىپى بىرقانچە يەردە تىلغا ئېلىنىپ ، ئۇنىڭ «ئۇلۇغ كىشى ئىكەنلىكى » ، ئابدۇكېرىم خاننىڭ مىرزا مىرەككە «ئېتىقادلىق ۋە ئىخلاسلىق » ئىكەنلىكى قەيت قىلىپ ئۆتۈلىدۇ . [3]

«تارىخىي شاھ مەھمۇد جۇراس » نىڭ موللا ئىۋەز ئوغلى دوست قۇلى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن يەنە بىر نۇسخىدا (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىلى بۇ نۇسخىنى «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار » دېگەن نام بىلەن نەشر قىلدى ) ئابدۇللېتىپخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە (مىلادىيە 19/ 1618~ 31/ 1630 - يىللار ) پازىل كىشىلەرنىڭ خان نامىدا توپلىمىلارنى تۈزگەنلىكى ، شائىرلارنىڭ شېئىرلار يازغانلىقى ئېيتىپ ئۆتۈلۈپ ، ئاخۇن خوجا نەسىر ئىسىملىك شائىرنىڭ بىر رۇبائىيسى بېرىلىدۇ .[4] «چىڭگىزنامە » دە بولسا ، ئابدۇكېرىمخان خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندا شائىرلارنىڭ شاھ شەنىگە قەسىدىلەر ئوقۇغانلىقى ، ئاخۇند موللا رەئىدىنىڭ ئەينى دەۋردە «مەلىكۇش شۇئەرا » (شائىرلار شاھى ) ئىكەنلىكى تىلغا

[1] موللا مىرسالىھ كاشغەرى: «چىڭگىزنامە»، 90 - ۋە 112 - بەتلەر.
[2] يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.
[3] شاھ مەھمۇد جۇراس: «تارىخىي رەشىدى (زەيلى)» (شاپىگراف نۇسخا)، 85 -، ۋە 91 - بەتلەر.
[4] «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 106 - بەت.



ئېلىپ ئۆتۈلىدۇ . «تارىخىي[1] شاھ مەھمۇد جۇراس » تا شائىر خوجا ئابدۇراززاقنىڭ بەدەخشاندىن ئابدۇللېتىپ خانغا ئەۋەتكەن مۇنۇ رۇبائىيسى بېرىلىدۇ :

«بۇلبۇل قەپەستە ئەسىر ، قاغىلار باغدا ،
كىيىك ياقا - پۇچقاقتا ، ئىتلار ھويلىدا .
سۇمۇرغ دېگەن قۇش غېرىب ، سا ۋەتەندە ،
مەن سەرگەندار ، ياتلار يار ئالدىدا . » [2]

بەزى ماتېرىياللاردا يەنە خوجا ئابدۇرازاقنىڭ «غەزەلىيات شاھ خوجا ئابدۇرازاق » ناملىق ئەسىرىنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلىدۇ .

دوستى يەركەندى زامانىسىنىڭ تونۇلغان مۇزىكانتى ۋە شائىرى بولۇپ ، دەرۋىش ئەلى مىلادىيە 1572 - يىلى يازغان «رىسالەئى مۇسىقى » ناملىق 12 قىسىملىق كىتابىدا يەكەنلىك كەسىپدىشى،دوستى يەركەندى بىلەن مەۋلانە بىنائىنىڭ «ئون رەڭ » ناملىق غەزىلىنى ئىراق مۇقامىغا بىرلىكتە بەستىلىمەكچى بولغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ ۋە دوستى يەركەندىنىڭ تۆۋەندىكى غەزىلىنى بېرىدۇ :

«يىقىتتى بىھوش يەرگە نىگارىم ھۆسنى زىباسى ،
ئېلىپ كەتتى ھوشۇمنى بۇ تېنىمدىن زۇلفى سەۋداسى .
بەئەينى شوخ تاۋۇس يەڭلىغ يېيىلغان چاچلىرى يارنىڭ ،
بىلەلمەي يار پەرىشتە ، ھۆر ، مېھرمەنزەر سەۋرىمۇ قايسى .
كۆزۈم كۆركەن ئەمەس ئەسلا بۇنىڭدەك نەفسى ئەلانى ،
سىياقى ئاھۇدەك ، ئەمما جېنىمنىڭ قەستى سەيياھسى .
نىتەي رەببىم ، كۆرك زۇلف زەنجىرىگە بەند ئېتىش قەستى ،
بۇ ۋەجىدىن بارمۇ مەندەك بى بەخت دىۋانە رەسۋاسى .

[1] موللا مىرسالىھ قەشقەرى: «چىڭگىزنامە»، 113 - بەت.
[2] «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 107 - بەت.

كۆكۈل بەرسەم ، بولۇپ مەسۇم مېنىڭ ئاھىمگە رەھىم ئەتسە ،
دېسەم تەشكەي ھامان باغرىمنى خۇمار كۆرە ئوقياسى .
نەزەر سال خاكسار ئولدۇم قېشىڭدا چاڭ ـ توزان گويا ،
قولۇمدىن كەتتى گۇل پەسلىم تېنىم قان لالە سەھراسى .
سوراپ كۆرگىنكى ئەي دوستى ، كىمىڭ يوقلار ئىشىكىڭنى ،
بېشىڭ ئاستانىگە قويغىن ، كۆكۈلنىڭ ئۇشبۇ غوۋغاسى .» ①

زىلەيخا بېگىم ئەسلىدە مىرسەئىد جېلىل قەشقەرى ئىسىملىك نامدار كىشىنىڭ خىزمەتكارىنىڭ قىزى بولۇپ ، ئۇ كىشى زىلەيخا بېگىمنى قۇمۇلدا خوجا مۇھەممەد ھاجى يۇسۇپ (ۋاپاتى مىلادىيە 1600 ـ يىلى ) كە ياتلىق قىلغان . خوجىلار ھاياتىغا بېغىشلانغان «سىلسىلەتۇز ـ زەھەب» ( «ئالتۇن زەنجىرلەر» ) ناملىق تەزكىردە : «خوجا مۇھەممەد ھاجى يۇسۇپ خوجام جاھاننىڭ تەڭداشسىز كىشىسى ئىدى . زىلەيخا بېگىممۇ تەڭداشسىز ئىستېدات ئىگىسى ئىدى . ئەرەبچە ۋە پارسچىدا ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى . شېئىر ۋە قەسىدە ئىجادىيىتىدە نۇقسانسىز ئىدى» دېيىلگەن . زىلەيخا بېگىم ھاپىز شېئىرلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ ، مۇتالىئە قىلغان ۋە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان . زىلەيخا بېگىمنىڭ شېئىرلىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ قۇمۇلدا تەرجىمە قىلغان ھاپىز شىرازىنىڭ 10 پارچە غەزىلى مىلادىيە 1813~ 1814 ـ يىللىرى قۇمۇلدا تۈزۈلگەن «باياز» ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن . ②

يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە قەشقەردە ئۆز ئىجادىي پائالىيىتى بىلەن تونۇلغان شائىر بابا رەھىم مەشرەپ شېئىرىيىتىمۇ

① غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» (ئىمتىھان ئېلىش ئىشخانىسى، 1996)، 423ـ، 425 ـ بەتلەر.

② «باياز» (1) (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996، ئۇيغۇرچە نەشرى)، 25 ـ بەت.



ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇئەييەن ئورۇن تۇتىدۇ . بابا رەھىم مەشرەپنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە ئۆز دەۋرىدىن بىرەر ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگىنىدەك ، ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى بىرەر دىۋان قىلىپ تۈزۈپ چىققانلىقىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس . ① ئۇنىڭ ھاياتىغا دائىر مەلۇماتلار مىلادىيە 17 ~ 19 ـ ئەسىرلەردە يېزىلغان بەزى تەزكىرىلەر ، تارىخىي ۋە تەسەۋۋۇپ تېمىسىدىكى بەزى ئەسەرلەردىن ئېلىنغان بولسا ، ئىجادىيىتى مىلادىيە 19 ـ ئەسىر ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھەر خىل مەنبەلەر ئاساسىدا باشقىلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «دىۋانەئى مەشرەپ» ، «دىۋانى مەشرەپ» ۋە «ھەزرەتى شاھ مەشرەپ» ئوخشاش تۇپلاملار ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن . ئەنە شۇ مەنبەلەر ۋە كېيىنكى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا ، بابا رەھىم مەشرەپ (بەزى مەنبەلەردە ئۇنىڭ ئىسمى رەھىم بابا ، ئابدۇلرەھىم دەپمۇ ئاتالغان ) ئەينى ۋاقىتتا يەكەن خانلىقىغا تەۋە بولغان پەرغانە ۋادىسىدىكى نەمەنگان شەھىرىدە ھىجرىيە 1050 (مىلادىيە 1640 ) ـ يىلى كەمبەغەل ھۈنەرۋەن بەلىبابابۆزچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . كىچىكىدە دادىسىدىن يېتىم قالغان بابا رەھىم ناھايىتى قىيىنچىلىق ئىچىدە چوڭ بولغان . يىپ ئېگىرىپ ئائىلىنى بېقىۋاتقان ئانىسى ئوغلىدىكى تۇغما قابىلىيەت ، زېرەكلىك ۋە تىرىشچانلىقنى كۆرۈپ ، ئۇنى نەمەنگاننىڭ سوپى ـ ئىشانى ، موللا بازار ئاخۇن نامى بىلەن تونۇلغان ئۇيغۇر روھانىيسى خوجا ئۆبەيدۇللانىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرغان . بابا رەھىم بۇ جەرياندا دىن ۋە تەسەۋۋۇپ ئىلىملىرىنى ، ئۆزىدىن ئاۋۋالقى ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى ، پارس ـ تاجىك ۋە ئەرەب تىللىرىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەن ، شۇنداقلا ، ئۆز ئىجادىي

① بابا رەھىم مەشرەپنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىشتە «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» (ئۆزبېكىستان «فەن» نەشرىياتى، 1978، ئۆزبېكچە نەشرى) دىكى بايانلار ئاساس قىلىندى (3 ـ توم، 234 ~ 262 ـ بەتلەر).

پائالىيىتى بىلەن تونۇلۇشقا باشلىغان . بابا رەھىم 25 ياشقا كىرگەن مەزگىلدە ، خوجا ئۆبەيدۇللا ئۇنى روھانىيلىقنىڭ تېخىمۇ قويۇق مۇھىتى ئىچىدە تەربىيىلەش ئۈچۈن ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ خوجا ئىشانى ھىدايىتۇللا ئاپپاق خوجىغا شاگىرتلىققا ئەۋەتكەن . مەشرەپ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ، ئاپپاق خوجىنىڭ «گۈلباغ» دەپ ئاتىلىدىغان باغ ئىرەمىدە ئۇنىڭ يىلقىسىنى باققان . بۇ جەرياندا ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتىدە دىن ۋە تەسەۋۋۇپ ، ئاپپاق خوجىغا تېۋىنىش ، ئۇلۇغلاشتەك ئىدىيىۋى خاھىشلار گەۋدىلىك ئورۇن تۇتقان . كېيىنچە ئۇ ئاپپاق خوجا باشچىلىقىدىكى خوجا ، سوپى - ئىشانلارنىڭ نادانلىق ، جاھىللىق ، ئىككى يۈزلىمىلىك ، ئالدامچىلىق ، تۇرمۇشىدىكى ئىپلاسلىق ۋە بۇزۇقچىلىق قاتارلىق تەرەپلىرىنى پەيدىنپەي چۈشىنىپ ۋە كۆرۈپ يېتىپ ، ئۇلارغا نەپرەت بىلەن قارىغان . شۇنىڭ بىلەن ھاياتقا چىن ئىنسان كۆزى بىلەن قاراپ ، ئىجتىمائىي رېئاللىق چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئارقىلىق كۈچلۈك ئەكس ئەتكەن ھەجۋىي شېئىرلىرى ، چىن ئىنسانىي مۇھەببەت بىلەن تولغان ئوتلۇق لىرىكىلىرى جامائەتچىلىك ئارىسىدا تېز تارقاپ ، تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان . ئاپپاق خوجا مەشرەپ سىيماسىدىن ئۆزىنىڭ مەنىۋى رەقىبىنى كۆرگەن ۋە ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش قەستىگە چۈشكەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە نەزىر قىلىپ بېرىلگەن بىر كېنىزەك بىلەن مەشرەپ ئوتتۇرىسىدىكى چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى باھانە قىلىپ ، مەشرەپنى ۋەھشىيلەرچە جازالاپ ، مېيىپ قىلىۋەتكەن . بۇ مىلادىيە 1672~1673 - يىللار بولۇپ ، بابا رەھىم مەشرەپ شۇنىڭدىن تارتىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە 39 يىل سەرگەردانلىقتا ياشىغان . بۇ جەرياندا ئۇ تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى ماۋەرائۇننەھر ، خۇراسان ئۆلكىلىرىنى ، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقنى كېزىپ ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى كۆزەتكەن ۋە چۈشەنگەن ، ئۇنىڭ ئەينى زامان رېئاللىقىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ھاياتىي ، چىن ئىنسانىي تۇيغۇ-



لارغا تويۇنغان شېئىرلىرىنى ئاددىي خەلق قىزغىن قارشى ئېلىشقان ؛ روھانىيلار بولسا ئۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن تۈرلۈك پىتنە - ئىغۋا ، بوھتانلار تارقىتىشقان ، ئۇنىڭغا سۈيىقەست پىلانلاشقانىدى . نىھايەت ، بۇ سۈيىقەست ھىجرىيە 1123 - (مىلادىيە 1711 ) يىلى ئەشتارخانلار سۇلالىسىگە قاراشلىق بەلخ ۋىلايىتىنىڭ قۇندۇز شەھىرى ھۆكۈمرانى مەھمۇد قاتاغاننىڭ قولى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ ، بابا رەھىم مەشرەپ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ .

مەشرەپ شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى — رېئال ھايات ۋە ئىنساننىڭ ئۇنىڭدىكى قىسمەت - تەقدىرى ، غايىۋى ئىنتىلىشلىرىدىن ئىبارەت ئىدى . ئۇ تەسەۋۋۇپنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئىلغار تەرىپىگە ۋەكىللىك قىلىپ ، سوپى - ئىشانچىلىق جاھالىتىگە قارشى چىقتى . ئۇ بىر شېئىرىدا :

«يارىسىز ھەم بادەسىز[1] مەككىگە بارماق نە كېرەك ،
ئىبراھىمدىن قالغان ئۇ ئەسكى دۇكاننى نە قىلاي ؟ !
ئۇرايىنمۇ باشىمە سەككىز بېھىشتۇ دوزاخىنى ،
بولمىسا ۋەسلى ماڭا ئىككى جاھاننى نە قىلاي ؟ !»

دەپ يېزىپ ، ئۆزىنىڭ دىنىي روھانىيەتچىلىك ، مۇستەبىتلىك ۋە سوپى - ئىشانچىلىق جاھالىتىگە قارشى ئىسيانكارلىق روھىنى ئىپادىلىدى .

مەشرەپ — كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ ھەممە تۈر - شەكىللىرىدە ، ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەممە بەھرىلىرىدە ئۆز بەدىئىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان بۈيۈك سەنئەتكار . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا لۇتفى ، نەۋائى ، سەئىدى (سۇلتان سەئىدخان ) شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرى روشەن كۆرۈلىدۇ . مەشرەپ شېئىرىيىتى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزى بىلەن زامانداش ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئىجا-

---

① بادە - مەي، شاراب.

دىيتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ، مەشرەپ غەزەللىرى ئۇيغۇر 12
مۇقامىدا ياڭرىغانىدى .

تۆۋەندە ، يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تونۇل-
غان ۋەكىللىرى ۋە شۇ دەۋردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مۇھىم
ئەدەبىيات يادىكارلىقلىرى ھەققىدە ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز .

## سەئىدى ۋە رەشىدى غەزەللىرى

**سەئىدى** — يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخا-
نىڭ غەزەللىرىدە قوللانغان تەخەللۇسى . سۇلتان سەئىدخان ھىجرىيە
892 – (مىلادىيە 1487 ) يىلى موغۇلىستاندا تۇغۇلغان . سەئىدخان[1]
تۇغۇلغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ دادىسى ئەھمەدخان ئاقسۇ دەرياسىدىن قۇمۇل-
نىڭ شەرقىغىچە بولغان جايلارنى ئىگىلەپ تۇرغانىدى . سۇلتان سە-
ئىدخاننىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرلىرى فېئودال ھۆكۈمرانلار-
نىڭ تەخت تالىشىش ئۈچۈن قوزغىغان سۈيىقەستلىك جەڭگى – جې-
دەللىرى ئىچىدە ئۆتتى . ھىجرىيە 915 – (مىلادىيە 1508～1509 )
يىلى ئۇ بوۋىسى يۇنۇسخاننىڭ قىزلىرىدىن تۇغۇلغان نەۋرە تۇغقىنى ،
ھىندىستاندا بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان زەھىرىددىن مۇ-
ھەممەد بابۇرنىڭ قېشىدا تۇرۇپ تەربىيە ئالدى . سەئىدخان مىلادىيە
1512 – يىلىنىڭ بېشىدا ئەنجانغا بېرىپ ، تالاس ، نارىن ، ئىلى
دەرياسى بويلىرى ، ئىسسىقكۆل ئەتراپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەرغانە
ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ ، ئۇنىڭغا خان بولدى ۋە ئارىدىن ئۇزۇن ئۆت-
مەي قەشقەردىكى ئابابەكرى مىرزىنى مەغلۇپ قىلىپ ، قەشقەر سۇل-
تانلىقىنى قۇردى . كېيىن خانلىق مەركىزىنىڭ يەكەنگە يۆتكىلىشى
بىلەن بۇ سۇلتانلىق «يەكەن خانلىقى» دەپ ئاتالدى .

سۇلتان سەئىدخان مەرىپەتپەرۋەر ، ئەخلاق – پەزىلىتى ياخشى ،

[1] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»، 2 – قىسىم، 432 – بەت.



ئەلەمگىمۇ ، قەلەمگىمۇ ماھىر ، مۇزىكا بابىدا يېتىشكەن كىشى بولۇپلا
قالماي ، يەنە شائىرلىق تالانتىغىمۇ ئىگە ئىدى . شۇڭلاشقىمۇ ، ئۇ
خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن ، ئەدەبىيات – سەنئەت ئىشلىرى
تېز تەرەققىي قىلىپ ، زور نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى . سۇلتان سەئىد-
خاننىڭ شائىرلىق ئىقتىدارى ۋە ئۇيغۇر ، پارس تىللىرىدا نۇرغۇن
ئۆلگىلىك شېئىرلارنى يازغانلىقى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېيت-
ىلىپ ئۆتۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىدىن زامانىمىزغىچە
يېتىپ كەلگىنى پەقەت شاھ مەھمۇد جۇراس تەرىپىدىن يېزىلغان
«تارىخىي رەشىدى (زەيلى )» گە خاتىرىلەپ قويۇلغان ئىككى پارچە
شېئىرىدىن ئىبارەت . غەزەل شەكلىدە يېزىلغان بۇ شېئىرلارنىڭ
بىرىنچىسىدە ئۇ ھۆر – پەرىلەرنى ئەمەس ، بەلكى رېئال ھاياتتىكى
قىزلارنىڭ گۈزەللىكىنى مەدھىيىلەيدۇ . شائىرغا جەننەت ھۆرلىرى
ئەمەس ، بەلكى مامات بولغان جىسمىنى شېرىن سۆزى بىلەن تىرىلدۈ-
رىدىغان ھەقىقىي گۈزەللەر كېرەك . شائىرنىڭ رەمەل بەھرىدە يېزىل-
غان تۆۋەندىكى غەزىلىدىن ئۇنىڭ شېئىرىي تەپەككۇرى ۋە بەدىئىي
ماھارىتىنىڭ نەقەدەر ئۇستۇنلۇكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ :

«قايسى گۇلشەننىڭ يۇزۇڭدەك بىر گۇلى رەئناسى بار ؟
قايسى گۇلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇل شەيداسى بار ؟

ھۆر بىرلە جەننەتۇلمەئۋانى[1] كۆڭلۇم نەيلەسۇن ،
يارنىڭ كويىدا يۇزمىڭ جەننەتۇلمەئۋاسى بار .

لەئلىدىن خەتتى[2] بۇدۇر ھەردەم تىرىكلىككە نىشان ،

[1] جەننەتۇلمەئۋا – سەككىز جەننەتتىن بىرىنىڭ نامى.
[2] لەئلىدىن خەتتى – يارنىڭ ئىككى لېۋىدىن، ھەر تىنىقىدىن تىرىكلىككە نىشانلار بېرىلىدۇ.

خۇش نىشانەدۇركى ئىككى قاشىدىن توغراسى[1] بار .

بىر سۆچۈك سۆز بىرلە ئۆلگەن جىسمىمە بەردىڭ هايات ،
لەئلى جان بەخشىڭدە[2] گوياكى مەسىھ ئەنفاسى[3] بار .

يۈزى ئۈزرە كاكۇلۇ زۇلفىن پەرىشان كۆرگەلى ،
ئى سەئىد ، ئاشۇفتە[4] كۆڭلۈمنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار .»[5]

يەنە بىر جەھەتتىن ، شائىرنىڭ بۇ غەزىلىدىكى سىمۋوللۇق «يار » ئوبرازى ۋە «يار » غا بولغان چوڭقۇر سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنىڭ شائىرنىڭ ۋەتەن ـ ئەل سۆيگۈسى بىلەن زىچ بىرلىك هاسىل قىلغانلىقىنى هېس قىلىش مۇمكىن .

شائىرنىڭ 2 ـ غەزىلى :

«شۇكرى لىللاھ هالەتىم زاهىر بولۇپدۇر يارغە ،
ئەمدى يار ئالدىدا ئۆزنى كۆرسىتەي ئەغيارغە .
سەير ئۈچۈن كىرسە گۇلىستان ئىچىدە ئول سەرۋى رەۋان ،
بەندە ئولسۇن سەرۋى ئازاد ئول قەدى رەفتارغە .
ناز ئىلە تا ئاتلانىپ شەهو ئىچرە سالدى رۇستەخىز ،
جان بىلە بەردىم كۆڭۈل ئول دىلبەرى ئەييارغە .
دوستلار ، ئەيب ئەتمەڭىز قان يىغلاسام مەن زارنى ،
بەس كىلە ئالمام نىتەي بۇ دىيدەئى خۇنبارغە .

① توغرا ـ هايات يولىنىڭ ماۋزۇ (سەرلەۋهە) سى
② جان بەخش ـ ئۆلۈككە جان بەرگۈچى نەپەس.
③ مەسىھ ئەنفا ـ ئەيسانىڭ دېمى (ئەيسا ئۆلۈككە دىم سالسا، ئۆلۈك تىرىلەرمىش).
④ ئاشۇفتە ـ پەرىشان.
⑤ شاھ مەهمۇد جۇراس: «تارىخى رەشىدى (زەيلى)» (شاپىگراف نۇسخا)، 58 ~ 60 ـ بەتلەر.



ئەي سەئىد ، ئول ياردىن تاپدىڭ مۇرادىڭنى تەمام ،
بارچەسى بولدى مۇيەسسەر ، شۇكرى بىرۇبارغە .»[1]

(خۇداغا شۇكۇر ، ئەهۋالىم يارغا مەلۇم بولۇپتۇ ،
ئەمدى يار ئالدىدا ياتلارغا ئۆزۈمنى كۆرسىتەي .
ئۇ سەرۋى بويلۇق يار سەيلە ئۈچۈن گۈلىستانغا كىرسە ،
سەرۋىمۇ ئۇنىڭ قامەت ۋە مېڭىشلىرىغا قۇل بولسۇن .
ناز بىلەن ئاتلىنىپ چىقىپ ، پۈتۈن شەهەرگە غوۋغا سالدى ،
مەن جانۇ كۆڭلۈمنى ئاشۇ ئەييار دىلبەرگە بېرىۋەتتىم .
دوستلار قان يىغلىسام ، مەن بىچارىنى ئەيىب قىلماڭلار ،
قانداق قىلاي ، بۇ قان بولغان كۆڭۈلنى هەرگىز باسالمىدىم .
ئەي سەئىد ، ئول ياردىن يەنە مۇرادىڭ هاسىل بولدى ،
خۇداغا شۇكۇر ، هەممە مەقسەتلىرىڭ هەل بولدى .)[2]

شائىرنىڭ بۇ غەزىلىدە ، يار ۋەسلىگە يېتىپ مۇرادى هاسىل بولغان ئاشىقنىڭ شادلىق هېسسىياتى ئىپادىلەنگەن بولۇپ ، غەزەل ئۆزىنىڭ ئوبرازلىق تىلى ، ئىپادىلەش سەنئىتىدىكى گۈزەل ئوخشىتىش ۋە باشقا مەجازى ۋاستىلىرى ، مول تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن كىشىگە بەلگىلىك ئېستېتىكىلىق زوق بېغىشلايدۇ .

سۇلتان سەئىدخان مىلادىيە 1533 ـ يىلى تىبەتكە قىلىنغان بىر قېتىملىق هەربىي يۈرۈشتە ۋاپات بولدى .

**رەشىدى** ـ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۆز غەزەللىرىدە قوللانغان تەخەللۇسى . سۇلتان ئابدۇرەشىدخان سۇلتان سەئىدخاننىڭ

① شاھ مەهمۇد جۇراس: «تارىخىي رەشىدى (زەيلى)» (شاپىگراف نۇسخا)، 58 ~ 60 ـ بەتلەر.
② شېئىرنىڭ يەشمىسى ۋاهىتجان غوپۇر، ئەسقەر هۇسەيىنلەر تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» دىن ئېلىندى.

چوڭ ئوغلى بولۇپ ، ھجرىيە 918 ـ (مىلادىيە 1512 ) يىلى موغۇ-
لىستان خانلىقى تەۋەلىكىدىكى ئەنجان شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن .[1]
بالىلىق ئوقۇش يىللىرىنى پەرغانىدە ۋە تاغىسى بابۇر شاھنىڭ كابول-
دىكى ئوردىسىدا ئۆتكۈزگەن . يەكەن خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن
بىر مەزگىل يەكەن خانلىقىغا تەۋە يەتتە سۇ رايونى ۋە ئاقسۇ رايونىنىڭ
سەرتاپ (باش ۋالىي ) لىقىغا تەيىنلەنگەن . مىلادىيە 1533 ـ يىلى
يەكەن خانلىقى تەختىگە ئولتۇرغان .

شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «تارىخىي رەشىدى (زەيلى )» ناملىق
ئەسىرىدە خەۋەر بېرىلىشىچە ، «سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھەر بىر
ئىشتا تەڭدىشى يوق ئىدى . مۇزىكا ئىلمىگە ماھىر ئىدى ، بەلكى
يازغۇچى ئىدى» ، « . . . خۇش نەۋىس (چىرايلىق ھۆسنخەت يازغۇ-
چى ) ئىدى ، پارسىي ۋە تۈركىي شېئىرلارنى ئىجاد قىلىشتا كامىل
شائىر ئىدى » .[2] شاھ مەھمۇد جۇراس ئۆزىنىڭ «تارىخىي شاھ مەھ-
مۇد جۇراس» ناملىق ئەسىرىدە يەنە مۇنۇلارنى يازىدۇ : «ئۇنىڭ سېـ-
خىي قولى روھقا مەدەت بېرىدىغان سازلارنى شۇنداق چالاتتىكى ،
زۆھرەمۇ[3] چىديالمىغىنىدىن لال بولۇپ قالاتتى . ئۇ يەنە تەبىئىي
ئىقتىدارى بىلەن ھەر خىل ھۈنەر ـ سەنئەتلەردە كارامەت كۆرسەتە-
تتى ، كۆپ چاغلاردا قەلەندەر سۈپەتتە ساياھەت قىلاتتى» .[4] موللا
مۇسا سايرامى «تارىخىي ھەمىدى» دە سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى :
«موللا ، پازىل شائىر بولۇپ ، پارسىي ۋە تۈركىي نەزملەرنى ياخشى
ئېيتۇر ئىدى . ئىلمىي مۇسابىقىدە گويا فىساغۇرس سانى (ئىككىنچى

[1] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»، 2 ـ قىسىم، 139ـ، 140ـ بەتلەر.
[2] شاھ مەھمۇد جۇراس: «تارىخىي رەشىدى (زەيلى)» (شاپىگراف نۇسخا)، 74 ـ بەت.
[3] زوھرا (سەۋىت ـ ۋېنىرا) يۇلتۇزى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە مۇزىكا ۋە خۇشاللىقلارغا سىمۋول قىلىنغان.
[4] «سەئىدىيە خانلىقىغا دائىر ماتېرىياللار»، 18 ـ بەت.



فىساغۇرس ) ئىدى . . . » [1] دەپ تەرىپلەيدۇ .

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئەنە شۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلىق-
تىن ، سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدىن باشلاپ قايتىدىن گۈللىنىشكە
يۈزلەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئۇ ھاكىمىيەت
يۈرگۈزگەن مەزگىلدە زور تەرەققىياتلارغا ئىگە بولغان . سۇلتان ئاب-
دۇرەشىدخان دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ، پەن ـ مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇ-
رۇش يولىدا بىر قاتار ئۈنۈملۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ،
ئالىم ، ئەدىب ـ سەنئەتكار ، ئىقتىدار ئىگىلىرى ، ھۈنەرۋەنلەرنى
خانلىقنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلغان . قىسقىسى ، سۇلتان
ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش
يولىدىكى زور تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە يەكەن شەھىرى ئىسلام
دۇنياسىغا مەشھۇر بىر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان .

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ «رەشىدى» تەخەللۇسى بىلەن ئۇيغۇر
ۋە پارس تىللىرىدا نۇرغۇن شېئىر يازغانلىقى مەلۇم . بۇ ھەقتە شاھ
مەھمۇد جۇراس «تارىخىي رەشىدى (زەيلى )» دە : «سۇلتان ئابدۇرە-
شىدخاننىڭ شېئىرلىرى كۆپ ئىدى ، ئەمما بۇ قىسقا تارىختا ھەربىر
شېئىردىن يۈزدىن بىرى ، بەلكى مىڭدىن بىرىنى يازدىم» دەپ ، ئۇنىڭ
پارسىي شېئىرىدىن ئىككى پارچىنى ، ئۇيغۇرچە شېئىرىدىن بىر رۇبا-
ئىي ، ئۈچ غەزىلىنى ئۆز ئەسىرىدە بەرگەن .[2] يېقىندىن بۇيان بەزى
بايازلاردىن يەنە رەشىدىنىڭ ئىككى پارچە غەزىلى تېپىلدى ھەمدە بۇ
غەزەللەر «بایاز» (1 ) دە بېرىلدى .[3] بەزى ماتېرىياللارغا ئاساس-
لانغاندا ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ «دىۋان رەشىدى» ، «سەلا-
تىننامە» ، «كىتاب تەنبىيە ئەن ـ تەربىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ

[1] موللا موسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى»، 125 ـ بەت.
[2] شاھ مەھمۇد جۇراس: «تارىخىي رەشىدى (زەيلى)» (شاپىگراف نۇسخا)، 75 ~ 78 ـ بەتلەر.
[3] «بایاز» (1)، 12 ~ 18 ـ بەتلەر.

بولغانلىقى ۋە مىلادىيە 1682 - يىلى يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تەختكە چىققان ھىدايىتۇللا خوجا (ئاپپاق خوجا) ئۇنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرۈپ يوقاتقانلىقى مەلۇم.[1]

رەشىدى غەزەللىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ غەزەللىرىدە سىمۋوللاشتۇرۇلغان غايىۋى ئوبرازلار ئارقىلىق ئىشق - مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، ساداقەت، مەردلىك، ئۈمىدۋارلىق توغرىسىدىكى ئىجابىي قاراشلار، ھايات - تۇرمۇش ھەققىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئەكس ئەتكەن. شائىرنىڭ ئىجتىمائىي تېمىدىكى غەزەللىرىدە ئادالەتپەرۋەرلىك ۋە گۇمانىزملىق قاراشلىرى كۆزگە يارقىدىن تاشلىنىدۇ. ئۇ شاھلارنى ئادىل بولۇشقا، سەلتەنەت بىلەن مەغرۇرلانماسلىققا چاقىرىدۇ.

مەسىلەن:

«دۇنيا بىر ھۆسن ئەھلىنىڭ نامېھرىبانى پىش[2] ئەمەس،
كىمكى سۆيسە سۇددىن[3] كۆپرەك زىيانى پىش ئەمەس.
دۇنيانى باقى تەسەررۇف تۇتماغىل شەددادەك،
نەچچە بىر ئىت كەم دۇكاندەك ئۇستىخانى پىش ئەمەس.
دۇنياغا پەرزەندى ئادەمنى ئىبەرمەكتىن غەرەز،
قۇللۇقۇم قىلغايمۇ دەپ بىر ئىمتىھانى پىش ئەمەس.
سەلتەنەت تەختىدە مەندۇرمەن دېگەن ئول شاھلار،
جان بىرۇردە بىر گەدايى ناتەۋانى پىش ئەمەس.
ئەي رەشىدى، بولماغىل مەغرۇر جاھان گۈلزارىغا،
قايسى گۈلشەننىڭ گۈلى ئاخىر خازانى پىش ئەمەس.»

يۇقىرىقى غەزەلدە ئەكس ئەتكەن دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكى

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991، ئۇيغۇرچە نەشرى)، 1028 - بەت.
② پىش - شېئىردا «ئاز»، «يوق»، «ئارتۇق» مەنىلىرىدە كەلگەن.
③ سۇد - پايدا - نەپ.



ھەققىدىكى قاراشلارنىڭ تەسەۋۋۇپ دۇنيا قاراشلىرى بىلەن بىردەك ئىكەنلىكى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تەسەۋۋۇپ - سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدىن باشلاپلا يەكەن خانلىقىدا زور تەسىر ۋە ئورۇنغا ئىگە بىر پىكىر ئېقىمى سۈپىتىدە، ئىجتىمائىي - مەنىۋى ھاياتتا مۇھىم رول ئوينىغان، جۈملىدىن، سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخانلار ئىدىيە جەھەتتىن تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ ھىمايىچىلىرى بولغان ئىدى.

شائىرنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى ئۇنىڭ «قىلمادىم» رادىپلىق غەزىلىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن:

«ئەي رەشىدى، سەن ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاشىق دېمە،
ئىشقىنىڭ مەيدانىدا بىر ھاي - ھۇيى قىلمادىم.»

(ئەي رەشىدى، سەن ئىشق يولىدا بىرەر قېتىم ئاھ - ھەسرەت
چەكمەي تۇرۇپ، ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاشىق دېمىگىن)

شائىر تۆۋەندىكى غەزەل ۋە رۇبائىيسىدا ئىنسانىي مۇھەببەتنى ھايات گۈزەللىكلىرى ئىچىدە ئالاھىدە يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، قەدىرلەيدۇ ھەمدە ئىنسانىي مۇھەببەتكە بولغان سادىقلىقنى چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە كۈچلۈك ئاھاڭدارلىققا ئىگە مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ:

«لۇتف ئېتەي دەپ ۋەئدە ئول دىلدار قىلمايدۇ ھەنۇز،
غۇنچەدەك قان باغلاغان كۆڭلۈم ئاچىلمايدۇ ھەنۇز.
پاش بولدى ئەلگە ئەھۋالىم، نە تەدبىر ئەيلەيىن،
خەلق بىلدى ھالەتىمنى، يار بىلمەيدۇ ھەنۇز.
ساقىيا، ئىشرەت مەيىدىن جۇرئەئى لۇتف ئەيلەگىل،
خەستە كۆڭلۈمغە خۇمارىدىن ئايىلمايدۇ ھەنۇز.
تۇبىيۇ شەمشاد قەددىن باغ ئارا كۆرمەك نەسۇد،
سەرۋى يەڭلىغ قەددى دىلجۇيى تاپىلمايدۇ ھەنۇز.
سەبر قىلغىل، ئەي رەشىدى، ئاي يۈزىنىڭ دەۋرىدە،

بەندەگە ئازادلىغ خەتتى پىتىلمايدۇ ھەنۇز .»
(يارىم مەرھەمەت قىلىشقا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ ، تېخى ۋەدىسىدە تۇرمىدى ،
گۈل غۇنچىسىدەك قىزىل قان بولۇپ ئۇيۇغان كۆڭلۈم تېخى ئېچىلمىدى .
ئاشىقلىقىم ئەلگە مەلۇم بولدى ، ئەمدى نىمە ئامال قىلاي ،
ئەھۋالىمنى خەلق بىلدى ، يار تېخى بىلمەيدۇ .
ئەي ساقى ، لەززەت شارابىدىن بىر يۇتۇم بولسىمۇ مەرھەمەت قىل ،
جاراھەتلىك كۆڭلۈم خۇمارىدىن تېخى يېشىلمەيۋاتىدۇ .
باغلاردىكى تۇبى ، شەمشادلارنىڭ قەددىنى كۆرۈشنىڭ نىمە هاجىتى ،
قەددى سەرۋىگە ئوخشاش كۆكۈل ئىستىگۈچى تېپىلمىسا تېخى .
ئەي رەشىدى ، سەبرى قىل ، ئاي يۈزلۈكنىڭ دەۋرىدە ،
بەندىگە تېخى ئازادلىق خېتى يېزىلمىدى .)
رۇبائىي :
ئەي پەيك سەبا مېنىڭ پەيامىم يەتكۈز ،
يارىمغە نىياز ئىلە سەلامىم يەتكۈز .
گەر سۇبھىيۇ ، شام قاشىغە يەتسەڭ ،
ئەلبەتتە دۇئايۇ سۇبھۇ شامىم يەتكۈز .
(ئەي خەۋەرچى شامال ، مېنىڭ خەۋىرىمنى يەتكۈز ،
يارىمغا ئۆتۈنۈش بىلەن سالىمىمنى يەتكۈز .
مەيلى تاڭ مەزگىلى [ سۇبھى ] ياكى كەچقۇرۇن [ شام ] قېشىغا يەتسەڭ ،
ئەلۋەتتە سۇبھىدىن شامغىچە قىلغان دۇئالىرىمنى يەتكۈز .)
رەشىدىنىڭ تۆۋەندىكى پارسي شېئىرىدىن بېرىلگەن پارچىدا سېلىشتۇرۇش ، ئوخشىتىش ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر



يارىدىمىدە ، «يار» (ئادەم) دىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ۋە گۈزەللىك يارىتقۇچى شەخس يۇقىرى ئورۇندا قويۇلۇپ ، ئۇلۇغلىنىدۇ :
«گەر قەددەترا سەرۋ گويەم سەرۋىدا رەفتار نىست ،
گەر لەبەترا غۇنچە خانەم غۇنچەرا گۇفتار نىست .»
(گەر بويۇڭنى سەرۋى دېسەم ، سەرۋىنىڭ يوق مېڭىشى ،
گەر لېۋىڭنى غۇنچە دېسەم ، غۇنچىنىڭ يوق سۆزلىشى .)
ئابدۇرەشىدخان «27 يىل پادىشاھلىق قىلدى ، 49 يىل ئۆمۈر كۆردى . تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 967 ـ يىلى (مىلادىيە 1559 ~ 1560 ـ يىللار ) ۋاپات بولدى » .①
سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخانلار يەكەن خانلىقىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش ؛ خانلىق تەۋەسىدە ئىلىم ـ پەن ، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ گۈللەنگەن يېڭى بىر تارىخىي دەۋرىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىدەك تارىخىي تۆھپىسى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ .

## يۇسۇپ قىدىرى

يۇسۇپ قىدىرى يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر مۇزىكىشۇناس ۋە شائىر بولۇپ ، ئۇ دەسلەپ «يۇسۇپ قىدىرى» ، كېيىن «يۇسۇپ قىدىرخان يەركەندى» (ياكى «قىدىرخان يەركەندى» ) نامى بىلەن تونۇلغان .
يۇسۇپ قىدىرىنىڭ ئىسمى مىلادىيە 18 ـ ئەسىر مەنبەلىرىدىن «تارىخىي قەشقەر» (موللا مىرسالىھ قەشقەرىنىڭ ئەسىرى ، 1985 ـ

① شاھ مەھمۇد جۇراس: «تارىخىي رەشىدى (زەيلى)» (شاپىگراف نۇسخا)، 82 ـ بەت. ئابدۇرەشىدخاننىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىمۇ مۇشۇ مەلۇمات ئاساسىدا، ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھېسابلىنىپ، توغرىلاندى.

يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «چىڭگىزنامە» نامى بىلەن نەشر قىلىنغان ) ناملىق ئەسەردە «مەۋلانا يۈسۈپ قەشقەرى» دېگەن نام بىلەن كۆزگە چېلىقىدۇ ۋە «مەرد مۇسىقى ۋە نەزىم پىشە ئىدى» (مۇزىكا ۋە شائىرلىقنى كەسىپ قىلغان ئەر ئىدى ) دەپ تەرىپلىنىدۇ .

بۇ يۈسۈپ قىدىرىنىڭ يەكەن خانلىقى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن بەدەخشاندىكى زەپەر قەلئەسىگە ، سۇلتان سەئىدخان خىزمىتىگە كەلگەن ۋاقتى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ «قەشقەرى» تەخەللۇسى بىلەن ئېيتىلىشى ئەينى ۋاقىتتا ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭدىن (بولۇپمۇ ، قەشقەر ، يەكەن تەۋەسىدىن ) ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا تەرەپكە چىققان ئۇيغۇرلاردىن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «قەشقەرى» دېگەن نامنىڭ قوشۇپ ئېيتىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى . يۈسۈپ قىدىرى ھەققىدە بىر قەدەر تولۇق مەلۇمات بېرەلىگەن بىردىنبىر قىممەتلىك مەنبە موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېئمەتۇللا مىلادىيە 1854 ~ 1855 ـ يىللىرى يازغان «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» ( «مۇزىكىچىلار تارىخى» ) ناملىق ئەسەر بولۇپ ، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەر بايان قىلىنىدۇ :

«بۇ پەننىڭ ئون ئۈچىنچى پىرى قىدىرخان يەركەندىدۇر . بۇ پەندە ئۇ ئەزىزدەك ماھارەت كۆرسەتكەن ئۇستاز ئاز . بۇ ئەزىز كۆپرەك ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ غەزەللىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتاتتى . ئالەم ئۆتۈپ ئۇنىڭدەك خۇش ئاۋاز ئادەم بولمىغان دېيىشكە بولىدۇ . ئىراقتىن ، ئىراندىن ، تەبرىزدىن ، خارەزم ، سەمەرقەند ، ئەنجان ، ئىسلامبول (ئىستانبۇل ) ، كەشمىر ، بەلخ ، شىراز قاتارلىق يىراق شەھەرلەردىن مۇزىكا ئۆگىنىشكە كەلگەن شاگىرتلىرى بار ئىدى . راۋابنى ۋە ھەشتار (8 تارلىق بىر خىل چالغۇ ) نى بۇ ئەزىز كەشىپ قىلدى . ئۇ يەنە شائىر ئىدى . «دىۋان

① موللا مىرسالىھ قەشقەرى: «چىڭگىزنامە»، 90 ـ بەت.



قىدىرى» نى بۇ كىشى تۈزگەن ئىدى . بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىلمى ھەققىدىكى رىسالىلىرىدە چوڭقۇر مەنىلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى . جەندە ـ كۇلاھ كىيىپ يۈرەتتى . داڭلىق سۇلتان ئابدۇرەشىدخان غىزادىمۇ ، يېتىپ ـ قوپۇشتىمۇ قىدىرخاندىن ئاجرىمايتتى . قىدىرخان ۋىسال ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلىپ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتتى . ئۇ ئابدۇرەشىدخان پادىشاھدىن ئىككى يىل كېيىن ئالەمدىن كەتتى » .①

يۇقىرىقىلاردىن مۇزىكا ئۇستازى ۋە شائىر يۈسۈپ قىدىرىنىڭ يەكەن خانلىقى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا جەھەتتىكى تالانتى بىلەن تونۇلغانلىقىنى ، سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى يولىدا زور خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن . «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» دىكى مەلۇماتلار بىزگە يەنە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە يەكەننىڭ تونۇلغان مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلانغانلىقىنى ، نۇرغۇنلىغان ئىلىم تەلەپكارلىرىنىڭ تەرەپ ـ تەرەپتىن يەكەنگە كېلىپ ، قىدىرخان يەكەندىنى ئۇستاز تۇتۇپ ، ئۇيغۇر مۇقام ـ مۇزىكىلىرىنى ئۆگەنگەنلىكىنى ، شۇنداقلا ، مەۋلانە يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندىنىڭ ئابدۇرەشىدخان ۋاپاتىدىن (ھىجرىيە 967 ـ ، مىلادىيە 1559 ~ 1560 ) ئىككى يىل كېيىن ، يەنى ھىجرىيىنىڭ 969 ـ (مىلادىيە 1561 ~ 1560 ) يىلى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ .

يۈسۈپ قىدىرىنىڭ «دىۋان قىدىرى» ناملىق توپلىمىنىڭ بارلىقى ھەققىدە يۇقىرىقى ۋە باشقا بەزى مەنبەلەر ، قىدىرىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىپ كەلگەن ، شۇنداقلا ، «تەۋارىخى مۇسقى-

① موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېئمەتۇللا: «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982، ئۇيغۇرچە نەشرى)، 58 ـ، 59 ـ بەتلەر.

يۇن» دا يەنە ئۇنىڭ مۇزىكا ئىلمىغا دائىر رىسالىلىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يۇسۇپ قىدىرىنىڭ دىۋانى ۋە رىسالىلىرى يېقىنقى يىللارغىچە تېپىلمىغان ئىدى. 1985 ـ يىلى يەكەندىن تېپىلغان بىر قولىيازما بىزنى يۇسۇپ قىدىرى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى ھەققىدە مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى.

قولىيازما ماتېرىيالنى نەشرگە تەييارلاپ يورۇقلۇققا چىقارغۇچىلار تەرىپىدىن «‹ دىۋان قىدىرى › نىڭ مۇقەددىمىسى» ① (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ، «مۇقەددىمە» دېيىلىدۇ) دەپ ئاتالغان بۇ ماتېرىيال 27 بەتتىن ئىبارەت بولۇپ، (بىرىنچى بېتى يوقالغان)، تەتقىقچىلار ئۇنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكىنى، كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە كۆچۈرگۈچىنىڭ نامەلۇم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ.

قولىيازما ماتېرىيالدا يۇسۇپ قىدىرى يىگىتلىك مەزگىلىدە ئۆزىنىڭ شائىرلىق ۋە مۇزىكانتلىق تالانتى بىلەن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد سۇلتان (ۋاپاتى تەخمىنەن مىلادىيە 1523 ~ 1524) نىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بولۇپ، مۇھەممەد سۇلتاننىڭ يېقىن ھەمراھى ۋە دوستى سۈپىتىدە خۇراساندا، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا شاھزادە، بەگزادىلەر بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت ئىچىدە ياشىغانلىقىنى، مۇقام قىلىپ ئېيتقان ياكى ئوقۇغان غەزەللىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىلا كۆچۈرۈلۈپ، ئوردا ۋە خەلق ئىچىگە تارالغانلىقىنى، شاھزادىلەر كۆپ قېتىم ئۇنىڭغا يازغانلىرىنى توپلاپ دىۋان قىلىپ چىقىشقا تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن مەشھۇر شائىرلارنىڭ شۇنچە پاساھەتلىك دىۋانلىرى بار يەردە، ئۆز دىۋانىنى تۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقى قاتارلىقلارنى بايان قىلىدۇ. ھەمدە ئۆز بايانلىرى داۋا-

① قولىيازما ماتېرىيال مەمتىمىن يۇسۇپنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن، 1986 ـ يىلى قەشقەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «‹ دىۋان قىدىرى › نىڭ مۇقەددىمىسى» دېگەن نامدا بېسىپ تارقىتىلدى.



مىدا شاھزادە مۇھەممەد سۇلتاننى تۆۋەندىكىچە تەرىپلەيدۇ:

«تەبىئىي دەرۋىش ئۆزى شاھ نىشان،
شاھ دەرۋىش مۇھەممەد سۇلتان.»
(«مۇقەددىمە» 33 ـ بەت)

«مۇقەددىمە» دە موغۇلىستان زېمىنىنىڭ قايتىدىن بىرلىككە كېلىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بۇ خانلىقنىڭ پادىشاھى سۇلتان سەئىدخان گۈزەل سۆز دۇردانىلىرى بىلەن ئالاھىدە تەرىپلىنىپ، خەلقنىڭ ئۇ قۇياش تەرىپىگە ئاققانلىقى، يۇسۇپ قىدىرىنىڭ ئۆزىمۇ شۇ پادىشاھ ھۇزۇرىنى، شۇ ئاستانىنى (يەكەن شەھىرىنى) تاۋاپگاھ ئەيلىگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ. بۇنىڭدىن چىقىپ تۇرىدۇكى، يۇسۇپ قىدىرى سۇلتان سەئىدخان ھۇزۇرىغا (يەكەنگە) مىلادىيە 1520 ـ يىللار ئوتتۇرىلىرىدا (مۇھەممەد سۇلتان ۋاپاتىدىن كېيىن) كەلگەن.

يۇسۇپ قىدىرى «مۇقەددىمە» دە ئۆز ئەجدادىنىڭ بۇ ئالىي سۇلالە (يەكەن خانلىقى) نىڭ بەندىسى، بۇ كەڭرى ماكاننىڭ تۇغما مىراسخورى، خانىدانلىقنىڭ خىزمەتكارى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتۈپ، تۆۋەندىكى مەسنەۋىنى يازىدۇ:

«ئاتام بۇ ئاستانىنىڭ خاك بىزى،①
ئانام ھەم بۇ ساراي بوستان كېنىزى.
ئوڭا ئۆز گەر بولاي بۇلبۇل ۋە گەر زاغ،
كىم ئۇشبۇدۇركى بولغاي گۈلشەنۇ باغ.
ۋەلى بىر ئۆمۈر، بۇ گۈلشەندىن ھاۋاجىس،②
قىلىپ جانىمغا ھىجران رەنجى ھەدىس.»
(«مۇقەددىمە»، 44 ـ بەت)

① خاك بىزى ـــ تۇپراق چاچقۇچىسى.
② ھاۋاجىس ـــ سىغىنىش، ئەسلەش.

بۇ مەسنەۋىدىن يەنە يۇسۇپ قىدىرىنىڭ يىلتىز ـ تۇپرىقىنىڭ
يەكەندىن ئىكەنلىكىنى ئانىسىنىڭ ئەسلىدە ساراي (ئوردا) كېنىزەك-
لىرىدىن ئىكەنلىكىنى، گەرچە كۆڭلى ئازار يەپ، ئايرىلىش ئازابى
تارتقان بولسىمۇ، بۇ گۈلشەننى (يەكەن شەھرىنى) يەنىلا بىر ئۆمۈر
ئەسلەپ تۇرغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن.

«مۇقەددىمە» نىڭ كېيىنكى سەھىپىسىدە يۇسۇپ قىدىرى ئۆزد-
ىنىڭ سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھۇزۇرىدا يۇرگەن
مەزگىلىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىچە
بايان قىلىدۇ:

«... ئۇنىڭ ئاپتاپتەك پىكرىدىن ئۇزلۇكسىز تۆكۇلۇۋاتقان
تەرتىپلەر قۇياش تاغلاردىن تۇرلۇك جاۋاھىرلارنى پەيدا قىلغاندەك،
كۆڭلۇم كېنىنى ئېسىل گۆھەرلەر بىلەن زىننەتلەپ؛ بۇلۇت ئالىقد-
ىنىدىن غايەت زور كۇچ چىقىرىپ، تۇپراقتىن تۇرلۇك رەيھانلارنى
ئاشكارا قىلغاندەك خاتىرەم بوستانلىقىنى لەتىپلەر گۇللىرى بىلەن
بېزەتتى. تىللاردىن ئۇنچە ياغدۇرغۇچى مەجلىسلەردە بەزى بېيىتلىد-
رىم ئېيتىلىپ، بەزى ئولتۇرۇشلاردا بەزى غەزەللىرىم گۆھەر چاچار
قوللار بىلەن يېزىلاتتى، گاھىدا ئىبادەتلىرىمدىكى قۇسۇرلار ئۆزگەر-
تىلىپ ئەيىبلەردىن پاك قىلىناتتى ۋە گاھى مەنىلىرىمدىكى قاملاش-
ماسلىقلار تۇزىتىلىپ، نۇقسانلاردىن خالىي قىلىناتتى. بەزى بېيىت-
لىرىمدىن مۇناسىپ بولمىغان سۆزلەر چىقىرىلىپ... بىر شاھانە
ئۇنچە تارتىلغاندەك، بىرەر سۆز كەلتۇرۇلەتتى، بەزى غەزىلىمدىكى
بىرەر قاملاشمىغان بېيىتكە سىزىق تارتىلىپ، بىر دەستە ... ئىچد-
دە ئالتۇن قەسىر ياسىغاندەك بىرەر بېيىت كىرگۇزۇلەتتى...»،

«بۇ بېيىتلار ئايۋانى، ئول ئىسلاھ قىلىنغان نەقىش نىگارلىرىدىن
چىن رەسىمخانلىرىنىڭ قىزغىنىشىنى كەلتۇرىدىغان ۋە بۇ غەزەل
بوستانى ئەھمىيەت بېرىش باھارىدىن جەننەتنى يالغۇز قالدۇرىدىغان
بولۇشقا باشلاپ، نەزەر سالغۇچىلار كۆزلىرىگە ئۇياتلىقراق، ئەھلى



دىللار كۆزلىرىگە سۆيۈملۇك بولۇپ، ھۆرمىتى كۆپ، شۆھرىتى
نۇرغۇن بولدى. ھەقىقەتەن:

بولدى چۇن شاھ سۇردى ئىسلاھ ئېتەرگە خامە، ①
ھەر بەيتى شاھ بەيتى، ھەرنامە، شاھنامە.

مەن بۇ ۋەيرانىنى ئول جەۋاھىرلار بىلەن نەق خەزىنە قىلغانلىد-
قىمدىن ھەيران ۋە مۇتەپەككۇر، بۇ قەسىدىنى ئول مەشئەللەر نۇرى
بىلەن يورۇتقانلىقىم پىكرىدىن ھەيرەتتە ئىدىم»

(«مۇقەددىمە»، 44 ~ 46 ـ بەتلەر)

كېيىنكى مەسنەۋى ۋە بايانلىرىدا يۇسۇپ قىدىرى شاھىنىڭ
(سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بولسا كېرەك ــ ئاپتور) پەرمانى بىلەن ئۆز
دىۋانىنى تۇزۇشكە كىرىشكەنلىكىنى، غەزەللىرىنى 32 ھەرپ بىلەن
تەرتىپلەپ تۇزگەنلىكىنى، ھەر بىر ھەرپتىكى غەزىلىدە باشقىلارنىڭ
دىۋانىغا ئوخشىمايدىغان يېڭىچە بەدىئىي ئۇسلۇب گەۋدىلەندۇرۇل-
گەنلىكىنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتىدۇ.

«مۇقەددىمە» دىن مەلۇم بولۇشىچە، مەزكور غەزەللەر دىۋانىدد-
كى ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا تىللار (ئەرەب ـ پارس تىلى) دىكى
غەزەللەر «روھنى ئارتتۇرغۇچىلار بىر پارچە، تاللانغان ۋە زىننەتلىك-
لەر بىر پارچە، شاھانە بېيىت ۋە پايدىلىقلىرى بىر پارچە، لاتاپەت
ئارىلاش ۋە يېتىشكەنلىرى بىر پارچە، ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىنى قوز-
غايدىغان كۆڭۈلگە ياقارلىرى بىر پارچە، مىسلىسىز پەردىلەر بىر
پارچە، لەتىپ ۋە راۋانلىقى مۇقەررەر مۇئەممالار بىر پارچە...
تەبىئىيلىكى ئاشكارا ۋە تۇتاش غەزەللەر بىر پارچە، مەرغۇپ ۋە
مۆتىدىللىقلىرى بىر پارچىدىن بولۇپ، ئۆز خېلى بويىچە تۇرگە ئايرد-
لىپ رەتلەنگەن». ئاپتورنىڭ ئېيتىشىچە، قەسىدىلەر باشقا جىلد
بولغان.

① خامە ــ قەلەم.

شائىر يۇسۇپ قىدىرى مۇندەرىجە ۋە مۇقەددىمە دەپ ئاتىغان مەزكۇر ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدا : «ئەرز ئولدۇركىم ، بۇ پەرىشان بېيىتلار شەرھى قىلىنىپ تەرتىپ تېپىشتىن ۋە بۇ باغلىنىشقا كىرىشتىن بۇرۇن بەزىسى ئوتتۇرا ياشتا دېيىلگەن بولسا ، بەزىسى كىچىكلىكتە دېيىلگەن ئىدى . بەزىسى تازا ساق ۋاقىتتا بولسا ، بەزىسى مەستلىكتە ، بەزىسى ھوشيارلىقتا بولسا ، بەزىسى دىۋانىلىقتا يېزىلغانىدى . ئۇلاردا بۇزۇق تەرەپلەرنىڭ بولۇشى مومكىن بولغانلىقتىن ، توپلاشقا جۈرئەت قىلىنمىغانىدى . ئەمما خەلق ئارىسىغا تارالغانلىرى مىڭ بېيىت ، ئىككى مىڭ بېيىت ياكى ئۈنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئىدى . ئارتۇقراق ياكى كەمراقكىم ، ئۇلار ئۆزلىرى توپلىغان بولۇپ ، ناھايىتى مەشھۇر بولغانىدى . يېزىلىپ تارقالغان ۋە شۆھرەت قازانغانلىرىدىن بۆلەكلىرىنى باشقىلار ئارىسىدىن چىقارماق قىيىن ، بەلكى مۇمكىن ئەمەس كۆرۈندى . شۇ جەھەتتىن ھەرقايىسى سۆز ئۆز يېرىدە نەزم تىزمىسىغا كىردى . . .

يۈز گۈل ئارىسىدا بىر تىكەن بولسا كېرەك ،
يۈز ياخشى ئىچىدە بىر يامان بولسا كېرەك .
مىڭ جام ئىچىلسە شۇنداغكىم ئابىھايات ،
قۇرۇق يەر ئاستىدىمۇ دۇررى ئەدەن بولسا كېرەك . »

( «مۇقەددىمە» ، 60 ~ 61 ـ بەتلەر )

دېگەنلەرنى يېزىش ئارقىلىق ، دىۋان تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن غەزەللەرنىڭ ئۆز ھايات مۇساپىسىنىڭ ھەرقايىسى مەزگىللىرىدىكى ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ، ئوخشاشمىغان شارائىتتا يېزىلغان غەزەللىرى ئىچىدە بەزى نابابراقلىرىنىڭمۇ بولغانلىقىنى ، نۇرغۇن غەزەللىرىنىڭ خەلق ئىچىگە تارقىلىپ ، مەشھۇر بولغانلىقى ۋە خەلق تەرىپىدىن توپلام (دىۋان) قىلىنىپ شۆھرەت قازانغانلىقىنى ، بۇ توپلاملار تەركىبىگە كىرگەن غەزەللەر دىۋانغا كىرگۈزۈلگەندە ، ئۇلارنىڭ ئەسلىي ھالىتى ساقلاپ قېلىنغانلىقى ، ئۇلار ئىچىدىكى ناچارراق-



لىرىنى چىقىرىۋېتىشكە مۇمكىن بولمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ . قىسقىسى ، «مۇقەددىمە» دىكى بايانلاردىن «دىۋان قىدىرى» نىڭ يىغىنچە ئۇسلۇبتا ، ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ تۈزۈلگەن زور ھەجىملىك غەزەللەر دىۋانى ئىكەنلىكىنى ، دىۋان تەركىبىگە كىرگەن غەزەللەرنىڭ 98 ~ 99 پىرسەنتىنىڭ ئالاھىدە تاللانغان ۋە تاۋلانغان نادىر غەزەللەر ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن .

يۇسۇپ قىدىرى «مۇقەددىمە» نىڭ ئاخىرىدىكى رۇبائىيىدا : «مەدەنىيەتلىك روسۇلىللا : ئىلىم ئەھلىنى بايلىق ھېسابلا ، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلغان كىشى مېنى ھۆرمەت قىلغان بولىدۇ ، دېگەن» دەپ يېزىش ئارقىلىق ، ئۆزىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت قارىشىنى گەۋدىلەندۈرگەن .

## ئامانىسا

مەشھۇر شائىرە ، مۇقامشۇناس ئامانىسا ھەققىدىكى يېگانە مەلۇماتمۇ بىزگە «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن بولۇپ ، موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېئمەتۇللا مۆجىزى ئۆزىنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەسىرىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ :

«ئون يەتتىنچى پىرى مەلىكە ئامانىسا خېنىم ئىدى . بۇ خېنىم سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خانىشى ئىدى . ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى بولۇپ ، «دىۋان نەفسى» ناملىق شېرىن بىر كىتابنى يازغانىدى . خەتتاتلىقتا ئۇستۇن ماھارەتكە ئىگە ئىدى . مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىسى ئىدىكى ، سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيارسىز شەيدا بولغانىدى ؛ سۇلتان ئۆز ۋەزىر ـ ئەمىر ۋە لەشكەرلىرى بىلەن پايتەختتى يەكەندىن ئاتلىنىپ چىقىپ ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ ، تەكلىماكان دەشتىگە شىكارغا يۈزلەندى ۋە بىرنەچچە كۈن شۇ ئەتراپتا بولدى . سۇلتاننىڭ كېچىلىرى دېھقانچە ساددا كىيىملەرنى كىيىپ ، قونۇچى مۇساپىر سۈپىتىدە سەھرا ياقىلىرىدىكى

ئۆيلەردە غېرىبانە قونىدىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ رەئىيەلەرگە زۇلۇم- سەتەم قىلغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى . بىر كۈنى سۇلتان شۇ يوسۇندا ئەكرەم ئاتلىق بىر مەھرىمى بىلەن بىر خارابە ئۆيگە قونۇچى سۈپىتىدە كىردى . بۇ ئۆي مەھمۇد ئاتلىق بىر ئوتۇنچىنىڭ ئۆيى ئىدى . بۇ مەلىكە بولسا شۇ مەھمۇدنىڭ قىزى ئىدى . سۇلتان ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان بىر تەمبۇرنى كۆرۈپ قېلىپ ، مەھمۇددىن تەمبۇر چېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى . مەھمۇد : «مەن تەمبۇر چېلىشنى بىلمەيمەن ، مۇشۇ قىزىمىز ماڭا تەمبۇر ئېلىپ بەر دەپ خاپا قىلىپ ئالدۇرغان ، قىزىم چالىدۇ » دەپ جاۋاب بەردى . سۇلتان : «ئەمىسە ، قىزىڭىز چېلىپ بەرسۇن» دېدى . مەھمۇد قىزىغا ئەمر قىلدى . قىز تەمبۇرنى ئېلىپ پەنجىگاھ مۇقامىغا شۇنداق چالدىكى ، سۇلتان ھەيران قالدى . بولۇپمۇ قىز ئۆزى يازغان بىر شېئىرنى مۇقامغا سېلىپ ئوقۇغاندا ، سۇلتان قىزنىڭ مۇھەببىتىدە كۆيۈپ ، بىھوش بولۇپ كەتتى . شېئىرنىڭ باشلانما بېيىتى مۇنداق ئىدى :

سەڭا يۈز شۈكۈر يارەب بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ ،
فەقىر - مىسكىنغە ئابدۇررەشىدخاننى پەناھ قىلدىڭ .

بۇ غەزەلنىڭ چۈشۈرگە بېيىتى مۇنداق باغلانغانىدى :

نەفىسى كېچە - كۈندۈز قىل دۇئا تەڭرى تەقدىسىگە[1]
كى شاھىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا قاتتىغ گۇناھ قىلدىڭ .

غەزەل تامام بولۇشىغا سۇلتان ئالدىراپ : «نەفىسى دېگەن شائىر

① تەقدىس ـــ پاك، مۇقەددەس، ئەزىز.



كىم ؟ سىز بۇ غەزەلنى نەدىن ئۆگەنگەن ؟ » دەپ سورىغانىدى ، قىز : « خەقنىڭ غەزىلىنىمۇ ياد ئېلىپ ئوقۇمىدىكەن ، مەن نەۋائى ، فۇزۇلى ، زەلىلىنىڭ [1]شېئىرلىرىدىن باشقىنى ئوقۇمايمەن ، بۇ غەزەل ئۆزۈمنىڭ ، نەفىسى مېنىڭ تەخەللۇسۇم » دەپ جاۋاب بەردى . سۇلتان ئۇنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى سورىدى . ئاتىسى : «13 ياشقا كىردى » دەپ جاۋاب بەردى . سۇلتان تېخىمۇ ھەيران بولدى . ئاڭغىچە ئامانىسا خېنىم قوپۇپ ، ئۆزى يازغان بىرنەچچە شېئىرلارنى ئەكېلىپ كۆرسەتتى . خېتىنىڭ ھۆسنى ئۆزىنىڭ ھۆسنى بىلەن بەسلىشەتتى . پادىشاھنىڭ بۇ خەتنى شۇنچە كىچىك نارەسىدىنىڭ يازغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي : «قېنى ئەمىسە ، مەن قاراپ تۇراي ، بىر شېئىر يېزىپ بېقىڭ» دېگەنىدى ، قىز دۇۋەت - قەلەم ۋە قەغەز ئېلىپ كېلىپ تۆۋەندىكى بېيىتنى يازدى :

يارەب بۇ بەندە قىلدى ئەجەب سۇئىزەن[2] مەڭا ،
گويا بۇ ئۆيگە ئۇندى بۇ ئاخشام تىكەن مەڭا .

سۇلتان كۈلدى . ئىشەندىم ، ماڭا ھەجۋىي قىلمىسىلا ، دېدى ۋە مەھمۇد بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ : «بىز ھېلى كېلىمىز» دەپ كېتىپ قالدى . ئۇ لەشكەرگاھىغا بېرىپ ، ۋەزىر- ئەمىرلەرگە بولغان ئەھۋالنى بايان قىلدى . بېشىغا تاج كىيىپ ، ئۈستىگە دەۋاج ياپتى . دەرھال ئون قوي ۋە شاھى ئەتلەسلەر تەييارلاندى ، تۈن يېرىمىدا قىرىق كىشى مەھمۇدنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مەقسەتنى بايان قىلدى . پادىشاھ ئۆزىنى ئاشكارا قىلىپ ، توي قىلىپ قىزنى نىكاھىغا ئالدى . بۇ مەلىكە 20 يىل پادىشاھنىڭ نىكاھىدا تۇردى . خۇدايتائالا بۇ قىزغا شۇنداق ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلغان ئىدىكى ، تەرىپلەپ ئولتۇرۇش-

① زەلىلى (مۇھەممەد سىدىق زەلىلى) ئامانىساخاندىن كېيىن، مىلادىيە 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى. مۆجىزى ئامانىساخان ھەققىدىكى بۇ رىۋايەتنى ئەسىرىگە كىرگۈزگەندە، بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلمىغان ـــ ئاپتور.
② سۇئىزەن ـ يامان نەزەر.

نىڭ ھاجىتى يوق . «دىۋان نەفسى» نى يازدى ، خوتۇن-قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا «ئەخلاقى جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق بىر كىتابنى يازدى ، «شورۇھۇلقۇلۇب» (قەلبلەر شەرھى) ناملىق بىر رىسالە يازدى ، شائىرلىق ، نەغمىچىلىك ۋە خەتتاتلىق توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاب ئاز . «ئىشرەت ئەنگىز» (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق بۇ مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە ئىجاد قىلغانىدى . كۈچلۈك رەشك يۈزىسىدىن سۇلتان بۇنى ئۆز نامىدا قىلىۋالغان ۋە شۇ بويىچە نەغمىچىلەرگە ئۆگىتىلگەن . بۇ مەلىكە 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان ، دېيىلىدۇ . مەلىكە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، سۇلتان ئۆزىنى ئۆلتۈرگىدەك ھالەتكە يېتىپ ، سەۋدايىلىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولدى . سۇلتان ئاخىر يىغلاپ ئالەمدىن ئۆتتى ، دېيىلىدۇ» . ①

ئامانىساخان ھەققىدە «چىڭگىزنامە» دە : «خان ئاخىر ھالدا بىر رەئىف لۇلىنى ئالدىلار . چۈچۈك خانىم سەرزەنىش (تاپا - تەنە) قىلدى : ‹ سەن لۇلىنى ئالدىڭ › - دەپ . خان بۇ رۇبائىنى بەدىھە (تۇساتتىن) ئېيتتىلار :

مەھبۇب ئەگەر كۆڭۈل قەبۇلى بولسە ،
شىرىن ھەرەكەت ، خۇش ئۇسۇلى بولسە .
جان ئوتراسىدا ئانىڭكى يولى بولسە ،
نى ئەيىب ئانىڭ ئەسلىسى لۇلى بولسە .

خانىم ھەم گۈزەشت (كەچۈرۈش) قىلدىلار .» ②

دەپ يېزىلىپ ، ئامانىساخاندىن بېشارەت بېرىلگەن .

بۇ يەردىكى «لۇلى» سۆزى ئەينى دەۋردە تارىم ۋادىسىدىكى دولان دىيارىدا ياشاپ كەلگەن سەنئەتخۇمار مەكىت قوۋمىگە قارىتىلغان بو-

① موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېئمەتۇللا: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، 65 ~ 67 بەتلەر.
② موللا سالىھ كاشغەرى: «چىڭگىزنامە»، 109 - بەت.



لۇپ ، ئۇلار فېئودال مۇتەئەسسىپ سوپى - ئىشانلار تەرىپىدىن كەمسىتىلىپ ، «لۇلى» دەپ ئاتالغانىدى . بۇ ئامانىساخانىڭ ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر ، ئاددىي ، سەنئەتكار خەلقنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

نىزامىدىن ھۈسەيىن «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۆچېركلىرى» ناملىق ئەسىرىدە «سەئىدنامە» ناملىق پارسچە قوليازما ئەسەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ :

«. . . مۇسۇلمانچىلىقتا كۇپۇرانە - ناشايان قىلىقلار ، ساز ، نەغمە - ناۋالار ، كۈلكە - ئەپسانە قىلىقلار··· قەتئىي تەرك ھېسابلانغان زامانلارنىڭ بىرى ئىدى . پىر - يارەن ، ئۇلۇغلارنىڭ پايى - قەدەملىرى تېخى يەتمىگەن ، دۇئا - نەپەسلىرى تەسىرى پۈرسەت تاپمىغان ئۇلۇغ ئېقىن بويلىرىدىكى يار باشى سەھراسىدا شاھ تاتارلىق چوكان - سېكىلەك خاتۇن ئامەتلىرى ئاسمانغا ئۆرلەپ شاھى رەشىدىل ئەزەم بىلەن 40 كېچە - كۈندۈز كۇپرانە - ناشايان «ئۇششاق» بىدئەتچىلىكى سادىر ئەتتىلەر . . . شاھى ئالەم شادلىقى خالايىققا ئالقىش ئەتمەك ۋاجىپلىنىپ ، بىدئەتلىك قىلىدىغان تەرسائى بەندىلەرنىڭ سانى ئېشىپ ، نوخالىرى ئۆرلەپ ، ئاشكارا ئۇششاق قىلماقتا تۇتۇندىلەر . . . بۇ ئىش ئادەت بولۇپ يايىلدىلەر . . . شاھى ئالەم چوكان خاتۇنى بىرلە 40 كېنىزەك ، 40 ئەللامە ، سىپاھ ھەمراھ ئەيلەپ كۆكيەر ، يۇلبۇرسى (قاغىلىقتىكى ھازىرقى كۆكيار ، يۈۋۈس كەنتلىرى — ئاپتور ئىزاھى) ئوردىگاھلىرىدا ئۇششاق رەققاسلىرى ، شادلىق كۆرسەتتىلەر . . . تاراتتىلەر ، بۇ چاغلار تارىختا توققۇز يۈز ئەللىك يەتتە رەجەپ ، شەئبان ئىدىلەر . . .» . ①

① نىزامىدىن ھۈسەيىن: «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۆچېركلىرى» «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1988 - يىللىق 3 - سان، 59 - بەت.

«ئۇششاق» (ئاشىقلىق ، ئىشقىي ـ مۇھەببەت ) سۆزىنى ئىزاھ-
لاش يۈزىسىدىن بېرىلگەن بۇ پارچىدىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئاماز-
نىساخاننى ئۆز ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن ، ھىجرىيە 957 ـ (مىلادىيە
1550 ) يىلىنىڭ 7 ~ 8 ـ ئايلىرى يەكەن دەرياسى ۋادىسىنىڭ
تەكلىماكان بىلەن تۇتاش سەھرالىرىدا 40 كېچە ـ كۈندۈز مەش-
رەپ ـ بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ ، خەلق ناخشا ـ مۇزىكا ، مۇقام سەنئىتى
بىلەن ھۇزۇرلىنىپ كۆڭۈل ئاچقانلىقى ، مەزكۇر سەنئەت بايرىمىغا
ئاۋامنىڭ قىزغىن ئىشتىراك ئەتكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن . ن .
ھۇسەيىن ئۇلۇغ ئېقىن بويىدىكى يار باشى سەھراسىنى ھازىرقى
قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئۇلۇغ ئۆستەڭ ۋادىسىدىكى يار بېشى سەھراسى
دەپ ئىزاھلىغان .

«سەئىدنامە» دە تىلغا ئېلىنغان «شاھ تاتارلىق چوكان ـ سېكى-
لەك خاتۇن . . .» دېگەن ئۇچۇر ئاساسىدا ئىزدەنگەن بەزى تەتقىقات-
چىلار ئامانىساخاننىڭ يۇرتىنىڭ ھازىرقى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ
جاڭگىلىئەسكى يېزا قارا دۆڭ كەنتى بىلەن يەكەن ناھىيىسىنىڭ
قاراسۇ يېزىسى (بۇ يېزا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھازىرقى ئېگەچى
بازىرى قاتارلىق جايلار بۇرۇن «تاتار» دەپ ئاتالغان ) شاپتۇللۇق
كەنتى تۇتاشقان جايدىكى ئىسمى يوقالغان شاخ تاتار (بۇ يەردىكى
«تاتار» — تارتار ، يەنى تارتىش ، سۆرەش مەنىسىدىكى سۆز ) مەھەللى-
سى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ①

ئامانىساخاننىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق بولمى-
غانلىقى (بۇ ھەقتىكى بۇرۇنقى يىلنامىلار پەقەت پەرەزگە تايىنىپ
ئوتتۇرىغا قويۇلغان ) ئۈچۈن ، «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» دا ئېيتىلغان ،
مەلىكىنىڭ 34 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ، سۇلتان ئابدۇرەشىد-

① ئابدۇقادىر داۋۇت: «ئامانىساخاننىڭ سەھرادىكى يۇرتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە)، 1996 ـ يىللىق 3 ـ سان، 90 ـ بەت.



خاننىڭ مەلىكە ئۆلۈمىدىن كېيىن سەۋدايىلىق كېسىلىگە مۇپتىلا
بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ھەققىدىكى بايانلارغا ئاساسلىنىپ ، مەلى-
كە ئامانىساخاننى ، ھىجرىيە 930- يىللارنىڭ باشلىرى (مىلادىيە
1520 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ) دۇنياغا كېلىپ ، ھىجرىيە
960 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى (مىلادىيە 1550 ـ يىللارنىڭ ئاخىر-
لىرى ) ئالەمدىن ئۆتكەن ، دەپ قاراش مۇمكىن .

* * *

مۆجىزىنىڭ ئەسىرىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ، يۈسۈپ
قىدىرىنىڭ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى سۈپىتىدە ،
خانىدانلىقنىڭ مەدەنىيەت ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ؛ يەكەن-
نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا بويىچە تونۇلغان مەدەنىيەت
مەركىزىگە ئايلىنىپ ، ئىراق ، ئىران ، تۈركىيە قاتارلىق ئەللەر ،
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرى ۋە كەشمىرگە
ئوخشاش جايلاردىن نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ يۈسۈپ قىدىرىنىڭ يې-
نىغا كېلىپ ، ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر مۇقام- مۇزىكىلىرىنى ئۆگەنگەنلى-
كى ؛ ئۇ يەنە بىر قىسىم چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئىجاد قىلىپ ۋە يېڭىلا-
پ ، مۇزىكا ئىلمى ھەققىدە بىر قىسىم ئەسەرلەرنى يېزىپ ، يۇقىرى
ئىلمىي قىممەتكە ئىگە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ؛ «ۋىسال»
ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلىپ ، شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەنلىكى ؛
شۇنداقلا شائىرە ، مۇقامشۇناس ئامانىساخاننىڭ خانىش بولۇپ ئابدۇ-
رەشىدخان ئوردىسىغا كىرگەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت ۋە
سەنئەت جەھەتتىكى ئىقتىدارى ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مۇزىكا ، ناخشا ـ
ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى
ۋە ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى ئىلمىگە قوشقان تۆھپىسى بىلەن تونۇلغانلى-
قى ؛ ئۇنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ، خەتتاتلىق ئىلمى توغرىسىدا «شۇ-

رۇھۇلقۇلۇب» ناملىق بىر كىتاب يازغانلىقى، «ئىشرەت ئەنگىز» ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلغانلىقىغا ئوخشاش بىر قاتار بايانلار بىزگە يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ يۇسۇپ قىدىرى، ئامانىساخانغا ئوخشاش مۇقام پىر - ئۇستازلىرىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئارقىلىق يېڭى بىر گۈللىنىش پەللىسى ھاسىل قىلىپ، زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكى، جۈملىدىن ئۇلار ئىجاد قىلغان «ۋىسال»، «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقاملىرى بىلەن تېخىمۇ بېيىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بىزنى ئىنتايىن مۇھىم ۋە قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى — ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇزىكىلىق ئىپادىسىدۇر. مۇقاملار ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىلىك، باي مەزمۇنلۇق، رەڭمۇ رەڭ تۇسلۇك، بەدىئىي پاساھەتلىك، يەڭگىل ۋە ئېيتىشقا ئەپلىك كلاسسىك شېئىرلار، غەزەل، بېيىت - قوشاقلار بىلەن جانلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى غەزەللەرنىڭ 18 خىل بەھرى ئۇچرايدۇ.[1] ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرىنى ئۆزىگە مەنبە ۋە تۇپراق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ دەسلەپكى ئانا تېكىستلىرىدە خەلق قوشاقلىرى ئاساسىي ئورۇن تۇتقان بولسىمۇ، كېيىنكى دەۋرلەردە (مىلادىيە 10 - ئەسىردىن باشلاپ) مەشھۇر سەنئەت ئۇستازلىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈشى داۋامىدا، ئۇنىڭ تېكىستلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى شەرق ۋە ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ نادىر شېئىرلىرى (ئاساسلىقى، غەزەللەر) ئىگىلىگەن.

مەرھۇم پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىننىڭ كۆرسىتىشىچە، «مۇقام» چۈشەنچىسى ھەرقايسى دەۋرلەردە بىر-بىرىدىن

[1] «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل نەشرى)، «كىرىش سۆز»، 2 - بەت.



پەرقلىنىدىغان كونكرېت ئۇقۇمغا ئىگە بولغان. يەنى ئەبۇ نەسىر فارابى (مىلادىيە 10 - ئەسىر) بىلەن نەۋائى (مىلادىيە 15 - ئەسىر) ۋە قىدىرخان زامانلىرى ئارىسىدىكى بەش ئەسىرچە ۋاقىت ئىچىدە مۇقام چۈشەنچىلىرىدە زور دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولغان. ئىلگىرىكى زامانلاردا «مۇقام» چۈشەنچىسى بىر قەدەر چوڭراق ھەجىمدىكى، مۇزىكا ئورۇنلاش سەنئىتى جەھەتتە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن، مەرغۇللىرى بولغان بىر مەشھۇر نەغمىنى كۆرسىتىدىغان بولسا، كېيىنچە باشلىنىش مۇزىكىسى، تەزە مۇزىكىلىرى ۋە ئۇسۇللۇق سەنەملىرى بولغان مۇزىكىلىق گۇرۇپپىنى كۆرسەتكەن. مۇقام چۈشەنچىلىرىنىڭ «چوڭ نەغمە»، «داستان» ۋە «مەشرەپ» تىن ئىبارەت ئۈچ قىسىملىق مۇزىكا گۇرۇپپىلىرىنى مۇجەسسەم قىلغان، بىر يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن چوڭ ھەجىمدىكى مۇزىكىلىق گەۋدىنى ئىپادىلىشى مىلادىيە 16 - ئەسىردىن كېيىنكى ئەھۋالدۇر.[1]

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، قىدىرخان ۋە ئامانىساخانلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن مۇزىكا ئۇستازلىرى ئىجاد قىلغان راك، ئۇشاق، ئۇزھال (بۇلار فارابىنىڭ ئىجادىيىتى دېيىلگەن)، چۆل ئىراق (مەۋلانە ئەلىنىڭ ئىجادىيىتى دېيىلگەن)، ئەجەم (ئابدۇرەھمان جامىنىڭ ئىجادىيىتى دېيىلگەن)، ناۋا (نەۋائىنىڭ ئىجادىيىتى دېيىلگەن)، چاھار زەرب، دۇگاھ، سىگاھ، چاھارگاھ، پەنجىگاھ، مۇشاۋىرەك، بايادەك (بۇلار پەھلەۋان مۇھەممەدنىڭ ئىجادىيىتى دېيىلگەن)، بايات (يۇسۇپ سەككاكىنىڭ ئىجادىيىتى دېيىلگەن) قاتارلىق 14 مۇقام ۋە قىدىرخان، ئامانىساخانلار ئىجاد قىلغان ۋىسال ۋە ئىشرەت ئەنگىز مۇقاملىرى بولۇپ، جەمئىي 16 مۇقام نامى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن. ھالبۇكى، بۇ مۇقاملاردىن راك، چەبىيات،

[1] ئابدۇشۇكۇرمۇھەممەد ئىمىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى (ئون ئىككى مۇقام) ھەققىدە» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980، ئۇيغۇرچە نەشرى)، 77 - بەت.

مۇشاۋرەك ، چارىگاھ ، پەنجىگاھ ، ئۆزھال ، ئەجەم ، ئۇشاق ، بايات ، ناۋا ، سىگاھ ۋە ئىراقتىن ئىبارەت 12 مۇقاملا كېيىنكى دەۋرلەردە قېلىپلىشىپ ، مۇقىملاشقان . بەزى مۇقاملار (جۈملىدىن ۋىسال ۋە ئىشرەت ئەنگىز مۇقاملىرىمۇ ) ئۇنتۇلغان ياكى باشقا مۇقاملار تەركىبىگە سىڭىپ كەتكەن .

يۇسۇپ قىدىرى ۋە ئامانىساخانلاردىن بىر ئەسىر كېيىن ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۆتكەن شائىر بابا رەھىم مەشرەپنىڭ تۆۋەندىكى غەزىلى بىزگە يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى (سۇلتان سەئىدخان ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرى ) دە ئۆزىنىڭ تەرەققىي قىلىش ، گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ خانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئاساسىي جەھەتتىن قېلىپلىشىپ ، «ئون ئىككى مۇقام» دىن ئىبارەت بىر يۈرۈشلەشكەن ، چوڭ ھەجىمدىكى مۇزىكىلىق گەۋدىگە ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ :

«ساتارىم تارىغا جان رىشتەسىدىن تار ئېشىپ سالسام ،
ئانىڭكىم نالىسىدىن بۇۋاپانىڭ كۆڭلىنى ئالسام .

مۇقام چالىپ ، مۇقام ئىچرە مۇقامنى دىلغا جا قىلسام ،
مۇھەببەت كويىغا سالسا ، ئۇنىڭ ئالدىدا مەن چالسام .

مۇقاملارنىڭ ئاتاسىنى ھۇسەينۇ ھەم ئەجەم دەرلەر ،
بۇلاردىن يۇقارىكىم پەدەئى باياتىنى چالسام .

باياتى ھەقتائالا يادىدا چالسام ئۇزۇلدۇرمەي ،
كۆڭۈلنىڭ بىناۋا بولغانىنى بىلسەم ناۋا چالسام .

ئارىلاپ چالسام ئۇششاقنى ، غەزەلنى راكقا يەتكۈزسەم ،
قاراڭغۇ تۈن- سەھەرلەردە مۇشاۋرەك ، پەنجىگاھ چالسام .



ئىراقۇ ، چەببيات ، ئۆز ھالدا پەيزىكىم يېتەر بولسا ،
تىلەپ خۇرشىدى ۋەسلىن سۇبھى دەمدە چارىگاھ چالسام ،

يېتىپ ۋەسلىگە ھەممەتنىڭ جۇدالىق تاغىدىن ئۆتسەم ،
ئىچىپ ۋەسلىڭ شارابىدىن قىلىپ تەڭكەش سىگاھ چالسام .

كەل ، ئەي مەشرەپ ، قەدەھ سۇنغىل ، بولايلى مەستۇ مۇستەغرەق ،
بىر ئىلگە كاسەئى تەنبۇر ، بىر ئىلگە جامى مەي ئالسام » .①

راك مۇقامى مۇقەددىمىسىنىڭ تېكىستى قىلىنغان مەشرەپنىڭ بۇ غەزىلى بىزگە يەنە ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنىڭ كېيىن مۇقام ئورۇندىغۇچىلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ئۆزگەرگەن ، يېڭىلانغانلىقىنى (بۇنداق ئۆزگەرتىش ، يېڭىلىنىش جەريانى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلدى ) كۆرسىتىپ بېرىدۇ . شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك ، شائىر يۇسۇپ قىدىرى (قىدىرخان يەركەندى ) ، مەلىكە ئامانىسا خېنىملارنىڭ مۇقام تېكىستى قىلىنغان شېئىرلىرىمۇ بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن .

## ئايازى غەزەللىرى

شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ : «تارىخىي رەشىدى (زەيلى ) » ناملىق ئەسىرىدە : «سۇلتان ئابدۇرەشىدخانىنىڭ دەۋرىدە دۆلەت ئەربابلىرى ئىچىدە شائىر كىشىلەر كۆپ ئىدى . جۈملىدىن ئايازبېك قۇشچى خۇش تەبىئەت كىشى بولۇپ ، بۇ ئىككى غەزەلنى ئابدۇرەشىدخانىنىڭ شەنىگە

① «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى)، 1 ـ جىلد، تېكىست قىسمى، 1 ~ 2 ـ بەتلەر.

ئىجاد قىلدى . ئۇنىڭ بىرىنى خان تەختىگە يېڭى ئولتۇرغاندا ، يەنە بىرىنى ئابدۇرەشىدخان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن خەلققە توي قىلىپ بەرگەندە يازدى . ھەزرىتى ئابدۇرەشىدخان بۇ شېئىرلارنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن ئايازبېككە ئاتمىش ساغداق كىشىنى (ساغداق —ئوقدان مەنىسىدە بولۇپ ، بۇ ئاتمىش ئوقياچى جەڭچىنى بىلدۈرسە كېرەك — ئاپتور ) يەر - سۈيى بىلەن ۋە بىر ئېرىقنىڭ يەر - سۈيىنى ، مال-پۇل مەرھەمەت قىلىپ بەردى . بۇ بېرىلگەن ئادەملەرنىڭ يېرىمى خوتەندە ، يېرىمى تاتاردا ئىدى .» دېگەن مەلۇمات بىلەن ، ئايازبېك قۇشچىنىڭ بۇ ئىككى غەزىلىنى تولۇق تېكىستى بىلەن بەرگەن . تۆۋەندە بۇ ئىككى غەزەلنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىمىز :

## كەلدى

«ساقى مەيى فەرەھبەخش تۇتكىم باھار كەلدى ،
ئىشرەت زەمانى يەتتى ، ئول گۇلئۇزار كەلدى .
بولدى چەمەن مۇنەۋۋەر ، ئاچىلدى رەڭگى گۈللەر ،
تۇت جامى رۇھى پەرۋەركىم غەمگۇزار كەلدى .
كۆرسەتتى جىلۋە سۇنبۇل ، ئاچىلدى نەرگىسى گۇل ،
بولدى فىغاندا بۇلبۇل ، ئەبر ئەشكبار كەلدى .
دەۋرانى ئەيشۇ- ئىشرەت بەش كۇن ئىرۇر غەنىمەت ،
چۇن چەرخى بى مۇرۇۋۋەت نا پايدار كەلدى .
يەتكۇرسە غۇسسە گەردۇن ، چەك بادە ، بولما مەھزۇن ،
تەسكىن غەمغە گۇلگۇن مەي سازۋار كەلدى .
باشىمنى گوي مەيدان قىلسام يوق ئەمدى ئەرمان ،
ساھىبقىرانى دەۋران ئول شەھسەۋار كەلدى .
ئەي دەھر سەرفەرازى ئابدۇرەشىدغازى ،
دەرگاھىڭە ئايازى ئۇمىدۋار كەلدى .»



[ئەي ساقىي (شاراب قۇيغۇچى ) ، خۇشاللىق بەخش ئەتكۇچى شارابتىن قۇيغىنىكى ، باھار كۇنلىرى كەلدى ، خۇشاللىق زامانى يېتىپ كەلدى ، چۈنكى ، ئۇ گۈل يۈزلۈك كەلدى . چىمەن باغلار نۇرلىنىپ ، رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلدى ، شادلىق شارابىدىن يەنە قۇيغىنىكى ، غەمگۇزارىمىز كەلدى . زېمىندىن مايسىلار ئۈنۈپ چىقىپ ئۆزىنى كۆرسەتتى ، نەرگىس گۈللەر ئېچىلدى ، گۈل ئىشقىدا بۇلبۇللار پىغان چەكتى ، بۇلبۇلنىڭ پىغانىغا بۇلۇتلار يىغلىدى . ئەيش - ئىشرەت دەۋرى بەش كۇنلۇكتۇر ، ئۇنى غەنىيمەت بىلىش كېرەك ، چۈنكى بۇ مۇرۇۋۋەتسىز ، ئايىغى ياراشمايدىغان زاماندۇر . دۇنيا ساڭا غەم - غۇسسە يەتكۈزسە ، شاراب ئىچ ، مالال بولما ، غەمنى پەسەيتىشكە گۈل يۈزلۈك مەي ئەڭ مۇۋاپىقتۇر . بېشىمنى جەڭ مەيدانىنىڭ بىر توپى قىلسام ھېچ ئارمىنىم يوق ، چۈنكى دەۋرىمىزنىڭ ئىگىسى بولغان بەختلىك پادىشاھىمىز كەلدى . ئى ، زامانىنىڭ ئالىي پاراسەتلىكى بولغان ئابدۇرەشىدخان غازى ، دەرگاھىڭىزغا ئايازى ئۈمىدۋارلىق بىلەن كەلدى .]

## تۇت

«ئىيدۇ - باھار ئەييامىدۇر ، ساقى لەبالەب جام تۇت ،
ئەيش تەرەب دەۋرانىدۇر جامى مەي گۇلفام تۇت .
جەمشىد فەرشاھى جەھان چۇن قىلدى ئەزمى گۇلىستان ،
جەمئىيەتى ۋەقتى زەمان خۇشدۇر بۇگۇنكىم جام تۇت .
مەئلۇم ئەمەس دەۋران ئىشى چۇن مۇنقەلىبتۇر گەردىشى ،
ھەرگىز بولۇر دەپ كىشى بۇ دەۋرنى مەدام تۇت .
بۇ دەمكى باردۇر فۇرسەتىڭ ئەھباب ئىلە جەمئىيەتىڭ ،
لۇتف ئىلە بەزمۇ ئىشرەتىڭ ئەھلىنى شىرىن كام تۇت .

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .»[1]

(ھېيت باھار كۈنلىرىدۇر، ساقىي جامنى لىقمۇلىق تولدۇرۇپ تۇت، ئەيش ـ خۇشاللىق مەزگىلىدۇر، جامدا گۈل رەڭلىك مەي تۇت. جەمشىدكە ئوخشاش جاھاننىڭ شاھى بۇ گۈلىستانغا قەدەم تەشرىپ قىلدى، ھازىر ھەممە خۇشاللىقتا چۆمگەن چاغ، لەززەت جامىنى تۇت. زاماننىڭ ئىشى مەلۇم ئەمەس، ئۇ ئايلىنىپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، يەنە پۇرسەت كېلىدۇ دەپ ئويلىما، بۇ مەزگىلنى غەنىيمەت بىل. ھازىر شۇنداق ياخشى پۇرسەتكى، پۈتۈن دوست ـ يارەنلەر يىغىلغاندۇر، مەرھەمەت ئەيلەپ بۇ خۇشاللىق بەزمىسى ئەھلىگە شېرىن سۆزلىرىڭنى تۇت . . .)

ئايازبېك قۇشچىنىڭ نامى «چىڭگىزنامە»دىمۇ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: «بەھادۇر ۋە كېڭەشلىك كىشىلەر قۇشچىدىن بۆلەك تۆت مىڭ يەتتە يۈز كىشى ئىدى»[2] دېيىلىدۇ. ئايازبېك قۇشچىغا دائىر يۇقىرىقى مەلۇماتلار بىزگە ئۇنىڭ مىلادىيە 16 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە ياشاپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ يېقىن باتۇر بەگلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە، يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھەسسە قوشقان، سەئىدخان ۋە ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە دۆلەت ئەربابلىرىدىن بىرى ۋە تونۇلغان شائىر سۈپىتىدە يەكەن خانلىقىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ھاياتىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتقان شەخس ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ كېلىدۇ. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھىجرىيە 940 ـ يىلىنىڭ يېڭى يىل كۈنى (مىلادىيە 1533 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى) يەكەن خانلىقى تەختىدە ئولتۇرغان ۋە شۇ يىلىنىڭ روزى ھېيت كۈنى (مىلادىيە 1534 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى) خەلققە توي قىلىپ

[1] شاھ مەھمۇد جوراس: «تارىخىي رەشىدى (زەيلى)» (شاپىگراف نۇسخا)، 79 ~ 81 ـ بەتلەر.
[2] موللا مىرسالىھ كاشغەرى: «چىڭگىزنامە»، 94 ـ بەت.



بەرگەن. شۇ خۇشاللىق توي كۈنىدە ئايازبېك قۇشچى ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى شېئىرىنى پادىشاھ ۋە پۈتكۈل توي ئەھلى ئالدىدا ئوقۇپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەلنى گۈللەندۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۇرگەن، شاھقا بولغان مىننەتدارلىقى ۋە ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى ئىپادىلىگەن.

ئايازبېك قۇشچىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى پارچە غەزىلىدىن باشقا ئەسىرى يېقىنقى يىللارغىچە مەلۇم ئەمەس ئىدى. مىلادىيە 1980 ـ يىللاردىن كېيىنكى ئىزدىنىشلەر داۋامىدا ئۇنىڭ كېيىن تۈزۈلگەن «باياز» لارغا كىرگۈزۈلگەن بىر پارچە غەزىلى تېپىلىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «باياز» (1) غا كىرگۈزۈلدى.

«سەنسەن» رادىپلىق بۇ غەزىلىدە شائىر يار ۋىسالىغا يېتەلمەي كۆپ ئازاب ـ رىيازەت چەككەن ئاشىق تىلىدىن ئاجايىپ گۈزەل مىسرالارنى تىزىدۇ.

مىلادىيە 1990 ـ يىللاردا خوتەندىن شائىر ئايازنىڭ بىر تولۇقسىز قولىيازما دىۋانىنىڭ تېپىلىشى ھەمدە ئۇ قولىيازما توپلامغا كىرگەن تولۇق ۋە تولۇقسىز ھالەتتىكى 68 غەزەلنىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنىشى بىلەن شائىر ئايازى ۋە ئۇنىڭ غەزەللىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ يېڭى پەردىسى ئېچىلدى.

ئېلان قىلىنغان بۇ غەزەللەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسىدا بولۇپ، پەقەت ئاز بىر قىسمىلا باشقا ئىجتىمائىي تېمىلارغا بېغىشلانغان. ئوخشاشمىغان تېما ۋە ئۇسلۇبتىكى بۇ نادىر غەزەللەر شائىرنىڭ بەدىئىي تىل ۋە ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتىكى يۇقىرى ماھارىتى، تالانت ـ ئىقتىدارىنى نامايىش قىلىپلا قالماي، يەنە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تۆۋەندە بۇ غەزەللەردىن بىرقانچىنى مىسال تەرىقىسىدە كەلتۈردۇق:

«يار، ئەرنىڭ چەشمەئى ھەيۋاندىن ئارتۇقتۇر ماڭا،
چەشمەئى ھەيۋان نېدۇرمىكىم، جاندىن ئارتۇقتۇر ماڭا.
يۈزۈ زۇلفۇڭ ئىچىگە سالغان ئوتۇڭنىڭ گۈلشەنى،
شۇئلەئى دۇدى گۈلى رەيھاندىن ئارتۇقتۇر ماڭا.
رەۋزەئى رىزۋان ھەۋاسىدىن نەيلەيىن كويۇڭدا كىم،
خاكى كويۇڭ رەۋزەئى رىزۋاندىن ئارتۇقتۇر ماڭا.
جانغە ئىشقىڭ دۇدى يەتسە نې تىلەي دەرمان ئاڭا،
دەردى ئىشقىڭ جان بىلە دەرماندىن ئارتۇقتۇر ماڭا.
قايسى مەجنۇن مىھنەتى دەردىڭكى دەرسىز كۆپتۇرۇر،
دەرد ئاندىن كۆپ، مۇھەببەت ئاندىن ئارتۇقتۇر ماڭا.
دۇرى غەلتان زاھىر ئەتمەكتە، ئايازى، كۆزلەرىم،
ھەر بىرى بىر قۇلزەمۇ ئۇممان‌دىن ئارتۇقتۇر ماڭا.»

*　　　*　　　*

«ئەي كۆڭۈل تالىب ئېسەڭ ئىستىمە ئازار ئەلگە،
كى مۇناسىب ئەمەس ئازار تەلەبكار ئەلگە.
سۇبھى ۋەسل ئىستەسە بولغىل كېچە بىداركى، ھەق،
بۇ سەئادەتنى نەسىب ئەيلەدى بىدار ئەلگە.
تىلەسەڭ تەڭرى رىزاسىنى ھەر ئىشكىم بار، ئانى،
كۆرمىسەڭ ئۆزگە رەۋا، بولمە رەۋاگەر ئەلگە.
ھەر كۆڭۈل خۇش قىلۇر ئىشكىم ساڭا ئاسان كۆرىنۇر،
دېمە ئاسان ئانى گەر بار ئېسە دۇشۋار ئەلگە.
بار ئىمىش ۋەئدەكىم ئاخىر شەپقەت تاپقۇسىدۇر،
قىلىپ ھەر كىم شەفقەت خاتىرى ئەفگار ئەلگە.



. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .»[1]

شائىرنىڭ سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ئاتاپ يازغان «تۇت» رادىپلىق غەزىلىنىڭ توپلام تەركىبىدىن ئورۇن ئېلىشى، مەزكۇر توپلامنىڭ ئاپتورى شائىر ئايازى بىلەن، غەزەللىرىدە «ئايازى» تەخەللۇسىنى قوللانغان ئايازبېك قۇشچىنىڭ بىر شەخس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

«دىۋان ئايازى» (گەرچە ئۇ تولۇق دىۋان بولمىسىمۇ) نىڭ تېپىلىپ ئېلان قىلىنىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ يەكەن خانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، شائىر ئايازنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنىنى يەنىمۇ يۇكسەكلىككە ئىگە قىلدى.

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

ئاتاقلىق تارىخچى، شائىر مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان مىلادىيە 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ماڭلايسۆيەر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش داۋامىدا پەيدىنپەي ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن موڭغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسىدىن بولۇپ، ھىجرىيە 905 ـ (مىلادىيە 1499~1500) يىلى موغۇلىستان خانلىقىغا قاراشلىق كەشتان رايونىنىڭ تاشكەنت شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان موغۇلىستان خانى مەھمۇدخاننىڭ يېقىن دوستى بولۇپ، خان ئۇنىڭغا سىڭلىسى خوبنىگار خانىمنى ياتلىق قىلىپ، ئۇنى كۆرەگانلىق ئورنىغا كۆتۈرگەن ۋە ئۇرە تۆپە رايونىنىڭ ھاكىمى قىلغانىدى. مىرزا ھەيدەر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەچچە پۇشتىغىچە ھەممىسى خانلارنىڭ نەۋرە تۇغقانلىرىدىن ئىكەنلىكىنى

---

[1] «بۇلاق»، 1996 ـ يىللىق 2 ـ سان، 60 ~ 61 ـ بەتلەر.

ئېيتىپ كېلىپ ، نەسەبىنى دوغلات ئەمىرى پولاجىغىچە سۈرىدۇ .①
خوبنىگار خانىم بابۇر شاھنىڭ ئانىسى قۇتلۇق نىگار خانىمنىڭ سىڭ-
لىسى بولۇپ ، مىرزا ھەيدەرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە زەھرىددىن مۇھەممەد
بابۇر ۋە مەھمۇدخاننىڭ ئىنىسى ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى سەئىدخانلار
بىلەن بىر نەۋرە تۇغقانلاردىن ئىدى . مىرزا ھەيدەر توققۇز ياشقا
كىرگەن يىلى (ھىجرىيە 914 ، مىلادىيە 1508 ـ يىلى ) ئۇنىڭ
دادىسى شەيبانىخاننىڭ سۇيىقەستى بىلەن ھىراتتا ئۆلتۈرۈلىدۇ .②
ئەينى ۋاقىتتا مىرزا ھەيدەر بۇخارادا ، ھەدىسىنىڭ يېنىدا ئىدى .
شەيبانىخان مىرزا ھەيدەرنىڭ ئاتا- ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ كۆپ
قىسمىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن قالماي ، مىرزا ھەيدەرنىمۇ ئۆلتۈرۈش
سۇيىقەستىنى پىلانلايدۇ . مىرزا ھەيدەر دادىسىنىڭ يېقىنلىرىنىڭ
ياردىمىدە بەدەخشاننىڭ زەپەر قەلئەسىگە بېرىپ پاناھلىنىدۇ . مىلادىيە
1509 ـ يىلى ئۇ بابۇر شاھ تەرىپىدىن كابولغا چاقىرتىۋېلىنغان ۋە
بابۇر شاھنىڭ ئاتىلارچە غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەن . ياندۇرۇقى يىلى
ئۇ بابۇر شاھنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە ــ شەيبانىخانغا قارشى ئېلىپ
بارغان ھەربىي يۈرۈشىگە قاتناشقان . ئەينى چاغدا سۇلتان سەئىدخان
سەمەرقەندتە خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ ئەنجاندا تۇرۇۋاتقان ۋە مىرزا
ھەيدەرنىڭ ھەدىسىنى نىكاھىغا ئالغانىدى . ھىجرىيە 918ـ (مىلادىيە
1512 ـ ) يىلى مىرزا ھەيدەر ئەنجانغا بېرىپ ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ
خىزمىتىگە كىرگەن . ھىجرىيە 919 ـ (مىلادىيە 1513 ـ ) يىلى
سۇلتان سەئىدخان كىچىك قىزىنى مىرزا ھەيدەرگە نىكاھلاپ بېرىپ ،
ئۇنى كۆرەگانلىق ئورنىغا كۆتۈرگەن .③مىرزا ھەيدەر سۇلتان سەئىد-
خانغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن

① مىرزا ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»، 2 ـ قىسىم، 4 ~ 6ـ ۋە 83 ـ بەتلەر.
② يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.
③ مىرزا ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»، 166ـ ۋە 181 ـ بەتلەر.



ھاياتى توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ : «سۇلتان سەئىدخان ئاتى-
لىق شەپقىتى بىلەن مېنى يېتىملىك تەسىرىدىن خالاس قىلدى .
مۇھەببەت ۋە تۇغقانلىق مېھىر شەپقىتىنى شۇ قەدەر چىڭ ۋە ئۇزۇنغى-
چە كۆرسەتتىكى ، ئۇنىڭغا ھەتتا خاننىڭ بۇرادەرلىرى ۋە پەرزەنتلىرى-
مۇ ھەسەت قىلىشاتتى . تاكى 24 يىل (ئەسلىي 20 يىل بولسا
كېرەك ــ ئاپتور ) ئۇ خاننىڭ جەننەت ماكان خىزمىتىدە ھۇنەر -
كەسپلەردىن ، ئەخلاق - پەزىلەتلەردىن ۋە ئىلىم - مەرىپەتلەردىن
تەلىم ئېلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ، ئۇلۇغلۇق ۋە ھەشەمەت بىلەن
ھايات كەچۈردۈم . خەت پۈتمەك ، شېئىر ئېيتماق ، ئىنشا (نەسر
يېزىقچىلىقى ) ، رەسساملىق ، نەققاشلىق ئىلىملىرىدە ، زاماننىڭ ئىم-
تىيازلىقى ، بەلكى ماھىرلىرىدىن بولدۇم . يەنە ئۆزگە ھۇنەرلەردە ،
مەسىلەن ، خاتەم بەند (مۆھۈر - ئۈزۈكچى ) لىك ، چۆپ تاراش
(ياغاچ قىرغۇچىلىقى ) لىق ، مۇغەننى (سازەندە ) لىك ، ئوقياچىلىق
ۋە باشقا تۈرلۈك كەسپلەردىن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر -
بىرلەپ شەرھلەنسە گەپ ئۇزىرايدۇ . قىسقىسى ھەممە ھۇنەر - سەن-
ئەتلەردە شۇ دەرىجىگە يەتتىمكى ، ئۇ ھۇنەر - كەسپلەرنىڭ يېتۈك
ئالىملىرى ۋە ماھىر ئۇستازلىرى پېقىرغا شاگىرت بولماققىمۇ ئاجىز
كەلدى . بۇ ھەممە پەزىلەت ۋە ھۇنەرلەرنى ئىگىلىشىمگە خاننىڭ
سايە - سەۋەبلىرى ۋە تىرىشچانلىقلىرى سەۋەب بولدى . ئۇنىڭ ئۇستى-
گە سەلتەنەت ئىشلىرى ، كېڭەش - مەسلىھەت ئۇسۇللىرى ، جەڭ
قائىدىلىرى ، كېچىلىك ھۇجۇم ، ئوقيا ئېتىش ، ئوۋ ئوۋلاش ، ئوۋغا
يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق دۆلەت ئىشلىرىدا زۆرۈر لازىم بولغان
بارلىق كەسپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇستازىم ۋە تەربىيىچىم ھەزرىتى
خان ئىدى . يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ھۇنەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە يەنە

خانغا شاگىرت ئىدىم» .[1] مىرزا ھەيدەر 24 يېشىدىن باشلاپ ھەربىي ئىشلارغا ئارىلاشقان ۋە قوشۇن قوماندانى سۈپىتىدە ھەربىي يۈرۈشلەرگە ئىشتىراك قىلغان . ھىجرىيە 936 - (مىلادىيە 1530 - ) يىلى سۇلتان سەئىدخان بىلەن بىللە بەدەخشانغا يۈرۈش قىلغاندا ، ئۇ ئالدىن يۈرەر قىسىمنىڭ قوماندانى بولغان .

ھىجرىيە 938 - يىلىنىڭ زۇلھەججە ئېيىدا (مىلادىيە 1532 - يىلى 7 - ئاي ) سۇلتان سەئىدخان تىبەتكە غازات ئۇرۇشى ئۈچۈن ئاتلانغاندا ، مىرزا ھەيدەر قوشۇن قوماندانى بولۇپ ، تىبەتكە ئالدى بىلەن يۈرۈش قىلغان . بۇ جەرياندا ئۇ ئارقا - ئارقىدىن غەلىبىلىك يۈرۈشلەرنى قىلىپ ، تىبەتنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ۋە كەشمىرنى ئىشغال قىلغان . سۇلتان سەئىدخان مىرزا ھەيدەرنىڭ بۇ تۆھپىسىنى يۇقىرى باھالاپ ، ئۇنى پۈتۈن قوشۇننىڭ باش قوماندانى قىلىپ بەلگىلىگەن ھەمدە ئۇنىڭغا ئورساڭ (لخاسا ) نى ئىشغال قىلىشنى بۇيرۇغان . سۇلتان سەئىدخان شۇ قېتىم لاداختىن يەكەنگە قايتىش سەپىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مىرزا ئەلى تاغاي (مىرزا ھەيدەر ئۇنى «ئالۋاستى شاھى» دەپ ئاتايدۇ ) قاتارلىقلار بىرلىكتە پىلانلاپ ، سۇلتان سەئىدخان نامىدىن بىر پارچە ۋەسىيەتخېتى ئويدۇرۇپ چىقىپ ، كۆيئوغلى يادىكار مۇھەممەد ئارقىلىق ئاقسۇغا ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ئەۋەتىدۇ . بۇ ئاتالمىش «ۋەسىيەتنامە» دە : «مېنىڭ ئەسلىدە تىبەتكە غازات ئۇرۇشى قىلىپ بېرىش نىيىتىم يوق ئىدى ، سەئىد مۇھەممەد مىرزا ۋە مىرزا ھەيدەر مېنى مۇشۇ قەدەمنى بېسىشقا قىستىغانىدى . ئوغلۇم ئابدۇرەشىد بۇ ئىككىسىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلمىسا ، مېنىڭ باقىي دۇنيادا كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ . . . ئۇلار بىر كۈن مەۋجۇت بولىدىكەن ، ھاكىمىيەت بىر

① مىرزا ھەيدەر: «تارىخي رەشىدى»، 1 - قىسىم (موللا مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى)، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2000 - يىللىق 2 - سان، 11- بەت.



كۈنمۇ مېنىڭ ئوغۇللىرىمغا مەنسۇپ بولالمايدۇ» دېگەندەك سۆزلەر يېزىلغانىدى . سەئىد مۇھەممەد مىرزا (مىرزا ھەيدەرنىڭ تەربىيە ئاتىسى ) قەشقەردىن يەكەنگە كېلىپ سۇلتان سەئىدخاننىڭ ماتەم مۇراسىمىنى ئۆتكۈزىدۇ ، مىرزا ئەلى تاغاي بىلەن بىرلىكتە خانلىقنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى خان بار ۋاقىتتىكىدەك ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئاقسۇدىن كېلىپ خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇشىنى كۈتىدۇ . ئابدۇرەشىدخان ھىجرىيە كالېندارى بويىچە زۇلھەججە ئېيى (12 - ئاي ) نىڭ ئاخىرقى كۈنى يەكەنگە يېتىپ كېلىدۇ . سەئىد مۇھەممەد مىرزا خان جەمەتىدىكى كىشىلەرنى شەھەر سىرتىدىكى ئابدۇرەشىدخان چۈشكۈن قىلغان جايغا ، ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقىرىدۇ ھەمدە ئابدۇرەشىدخان چۈشكۈن قىلغان جايدا بىر كېچە قونۇپ ، ئەتىسى (ھىجرىيە 940 - يىلىنىڭ يېڭى يىل كۈنى ) شەھەرگە كىرىپ خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇش تەكلىپىنى بېرىدۇ . مىرزا ئەلى تاغاي ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈپ : «بۇ بىر سۇيىقەست ، ئۇلار ئەسلىي تىبەتتىكى ئىسكەندەر سۇلتاننى خان قىلىپ تىكلىمەكچى» دەيدۇ . يېڭى يىل كۈنى ئابدۇرەشىدخان شەھەرگە كىرىدۇ ۋە ئالدى بىلەن خانلار قەبرىستانلىقىغا (ئالتۇنلۇققا ) بېرىپ ، دادىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلايدۇ . مۇسىبەت كىيىمى كىيىپ ئالدىغا كەلگەن سەئىد مۇھەممەد مىرزىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ ، ئەلى سەئىدمۇ ئوخشاش تەقدىرگە ئۇچرايدۇ . ئابدۇرەشىدخان ئالتۇنلۇقتىن قايتىپ كېلىپ تاج كىيىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ ، ئاندىن مىرزا ئەلى تاغايىنى قەشقەرگە ئەۋەتىپ سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئىككى ئوغلىنى ، ئابابەكرىنىڭ بىر ئوغلىنى (بۇ بالىلار 20 ياشقىمۇ توشمىغانىدى ) ئۆلتۈرگۈزىدۇ .[1]

مىرزا ھەيدەر بۇ چاغدا ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىنىسى ئىسكەندەر

① مىرزا ھەيدەر: «تارىخى رەشىدى»، 2 - قىسىم 434 ~ 436 - بەتلەر.

سۇلتان بىلەن بىرلىكتە تىبەتتىكى جاپالىق ھەربىي يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قاتتىق چۆچۈيدۇ ھەمدە ئابدۇرەشىدخاننىڭ بۇ قىلمىشلىرىدا، ئاساسلىقى، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۇستازى ئەمىر مۇھەممەد بارلاسنىڭ قولى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. مىلادىيە 1534 - يىلى 1 - ئايدا مىرزا ھەيدەر ئورساڭ (لاسا) غا قىلىنغان 60 كۈنلۈك يۈرۈش داۋامىدا چارچىغان قوشۇننى ئارقىغا قايتۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ئابدۇرەشىدخاندىن خەۋەرچى كېلىپ، مىرزا ھەيدەرنىڭ بىر نەۋرە قېرىندىشى مۇھەممەد مىرزا بىلەن تىبەتتە قېلىشىنى، قوشۇننى تارقىتىۋېتىشىنى بۇيرۇغان. بۇ ئۇنىڭ «يوقال» دېگىنى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مىرزا ھەيدەر بەدەخشانغا يول ئالغان. قاراقۇرۇمدىن ئۆتۈپ بەدەخشانغا كىرىدىغان يول ئېغىزىغا كەلگەندە، يەكەنگە قايتىپ كېتىۋاتقان ئىسكەندەر سۇلتان ئۇنىڭغا يېتىشىپ كېلىپ، ئۆزى بىلەن يەكەنگە قايتىشنى ئۆتۈنگەن. مىرزا ھەيدەر: «سېنىڭ ئۇ قېرىندىشىڭ گېپىدە تۇرمايدۇ، ئۇنىڭ ھەرىكىتى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق مېھىر - شەپقەت كۈتكىلى بولمايدۇ» دەپ ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغان. مىرزا ھەيدەر بەدەخشان چېگرىسىدىكى قوقەندكە بارغاندا ئابدۇرەشىدخاننىڭ قول ئاستىدىكى بىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ. مىرزا ھەيدەر ئابدۇرەشىدخانغا قارىتىپ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان بىرقانچە شېئىرنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئېيتىدۇ. بۇ شېئىرلارنىڭ بىرىدە:

«شەرتۇ ئەھدى ۋاپا ۋە مېھرىڭنى،
بارچە سەن ئەجەپ ئەدەم[①] قىلدىڭ.
مەزھەبىڭدە جاپا كەرەم كۈتمىش،
بىراق ئەجەپ كەرەم قىلدىڭ.»

① ئەدەم — يوق



دەپ يېزىلىپ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا بولغان ئاغرىنىشى ئىپادىلەنگەندى.

مىرزا ھەيدەر قوقەندتە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ئىسكەندەر سۇلتان مىرزا ھەيدەرنىڭ ئايالىنى ئېلىپ قوقەندكە كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم خوشلىشىدۇ.[①]

مىرزا ھەيدەر قىشنى بەدەخشاندا ئۆتكۈزۈپ، ئەتىيازدا ھىندىستاندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بابۇرنىڭ ئوغلى ھومايۇننىڭ قېشىغا، ئاندىن لاھوردىكى ھۇمايۇننىڭ ئىنىسى كامران مىرزىنىڭ قېشىغا بارىدۇ. كامران مىرزا قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ ئافغان ئىسيانچىلىرىنى باستۇرىدۇ. مىلادىيە 1539 - يىلى ئۇ ھۇمايۇننىڭ قېشىغا قايتا كېلىدۇ ۋە ھۇمايۇننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە كەشمىرنى يەنە بىر قېتىم ئىشغال قىلىپ، ئۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولىدۇ. مىلادىيە 1551 - يىلى ئۆز قوشۇنلىرى ئارىسىدىكى تاغلىق ئىسيانچىلارنىڭ بىرى ئاتقان ئوقيا ئوقى بىلەن قازا تاپىدۇ.

**«تارىخىي رەشىدى»:** مىرزا ھەيدەر كەشمىردە تۇرغان مەزگىلدە ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى — «تارىخىي رەشىدى» نى يېزىپ چىققان. ئىككى قىسىملىق بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمى (رەسمىي تارىخ قىسمى) مىلادىيە 1544 ~ 1547 - يىللىرى، ئىككىنچى قىسمى (ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋەقەلەر بايانى، ئاپتور بۇ قىسىمنى «مۇقتەسەر» دەپ ئاتىغان) مىلادىيە 1541 ~ 1545 - يىللىرى يېزىلغان. بۇ خىل يېزىش ئۇسۇلى ھەققىدە ئاپتور 2 - قىسىمنىڭ «مۇقەددىمە» سىدە: «بىلىم ۋە قابىلىيەتتە يېتەرسىز بولغانلىقىم ئۈچۈن، قارىغۇلارچە ئىش تۇتسام بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سىناق تەرىقىسىدە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋەقەلەرنى يېزىش-

① يۇقىرىقى ئەسەر، 439 ~ 459 - بەتلەر.

نى قارار قىلدىم . ئەگەر ئاللا نېسىپ قىلسا ، ئاندىن ئەسلىدىكى پىلانىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ، موغۇل خانلىرىنىڭ تارىخىنى يازماقچىمەن» دەپ ئېنىق ئېيتىدۇ . ①

«تارىخي رەشىدى»نىڭ 1 ـ قىسمىنىڭ «مۇقەددىمە»سىدە مىرزا ھەيدەر تۇغلۇق تېمۇرخان (مىلادىيە 1333 ~ 1405 ) دىن كېيىنكى خانلارنىڭ ئەھۋاللىرى تارىختا شەرھلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ، بۇ تارىخ كىتابنى تۇغلۇق تېمۇرخاندىن باشلىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ ، كىتابنىڭ نامى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ :

«يەنە ئۈچ تۈرلۈك مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن بۇ تارىخ «تارىخي رەشىدى» دەپ ئاتالدى : بىرىنچىدىن ، تۇغلۇق تېمۇرخان ھەزرىتى مەۋلانە ئەرشىدىننىڭ قوللىرىدا مۇسۇلمان بوپتۇ . بۇنىڭ بايانى پات ـ يېقىندىلا زىكىر قىلىنغۇسى . ئىككىنچىدىن ، تۇغلۇق تېمۇرخاندىن ئىلگىرى بەراقخان ۋە بەراقخاندىن كېيىن كېپەكخان مۇسۇلمان بوپتۇ . ئەمما ، موغۇل خانلىرى ۋە موغۇل ئۇلۇسى ئىسلامدا رۇشدى رۇشد تاپماپتۇ ، بەلكى مۇرتەد بولۇپ (يېنىۋېلىپ ) ، جەھەننەم يولىنى تۇتۇپتۇ . ئەمما ، بۇ دۆلەتمەن تۇغلۇق تېمۇرخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ، موغۇل ئۇلۇسى ئىسلامدا تەلتۆكۈس رۇشدى ھاسىل قىلدى . بۇ كىتابنىڭ ئىپتىداسى تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ زىكىرلىرى بىلەن باشلانغان بولغاچقا ، بۇ تارىخنى «رەشىدى» ئىسمى بىلەن ئاتىماق مۇناسىپ كۆرۈلدى . ئۈچىنچىدىن ، ئاشۇ موغۇلخانلىرىنىڭ ئاخىرى بۇ كۈنلەردە ئابدۇرەشىدخاندۇر . بۇ تارىخ ئۇنىڭ ئېتىغا ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ئاتاپ يېزىلىدۇ.. شۇڭا ، بۇ ئۈچ تۈرلۈك مۇناسىۋەت بىلەن بۇ تارىخقا «تارىخى رەشىدى» دەپ ئات قويۇلدى» . ③ مىرزا

---

① يۇقىرىقى ئەسەر، 2~ 3ـبەتلەر.

② رۇشدى ـ توغرا يول تېپىش، توغرا يولغا چۈشۈش؛ يېتىلىش، يېتۈكلۈك، كامالەت.

③ مىرزا ھەيدەر: «تارىخي رەشىدى» 1 ـ قىسىم، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2000 ـ يىللىق 2 ـ سان، 10 ـ بەت.



ھەيدەر «مۇقەددىمە» دە يەنە ئابدۇرەشىدخاندىن ئۆزىگە شۇ قەدەر يامان ۋە قاتتىق مۇئامىلىلەر يەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن بۇ مۇئامىلىلەرنى ئۇنىڭ ئاتىسى سەئىدخاننىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىغا ئۇدۇللاپ ، ئۇنىڭغا توغرا قارايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ .

«تارىخي رەشىدى» تۇغلۇق تېمۇرخاندىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 200 يىللىق تارىخنى بايان قىلغان قىممەتلىك تارىخي ئەسەر بولۇپلا قالماي ، يېزىلىش ئۇسلۇبى ، بەدىئىي تىل ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە قوللانغان بەدىئىي ئەدەبىيات ۋاستىلىرىنىڭ رەڭدار ۋە كۆپ خىللىقى جەھەتتىن خۇددى «بابۇرنامە» گە ئوخشاش بىر تارىخي ـ ئەدەبىي تەزكىرىگە ئوخشايدۇ . ئەسەردىكى گۈزەل بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاستىلەر ۋە شېئىرىي تىل بىلەن بېرىلگەن نەسرىي بايانلار ، شېئىرىيەتنىڭ ھەرقايسى تۈر ـ ژانىرلىرىغا مەنسۇپ بولغان پارس ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرىي پارچىلار ناھايىتى ئوبرازلىق ۋە ئاپتورنىڭ لىرىك ھېسسىياتى بىلەن تويۇنغان بولۇپ ، بۇ نەسرىي ۋە شېئىرىي پارچىلار ئۇنىڭغا بەدىئىي ئەسەر تۈسىنى بەرگەن .

مەسىلەن ، مىرزا ھەيدەر ئەمىر ھۈسەيىن ۋە ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ جەتە لەشكەرلىرى بىلەن قىلغان جەڭ تەپسىلاتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك سۈرەتلەيدۇ :

«ئىككى قوشۇن قىممىتىن دېگەن جايدا بىر ـ بىرىگە قارشى كېلىشتى . جەڭ دۇمباقلىرىنىڭ ئاۋازى ۋە قەھرىمانلارنىڭ تارتقان نەرىلىرى كۆك گۈمبىزىگە يەتكەنىدى . ئالدى بىلەن دۈشمەن قاراۋۇللىرى ئۆزلىرىنىڭ كۆپ سانلىق بولۇشى ۋە قىساسكارلىق غۇرۇرى بىلەن ھەزرىتى ساھىبقىرانغا مەيدانغا قاراپ ئاتلىرىنى يۈگۈرتتى . ھەزرىتى ساھىبقىران خۇددى قۇتۇپتەك ئايىغىنى قىمىرلاتماي ، ئۆزىنىڭ دۆلەت ئاساسىدەك تۇرغان ئورنىدا چىڭ تۇردى ۋە غالىبىيەت ئۈزەڭگىسىگە چىڭ دەسسەپ تۇرۇپ ، كۈچلۈك قوللىرىنى ئوق ۋە ياغا

ئۈزاتتى ھەم سول قولىنى ئەلىف ئوڭ قولىنى دال قىلدى .

خەدەڭگى ئەلىفدۇر ، خەمى نۇنۇ دال ،
نىشانە ئاڭا سىنەئى بەد شىكال .

لەشكەرلەرمۇ شاھنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن خۇددى ئايىنىڭ ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلاردەك يادىن ئوتلۇق ئاقار يۇلتۇزلارنى دۈشمەنلەر تەرەپكە قويۇپ بەردى . ئوقنىڭ قەلىمى خۇددى « (يوروق يۇلتۇزلارنى ) شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق » دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىنى قورققانلارنىڭ قېنى بىلەن شۇنداق يازدىكى ، ئۇلارنىڭ ھالى خۇددى «ئۇنىڭغا سەجدە قىلىش ئۈچۈن يەرگە ياتتى » دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىكىدەك بولدى . دۈشمەن لەشكىرىنىڭ باھادۇرلىرى ئۆچ - ئىنتىقام ئوتى بىلەن خۇددى شامالدەك كېلىشكەنىدى ، خۇددى يامغۇر سۈيىدەك توپىغا يۈز قويۇشتى ، بەزىلىرى ھايات سۈيىنى ئۆلۈمنىڭ شامىلىغا بەردى ۋە بەزىلىرى ئوت ئوقلىرىنىڭ زەربىدىن ئۆچ - ئىنتىقام بىلەن تولغان كۆكسىنى يەرگە يېقىشتى .

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكىرى بىر يولى جەڭگە قوزغىلىشتى . جەڭ ئەھۋالى شۇنداق بولدىكى ، دۈشمەنلەر خۇددى زەررىلەردەك مىڭ كۆزدىن قان تۆكۈشەتتى . نەزم :

ھەمە قوزغالىپ ئورنىدىن مىسلى كوھ ،
سالىپ غۇلغۇلە بۇ ھەرئىككى گۇرۇھ .
باياباں ھەمە بولدى دەريايى خۇن ،
كى بولدى ھەمە يەر يۈزى لالەگۇن .

ئۇ كېچىسى ساھىبقىران كېچىچە يول يۈرۈپ بام سۈيىگىچە قوغلاپ باردى ، ئۇ يەردە يەنە دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇدى ۋە ئۇلارنىڭ تولىسىنى ئۆلتۈردى .

نەزم :

«ئېرىق سۈيى قان بىلەن بادە بولدى ،



تا شۇ گەۋھەر بالەئىل بىجادە بولدى . »[1]

«ھەزرىتى ساھىبقىران راباتى قەتئان دېگەن جايغا يېتىپ كەلگىنىدە ، قۇياش ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىدىن بېشىنى بىراقلا بولۇت جۇۋىسىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزدى » .

«باھارنىڭ ئاۋۋالقى پەسلى تارىخى ھىجرىيە 777 - يىلى (لەھەڭ يىلى ) ئىدى . تەبىئەت سۇلتانىنىڭ پەرمانى بىلەن يەر يۈزىدە گىياھ قوشۇنلىرى تەرەپ - تەرەپتىن باش كۆتۈردى . گۈل - چېچەك سەردارلىرى باغ ۋە دەرەخ ، شەھەر ۋە قەلئە مۇھاپىزىتىگە مەشغۇل بولۇپ ، پۈتكۈل سەھرانى يېشىل ۋە قىزىللىققا پۈركىدى .

پولات يالغۇز ھالدا تەركەنگە يەتتى . تەركەننىڭ ئېتى ھارغانىدى . پولات بارغان ھامان تەركەن ئاتتىن چۈشتى ۋە پولاتنىڭ ئېتىنى بىر ئوق بىلەن يىقىتتى . پولات قەددىنى رۇسلىماستىنلا تەركەن يەنە بىر ئوق ئاتتى . ئوق پولاتنىڭ بېشى ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەتتى . ھېچ زەرەر يەتكۈزەلمىدى . پولات چاققانلىق بىلەن يۈزمۇيۈز تۇتۇشتى ۋە ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ئىقبالىنىڭ ياردىمى بىلەن تەركەننى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى . مىسرا :

قىلدى ئۆز ئاتىغە ئانىك باشىنى تەندىن جۇدا . »[2]

يۇقىرىقى مىساللاردىكى ئوخشىتىش ، جانلاندۇرۇش ئوخشاش ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ياردىمىدە نەپىس ۋە جۇلالىق تۈسكە كىرگەن نەسرىي ۋە شېئىرىي پارچىلار بىزگە ئاپتورنىڭ تىل ۋە ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتىكى يۇقىرى تالانت - ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ بېرىپلا قالماي ، يەنە ئۇنىڭ ئۇيغۇر قەھرىمانلىق داستانلىرى ئىزىدىن مېڭىپ ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان يازغۇچى ئىكەنلىكى-

---

① مىرزاھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى» 1ـقىسىم، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2000 ـ يىللىق 3 ـ سان، 17 ~ 19 ـ بەتلەر.

② مىرزا ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»، 1ـقىسىم، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2000 ـ يىللىق 4 ـ سان، 9 ـ، 13 ـ ۋە 15 ـ بەتلەر.

نىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

مىرزا ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ئەسىرى ئەينى
دەۋردە كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىك-
كى ئەسىرلىك تارىخىنى تەپسىلىي ۋە رېئال بايان قىلىپ بەرگەنلىكى-
دىن ئىبارەت زور قىممىتى بىلەن تارىخ ۋە ئەدەبىيات تارىخى ئىلمىي
ساھەسىدە يوقىرى ۋە مۆتىۋەر ئورۇن تۇتۇپ كەلدى . يەكەن خانلىقى-
نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۆتكەن شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «تارىخىي
رەشىدى» نىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ، ئۇنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ، «تارىخىي
رەشىدى (زەيلى )» نى يېزىپ چىققانلىقى ، ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىل-
غان تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك «تارىخىي رەشىدى»
نى ئۆزىگە مۇھىم مەنبە قىلغانلىقىدەك ئەمەلىيەت ، شۇنداقلا ، مىلادى-
يە 18 ~ 19- ئەسىرلەردە ئەسەرنىڭ بىرقانچە خىل پارس ۋە ئۇيغۇر
تىلىدىكى كۆچۈرمە ۋە تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى
بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

«تارىخىي رەشىدى» پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ ، مەلۇماتلارغا
قارىغاندا ، ئاپتور ئەسىرىنى شەخسەن ئۆزى چاغاتاي يېزىقىدا ئۇيغۇر-
چىلاشتۇرغان . ھالبۇكى ، ئەسەرنىڭ ئاپتور قەلىمىگە مەنسۇپ قولياز-
ما نۇسخىلىرى مىلادىيە 1948 - يىلدىكى كەشمىر ھادىسىسىدە يوقى-
لىپ كەتكەن . ئەسەرنىڭ 10 غا يېقىن ھەرخىل كۆچۈرمە نۇسخىلىرى
ئېلىمىز ۋە ئەنگلىيە ، رۇسىيە ، ئافغانىستان ، ئۆزبېكىستان قاتارلىق
دۆلەتلەردە ساقلىنىۋاتىدۇ . برىتانىيە مۇزېيىدا ئەسەرنىڭ ئۈچ قولياز-
ما نۇسخىسى بار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر تولۇق بولغىنى
مەشھۇر شەرقشۇناس دېنسون روسې تەرىپىدىن تېپىلغان ، مىلادىيە
1732 - يىلىدىن بۇرۇن كۆچۈرۈلگەن پارس تىلىدىكى نۇسخىدۇر .
بۇ نۇسخا ئاساسىدا ئىشلەنگەن ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى مىلادى
1895~1898 - يىللىرى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان .

«تارىخىي رەشىدى» نىڭ مىلادىيە 20- ئەسىرگىچە بولغان ئارد-



لىقتا ، ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن
نۇسخىلىرى ئىچىدە ، بىرقەدەر تولۇق ۋە ئىلىم ساھەسىگە تونۇشلۇق
بولغىنى ، مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەر-
جىمە قىلغان نۇسخا بىلەن ھىجرىيىنىڭ 1263 - يىلى جامادىيەلئا-
خىرنىڭ 22 - كۈنى (مىلادىيە 1845 - يىل 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى )
خوتەندە موللا مۇھەممەدنىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇر (موللا مۇھەممەد
نىياز يەركەندى ) تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىدۇر .

**«جاھاننامە» داستانى :** مىرزاھەيدەر كۆرەگانىنىڭ بىز-
گىچە يېتىپ كەلگەن يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى ئۇنىڭ «جاھاننامە»
داستانىدۇر .

مىلادىيە 1978 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان «ئىسلام
ئېنسكلوپېدىيىسى» دا (5 - توم ، 1 - قىسىم ، 388 - بەت ) مىرزا
ھەيدەرنىڭ چاغاتاي تىلىدا يازغان 125 بەتلىك «جاھاننامە» ناملىق
ئەسىرىنىڭ بارلىقى ، ئەسەرنىڭ تېمىسى ، يېزىلغان ۋاقتى ، ئورنى
ھەمدە ئەسەرنىڭ پروسىيە دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى
ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەنىدى .

مىلادىيە 1980 - يىللاردا شىنجاڭدىن «جاھاننامە» داستانىنىڭ
ئىككى قوليازما نۇسخىسىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن تېپىلىپ ، بۇ ئىككى
قوليازما نۇسخا ئىچىدىكى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن[①]
داستان ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى ھەققىدە ئىچكىرىلەپ تەتقىقات ئېلىپ
بېرىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى .

① بۇ ئىككى قوليازما نۇسخىسىنىڭ بىرى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىدا،
يەنە بىرى ش ئۇ ئا ر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىدۇ، ئالدىنقى قوليازما نۇسخا «بۇلاق»
ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىللىق ئومۇمىي 9 - سانىدا بېسىلىپ چىقتى ۋە 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتى تەرىپىدىن ئايرىم كىتابچە قىلىپ نەشر قىلىندى.

«جاھاننامە» داستانى ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىل-
غان بولۇپ، 1329 بېيىت (2658 مىسرا) تىن تەشكىل تاپقان.
داستان ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر داستانچىلىقى ئۇسلۇبى بويىچە دىباچە
(باشلانما، نەئت) بىلەن باشلىنىدۇ. 31 ـ بېيىتتىن باشلاپ بايان
قىلىنغان «بۇ شىكەستە ئۆزىدىن ئۆتكەن سەرگۇزەشتىسىدە ھەزرىتى
خان قۇللۇقىغا مۇشەررەپ بولۇپ بۇ جاھاننامەنى ئايتىغانىنىڭ سەبە-
بى» دېگەن كىرىش قىسمىدا ئاپتور ئۆزىنىڭ يىگىتلىك دەۋرىدە خان
(سۇلتان سەئىدخان) بىلەن بىللە بەدەخشاندا ئۆتكۈزگەن خۇشال،
كۆڭۈللۈك يىللىرىنى ئەسلەيدۇ. خاننىڭ ئەنجاننى ئېلىپ، قەش-
قەرغە ــ زالىم ئابابەكرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلغانلىقىنى، ئابابەكرىنى
يوقىتىپ، خوتەن، قەشقەرلەرنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ ئادىل خانلىق
قۇرغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ خان ھوزۇرىدا ئۇنىڭ «لۇتفى ئېھسانىدىن
بېشى ئۇستۇن بولۇپ، ‹مەھمۇد ياخلىغ ئاياز› (ياخشى كۆرۈلگەن
ئاياز) ① بولغانلىقىنى» («ئاياز» دېگەن بۇ نامنىڭ ئۇنىڭغا خان
تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن)، شۇ كۈنلەردە بەدەخشاز-
دىن كىشى كېلىپ، ئەلنىڭ باشسىز قالغانلىقىنى، ئەل بۇزۇلۇپ،
ئۆزبېكلەرگە مۇنقەرز بولۇشقا يۈزلەنگەنلىكىنى، خەلقنىڭ خان ھىما-
يىسىگە كىرىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغانلىقىنى، خاننىڭ
ئۇنى دەررۇ بەدەخشانغا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى، بەدەخشانغا
كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ياشلىق ـ يىگىتلىك دەۋرى ئۆتكەن بۇ
جايدىكى بۇرۇنقى دوست، يار ـ بۇرادەرلىرىدىن ئەسەر قالمىغانلىقىنى
كۆرۈپ پەرىشان بولغانلىقىنى، نەچچە كېچە ـ كۈندۈزنى قايغۇ ـ غەم
بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىنى، شۇ ئۇيقۇسىز تۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەمراھى-
نىڭ ئۇنىڭغا بۇ جاھاننامە داستانىنى ھېكايەت قىلىپ بەرگەنلىكىنى

---

① ئاياز ـ ساپ، تازا.



ئېيتىپ، داستان سۈژىتىغا يول ئاچىدۇ. ①
115 ـ بېيىتتىن باشلانغان داستان سۈژىتى جەمئىي 1175
بېيىتنى (2350 مىسرا) ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تۆۋەندى-
كى ۋەقەلىك ھېكايە قىلىنىدۇ:
شەھدىيار ناملىق ئەلدە شەھسەۋار ئىسىملىك بىر پادىشاھ بو-
لۇپ، پايتەخت ــ سەمىنىدىكى تەختىدە، تەڭرى ئاتا قىلغان چەكسىز
بەخت ـ دۆلەت ئىچىدە، 200 ياشقىچە ياشىغان بولسىمۇ، پەرزەنت-
سىزلىك ئوتىدا ئۆرتىنەر ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ تىلىكى
ئىجابەت بولۇپ، بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ ۋە ئوغلىغا «فېروز-
شاھ» دەپ ئات قويىدۇ. فېروز شاھ بالاغەتكە يەتكەن كۈنلەرنىڭ
بىرىدە، كەچلىك بەزمىدە شاراب ئىچىپ ئۇخلاپ قالىدۇ. چۈشىدە
ئۆزىنى ئاجايىپ گۈزەل باغۇ بوستان، قەسىر ـ ئايۋانلار ئىچىدە،
پەرىلەر ۋە گۈزەل پەرىلەر شاھى ئارىسىدا كۆرىدۇ. ئۇ پەرىلەر شاھى
تۇتقان بىر جام مەينى ئىچىپ مەست ـ بىخۇد بولۇپ يىقىلىدۇ ۋە
ئويغىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، فېروزشاھ ئۇيقۇدىن بىدار
بولۇپ، پەرىلەر شاھى ۋەسلى پىراقىدا غەمكىن بولىدۇ. ئەھۋالى
كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشىدۇ. شاھزادىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ۋەزىر
سىلىم شاھزادىنىڭ يېقىن سىرداش دوستى بولغان ئوغلى فېروزراي
بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ شاھزادە دەردىنىڭ تېگىنى بىلىپ بېقىشنى
بۇيرۇيدۇ. فېروزرايىنىڭ «سىرىڭنى ماڭا ئېيتمىدىڭ» دەپ جېمىلد-
شى بىلەن، شاھزادە چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ۋە دىل يارىسىنى فېروز-
رايغا ئېيتىپ بېرىدۇ. فېروزراي ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدۇ، شۇنداقلا،
ئىككى دوست بۇ سىرنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي، پەرىلەر شاھىنىڭ
ۋىسالى نېسىپ بولغىچە ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرۈشنى مەسلىھەتلىشىدۇ.

---

① داستان ئۇستىدىكى مۇلاھىزىلەر ۋە ئۇنىڭدىن ئېلىنغان ئىستاتىلاردا داستاننىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى نەشر قىلغان نۇسخىسى ئاساس قىلىندى.

فېروزراي ئاتىسى ئارقىلىق شاھقا شاھزادىنىڭ ئوۋغا چىقىش ئارزۇسىنى يەتكۈزىدۇ . شاھ شاھزادىنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىدۇ . ئوۋ داۋامىدا شاھزادىنىڭ ئالدىدىن بىر كېيىك قېچىپ ئۆتىدۇ . شاھزادە كېيىكنى ئۆلتۈرۈشكە كۆزى قىيماي ، تىرىك تۇتۇش نىيىتىدە ، ئۇنى قوغلايدۇ . كېيىك شاھزادىنى چۈشىدە كۆرگەن باغ ئىرەمگە ئېلىپ كېلىدۇ . شاھزادە باغقا كىرىپ پەرىلەر شاھى رەنانى كۆرىدۇ ۋە ئوتلۇق ئاھ چېكىپ خۇدىنى يوقىتىدۇ . شاھزادە ھوشىغا كېلىپ ئۆزىنى رەنانىڭ قۇچىقىدا كۆرىدۇ . رەنا شاھزادىگە ئۆزىنىڭ شەھرى زەررىندىكى پەرىلەر شاھى تاجى بەختىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ، بۇ گۈلشەن ئىرەمدە تۇرۇش سەۋەبىنى ھەمدە ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتمەكچى بولغانلارنىڭ ئۈچ شەرتىنى ئورۇندىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ . پەرىزاتنىڭ شەرتى بويىچە ، ئۇ ئۈچ قېتىم ئۇخلىغاندا ، قاتتىق ئۈن بىلەن ۋارقىرىماي ، قول بىلەن تۇرتمەي ، ئۇنى ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئۈچ قېتىم ئويغىتىش كېرەك ئىدى .

شەرتكە بىنائەن ، پەرىزات 1 ـ قېتىم ئۇخلىغاندا ، شاھزادە ئۇ ياتقان تەخت بىلەن ئەھۋاللىشىدۇ . تەخت ئۆزىنىڭ ئەسلىدە مىسىر سەھراسىدا ، نىل دەرياسى بويىدا ئۆسكەن بىر باراقسان دەرەخ ئىكەنلىكىنى ، توپاندا يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ قۇرۇغانلىقىنى ، بىر ئۇستا ياغاچچىنىڭ ئۇنى ھەرىدەپ تاختاي قىلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھەمدە پەرىزات ئەۋەتكەن كىشىنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئۆزىنىڭ تەخت قىلىپ ياسىلىپ ، گۈلشەن ئىرەمگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ . شاھزادە تەختنىڭ ھېكايىسىگە ئۇلاپلا ، ياغاچچى ، تىككۈچى ، زەرگەر ۋە موللا ھەققىدىكى تېپىشماقلىق چۆچەكنى ئېيتىدۇ . ياغاچچى تەرىپىدىن ياسىلىپ ، تىككۈچى تەرىپىدىن كىيىندۈرۈلۈپ ، زەرگەر تەرىپىدىن گۈزەللەشتۈرۈلۈپ ، موللىنىڭ دۇئا ـ تىلاۋىتى بىلەن جان كىرگۈزۈلگەن سەنەمنىڭ قايسىسىغا تېگىشلىك بولۇشى ھەققىدىكى سوئال قويۇلغاندا ، پەرىزات 1 ـ قېتىم ئويغىنىپ



جاۋاب بېرىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن 1 ـ شەرت ئادا بولىدۇ .

پەرىزات 2 ـ قېتىم ئۇخلىغاندا ، شاھزادە تاش قەدەھ بىلەن ئەھۋاللىشىدۇ . ئۇ ئەسلىدە ئېلبىرس تېغىغا چۈشۈپ مۇئەللەق توختاپ قالغان بىر مېتېئورىت بولۇپ ، قاتتىق ھۆل ـ يېغىن ، يەر تەۋرەش نەتىجىسىدە ، ئورنىدىن قوزغىلىپ ، پارچىلىنىپ يەرگە چۈشكەنلىكىنى ، ئوبۇلخەيرى ھەككاك ئىسىملىك تاشچى تەرىپىدىن قەدەھ قىلىپ ياسالغانلىقىنى ئېيتىدۇ . ئارقىدىن شاھزادە زاھىد قىزىغا تەڭلا ئاشىق بولۇپ قالغان بەگ ، سىپاھ ، سەنگباز (تاش ئاتار ) نىڭ قىزنى دىۋە قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققاندىن كېيىنكى ، قىزنىڭ كىمگە مەنسۇپ بولۇشى ھەققىدىكى مۇرەككەپ دەۋا بايان قىلىنغان تېپىشماقلىق چۆچەكنى ئېيتقىنىدا ، قىز 2 ـ قېتىم ئويغىنىپ جاۋاب بېرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن 2 ـ شەرت ئادا بولىدۇ .

3 ـ قېتىمدا شاھزادە ئورۇندا يېنىپ تۇرغان شام بىلەن ئەھۋاللىشىدۇ . شام ئۆزىنىڭ ئەسلىدە بىر باينىڭ قوزىسى بولۇپ ، باي ئۇنى بىر كەمبەغەلگە بەرگەنلىكىنى ، ئۇ يېتىلىپ ئىككىنى قوزىلىغانلىقىنى ، قوزىلىرىنىڭمۇ يېتىلىپ ، ئىككى قېتىمدىن قوشكېزەك قوزىلاپ ، نەتىجىدە كەمبەغەلنىڭ باي بولغانلىقىنى ، قېرىلىق يەتكەندە ئىگىسىنىڭ ئۇنى قاسساپقا ساتقانلىقىنى ، بىر خېرىدارنىڭ قاسساپتىن ئۇنىڭ يېغىنى سېتىۋېلىپ ، شام ياساپ ساتقانلىقىنى بايان قىلىپ ، شاھزادىنىڭ بۇ يەرگە نېمە سەۋەبتىن كېلىپ قالغانلىقىنى سورايدۇ . شاھزادە جاۋابەن ئۇنىڭغا قاراقچى تەرىپىدىن بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىنغان ئىككى جانجىگەر دوستتىن بىرىنىڭ يارىنىڭ ئۇلارنىڭ باشلىرىنى جايىغا كەلتۈرۈپ تىكىپ ، ئاللانىڭ بۇ ئىككى دوستقا قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلغانلىقى ، ھالبۇكى ، قىز تىكىش داۋامىدا باشلارنى ئالماشتۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن ، قىزنىڭ كىمنىڭ جۈپتى بولۇشى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان تېپىشماقلىق چۆچەكنى ئېيتىدۇ . قىز 3 ـ قېتىم ئويغىنىپ سوئالغا جاۋاب بېرىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن 3 ـ

شەرتمۇ ئادا بولىدۇ .

داستان سۇژىتىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا ، فىروز شاھ بىلەن رەنانىڭ توي قىلغانلىقى ، پادىشاھ شەھسەۋازنىڭ ئوغلىنىڭ دىرىكىنى ئالالماي ، ھىجران ئازابىدا پەرياد چەككەنلىكى ، ئانىسىنىڭ پەرزەنت پىراقىدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە فىروزشاھنىڭ ئاتىسىنى چۈشىدە كۆرۈپ پەرىشان بولغانلىقى ۋە سەۋەبىنى رەناغا ئېيتقانلىقى ، ئىككىسىنىڭ شەھرى سەمىنگە بېرىپ ، شاھ ئاتىسى بىلەن دىدارلاشقانلىقى ، ئاتىسىنىڭ پادىشاھلىقنى ئوغلىغا تاپشۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ، فىروزشاھنىڭ تەختتە 150 يىل ئولتۇرغانلىقى ، رەناغا قازا يېتىپ ، جىنازىسىنى پەرىلەرنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكى ، فىروزشاھنىڭ پادىشاھلىقنى تەرك ئېتىپ ، زاھىدلىق يولىغا كىرگەنلىكى ، خەلقنىڭ پادىشاھقا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن فىروزرايىنى ئەۋەتكەنلىكى ، فىروزراينىڭ مەسلىھەتى ۋە خەلق رايى بويىچە فىروزشاھنىڭ شەھرى زەررىندە تۇرۇۋاتقان ئوغلى فەررۇخ سەۋارنى ئۆز يېنىغا ئالدۇرۇپ ، يادىشاھلىقنى ئۇنىڭغا بەرگەنلىكى ، فىروزشاھ بىركۈنى ئوۋغا چىقىپ ، ياشلىقىدا ئۇچراتقان كېيىكنى يەنە كۆرگەنلىكى ، كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ باغى ئېرەمگە قايتا كەلگەنلىكى ، رەنا ئولتۇرغان راۋاقنىڭ ئەتراپى قوپۇرۇلۇپ ، قارا سەرۇپاي بىلەن ئورالغانلىقىنى كۆرگەن فىروزشاھنىڭ راۋاق ئالدىدا نالە - پەرياد چەككەنلىكى ۋە پەرىزات بىلەن بىللە يېتىشنى ئاللادىن تىلىگەنلىكى ، بىردىن قاراپەردە ئېچىلىپ ، بىر قولنىڭ ئۇنى راۋاق ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەتكەنلىكىدەك بىر قاتار ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ .

«كىشى بىلمەدىكىم قايان باردىلار ،
قويۇپ خالى جايۇ مەكان باردىلار .»

ئاپتور داستان سۇژىتىنى يۇقىرىقى مىسرا بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ ، تۆۋەندىكى مۇناجاتنى ئېيتىدۇ :



«ئىلاھا ، نې يولدۇر بۇ كىم ، ئادەمى
ئۆتەردىن ئېمەس ھېچ خالى دەمى .
بىنا بولغانى بۇ رەباتى جەھان ،
ئۆتەرلەر كەلىپ تىنمايىن كارۋان .
بىرسى خەبەردار ئېمەسكىم قايان ،
بارۇرلار ، نې يولۇ نې مەنزىل ئەيان .
بىرى بىرىنىڭ سوڭىچە دەمبەدەم ،
ئەزىمەت قىلىبان بولۇرلار ئەدەم .
خەبەردار ئېمەس ھېچ ئۇلاردىن كىشى ،
كە نې بولدى ئېركىن ئۇلارنىڭ ئىشى .
تۇمەن مىڭ بارىپ بىرى يانمايدۇرۇر ،
بارىپ ئول تولۇپ ، بۇ تۈگەنمەيدۇرۇر .»

«جاھاننەما» داستانىنىڭ سۇژىتى شەرق ۋە ئۇيغۇر خەلق داستان - چۆچەكلىرىنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۇرگەن بولۇپ ، ئاپتور كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن زىچ بىرلەشتۇرۇپ ، فانتازىيىلىك ، رومانتىكىلىق ، شۇنداقلا ، رەڭدار ، كۆپ قىرلىق ۋە مۇكەممەل بىر داستان سۇژىتىنى بارلىققا كەلتۇرگەن . داستاندىكى فىروز شاھنىڭ پەرىزات رەنانى ئويغىتىش ئۈچۈن تەخت ، قەدەھ ، شام بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتى ۋە ئۈچ تېپىشماقلىق چۆچەكى بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى ، تەسىرلىك ۋە قىزىقارلىق ئىكەنلىكى بىلەن كىشىگە ئالاھىدە بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ .

داستان ئۆزىنىڭ يۇقىرى بەدىئىيلىكى بىلەنلا ئەمەس ، ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەنمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ . داستاندىكى رومانتىزملىق ئامىللار ئەينى دەۋر رېئاللىقى ، شائىرنىڭ گۇمانىزملىق ئىدىيىلىرى ، جەمئىيەت ۋە كى-

شىلىك قاراشلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ، ئاپتور داستاندا بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنى ئۇلۇغلاپ ، ئادىل ، بىلىملىك شاھ ۋە خەلقپەرۋەرلىك غايىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . بەخت ـ سائادەتنى قەدىرلەش ۋە قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەش بىلەن بىللە ، بەختلىك تۇرمۇشنىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكى ، شەيئىلەرنىڭ ھامان ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قانۇنىيەتنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ . جۈملىدىن ، ئەينى دەۋر يەكەن خانلىقىدا باش كۆتۈرگەن سوپى ـ ئىشانچىلىق ، تەركىدۇنياچىلىق خاھىشلىرىغا قارشى ھالدا ، ئۆزىنىڭ ئىلغار ، گۇمانىزملىق قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

شائىر ئۆزىنىڭ تۇغۇلماقتا ئۆلمەكلىك ، خۇشاللىقتا قايغۇ ـ ھەسرەت ، گۈللىنىشتە خارابلىق ئامىللىرى ساقلىنىدىغانلىقى ، دۇنيا ئۆز ماھىيىتى بويىچە بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلمايدىغانلىقى ، ئالەمنى ، ھاياتلىقنى ، خۇشاللىق ۋە گۈللىنىشنى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس تۇرغۇن ھالەتتە دەپ قاراش غەپلەت ۋە نادانلىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ساددا دىئالېكتىكىلىق قاراشلىرىنى ، شۇنداقلا ، ئۆتۈۋاتقان ئەرسىنىڭ كۈن ئەمەس ، بەلكى ئۆمۈر ئىكەنلىكىنى ، ئۆتۈۋاتقان ھەر كۈننىڭ سېنى ئېلىپ كېتىش كويىدا يۈرىدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى مىسرالىرىدا مەركەزلىك ئىپادىلەيدۇ :

«ئاياز ! ئەجەپ غەپلەت ئەمەسمۇ بۇ ،
كى سەن خاھى بىدار ، خاھى ئۇيۇ .
نەۋاقكى ، نە سائەتكى سەندىن بۆگۈن ،
ئۆتەر ئۆمۈر ئېرۇر ئول ئەمەستۇر ئۇ كۈن ،
يوق نەرسە ئوشال ۋاقىت سائەت تۇرۇر ،
كىم ئاي ـ يىلۇ ھەر كۈنۇ ـ تۈن يورۇر .
ئۆتەردەك كۆرۈنەر ساڭا ئول ۋەلى ،
يۈرۈرلەر جەھاندىن سېنى سورغالى .»

مىرزا ھەيدەر كۆرەگاننىڭ «جاھاننامە» داستانى ئۇيغۇر كلاس-



سىك داستان تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم ئالاھىدە تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ، ئۇيغۇر داستانچىلىق تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن ، يەنە ئۇ يەكەن خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئەدەبىي مىراسلار ئىچىدىكى ئالاھىدە ئورنى ۋە قىممىتى بىلەنمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ .

## مەجلىسى

«قىسسەئى سەيپۇلمۇلۇك» داستانى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كېلىۋاتقان شائىر مەجلىسىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىگە دائىر بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر مەنبە ـ ھەسەن نىسارىنىڭ «مۇزەككىرۇل ئەھباب» تەزكىرىسى بولۇپ ، مىلادىيە 16 ـ ئەسىردە ، پارس تىلىدا يېزىلغان بۇ تەزكىرىدە مەجلىسى ھاياتىدىن بىرلەۋھە بېرىلگەن .

«مۇزەككىرۇل ئەھباب» تا مەجلىسىنىڭ زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر ھوزۇرىدا تۇرغانلىقى ، تۈرلۈك ژانىرلاردا شېئىرلار يازغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىپ ، تۆۋەندىكىلەر بايان قىلىنىدۇ :

«مەۋلانا مەجلىسى پائالىيەتچان ۋە تەشكىلاتچان ، سۆزگە چېچەن ، تەبىئىتى تولىمۇ خۇشخۇي ۋە ئوبدان ئىدى . ئۇنىڭ شېئىرلىرى گۈزەل ، سۆزلىرى يېقىملىق بولۇپ ، قەسىدىلىرى بەكمۇ ئاجايىپ ۋە لاتاپەتلىك ئىدى . بابۇر پادىشاھقا بېغىشلانغان قەسىدىسىنى ئۇنىڭ مەجلىسىدە ئوقۇغاندا ، پادىشاھ ئۇنىڭغا يەتتە مىڭ تەڭگە ھەدىيە قىلىشنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزىدۇ . شۇپەيتتە بابۇر ئۇنىڭدىن مۇھەممەد سالىھنىڭ چاغاتايلار (تېمۇرىيلەر ) ھەجۋىي قىلىنغان رۇبائىيسىنىڭ قانداق قىلىپ يېزىلغانلىقىنى سورايدۇ . مەجلىسى بۇ رۇبائىي بابۇرغا يارىغان ئىكەن دەپ ئويلاپ ، بۇ رۇبائىينى مەن يازغانىدىم ، ئەمما مۇھەممەد سالىھ نامى بىلەن خاتا شۆھرەت تاپقان دەپ جاۋاپ بېرىدۇ .

»[1] بۇنى ئاڭلىغان بابۇرنىڭ ئاچچىقى كىلىپ ، شائىرنى ئۆلۈمگە
مەھكۇم ئەتمەكچى بولىدۇ ، لېكىن ئۇنىڭ گۇناھىدىن كېچىپ ، قەسد-
دە ئۇچۇن بەرمەكچى بولغان يەتتە مىڭ تەڭگىنى قان ھىسابىغا ئۆتكۈ-
زۇپ ، ئۆزىنى ھەيدەپ چىقىرىشنى بۇيرۇيدۇ . قەسىدىنىڭ مەتلەئى
(باشلىنىش بېيىتى )مۇنداق ئىدى :
«ئەي ساقى شەبباده [2]باغنىڭ مەششاتەسى [3]بولغاچ ،
سەن مەي جامىنى ھازىرلاشقا تەييارگەرلىك كۆر .
بۇ مەتلەئنى ئۇ موللىغا قاراتما قىلىپ بەرگەن :
ھەرزامان يارنىڭ كۆيىدىن چاڭ كۆتۈرۈلىدۇ ،
قايىسى ئاشىق بۇ كۇينىڭ تۇپراقىغا باش سۇرتىۋات-
قان ئىكەن .»[4]
يۇقىرىقى ئېپىزوتتا مەجلىسى ئىقتىدارلىق ، ھەر جەھەتتىن يې-
تىلگەن شەخس ۋە شائىر سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ .
گەرچە ھەسەن نىسارىنىڭ ئەسىرىدە بۇ ۋەقەنىڭ قاچان ۋە قەيەردە
سادىر بولغانلىقى ئېنىق ئېيتىلمىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ بابۇرنى پادى-
شاھ سۈپىتىدە تىلغا ئالغانلىقىدىن ، بۇ ۋەقەلەرنىڭ كابولدا بولغانلى-
قىنى تەخمىنەن قىلىش مۇمكىن ، چۈنكى ، زەھىرىددىن مۇھەممەد
بابۇرنىڭ كابولدا پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان ۋاقتى مىلادىيە
1504 ـ يىلىدىن كېيىنكى مەزگىلگە تەئەللۇق ئىدى . ھەسەن نىسا-

① بۇ رۇبائىي مۇنداق ئىدى:
«مىسكىن چاغاتاي ،كۈندۈزى تۈندۈر ئاڭا،
ئەھۋالى پەرىشانۇ قارا كۈندۈر ئاڭا.
مەغرۇر بولۇپ يەر يۈزىگە سىغماس ئىدى،
ساچقان تۆشۈكى ئەمدى مىڭ ئالتۇندۇر ئاڭا.»
② شەبباده ــ يىگىتلىك، ياشلىق.
③ مەششاتە ــ بېزىگۈچى، زىننەتلىگۈچى.
④ «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» (ئۆزبېكىستان «فەن» نەشرىياتى ،1978)، 3 ـ توم، 105 ~ 106 ـ بەتلەر.



رىنىڭ ئەسىرىدە ئېيتىلغىنىدەك ، ئەينى دەۋر ئەدىبلەر سۆھبەت ـ
يىغىلىشلىرىدا (مەجلىسلەردە ) ئۆزىنىڭ پائالىيەتچان ۋە تەشكىلاتچان-
لىقى ، شېئىرىيەتتىكى تالانتى ، سۆزگە چېچەن ۋە ھازىر جاۋابلىقى
بىلەن تونۇلۇپ شۆھرەت قازانغان «مەجلىسى» تەخەللۇسلۇق بۇ شا-
ئىرنىڭ كۆپلىگەن نادىر غەزەل ۋە قەسىدىلىرى بولغان . ھالبۇكى ،
ئۇنىڭ زامانداشلىرى ئارىسىدا مەشھۇر بولغان ، شۇنداقلا ، بابۇردەك
بۈيۈك زاتنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان شېئىرلىرى بىزگىچە يېتىپ
كېلەلمىگەن .
شائىر مەجلىسىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىدىن بىزگە پەقەت ئۇنىڭ
«قىسسەئى سەيپۇلمۇلۇك » ناملىق داستانى يېتىپ كەلگەن . داستاندا
ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ، ئورنى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بولمىسى-
مۇ ، لېكىن داستاننىڭ يېزىلىشىغا دائىر بەزى تەپسىلاتلار ۋە ئارقا
كۆرۈنۈش ماتېرىياللىرى بىزنىڭ بۇ ھەقتە بەزى خۇلاسىلەرگە كېلى-
شىمىزگە ياردەم بېرىدۇ .
داستاننىڭ 2 ـ مۇناجاتىدا ئاپتور :
«نېچە كۈنلەر پەرىشان ئەردى ھالىم ،
يوق ئەردى ھېچ كىشىلەر قىلۇ قالىم .
مۇسافىر ئەردىمۇ دىلگۈرۈ پۇرغەش ،
مۇساھىبلەر [1] فىراقىدا مۇشەۋۋەش [2]
خىيالىدا ئانىڭ شامۇ سەھەرگاھ ،
يۈرەكدىن قان ئىچىپ ، يۈز نالەيۇ ئاھ .
فىراقىدا كۆزۈم ياش قۇرۇماي ،
يۈرەر ئەردىم ، كېچە ـ كۈندۈز ئويۇماي .»[3]

① مۇساھىب ـ ھەمسۆھبەت.
② مۇشەۋۋەش ـ پەرىشان.
③ مىساللار «قىسسەئى سەيپۇلمۇلۇك» نىڭ «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1985 ـ يىلىدىكى ئومۇمىي 15 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدىن ئېلىندى.

دەپ يېزىپ ، ئۆزىنىڭ هال ـ ئەھۋالىنى سۆزلەپ ئۆتكەندىن كېيىن ، داستانىنىڭ يېزىلىش سەۋەبى ھەققىدە مۇنۇ مىسرالارنى تىزىدۇ :

«كى ناگاھ بىر كۈنى جانان يولۇقتى ،
بۇ مىسكىن بەندىگە سۇلتان يولۇقتى .
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
نەق داستان ئول مەگەر بىر بوستانى .
ئىچىندە يۈز تۈمەن گۈللەر ئاچىلغان ،
لاتاپەت بەھرىدە گۈللەر ساچىلغان .
غايىبلار ئانىڭ ئىچىندە بىسيار ،
قۇلاق تۇتساڭ ئاجايىپ سۆزلىرى بار .
دىدىكىم مەجلىسى بىكار تۇرما ،
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
ئەگەر بولسا ھۇنەر ئىلكىڭدە كۆرسەت ،
كى بۇ دەپتەرنى تۈركىي تىلغا تۈزەت .»

رىۋايەت ۋەقەلىكى ۋە يۇقىرىدا بېرىلگەن مىسرالاردىن مەلۇمكى ، ئاپتور بۇ ماكانغا قايتا يېنىپ كېلىپ ، مۇساپىرچىلىق ۋە يالغۇزلۇق ئىچىدە كۆڭلى پەرىشان ، غېرىب ـ غۇربەتچىلىكتە ياشاۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇنىڭغا سۇلتان يولۇقىدۇ . سۇلتان ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىدۇ ۋە قوينىدىن بىر داستاننى چىقىرىپ ، ئۇنى تۈركىي تىلدا ، نەزمىي شەكىلدە قايتا ئىشلەپ چىقىشنى تاپشۇرىدۇ . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، بۇ داستان ئەسلىي سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ۋەزىرلىرى تەرىپىدىن تېپىلىپ ، سۇلتانغا تەقدىم ئېتىلگەن ، سۇلتان مەھمۇدخان ياخشى كۆرۈپ ، ئەتىۋارلاپ ساقلىغان پارس تىلىدىكى ، نەسرىي شەكىلدىكى داستان ئىكەن .

مەجلىسى بۇ داستاننى ئۆزىگە بېرىپ ، ئۇنى تۈركىي تىلدا ئىشلەپ چىقىشنى تاپشۇرغان سۇلتاننىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئىنىسى سۇلتان



ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى سۇلتان سەئىدخان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ، چۈنكى مەجلىسى بابۇر ھۇزۇرىدىن قوغلىنىپ ماۋەرائۇننەھرگە كەلگەن مەزگىلدە سۇلتان سەئىدخان پەرغانىدا شاھلىق تەختىدە ئىدى .

«يانىپ كەلدىم ئىشىكىڭگە زار گىريان» دېگەن مىسرا بىزگە مەجلىسىنىڭ بابۇر ھۇزۇرىغا بېرىشىنىڭ ئالدىدا ماۋەرائۇننەھر (تاشكەنت ۋە پەرغانىدا ) دە تۇرغانلىقىنى ، بابۇر ھۇزۇرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ماۋەرائۇننەھرگە قايتا يېنىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . ئەسەردىكى بۇ دېتاللار ، جۈملىدىن ، ھەسەن نىسارىنىڭ مەجلىسنى ماۋەرائۇننەھردە ئۆتكەن ئەدىبلەر قاتارىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشى ، بىزگە شائىر مەجلىسىنىڭ ئەسلىي ماۋەرائۇننەھرلىك ئىكەنلىكىنى ، كېيىنكى ئۆمرىنىڭمۇ ماۋەرائۇننەھردە ئۆتكەنلىكىنى ، داستانىنىڭ سۇلتان مەھمۇدخان ۋاپاتى (مىلادىيە 1509 ـ يىلى ) دىن كېيىن يېزىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ .

شائىرنىڭ ياشىغان ۋە ئىجاد قىلغان ۋاقتى تېمۇرىيلەر سۇلالىسى پارچىلىنىپ ، هاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرى پۈتۈن سۇلالە زېمىنىنى قاپلىغان ، خەلق قالايمىقانچىلىق ۋە قاشقاقلىق ، قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە زۇلۇم ـ كۈلپەت ئىچىدە قالغان بىر دەۋرگە توغرا كەلگەن . شائىر سۇلتان مەھمۇدخاننى ياد ئېتىش ، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە ئېزىلىپ ، قايغۇ ـ ئەلەم ئىلكىدە قالغان خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش ، روھىي ئوزۇق ۋە ئېستېتىكىلىق زوق بېرىش ئۈچۈن ، سۇلتان مەھمۇدخاندىن قالغان بۇ يادىكارلىقنى تۈركىي تىلدا ئىشلەپ چىقىش نىيىتىگە كەلگەن .

يۇقىرىقىلار بىزگە شائىر مەجلىسىنىڭ مىلادىيە 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە دۇنياغا كېلىپ ، 16ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا دۇنيادىن ئۆتكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ .

«مۇزەككىرۇل ئەھباب» تىكى بايانلار ، شۇنداقلا ، شائىرنىڭ «قىسسەئى سەيپۇلمۇلۇك» داستانىنىڭ ئاخىرىدىكى :

«قەلەم قىلدى تىلىمگە ھەمزە بانلىق ،
ئىككى تىل بىرلە قىلدىم دۇرپىشانلىق »

دېگەن مىسرالار بىزگە شائىر مەجلىسىنىڭ ئۇيغۇر ۋە پارس تىللىرىدا ئىجاد قىلغان ئىككى تىللىق شائىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ .

«قىسسەئى سەيپۇلمۇلۇك » نىڭ ئەسلىي ۋەقەلىكى «مىڭ بىر كېچە » دىن كەلگەن . شۇ كەمگىچە بولغان ئارىلىقتا داستاننىڭ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا ، نەسرىي شەكىلدە تارقالغان ئاغزاكى ۋە يازما نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى تېخى بارلىققا كەلمىگەنىدى . بۇ نۇقتا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ۋەزىرلىرىگە قىلغان مۇراجىئىتى ئارقىلىق مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ :

«قىلىڭ بىر قىسسە پەيدا ئاۋۇنايىن ،
ئوقۇپ ، ئاندىن زامانە سەۋۇنايىن .
كى مەن ئېشتمەگەن بولغايمەن ئانى ،
يەنە ھەم كۆرمەگەن بولغايمەن ئانى . »

دېمەك ، مەۋلانا مەجلىسى «سەيپۇلمۇلۇك ـ بەدىئۇلجامال » قىسسىنى تۇنجى قېتىم چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ، نەزمىي شەكىلدە ئىشلەپ چىققان شائىردۇر .

«قىسسەئى سەيپۇلمۇلۇك » داستانىنىڭ سۇژىتى «مىڭ بىر كېچە » دىن كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئاپتورنىڭ دۇنيا.قارىشى ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەبىي ـ ئېستېتىكلىق پرىنسىپلىرى ۋە دەۋر تەلىپى ئاساسىدا ، پۈتۈنلەي ئىجادىي ئىشلەنگەن ئورىگىنال ئەسەردۇر .

داستان مەسنەۋى شەكلىدە ، ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇب بەھرىدە ، 4 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق ھەجىمدە بولۇپ ، 116 ماۋزۇدىن تۈزۈلگەن .

داستاننىڭ ئالدىنقى بەش ماۋزۇسىدا ھەمدۇ سانا ، مۇناجات ۋە



داستاننىڭ يېزىلىش سەۋەبى بايان قىلىنىپ ، 6 ـ ماۋزۇدىن باشلاپ داستان سۇژىتىغا يول ئېچىلىدۇ .

ئىشق ـ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى بايان قىلىنغان ئېپىك ئەسەر ـ «قىسسەئى سەيپۇلمۇلۇك » تە مىسىر پادىشاھى ئاسىمنىڭ ئوغلى سەيپۇلمۇلۇكنىڭ دادىسى ئۆزىگە تەقدىم قىلغان تونغا كەشتىلەنگەن گۈلىستان ئېرەمدىكى دېۋىلەر شاھى شەھبالنىڭ قىزى بەدىئۇلجامالنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا غايىبانە ئاشىق بولغانلىقى ؛ ئۇنىڭ دوستى سائىد بىلەن بىللە سەپەرگە چىقىپ ، مەلىكىنىڭ ۋەسلىگە يېتىش يولىدا بېشىدىن كەچۈرگەن ئاجايىپ ـ غارايىپ كەچمىشلىرى ۋە ئاخىرى مەلىكە بەدىئۇلجامال بىلەن تېپىشىپ ، ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يەتكەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ .

داستان سۇژىتى رېئالىزملىق ، شۇنداقلا ، ئەپسانىۋى ـ فانتازىيىلىك ئامىللارغا بايلىقى ، رەڭدار ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە بولۇشى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ . مەجلىسى قىسسە ئىچىدە قىسسە ئېيتىش ، سۇژىت لىنىيىلىرىنى بىر ـ بىرىگە زەنجىرسىمان باغلاش ، بىرى ئىككىنچىسىگە ، ئالدىنقىسى كېيىنكىسىگە شەرت بولۇش ، شاخلىتىش ، چېكىنمە بايان ئۇسۇلى بويىچە داستان سۇژىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ . ئۇ خەلق داستانچىلىقى ئەنئەنىلىرى ئىزىدىن مېڭىپ ئەسەر قەھرىمانى سەيپۇلمۇلۇكنى ھەم رېئال ئىنسانلار بىلەن ھەم مىفولوگىيىلىك مەۋجۇدادلار بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ . سەيپۇلمۇلۇك پەرى قىز ـ بەدىئۇلجامال ۋىسالىغا ئېرىشىش يولىدا 13 يىل رىيازەت چېكىدۇ . بۇ جەرياندا ئۇ ھەمراھى سائىدتىن ئايرىلىپ قېلىپ ، ئۆزى يالغۇز زەڭگىلەر ، مايمۇنلار ، ئۇلۇغ قۇش ۋە يولۋاسقا يولۇقىدۇ . ئەپسانىۋى چول ـ جەزىرە ، دېڭىز ، ھەيۋەت تاغلاردىن ئۆتىدۇ . زەڭگى ، مايمۇنلار ، ئۇلۇغ قۇش ئاسارىتىدىن خالاس بولۇپ ، ئەجدىھا ، يولۋاسنى ئۆلتۈرىدۇ . قەلزۇم

دىۋىلىرى ماكانىدا ئۇ قەلزۇم دىۋە شاھى شاھزادىسى تەرىپىدىن بەند قىلىنغان مەلىكىنى ئۇچرىتىدۇ . دىۋىلەرنى ئۆلتۈرۈپ ، مەلىكىنىڭ ياردىمىدە بەدىئۇلجامال بىلەن ئۇچرىشىدۇ . بۇ جەرياندا سەيپۇلمۇلۇك يەنە سائىد بىلەنمۇ تېپىشىدۇ . ھالبۇكى ، ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق ئەمدىلا ۋىسال تاپقىنىدا ، سەيپۇلمۇلۇك يەنە قەلزۇم دىۋىلىرى شاھى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىدۇ . شەھبال شاھ سەيپۇلمۇلۇكنى قۇتۇلدۇرۇپ ، قىزىنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ . ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ .

مەجلىسى سەيپۇلمۇلۇك ئوبرازىدا ئىجابىي قەھرىمانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق سۈپەت ۋە خۇسۇسىيەتلەرنى مۇجەسسەم قىلغان بولۇپ ، ئەسەردە ئۇ ئۆز سۆيگۈسىگە سادىق چىن ئاشىق ، بارچە توسقۇن ، بالايىئاپەتلەرنى يېڭىپ ئۆتكۈچى غالىب قەھرىمان سۈپىتىدە سۈرەتلىنىدۇ . داستاندا يەنە سەيپۇلمۇلۇككە يانداش ھالدا ئۇنىڭ دوستى ، ئىنىكئانىسىنىڭ ئوغلى سائىد بىلەن بەدىئۇلجامالنىڭ ئېمىلداش دوستى مەلىكە ئوبرازىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان . دوستىغا سادىق ۋە ۋاپادار ، سەمىمىي ۋە ئىپپەت ـ ھايالىق مەلىكە ئۆز قۇتقۇزغۇچىسى ، چىن ئاشىق سەيپۇلمۇلۇككە چىن كۆڭلىدىن ھېسداشلىق قىلىپ ، ئۇنىڭ بەدىئۇلجامال ۋىسالىغا يېتىشى ئۈچۈن ئالاھىدە ياردەم كۆرسىتىدۇ . ئومۇمەن ، مەلىكە داستاندا كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ، پاك ئىنسانىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە ، ئىپپەتلىك ئايال ئوبرازىدۇر .

شائىر داستاندا بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەرخىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىدۇ . ھەربىر ئېپىزوتتا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى ، سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ، ۋەقە ۋە تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى ئوخشىتىش ، جانلاندۇرۇش ، سۈپەتلەش ئوخشاش ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ياردىمىدە رەڭدار ، جانلىق ۋە ئوبرازلىق قىلىپ



بېرىدۇ .

مەسىلەن ، ئاپتور بەدىئۇلجامال دەردىدە نالە قىلىۋاتقان سەيپۇلمۇلۇك تىلىدىن :

«فىغان ئەيلەپ راباب ياد قىلۇر ،
ئۇرار كۆكسىگە كىم پەرياد قىلۇر .
ئۇزارتىپ بويىنىنى بىچارە تەنبۇر ،
مېنىڭ ھالىمگە يىغلار ، نالىشىنى كۆر .
كۆيەر ئاھىمگە ئۇدۇ مۇسقار ،
بولۇپ دەردىمغە قانۇن كۆكسىن يىرتار .
تەمامى سازلەر بولۇپ ھەۋادار ،
بارى يۈزىم كۆرۈپ ھالىمغا يىغلار .»

دېگەن مىسرالارنى تىزىش ئارقىلىق ، سەيپۇلمۇلۇكنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى راۋاب ، تەمبۇر ، ئۇد ، قالۇن قاتارلىق ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى زېمىنىدە جانلاندۇرىدۇ . سەيپۇلمۇلۇكنىڭ بەدىئۇلجامالنى سېغىنىپ قىلغان نالىسىنى ئاللېتراتسىيە ئۇسۇلى بىلەن مۇنداق بېرىدۇ :

«ماڭا سەنسىز ئازاب ئېرۇر بۇ راھەت ،
ماڭا سەنسىز يۈرەكتە مىڭ جاراھەت .
ماڭا سەنسىز بۇ ئىچكەنلەر قىزىل قان ،
ماڭا سەنسىز ئاچچىق ئېرۇر سۈچۈك جان .
ماڭا سەنسىز ھارام ئېرور بۇ سۆھبەت ،
ماڭا سەنسىز مۇسىبەتتۇر مەئىشەت .»

ئاللېتراتسىيە ئۇسۇلى بىلەن بېرىلگەن بۇ خىل مىسرالارنى داستاندىن كۆپلەپ ئۇچرىتىش مۇمكىن .

شائىر سەيپۇلمۇلۇك بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كىرگەن زەڭگى قىزىنىڭ تەسۋىرىنى مۇنداق بېرىدۇ :

«يۈزىگە سۈرتۈبان ئول ئۇپا دەپ گەج ،

قارا زۇلفىن قارا يۇزگە قويۇپ كەج .
قازان قاراسىدىن قاشىگە تارتىپ ،
قالى كەج بىرلە يۇزىنى ئاقارتىپ .
بوينى كۆرسىتىز مىسلى مىنارە ،
گەر ئاغزىغا باقساڭ مىسلى غارە .
قارا ئارغامچىدىن سالىپ چۇ ساچباغ ،
سالىپ ناچاغ بوينىغە ئانى چاغ .
قىلىپ بىر ئەسكى قاسقاننى بىلەزۇك ،
قىلىپ نەچە قىزىل ساغۇ [1] دىن ئۇزۇك .
چۇ پىلىنىڭ تىرناغىدەك تىرناغىنى ،
قىزىل سۇرتىپ بولدى مىسلى خىنا .
يۇرەر بولسا ، يۇرۇر دىۋە يۇرۇشى ،
كۇلەر بولسا ، كۇلۇر ئېيىق كۇلۇشى .
يېپىلىپ فىلدەك ئىككى قۇلاقى ،
سالىنىپ دىۋىدەك ئاستىن دۇداغى ،[2]
قۇلاقلارىگە سالىبان سالىنچاق ،
سىرغا ئورنىغا سالىب سارمىساق .
چۇ بۇرنىدۇر ئۇلۇغ ئاتاسى گۆرى ،
تۆشۇكلەرى مەگەر بىر ئەسكى مورى .
ئانىك ھەر بىر تىشى مانەندى سەندان ،
نەچە قىلسام سۇفەت ، بار ئانچە چەندان .»
شائىر داستاندا بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاستىلەر ۋە ئىپادىلەش ئۇ-
سۇللىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپلا قالماي ، يەنە :
«مىسالدۇر ھەركىشى چەكسە جاپانى ،

---

[1] ساغۇ ــ سوغا، تۇك.
[2] دۇداغ ــ كالپۇك.



كۆرەركىم ئاقىبەت ئاندىن ۋاپانى .»
دېگەنگە ئوخشاش خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ۋە ھېكمەتلىرىگىمۇ كۆپلەپ مۇراجىئەت قىلىپ ، داستاننىڭ بەدىئىي ۋە ئېستېتىكىلىق قىممىتىنى ئاشۇرغان .
مەجلىسى ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدا :
«ئوقۇبان مەجلىسنى ياد قىلىڭ ،
دۇئا بىرلە ئانى سىزشاد قىلىڭ .
تىلەكدۇر دۇئا ئۆزگە سۆزۈم يوق ،
بۇ دۇنيادا سۆزۈم قالغاي ئۆزۈم يوق .
كىتابىم مۇنىسىم ، دىلبەندىم ئېرۇر ،
ئانىڭ ھەر بىيتى فەرزەندىم ئېرۇر .
ئەزىزىمدۇر تاقى سەن ھەم ئەزىز قىل ،
ئوقۇغىل زەۋق ئىلە ياخشى تەمىز قىل .»
دېگەن مىسرالارنى تىزىش ئارقىلىق ، ئوقۇرمەنلەرگە ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدۇ .
شائىر مەجلىسىنىڭ بۇ ئىجادىي ئەمگىكىدىن كېيىن ، «قىسسەئى سەيپۇلمۇلۇك» داستانى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىگە كەڭ تارقالغان ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشمىغان ۋارىيانتلىرى مەيدانغا كەلگەن . داستاننىڭ يې-قىنقى يىللاردا شىنجاڭدىن تېپىلغان بىرنەچچە قولىيازما نۇسخىسى بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ (بۇ نۇسخىلاردىن بىرى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنىدى ) . ئۇيغۇر شائىرلىرى سەيپۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇلجامال ئوبرازلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ نامىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى فەرھاد ـ شې-رىن ، لەيلى ـ مەجنۇن ، تاھىر ـ زۆھرە ۋە غېرىب ـ سەنەم ئوبرازلىرى بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ كەلدى . سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ، مىلادىيە 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن شائىر موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ (بىلال نازىم ) نىڭ «غەزەلىيات» توپلىمىدىن بىرقانچە

مىسال كەلتۈرىمىز :

«ئېنى ھەم چۈن بەدىئى چۈن مېنى سەيفۇلمۇلۇك ئەتكىل ،
مېنى مىسلى قىلىپ مەجنۇن ، ئول ئاينى ئەيلەگىل لەيلا .»

«سەيفۇلمۇلۇكمەن ، سەن ـ سەن بەدىئى ،
مەن مىسلى ۋامۇق ، سەن مىسلى ئۇزرا»

«ھەرپەرى ئولماس بەدىئى ، ھەرگۇل ئولماس نەستەرىن .»

«ھەيران بولۇر ئېردىكى بەدىئى بىلەن ئۇزرا .»[1]

داستاننىڭ ئوخشاشمىغان ۋارىيانتلىرى ئەڭ دەسلەپ مىلادىيە 1807 ـ يىلى قازاندا «سەيپۇلمۇلۇك ـ بەدىئۇلجامال» نامىدا ؛ مىلادىيە 1840 ـ يىلى قازاندا «قىسسەئى سەيپۇلمۇلۇك» نامىدا ؛ مىلادىيە 1870 ـ يىلى پېتېربۇرگدا ، مىلادىيە 1903ـ ۋە 1908 ـ يىللىرى قازاندا «سەيپۇلمۇلۇك» نامىدا ؛ مىلادىيە 1902 ـ ، 1909 ـ ۋە 1914 ـ يىللىرى قازاندا «قىسسەئى ئابدۇلمۇلۇك» نامىدا نەشر قىلىنغان . داستاننىڭ مىلادىيە 1840 ـ يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان نۇسخىسى مەجلىسى قەلەمگە تەئەللۇق دەپ قارىلىپ ، داستان شۇ نۇسخىدا قوللىنىلغان نام بىلەن ئاتالماقتا .

## شاھ مەھمۇد جۇراس

ئاتاقلىق تارىخچى ، شائىر مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان تارىخچى شاھ مەھمۇد جۇراس (تولۇق ئىسمى : شاھ مەھمۇد مىرزا پازىل جۇراس ئوغلى ) تەخمىنەن

① موللابىلال بىن موللا يۈسۈپ:«غەزەلىيات» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986)، 8 ـ،11 ـ، 55 ـ ۋە 106 ـ بەتلەر.



مىلادىيە 17 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى يەكەندە دۇنياغا كېلىپ ، مىلادىيە 1700 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئالەمدىن ئۆتكەن . ئۇنىڭ دادىسى مىرزا پازىل جۇراس بولسا ، يەكەندىكى ئۇيغۇرلاشقان موغۇل جۇراس بەگلىرىنىڭ ئىچىدە خېلى ئابرۇيغا ئىگە بىر زات بولۇپ ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئابدۇللېتىپ خان ، ئەھمەدخان ۋە ئابدۇللاخاننىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا قوشۇن ۋە باشقا ساھەلەردە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەنىدى .[1] شاھ مەھمۇد جۇراس يەكەن ۋە قەشقەر مەدرىسىلىرىدە تەربىيىلىنىش داۋامىدا ئەرەب ، پارس تىللىرىنى ياخشى ئىگىلەپ ، بىلىم دائىرىسى كەڭ بىر شەخس بولۇپ يېتىلىپ چىققان . بولۇپمۇ ئۇ تارىخ ئىلمى ساھەسىدە تونۇلغان بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتىكى يەكەن بەگلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «يەكەن پادىشاھلىرىدىن ئابدۇللاخان ، ئىسمائىل خان ، ئابدۇرەشىدخان ۋە مۇھەممەد ئەمىن خانلارنىڭ نامىدا ئىككى ـ ئۈچ پارچە تارىخ كىتابىنى يېزىپ چىققان .»[2]

شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان تۇنجى ئەسىرى «تارىخىي شاھ مەھمۇد جۇراس» ياكى «تارىخىي شاھ» بولۇپ ، ئۇ ئەسەر ئىسمائىل خان دەۋرىدىكى (مىلادىيە 1670 ~ 1678 ) يەكەن ئەمەلدارى ئېركەبەگنىڭ تەشەببۇسى ئارقىسىدا مىلادىيە 1672 ـ يىلدىن 1676 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا پارس تىلىدا يېزىپ چىقىلغان . ئەسەردە ئاساسەن مىلادىيە 1428 ـ يىلىدىن 1670 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدىكى موغۇل ۋە يەكەن خانلىرىنىڭ تارىخى مەركەزلىك بايان قىلىنغان بولۇپ ، ئاكىموشكىننىڭ تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن ، مىلادىيە 1966 ـ يىلى سابىق

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق:«شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991)، 1051 ـ بەت.
② «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار » (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989)، 237 ـ بەت.

سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخي ھۆججەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن «تارىخي شاھ مەھمۇد جۇراس» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنغان ھەمدە مەزكۇر نەسرىي نۇسخىدا پارسچە ئەسلى تېكىستمۇ بېرىلگەن .①

ئەسەرنىڭ پارسچە تېكىستىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى بايانلاردىن ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ تېكىستنىڭ شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن موللا ئېۋەز دوست قۇلى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى مەلۇمدۇر . موللا ئېۋەز دوست قۇلى ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا شاھ مەھمۇد جۇراس ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ، ۋاپاتى ۋە كېيىنكى بەزى ئىشلار توغرىسىدىكى بايانلارنى قوشۇپ قويغان .

ئەسەرنىڭ مىلادىيە 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «كونا ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىگە تەرجىمە قىلىنغان» ، «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى» ناملىق يەنە بىر نۇسخىسى بولغان . بۇ نۇسخا ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەبۇ رەيھان برونى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا . ②

«ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى» نىڭ پارس تىلىدىكى بىر نۇسخىسىنى تاتار ئالىمى نۇشرۋان يائۇشۇ مىلادىيە 1914 ـ يىلىدىن 1915 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدە خوتەن قاراقاشتىن تېپىپ ، ئەسەرنىڭ يۇنۇسخاندىن ئابدۇكېرەم خانغىچە بولغان قىسمىنى «شورا» ژۇرنىلىنىڭ مىلادىيە 1916 ـ يىلىدىكى 19 ـ سانىدىن 23 ـ سانىغىچە بولغان بەش ساندا « ‹ئالتە شەھەر تارىخى › دىن بىر پارچە» دېگەن نام بىلەن تاتار تىلىدا ئېلان

① مەزكۇر پارسچە ئەسلىي تېكىستنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى 1989 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىندى.

② «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 1053 ـ بەت



قىلغان . «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى» ، «تارىخي شاھ مەھمۇد جۇراس» قا مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ ، لېكىن بايان قىلىش تەرتىپى ، مەزمۇنىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ .

شا مەھمۇد جۇراس مىلادىيە 1682 ـ يىلىدىن كېيىن ئاللا يار ئىبنى ساتىم بىينىڭ (مىلادىيە 1660 ـ يىلىدىن كېيىن خوتەنگە ھاكىم بولۇپ ، مىلادىيە 1682 ـ يىلىدىن كېيىن يەكەنگە قايتىپ كەلگەن قىرغىز ئاقسۆڭەكى ) ① تەشەببۇسى بىلەن ، يەنە «تارىخي رەشىدى (زەيلى ) ناملىق بىر ئەسەر يېزىپ چىقتى . پارس تىلىدا يېزىلغان بۇ ئەسەر ئۇنىڭ «تارىخي شاھ مەھمۇد جۇراس» تىن كېيىن يازغان نوپۇزلۇق ئەسىرى بولۇپ ، مەزمۇنىنىڭ مولللۇقى ، ئەكس ئەتتۇرگەن تارىخي جەريانلىرىنىڭ ئوزۇنلۇقى ، ۋەقەلەر ۋە ۋاقىتنىڭ ئېنىقلىقى بىلەن «تارىخي شاھ مەھمۇد جۇراس» تىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ .

«تارىخي رەشىدى (زەيلى )» مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ «تارىخي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ، شۇنداقلا ، ئاپتور ئۆزىنىڭ «تارىخي شاھ مەھمۇد جۇراس» ناملىق ئەسىرىنى تولۇقلاش مەقسىتىدە يېزىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا قاراقىتان خانلىقىنى قۇرغان گورخاندىن (مىلادىيە 1131~1143 ـ يىللىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ) تارتىپ ، ئەسەر يېزىلغان مەزگىلگىچە بولغان بەش يېرىم ئەسىر داۋامىدىكى تارىخي ۋەقەلەر ، ئاساسلىقى ، ئابدۇكېرەم خاندىن (مىلادىيە 1560~1591 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) مىلادىيە 1678 ـ يىلى يەكەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىپ جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھامىيلىقىدىكى قورچاق خانلىق تەختىگە چىققان ئاپپاق خوجىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ، يەكەن خانلىقى سەلتەنەتىنى قايتا

① يۇقىرىقى ئەسەر، 1054 ـ بەت

تىكلىگەن يەكەن خانلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەۋلادى مۇھەممەد ئەمىن خانغىچە (مىلادىيە 1681 ～ 1682 - يىللىرى خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان ) بولغان 120 يىلدىن كۆپرەك تارىخ نۇقتىلىق بايان قىلىنغان .

«تارىخىي رەشىدى (زەيلى )» نىڭ يېزىلىش سەۋەبىنى ئاپتور ئەسەرنىڭ ئىككى يېرىدە تۆۋەندىكىچە ئېيتىپ ئۆتىدۇ :

«بۇ پەقىر ھەقىرنىڭ تارىخ يېزىشقا ئانچە لاياقىتىم يوق ئىدى . ئەمما ئاللا يار بەگ ساتىم بى ئوغلى مېنىڭ يېزىشىمنى ئىلتىماس قىلدى . بۇرۇن ئۆتكەن ئالىي قەدىرلىك پادىشاھلارنىڭ نامى ئۆچمىسۇن ۋە بىزنىڭ ، سىنىڭ ئېتىمىز خەلق ئارىسىدا يادىكار قالسۇن دېدى . چارىسىز ئاللا يار بەگ ۋەلىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەقىل - تەپەككۇرۇم يەتكۈنچە يازدىم . (پارچە )

ئەگەر سۆزۈم كىتابقا لايىق ئەرمەس ،
جاھان ئىچىدە پاراۋان گۈل ۋە ھەم خەس .
دېمەدىم بولسۇن سۆزۈم ئېتىبارى ،
دېدىم قالسۇن جاھاندا يادىكارى .»①

«تارىخ بايان قىلىشقا مەندەك بىچارە كىشىنىڭ لاياقىتى يوق ئىدى . ئەمما ، مېنىڭ كۆڭلۈمگە شۇنداق كەلدىكى ، مىرزاھەيدەر ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىسمىغا بېغىشلاپ «تارىخىي رەشىدى» دېگەن تارىخنى يېزىپتۇ ۋە ئۇنىڭدا تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدىن باشلاپ ئابدۇرەشىدخاننىڭ دەۋرىگىچە بولغان دەۋرلەر ۋە پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرى بايان قىلىنىپتۇ . ئابدۇرەشىدخاندىن كېيىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەمىن باھادۇرخاننىڭ دەۋرىگىچە ھېچ كىشى تارىخ يازماپتۇ .

① «تارىخىي رەشىدى (زەيلى)» (1960 - يىلى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن ماشىنكىدا ئۇرۇلۇپ، باستۇرۇلغان شاپىگراف نۇسخا)، 82 ～ 83 - بەتلەر.



گەرچە مېنىڭ تارىخ يېزىش قابىلىيىتىم بولمىسىمۇ ، ئىلمىي - ئەقلىي كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تارىخ يازدىم . بۇ تارىخنى يېزىشتا ئاللايار ئىبنىنىڭ مېنىڭ تارىخ يېزىشىمغا بولغان تەشەببۇس - ئىلتىماسى بىلەن تارىخ كىتابلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىشەنچلىك ئادەملەرنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلىنىپ يېزىپ چىقتىم . بۇ تارىخنى يېزىشتىن مەقسىتىم ئۆتكەنكىلەرنىڭ ۋەقەلىرى ۋە ياخشى خىسلەتلىرى ۋە مېنىڭدەكلەرنىڭ دۇئاگويلۇقى ئۇلۇس ئارا يادىكار قالسۇن دېمەكتۇر . (شېئىر )

شاھىنشاھلار جاھاندىن ئۆتتى بارى ،
ئۆتەر دۇنيا قالۇر ئات - يادىكارى .» ①

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ، «تارىخىي رەشىدى (زەيلى )» دە ئابدۇكېرەم خاندىن كېيىنكى تارىخ يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . شۇڭلاشقا ، بۇ ئەسەرنى مەيلى ئاپتورنىڭ ئەسەر يېزىشتىكى مۇددىئاسى جەھەتتىن بولسۇن ۋە مەيلى ئەسەر مەزمۇنى جەھەتتىن بولسۇن ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق «تارىخىي رەشىدى» نىڭ داۋامى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ .

شاھ مەھمۇد جوراس ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مىرزا ھەيدەردىن كېيىنكى كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىسى سۈپىتىدە ، «تارىخىي رەشىدى» نىڭ بايان ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبى ، يەنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي - ئەدەبىي تەزكىرىچىلىك ئۇسلۇبى بويىچە يېزىپ چىققان «تارىخىي رەشىدى (زەيلى )» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق «تارىخىي رەشىدى» نىڭ مەزمۇنىنى بىر يېرىم ئەسىر سۈرۈپ ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي تارىخى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلارنى يەتكۈزۈپ بېرىپلا قالماي ، يەنە يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن سۇلتان سەئىدخان ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ، ئايازبېك قۇشچى قاتارلىق ئەدىبلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە قىممەتلىك ماتې-

① «تارىخىي رەشىدى (زەيلى) (شاپىگراف نۇسخا)، 122 ～ 123 - بەتلەر.

رىياللارنى بېرىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلىدى ۋە بېيىتتى. ئەسەردە يەنە شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ ئۆز شېئىرلىرى ھەمدە سۇلتان مەھمۇدخان، بابۇرشاھ، مىرزامىرەك چالىشى، ئابدۇكېرەم خان، شاھ خوجا ئابدۇرازاق قاتارلىقلارنىڭ، شۇنداقلا نامەلۇم ئاپتورلارنىڭ شېئىرلىرىدىن پارچىلار بېرىلگەن.

تۆۋەندە، شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ شېئىرلىرىدىن بەزى پارچىلارنى كەلتۈرىمىز:

«دۇنياغا بەرمە كۆڭۈل نامېھرىبانى پىش ① ئەمەس،
بار راباتى ② كۆھنەدۇر بىزگە رەۋانى ③ پىش ئەمەس.
تەڭرىلىك دەۋاسى قىلدى نەمرۇد قەتىل ئەتكۈچى،
پىشەئى زارۇ - زەئىپ ناتاۋانى پىش ئەمەس.
سەلتەنەت ئەھلىغە لازىم خاس ۋە ئام ④ پىكرىن يىمەك،
بىر ئېغىل قويدۇر ئۇلۇس شاھلار شوبانى ⑤ پىش ئەمەس.»

«بولۇر پايەندە ⑥ مۇلكى پادىشاھنىڭ،
ئۇلۇسنى زولۇمدىن كىم ئەيلىسە ساق.»

«دۇنيا ھەمە ھېچ، كارى دۇنيا ھەمە ھېچ.
با سەلتەنەتى باغى ئىرەمرا ھەمە ھېچ.»
(دۇنيا ئۆزى، دۇنيا ئىشى ھېچ ئەرزىمەس،

---

① پىش ئەمەس — يوق، ئاز مەنىلىرىدە.
② رابات — ئۆتەڭ.
③ رەۋان — يۈرگۈچى، كەتكۈچى.
④ خاس ۋە ئام — ئاممە.
⑤ شوبان — پادىچى.
⑥ پايەندە — داۋاملىق ۋە مۇستەھكەم.



ئىرەم باغى سەلتەنەتى ھەم ئەرزىمەس.»

شاھ مەھمۇد جۇراس يەنە خەلق ھېكمەتلىرىدىنمۇ ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان:

«ھەركىم قىلۇر ئۆزىگە، قارا سۇرتەر يۈزىگە،
ئۇستۈن بېقىپ تۈكۈرسە، يېنىپ چۈشەر يۈزىگە.»①

مىلادىيە 1696 - يىلى شاھ مەھمۇد جۇراس يەنە دىنىي تېمىدىكى «ئەنىست تالىبىن» («تەلەپكارلار نەسەبنامىسى») ناملىق ئەسەر يازغان. ئەسەر ئەينى زاماندىكى يەكەن ھاكىمى ئالىم شاھ بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى تارىخى (تۆت خەلىپە دەۋرى)، 12 ئىمام، نەقشبەندىچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ يەكەن خانلىقىدىكى ئاساسلىق ۋەكىللىرى، بولۇپمۇ «ئىسھاقىيە» ئىشانلىرىنىڭ تارىخى، دىنىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. ئەسەر پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يەكەندە ئەبۇ مەنسۇر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «رەفىقۇل تالىبىن» («ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى») ناملىق بىر قولىيازما نۇسخىسى بار. بۇ نۇسخىنىڭ مىلادىيە 1864 ~ 1865 - يىللىرى موللا ئەھمەد ئوغلى موللا مۇھەممەد سوپى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىسى ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەبۇ رەيھان بىرونى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.②

## مۇھەممەد ئەمىن ھىرقەتى

مۇھەممەد ئەمىن خوجامقۇلى ھىرقەتى يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىر-

---

① مىساللار «تارىخىي رەشىدى (زەيلى)» (شاپىگراف نۇسخا) نىڭ 99 -، 173 -، 178 - ۋە 132 - بەتلىرىدىن ئېلىندى.
② «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 1056 - بەت.

قى مەزگىلىدە ئۆز ئىجادىي پائالىيىتى بىلەن تونۇلغان شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق داستانى ۋە «دىۋانى گۇمنام» نامى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بۆلۈك شېئىرلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

مۇھەممەد ئىمىننىڭ ئاتا كەسپى باغۋەن بولۇپ، ئۇ يەكەن خانلىقىنىڭ ئابدۇللاخان دەۋرىدە (مىلادىيە 1639 ~ 1668)، قەشقەرنىڭ تازغۇن يېزىسى باغچى كەنتى قەشقەر خوجىلىرى ئىچىدىكى «ئىشقىيە» سۇلۇكىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد پىرى — مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشان ۋە ئوغلى ھىدايىتۇللا خوجا (ئاپپاق خوجا) غا ۋەخپە قىلىپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئاپپاق خوجىنىڭ «گۇلباغ» دەپ ئاتالغان باغى ئىرەمدە باغۋەن، چىراغچى ۋە كاۋاپچىلىق خىزمىتىدە بولغان. مۇھەممەد ئىمىن «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىنىڭ دىباچىسىدە بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

«. . . . .بۇ كىتابغە «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئات قويدۇم. ئەگەر كىشى ساھىب تەسنىفنىڭ كەلامىن ئىشتىپ، نامىدىن بىلەيىن دېسە، مەجھۇل قالماسۇن، مەئلۇم بولسۇن ۋە مۇبھەم بولمىسۇن، مەفھۇم بولسۇن دەپ، ھەدەف نامىمنى ۋە تەرەف مەقامىمنى تەئيىن قىلدىمكىم مۇھەممەد ئىمىن خاجەمقۇلى ۋە ئازادەلەر باغىنىڭ بۇلبۇلى ۋە مېھنەت تاغىنىڭ گۇلى ۋە مۇھەببەت ئۇچاغىنىڭ كۇلى ۋە دوستدار تەرىقەتى خەلاسەئى ئەھمەد ۋە بەندەئى ئەۋلادى مۇھەممەد كاشغەر ۋەلايەتدىن، تازغۇن دەھى، پىرھىدايەتدىن خالى، ئازغۇن رەھىدىن قىشلاغى باغچى مەنسەبى ھەم باغچى ۋە سانى چىراغچى ۋە سالىسە كەبابچى. بۇ ئىشلار ۋە بۇ رەۋىشلەر زۇبدەئى پەيغەمبەر زادەلەر ۋە شەھ ئازادەلەر دەۋرىدەدۇر. نەزم:

ئېرۇر باغ مېھتەرى قىشلاغى باغچى،
ئىككىنچى مەنسەبى ئېردى چىراغچى.



كەبابچىلىق يەنە بىر مەنسەبىدۇر،
كەباب قىلماق خاجەمنىڭ مەتلۇبىدۇر.»[1]

شائىر مۇھەممەد ئىمىننىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە تونۇلغان ۋاقىتلىرى ئاپپاق خوجا باغچى يېزىسىدىكى «گۇلباغ» دەپ ئاتالغان باغى ئىرەمدە «ئىشقىيە» سۇلۇكىنىڭ پىرى — «ئاپپاق خوجا ئىشان»، «خوجام پاشا» ناملىرى بىلەن تونۇلۇپ، ئۆزىنىڭ سوپى - ئىشانلىق پائالىيىتىنى كۈچەپ ئېلىپ بېرىۋاتقان، ئاتىسى ۋە ئۆزىگە ۋەخپە قىلىپ بېرىلگەن بەشكېرەم، ئاۋات، تازغۇن قاتارلىق جايلاردىكى بارلىق كىشىلەر، شۇنداقلا قەشقەر شەھىرىنىڭ كۆپچىلىك ئاھالىسى ئۇنىڭغا مۇرىت - مۇخلىس بولۇشقان مەزگىلگە توغرا كەلگەن. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دىكى يۇقىرىقى بايانلار بۇنى ئىسپاتلاپلا قالماي، يەنە ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت ۋىلايىتى بوستانلىق ناھىيىسىنىڭ باغىستان يېزىسىدىن بولغان ئىساق ئىبنى زىياۋىدىن تەرىپىدىن ھىجرىيە 1130 - (مىلادىيە 1719 -) يىلى يېزىلغان «تەزكىرەئى قەلەندەران» دا بېرىلگەن مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى ھىرقەتىگە دائىر بايانلارمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

«تەزكىرەئى قەلەندەران» نىڭ ئۈچىنچى لەۋھەسىدە مۇنۇلار بايان قىلىنىدۇ:

«پىرمەت ستارى رىۋايەت قىلىدىكىم، بىرنەچچە پۇرسەت پېقىر ۋە مەشرەپى مەجزۇب خوجام پاشانىڭ يازلىق قارارگاھى بولمىش گۇلباغ مەۋزۇئىدىكى بېغىدا خىزمەت ئاداسىدا بولدۇق. مەزكۇرباغ رەۋزائى رىزۋاندىن نىشانە ئىدى. جەننەتسىمال باغىنىڭ مۇتەسەددىسى خوجا پاشا خىشەلىرى بولمىش مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى ھىرقەتى

① مىسالالار «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» نىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 3 - ۋە 4 - سانلىرىغا بېسىلغان نۇسخىسىدىن ئېلىندى.

ئىدى . مەزكۇر ھىرقەتى يەنە گۇمنام تەخەللۇس قىلغۇر ئىدى . ئانىڭ
قەلەمىدىن بەغايەت پۇرمەئنى ئەبياتلار زۇھۇرغا كەلمىشدىكىم ، گۇم-
نام ئۇلارنى بىر يەرگە جەملەپ ئەشئار دىۋانى ھەم تەرتىپ بەرمىشتى .»①

موشۇ بابىنىڭ باش قىسمىدا بېرىلگەن بابا رەھىم مەشرەپكە دائىر
بايانلاردىن مەلۇمكى ، بابا رەھىم مەشرەپنىڭ قەشقەرگە كېلىپ ، ھى-
دايىتۇللا خوجىغا مۇرىت بولغان ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغان ۋاقتى
مىلادىيە 1665 ~ 1673 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ . بابا رەھىم
مەشرەپنىڭ يېقىن ھەمراھى پىرمەت ستارىنىڭ «كىتابى قىسمەت
ئاشىقى مەشرەپ ۋەلىئۇللاھ» ناملىق ئەسىرى ئاساسىدا يېزىلغان
«تەزكىرەئى قەلەندەران» بىزگە شائىر مۇھەممەد ئەمىنىنىڭ ئەينى
مەزگىلدە ئاپپاق خوجىنىڭ يېقىن ئادىمى ، ئاپپاق خوجىغا ئۆزىنى
بېغىشلىغان «ئەھلى ھىرقە» توپىنىڭ پېشىۋاسى سۈپىتىدە «ھىرقە-
تى » (يانغان ، كۆيگەن مەنىسىدە ) نام ـ تەخەللۇسى بىلەن تونۇلغانلى-
قىنى ، جۈملىدىن ئۇنىڭ «گۇمنام» (نامسىز ، نامى ئۆچكەن مەنىسى-
دە ) تەخەللۇسى بىلەن ئاجايىپ چوڭقۇر پىكىرگە ئىگە نادىر شېئىرلا-
رنى يېزىپ ، دىۋانلار تۈزگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ . «تەزكىرەئى
قەلەندەران» دا ھىرقەتى (گۇمنام ) پۈتۈنلەي سەلبىي شەخس ئورنىدا
بايان قىلىنغان بولسىمۇ ، لېكىن ئەسەر مۇئەللىپى گۇمنامنىڭ ئەينى
دەۋردە تونۇلغان ، تالانتلىق بىر شائىر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقى-
قەتنى ئىبىتىپ ئۆتۈشتىن ئۆزىنى تارتمىغان .

شائىر مۇھەممەد ئەمىن خوجامقۇلى ھىرقەتى (گۇمنام ) نىڭ
ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىگە دائىر مەلۇماتلار يۇقىرىقىلاردىن ئىبا-
رەت بولۇپ ، ئۇلاردىن شائىرنىڭ مىلادىيە 17 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ

① «تەزكىرەئى قەلەندەران» نىڭ قولیازما نۇسخىسى 1950 ـ يىللاردا ئۆزبېكىستاننىڭ لېنىنئاباد شەھرىدە، فىلولوگىيە پەنلەر كانديداتى مۇھسىن زاكىروۋ تەرىپىدىن قولغا كەلتۈرۈلگەن. ئەسەرنىڭ ئالدىنقى بەش لەۋھەسى ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 8 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.



يىللىرىدىن 70 ـ يىللىرىغىچە بولغان مەزگىلدە ياشاپ ئىجاد قىلغان-
لىقىنى تەخمىن قىلىش مۇمكىن .

**«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانى:** ئۇيغۇر
كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئۆز داستانلىرى بىلەن تونۇلغان ئەدىبلەرنىڭ
كۆپ قىسمى ئىجادىيىتىنى ئالدى بىلەن شېئىرىيەتنىڭ ھەرقايسى تۈر
ـ شەكىللىرىدىن باشلاپ ، بەدىئىي دىت ، ئىقتىدار جەھەتتىن ئۆزىنى
تاۋلىغان . لىرىك داستانچىلىق ئۇلار ئىجادىنىڭ كېيىنكى يېتىلگەن
پەللىسى ھېسابلانغان . شائىر مۇھەممەد ئەمىن خوجامقۇلى ھىرقەتى
ئىجادىيىتىنىڭ كېيىنكى ۋە يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان
«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانى ئۆزىنىڭ بىرقاتار ئورىگىنال
خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ، ھىرقەتىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتە كامالەتكە
يەتكەن لىرىك شائىر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى .

ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان ، 2000 مىسرا
ئەتراپىدىكى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىنىڭ دىباچە قىسمى-
دىلا ئاپتور :

«بەيانى ئىشق ـ مۇھەببەتنى ئىپتىدا قىلايىن ،
نىشانى مېھنەت ئىلە سۆزنى ئىنتىھا قىلايىن .»

دېگەن مىسرالار بىلەن سۆز باشلاپ ، «ئاشىق مۇھەببەتسىز بولماس
ۋە مۇھەببەت مېھنەتسىز ، لۇقمە تۇزسىز بولسە ، بولۇر لەززەتسىز .
مۇھەببەت تاتلىغ ئېرۇر ، مېھنەت ئاچچىغ ، ئەمما مۇھەببەت ئىشىدىن
مېھنەت تاپغۇسىدۇر ھەر نىچە بولسە قاتتىغ ، مۇھەببەت ۋە مېھنەت
بىر سۈرەتدە كۆرۈنۇر ، ھەرفىدىن «مۇھەببەت» ، «مېھنەت» بولۇر .
نۇقتەنىڭ سەرفىدىن «مۇھەببەت»ـيۇمشاغلىق ئېرۇر ، «مېھنەت»
ـقاتتىغلىق ، ئانداغكى ، قاتتىغلىقدىن پەيدا بولۇر تاتلىغلىق . «مۇ-
ھەببەت» بىلەن «مېھنەت» ـ نۇقتەدىن ئايرىلۇر ، ئەگەر نۇقتە ئايرىل-
ماسا سۆز قاچان يارىلۇر . نۇقتە مىسلى يۇكدۇر ، سۈرەت ھەرف ،

مانەند باركەش ① يۇكىنى گاھى ئۇستۈن ، گاھى ئاستىن ، باركەش ئۇستىگە ئالسا ـ مېھنەتتۇر . ئاستىغە ئالسا ـ راھەت . . . » دېگەنگە ئوخشاش ناھايىتى چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر دۇردانلىرى ئارقىلىق ، تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىغا خاس بولغان مۇھەببەت (ئىشق ـ ئاشىقلىق ) ۋە مېھنەت (جاپا ـ مۇشەققەت ) نىڭ قارىمۇ قارشىلىق ۋە بىرلىك مۇناسىۋىتىنى بايان قىلىپ ، داستاننى يېزىشتىكى مۇددىئا ـ مەقسىتىنى ئوقۇرمەنلەرگە تاپشۇرىدۇ .

ھىرقەتى داستاننى يېزىشتا «كىتابى گۈلى بۇلبۇل »نىڭ ئۆزىگە ئىلھام بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ . ھىرقەتى تىلغا ئالغان «كىتابى گۈلى بولبۇل » كىمنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكى نامەلۇم بولسىمۇ ، ② لېكىن تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدا مەركىزىي ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن «ئىشق ـ ئاشىقلىق » تېمىسىغا مۇراجىئەت قىلغان نۇرغۇن شائىرلار گۈل ۋە بۇلبۇلدىن ئىبارەت سىمۋوللۇق ئوبرازلارنى ئۆز ئەسەرلىرىدە كۆپلەپ ئەكس ئەتتۇرگەن ، گۈل ۋە بۇلبۇل تېمىسىدا داستانلار يېزىشقانىدى . شائىر ھىرقەتىمۇ شۇ تېمىدىكى نادىر داستانلارنىڭ بىرىدىن ئىلھام ئالغان .

ئەسەرنىڭ مۇقەددىمە ، ③ نەئت (بىر ماۋزۇ ) ، مەدھى (تۆت ماۋزۇ ) دىن تەشكىل تاپقان دىباچە قىسمىدىن ئەسلىي تېمىغا ئوتۇش ئالدىدا ئاپتور مۇھەببەت سۆزىدىكى تۆت ھەرپىنىڭ ھەر بىرىنىڭ يەتتە قىسمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ، تەسەۋۋۇپنىڭ «ئىشق ـ ئاشىقلىق » قارىشىنى شەرھلەپ ، ئىشق ئوتى تېگىپ ئاشىق بولغان كىشىنىڭ بېھىش ئىشرەتىنى تەرك ئېتىپ ،

---

① مانەند ـ ئوخشاش، باركەش ـ هامال مەنىلىرىدە.

② بەزىلەر بۇنى شائىر سەلاھىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىدىن ئىلھاملىنىپ يازغان، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ھالبۇكى، سەلاھى ھىرقەتىدىن كېيىن، مىلادىيە 18 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى ئىدى.

③ ئەسەردە ماۋزۇ قويۇلمىغان، شۇنداق ئاتاپ تۇرۇلدى ـ ئاپتور.



مېھنەت (جاپا ـ مۇشەققەت )تىن مەقسەتكە يېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ .

ھىرقەتىنىڭ قارىشىچە :

«كىشى ئاشىق ئىسە جەننەت تىلەرمۇ ،
مۇھەققەر ① باغ ئۇچۇن ھەقدىن كېچەرمۇ . »

«كۆڭۈلگە ئەكسە كىم تۇخمى مۇھەببەت ،
كۆرەر خىرمەندە ئاخىر دانە مېھنەت . »

ھىرقەتى ئاللا ئىشقى ئەڭ مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغدۇر ، ئاللا ئالەمنى يارىتىش بىلەن بىللە ، بالالىق ئىشق ئۇچۇن ئادەمنى ياراتتى . ئاللا ئىشقى بارلىق پەيغەمبەر ۋە چاريارلارغا روھ ، قۇۋۋەت ، نۇسرەت بېغىشلىدى . ئىشق يولىدا ئۇلار جاندىن ، بۇ دۇنيا نېمەتلىرى ، گۈزەللىرى ۋە ئەيش ـ ئىشرەتلىرىدىن ۋاز كەچتى دېگەنگە ئوخشاش قاراشلىرىنى خېلى كۆپ سەھىپە ئاجرىتىپ بايان قىلغاندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ ئىشق قارىشىنى تېخىمۇ كۈچلەندۇرۇپ ، شام (چىراغ ) ئىشقىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىپ كۆيۈپ كۈل بولغان پەرۋانە ئۇچۇن مەخسۇس بىر سەھىپە ئاجرىتىدۇ .

ئەسلىي تېمىغا كىرىپ ، كىرىش سۆپىتىدە ، 18 ماۋزۇنى تېمىنى ئېچىپ بېرىشكە بېغىشلىغان ئاپتور 19 ـ ماۋزۇدىن تارتىپ گۈل ۋە بۇلبۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت بايانىغا ئۆتىدۇ ھەمدە گۈل ، بۇلبۇل ۋە سابادىن ئىبارەت سىمۋوللۇق ئوبرازلار تەسۋىرىنى مۇنداق بېرىدۇ :

«بۇ گۈلشەن ئىچىدە يۈزمىڭ گۈل ياراتتى ،
ئانىڭ ھەر قايسىسىغە بۇلبۇل ياراتتى .

---

① مۇھەققەر ـ ئەرزىمەس.

سەبانى ئەيلىدى تەڭرى سەھەر خىز ،[1]
تېگىپ گۈلغە ئۆزىنى ئەنبەر ئامىز .[2]
قىلۇر ھەقكى پەرىد ئەتتى سابانى ،
يۇرۇتتى ھەر تەرەپ ئول بىنەۋانى . »

سابا جاھان گۈلزارىدا سەير ئېتىپ بىر چىمەنگە كېلىدۇ . چىمەندىكى ھەرخىل گۈللەر ئارىسىدا يەكتا (تەڭداشسىز ) تۇرغان قىزىلگۈلنى كۆرىدۇ . سابا قىزىلگۈلنىڭ دىدارىغا قۇشلاردىن مۇۋاپىق خېرىدار ئىزدەپ ، باغ ـ چىمەنلەر ، تاغ ـ ئېدىرلارغا بارىدۇ ھەمدە تۇمەنمىڭ گۈللەر بولسىمۇ ، لېكىن قىزىلگۈل يوق بولغان بىر چىمەنزىلىكتە ، قىزىلگۈل ئىشقىدا زار يىغلاپ دىلخەستە بولغان بۇلبۇل بىلەن كۆرىشىدۇ . سابا بۇلبۇلغا قىزىلگۈلنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ ، ئۇنى قىزىلگۈل قېشىغا تەكلىپ قىلىدۇ .

بۇ ماۋزۇدىكى قىزىلگۈل تەسۋىرى ئاجايىپ گۈزەل بولۇپ ، ئۇ قىزىلگۈل ئەتراپىدىكى جۇشقۇن سەيلە تەسۋىرى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ بېرىلگەن :

«بەھار ئولسە ئاچىلۇر رەڭ ـ بەرەڭ گۈل ،
قىزىلگۈل شاھ ئېرۇر ، گۈللەر ئاڭا قۇل .
ئېرۇر لەئلى بەدەخشان رەڭگى رويى ،
كىرگۈرۇر جىسمغە جان ياخشى بويى .
سەھەر بولسە ۋەرەقلەرى يازىلۇر ،
كەرەشمە نازئىلە ھەريان ئىگىلۇر .
مەي ئىچكەن قىز كەبى تۇرسە قىزارىپ ،
كېتەر ئۆزگە سىچەكلەر رەڭ قۇۋارىپ .
..............................

[1] سەھەر خىز — سەھەر كەلتۈرگۈچى.
[2] ئەنبەر ئامىز — ئەنبەر تارانقۇچى.



ياراشۇر گۈل يانىدا تۇرسە غۇنچە ،
نازاكەت ئىچىدە ھېچ گۈل يوقتۇر مۇنچە ،
گۈلى خوب ، بەرگى ھەم خوب ، غۇنچەسى خوب .
پەرىلەر قەددى يەڭلىغ خۇبچەسى خوب .
بەھار ئولسە شەجەرگە سۇ يۈگۈرۈر ،
گۈل ئاچىلسە يىگىت ـ قىزلار سۆيۈنۇر .
قىلۇر تۆھپە كېسىپ گۈل ، يارى بولسە ،
بارۇر ھەر كىشىنىڭ گۈلزارى بولسە .
مۇھەببەت ھەم ئەيلەپ كۆڭلىدىن جۇش ،
بارىب گۈلنىڭ تەگىدە مەي قىلۇر نۇش .
مۇغەننىلەر نەۋا ئەيلەپ قاشىدا ،
ئىلكىدە مەي ، قىزىلگۈللەر باشىدا . »

سابا بۇلبۇلنىڭ مۇھەببىتىنى گۈلگە ئەسىر قىلىدۇ ، بۇلبۇل گۈلگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ سابادىن نامە ئەۋەتىدۇ ، گۈل بۇلبۇلنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ ، سابانى بۇلبۇل قېشىغا ئەۋەتىدۇ ، گۈلنىڭ ۋەدىنامىسىنى كۆرگەن بۇلبۇل سابانىڭ باشلىشى بىلەن گۈلشەنگە ـ گۈلنىڭ قېشىغا كېلىدۇ .

ھىرقەتى گۈلنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا ئاشىق ـ مەھلىيا بولغان بۇلبۇلنى تۆۋەندىكىدەك سۈرەتلەيدۇ :

«ئانىڭدەك بولدى بۇلبۇل زار غەمكەش ،
تۇشۇپ گۈل ھۆسنىدىن جانىغە ئاتەش .
تۇشۇپ گۈل ئەكسى ، بۇلبۇل بولدى چۇن ئوت ،
زۇمۇرەد ئېردى بۇلبۇل ، بولدى ياقۇت .
كۆزىدىن دۇررۇ مەرجان ئاقىزىپ سۇ ،
تەنىدىن ئاقتى ھەر ياندىن بۇلۇپ جۇ ،
مۇنى گۈل ئىشتىياقى مەست قىلدى ،
مۇھەببەت رىشتەسى پابەست قىلدى .

..........................

كۆيۈپ ئىشق ئوتىدا بۇلبۇل ۋۇجۇدى ،
ھەۋادا مەۋج ئۇرۇپ ئاھ ئوتى دۇدى .
كۇلۇپ مەجنۇن كەبى ھەردەم قاقىلداپ ،
ياشى دەريا قىلىپ ھەر لەھزە يىغلاپ .
مۇھەببەت زورىدىن ھەر لەھزە ئەلھان ،
قىلىپ بەرقى شەراردەك تارتىپ ئەفغان .
ئۇرۇپ ئىلكىن كۆكۇسكە مىسلى مەجنۇن ،
بۇ غەم بىرلەن يۈزىن تىرناپ ، قىلىپ خۇن .
ئۇرۇپ ھەر دەمدە يۈز مىڭ ئاھ ئۆزە ئاھ ،
قەرار ئەيلەپ بۇ ئاھى تەلئەتى ماھ .»

بۇلبۇل گۇلنىڭ ۋاپاسىنىڭ بار- يوقلۇقىنى سىناش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە مالامەت يەتكۈزگەن تىكىنىنى باھانە قىلىپ ، گۇل خىزمىتىنى تەرك ئېتىدۇ- يۇ ، لېكىن ھىجران ۋە پىراق دەردىدە ياش تۆكىدۇ . سابا گۇل قېشىغا قايتا كېلىپ ، بۇلبۇلنىڭ كەتكىنىدىن خەۋەر تاپىدۇ . گۇل بۇلبۇلنىڭ قايتىپ كېلىشىنى سوراپ ، سابادىن پىراقنامە يېزىپ ئەۋەتىدۇ . بۇلبۇل گۇلنىڭ پىراقنامىسىنى ئالغاندىن كېيىن ، ئۆز دەرد- ئەھۋالىنى ۋە تىكەنگە بولغان كۇنچىلىكىنى ئېيتىدۇ .

«سەبا ئايدى : تىكەنسىز گۇل بولۇرمۇ ؟
مۇشەققەتسىز جەھاندا قۇل بولۇرمۇ ؟
كىشى بولسە گەر گۇل ھۇسنىغە زار ،
ئالىپ گۇلنى تىكەنى بىرلە سانجار .
جەھاندا كىمسە بولسە ھۆسنى گۇلزار ،
كۆزى ئەتراپىدا مىژگان ئوقى بار .
مىژە دىلبەر كۆزىنىڭ زىننەتىدۇر ،
بىلىڭ كىرپىك يوقى كۆز ئىللەتىدۇر .



..........................

تىلەر گۇلنى چېكەر خارى[①] جەفاسىن ،
ۋە گەر نە قىلماغاي گۇل مۇددەئاسىن .»

سابا بۇلبۇلنى قايتىدىن گۇلنىڭ يېنىغا ئەكېلىدۇ . ئىككى ئاشىق - مەشۇق قايتىدىن دىدارلىشىدۇ ، ئىككىسى بىر - بىرىنى قايتىدىن چۈشىنىپ ، بۇلبۇل قىزىلگۇل ۋەسلىدىن ھىدايەت تاپىدۇ .

ھىرقەتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدا باشتىن - ئاخىر سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، سابا ، قىزىلگۇل ۋە بۇلبۇلدىن ئىبارەت ئۈچ سىمۋوللۇق ئوبراز ياراتقان . ئەسەردىكى سابا ئوبرازى — كىشىلەرنى ھەقىقىي ئىشق - مۇھەببەت ، ھىدايەت يولىغا باشلىغۇچى ئاللا ئىرادىسىنىڭ سىمۋولى بولۇپ ، ماھىيەتتە ئۇ شەيئىلەشتۈرۈلگەن ئابستراكت ئوبراز . ئەسەردىكى كونكرېت شەيئى ئوبرازى گۇل — ئاللا ئىشقىنىڭ ، شۇنداقلا ئىنسانلارنى جەلب قىلغۇچى بۇ دۇنيا گۈزەللىكلىرىنىڭ سىمۋولى . تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ قارىشىچە ، بۇ دۇنيادىكى گۈزەللىكلەر ئاللا گۈزەللىكىنىڭ ئۇلاردا ئەكس ئېتىشى بولۇپ ، ئۇنى سۆيۈش — ئاللانى سۆيۈشتۇر . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ، ھىرقەتى ئاللا مۇھەببىتى (گۈزەللىكى) ۋە مېھنىتى (جاپاسى ، يەنى تىكىنى) بىلەن بىللە ياراتقان قىزىلگۇلنى ئاللا ئىشقىنىڭ سىمۋولى قىلىپ ئېلىپ ، گۇل ئىشقىنى بۇلبۇلغا ، بۇلبۇل ئىشقىنى گۇلگە سالىدۇ .

ئەسەردىكى بۇلبۇل — چىن ئاشىق — ئادەمنىڭ ئوبرازىدۇر . ئۇنىڭدا ھەقىقىي ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە ئىشق تۇيغۇسى بىلەن ئىنسانغا خاس ئاجىزلىقلارمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . بۇلبۇل سابانىڭ ياردىمىدە گۇل بىلەن تېپىشىدۇ ، ھالبۇكى ، مېھنەت (جاپا - مۇشەققەت) كە سىمۋول قىلىنغان ئۇنىڭ تىكىنىدىن رەنجىپ ، گۇلنىڭ

① خارى - تىكەن.

يېنىدىن كېتىپ قالىدۇ، كېيىن سابانىڭ ياردىمى بىلەن گۈلنى، گۈلنىڭ ئىشقىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ، قايتىدىن گۈلنىڭ ۋىسالىغا يېتىدۇ.

قىسقىسى، ھىرقەتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانى ئارقىلىق ھەقىقىي ئىشق (مۇھەببەت) نىڭ مېھنەت (جاپا - مۇشەققەت) ئۈستىگە قۇرۇلىدىغانلىقى، مۇھەببەت بىلەن مېھنەتنىڭ بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكى، جاپا چەكمەي ۋىسالغا يېتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تەسەۋۋۇپ غايىلىرىنىڭ ئىلغار، گۇمانىزملىق پەللىسىدە تۇرۇپ، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

داستاننىڭ خاتىمە قىسمى ئاپتورنىڭ دىنىي - پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئىلگىرى سۈرۈلگەن رىتورىك خىتاب، ئاللاغا مۇراجىئەت ۋە توۋا - ئىستىغپار بولۇپ، ئاخىرقى 25 كۇپلېتى تۆتلۈك شەكلىدە يېزىلغان.

ھىرقەتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانى ئارقىلىق مىلادىيە 17 - ئەسىر ئۇيغۇر تىلىنىڭ گۈزەل ئۈلگىسىنى ياراتتى. داستاننىڭ ھەربىر مىسراسى بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر، ئوبرازلىق ۋە چوڭقۇر مەنىلىك خەلق ھېكمەتلىرى، ماقال - تەمسىللەر بىلەن جۇلالاندۇرۇلغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە تىل سەنئىتى جەھەتتىكى روشەن ئۆزگىچىلىكلەر ئۇنىڭ ئەينى دەۋردە تونۇلغان شائىر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

**«دىۋانى گۇمنام»**: شائىر مۇھەممەد ئەمىن خوجامقۇلى ھىرقەتىنىڭ «گۇمنام» (نامى ئۆچكەن، نامسىز) تەخەللۇسى بىلەن يازغان غەزەللىرىدىن تۈزۈلگەن بىر تولۇقسىز دىۋاننى شائىر ئەرشىدىن تاتلىق مىلادىيە 1957 - يىلى يەكەندىن، سايىم ئاخۇن دېگەن كىشىدىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، مىلادىيە 1963 - يىلى بۇ دىۋاندىن بىر قىسىم شېئىرلار شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىدا



ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» دە ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلدى. تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوۋ بۇ تولۇقسىز دىۋاندىكى 85 غەزەل، ئىككى مۇخەممەس، 25 رۇبائىي، 198 مىسرا تەرجىئى بەندنى «گۇمنام غەزەللىرى» نامى بىلەن نەشرگە تەييارلاپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلدى.

شائىر ھىرقەتىنىڭ «گۇمنام» تەخەللۇسى بىلەن يازغان شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن بىرقەدەر تولۇق دىۋانى مىلادىيە 1993 - يىلى ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئۈستۈنئاتۇش يېزىسىدىن تېپىلدى. بۇ دىۋاننى شۇ يېزىدىكى تەلئەت تۆمۈر ساقلىغان بولۇپ، غەزەل، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مەسنەۋى، تەرجىئى بەند، قەسىدە، رۇبائىي، ساقىينامە ژانىرلىرىدا يېزىلغان 5500 مىسراغا يېقىن شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (ئۇلارنىڭ بىر قىسمى پارس تىلىدا يېزىلغان) مەزكۇر دىۋاندىكى 52 غەزەل (ئىككى پارچىسى تولۇقسىز ھالدا)، 9 مۇخەممەس (جەمئىي 94 كۇپلېت)، بىر مۇسەددەس (11 كۇپلېت)، 2 مەسنەۋى، 25 رۇبائىي ئەسقەر ھۈسەيىننىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىندى.

شائىر ھىرقەتىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن دىۋانلار ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرى ئىچىدە غەزەللەر مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ ۋە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەلۇمكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۆزىنىڭ لىرىك داستانلىرى بىلەن تونۇلغان ئەدىبلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىجادىيىتىنى ئالدى بىلەن شېئىرىيەتنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىدىن باشلىغان، لىرىك شېئىرىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان غەزەل ئىجادىيىتى ئۇلارنىڭ ئۆز بەدىئىي تالانت - ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىكى مۇھىم يول بولغان، لىرىك داستانچىلىق ئۇلار ئىجادىيىتىنىڭ كېيىنكى يېتىلگەن پەللىسى ھېسابلانغان.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شائىر ھىرقەتىنىڭ «گۇمنام» تەخەللۇسى بىلەن يازغان غەزەللىرىنى ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدىن بۇرۇنقى ئىجادىي ئەمگەك مېۋىلىرى دەپ قاراش مۇمكىن.

شائىر «گۇمنام» تەخەللۇسى بىلەن يازغان غەزەللىرىدە ئۆزىنىڭ «ھىرقەتى» تەخەللۇسىنى ئىككى يەردە ئاشكارىلايدۇ:

«ئاياغ، باش شۇئىلە ھىرقەتدىن بۇ ياڭلىغ تەختۇ تاجىم بار».

«ھىرقەتى ئىشق سايە ئىستەر باغۇ بوستانلار ئارا».[2]

بۇ مىسرالار شائىر ھىرقەتىنىڭ ئۆز غەزەللىرىدە «گۇمنام» تەخەللۇسىنى قوللانغانلىقى توغرىسىدا «تەزكىرەئى قەلەندەران» دا بېرىلگەن مەلۇماتلارنى تېخىمۇ ئېنىقلىققا ئىگە قىلىدۇ.

شائىر ھىرقەتى بىلەن مەشرەپنىڭ مۇناسىۋىتى بىزگە «تەزكىرەئى قەلەندەران» دىن ئايان. بۇ ئىككى شائىر ئوخشاش بىر مەزگىل، بىر مۇھىتتا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدا ئوخشىماسلىق ۋە بىر ـ بىرىگە زىت تەرەپلەر بولغان. گۇمنامنىڭ مەشرەپكە مۇشائىرە قىلىنغان «مەشرەب مەن» رادىپلىق غەزىلىدىكى كىنايىلەر بۇنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«دىۋانى گۇمنام» دىكى غەزەللەرنىڭ ئاساسىي تېمىسىغا دىققەت قىلغىنىمىزدا، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ دۇنيا قاراش جەھەتتىن تەسەۋۋۇپنىڭ مىلادىيە 14 ~ 15 ـ ئەسىرلەردە ئۆزىنىڭ مۇئەييەن ئىلغارلىقتا، دەۋر روھى ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قاراشلىرى بىلەن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، «شەرقنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىشى» دا مۇھىم رول ئوينىغان باھائىددىن نەقشىبەند تەرىقىتى قاراشلىرىنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى ۋە ئېستېت-

① «بۇلاق»، 1981 ـ يىللىق 3 ـ سان، 29 ـ بەت.

② «بۇلاق»، 1995 ـ يىللىق 2 ـ سان، 59 ـ بەت.



كىلىق قاراشلىرىغا سىڭدۈرگەنلىكىنى بايقايمىز. شائىر غەزەللىرىدە نەقشىبەند تەرىقىتىگە مەنسۇپ روھانىيەتچىل پانتېئىزمچى شائىرلارغا خاس بولغان «ئىشق ـ ئاشىقلىق» قارىشى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

شائىر غەزەللىرىدە ئاللا ئىشقى (سۆيگۈسى) بىلەن چىن ئىنسانىي ئىشق (ئىنسان سۆيگۈسى) زىچ بىردەكلىك ھاسىل قىلىپلا قالماي، يەنە بۇ دۇنيا گۈزەللىرىنى، گۈزەللىكلىرىنى سۆيۈش، ئانا يۇرت سۆيگۈسى قاتارلىق مەزمۇنلارمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شائىر غەزەللىرىدە يەنە ۋاپادارلىق، مەردلىك، نامەرد بولماسلىق ۋە نامەردلەر ئالدىدا كۆز يېشى قىلماسلىق، راھەت، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ جاپا ـ مۇشەققەت (مېھنەت) بىلەن قولغا كېلىدىغانلىقى، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك، مەمەدان بولماسلىق، ماختانچاقلىقنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزىنىڭ ئېتىبارىنى يوقىتىش بولىدىغانلىقى ئوخشاش بىر قاتار ئىلغار، ئىجابىي قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

شائىر ھىرقەتىنىڭ تۆۋەندىكى غەزىلىدىن بىز ئانا يۇرت سۆيگۈسىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ئىپادىسىنى كۆرىمىز:

«مەززەئى[1] لۇتفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغەر،
ئىشق ئېلىنىڭ قىبلەگاھىدۇر مەزارى كاشغەر.
ئىشقۇ ئۇلغەت چەشمەسىدىن دەردۇ مېھنەت جۇش ئېتەر،
تۇپراقى ھەسرەت بىلەن پۈتكەن ھىسارى كاشغەر.
دىلرەبالار باغرىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلەگەي،
بىر نىگاھى غەمزەسىدىن گۈلئۇزارى كاشغەر.
ئابى رۇكناباد،[2] گۇلگەشتى مۇسەللا[3] سەھىل ئېرۇر،
خۇلددىن[4] ئەفرۇن تۆمەنىنىڭ لالەزارى كاشغەر.

① مەززەئى ـــ تېرىلغان، تېرىلغۇ قىلىنغان.

② ئابى رۇكناباد ـــ ئىراننىڭ شىراز ۋىلايىتىدىكى روكناباد دېگەن جاينىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان دەريا.

③ گۇلگەشتى مۇسەللا ـــ گۈلگە پۈركەنگەن (گۈزەل) چوڭ نامازگاھ.

④ خۇلد ـــ بىر جەننەتنىڭ نامى.

ئەيش ئېلىگە خارىدىن كەلگەي گۈلى ئىشرەت ئىسى ،
چۈن سۈلەيمان دەۋلەتىدۇر خارۇ زارى كاشغەر .
ئۇدۇ [1] ئەبنەر تۇپراغىدۇر ، ئابى كەۋسەردۇر سۈيى ،
دۇررۇ مەرجان تاشلارىدۇر كۇھسارى كاشغەر ،
ياپەرى ياھۆر يا باغى ئىرەم ياد ئەيلىمەس ،
شەھرىنى ئۇنتار بولۇر ھەر كىم دۇچارى كاشغەر .
ھۇشمەندۇ دەردمەندۇ مەردۇزەندۇ لەب چۇقەند ، [2]
نارى خەندان ، [3]سىبى رەئنا ، [4]ھەرنە بارى كاشغەر .
كاشغەر شەھرىن بىلىڭ گۇمنامىنىڭ يايلاغىدۇر ،
دىلكۇشا ، ئىشرەت فەزائى [5] ھەر سەبزە زارى كاشغەر .» [6]

ھىرقەتى يەنە بىر غەزىلىدە قەشقەرنى مۇنداق ئۇلۇغلايدۇ :
«نە ھاجەت ھەججى ئەكبەر كاشغەر ئىچىدە مەزارىم بار ،
زىيائى چەشىمىمە [7]خاكى دەرىدىن [8] سۈرمە زارىم بار .
مۇژە جارۇپ [9] ئەتىپ كۆز كاسەسىدىن سۇ ساچىپ سەھنىن ،
بــەھىشــتى ئەدن [10] ياڭلىغ قۇددۇس [11] ئەتمەك ئىختىيارىم

---

1. ئۇد — خۇش پۇراق بىر خىل دەرەخ.
2. ئەقىللىقلەر بولسۇن، دەردمەنلەر بولسۇن، ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن لىۋى قەن — شېكەرنىڭ ئۆزى.
3. نارى خەندان — كۈلۈپ تۇرغان ئانار.
4. سىبى رەئنا — قىزىل ئالما.
5. ئىشرەت فەزائى — راھەت، لەززەت مەيدانى.
6. «بۇلاق»، 1981 ـ يىللىق 3 ـ سان، 39 ~ 40 ـ بەتلەر.
7. زىيائى چەشىم — كۆز نۇرى، كۆز روشەنلىكى.
8. خاكى دەرى — ئىشىك ئالدى (بوسۇغا) يول تۆپىسى.
9. جارۇب — سۈپۈرگە.
10. بــەھىشــتى ئەدن — بىر جەننەتنىڭ نامى.
11. قۇددۇس — پاك، تازا، مۇقەددەس.



بار .» [1]
«دىۋانى گۇمنام» تەركىبىدىكى غەزەللەر ئۆزىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇكى ، ئاھاڭدارلىقى ، ئەدەبىي تىل ۋە ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتىكى بىر قاتار ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن كۆزگە تاشلىنىدۇ . ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى غەزەل ژانىرىنىڭ ئوخشاشمىغان بەھرىلىرى ، قاپىيە شەكىللىرىدە ، ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن يېزىلغان بۇ غەزەللەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شېئىرىيەت باغچىسىدىكى ئاجايىپ جەلپكار رەڭگارەڭ گۇللەرگە ئوخشايدۇ .
ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ بىر غەزىلىدە :
«قايسى تۇبى جىلۋەسى سەرۋى خىرامانىڭچە بار ،
قايسى كەۋسەرنىڭ زۇلالى ئابىھەيۋانىڭچە بار .»
دەپ يازغان بولسا ، شائىر گۇمنامۇ نەۋائى ئىزىدىن مېڭىپ ، يېڭى بەدىئىي يۇكسەكلىك يارىتىدۇ .
«قايسى گۇلشەن گۇلبۇنى سەرۋى خىرامانىڭچە [2]بار ،
قايسى گۇلبۇن ئۇزرە غۇنچە لەئلى خەندانىڭچە [3] بار .
قايسى گۇلزار ئىچىدە بىر گۇل ئاچىلۇر ھۆسنۇڭ كەبى ،
قايسى گۇلبەرگ لەبى لەئلى بەدەخشانىڭچە بار .
قايسى قاتىل سەن كەبى جەللاد ئۆلمىشدۇر ئەسىز ، [4]
قايسى جەللادنىڭ قىلىچى نەۋكى مۇژگانىڭچە [5]بار .
قايسى يەردە تاپىلۇر نىسبەت ساڭا بىر گەنج ھۆسنىن ، [6]

---

1. «بۇلاق»، 1981 ـ يىللىق 3 ـ سان، 42 ـ بەت.
2. سەرۋى خىرامان — گۇزەل يۇرۇشلۇك.
3. لەئلى خەندان — كۈلۈپ تۇرغان لەۋ.
4. ئەسىز — ياۋۇز، قەبىھ.
5. نەۋكى مۇژگان — كىرپىك ئوقى.
6. گەنج ھۆسن — ھۆسن خەزىنىسى.

قايسى گەنجنىڭ ئەژدەرى زۇلفى فەررشانىڭچە ① بار .»②
ئومۇمەن ئالغاندا ، شائىر مۇھەممەد ئەمىن ھىرقەتىنىڭ «دىۋانى
گۇمنام» تەركىبىدىكى غەزەللىرى ئۆزىنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك
جەھەتتىكى يۇقىرى قىممىتى ۋە جازىبىدارلىق كۈچى بىلەن مىلادىيە
17 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ .

## ئابىد

شائىر ئابىدنىڭ ئەسەرلىرى بىزگە قۇمۇل ۋاڭى مۇھەممەد بەشىر
ئىبنى شاھ ئەردەشىرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ھىجرىيە 1229 ـ (مىلا-
دىيە 1814 ~ 1813 ) يىلى تۈزۈلگەن ، مىلادىيە 1950 ـ يىللاردا
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئىختىيارىغا ئېلىنغان «با-
ياز » ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن . «باياز » غا شائىر ئابىدنىڭ جەمئىي
34 غەزىلى 69 رۇبائىيسى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن . شائىر ئابىدنىڭ
مەزكۇر «باياز » غا كىرگۈزۈلگەن غەزەل ۋە رۇبائىيلىرىنىڭ ھەممى-
سى بىردەك دىۋان تۈزۈش ئەنئەنىسى بويىچە رەتلەنگەن بولۇپ ، بۇنىڭ-
دىن شائىر ئابىدنىڭ ئەينى دەۋردە ئۆز شېئىرلىرىنىڭ دىۋانىنى
تۈزگەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن . ③
شائىر ئابىدنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر بىرەر بىۋاستە ۋە تەپسى-
لىي مەلۇمات يوق بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن يۇرتى ۋە
ياشىغان دەۋرى ھەققىدە بەزى چۈشەنچىلەرگە كېلىش مۇمكىن . شائىر
ئۆز شېئىرلىرىدا يۇرتى قۇمۇلنى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى قۇمۇل ھۆكۈمە-

① زۇلفى فەررشان ـ چاچ سۆلتى.
② «بۇلاق»، 1981 ـ يىللىق 3 ـ سان، 16 ~ 17 ـ بەتلەر.
③ «باياز» تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن شائىر ئابىد شېئىرلىرى ئابدۇقەييۇم خوجا تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، «(دىۋانى ئابىد)تىن» نامى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى. شائىرنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر بايانلاردا نەشرگە تەييارلىغۇچى سۆزى ئاساس قىلىندى ھەمدە مىساللار مەزكۇر نەشرىي نۇسخىدىن ئېلىندى.



-دارى ئەبەيدۇللا غازى بەگنى بىرقانچە قېتىم تىلغا ئالىدۇ . مەسىلەن ،
ئۇ بىر غەزىلىدە :
«نېچۈككى بولغالى قامۇل دىيارىغا شامىل ،
كەمالۇ فەزلۇ ھۆنەر ئاندا ئەيلەدىم ھاسىل .
مېنى سائادەتۇ دەۋلەتغە ئەيلەگەن لايىق ،
ئەمىرى غازىئى دەۋرانۇ ئادىلى كامىل .»
دەپ يازسا ، يەنە بىر غەزىلىدە :
«ۋەتەن غەرىبى بولۇپ ئۆمرۈڭ ئۆتتى ، ئەي ئابىد ،
بىلۈرمۇسەن ۋەتەنىڭ مۇلكى چىنمۇ يا قامۇل .»
دەپ يازىدۇ . يەنە بىر غەزىلىدە ئۇ تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ :
«بۇ سائادەتغە سېنى يەتكۈزدى ، ئابىد ، شۈكرى قىل ،
غازىئى دەۋران ئۇبەيدۇللاھ مىرى قامۇلى» .
دەپ يېزىپ ، ئۆزىنىڭ ئەبەيدۇللا غازى بەگ دەۋرىدە ياشىغانلىقىدىن
بېشارەت بېرىدۇ .
ئەبەيدۇللا غازى بەگنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد شاھ غازى بەگ يەكەن
خانلىقىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن مىلادىيە 1605 ـ يىلى قۇمۇلغا كې-
لىپ ، ھاكىم بەگ بولغان . ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ، مىلادىيە
1668 ـ يىلى ئەبەيدۇللا غازى بەگ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا قۇمۇلنىڭ
ھاكىم بېگى بولغان . بۇ ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى
بولۇپ ، جۇڭغار خانلىقى بۇ چاغدا قۇمۇلغا بېسىپ كىرىپ ، ئۇنى ئۆز
ھامىيلىقىغا ئالغانىدى . «غالدان ئۆلگەندىن كېيىن ، قۇمۇلنىڭ ھۆ-
كۈمرانى ئەبەيدۇللا بەگ ھەممىدىن ئاۋۋال جۇڭغارلاردىن ئايرىلىپ
چىقتى . غالدان مەغلۇپ بولۇپ ئۆلگەن يىلى ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلى
ۋاپا بەگنى ئەۋەتىپ ، غالداننىڭ ئوغلى سەمپىل بالجىرنى تىرىك
تۇتۇپ چىڭ ئوردىسىغا ئاپىرىپ بەردى . ئۇ چىڭ ئوردىسىغا بەيئەت
قىلغاندىن كېيىن ، مىلادىيە 1697 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭ-
شى خانى ئەبەيدۇللاغا بىرىنچى دەرىجىلىك «جاساق» لىق ئۇنۇۋانى-

نى ، ئوغلى ۋاپا بەگكە ئىككىنچى دەرىجىلىك بەگ ئۇنۋانىنى بەردى .[1]

يۇقىرىدا مىسال كەلتۇرۇلگەن شېئىرلاردىن مەلۇمكى ، ئەبەيدۇللا غازى بەگ شائىر ئابىدنىڭ ئىقتىدار - تالانت ۋە پەزىلىتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتكەن ، يەنى شائىرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا ، ئۇنى «سائادەتكە يەتكۈزگەن» ، ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىپ ، يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان .

شائىر ئابىدنىڭ شېئىرلىرى پىكىر جەھەتتە ئىلغار ، بەدىئىيلىك جەھەتتە يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى گۈللەنگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى مەلۇم جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىپلا قالماي ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يەكەن خانلىقى دەۋرى بىلەن خوجىلار ۋە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغانلىقىدەك ئەھمىيىتى بىلەنمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر .

شائىرنىڭ غەزەللىرىدە شۇ دەۋرىدىكى تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىگە ئورتاق بولغان «ئىشق - ئاشىقلىق» قارىشى ئاساسىي ئورۇن تۇتقان بولۇپ ، ئۇ ئۆزىنى «فەنا» يولىغا كىرىپ ، ھەق ۋۇجۇدى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن چىن ئاشىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ :

«يۇرۇپ ھەريان سوراپ كەسبى فەنا قىل ،
بۇدۇر پىرى تەرىقەتدىن رىۋايەت .»

«فەنا يولىدا ۋۇجۇدۇڭنى قىلماساڭ مەئدۇم ،
رىزا مەقامىدادۇر ئۆزلۈكۈم ھىجاب ماڭا .»

«فەنا يولىدا دېسەڭ ئاقىبەت بولاي مەھمۇد ،

---

[1] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989- يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى)، 345 - بەت.



نەدىمى خاس بولۇپ پىشە قىل تەرىقى ئاياز .»

ئاتالمىش تەسەۋۋۇپنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان «فەنا» (يوقلۇق ، ئۆزلۈكنى يوقىتىش ) باسقۇچى — ئىنساننىڭ ئۆزلۈكىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئاللا ۋۇجۇدىدا يېڭى ھاياتقا ئېرىشىشىدە مەزمۇن تاپاتتى . ئەنە شۇ يېڭى ھاياتلىق ئىچىدە ئادەم ئۆزىدىكى بارلىق ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ ، «سۆيگۈ ۋەسلىگە يەتكەن كىشى» سۈپىتىدە ، ئاللا بىلەن ئەبەدىي بىرلىككە ئىگە بولاتتى . ھەق ۋۇجۇدى بىلەن مەڭگۈلۈك بىرلىشىپ كەتكەن بۇ باسقۇچتا «مەن» ئۇقۇمى مەۋجۇد بولمايتتى . بەلكى «مەن» ۋە «سەن» ياكى ئاشىق بىلەن مەشۇق ئەمەلىيەتتە بىر گەۋدە ، بىر ۋۇجۇدقا ئايلىنىپ كېتەتتى . شائىر ئابىد جۇنەيد باغدادى ، بايازىد بەستامى ۋە جالالىدىن رۇمى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «فەنا» يولىغا كىرگەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىللە ، يەنە پەرىددىن ئەتتار ، ئۆمەر ھەييام ، ئابدۇرەھمان جامى ۋە ئەلىشىر نەۋائىلار ئىزىدىن مېڭىپ ، «مەجازى ئىشق» يولىنى قوللايدۇ :

«مەجازى ئىشقنى تەرك ئەتمىگەيسەن ، ئەي بىدەرد ،
كى بىلسەم ئانى ھەقىقەت ئىكەن بۇ بارچە مەجاز .»

شائىر ئابىدنىڭ پەلسەپۋى قاراشلىرى چوڭقۇر ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭدا فانتېئىزملىق ئامىللار مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ . شائىر ئىسيانكارلىق روھى بىلەن دەۋر ئېقىمى ، تەرەققىياتقا قارشى مۇتەئەسسىپ ، نادان ، جاھىل كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان سوپى ، زاھىدلارنى قاتتىق سۆكىدۇ :

«زاھىد ، ساڭا مەسجىدۇ ، ماڭا مەيخانە ،
جەننەت ساڭا بولغۇسى ماڭا جانانە ،
ھەر يەردە تاپارغا يوق تەفاۋۇت ئانى ،
گەر كەئبە ئىچىدە بول ۋە گەر بۇتخانە .»

قىسقىسى ، شائىر ئابىد غەزەللىرىدە تېما ۋە خاھىشچانلىق تەرىپىدىن تەسەۋۋۇپنىڭ مىلادىيە 14 ~ 15 - ئەسىردىكى يېڭى تەرەققىي-

يات پەللىسى ــ نەقشبەند تەرىقىتىگە مەنسۇپ تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى
ۋەكىللىرى بىلەن بولغان بىردەكلىك كۆزگە تاشلىنىدۇ . بۇنىڭ شا-
ئىر غەزەللىرىدىكى «مەجازى ئىشق» ، «ئىنساننى سۆيۇش ــ ماھى-
يەتتە ئاللانى سۆيگەنلىك» چۇشەنچىسى ئاستىدىكى ئىنسان ئۇلۇغلۇ-
قى ، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ غەزەللىرىدە
ئىزچىل قوللىنىلغان «ساقىي» ، «جام» (ئاپتور ئۇنى بەزىدە ئۇيغۇر
مىللىي ئەنئەنىسى بويىچە «پىيالە» ، «ئاياغ» دەپمۇ ئالىدۇ ) دېگەنگە
ئوخشاش تەسەۋۋۇپ ئەقىدىلىرىنىڭ سىمۋوللاشتۇرۇلۇشىدىن كېلىپ
چىققان ئوبرازلىق ئىبارىلەر كۆرسىتىپ بېرىدۇ .



# توققۇزىنچى باب

# 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

## 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

مىلادىيە 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلا-
لىسى (مىلادىيە 1368 ~ 1644 ) دەۋرىدە قۇرۇلغان يەكەن خانلىقى
(مىلادىيە 1514 ~ 1678 ) نىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى باشلىنىش
نۇقتىسى قىلغان ھالدا بارلىققا كېلىپ ، خوجىلار زامانىسىدىكى ئېغىر
داۋالغۇش ۋە ئېسەنگىرەشلەر ئىچىدە راۋاجلىنىپ ، چىڭ سۇلالىسى
(مىلادىيە 1616 ~ 1911 ) تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى
قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈپ (مىلادىيە 1759 ـ يىلى ) ، ئاز كەم
يېرىم ئەسىرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن مىلادىيە 19 ـ ئەسىرگە
تۇتاشتۇرۇلغان بىر ئەسىرلىك ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .
يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ھۆكۈمران گۇرۇھلار-
نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دىنىي مەزھەپ كۈرىشى بارغانسېرى كەسكىن-
لەشتى ، ھەتتا تەرەققىي قىلىپ ، بىرى ـ بىرى بىلەن قەتئىي سىغ-
شالمايدىغان سىياسىي رەقىبلەرگە ئايلاندى . يەكەن خانلىقىنىڭ ئا-
خىرقى خانى ئىسمائىلخان (مىلادىيە 1670 ~ 1678 ـ يىللارغىچە
تەختتە ئولتۇرغان ) قارا تاغلىقلارنى زور كۈچ بىلەن يۆلەپ ، ئاق

تاغلىقلارنىڭ باشلىقى ئاپپاق خوجىنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىن ھەيدەپ چىقاردى. مىلادىيە 1678 - يىلى ئاپپاق خوجا جۇڭغار قوشۇنلىرىنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا باشلاپ كېلىپ قورچاق خانلىق ئورنىغا چىقتى. شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى مىلادىيە 1756 - يىلى چىڭ سۇلالىسى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، 1759 - يىلى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقىچە بولغان مەزگىلدە ئۇيغۇرلار رايونىغا بەزىدە ئاق تاغلىقلار، بەزىدە قارا تاغلىقلار نۆۋەت بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

خوجىلار ئىشانلار مەزھىپىنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، دەسلەپ يەكەن خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىلىدە جەمئىيەتتە دىنىي ئىمتىياز ئىگىلىرى بولۇپ دەۋران سۈردى. يەكەن خانلىقى مۇنقەرز بولغان مىلادىيە 1680 - يىللاردىن تاكى 1759 - يىللىرىغىچە جۇڭغارلارنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

مىلادىيە 1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈردى. چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش جەريانىدا ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى قۇرۇپ چىقىلدى. ھەربىي - سىياسىي، مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى جەھەتلەردە بىر قاتار ئۈنۈملۈك سىياسەتلەر يولغا قويۇلۇپ، مۇئەييەن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

دېمەك، مىلادىيە 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 40 يىلىدا شىنجاڭ ئاساسىي جەھەتتىن، مۇقىملىق ئىچىدە 19 - ئەسىرنى كۈتۈۋالدى.

مىلادىيە 18 - ئەسىر شىنجاڭ جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلغاندا ئايرىملىقنى ھەرگىز ئومۇمىيلىقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋالماسلىقىمىز، ئومۇمىيلىق ئارقىلىق ئەينى چاغنىڭ تارىخىي يۈزلىنىشى



ۋە تەرەققىياتىغا باھا بېرىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئاشۇ بىر ئەسىرلىك تارىخىنى ماركسىزملىق تارىخ قارىشى بويىچە تەتقىق قىلىپ، ئىلمىي ۋە توغرا بايان قىلىنىش مۇمكىنچىلىكىگە ئېرىشەلەيمىز.

شۇ نەرسىنى ئىلمىي ۋە ئېنىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇكى، خوجىلاردىن چىققان ھەممە ھۆكۈمرانلار تارىخ ئېقىمىغا قارشى تۇرغۇچىلاردىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەرەققىيپەرۋەرلىك يولى تۇتقانلىرىمۇ بار. مەسىلەن، مىلادىيە 1735 - يىلىدىن 1756 - يىلىغىچە ھاكىمىيەت سۈرگەن خوجا جاھان (ياقۇپ) دەل مانا مۇشۇنداق كىشى ئىدى.

خوجا جاھان (ياقۇپ) يەكەن تەختىدە ئولتۇرۇپ، 20 يىل ئەتراپىدا قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، نىسپىي تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەنلىكى خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى توغرا كۆزىتىشىمىزگە ئىمكان بېرىدۇ.

خوجا جاھان (ياقۇپ) «ئالتە شەھەر» نىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، گەرچە جۇڭغارلارنىڭ ھامىيلىقىدىكى قورچاق خان بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما چامىسىنىڭ يېتىشىچە، ئىچكى - تاشقى جەھەتتە كېلىۋاتقان ئېغىر بېسىمغا بەرداشلىق بېرىپ، خىلمۇ خىل توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، خەلققە، جەمئىيەتكە پايدىلىق كۆپلىگەن ئىشلارنى قىلدى. ئەينى چاغدا، ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىر قەدەر تىنچ، گۈللىنىش مەزگىلىگە قەدەم قويدى. ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئالىمى مۇھەممەد سادىق قەشقەرى خوجا جاھان دەۋرىنى خۇراسان مەملىكىتىدە ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئاچقان ھۈسەيىن بايقارا دەۋرىگە ئوخشىتىپ مەدھىيىلىگەن. ①

① «تەزكىرەئى ئەزىزان» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى)، 83 - بەت.

مىلادىيه 1756 ~ 1759 ـ يىللىرى چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ
توپىلىڭى بولغان ئۈچ يىللىق ۋاقىتنى چىقىرىۋەتكەندە ، تاكى مىلادىيه
18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرغىچه شىنجاڭ ئاساسەن بىر قەدەر مۇقىملىق
ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلىگەن .
دېمەك ، 18 ـ ئەسىر شىنجاڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىلگىرى-
لەش ، تەرەققىيات ئاساسىي ئېقىم بولغان ، مالىمانچىلىق ، چېكىنىش
ۋاقىتلىق ھادىسە ، قىسمەنلىك ھېسابلانغان .
مانا مۇشۇنداق ئومۇمىيلىق جەھەتتىكى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى-
لەش ، تەرەققىي قىلىش ھالىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدە
يېڭى ـ يېڭى نەتىجىلەرنىڭ بارلىققا كېلىپ تۇرۇشىنى شەرت قىلغان ،
مىلادىيه 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر قاتار ئۇتۇقلارنىڭ قولغا
كېلىشىنى بەلگىلىك ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئەتكەن .
مىلادىيه 18 ـ ئەسىرنىڭ ئايرىم مەزگىللىرىدە دەممۇدەم كۆتۈ-
رۈلگەن غوۋغالار ، تارىخ چاقىنى كەينىگە بۇراش ئۈچۈن بولغان سۇيى-
قەستلىك ھەرىكەتلەر ، ئىقتىسادىي بوھران ، سىياسىي داۋالغۇش ،
ئىجتىمائىي ماجىرا ، مېھنەتكەشلەر ئارىسىدىكى كۈچلۈك قارشىلىق
قاتارلىقلار قاتتىق ئەكس تەسىر پەيدا قىلىش بىلەن ، ئەدەبىيات ـ
سەنئەتنىڭ يېڭىۋاشتىن بەرق ئۇرۇپ چېقىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى
بولۇپ قالغان . ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ قارىشىچه ، يۈكسەك
سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە بۈيۈك سەنئەتكارلار ئىقتىسادىي جەھەتتە قالاق
ئەللەردە ھەم مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن . مۇنداق ۋاقىتلاردا شۇ قالاق-
لىققا قارشى ۋە يېڭى ھايات ئۈچۈن كۈرەش ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى
بولۇپ قالىدۇ . ف . ئىنگىلسنىڭ كۆرسىتىشىچه ، مىلادىيه 18 ـ
ئەسىر گېرمانىيىدە لىسىگ ، گيۇتى ، شىللىرغا ئوخشاش بۈيۈك مۇ-
تەپەككۇر ۋە يازغۇچىلارنىڭ تۇغۇلۇشىدىكى سەۋەب ، كەڭ خەلق ئام-
مىسىدا نارازىلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىدى . ف . ئىنگىلس بۇ ھەقتە يەنە
«ئىقتىسادتا قالاق دۆلەت پەلسەپە جەھەتتە بىرىنچى ئىسكىرىپكىنى



چېلىشى مۇمكىن» [①] دەيدۇ . بۇ خىل ئەھۋال ئۆز نۆۋىتىدە يەنە
ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ باشقا ئىجتىمائىي ئاڭ شەكىللىرىگە ئوخشاش-
لا ، ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتكە نىسبەتەن نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگه
بولۇشتەك خۇسۇسىيىتى تەرىپىدىنمۇ بەلگىلىنىدۇ . ماركس مۇنداق
دەپ كۆرسەتكەن : «سەنئەتكه كەلسەك ، ھەممىگە ئايانكى ، ئۇنىڭ
بەلگىلىك گۈللىنىش دەۋرى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتى بىلەن
ھەرگىز ئوڭ تاناسىپ بولمايدۇ . شۇ سەۋەبتىن ، ئۇ جەمئىيەت تەشكى-
لاتىنىڭ ئۇستىخىنىدەك بولۇپ كۆرۈنگەن ماددىي ئاساسىنىڭ ئومۇمىي
تەرەققىياتى بىلەنمۇ ھەرگىز ئوڭ تاناسىپ بولمايدۇ .» [②] ئۇ يۇنان
سەنئىتى ۋە شېكىسپىرنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ھازىرقى زامان سەنئى-
تىنى سېلىشتۇرۇپ ، ئەينى زاماندىكى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى
كۆپ تۆۋەن بولسىمۇ ، بىراق ، يۇنان سەنئىتى ۋە شېكىسپىرنىڭ
ئەسەرلىرى ھازىرقى زامان سەنئىتىدىن كۆپ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى
دەلىللىگەن . دېمەك ، ئەدەبىيات ـ جەمئىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسى
بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلىۋەرمەيدۇ . ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئورتاق
بولغان بۇ خىل خۇسۇسىيەت ، مىلادىيه 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىيا-
تىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ .
خوجىلار زامانىسىدىكى بىر قىسىم ھۆكۈمران كىشىلەر ھەرخىل
مەقسەتلەر يۈزىسىدىن ئۆزلىرى باشلامچى بولۇپ ئەدەبىي ئىجادىيەت
بىلەن شۇغۇللىنىپ ، سەركەردىلىك رول ئوينىغان ، بەزىلەر باشقىلار-
نىڭ ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشىغا يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەن . مەسى-
لەن ، خوجا جاھان (ياقۇپ) ئەرشى تەخەللۇسى بىلەن ، خوجا سىدىق
«فوتۇھى» تەخەللۇسى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئۆز زامانىسى-

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى، 4 ـ توم (خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، خەنزۇچه نەشرى)، 485 ـ بەت.
② «‹سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدى› گە مۇقەددىمە» «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 46 ـ توم (1) (خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، خەنزۇچه نەشرى)، 48 ـ بەت.

نىڭ نامايەندە خاراكتېرگە ئىگە شائىرلىرى ئىدى؛ خوجا جاھان (ياقۇپ) يەنە بىر قاتار دىن، قانۇن، ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشى ۋە تەرجىمە قىلىنىشىغا تەشەببۇسكار بولغان. مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ مىلادىيە 1771 ـ يىلى «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىقىشىغا شۇ دەۋردىكى قەشقەر ھاكىمى مىرزا ئوسمان بەگنىڭ ئانىسى رەھىمخان ئاغىچا تەشەببۇسچى بولغان. مۇھەممەد سىدىق رەشىدىنىڭ «سىدىقنامە» ناملىق ئەسىرىنىڭ مىلادىيە 1785 ~ 1787 ـ يىللىرى تاماملىنىشىغا قەشقەر ھاكىم بېگى مۇھەممەد ئىبراھىم كۆك بەگ تەشەببۇسچى بولغان.

ئومۇمەن، مىلادىيە 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مەيلى شېئىرىيەت بولسۇن، مەيلى تەزكىرە ئەدەبىيات ساھەسىدە بولسۇن، مەيلى تەرجىمە ئەدەبىيات ساھەسىدە بولسۇن، مۇھىم ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى.

بۇ ئۇتۇقلارنى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتلەردىن يورۇتۇشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، ئەدىبلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر داۋاملىق مەيدانغا كېلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالەتنى ساقلىغان. بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەدىبلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

زەلىلى (مىلادىيە 1676 ~ 1680 ـ يىللىرى تۇغۇلغان، تەخمىنەن مىلادىيە 1755 ـ يىللىرىغىچە ھايات بولغان) مىلادىيە 1718 ـ يىلى «سەپەرنامە»، مىلادىيە 1734 ـ يىلى «تەزكىرەئى چىلتەن»، مىلادىيە 1742 ـ يىلى «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شەرىپ بۇزرۇك»، 1744 ـ يىلى «كىچىك دىۋان» ناملىق ئەسەرلىرىنى يازغان.

خاراباتى (مىلادىيە 1638 ~ 1730) 1726 ـ يىلى «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» ناملىق ئەسىرىنى يازغان.



مەھزۇن (مىلادىيە 18 ـ ئەسىردە خوتەندە ياشىغان) «دىۋانى مەھزۇن» ناملىق توپلامنى تۈزگەن.

كىچىك (موللا پازىل، مىلادىيە 1653 ـ يىلى تۇغۇلغان) مىلادىيە 1705 ـ يىلى «لەيلى ۋە مەجنۇن» ناملىق داستان يازغان.

سەلاھى (مىلادىيە 18 ـ ئەسىردە قەشقەردە ياشىغان) مىلادىيە 1740 ~ 1741 ـ يىللىرى «گۇل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستان يازغان.

نەۋبەتى (تەخمىنەن مىلادىيە 1691—1692 ـ يىلى تۇغۇلغان، خوتەندە ياشىغان) مىلادىيە 1747 ـ يىلى «دىۋانى نەۋبەتى» ناملىق توپلىمىنى تۈزگەن.

ئىبراھىم مەشھۇرى (تەخمىنەن مىلادىيە 17 ~ 18 ـ ئەسىرلەر) «دىۋانى مەشھۇرى» ناملىق توپلىمىنى تۈزگەن.

فۇتۇھى (مىلادىيە 1700 ~ 1755—1756) يەكەندە ياشىغان. ئۇنىڭ «دىۋانى فۇتۇھى» ناملىق توپلىمى بولغان.

موللا مۆمىن يەركەندى (مىلادىيە 18 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يەكەندە ياشىغان) بىر قىسىم لىرىك شېئىرلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

غەرىبى (مىلادىيە 1699 ~ 1700 ـ يىللىرى تۇغۇلغان)نىڭ مىلادىيە 1757 ~ 1758 ـ يىللىرى توپلام قىلىنغان (؟) بىر قىسىم شېئىرلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.[1]

مىرخالىدىن كاتىپ موللا كىچىك يەركەندى مىلادىيە 1730 ـ يىلى «ھىدايەتنامە» («تەزكىرەئى ھىدايەت» ياكى «تەزكىرەئى خوجا ئاپپاق») ناملىق ئەسەر يازغان.[2]

ئەرشى مىلادىيە 1685/1686~1755/1756 ـ يىللىرى ياشاپ،

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىللىق 2 ـ سان.
② ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 1061 ـ بەت.

«دېۋانى ئەرشى» ناملىق توپلامنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

شائىر ئاخۇن مىلادىيە 1756 ~ 1767 - يىللىرى «ئىسلامنامە» دېگەن داستاننى يازغان.

مۇھەممەد سىدىق رەشىدى مىلادىيە 1786 ~ 1787 - يىللىرى «سىدىقنامە» ناملىق ئەسىرىنى يازغان.

موللا يۇنۇس يەركەندى مىلادىيە 1807 - يىلى «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستاننى يازغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە، دەلىلى، موللا غەزەل، بىبى مەسۇم ئەزىزەم، زەينىدىن مۇھەممەد ئىمىن سەدرى قەشقەرى، ئابدۇشۇكۇر («تەزكىرەئى ئابدۇلمانان» نىڭ ئاپتورى) قاتارلىق ئەدىبلەر ياشىغان. قۇسۇرى («رەۋزەتول زۆھرە» نىڭ ئاپتورى)، سادىقى (مۇھەممەد سادىق قەشقەرى)، مۇھەممەد گۇدا ئىبنى مۇھەممەد ئىبراھىم («تەزكىرەئى بۇغراخان» نىڭ ئاپتورى) قاتارلىق ئەدىبلەر ھاياتىنىڭ ئالدىنقى - قىرانلىق مەزگىلى ھەم مۇشۇ دەۋرگە تۇتاشقان.

بۇ مەزگىلدە تەرجىمە، تەپسىرچىلىك ساھەسىدىمۇ بەلگىلىك نەتىجىلەر قولغا كەلگەن.

مەسىلەن: «قىسسەسۇل ئەنبىيا» نىڭ پارسچە نۇسخىسى مىلادىيە 1697 - يىلى ئەمىرى ئەئزەم ناسىرىدىن دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن نامەلۇم بىر تەرجىمان تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىگە تەرجىمە قىلىنغان.①

«مەجمۇئەتۇلمۇھەققىن» (مەھدۇم ئەئزەم تەزكىرىسى) مىلادىيە 1696 ~ 1697 - يىللىرى مۇھەممەد سادىق يېگسارى تەرىپىدىن پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.②

«تارىخي بىناكىتى» («رەۋزەتۇلسۇلباب فى تاۋارىخى ۋەلئەزساب»، ھىجرىيە 1317 - يىلى بىناكىتى تەرىپىدىن يېزىلغان) يەكەن ھاكىمى ئەمىن قۇربانبەگ خەزەناچىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن نامەلۇم بىر تەرجىمان تەرىپىدىن مىلادىيە 1706 - يىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىگە تەرجىمە قىلىنىپ، «تارىخي خەزەناچى» دەپ ئاتالغان.①

**«كەلىلە ۋە دىمنە» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى:** موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى مىلادىيە 17 ~ 18 - ئەسىرلەردە قەشقەردە ياشىغان ئەدەبىي تەرجىمان ۋە شائىر. ئۇ مىلادىيە 1709 - يىلى پارس يازغۇچىسى ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفىنىڭ 40 بابلىق «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» ناملىق ئەسىرىنى ۋە «يۈسۈپ ۋە زۇلەيخا» ناملىق ئەسەرلەرنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئۇ يەنە قەشقەر ھاكىمى ئىمام مۇھەممەدنىڭ تەۋسىيەسى بويىچە مىلادىيە 1717 - يىلى دۇنياۋى داڭلىق ئەسەر «كەلىلە ۋە دىمنە» نى پارس تىلىدىن ئىجادىي تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭغا «ئاسارى ئىمامىيە» دېگەن ماۋزۇ قويغان.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر تەرجىمە قىلغان يۇقىرىقى ئەسەرلەر مىلادىيە 18 - ئەسىردىكى نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تېگىشلىك ئۈلۈشىنى قوشقان.

«رەۋزەتۇسسەفا» (مۇھەممەد ئىبنى خاۋەندشاھ ئىبنى مۇھەممەد مىرخۇەندىنىڭ ئەسىرى، مىلادىيە 1498 - يىلى ۋاپات بولغان) ناملىق ئەسەرنى مىلادىيە 1737 - يىلى ئەمىر قۇربانبەگ بىننى نىيازى (بەلكى يۇقىرىدىكى ئەمىن قۇربانبەگ خەزەناچى بولسا كېرەك) نىڭ تەشەببۇسى بىلەن مىرپازىل كىچىك ساقى ناملىق كىشى پارسچىدىن «قەشقەر شېۋىسى» گە تەرجىمە قىلىپ، «تارىخي خاۋەندشاھ» دەپ ئاتىغان.

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 1058 -، 1059 - بەتلەر.

② ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىلەتلەرنىڭ تارىخى»، 1058 -، 1059 - بەتلەر.

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 1058 -، 1059 - بەتلەر.

**«شاھنامە» نىڭ تەرجىمە قىلىنىشى:** شاھ ھىجران بىلەن خامۇشاخۇنلار «شاھنامەئى تۈركىي» نىڭ مۇئەللىپلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەشھۇردۇر .

پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» دېگەن بۈيۈك ئەسىرى ئۇيغۇرلارغا ئاز كەم 1000 يىلدىن بېرى تونۇشلۇق بولۇپ كەلگەن . ئۇيغۇر ئۆلىما - زىيالىيلىرى دەسلەپ ئۇنى پارس تىلىدىكى نۇسخىسى بويىچە ئوقۇغان بولسا ، كېيىنچە ، بولۇپمۇ مىلادىيە 18 - ئەسىرگە كەلگەندە ئارقا - ئارقىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ چىقىلغان .

بۇ خىزمەت دەسلەپ يەكەندە تەختتە ئولتۇرغان ھۆكۈمدار خوجا جاھان (ياقۇب ) نىڭ تەشەببۇسى بىلەن شاھ ھىجران دېگەن كىشى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان . مىلادىيە 1908 - يىلى تاشكەنتتە بېسىلغان «شاھنامەئى تۈركىي» دە بۇ توغرۇلۇق مۇنداق ئۇچۇر قالدۇرۇلغان : «تارىخىي بىر مىڭ بىريۈز ئاتمىش تۆت ، ئات يىلى جامادىيەلئاخىردا ناسىرى ئەھلى ئىمام ، خەلپەئى راھمان ، ئىنايەتى مۇلكى مەنان خۇجائى جاھان يەنى خوجا جاھان خوجام ··· ھۇزۇرلەرىدە بۇ فەقىرى بىبىزات ۋە ھەقىرى كەم ئىستىبدات يەنى شاھ ھىجران تەھمەتەن غۇسسەدىن جاھانگىر شېئىر ۋە بەرزۇئى دەلىر قىسسەئى پارس لىساندىن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلدۇق» دېمەك ، بۇ كىتاب دەسلەپ مىلادىيە 1751 ~ 1752 - يىللىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان .

شاھ ھىجراننىڭ تولۇق ئىسمى شاھ مۇھەممەد ئىمىناخۇن ئىبنى خوجا نىزامىدىن بولۇپ ، خوجا جاھان (ياقۇپ ) نىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە «شاھنامە» نى تەرجىمە قىلغان . تەرجىمە خىزمىتى داۋاملىشىۋاتقان بىر چاغدا ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى يۈز بېرىپ ، بۇ خىزمەت ئاخىرلىشالماي قالغان . شاھ ھىجرانمۇ شۇ قېتىملىق ماجىرادا ئۆلۈپ كەتكەن .



ھىجرىيە 1194 - (مىلادىيە 1780 - ) يىلىغا كەلگەندە خامۇشاخۇن يەكەندى شاھ ھىجراننىڭ تەرجىمىلىرىنى رەتلەش ۋە كەم قىسمىنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن . نەتىجىدە ، خامۇشئاخۇن يەكەندى شاھ ھىجران ئىشلىگەن تەرجىمىلەرنى رەتلەپ بىر كىتاب ، ئۆزىنىڭ تەرجىمىلىرىنى يەنە بىر كىتاب قىلغان . ئەدىب خامۇشاخۇن ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى «بىجەن نەۋجۇۋان» داستانىدىن باشلاپ «ئىسكەندەرنامە» نىڭ ئاخىرىغىچە تەرجىمە قىلغانلىقىنى ئېنىق يازغان . ئۇ ئۆز تەرجىمىسىنىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلغان بىر شېئىردا ئىككىنچى كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى ھىجرىيە 1211 - (مىلادىيە 1796 ~ 1797 ) يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 - (جۈمە ) كۈنى تامام بولغانلىقىنى ئېنىق يازغان . دېمەك ، خامۇشاخۇن «شاھنامەئى تۈركىي» نىڭ ئىككىنچى كىتابىنى 16 يىل ئەتراپىدا تاماملىغان . يۇقىرىقى ئىككى نەپەر تالانتلىق ئەدىبىڭ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئەمگىكى نەتىجىسىدە «شاھنامەئى تۈركىي» ناملىق بۇ زور ھەجىملىك نەسرىي ئەسەر ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن .[1]

«خامۇشاخۇن تەرىپىدىن يېزىلغان «شاھنامەئى تۈركىي» نىڭ ئىككىنچى كىتابىنىڭ قولىيازما نۇسخىسى مىلادىيە 1957 - يىلى يەكەندىكى ھېمىتخان دېگەن كىشىدىن ش ئۇ ئا ر مۇزېيىغا سېتىۋېلىنغان .

«مىڭ بىر كېچە» نى ئابدۇللاخان تەخمىنەن مىلادىيە 18 - ئەسىردە ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان .

«تارىخىي رەشىدى» (مىرزا ھەيدەرنىڭ ئەسىرى ) مىلادىيە 1751 - يىلى نامەلۇم تەرجىمان تەرىپىدىن پارس تىلىدىن تۈركىي

① ئابدۇقېيۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى)، 377 -، 378 - بەتلەر.

تىلىغا تەرجىمە قىلىغان .①

بۇ مەزگىلدە ئۆزلەشتۈرمە ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەدىب ئۆمەر باقىنىڭ ئەمگىكى ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى .

ئۆمەر باقى يەكەن ھۆكۈمدارى ئەنۋەر بەگنىڭ تەۋسىيىسىگە ئاساسەن ، مىلادىيە 1792 ـ يىلى «خەمسە نەۋائى» دىكى «لەيلى ۋە مەجنۇن» ، «پەرھاد ۋە شىرىن» ناملىق داستانلارنى نەسرىي شەكىلگە كەلتۈرۈپ ئىشلەپ چىققان . ئەسەردە قەھرىمانلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىلىرى نەزمىي شەكىلدە بېرىلگەندىن باشقا قالغان جايلىرى نەسرىي ئۇسلۇبتا ئىپادىلەنگەن . بۇ ئەسەر ئاممىباب ، يەڭگىل تىل بىلەن ئىشلەنگەچكە ، ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا بەلگىلىك قىزىقىش قوزغىغان ھەمدە شىنجاڭدىن ھالقىپ ، چەت ئەللەرگە تەسىر كۆرسەتكەن . ئۇلار «قىسسەئى فەرھاد ۋە شىرىن» ، «كىتابى لەيلى ۋە مەجنۇن» نامى بىلەن تاشكەنتتە مىلادىيە 1909 ـ ، 1910 ـ ، 1912 ـ ۋە 1915ـ يىللىرى تاشباسمىدا قايتا ـ قايتا بېسىلغان ، ئالدىنقىسىغا 13 پارچە كېيىنكىسىگە 11 پارچە قىستۇرما رەسىملەر ئىشلەنگەن .②

بۇ ئەسەرلەرنىڭ نەسرىي شەكلى دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان ، شىنجاڭدا ئۇنىڭ قولىيازما ۋە تاشباسما نۇسخىلىرى داۋاملىق تارقىلىپ تۇرغان . بۇ ئىككى پارچە ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئايلاندۇرۇلغان نۇسخىسى ئىلگىرى ـ كېيىن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ۋە «بۇلاق» ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى .③

ئۆمەر باقىنىڭ بۇ ئەمگىكى ئۆز زامانىسىدىكى نەسرىي ئەدەبى-

---

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 1059 ـ بەت.

② مۇھەممەدجان ھەكىموۋ (ئۆزبېكىستان): «ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن خەتتاتلار»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 3 ـ سان، 152 ـ بەت.

③ «فەرھاد ۋە شىرىن» دەسلەپ «قەشقەر ئەدەبىياتى»نىڭ 1985 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ سانلىرى ۋە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا؛ «لەيلى ۋە مەجنۇن» «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.



يات ، تىل ، ئېستېتىكىلىق ئەخلاق ، مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا قىممىتى زوردۇر .

دېمەك ، خوجىلار زامانىسى ئومۇمىيلىق جەھەتتە تەپرىقىچىلىق بىلەن تولغاندەك تۇيۇلسىمۇ ، ئەمما ، ئۇنىڭ مەلۇم باسقۇچى يەنىلا ئىنسانلار تارىخىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ماسلاشقان ھالدا ئىلگىرىلىگەن . خوجىلار زامانىسىنىڭ دەسلىپىدە ئاپپاق خوجا قوزغىغان سۈيىقەستلىك ۋە ۋەھىمىلىك ھادىسىلەر ۋە كېيىنكى مەزگىلدىكى بۇرھانىدىن خوجا بىلەن كىچىك خوجا (خان خوجا) قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك خوجىلار قوزغىغان توپىلاڭچىلىق پائالىيەتلەر قىسمەنلىك بولۇپ ، مىلادىيە 1700 ـ يىللاردىن 1755 ـ يىللىرىغىچە دانىيال خوجا جەمەتى يەنى قارا تاغلىق خوجىلار ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا ، ئۇلارنىڭمۇ ئۆتكۈر مەزھەپ كۈرىشىنىڭ سەركەردىلىرى بولۇشىغا ۋە ئاق تاغلىق خوجىلارنى دەھشەتلىك باستۇرۇش ھېسابىغا پۈت تىرەپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا قارىماي ، نىسپىي مۇقىملىق ۋە تەرەققىي قىلىش يولىنى تۇتۇپ ، شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئاشۇ بىر مەزگىللىك تارىخىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشقان ، بولۇپمۇ خوجا جاھان (ياقۇب) ئۆز زامانىسىدىكى ئىلغار پىكىرلىك خوجا ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلغار تەرىپىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ ، تارىختا تېگىشلىك ئورۇن تۇتقان .

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ، مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتە ، بىۋاستە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىنى يولغا قويۇپ ، شىنجاڭغا مۇقىملىق ئېلىپ كەلدى . نەتىجىدە ، مىلادىيە 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يىللىرى شىنجاڭ ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە داۋاملىق تەرەققىي قىلدى . يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بىر قاتار ئەدىبلەر ۋە ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلى-

كى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ .
ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە گۇمانىزم ، خەلقچىللىق ۋە ۋەتەن-
پەرۋەرلىك قاتارلىق ئىدىيىۋى ئېقىملار مەلۇم دەرىجىدە ئۆز كۈچىنى
كۆرسەتكەن .
گۇمانىزم ياۋروپادا بارلىققا كېلىپ ، سىستېمىلىق بىر خىل
پىكىر ئېقىمىغا ئايلانغان بولسىمۇ ، ئەمما دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى
خەلقلەر ئەدەبىياتىدىمۇ بۇ خىل پىكىر ئېقىمى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە
ئىپادىلەندى . جۇملىدىن ، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە يەكەن خانلىقى ئاغ-
دۇرۇلغان ، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگۈچە بول-
غان ئارىلىقتىكى مەزگىلدە ياشىغان بەزى ئىلغار پىكىرلىك ئەدىبلەر ،
جۈملىدىن خاراباتى ، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ، نەۋبەتى قاتارلىقلار
ئىجادىيىتىدە گۇمانىزم كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى .
ئۇيغۇر مىللىتى خەلق بولۇپ تارىخ سەھنىسىگە چىققاندىن كې-
يىن شەكىللىنىشكە باشلىغان خەلقچىللىق ئىدىيە ھەم ئۇنىڭدىن
كېيىن بارلىققا كەلگەن ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيە قاراخانىيلار سۇلالى-
سى دەۋرىدە ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن گۇمانىزملىق قاراشنىڭ
دەسلەپكى ھالىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ، ئارىدىن 4 ـ 5 ئەسىر
ئۆتكەندىن كېيىن ياشىغان ئەلىشىر نەۋائى ئىجادىيىتىدە يەنە بىر
بالداق يۇقىرىلاش ھالىتىگە ئۆتكەن . ئەمما ئاشۇ مىلادىيە 15 ~
16 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ، جۈملى-
دىن ئۇيغۇرلاردا گۇمانىزملىق ئىدىيىگە ئىگە ئەدىبلەر ۋە ئالىملاردا
كەسكىنلىك ۋە ئۇزۇل ـ كېسىللىك روھ ئاجىزراق بولغان . ئۆكتەم
خوجىلارنىڭ ئالتوپىلاڭلىرى ئەدەپ كەتكەن خوجىلار زامانىسىغا
كەلگەندە ، جەمئىيەتنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىقى ، ئىقتىسادنىڭ چېكىنىشى ،
قانۇن ۋە شەرىئەتنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشى ، ئىجتىمائىي ئەخلاق-
نىڭ ھەددىدىن تاشقىرى سۇسلىشىپ كېتىشى جەمئىيەت تەرەققىياتى
بىلەن قاتتىق سۈركىلىش پەيدا قىلىپ ، تۇن قاراڭغۇسىدا گۇلدۇرما-



مىلىق چاقماق شىددەتلىك چېقىن پەيدا قىلغىنىغا ئوخشاش ، گۇما-
نىزملىق ئىدىيىسىنىڭ زەلىلىگە ئوخشاش قەلبىگە يۈكسەك غايە يۈك-
كەن ئوت يۈرەك ئوغلانلارنىڭ ئاساسىي ئىدىيىۋى خاھىشى بولۇپ
قېلىشى بىر خىل تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىدى .
مىلادىيە 18 ـ ئەسىردىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئومۇمىي-
لىق جەھەتتە مۇقىملىققا ئىگە بولغان بىر مەزگىل (بۇنى يۇقىرىدا
سۆزلەپ ئۆتتۇق ) ، ئەمما قىسمەنلىك جەھەتتە پاراكەندىچىلىك ، ۋە-
ھىمىلىك ، روھىي بۇرۇقتۇرمىلىق ، ۋە تەركىدۇنياچىلىك ھادىسلىرى-
مۇ كۆرۈلۈپ تۇرغان . ھەتتا بۇ خىل سەلبىي ئىجتىمائىي خاھىش
بەزىدە ناھايىتى ئەزۋەيلەپ ، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى ئېلىش-
تۇرۇپ ، يېتەكچى مەۋقەگە چىقىش ئۈچۈن بەلگىلىك ئىجتىمائىي
ئاساسمۇ ھازىرلىنىۋالغان . كۆركەم ، تەمكىن ئۆسۈپ چىقىشقا ئاز قې-
لىۋاتقان كۈزنىڭ زىرائەتلىرى تۇيۇقسىز كەلگەن ئۈششۈك زەربىدىن
سولىشىپ قالغاندەك ، مىلادىيە 18 ـ ئەسىردىن ئىبارەت ئۇزۇن بىر
مەزگىل داۋامىدا ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان تونۇلغان
ئەدىبلەر ۋە نادىر ئەسەرلەر ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئاساسى بولۇش
رولىنى ئوينىغىنىدا ، دەممۇدەم كۆتۈرۈلگەن جاھىل ۋە تەركىدۇنياتەن
خوجىلارنىڭ غوۋغالىرى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر ، جۈملىدىن ،
زەلىلى ، نەۋبەتى ، مەشھۇرى ، ئەرشى ، مەھزۇن قاتارلىق شائىرلار-
نىڭ ئىدىيىسىدە يۇرت سۆيۈش چۈشەنچىسىنى ئۆستۈرۈپ بېرىشنىڭ
بىر قاتلام ئىجتىمائىي سەۋەبى بولۇپ قالدى . نەتىجىدە ئۇلار ئاق
تاغلىق خوجىلار ، جۈملىدىن ئاپپاق خوجا قاتارلىقلارنىڭ جۇڭغار
ئاقسۆڭەك فېئوداللىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە غايەت
زور بالايى ـ قازا ئېلىپ كەلگەنلىكى ، شۇنداقلا بۇ خىل رەزىل
قىلمىشلارنىڭ قارا تاغلىق خوجىلار ئىش باشقۇرۇۋاتقان مەزگىلدىمۇ
ناھايىتى يامان تەسىر ۋە ئاقىۋەتلەر ئېلىپ كەلگەنلىكى ، ھەتتا چىڭ
سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ خېلى

بىر مەزگىلگىچە ، ۋەتەن تۇپرىقىدىن قوغلىۋېتىلگەن توپىلاڭچى خوجا
ئەۋلادلىرى شايكا توپلاپ ، دەممۇدەم شىنجاڭغا باستۇرۇپ كىرىپ ،
ئالتوپىلاڭ چىقىرىپ تۇرغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار ۋەقە ۋە هادىسى-
لەرگە قارىتا يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلىدە بولغانلىقى
ئۇچۇن ، ئەل - يۇرتنىڭ تەقدىرى دائىم ئۇلارنىڭ دىققەت نەزەرىدە
بولۇپ كەلگەن . نەتىجىدە ، بۇ بىر تۇركۇم ئەدىبلەر ئۆز ئىجادىيىتى-
نىڭ بىر ساھەسىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىدىكى شېئىرىي مىسرالا-
رنى يارىتىشقا قارىتىپ ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ
ئۆسۈپ بېرىشىغا زور دەرىجىدە ئىلھام بەرگەن ، شىنجاڭنىڭ ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرىيىتىنىڭ ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىشىغا
مۇناسىپ ھەسسىسىنى قوشقان . جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ۋەتەننى سۆ-
يۇش ، ۋەتەن سۆيگۇسىنى ھەممىدىن ئۇلۇغ بىلىش ، ۋەتەنپەرۋەرلىك
تۇغىنى ئېگىز كۆتۇرۇش ئىرادىسىنى نامايان قىلغان .
ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، مىلادىيە 18 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ بەزىبىر ئىلغار
ئامىللىرىنى ئۆزىگە خېمىرتۇرۇچ قىلغان ھالدا شەكىللىنىپ ، ئۆز
زامانىسىنىڭ ئىجتىمائىي ، مەدەنىي ، سىياسىي ، ئىقتىسادىي ئەھۋالى-
نى تەرەققىي قىلىش ئاساسى قىلىپ ، 19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى-
نىڭ بارلىققا كېلىشىنى مۇھىم تارىخىي مەنبە قاتلىمى بىلەن تەمىن
ئەتتى . ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۇ-
رۇشى ئارقىسىدا كۆپ مىللەتلىك ۋەتەن ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركى-
بىي قىسمى بولۇش سالاھىيىتىنى تېخىمۇ روشەنلىككە ئىگە قىلدى .
جۇڭگو مىللەتلىرى ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىنى زور دەرىجىدە تولۇقلى-
دى .



# 18 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋەكىللىرى

## موللا پازىل

ئۇلۇغ شائىر ئەلشىر نەۋائىنىڭ مەشھۇر «خەمسە» — داستانلار
تۇركۇمىگە كىرگۇزۇلگەن ئىشق - مۇھەببەت تراگېدىيىسى تەسۋىر-
لەنگەن «لەيلى ۋە مەجنۇن»ناملىق داستانىدىن كېيىن ، شىنجاڭدا
ئەنە شۇ تېما ئاساسىدا يېڭىۋاشتىن داستان يېزىپ مۇۋەپپەقىيەت
قازانغان شائىرلاردىن بىرى موللا پازىلدۇر .
داستان ئاپتورى ئۆز ئىسمى ، تەخەللۇسى ، كەسپى توغرۇلۇق
داستاننىڭ بېشىدىكى «موللا كىچىكنىڭ ئەھۋالىنىڭ بايانى» دېگەن
بابتا مۇنداق نەزمىلەرنى پۇتكەن :

«ئاتىم فازىل ئىدى بولدى «كىچىك» نام ،
«كىچىك» دەرئېردى بارچە خاس ئىلە ئام .
....................................
سابۇنخانە مېنىڭ قولۇمدا ئېردى ،
تولا تەرجى مېنىڭ هولۇمدا ئېردى .
....................................
بار ئىدى باشىمە يۇزمىڭ سەۋدا ،
ئىجارىدار ئىدىم هوۋلۇمدا غەۋغا .
....................................
بېرىشىم كۆپ كىشىگە بار ئېردى ،
كى هاجەتمەنلارىم ئەغيار ئېردى .»

دېمەك ، مۇئەللىپنىڭ ئىسمى پازىل ، باشقىلار «كىچىك» نامى
بىلەن ئاتاشقا ئادەتلەنگەن ، ئەينى چاغدا ئوقۇپ ، بەلگىلىك سەۋىيىگە
ئىگە بولغانلىقى ئۇچۇن «موللا پازىل» نامى بىلەن زاماندىشلىرى

ئارىسىدا تونۇلغان، سوپۇنچىلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

موللا پازىلنىڭ ياشىغان ۋە بىزگە مەلۇم بولغان «لەيلى ۋە مەجنۇن»[1] ناملىق داستانىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرۇلۇق مەزكۇر داستاندا مۇنداق بايانلار بار:

«كىتابىم تەھرىخى «قايغۇ» دا ئېردى،
دېمەك غەم - غۇسسەئى قايغۇدا ئېردى.»

بۇ مىسرادىكى «قايغۇ» دېگەن سۆز ئەبجەد ھېسابىدا ھىجرىيە 1117 - (مىلادىيە 1706 ~ 1705) يىلىنى كۆرسىتىدۇ.

موللا پازىل يەنە:

«ئۆزۈمنىڭ سىنۇ سالىم «ھەمدە» ئېردى،
دىلۇ جانىم، خىيالىم غەمدە ئېردى.»

دەپ يازغان. بۇ مىسرادىكى «ھەمدە» سۆزى ئەبجەد ھېسابى بويىچە 52 دېگەن رەقەمنى كۆرسىتىدۇ. يەنى، شائىر 1705 - يىلى بۇ ئەسەرنى يازغان ۋاقتىدا 52 ياشقا كىرگەن، بۇنىڭدىن موللا پازىلنىڭ مىلادىيە 1654~1655 - يىللىرى تۇغۇلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئەمما قاچان ۋاپات بولغانلىقى توغرۇلۇق ئۇچۇر يوق.

موللا پازىلنىڭ يۇرتى توغرىسىدا ئۇنىڭ داستانىدا بىرەر خاتىرە قالدۇرۇلمىغان.

ئەمما، شائىر موللا پازىلنىڭ داستانىدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر بىلەن داستان يېزىلغان يىل ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلسا، شائىرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە ياشىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

موللا پازىلنىڭ تۇرمۇشى نامرات ئۆتكەن. ئۇ بۇ توغرۇلۇق مۇنداق ئۇچۇر قالدۇرغان:

① بۇ داستان ر. يۈسۈپنىڭ تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 1 -، 2 - سانلىرىدا ئېلان قىلىندى.



«ئۆزۈم بىر نامرات ئېردىم ئەيال مەندە،
يەنە ھېچنەرسە يوقتۇر غەير فەرزەندە.
يىقىلغاندا قوپارغە يوق مەجالىم،
ئانى داد ئەتكەلى يەتمەيدۇ ھالىم.»

شائىر بۇ مىسرالاردىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشى توغرىسىدا يەنىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىشقا ئۆتىدۇ. موللا پازىلنىڭ بايانىچە، ئۇ كۈن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سوپۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۆمرى نامراتلىق ۋە قىيىنچىلىقتا ئۆتكەن. يوقسۇزلۇق ۋە موھتاجلىق سەۋەبىدىن تۇرمۇشىدىكى كەم كۈتىلىرىنى تولۇقلىيالمىغان، ئىجارە ھەققى، قەرزلىرىنى تۆلەپ بولالمىغان، ھاجەتمەنلىك، موھتاجلىق ئىچىدە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، غەم - قايغۇغا چۆمگەن. داستانىنىڭ 15 - ماۋزۇسىدا شائىرنىڭ ئۆزى ھەققىدە يازغان بايانلىرى ھەمدە 14 - ماۋزۇ ئاستىدا بېرىلگەن بايانلار بىزگە رىياكار سوپى - ئىشانلار ۋە خوجىلار، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى خەلقنى تەرەپ - تەرەپتىن ئاچ بۆرىدەك تالاپ، يىلىكىنى شوراۋاتقان، سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇم چېكىگە يەتكەن ئەنە شۇ دەۋرنى بىزگە مەلۇم دەرىجىدە سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

موللا پازىلنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ «لەيلى ۋە مەجنۇن» ناملىق بۇ داستان جەمئىي 5592 مىسرا بولۇپ، ئۇ ئەسلىي 87 ماۋزۇ بىلەن تۈگىگەن بولسا كېرەك، لېكىن قولىيازمىدا كاتىپ پەقەت 65 ماۋزۇنىلا يېزىپ، قالغانلىرىنىڭ ماۋزۇ ئورنىنى ئاق تاشلاپ ئۆتۈپ كەتكەن. داستانىنىڭ ئالدىنقى 5 ماۋزۇسى دىباچە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاغا ھەمدۇ سانا، روسۇلۇللاغا، ئۇنىڭ چارىيارلىرىغا، ھەسەن - ھۈسەينلەرگە نەئىت ۋە مەدھىيىلەر ئېيتىلغان. قالغان قىسمى مەجنۇن بىلەن لەيلىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىگە بېغىشلانغان. داستاننىڭ قولىيازما نۇسخىسى مىلادىيە 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرى شىنجاڭدىن تېپىلىپ، ئۇنىڭ چاغاتاي يېزىقىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر

يېزىقى شەكلىگە ئۆرۈلگەن نۇسخىسى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 1 ـ ، 2 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىندى .

موللا پازىلنىڭ مەزكۇر داستانى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ شۇ نامىلىق داستانى بىلەن نامداش ۋە سۇژىت جەھەتتىمۇ ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇپ ، دەسلەپكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا ، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ داستانى يېزىلىپ ، 221 يىل كېيىن ئەينى بىر ماۋزۇدا شىنجاڭ تەۋەسىدە يېزىلغان يىرىك داستان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى ، موللا پازىل داستانىنى يېزىشتىن ئىلگىرى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ داستانى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ ، ئۇنىڭ ئىلھامى ۋە بەدىئىي ئەسىرىنىڭ مەنبەسى خەلق ھاياتى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ھالدا ، جاھان كېزىپ يازماقچى بولغان ئەسىرىگە ماتېرىيال توپلىغان . ئۇ بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى يازىدۇ :

«كىرىپ مەن رەستەئى بازار ئىچرە ،
كى گويا نافەئى تاتار ئىچرە ،
كىرىپ سەيىر ئەيلەدىم شەھرى جاھاننى ،
كۆرۈپ فەھىم ئەيلەدىم ياخشى ـ ياماننى .»

تىل سەنئىتى ھېسابلانغان ئەدەبىيات يۈكسەك غايە ۋە تولغۇن مەزمۇننى باي ، ئىپادىچان تىل ئارقىلىق تەسۋىرلىگەندىلا ، مەزمۇن بىلەن شەكىل ئورگانىك ھالدا جىپسىلىشىپ ، ئاپتورنىڭ مەسئۇلىيەتچان ئىجادىي مەھسۇلىدىن زېرەك ئوقۇرمەن بەدىئىي زوق ئالالايدۇ ، ئەدەبىياتنىڭ تىل سەنئىتى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن شائىر موللا پازىل ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» نامىلىق داستانى ھەم ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەمسە ـ داستانلار توپلىمى ، جۈملىدىن ئۆزى كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولغان تونۇلغان ئەدىبلەرنىڭ بەدىئىي ئەسەرلىرىنى ئوبدان ئوقۇغان ۋە ئۆزلەشتۈرگەندىن باشقا ، تىلنى ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارىسىدىن سۆز دۇردانىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش



ئىكەنلىكىنى مۇنۇ مىسرالاردا ئىزھار قىلغان :

«تاپىپ ئىزدەپ بارى تاغلار ئاراكان ،
تاپىپ ئۇل كاندىن لەئلى بەدەخشان .
بۇ كۆڭلۈم قۇشلارى قۇشلاردا بۇلبۇل ،
بارى گۈللەر ئاراسىدىن قىزىل گۈل .
قوشۇلۇپ ئەرز ئۇل دەريايى ئۇممان ،
ئالىپ دەريا تەھىدىن دۇررى غەلتان .»

دېمەك ، شائىر ئۆز ئەسىرىنى يېزىشتىن ئىلگىرى بىرى خەلق تۇرمۇشى ، يەنە بىرى خەلق تىلىنى پۇختا ئىگىلەپ تولۇق تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن ، چوڭ ھەجىملىك داستانىنى رەسمىي يېزىشقا كىرىشكەن ھەم كۆپ يىللىق بەدىئىي ئىجادىيەت ماھارىتى ۋە تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ ، ئەسىرىنى ئۇتۇقلۇق تاماملىغان .

موللا پازىل ئۆز داستانىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي قۇرۇلمىغا ئىگە ئەسەر قىلىپ يېزىپ چىقىش يولىدا بەلگىلىك ئىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ، شائىر داستانىنىڭ باش قىسمىدا «ئۆز ھالىغا ئۆزرىخاھلىق قىلغانى» ، «مۇناجات بەدىنارگاھى قازىيۇل ھاجات» ، «قەلەم كاغەزگە جەۋاب بەرگەنى» ، «ئەرزداشت قەلەم» ، «سىفەتى ئەھلى ئىشق» ، «كاغەز قەلەمگە جاۋاب بەرگەنى» ، «دەرمەزھەبى ئىبلىس ئەلەيھىللەئىنە» ، «دەرھەسبى ھال خۇدگۇيەند» ، «بۇ دۇنيانىڭ بىۋەفالىقىنىڭ بەيانى» ، «شەھەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ بەيانى» قاتارلىق ماۋزۇلار ئاستىدىكى مىسرالاردا ئېيتقان پىكىرلەر ۋە باشقا جايلىرىدىكى تەسۋىرلەر بۇ نۇقتىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ .

مەسئۇلىيەتچان ئەدىبنىڭ ۋەزىپىسى ، مەيلى قايسى خىل ئۇسۇل ياكى شەكىل ئارقىلىق بولمىسۇن ئۆزى ياشاپ تۇرغان دەۋر ۋە جەمئىيەتنىڭ روھىي قىياپەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت . شائىر موللا پازىل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مۇشكۇل ۋە زۇلمەتلىك بىر باسقۇچىدا ياشاپ ، بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن ،

ئۇنىڭ دىققەت نەزەرىدە جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ ، سەلبىي تەرىپىنى پاش قىلىش ، مېھنەتكەشلەر ئاممىسىنىڭ ھايات ئۈچۈن قىلىۋاتقان تىركىشىشىنىڭ توسالغۇلىرىنى كىنايە قىلىش ، دەۋر تراگېدىيىسىنىڭ ئېغىر ئاقىۋەتلەر پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىن پىكىر ۋە ھۆرلۈككە بولغان ئىنتىلىشىنىڭ بوغۇلۇۋاتقانلىقىنى تەسۋىرلەش مۇھىم ئورۇن تۇتقان . شائىر داستاندىكى ئەرەبىستان چۆللىرى ۋە ئەرەب قەبىلىلىرىدىن چىققان مەجنۇن بىلەن لەيلى كەبى يىگىت - قىزلار تەسۋىرى ئەسەرنىڭ شەكىل مەسىلىسىگە تاللىق بولۇپ ، ئۇنىڭ مەزمۇن خاراكتېرىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ماھىيەتلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن . مەسىلەن :

«زەمانە تەڭ ئېردى يۇرت ۋەيران ،
بۇ ئەلدە بار ئېردى كۆپ داغى ھىجران .
..........................................
ھەممە بوستانلار جاڭگالىستان ئېردى ،
گۈلىستانلار ھەممە خارىستان ئېردى .»

شائىر موللا پازىل ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي مەنزىرىسىنى بويىماستىن ، ئەينەن تەسۋىرلەش بىلەن بىرگە ئەنە شۇ قاباھەتلىك جەمئىيەتتە تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان يۇرتداشلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى تەسىرلىك يوسۇندا مۇنداق سۈرەتلىگەن :

«خەراب ئولدى ھەممە ھەم ئۆيۈ ئەيۋان ،
بولۇپ ئەردى بۇ يۇرت يەر بىلەن يەكسان .
ھەمە ئەل نان كويىدا ئېردى مەجنۇن ،
ئەلىفتەك قامەتى ئېردى ھەمە تون .
ئانادىن ئوغلىغە پەردە يوق ئېردى ،
كۆڭۈلنى بەرگۇدەك رەئنا يوق ئېردى .
يوق ئېردى چېھرىلەردە قەترە نۇرى ،
يېمەك - ئىچمەكتە يوق ئېردى ھوزۇرى .



ئەگەر بىر جاننى بىر نانغا بەرسە ،
خەرىدارى يوق ئېردى دانغا بەرسە .
تاتىبان ئاھ ئۇرۇپ ئەركەك - تىشىلەر ،
ئۇلار پەرىيادىغا يەتمەس كىشىلەر .»

دېمەك شائىرنىڭ ئۆتكۈر غەزەپكە تولغان يۇقىرىقى مىسرالىرىنى كۆزدىن كەچۈرگىنىمىزدە ، مەجنۇن بىلەن لەيلىنى يېتىلدۈرگەن ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى تراگېدىيىنى پەيدا قىلغان مۇھىت دەل موللا پازىل ياشاپ تۇرغان مۇدھىش جەمئىيەت ئىدى . لەيلى ۋە مەجنۇن تراگېدىيىسىنىڭ ئەينى چاغدا يېڭىۋاشتىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى خەلقچىل شائىر موللا پازىلنىڭ ھەم ئەنئەنىۋى سۇژېتلارنى ئۆرنەك قىلىپ ، ئۇنى تېخىمۇ يارقىنلاشتۇرۇش ۋە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش غايىسى ، ھەم ئۆز دەۋرىنىڭ جەمئىيەت ئاتموسفېراسىغا بولغان باھاسىنى يوشۇرۇن ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى .

شائىر موللا پازىلنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بويىچە يېزىلغان . ئەمما يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ئۇنىڭدا رېئالىزملىق خاھىشمۇ بەلگىلىك ئىپادىلەنگەن . موللا پازىلنىڭ رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بويىچە ئىش تۇتىشى ، بىر تەرەپتىن چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى داستانچىلىق ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، شائىر ياشاپ تۇرغان دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . شۇنداق بولسىمۇ شائىر رومانتىزملىق ئۇسۇلنىڭ ۋاستىسى بىلەن رېئالىزملىق خاھىشنى تەقلىدچىلىك ۋە كلاسسىزملىق ئېقىمىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ مەۋجۇت مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ئۇتۇق قازانغان .

## مەھزۇن

مىلادىيە 18 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شېئرىيەت ساھە-

سىدە شائىر مەھزۇن بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە . شائىر ئۆز ئىسمى ، تەخەللۇسى توغرىسىدا مۇنۇلارنى يازىدۇ :

«دەردۇغەم كۆپرەك ئۇچۇن چەرخ ماڭا مەھزۇن دەپ ،
ئاھ نەيلەي ، ئاتىم ئىسمائىل ئىدى ، قويدى لەقەپ .»

دېمەك ، شائىرنىڭ ئىسمى ئىسمائىل ، تەخەللۇسى مەھزۇن بولۇپ ، شېئىرلار توپلىمىدا خوتەن نامىنى تىلغا ئېلىپ بىرقانچە غەزەل يازغان . مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ، شائىرنى خوتەنلىك بولسا كېرەك ، دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ . مەسىلەن :

«مەنى مەھزۇن نېتەي بۇ غۇربەت ئىچرە ،
خوتەن مۇلكى مېنىڭ ئېردى دىيارىم .»

يەنە :

«مەھزۇن خوتەنگە ئالتەشەھەر چەھار باغىدىن ،
مەقامى ئەسلىغە يان ، ئۆز دىيارى خوب .»

ئالدىنقى بىر بېيىت شائىرنىڭ ئەسلىي يۇرتى خوتەن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە ، كېيىنكى بىر بېيىت ئۇنىڭ خوتەندىن سەپەرگە ئاتلىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قانچە شەھەرلەرگە بارغانلىقىنى ۋە ئۇ جايلاردا بىر مەزگىل مۇساپىرلىق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ .

شائىرنىڭ قاچان ياشاپ ئۆتكەنلىكى توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى يەنە ئۇنىڭ شېئىرلار توپلىمىدىن تېپىش مۇمكىن . ئۇ قوغۇنلار مۇنازىرىسى توغرىسىدا يېزىلغان بىر داستاندا «خوجا ئىسھاق» دېگەن بىر كىشىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن . مەسىلەن :

«خوسۇسەن خاجەئى ئىسھاق ۋەلىغە ،
مەيى ۋەھدەتنى ئىچكەن پۇردىلىغە .
..................................
ۋىلايەت كىشۋەرى ساھىب سەرىرى ،
خوتەن مۇلكى ئېلىنىڭ دەستىگىرى .»



ئىلمىي خادىملار بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان خوجا ئىسھاقنى مىلادىيە 18 - ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدا خوتەندە ھاكىمىيەت ئۈستىدە ئولتۇرغان ئادەم بولۇشى مۇمكىن دەپ ھېسابلاشماقتا .①

«ئۆمرۈم ئەللىككە يېتىپ ئەمدى تايانمايمۇ ھاسا ،
دەھرى باغىدا سىنىپ شاخى ، ئىگىلدى شەجەرىم»

دېگەن مىسرالىرى ھەم يۇقىرىقى قاراشقا مۇئەييەن تولۇقلىملىق رول ئوينايدۇ .

شائىرنىڭ «دىۋانى مەھزۇن» ناملىق بىر توپلىمى بار② بولۇپ ، ئۇنىڭغا غەزەل ، مۇخەممەس ، مەسنەۋى (داستان ) قاتارلىق ژانىرلاردا يېزىلغان 1805 مىسرا ھەجىمدىكى شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن .

توپلامنىڭ ئاساسىي قىسمى لىرىك شېئىرلاردىن ئىبارەت بولۇپ ، ئومۇمىيلىق جەھەتتە ئۇلار مۇھەببەت ماۋزۇسىغا بېغىشلانغان . شائىر سۆيگۈ - مۇھەببەت تېمىسىنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ زامان زۇلمىدىن ، جاھاننىڭ تەتۈر قىسمەتلىرىدىن شىكايەت قىلىش ، ئەل - يۇرتنى قىزغىن سۆيۈش ، ئالدامچى شەخسلەردىن يىرگىنىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن .

ئىشانلىق مەسلىكى ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە ئورنىدا تۇرغان بىر شارائىتتا شائىر مەھزۇن ئىنسان گۈزەللىكى ، قەدىر - قىممىتى ، ئەركىنلىكىنى مەدھىيىلەپ ، ئۆزىنىڭ ئىسيانكارلىق روھىنى نامايان قىلغان . بۇ ئۇنىڭ گۈزەل يار ۋە ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىنى گەۋدىلەندۇ-

① ئابدۇرېشىت ئىسلامى: «‹دىۋانى مەھزۇن› نى نەشرگە تەييارلاش سۆزى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1981 - يىللىق 1 - سان، 187 - بەت.

② «دىۋانى مەھزۇن» دىكى شېئىرلار دەسلەپ ئابدۇرېشىت ئىسلامىنىڭ تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىللىق 1 - سانى، 1982 - يىللىق 1 -، 2 -، سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان؛ «دىۋانى مەھزۇن» 1995 - يىلى تۇرسۇن ھوشۇرنىڭ تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

روُپ تەسۋىرلىگەن شېئىرلىرىدا ، جۈملىدىن «ھېچ نەرسە يوقتۇرۇر »
ناملىق شېئىردا مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ :

«ھېچ نەرسە يوقتۇرۇر ئالەم ئارا جاناندىن ئۆز ،
جاننى ھەم ئۆز دەرلەر ، ئەمما جان ئەمەستۇر ئاندىن ئۆز »
«خەتتى - خالى بەندەسى بولغان جىھەتتىن تاڭ ئەمەس ،
گۈلشەن ئىچرە رەڭگى بويى بولمىسا رەيھاندىن ئۆز .»

مەھزۇن يەنە ئۆز دەۋرىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولۇۋېلىپ ، ساختا
ئىبادەت بىلەن كىشىلەرنى ئالداپ ، ئۇلارنى قاقتى - سوقتى قىلىدى-
غان ، ئالدامچى روھانىيلارنى ساۋىدايىغان شېئىرلارنىمۇ يازغان .
شائىر «كىيىپ ئەڭنىگە مەللە تون خەلفە» ناملىق شېئىرىدا بۇ خىل
قارىشىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن :

«كىيىپ ئەڭنىگە مەللە تون خەلفە ،
ئالىپ يەيدۇر رىيا بىرلە ۋەزىفە .
ئانىڭدىن ياخشىراقدۇر تىررە ئابدال ،
كېچە - كۈندۈز قىلادۇر ياخشى ئەئمال .
مەسەل باردۇر : ‹تىلەر ئابدال ئەمانلىق ،
تىلەيدۇر خاجە دەستارى يامانلىق › .»

«دىۋانى مەھزۇن» نىڭ ئاخىرىدا مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان
داستان بولۇپ ، ئۇ قوغۇنلار مۇنازىرىسىگە بېغىشلانغان . شۇڭا ئۇنى
«قوغۇنلار مۇنازىرىسى» دەپ ئاتاپ تۇردۇق . شائىر داستاندا كۆك
ناۋات ، كۆك تۇرنا ، ئاق تۇرنا ، ھاشىمى ، نەيشەكەر ، ئىركانى ،
جۆرەقەندە ، قەدىر شاھبەگ ، نەشپاتى ، رەئنايى ، ئابىھايات ، سېرىق
ھەرە ، بەدرەڭ ، نوچى تويماس ، تويدى قېرىن ، مىژگان ، ئاقچى ،
سەۋزە نازۇك ، بەرگى نەي ، جاغدا ، ئابدۇغاپپار ، خامانچى ، شېكەر
سۈيى ، پوستى پىياز ، بىشەكشىرىن ، خوجا دەستار ، لوبىيانى قاتار-
لىق 27 خىل قوغۇننىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن . داستان سەھد-



پىسىدە بۇ قوغۇن تۈرلىرى ئۆزئارا قاتتىق مۇنازىرىگە سېلىنغان .
بۇ خىل مۇنازىرە ئالدى بىلەن ھەر بىر قوغۇن تۈرىنىڭ ئۆزىنى چوڭ
تۇتۇپ ، مەنمەنلىك قىلىشىدىن كېلىپ چىققان . مۇنازىرىنىڭ مۇقەد-
دىمىسى مۇنداق باشلىنىدۇ :

«بۇ يەردە كەلدى قوغۇن كۆك نەبات دەپ ،
مېنى ھەركىم يىگەي ئابىھايات دەپ .
تۇگەنمەي كۆك نەباتنىڭ بۇ كەلامى ،
قوغۇن يەتتى يەنا كۆك تۇرنا نامى .
دېدى : ئەي كۆك نەبات يالغانچىدۇرسەن ،
ئۆزۈڭنى ئاشۇرۇپ تەئرىف قىلۇرسەن .
ساڭا كىم قويغان ئېردى كۆك نەبات ئات ،
قىلۇرسەن ئۇشبۇ ئات بىرلە مۇباھات .
مېنى كۆپ ئارزۇلاپ يەر پادىشاھلار ،
تالاشۇرلار شافىقىمنى گەدالار .»

مانا مۇشۇنداق بىر مەيدان جىددىي ۋە كەسكىن مۇنازىرىدىن
كېيىن پۇلنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى ، تور قوغۇننىڭ مەسلىھەتى بىلەن
قوغۇنلار بىرلىككە كېلىپ «ھاشىمى» ناملىق قوغۇننى پادىشاھلىققا
سايلاپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن مىژگان ، لوبىيانى قاتارلىق 19 خىل
قوغۇننى ۋەزىرلىكتىن تارتىپ چايچىلىققىچە بەلگىلەپ ، ئۇلار ئارىسى-
دا يۈز بەرگەن تالاش - تارتىش ، نىزالارنىڭ ئۆزىگە يارىشا مەنسەپكە
ئىگە بولۇشى بىلەن پەسكويغا چۈشكەنلىكىنى ئەپچىللىك بىلەن تەس-
ۋىرلىگەن .

فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى — چىرىك-
لىك ، نەپسانىيەتچىلىك ۋە ھوقۇقپەرەسلىكتىن ئىبارەت . بۇ مەيلى
فېئودال ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدە بولسۇن ، مەيلى روھانىيلاردا بول-
سۇن ئورتاق ھالدا ئىپادىلىنىدۇ . مەھزۇن يۇقىرى ئىجتىمائىي ئاڭغا
ئىگە شائىر بولغانلىقى ئۈچۈن ، جەمئىيەتكە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچان-

لىق نەزىرى بىلەن قاراپ ، ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ ئېغىر ئىجتىمائىي
كېسەللىكنىڭ بىرى بولغان ھوقۇقپەرەسلىكنى مەسخىرە قىلىش ئىسە-
تىكىدە مەزكۇر داستاننى يېزىپ چىققان . شائىر ، بىر تەرەپتىن
ھۆكۇمران قارا كۈچلەرنىڭ بىۋاستە ھالدا چىشىغا تېگىپ ، ئوغىسىد-
نى قاينىتىۋېتىشتىن ساقلىنىش ، يەنە بىر تەرەپتىن ، قىزىقارلىق
بولۇشنى نىشانلاپ ، داستاننى سىمۋولىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى
قوللىنىپ يېزىپ ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان . شۇنىڭ بىلەن بىرگە
ئەسەردە يەنە ھەجۋىيلىك ئېلېمېنتلارمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە ئۆز رولىد-
نى جارى قىلدۇرغان . «قوغۇنلار مۇنازىرىسى» شائىر ياشىغان دەۋر-
دىكى فېئودال ھۆكۇمرانلار سورۇنىنىڭ ئىخچام ، تېپىكلەشكەن بەدد-
ئىي كۆرۈنۈشى . شائىر مەھزۇن نەپسانىيەتچىلىك ، چىرىكلىك ۋە
ھوقۇقپەرەسلىك بىلەن تولغان فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ھاكىمىيەت
سورۇنىنى ماھىيەت جەھەتتە تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە تۇتۇنۇپ ، ئۇنىڭ
رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن فېئودال ئىمتىياز
ئىگىلىرى ، رىياكار روھانىي كۈچلەر ئارىسىدا ھەرقانچە كېلىشمەس-
لىك ، ئۆتكۈر زىددىيەت ، كۈچلۈك قارىمۇ قارشىلىقلارنىڭ بولۇشىد-
دىن قەتئىينەزەر ، شەخسى ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان ، تويماس نەپسى
قاندۇرۇلغان ، مۇرادى ھاسىل بولغان ھامان كۆڭلى ئارامىغا چۈشىد-
دىغانلىقى ، قارشىلىششلارنى توختىتىدىغانلىقىدەك چاكىنا خاراكتې-
رىنى دەل جايىدا ، ماھىرلىق بىلەن قامچىلاپ ئۆتكەن . شائىرنىڭ
نەزىرىدە ھوقۇقپەرەس ، نەپسانىيەتچى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى بىر
جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى . شۇنداق بولغاچقا ، شائىر ئۇلارنىڭ ھەممىسىد-
نى بىر چوڭ قوغۇن تۈرىنىڭ خىلمۇ خىل ئۇرۇقداشلىرىنىڭ سىمۋو-
لى قىلىپ ، بىرلا تاياقتا ھەيدىگەن . بۇ ئەلۋەتتە ئىجتىمائىي ۋە
سىياسىي سەزگۈرلۈك ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان ، يۇقىرى بەدد-
ئىيلىكنىڭ ياردىمى بىلەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغان بىر خىل
ماھارەت . شائىر مەھزۇننىڭ ئاللېگورىيىلىك ئوبرازلارنى ماھىيەت



ۋە شەكىل جەھەتتە ئوخشاش تىپ ۋە تۈردىن تاللاپ ، بىر پۈتۈن
جەمئىيەتنىڭ چوڭ بىر ساھەسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىللەتلىرىنى تىپىك-
لەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈشكە ماھىرلىقى ، ئۇنىڭدا ئۇزۇن يىللىق
كۆزىتىپ توپلىغان مول ماتېرىيال ، كۆپ يىل ئىجادىيەت ئېلىپ
بارغان باي تەجرىبە ۋە ماھارەت بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .
شائىر مەھزۇننىڭ تولۇق بولمىغان ھالدا دەۋرىمىزگە يېتىپ
كەلگەن «دىۋانى مەھزۇن» ناملىق توپلىمى بار بولغاندىن باشقا مەھ-
زۇن نامىغا مەنسۇپ بەزى ئەسەرلەر توغرىسىدا ئۇچۇرلار مەۋجۇت .
مەسىلەن : چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان نەسرىي ئەسەرلەر ئىچىدە «قىسد-
سەئى پەرھاد ۋە شېرىن» ناملىق بىر ئەسەر مەھزۇن لەقەبلىك
ئاپتورنىڭ نامىغا تالىق بولۇپ ، مۇئەللىپلەر ئۇنى مىلادىيە 19 ـ
ئەسىر ئاپتورلىرىدىن دەپ قارىغان . ① يەنە 1990 ـ يىللارنىڭ
باشلىرىدا ئاقسۇدىن ، 5 غەزەل ، نەۋائى غەزىلىگە يېزىلغان 8 پارچە
تەخمىس بايقىلىپ مەھزۇن تەخەللۇسى ئاستىدا «بۇلاق» ژۇرنىلىدا
ئېلان قىلىندى .②

## مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى

**خاراباتىنىڭ ھاياتى :** شائىر مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خارابا-
تى (مىلادىيە 1638 ـ 1730 ) ئاقسۇ ناھىيىسى ، ئېگەرچى يېزىسى ،
چوغتال كەنتىدىن بولۇپ ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرى ، خوجىلار
زامانىسىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىدا ياشىغان .
مۇھەممەدنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى داۋاملىق ئوقۇتۇشقا كۆپ كۈچ

① مۇھەممەدجان ھەكىموپ (ئۆزبېكىستان): «نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن خەتتاتلار»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىللىق 3 ـ سان، 152 ـ بەت.
② بۇ شېئىرلار «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

چىقارغان . ئۇ ئاقسۇ ، قەشقەر ، بۇخارا قاتارلىق جايلاردىكى ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك مەكتەپ ـ مەدرىسلەردە بىلىم تەھسىل قىلىپ ، ئۇيغۇر ، جۈملىدىن شەرق مۇسۇلمان ئەللىرى ئەدەبىياتى ، پەلسەپە ، مەنتىق ، فىقھى قاتارلىق ئىلىملەرنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەن . ئۆز يۇرتىغا قايتىدىن كەلگەندىن كېيىن ئىماملىق ۋە مۇدەررىسلىك بىلەن شۇغۇللانغان .[1]

مۇھەممەدنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى بۇخارادا ئوقۇپ تۇرغان چاغلىرىدا سېزىلىشكە باشلىغان . ئۇ ، ئۇ يەردە فىقھى ، ئىسلام پەلسەپىسىگە دائىر يىرىك مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىپ ، مەكتەپداش تالىپلار ۋە مۇدەررىسلەر ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلغان . ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، بىر تەرەپتىن دىنىي ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىلمىي ـ ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . ئۇنىڭدىكى ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەت ، تولغان ئەقىل ـ پاراسەت يۇرتداشلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ ، ئىناۋىتى يۇقىرىلاپ ، كىشىلەر چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئىخلاس قىلىدىغان مۆتىۋەر زاتقا ئايلىنىدۇ ، دانىشمەن ئالىم سۈپىتىدە ئىززەتلىنىدۇ . ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئالىمنى ئالاھىدە ئۇلۇغلاپ ھەيۋەتلىك «ھاجى خاراباتى» مەقبەرىسى ۋە خانىقاسىنى تىكلەيدۇ . ئالىمنىڭ خانىقاسى ئۆلىما ـ تالىپلار ، ئىلىمخۇمار كىشىلەر توپلىنىپ مۇنازىرە ، مۇتالىئە ئېلىپ بارىدىغان ، ئىلمىي ئۇتۇقلىرىنى كۆرەك قىلىدىغان بىر ئىلىم دەرگاھىغا ئايلىنىدۇ .

مۇھەممەد «خاراباتى» تەخەللۇسى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان . ئۇنىڭ شېئىرلىرى «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» ، «مەسنەۋى خاراباتى» نامىدا توپلام قىلىنغان . ئالدىنقىسى 13 مىڭ مىسرا

① ئېزىز ساۋۇت: «‹مەسنەۋى خاراباتى› نى ‹نەشرگە تەييارلىغۇچى› سۆزى» (مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى: «مەسنەۋى خاراباتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى).



ھەجىمدە بولۇپ ، شائىر 88 ياشقا تولغاندا (مىلادىيە 1726 ـ يىلى ) توپلام قىلىنغان .

**«كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ مەزمۇنى :** «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» رېئالىزملىق ۋە خەلقچىللىق روھقا باي ئەسەر ، رېئالىزمچى شائىر خاراباتى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جاسارەت بىلەن ئۆز جەمئىيىتىنىڭ رەزىل قىياپىتىنى تۆۋەندىكى قۇرلاردا مۇنداق سۈرەتلەپ بەرگەن :

«ئەي بۇرادەر بۇ جاھان زىندان ساڭا ،
بولماغىل زىنھارى شاد خەندان ساڭا .

خاھ غەنىيۇ ، خاھ گادايۇ شاھ ھەمە ،
خاھ شەيخۇ ، خاھ سوفىيۇ ، موللا ھەمە .

خاھى قازى ، مۇفتى ، خاھى مۇھتەسىب ،
ئىستەمەس ھەرگىز ھالالدىن نەسىب .

بىر ـ بىرلىرىنى ھەمە قەسدىدەدۇر ،
تىغ زەھەر ئالۇد دەستىدەدۇر .

تۇن ـ كۈن ئوغلى ئاتاغە مۇددەئى ،
ھەم قىساس دوختەر ئاناغە مۇددەئى .

ھېچكىم قورقماس كىشى ھەققىدىن ،
يادىغا كەلمەيدۇ ھەقنى قەھرىدىن ،

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

كىم بىرادەر ھەققىدىن يەردا ئىچەر ،
ئۇل كىشىنىڭ كۆڭلىدىن گۆھەر كۆچەر .

ھېچكىم يۇقدۇركى غەيبەتدىن يىراق ،
ھەم بىراۋ شىركۇ ئاداۋەتدىن يىراق .

ھېچكىمدە يوق دۇرۇر بىر پاكى ھەلق ،
بارچەنى ئالۇدەدۇر ناپاكى ھەلق .

ھېچكىمدە يوق دۇرۇر شەرمۇ ھايا ،
ھېچكىم بولمەس بىر ـ بىرىدىن رىزا .

ھېچكىمدە يوق دۇرۇر شەرمۇ ھايا ،
بىر ـ بىرلەرىغە قىلۇر جەۋرۇ جاپا .

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

خالى ئەرمەس ھېچكىم ۋەسۋاسىدىن ،
پاك ئەرمەس كۆڭلى ھەم خەنناسىدىن .

كىمدۇر بۇ ئالەم ئارا دىۋسىز كىشى ،
ھەرنە مەشغۇلاتى ئۇل دىۋنى ئىشى .

بۇ زامان قاچماس ھارامدىن ھېچكىم ،



ئادىمغە بۇ دۇرۇر ئەيىب ئەزم .»①

خاراباتى ئۆزى ياشاپ تۇرغان ئادەمخور جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن ، تېخىمۇ ئۆتكۈر ، تېخىمۇ يىغىنچاق ، تېخىمۇ تىپىكلەشتۇرگەن ھالدا ، ئۇ جەمئىيەتكە مۇنداق خاراكتېرىستىكا بېرىدۇ :

«قۇل قىلىبدۇر بارچەنى ئەفسۇن بىلەن ،
پەرۋەرىش ئەيلەبدۇر ھەم ئەفيۇن بىلەن .»②

ئادالەت يوقالغان ، ھەققانىيەت ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان ، رەزىللىك يامراپ كەتكەن جەمئىيەتنىڭ ئەپت ـ بەشرىسىنى ئېچىپ تاشلاشلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىش بىلەن بىرگە ، بۇنداق رەزىللىك بىلەن تولغان جەمئىيەت ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈشكە تۇتۇنغان شائىر :

«سېنىڭ ئەمرىڭ قويۇپ بولدۇم تىبەكار③
تىلىم ئىسيان قىلىپ بولدۇم گۇنەكار .

.....................................

ئەگەرچە مەندە بولسا كوھى ئىسيان ،
ساڭا بولمەس ئىنىڭدىن زەررە نۇقسان .

.....................................

پادشاھا تۇنۇ كۈن دەرماندەمەن ،
فىسىق ئىلە ھەم جۇرمىلە ئىسياندەمەن .

.....................................

پادشاھا مۇشكۇلۇم ئاسان ساڭا ،
مەندە ئىسيان بولسە يوق نۇقسان ساڭا .

① «مەسنەۋى خاراباتى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى)، 245 ـ، 247 ـ بەتلەر.
② «مەسنەۋى خاراباتى»، 250 ـ بەت.
③ تىبەكار ـــ يامان ئادەم، بۇزغۇنچى.

..................................

قىلماغاچ ئادەمنى شەيتاندىن جۇدا،
تۇنۇ كۈن بولمايدۇر ئىسياندىن جۇدا.»[①]

دەپ يازىدۇ.

شائىرنىڭ قارشىلىق روھى كەسكىن بولۇپ، ئۇ ئۆز مەسلىكى ئۈچۈن بولىدىغان تىركىشىشىدە قانچىكى ئېغىر ئازابقا دۇچ كەلمىسۇن، ھەتتا «خۇدا» دىن كېلىدىغان جازاغا ئۇچرىسىمۇ تەۋرىنىشتە بولمايدىغانلىقىنى جەڭگىۋار شېئىرىي مىسرالىرىدا ئىپادىلەيدۇ ھەمدە ياڭراق ئاۋاز بىلەن «خۇدا» غا خىتاب قىلىپ، «سەن مېنى غەمدىن خالاس قىلمىغانلىقىڭ ئۈچۈن، كۆڭلۈمدە سېنى ياد قىلمايۋاتىمەن»[②] دەپ چۇقان كۆتۈرىدۇ. چۈنكى شائىر كۆتۈرۈۋاتقان چۇقان، قىلىۋاتقان ئىسيانىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەنچ ھاسىل قىلغانىدى.

ئابدۇللا خاراباتى ئىلغار پىكىرگە ئىگە شائىر ئىدى. جەمئىيەتنى تۈزەش، خەلق روھىيىتىنى ساغلاملاشتۇرۇش، جاھىل ۋە نادان ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنى ئۆزگەرتىشتە ئېتىكىلىق ئەخلاقنىڭ تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەن شائىر ئېتىكا — ئەخلاق مەسىلىلىرىگە ناھايىتى كەڭ سەھىپە ئاجرىتىپ، ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ھەر تەرەپلىمە مەزمۇنغا ئىگە قىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىكىلىق ئەخلاق قارىشى ۋە ئىسلام دىنى مەزمۇنىدىكى ئېتىكىلىق ئەخلاق قاراشلىرى بىلەن پىششىق تونۇش بولغان شائىر خاراباتى ئېتىكىلىق ئەخلاق مەسىلىسىنى جەمئىيەتنى، ئاۋام خەلقنى ۋە ھۆكۈمرانلارنى چۈشىنىدىغان مىزان، جەمئىيەتنى تۈزەشنىڭ چارە — تەدبىرى، خەلق ئاممىسىنىڭ روھىيىتىنى ساغلاملاشتۇرۇشنىڭ ئۇ-

---

① «مەسنەۋى خاراباتى»، 6 —، 8 —، 10 —، 11 —، 12 —، 237 — بەت.
② «مەسنەۋى خاراباتى»، 11 — بەت.



نۇملۇك دورىسى، ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنى تەرتىپكە سالىدىغان قېلىپ دەپ ھېسابلىغان. شۇنداقلا، ئېتىكىلىق ئەخلاق كاتېگورىيىلىرىدىن ياخشىلىق، سەممىيلىك، قانائەت، سەۋر، ئىنسانپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ھالاللىق، رەھىمدىللىق ... ۋە باشقا مەزمۇنلار ئارقىلىق ئۆز قارىشىنى ئوچۇق ۋە جانلىق ئىپادىلىگەن.

خاراباتى ياخشىلىق چۈشەنچىسىنى ھەق — ئادالەت چۈشەنچىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ قارايدۇ. جەمئىيەتنىڭ تىزگىنى كۆپ ھاللاردا خان — پادىشاھلارنىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ياخشى — يامان بولۇشى جەمئىيەتنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە بۇزۇلۇشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ، خان — پادىشاھلارنى ئەدلى — ئادالەتكە چاقىرىدۇ.

مەرىپەتپەرۋەر شائىر خاراباتى ئەل — يۇرتنىڭ يۈكسىلىشى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى، ئەخلاق نورمىلىرىنىڭ قېلىپلىشىشى ۋە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشىدە بىلىم، ئېلىم — مەرىپەتنىڭ رولىنىڭ چوڭ بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. شۇنداق بولغاچقا شائىر «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» دا «ئادەمنىڭ ۋۇجۇد ئىمارىتىدىكى گۈلزارلىق»، «ئىنسان كۆڭلى ئىچىدىكى گۆھەر»، «كىشىلەرنى ئۆلۈمدىن نىجاد تاپقۇزغۇچى ئابىھايات» بولغان ئىلىم — مەرىپەت توغرىسىدا ئالاھىدە بىر باب ئاجرىتاندىن باشقا «ئالىملارنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە بايان» قاتارلىق باشقا بابلاردىمۇ بۇ ھەقتە چوڭقۇر مەنىلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. شائىر بىلىم — مەرىپەت توغرىسىدا مۇنداق يازغان:

«بولمىسا ھەركىمدە ئىلمۇ — مەئرىفەت،
قويسا ھەر سارى قەدەم بولغاي غەلەت.

..................................

ئېيتاي ئەي تالىب ساڭا چەندان سۇخەن،
مەئرىفەتسىز جىسمىدۇر جانسىز بەدەن.

..................................

كىمدە بولسا مەئرەفەت ئىنسان تۇرۇر ،
بارچە مۇشكۇللەر ئاڭا ئاسان تۇرۇر .

..................................

تاپمىغى ھەركىم ئۇنى ئاسان ئېمەس ،
ئىچمىسە [1] ھەركىم ئۇنى ئىنسان ئېمەس .

..................................

ھېچ لەززەت ئىلمدىن خۇشتەر ئېمەس ،
ئىلمسىزلەرنى خەلق ئارا بىھتەر ئېمەس .

..................................

ئىلىم بىرلە سەير ئېتەر ئەرشۇ ـ ئەلا ،
ھەم فەلەك ھەم يەرۇ ھەم تەھتە سارا .

..................................

ئەي قاياشىم ، ئىستە ئالىم سۆھبەتىن ،
جانۇ ـ كۆڭلۇڭ بىرلە قىلغىل خىزمەتىن .

..................................

ھەر دىيارنىڭ چاراغى ئالىمى ،
ھەر قارا تۇننىڭكى ماھى ئالىمى .

..................................

ھەر دىيارنىڭكى باغى ئالىمى ،
ھەر دىيارنىڭكى شاھى ئالىمى .»

شائىر خاراباتى دۇنيا ۋە جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئادەملەر مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىغان . چۈنكى جەمئىيەتنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئادەمنى بىلىش شەرت . ئادەملەرنىڭ

---

[1] مەرىپەت سۈيىنى دېمەكچى.



قانداق بولۇشى بىر ئەل ، بىر خەلقنىڭ تارىخ سەھنىسىدىكى ئورنىنىڭ قانداق بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى . جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى بىرىنچى ئامىل ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن ، خاراباتى ئادەملەرنى تەتقىق قىلىش ناھايىتى مۇھىم دەپ قاراپ ، ئۇنى بىر ئىلىم سۈپىتىدە «ئادەمشۇناسلىق» دەپ ئاتىغان . «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى»نىڭ «دەر بايان ئادەمشۇناسلىق» دېگەن بابىدا مۇنداق يېزىلغان :

«خەلقنىڭ ھالىنى بىل ئەي ئادەمشۇناس ،
بۇ قەدەردۇر بىگۇمان قىلغىل قىياس .

بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گەنجى گىران ، [1]
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر زەنجى گىران .

بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر پەررەندىدەك ،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر چەررەندىدەك ، [2]

بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر قەسرى جەبىل ،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گويا ئەغىل .

بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گۈلشەن كەبى ،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گۈلخان كەبى .»

بۇ مىسرالارنى ئوقۇغاندىن كېيىن شۇنداق تەسراتقا كېلىشكە بولىدۇكى ، خاراباتى ئادەملەرنى مۇرەككەپ مەخلۇق دەپ تونۇغان . چۈنكى ، ئۇلار بىر قېلىپتىن چىققاندەكلا بولمايدۇ ، قاتمال ، تۇرغۇن نەرسە ئەمەس ، خىلمۇ ـ خىللىقتا ئىگە ، ئۆزگىرىدۇ ، تەرەققىي

---

[1] گەنجى گىران ـ تۈگىمەس خەزىنە.
[2] چەررەندە ـ ئۆملىگۈچى.

قىلىدۇ ، ھەربىر ئادەم كونكرېت ۋە پەرقلىق مۇئامىلىدە بولۇشنى
تەلەپ قىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ پسىخىكىسى ، ئىدىيىسى ۋە ھەرىكەت ـ
قىياپىتىنى نەزەرگە ئېلىش لازىم ، ئەلۋەتتە . مانا بۇلار خاراباتىنىڭ
دانالىق بىلەن يېزىپ قالدۇرغان شېئىرىي مىسرالىرىدىكى ئۇنچىدەك
جۇلالىنىپ تۇرغان پىكىرلەردۇر .

شائىر ئادەملەرنىڭ باشقا مەخلۇقلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان
تەرىپى ئۇنىڭ ئىلىمگە ، ھۈنەر ـ سەنئەتكە ، ئىنسانىي روھقا تەلپۈ-
نۈش ئىكەنلىكى ، ئىلىم ۋە سەنئەتنىڭ ئادەملەرنىڭ ئىنسانىي خۇسۇ-
سىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۇرگۇچى مۇھىم بەلگە ، مۇبادا ، كىشىلەردە ئۇ
بولمىسا چىن مەنىسىدىكى ئادەم ھېسابلانمايدىغانلىقىنى ئوبرازلىق
پىكىر شەكلىدە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ :

«روھى ئادەم ئىلىمدىن قۇۋۋەت ئالۇر ،
ئىلىمسىزنىڭ روھى بىقۇۋۋەت بولۇر .

ھېچكىم بۇ يولدا سەنئەتسىز ئەمەس ،
كىمدە سەنئەت بولمىسا ئادەم ئەمەس .

كىمكى بۇ ئالەمدە بى سەنئەتدۇرۇر ،
روزى مەھشەر ئىچرە بى ئىززەت بولۇر .

كىمدە سەنئەت بولسا ھەق رەھمەت قىلۇر ،
كىمكى سەنئەتسىزدۇر ھەق لەنەت قىلۇر .»

كۈندۈز تۈنگە ، تۈن قاراڭغۇسى كۈندۈزگە ئايلىنىپ تۇرىدۇ .
بىر مەزگىللىك گۈللىنىشنىڭ خارابلىششقا يۈزلىنىشتەك كۆشەندى-
سى سوقۇشۇپ تۇرىدۇ . ئادەملەرنى ، جەمئىيەتنى ، دۇنيانى چىرىتى-
دىغان ، نابۇت قىلىدىغان ، ھالاكەت يولىغا باشلايدىغان ئامىللار ھەر
خىل ـ ھەرىاڭزا بولىدۇ . شائىر خاراباتى بۇلارنى ۋالاقتەگكۈرلۈك ،



ماختانچاقلىق ، ئالدامچىلىق ، تەمەخورلۇق ، ھەسەتخورلۇق ، شۆھرەت-
پەرسلىك ، تەكەببۇرلۇق ... قاتارلىق ئىللەتلەر شەكلىدە ئىپادىلەي-
دۇ ، شۇنداقلا ئۇلارنى ئۆتكۈر ھەجۋىيلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە شېئى-
رىي مىسرالار ئارقىلىق قاتتىق ساۋايدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە «شەخسىيەت-
چىلىك» نىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولغان «نەپسى» مەسىلىسىدە شا-
ئىرنىڭ پىكرى تولىمۇ يىغىنچاق ، قاراتمىلىقى كۈچلۈك ھەم ئۆتكۈر
تۈس ئالغان . شائىر نەپسى يولىغا قاتتىق كىرىپ كەتكەن كىشىلەرنى
ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مەخلۇقلار ، ئۇلار ئادەم ئەمەس ، بەلكى
ھايۋاندۇر دېگەن غەزەپلىك پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

شائىر «كۈللىيات مەسنەۋى خاراباتى» ناملىق كىتابىدا بۇ مەسى-
لىگە «دەربايان نەفسى بەر» ۋە «بەربايان نەفسى كەبىر ۋە نەفسى
شەغىر» دېگەن بابلاردىن تاشقىرى يەنە ئىككى ھېكايەت بېغىشلايدۇ .
دېمەك «نەپسى» مەسىلىسى شائىر نەزىرىدە ئەڭ تىپىك ، سالماق
ئورۇننى ئىگىلىگەن . شائىر بۇ مەسىلىگە تولىمۇ ئەستايىدىل ۋە
جىددىي مۇئامىلىدە بولۇپ ، «نەپسى» دىن ئىبارەت بۇ يىرگىنىشلىك
نەرسىنى «ئەجدىھا» غا ئوخشىتىپ ، ئۇنىڭ كىشىلىك دۇنياسىنى
چىرىتىپ ، نابۇت قىلغۇچى رەھىمسىز نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆڭۈل
قويۇپ تەسۋىرلەپ ، ئىنسانلار بەختلىك تۇرمۇشنى ئوڭۇشلۇق داۋام
ئەتكۈزۈش ئۈچۈن ، «نەپسى» دىن ئىبارەت ۋەھشىي «ئەجدىھا» بىلەن
قاتتىق ئېلىشىشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

مەلۇمكى ، «شەخسىيەتچىلىك» ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئەڭ
بۇرۇن بارلىققا كەلگەن بىر خىل پسىخىكىلىق خۇسۇسىيەت . پەلسە-
پۋى چۈشەنچە بويىچە ، شەخسىيەتچىلىكنى ئايرىملىق دەپ چۈشەن-
سەك ، كوللېكتىۋىزملىق روھنى ئومۇمىيلىق دەپ بىلىشكە بولىدۇ .
دېمەك ، ئايرىملىق تۈرلۈك كونكرېت شەيئىلەر ، سىستېمىلار ۋە
جەريانلارنىڭ ئالاھىدە ماھىيىتى بولسا ، ئومۇمىيلىق ئوخشاش تۈردى-
كى شەيئىلەر ، سىستېمىلار ۋە جەريانلارنىڭ ئورتاق ماھىيىتى بولى-

دۇ . ئايرىملىق (ياكى شەخسىيەتچىلىك ) بىلەن ئومۇمىيلىقنىڭ
(كوللېكتىپنىڭ ) مۇناسىۋىتى ئەينى ۋاقىتتا شەيئىلەردىكى خاسلىق
بىلەن ئورتاقلىقنىڭ ، ئالاھىدىلىك بىلەن ئومۇملۇقنىڭ مۇناسىۋىتى-
دىن ئىبارەت بولۇپ ، بۇ ئىككىسى قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى
بولىدۇ . شائىر خاراباتى «نەپسى» نى ماھىيەت قىلغان «شەخسىيەت-
چىلىك» نى تەنقىد قىلغاندا ، ئۇنى تەلتۆكۈس ئىنكار قىلىش ، چەك-
لەش ، يوق قىلىش ئەمەس ، بەلكى ، ھەددىدىن زىيادە ئەزۋەيلەپ
كەتكەن «نەپسى» نىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ، كىشىلەرنى سېپى ئۆزد-
دىن ئۇنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالماسلىقا قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان .

**«كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ بەدىئىيلىكى : شا-**
ئىر خاراباتى «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» ناملىق ئەسىرىدە ئۆز
دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ، دىنىي ، سىياسىي ، ئەخلاقىي مەسىلىلىرىنى
چىنلىق بىلەن توغرا ، ھەققانىي ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ
ئىلغار پىكىرلىك ، خەلقچىللىق ۋە رېئالىزملىق خاھىشقا ئىگە ئىكەن-
لىكىنى ئىپادىلىدى .

خاراباتىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدە ئىپادىلەنگەن بەدىئىي زوقنىڭ
قىممەتلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇ تۇرمۇش رېئاللىقىدىكى مەلۇم
قارا كۆلەڭگىنى يازغان چېغىدا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئەقىدىسىدە چىڭ
تۇرغان . گاڭگىراپ ، چۆرگىلەپ قالمىغان . ئۇنىڭ ئېستېتىكىلىق
ئىدىيىسى تېيىز ئەمەس . بەلكى ئۇنىڭدا تۇرمۇش چوڭقۇرلۇقى ۋە
نەزەرىيىۋى چوڭقۇرلۇق بار . خاراباتىنىڭ ئېستېتىكىلىق ئىدىيىسى
ئۆز خەلقى ۋە ئۆز يۇرتىنىڭ روناق تېپىپ ، تەرەققىي قىلىشى ،
گۈللەپ ياشنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقلار بىلەن
زىچ باغلانغان .

«كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» دىكى شېئىرىي مىسرالارنىڭ
ھەجۋىي خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولۇپ ، بۇ ئۇنىڭ دەۋرچانلىق خاراك-



تېرىگە زور دەرىجىدە ماسلاشقان . تارىختا ئۆتكەن بىر قاتار ئەدىبلەر-
گە ئوخشاش خاراباتى ھۆكۈمرانلار ئارىسىدىكى ناچار كەيپىياتلارنى
پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىشتا ، خەلق ئاممىسىنى ئۆز ئىدىيە -
روھىدىكى «يۈك» لەرنى ئىرغىتىپ تاشلاپ ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ ،
يەڭگىللەپ ، ئالغا بېسىشىغا ئىلھاملاندۇرۇشتا ھەجۋىيلىكنىڭ كۈچى-
دىن ئوبدان پايدىلىنالىغان . شۇنىڭ بىلەن بىرگە شائىر خاراباتى ئاۋام
خەلقنىڭ ئىچىدىكى ئايرىم قالاق ، ناچار ھادىسىلەرنى تەنقىد قىلىشتا
سالماق ، تەمكىن بولۇپ ، ئەزگۈچى سىنىپلار ، قارا كۈچلەرگە تۇتقان
پوزىتسىيىسىدىن پەرقلىق بولغان . شائىرنىڭ نەپسانىيەتچىلىكنى
قىبلىنەما قىلىۋالغان قارا كۈچلەرنى دارىتمىلاپ يازغان :

«مەقسەدى خەلق ئىچرە تاپماق ئىززەتى ،
شول زەمان بەرباد كەتكەي مىللەتى»

دېگەن بايانلىرى ۋە باشقىلار بۇنىڭ روشەن مىسالىدۇر . شائىر ئۆزد-
نىڭ ئۆمۈرلۈك ئىجادىيىتى جەريانىدا ، ساتىرىك شائىر «شېئىرىي
جاسارەت» كە ئىگە بولۇشى ، «ئادىمىيلىك» مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇش
شەرتى ئاستىدا ، كىشىلىك ئىززەت - ئابرۇيىنى قوغداپ ، ھەققانىد-
يەت ، ئادالەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش يولىدا جەسۇرانە كۈرەش
قىلىش لازىملىقىنى ئەمەلدە كۆرسەتكەن .

شائىر خاراباتى تىپىكلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى چىڭ ئىگىلىگەن .
«كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» شېئىرىي ئەسەر بولۇپ ، ئۇنى شېئى-
رىي تۈر جەھەتتىن ئېپىكلىق شېئىرلار توپلىمى دېيىشكە بولىدۇ .
مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان 13000 مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان
مەزكۇر ئەسەر دىداكتىكا ، پەند - نەسىھەت مەزمۇنىدىكى «بايان» ۋە
«پەسىل» دەپ ئاتالغان 112 پارچە نەسىھەت (ئۆگۈت ) نامە (موناجات
ۋە ھېكايەتلەر بۇنىڭ سىرتىدا ) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان . شائىر ھەرقاي-
سى بابلاردا بىرەر پىكىرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئوبراز يارىتىشقا ،
ۋەقەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن . ئۇ ئوبراز ياراتقاندا ،

تېپىكلەشتۇرۇش پرىنسىپىغا دىققەت قىلغان . شائىر خاراباتى تۇپلى-
مىدا كۆپلىگەن كونكرېت ۋە ئابستراكت بولغان ئوبرازلارنى ياراتقان .
بۇنىڭ ئىچىدە دىنىي ئەقىدىلەردىن باشقا سەممىيلىك ، راستچىللىق ،
كەمتەرلىك ، ياخشىلىق ، پەزىلەتلىك ، ئىنسانپەرۋەرلىك ، مېھنەتسۆ-
يەرلىك ، ئىجادكارلىق ، مەرىپەتپەرۋەرلىك ، ھالال مېھنەت ، ئادا-
لەت ، ھەققانىيەتنى مەدھىيىلەش ، مۇناپىقلىق ، ئاچ كۆزلۈك ، تەمە-
خورلۇق ، زالىملىق ، ئوغرىلىق ، ھۇرۇنلۇق ، پارىخورلۇق ، تەكەب-
بۇرلۇق ، ھەسەتخورلۇق ، پىتنىخورلۇق ، راھەتپەرەسلىك ، مەمەدان-
لىقتا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەر پاش قىلىنىپ تەنقىدلەنگەن . شائىر
بۇ توغرۇلۇق پىكىر قىلغاندا ، يۇقىرىقىلارنى ئايرىم - ئايرىم ئوبراز
شەكلىگە ئىگە قىلىپ ، ئۆزىنىڭ شېئىرىي پىكرىنى جانلىق ، تەسىر-
لىك ۋە تېپىك ھالدا ئىپادىلەشكە تىرىشقان . مەسىلەن ، شائىر ئاچ
كۆزلۈكنىڭ زىيىنى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىپ ، ئۈچ ئاچ كۆز
توغرىسىدىكى بىر ۋەقەلىكنى «دەربايان سىيلە - رەھىم» دېگەن بابتا
«ھېكايەت» شەكلىدە تەسۋىرلەيدۇ ، ئېيتىلىشىچە : ئۈچ كىشى بايلىق
ئىزدەپ يولغا چىقىپ كېسەك ئالتۇن تېپىۋالىدۇ . ئۇلار ئۇزاقتىن
بۇيان ئاچ ۋە ئۇسسۇز بولغاچقا يېشى كىچىك بىرىنى شەھەرگە ئوزۇق
تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ . قالغان ئىككىسى ئالتۇننى ئۆزلىرى بۆ-
لۈشمەكچى بولۇپ ، تاماققا كەتكەن ھەمراھىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى مەس-
لىھەتلىشىدۇ . ھېلىقى يېشى كىچىك بىرىمۇ ئۇ ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈ-
ۋېتىپ ئالتۇننى يالغۇز ئۆزىلا ئېلىش مەقسىتىدە تاماققا زەھەر سېلىپ
ئەكېلىدۇ . تاماق كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، بۇ يەردىكى ئىككىسى
ئۇنى پىچاق بىلەن ئۆلتۈرۈپ ، خاتىرجەم ھالدا تاماق يەيدۇ . ئاقىۋەت-
تە ، بۇلارمۇ ئۆلۈپ ، بىر خىش ئالتۇن ئىگىسىز ئۆز جايىدا قالىدۇ .
دېمەك ، بۇنىڭدا ئاچ كۆزلەرنىڭ ئوبرازى يۇقىرى دەرىجىدە تېپىكلەش-
تۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن . بۇنداق ئۇسۇل «كۇللىيات مەسنەۋى خارابا-
تى» سەھىپىسىدە خېلى بار . شائىر خاراباتى بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللى-



نىشقا ماھىر بولۇپ ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تولۇپ تاشقان ھېسسىيا-
تىنى مۇكەممەل ئىپادىلەپ بەرگەن ، شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئىپادى-
لەش كۈچىنى ئاشۇرغان . مەسىلەن ، شائىر ئىنسان خاراكتېرىنى
ياراتقاندا ، مۇنداق مىسرالارنى يازغان :

بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر ۋەيرانىدەك ،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر پەرۋانىدەك .

بەزىلەرنىڭ كۆڭلى خۇشخۇيلۇق بولۇر ،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلى بەتبويلۇق بولۇر .

بەزىلەرنىڭ كۆڭلى جالا ، ئۈستۈن جالا ،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلى قارا ، ئۈستۈن قارا .

بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر مەيخانىدەك ،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر بۇتخانىدەك .

بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گويا مازار ،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گويا بازار .»

«كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» دا يەنە :

«گاھى بىنا[1] گاھى نابىنا بولۇر ،
گاھى پەجمۇردا[2] گاھى زىبىنا[3] بولۇر .
گاھى تىغلى ، گاھى پىرانە[4] سۈپەت ،

① بىنا — پەيدا بولۇش.
② پەجمۇر — يانجىلغان.
③ زىبىنا — گۈزەل.
④ پىرانە — پېشقەدەملەردەك.

گاھى دانا ، گاھى ھەيرانە بولۇر ،
گاھى لەنگۇ ، گاھى خۇش رەپتار ① بولۇر .
گاھى خامۇش ، گاھى ئول گويا بولۇر .
گاھى سۇست ۋە گاھى ھەم چابۇك بولۇر ، ②
گاھى ۋەزمىن ، گاھى ھەم سابۇك ③ بولۇر .

«مەسنەۋى خاراباتى» دا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ قوللىنىلىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن . بۇنىڭ ئىچىدە تەكرارلاش ، ئوخشىتىش ، سىپىلىشتۇرۇش ، مۇبالىغە ، سۈپەتلەش ، جانلاندۇرۇش قاتارلىقلار مۇۋاپىق ئىشلىتىلگەن .

تەكرارلاشنى ئېلىپ ئېيتساق ، شائىر خاراباتى شېئىرلىرىدا تەكرارلىنىش شەكلى كۆپ خىل بولۇپ ، تەكرارلىنىش ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مۇھىم بىر بەدىئىي ئالاھىدىلىكىگە ئايلانغان . بۇ خىل تەكرارلىنىش شائىرنىڭ چىن ، مۇكەممەل شېئىرىي ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە ، شېئىرنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇرغان .

شائىر خاراباتى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان شائىر . مەلۇمكى ، شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى رېئالىزملىق ۋە خەلقچىللىق خاھىشىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ، ھەجۋىيلىك ۋە يۇمۇرغا تويۇنغانلىقى ، ئوچۇق - يورۇق ، مەردانە ، ئۈمىدۋار خاراكتېرىنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرۇشى ، مۇرەككەپ ھاياتىدىكى ئەگرى - توقاي كەچۈرمىشلەر بىلەن تۇرمۇشقا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى قاتارلىق تەرەپلەردە روشەن ئىپادىلەنگەن .

«كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ قولىيازما ۋە تاش باسما ھالەتتىكى بىر قانچە نۇسخىسى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ ،

① رەپتار — مېڭىش، تۇرقى.
② چابۇك — تېز.
③ سابۇك — يەڭگىل.



بۇلاردىن ھىجرىيە 1238 - (مىلادىيە 1822 - ) يىلى ئاقسۇلۇق كاتىپ موللا مۇھەممەد خوجا بىننى موللا توختى سوپى ئاخۇن تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ ، ھازىر ئاقسۇ ئونسۇ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازما نۇسخىسىنى ، ھىجرىيە 1327 - (مىلادىيە 1909 - ) يىلى تاشكەنت ئارىپجانوپ مەتبەئەسىدە بېسىلىپ ، ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنى ، يەنە تەخمىنەن مىلادىيە 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشكەنت «غۇلامىيە» مەتبەئەسىدە بېسىلىپ ، ھازىر مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنى كۆرسىتىش مۇمكىن .

## نەۋبەتى

مىلادىيە 18 - ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە لىرىك ئەسەرلىرى بىلەن تونۇلغان شائىر نەۋبەتىنىڭ «دىۋانى نەۋبەتى» ناملىق توپلىمى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن .① دىۋاندىكى شېئىرلىرى بىلەن مەزكۇر دىۋانغا كىرمەي ، باشقا مەنبەلەر ۋاستىسى بىلەن زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن② شېئىرلىرىنى بىرلەشتۇرۇپ قارىغاندا شائىر نەۋبەتىنىڭ قىسقىچە ئۆمۈر بايانىنى يورۇتۇشقا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلىدۇ . نەۋبەتى ئۆزىنىڭ يۇرتى توغرۇلۇق مۇنداق ئۇچۇر قالدۇرغان :

«ئەۋۋەلى ھەم ئاخىرى قىبلىگاھىمدۇر خوتەن ،

① «دىۋانى نەۋبەتى» ئىلگىرى - ئاخىرى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 3 - سانى؛ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى نەشرى) دە ئېلان قىلىنغاندىن باشقا، م. باھاۋۇدۇننىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 - يىلى نەشر قىلىندى.
② نەۋبەتىنىڭ بەزى شېئىرلىرى خوتەن ۋىلايىتىدە چىقىرىلىدىغان «كۇئېنلۇن ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1979 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئۆزگەسگە بىنەزەرمەن ، مەن خوتەندەك كۆيمگەچ .»[1]

بۇ مىسرالاردىكى ئۇچۇرلاردىن نەۋبەتىنىڭ خوتەنلىك ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىغان زامانى ۋە شېئىرلار توپلىمىنى تۈزگەن ۋاقتى توغرۇلۇق مۇنداق يازغان :

«ئۆمرۈم ئەللىك يەتتىگە يەتتى ھۇنۇز مەن ئەل ئەمەس ،
ئۆمرى ھەقنى تۇتمايۇ بىھۇدە ئۆمۈر ئۆتتى دەرىخ .»

دېمەك ، شائىر 57 ياشقا كىرگەندە مەزكۇر شېئىرنى يازغان . ئۇ شېئىرلىرىنى (شېئىرلار توپلىمى بولۇشىمۇ مۇمكىن ) قاچان يازغانلىقى (توپلام قىلىپ تۈزگەنلىكى ) توغرۇلۇق مۇنۇلارنى يازغان :

«ئى يارانلار بىز ئۆلۈرمىز يادىكار قالدى كەلام ،
كىشىدىن قالغاي جاھاندا بىر نىشانە ياخشى نام .
مىڭ يۈز ئاتمىشىدا ئەردىكىم پەيغەمبەر ھىجرەتى ،
بۇ كىتابى نەۋبەتى تەسنىفىغا بولدى ۋەسسالام .»

يەنى ، بۇ شېئىرلار ھىجرىيە 1160 ـ (مىلادىيە 1747 ـ ) يىلى تاماملانغان . بۇ سانىنى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان شائىرنىڭ يېشى توغرىسىدىكى سان بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا ، تەخمىنەن ھىجرىيە 1102 ـ (مىلادىيە 1691～1692 ـ ) يىلى تۇغۇلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ . ئەمما قاچان ، قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى توغرۇلۇق ئۇچۇر يوق .

نەۋبەتى بىر مەرىپەتلىك ئائىلىدە تۇغۇلغان ھەم كىچىك چېغىدىلا ئىلىمگە ھەۋەس قىلغان . ئۇ بۇ توغرۇلۇق تۆۋەندىكى مىسرالارنى قالدۇرغان :

«بۇ ئالىمى خانىيغا كېلىپ مەن گۇزەر ئەتتىم ،
تۆرت ياشىمدا ئىلىم ئىستەگىلى مەن سەفەر ئەتتىم .

[1] «كوئىنلۇن ئەدەبىياتى»، 1979 ـ يىللىق 1 ـ سان.



ھەر يەردىكى بىر ئالىمى خۇش فەھمىنى تاپسام ،
بىرلەھزە ئانىڭ مەجلىسىدە مەن مەقەر ئەتتىم .»[1]

«دىۋانى نەۋبەتى» دىكى شېئىرلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ، نەۋبەتى ئۆز ئانا تىلىدا يېزىلغان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىنى ، جۈملىدىن ئەرەب ، پارس تىلىدا يېزىلغان ئەدەبىيات ۋە ئىسلام دىنىغا دائىر بەزى كلاسسىك كىتابلارنى پىششىق ئوقۇغان . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، ئەينى زاماندا ئۆلىما ـ زىيالىيلار ئارىسىدا نىسبەتەن ئومۇملاشقان خاھىشقا ئايلانغان ئالتە شەھەر تەۋەسىنى ئايلىنىش ، يۇرت كۆرۈش ، ئاۋام خەلق بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر ئۇچرىشىش ، مازار ـ ماشايىخلارنى زىيارەت ، ئۇلۇغلارنى تاۋاپ قىلىپ ، نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشنى نىيەت قىلىپ سەپەر قىلغان . بۇ ھەقتە مۇنداق بايان بېرىلگەن :

«چىقىپ ياركەند دىيارىدىن مەنازىللارنى قەتى ئەيلەپ ،
زىيارەت قىلغالى سۇلتان سۇتۇق بۇغرايىخان كەلدىم .»

شائىر نەۋبەتى گۈزەل ھاياتقا ، يورۇقلۇققا ، ئادالەتكە ئىنتىلىپ ، ئۆز زامانىسىدىكى بۇرۇقتۇرمىلىق ۋە ناھەقچىلىككە بولغان نارازىلىقىنى «يار» غا ئىنتىزار بولۇش ۋاستىسى ئارقىلىق «خۇدايا ئۇشبۇ كۈندە» ناملىق غەزىلىدە مۇنداق ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن :

«خۇدايا ، ئۇشبۇ كۈندە رەھىم ئەيلەپ يار كەلگەيمۇ ،
ھەزىن كۆڭلۈمنى شاد ئەيلەيكى ئول دىلدار كەلگەيمۇ .
نەچچە يىلدۇر ئوشۇل ئەھدىڭغە باغلاپ ئىئتىمادىمنى ،
ۋەفا ئەيلەيكى ئول ئەھدىغە كىم غەمخار كەلگەيمۇ .
تۇتۇپ كۆز ، مۇنتەزىردۇرمەن جەمالىڭ كۆرگەلى مۇشتاق .
نە بولغان لۇتۇف ئەيلەپ ، كۆرگەلى دىيدار كەلگەيمۇ .

[1] «دىۋانى نەۋبەتى»، 69 ـ بەت.

كېچە ـ كۈندۈز فىراقىدا بولۇپمەن ۋالەئى شەيدا .
مېنىڭ ھالىمنى پۇرسىش قىلغالى ئەييار كەلگەيمۇ .
بىناگاھ ئۇشبۇ كۈندە مۇژدەئى ئول مېھرىبان يەتسە ،
ھەزىن كۆڭلۈمنى مېھمان قىلغالى تەييار كەلگەيمۇ .
جەھانغا كەلمەگەي ھەرگىز ئانىڭدەك بىر پەرى پەيكەر .
ئانىڭ ھۆسنى جامالىدەك گۈلى گۈلزار كەلگەيمۇ .
مېنىڭ شۆرىدە ئەھۋالىمنى ئول نامېھرىبان بىلسە ،
كەمىنە نەۋبەتىدەك مۇبتەلايى زار كەلگەيمۇ .»[①]

شائىرنىڭ بۇ خىل ھۆرلۈككە ئىنتىلىش ئارزۇسى «ئى سەبا بەرگىل خەۋەر» ناملىق غەزىلىدىمۇ ئەكس ئەتكەن .[②]

نەۋبەتى ئىلىم ـ پەننى ، ئالىملارنى ناھايىتى ھۆرمەتلىگەن . ئۇ تۆۋەندىكى رۇبائىيسىدا بۇ خىل قارىشىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن .

«ئەي بەندە ۋۇجۇدۇڭ سېنىڭ قەترەمەنى ،
ئالىمغە سەنۇ قىلما غۇلۇ كىبىر مەنى .
ئايتىپدۇر ھەدىس ئول رەسۇلى مەدەنى :
«مەن ئەكرەمە ئالىمەن فەقەد ئەكرەمەنى .»[②]

«خۇش دەۋلەت ئېرۇر كىشىگە ئالىم بولماق ،
شەئىنىدە ئېرۇركى فاسىق زالىم بولماق .
ئالىم بولۇبان ئىلمىغە ئول قىلسە ئەمال ،
مەھشەر كۈنىدە بىغەمۇ سالىم بولماق .»[③]

شائىر نەۋبەتى زاماندىش بەزى شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن تەڭكەش قىلغان ھالدا ، ئەل ـ يۇرت سۆيەرلىك تېمىسىنى ئۆزگە

① ② «دىۋانى نەۋبەتى» ، 75 ـ بەت .
② «كىمكى ئالىمغا ھۆرمەت قىلسا، ماڭا ھۆرمەت قىلغان بولىدۇ» (ھەدىس).
③ «دىۋانى نەۋبەتى» 101 ـ، 99 ـ بەتلەر.



خاس مەۋقەدە تۇرۇپ يورۇتۇپ كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئۈلگە يارىتىپ بەرگەن . بۇ ئۇنىڭ «رەۋزىگە مانەند خىيال ئەت خوتەننى» ناملىق غەزىلىدە يېغىنچاق ۋە يارقىن تەرزدە ئەكس ئەتكەن :

«رەۋزىگە مانەند خىيال ئەل خوتەننى ،
بېھىشتىن زىيادە مىسال ئەت خوتەننى .
ئە يارەب ، بىتەمۇغ جەننەتىلەرگە ،
ئەر جۇمەندىگە ۋىسال ئەت خوتەننى .
خۇجەستە خاكى رەھمەت سۇرمىسى ،
كۆزۈڭگە تۇتىيا ، خال ئەت خوتەننى .
بەرسە قادىرىم بەختىڭگە تەۋفىق ،
قۇربىڭگە قۇدرەت ـ كامال ئەت خوتەننى .
گۈلىستانى ئېرەم بولسۇن تەھەييۇر ،
ئۇنىڭغا نەۋرەس نىھال ئەت خوتەننى .
جەھان شائىرلەرى گۈلشەنى باغى ،
خەمسەڭگە قۇرباش ، ئىتسال ئەت خوتەننى .»[①]

مانا بۇ خوجىلار زامانىسىدا مەيدانغا كەلگەن بىر پارچە گۈزەل ۋەتەنپەرۋەرلىك قەسىدىسى . نەۋبەتىنىڭ بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ئۇنىڭ خېلى كۆپ بېيىتلىرىدا روشەن ئىپادىلەنگەن .

شائىر نەۋبەتى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت مەزمۇنىدا گۈزەل لىرىكىلارنى يازغان . ئۇ بۇ خىل مەزمۇندىكى شېئىرلاردا «يار» ئوبرازى ۋاستىسى ئارقىلىق ، ئۇزىنىڭ ئادەملەرگە ، جەمئىيەتكە ، زامانغا بولغان قارىشىنى زۇلۇمدىن نالە قىلىش ، جاھالەت ، تەڭسىزلىك ، مەھكۇملۇق ، رەزىللىكتىن زارلىنىش ھېسسىياتىنى ، ئادالەت ، ھەققانىيەت ، مېھىر ـ ۋاپا ، ساداقەتمەنلىك ، چىن مۇھەببەت ، يورۇقلۇق ، ئەركىنلىك تەلەپ قىلىش ئارزۇسىنى ئوبرازلىق يوسۇندا ئىپادىلىگەن .

① «كوئىنلۇن ئەدەبىياتى» (خوتەن)، 1979 ـ يىلى 1 ـ سان.

ئۇنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرى چوڭقۇر ۋە كۆپ قىرلىق مەزمۇنغا ، رەڭگا رەڭ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بىلەن بېزەلگەن ئوبرازلىق پىكىرگە ئىگە . تۆۋەندە ئۇنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن بىرنى كۆرۈپ ئۆتىمىز :

«كۆرۈپمەن ئولتۇرۇپدۇر ھۆسنى باغى ئىچرە بىر دىلدار ،
يۈزى ئايۇ كۆزى چولپان ، فەرىشتە خۇي گۈلى رۇخسار .
قاشى مېھراب يا مۇنبەر ، كۆزىدۇر چەشمەئى كەۋسەر ،
قەدى چۈن سەرۋى يا ئەرئەر ، يۈرىشى كەبك خۇش رەفتار .

يۈزىدۇر بىر ماھى تابان ، لەبىدۇر لەئىل يا مەرجان ،
بولۇپمەن ۋالەئى ھەيران ، سۆزى شىرىن خۇش گۇفتار .
تولۇن ئايدەك جامالىغا كۆڭۈل قۇل بولدى ھالىغا ،
قاچان يەتكۈم ۋىسالىغە كۆڭۈلنى ئالدى ئول مەككار .

قاشىغا باردىم ئول سائەت ، قىلىپ تەئزىم ئول فۇرسەت ،
ئاتىپ ئول تىيرى مىژگانىن بەغىر زەخمى ئەيلەدى ئەييار .
ئانىڭ ئىشقى خەراب ئەتتى ، يۈرەكلەرنى كەباب ئەتتى ،
مەدەد قىل خاجەھافىز بىرلە يا شاھ قاسىمى ئەنۋار .

مەلامەت قىلماڭىز ياران ، ئەگەر بولسام خەراباتى ،
گەھى ھەم يار كويىدا ئىچىپمەن بادەئى كۆكنار ،
ھەمىشە يار ۋەسلىنى تىلەيدۇر نەۋبەتى ، يارەب ،
ئانىڭ كويىدا ئۆلمەكلىك بىھىشتى تەھتىھەل ئەنھار . .»①

نەۋبەتى لىرىك شېئىرلىرىدا كۆپ خىل خاراكتېرگە ئىگە «يار» ئوبرازىنى ياراتقاندىن باشقا يەنە «مەن» ئوبرازىنىمۇ مۇرەككەپ خا-

① «دىۋانى نەۋبەتى»، 33 ـ بەت.



راكتېرنى يارىتىپ ، ئۆتمۈش ، رېئاللىق ۋە كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى قارىشىنى ، ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى ، دۇنيا ، مېھنەت ، ھايات ، ئېتىقاد ، ئەخلاق ، گۈزەللىك مەسىلىلىرىنى ئوخشاشمىغان نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرىدۇ .

نەۋبەتى شېئىرلىرىدا پىزاژ لىرىكىسىنىڭ گۈزەل نەمۇنىسىمۇ ئۇچرايدۇ . ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گۈزەللىك قارىشى ، غايىسى ۋە شادلىقىنى ئىزھار قىلغان . تۆۋەندە «ئالما دەردۇرلەر ، ئالۇرلەر ئالمەنى» دېگەن غەزىلىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز :

«ئالما دەردۇرلەر ، ئالۇرلەر ئالمەنى ،
قوينىغە يىلداپ سالۇرلەر ئالمەنى .

ئالمەغە مەيىل ئەتسە ھەركىم ناگەھان ،
شاخىدىن ئىگىپ ئالۇرلەر ئالمەنى .

ھېچ مېۋە ئالمەدەك مەرغۇپ ئەمەس ،
زەۋق ئىلە جانىم سورارلار ئالمەنى .

نازىنىن رۇخسارى يەڭلىغ رەڭ ـ بەرەڭ ،
تاختەغە تىزىپ قويارلار ئالمەنى ،

تۈرفە خۇشبۇيلۇق ئولا ئۆي زىينەتى ،
فۇل بېرىپ ساتىپ ئالۇرلار ئالمەنى .

كەلسە نەۋرۇز فەسلى ئەييامى بەھار ،
چوڭلاغە تۆھفە قىلورلار ئالمەنى .

ئۆمرۈڭ ئوتتى نەۋبەتى ھەسرەت بىلە ،

جۇستىجۇ قىلسا تاپارلار ئالەمنى .»[1]

بۇ شائىر نەۋبەتى ئىجادىيىتىدىكى ئالەمنى چىرايلىق ۋە ئوبرازلىق يوسۇندا ئوخشىتىش بىلەن يازغان پىزاژ لىرىكىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالەمنىڭ كۆركەملىكى، خۇش پۇراقلىقى، كىشىلەرنىڭ ئۇنى قانداق ياخشى كۆرۈپ، قەدىرلەيدىغانلىقى قاتارلىق تەرەپلىرىنى تەسۋىرلەپ، تەبىئىي گۈزەللىكتىن پەيدا بولغان ئىجتىمائىي گۈزەللىك ھادىسىسىنىڭ ئورگانىك بىرىكىپ، يۈكسەكلىك ھاسىل قىلىدىغانلىقىدەك ئېستېتىكىلىق قىممەتنى ئىپادىلىگەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، نەۋبەتى مىلادىيە 18 ـ ئەسىردە ياشىغان لىرىك شائىرلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىڭ ئاجايىپ نەپىس، گۈزەل ۋە مەزمۇنلۇق مىسرالىرىنى يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇناسىپ ئۈلۈشىنى قوشقان. بىر قىسىم غەزەللىرى «12 مۇقام» تېكىستىگە كىرىپ، خەلق مۇقامچىلىرى تەرىپىدىن مۇقام ـ مەشرەپلەردە ئوقۇلغان. «دىۋانى نەۋبەتى» خوتەن، يەكەن، قەشقەردىكى مەكتەپ، مەدرىسلەردىكى تالىپلار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىدىغان ماتېرىيالى قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق ۋاستىلىك ئۇچۇرلار بار. شائىرنىڭ دىۋانى قولدىن قولغا كۆچۈرۈلگەن. بۇ ھال شائىر نەۋبەتى شېئىرلىرىنىڭ خەلق ئارىسىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## سەلاھى

«گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستانىنىڭ مۇئەللىپى بولغان سەلاھىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى ھەم ئۆز ئىسمى توغرۇلۇق

---

① «دىۋانى نەۋبەتى»، 89 ـ بەت.



ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز،[1] پەقەت داستاننى قاچان يازغانلىقى توغرىسىدا:

«بۇ كىتاب تارىخىي قۇنىگاسىن قۇچ،
بولۇبان بىر مىڭ بىر يۈز ئەللىكۇ ئۈچ»

دېگەنلىرى، يەنە بىر يەردە:

«ئىشت تارىخنى بۇلبۇل كەبى ئۈچ،
بولۇپ بىر مىڭۇ بىر يۈز ئەللىكۇ ئۈچ.»

دېگەن مىسرادىكى ئۇچۇرغا ئاساسلانغاندا، شائىر داستاننى ھىجرىيە 1153 ـ (مىلادىيە 1740 ـ 1741 ـ) يىلى يازغانلىقى بىلىنىدۇ.

مۇئەللىپنىڭ «كىتاب ھەققىدە ئېيتقانى» دېگەن بابىغا خاتىرىلەنگەن:

«بولۇپ پەيزى باھارى قەشقەردىن،
تاپىپ تەبئىم جاپا بۇ سۆزلەر ئاندىن.»

دېگەن مىسراغا ئاساسەن، سەلاھى قەشقەرلىك دەپ ھېسابلانماقتا.[2]

«گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىنىڭ قول يازما ۋە چاپ قىلىنغان نۇسخىلىرى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتىدۇ.[3] بۇلار ھەجىم جەھەتتە بەلگىلىك دەرىجىدە پەرقلىق بولۇپ، ئىلمىي خادىملار

---

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (ق.ھەسەنوۋ، س.موللاۋۇدۇۋلار تۈزگەن، ئالمۇتا مەكتەپ نەشرىياتى 1982 ـ يىلى نەشر قىلغان) ناملىق كىتابتا، سەلاھىنى «مۇھەممەد ئەبۇ سەلاھى، قەشقەر شەھرىدە تۇغۇلغان، مىلادىيە 18 ـ ئەسىردە ياشىغان، «گۈل ۋە بۇلبۇل» نى 1678 ـ يىلى قەشقەردە تاماملىغان» دېگەن بايان بار. ئاشۇ كىتابنىڭ 148 ـ بېتىگە قارالسۇن.

② «قەشقەر ئەدەبىياتى»، 1992 ـ يىلى 6 ـ سان، 88 ـ بەت.

③ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابتا «گۈل ۋە بۇلبۇل» نىڭ قول يازما نۇسخىلىرىنىڭ لېنىنگراد ۋە تاشكەنت شەھەرلىرىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتلىرىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى ئېيتىلغان. ئابدۇرېھىم سابىد ئەپەندىنىڭ بايانىچە، داستاننىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا چاپ قىلىنغان بىرقانچە نۇسخىسى بارلىقى ئېيتىلغان. يەنە ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىدا ۋە باشقا ئورۇنلاردىمۇ بىرقانچە خىل نۇسخىلىرى ساقلىنىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ بىر قەدەر ئۆلچەملىك نۇسخىسىنى ئىشلەپ ، جەمئىي 41 باب ، 1000 بېيىت ، 2000 مىسرادىن تەركىب تاپقانلىقىنى دەلىللەپ چىقتى . [1] «گۇل ۋە بۇلبۇل» «بۇلاق» ژۇرنىلىدا بىرقانچە رەت ئېلان قىلىندى . [2] جۈملىدىن ، داستاننىڭ ئاپتورى دەسلەپ موللا ئەلەم شەھيارى دەپ ھېسابلانغان ، كېيىنچە ، داستاندىكى ئېنىق پاكىتلار ئارقىلىق سەلاھى دېگەن قاراش مۇقىملاشتى .

داستاندا شائىر ئۆزىنىڭ تەخەللۇسىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن :

«خۇداۋەندە سەلاھى ئاسى بەندە ،
ئاتايۇ مەغفەرەت ھەم لۇتفا بەندە .»

ياكى :

« ‹سەلاھى › گە ئىلاھىم رەھمەت ئەيلە ،
كىتابىن كىمسە كۆرسە رەھمەت ئەيلەر .»

سەلاھى «گۇل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستانىنى يېزىشتىن ئىلگىرى غۇربەتى[3] ناملىق بىر شائىرنىڭ ئوخشاش ماۋزۇدىكى بىر داستانى بىلەن ئۇچرىشىپ چىققان . بۇ توغرۇلۇق سەلاھى مۇنداق يازغان :

«ئېتىپ غۇربەتى كىم بىر كىتابى ،

---

① ئابدۇرېھىم سابىد ئەپەندى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا « ‹گۇل ۋە بۇلبۇل› توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىپ، داستاننىڭ ش ئۇ ئا ر تەۋەسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان بىر قانچە نۇسخىسىنى ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ، بۇ توغرۇلۇق قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

② داستان «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا، ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىنلەرنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «موللا ئەلەم شەھرىيارى» نامىدا ئېلان قىلىنغان. ئابدۇرېشىت ئىسلامى 1985 ـ يىلى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 15 ـ سانىدا داستانىنى «سەلاھى» نامىدا قايتىدىن نەشرگە تەييارلاپ، ئېلان قىلدى. «بۇلاق» تا ئېلان قىلىنغان ھەر ئىككى نۇسخىدا «مولا ئەلەم شەھيارى» نامىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق ئۇچۇر يوق.

③ بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن غۇربەتىنىڭ كىملىكى ھازىرچە مەلۇم ئەمەس، بىراق سەلاھىنىڭ «قىلىپ نەزمى نەچچە بىر ـ بىر غەزەللەر، ئېيتىپ ئۆتكەن ئىكەنلەر ئول مەھەللەر» دېگىنىدىن قارىغاندا، ئۇ سەلاھىدىن خېلى بۇرۇن ئۆتكەن، خېلى كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان شائىر بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قىياس كېلىپ چىقىدۇ.



قويۇپ ئاتنى ‹گۇل ـ بۇلبۇل › كىتابى .
بايان ئەتمىش گۇل ـ بۇلبۇلنىڭ ئىشقىن ،
كى ئىشق ۋادىسىدا بىر ـ بىرىگە زىددىن .»

غۇربەتى داستانىنى غەزەل شەكلىدە قىسقىراق يازغانلىقى توغرىسىدا سەلاھى مۇنداق ئەسكەرتكەن :

«قىلىپ نەزمى نەچچە بىر ـ بىر غەزەللەر ،
ئېيتىپ ئۆتكەن ئىكەنلەر ئول مەھەللەر .
كىتابى خوپ ئېيتىدۇر ئول ۋە لېكىن ،
ئازايتىپدۇر مەگەر بېرىپتۇ ئېكىن .»

سەلاھى ئۆزىنىڭ داستانىنى غۇربەتىنىڭ داستانىغا قارىغاندا ئۆزگىچەرەك ئۇسلۇبتا يېزىپ چىققانلىقىنى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن بىلىۋالىمىز :

«قىلىپمەن بۇ كىتابقا مېھرىبانلىق ،
كى قىلدىم غۇربەتىگە ھەمزەبانلىق .
قوشۇپ سۆزنى ھەم تاپىپ مەھەلنى ،
كى نەزم ئېيتتىم نەچچە بېيىت ، غەزەلنى .
ھېكايەت ئەيلەدىم بىرنەچچە سۆزۈمنى ،
كىتابى غۇربەتىگە قوشتۇم ئۆزۈمنى .
قىلىپ تەبئىم بىرنەچچە سۆز تەي ،
پۈتتۇم مەن سەھىپەمغە سۆزنى قىيافەي .
كى دەرد سۆز ئىشق بۇنياد ئېتەي دەپ ،
كى روھى غۇربەتىنى شاد ئېتەي دەپ .
كىتابى غۇربەتىنى تازە قىلدىم ،
فىسۇرە ۋارىقىنى شىراز قىلدىم .
كى قىلدىم بى ۋەرىبلىق غۇربەتىنى ،

سەلاھى ساچتى گۆھەر بىرلە دۇرنى .»①

بۇ مىسرالاردا ئېيتىلغان مەزمۇنغا قارىغاندا شائىر سەلاھى رىقابەتلىشىشكە ماھىر ، تىرىشچان بىر ئادەم بولغان ، يەنى ئۇ غۇربەتتى يازغان داستاندىن ئوبدانراق بولسۇن ئۈچۈن ئۆز داستانىنى يازغان .

شائىر داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىنى مۇنداق باشلىغان :

«ئىكەۋلەن ئەي كۆڭۈل ھەمدەم بولالى ،
سىفاتىڭ گۇل بىلە بۇلبۇل قىلالى .
نە يەڭلىغ بولدى ئاشىق گۇلغە بۇلبۇل ،
بايان قىل ئىشقى بۇلبۇل قىسسەئى گۇل .
بايان ئەيلەي ئۇلار ئىشقىنى بىر ـ بىر ،
قىلايىن قىسسەسىغا نەزم تەقدىم .
كى بۇلبۇل ئىشقىدا بۇلبۇل بىناۋادۇر ،
غەرىبلىك دەردى بىرلە مۇفتەلادۇر .
قىلۇر ئەردىم كېچە ـ كۈندۈز تەپەككۇر ،
نىچە تۈرلۈك ھىكايەتلەر تەسەۋۋۇر .
مەگەر نەزم ئەيلەسەم بولغاي سازاۋەر ،
دىبان دۇرلارنى ساچسام مەن بەپەكبار .
بۇ سۆز ئەردى ، نادايى ئاسمانى ،
كى ‹نەزم ئەت بۇلبۇلى گۇل داستانى . ›
بولۇپ مەشۇقۇ ئاشىق بۇلبۇلۇ گۇل ،
بايان ئەيلەيكى ئىشقى بۇلبۇلۇ گۇل .
ئىشتىكىل داستانى بۇلبۇلۇ گۇل ،
دىيۇر بۇلبۇلكى مەن مەھزۇن مىسكىن ،
بايان ئەيلەي سىلەرگە چەرخى دۇندىن .
فەلەك چەرخى مېنى سەرگەشتە قىلدى ،

① «قەشقەر ئەدەبىياتى»، 1992 ـ يىللىق 6 ـ سان، 90 ـ، 91 ـ بەتلەر.



نىگارىمدىن يەلۇز ئاشۇفتە قىلدى .
دەمادەم قان ئاقاردۇر كۆزلارىمدىن ،
ۋەفاسىز دىلرەبالار فۇرقەتىدىن .»①

سەلاھى داستانىنىڭ سۇژىت ئاساسى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «لىسانۇتتەير » ناملىق ئەسىرىدىن كەلگەن .② لېكىن ئازراق پەرقلىنىدىغان جايلىرىمۇ بار . شائىر داستانىدا مەلۇم چىمەنلىكنى ماكان قىلغان ھۇمايۇن (بەخت قۇشى ) ، تاۋۇس (تىوز ) ، تۇتى ، كەبك (كەكلىك ) ، قۇمرى ، پاختەك ، سوپسوپياڭ ، ھۇد ـ ھۇد قاتارلىق سەككىز قۇشنىڭ شۆھرەتپەرەسلىككە ، ماختانچاقلىققا بېرىلىپ ، ئۆز ـ ئۆزىنى «بارچە قۇشلارنىڭ پادىشاھىمەن» دەپ لاپ ئۇرغاندا بۇلبۇلنىڭ رەددىيىسىگە ئۇچرىغانلىقىدەك ۋەقەلىكنى تەسۋىرلەيدۇ .

سەلاھىنىڭ داستانى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ، بۇ داستان يېزىلغان ۋاقىتتىن 70 يىل ئىلگىرى يېزىلغان ھىرقەتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق داستانى بىلەنمۇ تېما جەھەتتە ، شەكىل ۋە ۋەزىن جەھەتتە ئوخشاشلىققا ئىگە . ئەمما سۇژىت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ، كومپوزىتسىيە تۈزۈلۈشى ، جۈملىدىن ، يېشىمىدە پەرق بار . بولۇپمۇ ، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دە ۋەقەلىك بۇلبۇلنىڭ ساباغا ئەگىشىپ بىر چىمەنلىككە يېتىپ كەلگەنلىكى ۋە قىزىلگۇل بىلەن قوشۇلۇپ ۋەسلى دىدارىغا يەتكەنلىكى بىلەن تۈگەللەنسە ، «گۇل ۋە بۇلبۇل» دا بۇلبۇل سابانىڭ ياردىمى بىلەن قىزىلگۇل ھۇزۇرىغا يول ئېلىپ ، قىزىلگۇلنىڭ ۋەسلى دىدارىغا ئەمدى يېتەي دېگەندە ، قانداقتۇر نەدىن پەيدا بولغان «مەرد جاھانى» ئىسىملىك بىر نامەرد بۇلبۇلنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭ ئاۋازىغا خۇشتار بولىدۇ ـ يۇ ، سېتىۋېلىش ئۈمىدىنى

① «بۇلاق» ژۇرنىلى ئومۇمىي 15 ـ سان، 231 ـ بەت.
② سەلاھى «تەرىقەت مەسنەدىغە پىركامىل، نەۋائى ئەمرى مەئرۇپ ئىچىدە ئامىل» دېگەن مىسراسىدا بۇ نۇقتىنى ئىپادىلىگەن.

شۇ دىياردا ياشىغۇچى بىر رەھىمسىز ، نائىنساپ باغۋەنگە مەلۇم قىلىد-
دۇ . باغۋەن ئون دىنار ئالتۇن ئۇچۇن بۇلبۇلنى تۇتۇپ ، قەپەسكە
سولاپ بېرىدۇ . ھەققانىي سۆيگۈ يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن بۇل-
بۇل ئۆزىنى قەپەستە كۆرۈپ ، قاتتىق خورلۇق ھېس قىلىدۇ ـ دە ،
بىر ئاھ ئۇرۇپ ، شۇ زامان جان بېرىدۇ . بۇلبۇلنى سېتىۋېلىپ تار
قەپەسكە بەند قىلغان ھېلىقى مەرد جاھانمۇ ئۆز پۇلىنىڭ زايە كەتكەن-
لىكىگە ئىچ ئاغرىتىپ ، داد ـ پەرياد كۆتۈرۈش بىلەن ئۆز قىلمىشىغا
پۇشايمان قىلىدۇ . دېمەك ، سەلاھىنىڭ داستانى مانا مۇشۇنداق تراگې-
دىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ . سەلاھىنىڭ ھىرقەتنىڭ داستانىدىن پەرق-
لىق يوسۇندا چىقارغان بۇ خىل ئوبرازلىق خۇلاسىسى ، ئۇنىڭ ھىرقە-
تىدىن كېيىنرەك ياشاپ ، ئۆزى ياشاپ تۇرغان رېئاللىقنىڭ ماھىيەت-
لىك تەرەپلىرىگە تولىمۇ سەزگۈرلۈك بىلەن نەزەر سالغانلىقىدىن
بولسا كېرەك ، دېگەن پىكىرنى ئېيتىشقا ئېلىپ كېلىدۇ .
«گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى بويىچە قارىغاند-
دا ، بۇ چاغ دەل خوجا جاھان (ياقۇپ ) يەكەندە ھاكىمىيەت بېشىدا
تۇرۇپ ، ئالتە شەھەرنىڭ ئىشلىرىنى بىر قوللۇق باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتـ-
قان مەزگىل ئىدى . ئالتە شەھەر ئۇيغۇر جەمئىيىتى كۆرۈنۈشتە
نىسپىي مۇقىملىق ئىچىدە ئىلگىرىلەۋاتقاندەك بولسىمۇ ، ئەمما ۋەزد-
يەت يەنىلا تولىمۇ مۇرەككەپ ۋە خەتەرلىك ئىدى . ئۆتكۈر ئىجتىما-
ئىي ، دىنىي ۋە مىللىي زىددىيەت تېگىپ كەتسىلا پارتلاش خەۋپى
ئىچىدە تۇراتتى . ھۆكۈمران سىنىپلاردىن تارتىپ ، پۇقرالارغىچە ۋە
ئىلغار پىكىرلىك ئۆلىما ـ زىيالىيلارغىچە ئۆزىدىن ، جەمئىيەتتىن
خاتىرجەمسىزلىنىش ، ئەنسىرەش ھېسسىياتى كۈچلۈك ئىدى . لې-
كىن ، مەيلى قانداق بولمىسۇن ، ھاياتلىق ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىدۇ .
مېھنەتكەش خەلق بەخت ـ سائادەتكە كۈچلۈك ئىنتىلىشچان روھى
بىلەن ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ . شائىر سەلاھى ئومۇمىي
ۋەزىيەتتىكى داۋالغۇش ۋە ئۆتكۈر زىددىيەتكە تولغان ئەھۋال بىلەن ،



بىر مەزگىللىك مۇقىملىق ، خاتىرجەملىك كەيپىياتىغا تولغان ۋەزد-
يەتنى توغرا مۆلچەرلەپ ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن
«گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستاننى يېزىپ چىقىشتا سىمۋولىزملىق
ئىجادىيەت مېتودىنى قوللىنىپ ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتى .
داستاندىكى گۈل ، بۇلبۇل ، سابا قاتارلىق ئوبرازلار سىمۋوللۇق
ئوبرازلار بولۇپ ، داستان ۋەقەلىكىمۇ رومانتىك ئۇسلۇبتا تەسۋىرلەن-
گەن . ئۇلاردىن باشقا ھۇمايۇن ، تاۋۇس ، كەپتەر ، تۇتى ، سوپىسوپد-
ياڭ ، قۇمرى ، پاختەك ، ھۆپۈپ قاتارلىق قۇشلارمۇ سىمۋوللۇق
خاراكتېرگە ئىگە .
سەلاھى بۇ داستاندا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى سىمۋولىزمدىن ئىبا-
رەت بۇ ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت مېتودىنى ئىجادىي تەتبىقلاپ ، ئۇنى ئۆز
دەۋرىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى مۇرەككەپلىككە ياندىشتۇرماي ،
ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئىللەتلىرىنى كۆرسىتىشكە ۋە پاش قىلىشقا
نۇقتىلىق بۇراپ ، ئۆزىنىڭ ئىلغار پىكىرگە ئىگە ئىنسانىي خاراكتې-
رىنى نامايان قىلغان .
گۈل ، بۇلبۇل قاتارلىق ئوبرازلار كۈچلۈك دەۋر پۇرىقىغا ئىگە .
بۇنى بىر تەرەپتىن شائىرنىڭ ئىجتىمائىي بۇرچىدىن ؛ يەنە بىر تەرەپ-
تىن ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىكىلىق قىممەت
نۇقتىسىدىن چۈشىنىپ يېتەلەيمىز . ئەدەبىيات ـ سەنئەتشۇناسلىق
ئىلمى شۇنى ئىسپاتلىغانكى ، بىر ئەدىب ، مەيلى قەيەردە ، قاچان ،
قانداق ياشاپ ، بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانمىسۇن ، ئۇ جەمئىد-
يەت ، خەلق ، دۆلەت ئالدىدا كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ئورنىنى
ھازىرلىغان بولىدۇ ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئەسىرىدە مەيلى
نېمىلەر يېزىلمىسۇن ، ئۇ نەرسىلەر قانداق ئەكس ئەتتۈرۈلمىسۇن ،
ھامان ئەدەبىي ئەسەر مەركىزىدە ئادەم تەسۋىرلەنگەن ، ئىجتىمائىي
تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولىدۇ . بۇ نۇقتىنى شائىر سەلاھى
ئوبدان بىلەتتى . ئۇ ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتتە مۇھەببەت ،

ساداقەت ، ۋاپادارلىق ئىنسانىي خىسلەت ، ئالىيجانابلىق ، گۈزەللىك ،
مېھنەت ، چىدام ۋە غەيرەت قاتارلىق ئېسىل پەزىلەتلەر يەتكىچە بار
دەپ ھېسابلايتتى . شۇڭا ، ئۇ بۇ خىل كىشىلىك خاراكتېرلەرنى
گۈل ، بۇلبۇل (يەنە سابا ) قاتارلىق ئوبرازلاردا مۇجەسسەم قىلدى .
ئۇلار ئاڭلىق ئادەم بالىلىرى بولغانلىقى ئۇچۇن ، ئىشق - مۇھەببەت-
نىڭ تەمىنى تېتىيالايدۇ ، ۋىسال مىنۇتلىرىنىڭ ئارامبەخش پەيزىنى
سۇرەلەيدۇ دەپ قاراپ ، چىن سۆيگۈ رىشتىسىنى سابانىڭ ۋاستىسى
بىلەن بىر - بىرىگە ئۇلاپ ئۇتۇق قازىنىدۇ . گۈل بىلەن بۇلبۇل بۇ
خىل مۇھەببەتنى تاسادىپىي كەلگەن ئامەت دەپ قارىماي ، ئۇنى چوقۇم
بولۇشى كېرەك بولغان بىر خىل ئىنسانىي تۇيغۇ دەپ قاراپ ، ئىنتا-
يىن قەدىرلەيدۇ . ئۇنى ئۇزۇل - كېسىل قولغا كەلتۈرۈش ئۇچۇن
زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ . ئەمما ، شۇم پەلەك ، ۋەھ-
شىيلىك بىلەن تولغان رەزىل جەمئىيەت گۈل بىلەن بۇلبۇلدىن
ئىبارەت بۇ ئاق كۆڭۈل ، ساداقەتمەن ۋە بىچارە ، ناتىۋان ياشلارنىڭ
مۇرادىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپلا قالماستىن ، بەلكى
ئۇلارنى چەكسىز دەرد - ئەلەم ، ھەسرەت - نادامەت ۋە رەزىللىك
ئىچىدە يورۇق دۇنيادىن ۋاقىتسىز كېتىپ قېلىشىنىڭ جىنايەتكارى
بولۇپ قالىدۇ . شائىر سەلاھىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى ئادالەت-
سىزلىك ۋە رەزىللىككە بولغان تونۇشى ئۇقۇم ھالىتىدە توختاپ
قالماستىن ، بەلكى بىر خىل ئىجتىمائىي قاراش دەرىجىسىگە كۆتۈ-
رۈلگەن . «گۈل ۋە بۇلبۇل» دىن ئىبارەت ئىشق - مۇھەببەت ھادىسى-
سىگە چوڭقۇر مەزمۇن قوشۇپ ، گۈل بىلەن بۇلبۇلدىن ئىبارەت
غوبارسىز ، پەزىلەتلىك بىر جۈپ ياشنىڭ چىن مۇھەببىتىگە
تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئالقىشلار ياغدۇرۇۋاتقان شائىرنىڭ
داستان يېشىمىنى كۈچلۈك پاجىئەگە يۈزلەندۈرۈپ ، تراگېدىيە بىلەن
ئاخىرلاشتۇرۇشنى خالاپ قالغانلىقى مانا مۇشۇ نۇقتىنى روشەن ھالدا
ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .



ئومۇمەن ، شائىر سەلاھى «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق بۇ داستانىنى
ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن نەۋائى ، ھىرقەتى ، غۇربەتى قاتارلىق شائىرلا-
رنىڭ داستانلىرىدىكى ئوخشاش تېمىدىكى مەزمۇنلارغا تەقلىد قىلىپ
يازغان ، سىمۋولىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ ۋاستىسىگە تايانغان ،
رومانتىك ئۇسلۇبقا مۇراجىئەت قىلغان بولۇشىغا قارىماي ، ئۆزى
ياشاپ تۇرغان ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ مەلۇم تەرىپىنى ئوبرازلىق
يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمىغان . دېمىسىمۇ ،
داستان سەھىپىسىدە زامانغا بولغان قاتتىق نارازىلىق ، ئادالەت ۋە ساپ
مۇھەببەتكە بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈش . يورۇقلۇق ، ھۆرلۈك ئىز-
دەش ساداسى كۈچلۈك ھالدا ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ .
داستانىنىڭ بەدىئىيلىكى ئەنە شۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىلغار ئىج-
تىمائىي ئىدىيىنى پۇختا بەدىئىي شەكىل ، كومپوزىتسىيە ۋاستىسى
بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى قاتارلىق بىر قاتار تەرەپلەردە
كۆرۈلىدۇ .

## ئەرشى

**خوجا جاھان (ياقۇپ) ئەرشى دەۋرى :** مىلادىيە 18 - ئە-
سىرنىڭ باشلىرىدا قارا تاغلىقلارنىڭ ئاتامانى دانىيال خوجا يەكەن
رايونىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان . ئاپپاق
خوجىنىڭ نەۋرىسى ئەھمەد خوجا قەشقەر بىلەن خوتەنگە ھۆكۈمرانلىق
قىلغان . ئىككى تەرەپ داۋاملىق توقۇنۇشۇپ تۇرغان . بۇ چاغدا غالدان
ئۆلۈپ ، جۇڭغارلارنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەچكە قارا تاغلىقلار ھۆ-
كۈمرانلىق قىلغان يەكەن بولسۇن ياكى ئاق تاغلىقلار ھۆكۈمرانلىق
قىلغان قەشقەر بىلەن خوتەن رايونى بولسۇن ، ھەممىسى جۇڭغار
ھۆكۈمرانلىرىنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىغان . جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى-
نىڭ «ئاڭگى» لىرى شەكىلگىلا ئايلىنىپ قېلىپ ، باج - سېلىق
كۆپ يىلغىچە تاپشۇرۇلمىغان .

مىلادىيە 1715 ـ يىلى سۋان ئاراپتان (مىلادىيە 1697~ 1727ـ
يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن ) ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەپ ، قازاق
خانلىقىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قازانغاندىن كېيىن ، تەڭرى تېغىنىڭ
جەنۇبىغا قوشۇن چىقىرىشقا باشلىغان . ئۇ قوشۇن باشلاپ ئاقسۇ ،
يەكەن قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ ، قارا تاغلىقلارنىڭ ئاتامانى
دانىيال خوجىنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلغان . ئارقىدىنلا قەشقەر
بىلەن خوتەننى ئىشغال قىلىپ ، ئاق تاغلىقلارنىڭ ئاتامانى ئەھمەد
خوجىنى ئەسىر ئالغان . سۋان ئاراپتان دانىيال خوجا جەمەتى بىلەن
ئەھمەد خوجا جەمەتى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق قىسمەن ئاھالىلەرنى ئىلىغا
كۆچۈرۈپ ، نازارەت ئاستىغا ئالغان . لېكىن ، جۇڭغارلار تەڭرىتېغى-
نىڭ جەنۇبىغا بىۋاستە ئۇنۇملۇك ھۆكۈمرانلىق قىلالمىغاچقا ، نائىلا-
ج قارا تاغلىقلارنىڭ قولىقى يۇمشاق ئاتامانى دانىيال خوجىنى ئاقسۇ ،
يەكەن قەشقەر ، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەرگە ھۆكۈمران قىلىپ قو-
يۇشقا مەجبۇر بولغان . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قارا تاغلىقلار تەڭرىتېغى-
نىڭ جەنۇبىدا ھۆكۈمرانلىق ئورۇنىنى ئىگىلەپ ، ئاق تاغلىقلار يەنە
بېسىمغا ئۇچرىغان .①

دانىيال خوجا تەختكە چىقىرىلغاندىن باشلاپ تاكى ئىلىدىكى
ئەھمەد (مەھمۇد ) خوجا ئوغۇللىرى بولغان چوڭ ـ كىچىك خوجىلار-
نىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا غەلىيان كۆتۈرۈپ بارغىچە بولغان يېرىم
ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە دانىيال خوجا (مىلادىيە
1700 ~ 1730 ) ، ئابدۇللا خوجا (مىلادىيە 1730 ~ 1735 ) ،
خوجا جاھان (ياقۇپ ) (مىلادىيە 1736 ~ 1756 ) ھاكىمىيەت يېشى-
دا تۇردى .

مۇھەممەد سادىق قەشقەرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا خوجا جاھان

① چېن بوچۇەن: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 343 ـ، 344 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى.



(ياقۇپ ) نى دانىيال خوجىنىڭ ئوغلى دەپ يازغان .①

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، يەكەن خانلىقى مۇنقەرز قى-
لىنىپ ، تاكى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ئىسيانى بېسىقتۇرۇلۇپ ،
شىنجاڭ رايونىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەنگە قەدەر
(1759 ـ يىلى ) ئۆتكەن 80 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە جەنۇبىي
شىنجاڭدا يەرلىك ھاكىمىيەت ئىزچىل تۇردە ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ
ئەۋلادلىرى قولىدا تۇرغىنى يوق . ئاپپاق خوجا مىلادىيە 1678 ـ
يىلدىن 1695 ـ يىلغىچە ، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى سەككىز يىل ئەتراپى-
دا ، جەمئىي يىگىرمە نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى . ئۇنىڭدىن
كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى ئاپپاق خوجىنىڭ رەقى-
بى قارا تاغلىق دانىيال ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قولىغا ئۆتۈپ بۇ
ھۆكۈمرانلىق مىلادىيە 1700 ـ يىلدىن 1755 ـ يىلغىچە 55 يىل
داۋام قىلدى .

دانىيال خوجا جەمەتى ، بولۇپمۇ خوجا جاھان (ياقۇپ ) ھۆكۈم-
رانلىق قىلغان مەزگىل (مىلادىيە 1736 ~ 1755 ) «ئالتە شەھەر»
ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىر قەدەر تىنىچ گۈللىنىش مەزگىلىگە قەدەم
قويغان . مۇھەممەد سادىق قەشقەرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا بۇ
دەۋرنى ھۇسەيىن بايقارا زامانىسىغا ئوخشاتقان . بۇ ھەقتە مۇھەممەد
سادىق قەشقەرى :

«مەملىكەت ئىچرە شەھىنشاھ ئەيلەسە جانلارغا جان ،
بەلكى جاندىن ئاشۇرۇپ جانلارغا جانان ئەيلەمىش .»

دەپ يازغانىدى . بۇ زاماندا سۇ قۇرۇلۇشى ، تېرىقچىلىق ئىشلىرى
ياخشىلىنىپ قالماستىن ، لەنگەر قۇرۇلۇشى ياخشىلانغان ، شۇنداقلا ،
خوجا جاھاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يەكەندە « ‹ئاق مەدرىسە › ناملىق
بىر ئالىي ئوقۇش يۇرتى بىنا قىلىنغان . بۇ ئوقۇش يۇرتى كېيىنچە

① «تەزكىرەئىي ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى، 4 ـ بەت.

‹مەدرىسەئىي خامۇش › دەپ ئاتالغان »[①] ئۇيغۇرچە تارىخىي ھۆججەتلەردە خوجا ئابدۇللا زامانىسىمۇ تەرىپلەنگەن . مەسىلەن . «تارىخىي ھەمىدى » (135 ـ بەت )دە : «بۇ خوجامنىڭ دەۋرىدە تولا ئوبدانلىق بولدى . ‹سيەرى شەرف › (خۇراسانلىق ئالىم مەۋلانا مۇئىنىدىدىنىڭ ئەسىرى ) خوجا ئابدۇللانىڭ تەشەببۇسى بىلەن مۇھەممەد رېھىم تەردىپىدىن تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىندى » دەپ يېزىلغان .

خوجا جاھان (ياقۇپ ) تەرەققىيپەرۋەر ، ئىلىم ـ مەرىپەتنى سۆيىدىغان ، ئىلىم ئەھلىنى قوللايدىغان كىشى بولغاچقا بىر قىسىم ئالىم ـ ئۆلىما ، شائىر ـ ئەدىبلەرنى ئەتراپىغا توپلاپ ئۇلارغا يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولغان . يەكەن شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە ـ تۆت پاتمانلىق يەرگە ئۆز نامىدا بېھىشتىن نىشان بېرىدىغان مىسلى گۈزەل كاتتا بىر باغ ئەھيا قىلدۇرۇپ ، ياز كۈنلىرى ئالىم ـ ئۆلىمالارنى يىغىپ ، مەشرەپ بەزمىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان . تارىختا ئۆتكەن پادىشاھلار ، پەيغەمبەرلەر ۋە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرى يېزىلغان «سيەر » ، «تارىخىي ئەنبىيا » ، «ئەنبىيا ئىزام ۋە ئەۋلىيائى ساھىپ كىرام » ، «پادىشائىي مۇتەقەددەملەرنىڭ قىسسىسى » دېگەنگە ئوخشاش كىتابلارنى ئەرەب ۋە پارسچىدىن تەرجىمە قىلدۇرۇپ ، ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ ، مۇتالىئە ھەم مۇنازىرىلەرگە ئۇيۇشتۇرغان . يازغۇچى شائىرلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان كۈنلەردە ئۆزىمۇ يازغانلىرىنى ئوقۇپ ، ياخشى يازغانلارنى خانلىق نامىدىن مۇكاپاتلاپ ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىلھام بەرگەن .[②]

**ئەرشى ئىجادىيىتى :** خوجىلار زامانىسكى ئىلغار پىكىرلىك ،

① مۇھەممەد سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى، 126 ـ بەت.
② ئابدۇرەھىم سابىت: «لىرىك شائىر ـ ئەرشى»، «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» (قەشقەر) ، 1985 ـ يىل 1 ـسان.



ئىجادىي تەسەۋۋۇرغا باي شائىرلاردىن بىرى ئەرشى ھېسابلىنىدۇ .

ئەرشىنىڭ ئۆز ئىسمى خوجا ياقۇپ ، كېيىن خوجا جاھان دەپ مەشھۇر بولغان . «تارىخىي نادىرىيە » ناملىق كىتابتا «ھەزرىتى مەۋلانا خوجا ياقۇپ خوجام خۇجەندتە تەۋەللۇت تاپتىلەر »[①]دېيىلگەن . ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھىجرىيە 1097 ـ (مىلادىيە 1685 ـ 1686 ) يىلىغا توغرا كېلىدۇ .[②]

خوجا جاھاننىڭ خۇجەندتە تۇغۇلۇشىدا مۇنداق بىر تارىخىي سەۋەب بار . ئاپپاق خوجا ئالتە شەھەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن «قارا تاغلىقلار » غا قارىتا دەھشەتلىك تۈردە باستۇرۇش ئېلىپ بارغان . شۇ مەزگىلدە خوجا جاھاننىڭ بوۋىسى خوجا شۇئەيپ ئاپپاق خوجىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قىرغىنچىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مىلادىيە 1677 ـ يىلى بىر قىسىم «قارا تاغلىقلار » بىلەن كەشمىر ئارقىلىق پامىرنىڭ غەربىگە ئۆتۈپ كەتكەن ، ئوغلى دانىيال خوجا خۇجەندتكە ئورۇنلاشقان . ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتكەندە خوجا جاھان دۇنياغا كەلگەن .

خوجا جاھان دەسلەپكى مەلۇماتنى خۇجەنت مەدرىسىلىرىدە ئالغان . ئاندىن ھەزرىتى خوجا شەيخ خوجەنتىنىڭ مازىرىغا بېرىپ ، بىر مەزگىل ئىلىم تەھسىل قىلغان . «تارىخىي نادىرىيە » دىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا «ئۇنىڭ تەھسىل ئىلىملىرى ئانچە بولدىكى ، تەسلىرىدە ھەر مۇشكۇل بولسا ھەل قىلور ئەردى . گاھى سەمەرقەند ، بۇخاراغا بېرىپ ، ئەھلى پەزىللەر بىلەن مەشرەپ تۈزۈپ ، مۇنازىرە قىلىشور ئەردى » .[③]

خوجا جاھان ئەقىل ـ پاراستى ئۆسۈپ بېرىۋاتقان بىر چاغدا

① «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» (قەشقەر)، 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان، 8 ـ بەت.
② بۇ خىل مەزمۇندىكى ئۇچۇر مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئىي ئەزىزان» ناملىق كىتابى (59 ـ بەت) تىمۇ قەيت قىلىنغان.
③ «قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقات خەۋىرى»، 1985 ـ يىل، 1 ـ سان، 8 ـ بەت.

ئائىلىسى بىلەن بىرگە يەكەنگە قايتىپ كەلگەن . چۈنكى ، مىلادىيە
1716 ـ يىللىرى سۋان ئاراپدان باشچىلىقىدىكى جۇڭغارلار يەكەنگە
باستۇرۇپ بېرىپ ، دانىيال جەمەتىنى ئىلىغا ئېلىپ كەتكەن . نەتىجى-
دە دانىيال خوجا ، خوجا جاھانلار ئىلىدا 14 يىل تۇتقۇنلۇقتا تۇرغان .
مىلادىيە 1727 ـ يىلى سۋان ئاراپداننىڭ ئورنىغا چىققان غالدان
سىرىن دانىيال خوجىنى تۇتقۇنلۇقتىن بوشىتىپ ، يەكەنگە خان قىلىپ
تەيىنلەپ ئەۋەتكەندە خوجا جاھان داۋاملىق يوسۇندا ئىلىدا گۆرۈ
ئورنىدا قالغان . مىلادىيە 1730 ـ يىلى دانىيال خوجا كېسەل سەۋەبى
بىلەن ھاكىمىيەتتىن چەتلەشتۈرۈلگەن ۋە 1731 ـ يىلى ئۆلگەندىن
كېيىن 1735 ـ يىلىغىچە ، خوجا ئابدۇللا يەكەندە خان بولۇپ تۇر-
غان . مىلادىيە 1735 ~ 1755 ـ يىلىغىچە خوجا جاھان جۇڭغارلار-
نىڭ ھىمايىسى ئاستىدا يەكەندە خان بولۇپ تۇرغان .
خوجا جاھان تۆت بىر تۇغقان بولۇپ ، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم
ھالدا قەشقەر ، ئاقسۇ ، خوتەن ، يەكەنلەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا
تەيىنلەنگەن .[1] بۇلارنىڭ ئىچىدە خوجا جاھان ياشتا چوڭ ، ئەقىللىق
ۋە تەدبىرلىك بولغاچقا باشقا قېرىنداشلار ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىشى-
لىرىدا خوجا جاھاننىڭ ئاغزىغا قاراپ ، خوجا جاھاننى ۋەكىل قىلغان
يەكەننى يادرو قىلغان بىر ھاكىمىيەت بولۇپ ، 20 يىل مۇقىملىقنى
ئىشقا ئاشۇرغان .
مۇھەممەد سادىق قەشقەرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» داخوجا جاھاد-
نىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرغان ۋاقتىتىكى ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىل-
غان :
«··· ھەزرەتى خوجا جاھان خوجام پادىشاھ ئەلەيھىر رەھمەۋىر
رىزۋان ھەممە ۋاقتىدا ئۆمۈرلەرىنى ئۆلىمالار ۋە سالىھلار ۋە ئەھلى

① ئابدۇرېھىم سابىد: «لىرىك شائىر ئەرشى»، «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى»، 1985 ـ يىلى،
1 ـ سان، قەشقەر.



تەبئىلەر بىللە مەشرەپ تۈزۈپ مەسھ ئاسا ، جان فەزا كەلاملار ئىلە
جانسىز تەنلەرگە جان ئاتا ئەيلەپ ، مالامال ئىلتىپاتلار قىلۇر ئەردىلەر
ۋە گاھى ئەمىر ـ ئۆمەرا ماۋالى شەھەر بىرلە ئولتۇرۇپ ، مەملىكەت-
لەرنىڭ ئەسباب ياراغىن كۆرگۈزۈپ ، فەقىر رەئىييەلەرنىڭ داد سو-
راغلىرىغە مۇۋاپىق ھۆكۈم سۈرۈپ كۆڭۈللەرنى جەمئىي شاد قىلۇر
ئەردى . گاھى سيەر تەۋەرىخ كىتابلاردىن ئەنبىيائى ئىزرام ئەۋلىيائى
كېرامنىڭ ۋە ئىمام مۇجتەھىدلەرنىڭ ، پادىشاھى ماتەقەددەملەرنىڭ
قىسسە ۋە ھېكايەلىرىدىن ئىشتىپ ئۇلارنى دۇئايى خەير قىلىپ ياد
ئەيلەر ئەردىلەر . گاھى دىۋان ، غەزەلىيات ، مەسنەۋى كىتابلەردىن
ئاراغە سالىپ ھەقايىق مەنئالەرىن ئاراغە سالىب ۋە بىر ھالەت پەيدا
قىلۇر ئەردىلەر ۋە ئەھلى مەجلىسلەرگە سىرايەت قىلىپ پەرۋانەدەك
ئۆزلەرىنى پارە ـ پارە قىلىپ باشلەرىدىن ئۈرۈپ مۇرغى بېسمىل
يەڭلىغ بولۇپ ، بىخۇدلۇق رۇ بېرىپ يىقىلور ئەردى . گاھى نەزمە
دۇرلەرىن رىشتەغە ئالىپ ، كۆڭۈللەر خىرمەنىغە ئوت سالغۇدەك پۇر
سۆز ۋە ئەبيات دىلپەزىلارنى تەتىپ بېرور ئەردى . پىشىۋايى ماتەقە-
دەملەرنىڭ نازۇك فەھىم غەزەلىياتلەرىغە جاۋاب ساقى ، مۇخەممەس ۋە
مۇسەددەسلەر نەزمە قىلور ئەردى . گاھى مەملىكەت مەيدانىدە ئولتۇ-
رۇپ شائىرانە ۋەقىت سۇخەن فەھىم زامانلەرنىڭ شېئىر ئەبياتلەرىن
ئىلغەپ تەرجىھ ئەيلەپ بۇلەغا ساھىبىغە ئىلتىپات شاھانەلىباسلەر ئەتا
ئەيلەپ ، ئۆز قاتارىدە مۇمتاز ۋە سەرەفراز ئەيلەر ئىدىلەر . ھەر ھەپتە
ئۆلىما ۋە فازىللەر يەنى ئاخۇند ، سەييىد ، خاجەلەرنىڭ دەرسخانەلەرىغە
بارىپ ، يارانلار قايىسلەرىكى خۇش فەھىم ، خوش ئىدراكىدۇرلەر
ۋە رىيازەت ۋە مۇجاھىدە ۋە بەھسى مۇنازەرە ۋە مۇتالىئەلەرى نازۇك
بولسە ، ئاڭا ئىلتىپاتلەر قىلىپ ، شۇمۇقەددەم ئولتۇرغۇزۇپ ، كۆ-
ڭۈللەرنى خوش قىلۇر ئەردى . ئانداغ تۇرلۇك ماھازەرلەرنى كەلتۇ-
رۇپ ئېھسان بىرلە يارەنلەرنى سيىر قىلور ئەردىلەر ۋە بەزى ۋەقتىتا
دەرۋىش تالىبلار ۋە يا مۇۋاپىقلار بىرلە سۆھبەتلىشىپ ، ئۇلارغە بايان

تەرىقەت ۋە سەيىر سۇلۇك تەلىم قىلىۇر ئەردىلەر . بۇ ئىقلىمدە ھەرند-
چۇك چوڭ - كىچىك ھەممىسى كېچە - كۇندۇز بۇ شاھى ئالىنىڭ
ھەققىلەرىدە ياخشى تەلەپلەر دۇئايى خەير قىلىپ خاتىرلەرىغە شۇكرى
سانا ئېيتۇر ئەردىلەر . ئىلگىرى - كېيىن مۇنداق ۋاقىت مەۋجۇت
بولغان ئېمەسدۇر دەر ئەردى ، ۋە بەزىلەر سۇلتان ھۇسەيىن مىرزانىڭ
ۋاقتىغە تەشبىھ قىلىۇر ئەردىلەر . ھەممە ئالىم ئەمەلدار ئىدىلەر .
‹ئەلئۇلۇما ئۇۋەرسەتۇلئەنبىيا › ھەدىسىغە بۇلار ئىككى تەرەپتىن ۋا-
رىسدۇرلەر . »[1]

شائىر زەلىلىمۇ خوجا جاھاننى ئالاھىدە مەدھىيىلەپ ، بۇرھاند-
دىننى قارىلاپ شېئىر يازغان . ئۇنىڭ بۇ شېئىرى «تەزكىرەئى ئەزد-
زان» نىڭ يەنە بىر قولىيازما نۇسخىسىدا مۇنداق بېرىلگەن :

«ئى خوجا جاھان خودا ھەمىشە يارىڭ بولسۇن ،
گەردۇن قەدىمىڭدىكى ئىتبارىڭ بولسۇن .
دۇشمەن ئىلە تۇغ - ئەلەم جىلۋىگەر ئولدى ،
ھىممەت ئىلكىڭدە زۇلفىقارىڭ بولسۇن .

بۇرھاندىن غۇرۇر نەسەپ ئول سەگى ئەبلەخ ،
ئىسلام ئىلىگە قىلغان غەمخورلۇقۇڭ مۇبارەك بولسۇن .
بىچارە زەلىلى خوجا جاھاننىڭ ئولفىتى ئەردى ،
دۇشمەنلىرىڭ دۇشمەن قولىدا خارۇزارىڭ بولسۇن . »[2]

مىلادىيە 1750 - يىللارنىڭ باشلىرىدا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى
ئىلىدا تۇغۇلغان ئاپپاق خوجا نەۋرىلىرى بۇرھاندىن خوجا بىلەن خان
خوجا (خوجا خان ) نى تۇتقۇنلۇقتىن بوشىتىپ ، «ئاق تاغلىق» خو-

[1] مۇھەممەد سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى، 82 -، 83 - بەتلەر.
[2] «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» (قەشقەر)، 1985 -يىلى، 1 - سان، 11 - بەت.



جىلار قولى ئارقىلىق «ئالتە شەھەر» نى قايتىدىن ئۆز ئىلكىگە
ئېلىش قەستىگە چۈشكەن ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن بۇرھاندىن
خوجا ئاپپاق خوجا تۇغىنى كۆتۈرۈپ ، «ئاق تاغلىق» خوجىلار قالدۇق
كۈچلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ ، قايتىدىن مۇستەھكەملىنىۋاتقان
«ئالتە شەھەر» ھاكىمىيىتىنى مۇنقەرز قىلدى . مەغلۇپ قىلىنغان
خوجا جاھان (ياقۇپ ) ئۆز جەمەتىدىكىلەر ۋە ئۆزىگە سادىق بىر قىسىم
كىشىلەر بىلەن يەكەننى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى .
بۇرھاندىن خوجا ئۇنى قۇربات مىرزا لەشكەرلىرىگە تۇتقۇزۇپ كې-
لىپ ، پۈتۈن جەمەتى بىلەن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈردى . بۇ ھىجرىيە
1169 - (مىلادىيە 1755 ~ 1756 ) يىلى بولۇپ ، ئۆلتۈرۈلگەنلەر
ئىچىدە خوجا جاھاننىڭ ئوغلى شائىر فۇتۇھىمۇ بار ئىدى .

بۇرھاندىن خوجا ئالتە شەھەرنىڭ خانلىق ئورنىغا چىققاندىن
كېيىن ، چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭنى قايتىدىن بىر-
لىككە كەلتۈرۈشىگە قارشى تۇرۇپ ، ئۆز ئىنىسىنىڭ دەۋىتى بىلەن
چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى كۆتۈردى . نەتىجىدە چىڭ سۇلا-
لىسى گېنېرالى جاۋ خۇي باشلىغان قوشۇن تەرىپىدىن باستۇرۇلدى .[1]

خوجا جاھان (ياقۇپ ) ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ
تەربىيىلىشى ئارقىسىدا بىلىملىك ئادەم بولۇپ چوڭ بولغان . ئۇنىڭ
بىلىمىنىڭ موللۇقىنى ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلاردىن ، ئىد-
ران ئەپسانىلىرى ، يەھۇدىي رىۋايەتلىرى ، ئەرەب ھېكايىلىرى ، يۇنان
ھېكمەتلىرى ، شەرق مۇسۇلمان ئەللىرى ئەدەبىياتى ، ئەلىشىر نەۋائى
ئەسەرلىرى ۋە تۆت زات توغرىسىدىكى كلاسسىك قاراشلار ھەققىدە
يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ، قەلبى ئىنسانىي ھېس -
تۇيغۇلار بىلەن تولغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىن كۆرۈۋالالايمىز .

[1] ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى، 184 - بەت.

ئەرشى ئۆمرىنىڭ مۇرەككەپ بىر تارىخىي جەريانلار ئىچىدە ئۆتكىنىگە قارىماي، ۋاقىت، پۇرسەت بولسىلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە زېھنىنى سەرپ قىلغان. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرلىرى «دىۋانى ئەرشى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. ① بۇ توپلامغا كىرمىگەن يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىمۇ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. ② ئۇنىڭ يەنە بىر دىۋانى ھازىر تاجىكىستاندا ساقلىنىۋاتىدۇ. ③

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «دىۋانى ئەرشى» گە جەمئىي 90 غەزەل، 8 رۇبائىي، بىر ساقىينامە، ئالتە مۇخەممەس، ئىككى مۇسەممەن، ئۈچ مۇھەببەتنامە، بىر مۇستەھزاد كىرگۈزۈلگەن. «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «باياز» (مىلادىيە 1813~1814-يىللىرى قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا تۈزۈلگەن) لارغىمۇ شائىرنىڭ بەزى شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

ئەرشى — لىرىك شائىر. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدىكى لىرىك ئوبرازلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كىشىلىك قارىشى، جەمئىيەت ۋە دۇنيا ھەققىدىكى ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى مەسىلىلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوبرازلىق، يارقىن ھالدا ئىپادىلىگەن.

چاغاتاي تىل - ئەدەبىياتى ئۇسلۇبىدىكى ئەدەبىياتنىڭ نەۋائىدىن كېيىنكى نامايەندىلىرىنىڭ كۆپى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى تەرەققىي ئەتتۈرۈشتە بۈيۈك شائىر نەۋائىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئوقۇشنى ھەم ئۇنى ئۆرنەك قىلىشنى بىر خىل ئائىلىق ئادەت

① «دىۋانى ئەرشى» نىڭ قولىيازما نۇسخىسى 1957 - يىلى يېڭىساردىن تېپىلغان، ھازىر ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەسەر «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، «دىۋانى ئەرشى» نامى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 - يىلى نەشر قىلىندى.

② بۇ شېئىرلار ئابدۇرەھىم سابىتنىڭ تەييارلىشى بىلەن «قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقات خەۋىرى» ناملىق ژۇرنالنىڭ 1985 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىندى.

③ بۇ توپلام تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قولىيازمىلار بۆلمىدە №2227/11 نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. بۇ توغرۇلۇق ئۇچۇر س. موللاۋۇدۇۋنىڭ «18 - ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيىسى» (ئالمۇتا، 1990 - يىل) ناملىق كىتابىنىڭ 81 - بېتىدە بېرىلگەن.



قىلغان. بۇ ھال شائىر ئەرشىنىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ ئوخشاشلا كۆرۈلگەن. بۇ نۇقتىنى شائىر «كۆرۈپ» رادىپلىق غەزىلىدە مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«بىنەۋا ئەرشى تىلەر، روھى نەۋائىدىن فۇتۇھ،
مورغىزارى نەزم ئارا مۇرغ خۇش ئەلھانىنى كۆرۈپ.»

ئۇ «چەكتى» رادىفلىق غەزىلىدە يەنە مۇنداق يازغان:

دىيارى نەزم ئارا شاھلىق نەۋائى گەرچە كۆپ سۈردى،
گەدا ئەرشىمۇ ھەم، سۆز مۈلكىدە يىللەر قەدەم سۈردى.»

ئەرشى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى بەخت - سائادىتى مەسىلىسىنى ئۆز لىرىكىلىرىنىڭ غايىۋى مەزمۇنىدىن بىرى قىلغان. شائىر مۇنداق يازغان:

«ئالەم ئىچرە تۆت بازارى ئەناسىرنى كېزىپ،
بار خەلايىق گەۋھەرىدەك بىر جىلايى تاپمادىم.»

بۇ مىسرالاردا شائىر خۇددى نەۋائىغا ئوخشاش خەلقنى ئالەمدىكى تۆت زاتتىن ھاسىل بولغان بارلىق شەيئىلەر ئىچىدىكى ئەڭ جىلۋىلىك گۆھەر دەپ ئۇلۇغلايدۇ.

شائىر ئەرشى كۆك چاي، چىنە ھەققىدىكى لىرىكىلىرىدا خەلقلەر دوستلۇقى ھەققىدىكى ئىلغار ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ:

«تۇرفە سۇنئى ئىلاھىدۇر، كۆك چاي،
تەبىئىنىڭ جىلۋەگاھىدۇر كۆك چاي.
چىقتى چىن شەھرىدىن چىنى بىرلە،
چىن ئېلىنىڭ گۇۋاھىدۇر كۆك چاي.
ھېچ رۇھى زېمىنىدا يوق بۇ گىياھ،
دارۇلار پادىشاھىدۇر كۆك چاي.»

دېگەن شېئىرى بىلەن، ئۆزىنىڭ:

«ئول كىمسەگە كىم يار ئاڭا چىنىدۇر،
يوق چىنىكى بىر نىگار ماچىنىدۇر.

گۈلشەن ئارا بەزم ئېتەرگە ئول ئەيلەسە ئەزم ،
مەرغۇب ئاڭا چايى بىلەن چىنىدۇر .»

دېگەن رۇبائىيسىدا چىنىدىن چىققان چىنە بىلەن چايدىن بەھرىمەن بولمايدىغان ماچىنلىق يوق ، ئۇ ھەتتا مەشرەپلەرنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا سىڭگەن دېگەننى تەكىتلىگەن .

شائىر ئەرشى شېئىرلىرىدا يەنە كۆچلۈك دەۋر پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ . ئۇ ئىككىنچى مۇسەممەنىدە ئىجتىمائىي ، سىياسىي قارىشىنى مۇنداق بايان قىلغان :

«ئاخىر بىر كۈن ئەجەل دامىغا تۈشكەي باشىمىز ،
ئەيلەبان بىچارە ، ئاجىز قويماغاي دەرمانىمىز .
دەردىمىزنى ئايتىشۇرغە قالماغاي ئىمكانىمىز ،
تاپماغاي تەغيىردىن خەتلەر بىزنىڭ پىشانىمىز .
باشىمىزدا سايەبان بولغاي ئەزىز ئىمانىمىز ،
بارچە يارى مۇئتەقىدلەر كۆپ يىگەي ئارمانىمىز .»

دېمەك ، ئەرشى «ئەيلەدى ئاخىر ئىشىن» ناملىق بۇ مۇسەممەنىدە ئۆز دەۋرىدىكى ئۆتكۈر ۋە نازۇك ئىجتىمائىي مەسىلىنى ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ ، خوجىلار زامانىسىنىڭ خوجا جاھان (ياقۇپ) ياراتقان بىر مەزگىللىك نىسپىي مۇقىملىقنىڭ ھەمىشە خىرىس ۋە تەھدىتكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ، ئەل - يۇرتنىڭ بېشىغا كېلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئېغىر تەپرىقىچىلىك ، قاباھەتلىككە قارىتا ئاھۇ پىغانلىرى ، ھەسرەت - نادامىتىنى يۈكسەك سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئىپادىلىگەن .

ئەرشى شېئىرلىرىدا زامان زۇلمىدىن شىكايەت قىلىش ، تەتۈر پەلەك ، مۇدھىش دەۋرانغا نىسبەتەن ئۆتكۈر مەسخىرە ئىپادىلەنگەن مىسرالارمۇ بەلگىلىك ئورۇن تۇتقان ، شۇنداقلا ، ئادالەت ، ھەققانىيەت ۋە يورۇقلۇققا ئىنتىلىش جەھەتتە ئۆز سىنىپىنىڭ ئىرانىسىنى چەتكە قايرىپ قويۇپ ، مېھنەتكەش خەلق ئاممىسى مەيدانىدا تۇرغان . ۋەھالەنكى ، بۇنىڭلىق بىلەن ئەرشى كەڭ خەلق ئاممىسىغا پۈتۈنلەي ئەركىنلىك ، باياشاتلىق ئېلىپ كەلگەن دېگىلى بولمايدۇ . ئەينى چاغدىكى ئەھۋالدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، جەمئىيەتتە ئەرشى ھاكىمىيىتىگە نىسبەتەن ئۆتكۈر قارشىلىقنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ . ئۇ بىر تەرەپتىن قاتتىق سىياسەت قوللىنىپ ، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلغان ؛ يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭغارلار ھىمايىسى ئاستىدىكى بىر قورچاق خان بولۇشتەك تارىخىي ئورنىنى ئۆزگەرتىشكە مۇئەييەن دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن . مەسىلەن : خوجاجاھان ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان چاغدا ، جۇڭغارلارغا تۆلىنىدىغان ئالۋاننى كەينىگە سوزغانلىقى ، بۇرھانىدىن خوجىنىڭ جۇڭغارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى غولتىۋېتىشكە ئۇرۇنغانلىقى قاتارلىقلار بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ . يەنە ، يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكەندەك ، خوجا جاھان ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان چاغدا جەمئىيەتتە بەلگىلىك دەرىجىدە يۈكسىلىش ۋە مۇقىملىقمۇ بولغان .

بىز ئەرشىنىڭ ھاياتى بىلەن ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلغان چېغىمىزدا ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىنچىكىلەپ ، كونكرېت تەھلىل قىلىپ ، ئۇنىڭ مەيدانى ۋە خاھىشىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز ، ئاددىي ھالدا بىرەر تەرىپىنى تۇتۇۋېلىپلا خالىغانچە ھەممە تەرىپىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ياكى ئىنكار قىلىدىغان خۇلاسە چىقىرىپ قويماسلىقىمىز لازىم .

## فۇتۇھى

فۇتۇھى تەخەللۇسلۇق بۇ شائىرنىڭ ئۆز ئىسمى خوجا سىدىق بولۇپ ، خوجا جاھان (ياقۇپ) نىڭ ئوغلى ئىدى . «تارىخىي نادىرىيە» ناملىق كىتابتا خوجا سىدىقنىڭ ئاتىسى خوجا جاھان يەكەندە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ۋاقىتتا ئۇنىڭ 18 ياشتا ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان . شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا ، خوجا سىدىق ھىجرىيە 1130 -

(مىلادىيە 1717 ~ 1718 ) يىلى دۇنياغا كەلگەن بولىدۇ . «تارىخىي نادىرىيە» دە مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان : «ھەزرىتى خوجا جاھان خوجامنىڭ خوجا سىدىق ئاتلىق بىر پەرزەنتى بار ئىدى . ھۆسن جامالدا ئاپتاپتىن غەلىبە قىلور ئەردىلەر . خۇشخۇيلۇقتا ھەممە خۇلق ئاندا زاھىر بولۇر ئەردى . پەم ـ پاراسەتتە ئەپلاتون ، ئارىستوتېل كەمتەرىن شاگىرتلىرىدىن ئەردى . تەبئىي زېھنلىرى پەيزەئى پولاتتەك مەزمۇت نەسپىتەنى زۇھەل چالاكلارى ئالماس بىلەن شىكاپ ئەيلەر ئىدىلەر . ۋۇجۇد سېخىيلىقتا ھاتەم بىر غۇلام چاكار ئەردىلەر . ئەدلۇ ـ ئادالەتتە نۇشىرىۋان بەستەرىن خادەم ئەردى . سىن ساللىرى ئون سەككىز ئەردىلەر . تەھسىللىرى ئاقارغان ئىدىلەر . تەپتىش ۋە تەھقىقلىرى تەھسىل تامام بولغان تالىپى ئىلىملەردىن يۈز دەرىجە ئارتۇق ئىدى . پەھىم ئەشئاردا ئانداغ ئىدىلەركى ، ئۆزگە يارەنلەر بىيىتىنى ئېغىزلىرىغە ئالغۇنچە مەزمۇنىنى تەسەرۇپ قىلىپ تەقرىزىغا كەلتۈرەر ئەردىلەر . ئەشئار نەزمىدە ئىككى ئۈچ غەزەلنى بەدىيەتەن بىر دەفئەدە كىتابقا ئالۇر ئىدىلەر . ھەممە يارەنلەر مۇنداق تەبئىي چالاك ، تىز چەھمىلىرىگە تەھسىن ۋە ئاپىرىن قىلۇر ئېردىلەر .»①

بۇ بايانلاردىن خوجا سىدىقنىڭ سۈپىتى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتى ، جۈملىدىن شېئىرىيەت ساھەسىدىكى ئۇتۇقلىرىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ .

خوجا سىدىقنىڭ ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلاپ ، بۇ ساھەدە نەتىجە يارىتىشىدا دادىسىنىڭ ، جۈملىدىن ئائىلە جەمەتىنىڭ تەسىرى چوڭ بولغان . ئۇنىڭ نوقۇل ئائىلە مۇھىتىغا باغلىنىپ قېلىشىدا تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەب بار ئىدى . يەنى ئۇ دادىسى خوجا جاھان ئىلىدا

① ئابدۇرەھىم سابىتنىڭ «خوجا سىدىق فۇتۇھى» ناملىق ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، 1986 ـ يىللىق 2 ـ سان. بۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇن مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق كىتابىنىڭ 110 ~ 111 ـ بەتلىرىمۇ قەيت قىلىنغان.



جۇڭغارلار قولىدا تۇتقۇن بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا تۇغۇلغان . خوجا ئابدۇللا جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئالتە شەھەرگە خان قىلىپ تەيىنلىنىپ ، پەقەت ئىككى يىلدىن كېيىنلا (1732 ـ يىلى ) دادىسى بىلەن يەكەنگە قايتالىغان . خوجا سىدىق 18 ياشقا كىرگىچە دادىسىنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ ، ھەمدە ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، خېلى يۇقىرى ماھارەت ئىگىلىگەن . «تەزكىرەئى ئەزىزان» دىكى بايانغا قارىغاندىمۇ ، خوجا سىدىق دەسلەپكى بىلىمنى ئائىلىسىدە ئالغان ، يەنى ئۇ كىچىك ئانىسى (ھامىمىسى ) قولىدا تەربىيىلەنگەن . «ئۇلۇغ ئەزىزەم ئالىم ، مەيدان كىشى ئەردى ··· سىدىق خوجام پادىشاھ شېئىر ئەدەبىياتنى كەسىپ ئالۇر ئەردى» . ① ئەمما خوجا سىدىق كېيىنكى بىلىمنى يەكەن ۋە قەشقەردىكى مەدرىسىلەردە ئالغان بولۇشى كېرەك . چۈنكى ئەينى زاماندا بۇ جايلاردا مەدرىسىلەردە ئەۋزەل ئوقۇتۇش شارائىتى ھازىرلانغان ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، يۇقىرى تەبىقە ئىمتىيازىدا تۇرۇۋاتقان خوجا سىدىقتەك بەگزادىنىڭ مەدرىسىدە مۇنتىزىم تەربىيە كۆرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

خوجا سىدىق دادىسى ، ھامىمىسى ۋە باشقىلارنىڭ تەسىرىدە شېئىرىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن . مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ بايانىغا قارىغاندا ، فۇتۇھى 18 يېشىدىلا شېئىرىي دىۋان تۈزگەن ئىكەن . بۇ توغرىدا م .س . قەشقەرى مۇنداق مەلۇماتنى قالدۇرغان : «ئول ۋاقىتنىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ ئىتتىپاقى بىرلا ھەزرەت خوجا جاھان خوجامنىڭ رۇخسەتلەرى بىرلە كىتاب تەسنىف قىلدىلاركى ، ئاتىنى ‹فۇتۇھى › دەرلەر . ئول كىتابنىڭ مەزمۇنلەرى ھەممە ئەھلى ئالەم ۋە ئەھلى دانىشلەرگە مەلۇمدۇر .» ②خوجا سىدىقنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى توغ-

① س. موللاۋۇدۇۋنىڭ «18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيىسى» ناملىق كىتابىنىڭ 124 ـ بېتىدە ئېلىنغان نەقىل).

② س. موللاۋۇدۇۋنىڭ «18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيىسى» ناملىق كىتابىنىڭ 125 ـ بېتىدە «ئۇنىڭ بۇ كىتابى بۇگۈنگىچە ئىلىم ئەھلىگە مەلۇم بولمايۋاتىدۇ» دېيىلگەن.

رۇلۇق «تارىخي نادىرىيە» دىكى بايانلاردىن باشقا «تەزكىرەئى ئەزى-
زان» دا مۇنداق ئۇچۇرلار ئېيتىلغان: «فەھمى ئەشئاردا ئانداغ
ئىدىلەركى، ئۆزگە يارانلار بەيتىنى نەفسىلەرىگە ئالغۇنچە بۇلار مەز-
مۇنىنى تەسنىف قىلىپ تېز فەھمىلەر تەھسىم ۋە ئاپىرىن قىلۇر
ئەردىلەر».

خوجا سىدىق يازغان شېئىرلارنى دادىسى ئەرشى دائىم كۆزدىن
كەچۈرۈپ تۇرغان. جۇملىدىن، بىر پارچە قەسىدىسىنى ئەرشىنىڭ
ئوقۇپ چىققانلىقى توغرۇلۇق «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا مەلۇمات بې-
رىلگەن.

فۇتۇھىنىڭ خېلى كۆپ لىرىك شېئىرلىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ
كەلگەن. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان
بولۇپ، بۇلار 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى يەكەندىن بايقالغان يەنە بىر
قىسىم شېئىرلار بىلەن قوشۇلۇپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ
يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى.[1] قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش، باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان بىر
توپلامدىكى فۇتۇھى قەلىمىگە مەنسۇپ شېئىرلار «قەشقەر ئەدەبىياتى»
ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى.[2] بۇلاردىن
باشقا تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى-
نىڭ قوليازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان ئەرشىنىڭ شېئىرلار توپلىمى
ئىچىگە فۇتۇھىنىڭ شېئىرلىرىمۇ قوشۇپ تۈپلەنگەن.[3] مۇھەممەد
سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تەزكىرەئى خوجىكان»
ناملىق ئەسەرلىرى ئىچىدە تېكىستلەردە بەلگىلىك پەرق بولغان فۇتۇ-

① بۇلارنى ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت ئابلىزلار تەييارلىغان.
② بۇلارنى ئابدۇرەھىم سابىت تەييارلىغان.
③ س. موللاۋۇدۇۋ: «18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيىسى»، ئالمۇتا «پەن» نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى، 125 ـ بەت.



ھى شېئىرلىرىدىن ئۆرنەكلەر بېرىلگەن.[1]

فۇتۇھىنىڭ ھازىر مەلۇم بولغان شېئىرلىرى غەزەل، مۇخەم-
مەس، رۇبائىي، قەسىدە، تەرجىئىبەند، مەسنەۋى قاتارلىق ژانىر-
لاردا يېزىلغان. مەزمۇن جەھەتتە زاماندىش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى
بىلەن ئاھاڭداش بولۇشىغا قارىماي، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى ئىپادى-
لىگەن.

«ئاھىكىم كۆڭلۈمنى ئالدى» ناملىق شېئىر قىز تىلىدىن ئۆزى
ياخشى كۆرىدىغان بىر يىگىتكە ئىزھار قىلىنىغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت
ئىپادىلەنگەن شېئىر بولۇپ، شائىر ئۇنىڭدا فېئوداللىق ئەخلاق قارى-
شىنىڭ قاتتىق توسقۇنلۇقىنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە ئىنتىلگەن قىز ـ
چوكانلارنىڭ ھەسرەت ۋە نادامەتكە تولغان مۇڭلۇق ھېسسىياتى، غەم-
كىن تۇيغۇسىنى تولىمۇ تەسىرلىك يوسۇندا سۈرەتلەپ بەرگەن. ئۇ
شېئىر مۇنداق:

«ئاھىكىم، كۆڭلۈمنى ئالدى قامەتى زىبا يىگىت،
ئاغزى گويا غۇنچەۋۇ يۈزى گۈلى ھەمرا يىگىت.
ئەشكىتەك بىر يەردە تۇرماس جىلۋى ئەيلەپ ھەر تەرەف،
نىچۈن ئەتمەس بىر كۆزى كۆز مەردۇمىن مەئۋا يىگىت.
جىلۋە كۆركۆرگەچ خىجالەتتىن گۈلى رەئنا ئەمەس،
بولدى رۇخسارى قىزىل سارىغ بۇ رەڭ رەئنا يىگىت.
جان ئىلەدىن نەقدىنى ئاسرارغە يوقدۇر تاقەتىم،
بىر كۆزى ئۆلتۇرسە ئەيلەر بىر كۆزى ئەھيا يىگىت.
نەچچە يالبارسام مەنى مەھزۇنغە پەرۋا ئەيلەمەس،
يوقتۇر دەھر ئىچرە مۇنداق شوخ بىپەرۋا يىگىت.
رەھىم ھەرگىز قىلمادى كۆڭلۈمنى ئالغاندىن بېرى،
كۆڭلى قاتتىق تاش باغىر ئافاق ئارا يەكتە يىگىت.

① س. موللاۋۇدۇۋ: «18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيىسى»، 128 ـ بەت.

ئەي فۇتۇھى ، جانۇ دىل بىرلە ئانىڭ مۇئىتادى بول ،[1]
دىسە مۇئىتادىم سېنى يۈز شۈكرى ئەت زىبا يىگىت . »

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىدا شائىرەلەر ناھايىتى ئاز بول-
غان . شۇنداق بولغاچقا سۆيگۈ - مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغان شېئىر-
لارنى ئاساسەن ئەرلەر يازغان . مۇھەببەتنى ئەرلەرلا ئىزھار قىلىدىغان
بۇ خىل ئادەت ، ئوخشاشلا ، ئەدەبىياتتىمۇ ئەينەن تەسۋىرلىنىشنىڭ
ئىجتىمائىي ئاساسى بولۇپ قالغان . شائىر فۇتۇھى بۇ شېئىردا جەم-
ئىيەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن «ئەرلەر ئەزىز ، ئاياللار
خار» دەيدىغان ئەنئەنىۋى قاراشقا كۈچلۈك ئوت ئېچىپ ، مۇھەببەت
ۋولقانى يېگانە ئوبيېكت تەسىرى بىلەن ھەرگىز چېقىن ھاسىل قىلال-
مايدىغانلىقى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قىزسىز يىگىتنىڭ مۇھەببىتى
ھەرگىزمۇ ئۆز قىممىتىنى كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى ھاياتنىڭ ھەقىد-
قىي لەززىتىنى تېتىغان ئاساستا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن . «ئاھىكىم
كۆڭلۈمنى ئالدى» ناملىق شېئىرنىڭ قىممىتى يالغۇز بۇلا ئەمەس .
ئۇنىڭغا يەنە بىر قاتلام ئىجتىمائىي مەزمۇن سىڭگەنلىكىنى ، قويۇق
دەۋر پۇرىقى گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت
قىلىشقا بولمايدۇ .

فۇتۇھى شېئىرلىرىدا ئەلىشىر نەۋائى شېئىرلىرىنىڭ ئېسىل
ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىنغان مەزمۇنداش مىسرالارمۇ دىققەتكە
سازاۋەر . ئۇ يەنە نەۋائى غەزەللىرىگە تەخمىسلەر باغلاپ مۇخەممەسلەر
يازغان . بۇ ئۇنىڭ بىر تەرەپتىن ئۇلۇغ شائىرلارنى ئۆزىگە ئۇستاز
تۇتۇپ ، ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈش
ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان ئىدىيىسىنى كۆرسى-
تىپ بەرگەن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، داڭلىق ۋە تالانتلىق كىشى-

① مۇئىتاد ــ ئادەت، ئادەتلەنگەن، ئۆگەنگەن؛ مۇئىتى ــ ئاتا قىلغۇچى، بەرگۈچى؛ بۇ مىسرادا «يار، دوست» مەنىسىدە كەلگەن.



لەرنى ھۆرمەت قىلىدىغان ، تالانتلىق كىشىلەردىن دائىم ئۆگىنىش
ھاجەت ئىكەنلىكىنى ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش كېرەكلىكىنى
تەشۋىق قىلىدىغان مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى نامايان قىلىپ بې-
رىدۇ . ئۇ مۇنداق يازغان :

«تەبىئىي يوقلار بەزمىدىن ئۆلگۈنچە قاچقان ياخشىراق ،
ياستانىپ تەن ئەھلىنىڭ ئىشىكىدە ياتقان ياخشىراق . »

فۇتۇھى شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك شۇكى ،
ئۇ ، ئۆز شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىي ماۋزۇسىنى ئەل - يۇرتنىڭ
غەم - قايغۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك دەپ قارىغان . چۈنكى ،
ئەينى چاغدىكى ئىنتايىن مۇرەككەپ تارىخ ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ،
شائىردا ئەل - يۇرتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش خاھىشىنىڭ كۈچ-
لۈك بولۇشىنى مۇمكىنچىلىككە ئىگە قىلغان . دېمىسىمۇ ، فۇتۇھى
يالغۇز قەلەمگىلا ھېرىسمەن بولۇپ ، خەلقىنىڭ روھىيىتىنى لىرىك
ھېسسىيات ۋاستىسى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە ماھىر بولغانلا ئە-
مەس ، بەلكى ، ئىقتىدارلىق سەركەردىلىك شەرتىنىمۇ ھازىرلىغان ئە-
زىمەتلەردىن ئىدى . ئۇ ئاتىسى خوجا جاھان يەكەندە ھاكىمىيەت بېشى-
دا تۇرغان 20 يىل جەريانىدا ، ئاتىسىنىڭ ئالتە شەھەر خەلقىنى
جۇڭغار ئاتامانلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئېلىپ بار-
غان تىرىشچانلىقى ۋە كۈرەشلىرىگە پائال ماسلىشىپ ، كۆپ كۈچ
چىقىرىدۇ . بىر قېتىم ئاتىسى جۇڭغارلار تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان-
دا ، خوتەندىن يەتتە مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىل قىلىپ كېلىپ ،
ئاتىسىنىڭ ھاياتى ۋە ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالىدۇ .[1] مانا بۇ فۇتۇ-
ھىنىڭ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بىلەن
قارايدىغان يىراقنى كۆرەر ئىنسان ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىس-

① مۇھەممەد سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى، 172 ـ بەت.

پاتلايدۇ .

خوجا سىدىق دادىسى بىلەن بىرلىكتە ھىجرىيە 1169 ـ (مىلادى-يە 1755 ~ 1756 ـ ) يىلى بۇرھانىدىن خوجا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈل-گەن .

## مەشھۇرى

«گۈلئۈزارى كەلدىكىم بولدى گۈلىستان ياركەند ،
نەۋ باھارى مەقدىمىدىن تازە بولىستان ياركەند .

لۇتف ئىلە كەلتۈردى مەقدەم ① بىر مەسىھا ② مەقدىمى ،
تاپتى جىسمىم ناتىۋاندەك پەيزىدىن جان ياركەند .

كەلدىكىم قىش ئوتراسىدا بىر سىراپا نەۋ ③ باھار ،
گۈل كەبى باشتىن ـ ئاياققا بولدى خەندان ④ ياركەند .

كەلدىڭ ئانداغ شەۋكەتۇ شانۇ شەھى شاھى بىلەن ،
قەشقەر ھەسرەتتە قالدى ، بولدى ھەيران ياركەند .

رەڭبەرەڭ ئەۋافىنى ⑤ كىم ئەيلەمىش يۈز تىلە بىلەن ،
خۇشناۋا مەشھۇرى بۇلبۇلدۇر گۈلىستان ياركەند .»
مانا مۇشۇنداق ئۆز يۇرتىنى زوق ـ شوققا تولغان ھالدا كۈيلەپ ،

---

① مەقدەم (ئەرەبچە) ــ قەدەم كەلتۈرۈش، كېلىش.
② مەسىھا ــ ئەيسا پەيغەمبەر.
③ سىراپا نەۋ باھارى (پارسچە) ــ باشتىن ـ ئاياغ يېڭى باھار.
④ خەندان (پارسچە) ــ كۈلگۈچى.
⑤ ئەۋافىنى (ئەرەبچە) ــ سۈپەتلىرىنى.



ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ جۇشقۇن كۈيىنى ياڭراتقان شائىر مەشھۇرى 124 ـ غەزىلىنىڭ 11 ـ مىسراسىدا «بۇ چىمەننىڭ بىر گۈلى رەناسىمەن مەشھۇرىكىم» دەپ ئۆز يۇرتىنىڭ يەكەن ئىكەنلىكى ۋە تەخەللۇسىدىن بېشارەت بەرگەن بولسا :

«پادىشاھا رەھىم قىل ئاجىزۇ ھەيراندۇرمەن ،
دەرت غەم تىغلىرىدىن بۇ جىگىرى قاندۇرمەن .
ئاھ ھەسرەت ئوتىدىن سىلەسى بەرياندۇرمەن ،①
كۆزدە ياش ، سىنەدە تاش ھالى پەرىشاندۇرمەن ،
دەربەدەر يۇرگۈچى ئەۋارەئى دەۋراندۇرمەن .»②

دەپ يەنە :

«تۇنۇ ـ كۈن بولدى مېنىڭ پىسىق ئىشرەت گاھىم ،
ھەرسىرى كۈيىدا ئىبلىس لەئىن ③ ھەمراھىم .
ئاقىبەت تەۋبىگە تەۋفىق بېرىپ ئاللاھىم ،
كەلدى دەرگاھىگە بۇ يۈزى قارا ئىبراھىم ،
گۇناھ ئامۇرزە غەرقىدىئى ④ ئىسياندۇرمەن .»

دەپ يازغانلىرىدىن شائىرنىڭ قىسقىچە ھال ـ ئەھۋالى ، جۈملىدىن ئىسمىنىڭ ئىبراھىم ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ .

شائىرنىڭ يېگانە شېئىرلار توپلىمىنىڭ قولىيازمىسىدا ياشىغان زامانى توغرۇلۇق ئېنىق بىرەر ئۇچۇر قالدۇرۇلمىغان . پەقەت توپلام-نىڭ ئاخىرىدا «گىرىبان پارە قىل ئى دوستلار كىم قەدىردان كەتتى» مەتلەئىلىك بىر مەرسىيە بېرىلگەن بولۇپ ، ئۇ مۇنداق تاماملانغان :

«ئەزىزى خامە بەگ بىن سەيد جالالىدىن ،

---

① بەريان (پارسچە) ـ كاۋاپ.
② ئەۋارەئى دەۋران (پارسچە) ـ زامانىنىڭ ئاۋارىسى.
③ ئىبلىس لەئىن (پارسچە) ـ لەنەت قىلىنغان شەيتان.
④ ئامۇرزە (پارسچە) ـ كەچۈرگۈچى.

بېرىپ جان جەددى ئەئلاسى قېشىغا جاۋىدان كەتتى .»
يەنە مۇخەممەس شەكلىدە يېزىلغان بىر مەرسىيە بار بولۇپ ،
ئۇنىڭ مەتلەئى مۇنداق :
«ئى ئەزىزايا سۆزى شېرىن زابانىم قايدىسەن .»

دېمەك ، بۇ ئىككى پارچە مەرسىيىدە «ئېزىز» ئىسىملىك بىر
كىشىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان . دەسلەپ ئىلمىي خادىملار مىلادىيە
19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللىرى يەكەن ۋە خوتەنلەردە هاكىمى-
بەگ بولۇپ تۇرغان مۇهەممەد ئېزىز هاكىمبەگ بولۇشى مۇمكىن ،
شۇنىڭغا قارىغاندا ، مەشهۇرى هەم مىلادىيە 19 ـ ئەسىردە ياشىغان
شائىر بولۇشى كېرەك ، دەپ قارىغان .[1] ئەمما تارىخچى مۇهەممەد
سادىق قەشقەرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا موللا ئىبراهىم موللا
مەشهۇرى دېگەن ئىسمىنى تىلغا ئالغان . ئالىمنىڭ ئېيتىشىچە ، دانى-
يال خوجىنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى يۇسۇپ بىلەن ئۆزى كۆرمىگەن
بىر بالىسى بىر قالماقنىڭ ئائىلىسىدە ئۆسكەن . دانىيال خوجا ئىلى-
دىكى جۇڭغارلار ئوردىسىدا تۇرۇۋاتقان پەرزەنتى هەققىدە خەۋەر تاپ-
قاندىن كېيىن ، ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالىدۇ ، لېكىن شۇ بالىنىڭ
هەقىقەتەن دانىيال خوجىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن
ئىككى تەرەپتىن ۋەكىللەر قاتنىشىدۇ ؛ دانىيال خوجا تەرەپتىن خەلپە
ئابدۇللا ، موللا مەشهۇرىكى موللا ئىبراهىملار بولغان .[2] بۇ ۋەقە
«تەزكىرەئى خوجىكان» دىمۇ تەكرارلانغان . مۇشۇ يەردە تىلغا ئېلىن-
غان موللا مەشهۇرى (ياكى موللا ئىبىراهىم ) شائىر بولۇپ ، بۇ يەردە
توختىلىۋاتقان «دىۋانى مەشهۇرى » ناملىق توپلامنىڭ ئاپتورى بولۇشى

---

① بۇ قاراشنى دەسلەپ تەتقىقاتچى مەتىمىن يۇسۇپ مۇهەممەد نىياز بىننى ئابدۇلغەفۇرنىڭ «قىسسە-
سۇلغارايىب» ناملىق ئەسىرىنىڭ يېزىلىشىغا تەشەببۇسچى بولغان مۇهەممەد ئېزىزبەگ دېگەن هاكىمنىڭ
نامىغا قاراپ ئوتتۇرىغا قويغان.

② مۇهەممەد سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل
نەشرى)، 73 ـ بەت.



مۇمكىن ، دەپ پەرەز قىلىمىز .[1] بۇنىڭ ئاساسلىرى مۇنداق : مەشهۇ-
رى دېگەن ئىسىم دانىيال خوجا زامانىسىدىكى ۋەقەلەر بىلەن مۇناسى-
ۋەتلىك هالدا ئالاهىدە تىلغا ئېلىنغان هەم بۇ ئىسىمنىڭ ئالدىغا ئۆز
زامانىسىدىكى ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ سۈپەت بەلگىسى بولغان
«موللا » سۆزى قېتىلىپ ، ئۇ كىشىنىڭ هەقىقەتەن ئوقۇغان ، بىلىم-
لىك ئادەم ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىلگەن . ئىككىنچىدىن ، دانىيال
خوجا جەمەتىگە مەنسۇپ ئەرشى ، فۇتۇهى قاتارلىقلار شېئىرىيەتكە
قىزغىن هەۋەس قىلىپ ، ئىجادىيەت سەهنىسىدە نەتىجە ياراتقان چاغ-
لاردا مەشهۇرىمۇ خان جەمەتىگە يېقىن بولۇشتەك ئىمتىيازىدىن پايدى-
لىنىپ (مەشهۇرى دانىيال خوجا جەمەتىنىڭ ئەزاسى بولۇشىمۇ ئېهـ-
تىمالغا يېقىن ، بالا دەۋاسى سۆهبىتىگە قاتناشقانلىقى بۇ نۇقتىنى
ئىسپاتلايدۇ ) ، ئەدەبىيات ساهەسىدە ئۆزئارا هەمكارلىشىپ ، شېئىرىد-
يەت بەيگىسىدە ئورتاق ئوزۇشنى نىيەت قىلغان . ئۇنىڭ خاس توپلام
تۈزۈپ چىقالىغانلىقى مەشهۇرىنىڭ ئىجادىيىتى ۋايىغا يەتكەن چاغدا ،
خوجا جاهان (ياقۇپ ) ياكى دانىيال خوجا دەۋرىدىكى پايدىلىق شارا-
ئىت ئوبدان رول ئوينىغان ؛ ئۈچىنچىدىن ، مەشهۇرى قەشقەر بىلەن
يەكەننى سېلىشتۇرغان شېئىرىي مىسراسىدا يەكەننى يۇقىرىراق ئو-
رۇنغا قويۇپ تەسۋىرلىگەنلىكىمۇ ، دانىيال خوجىدىن تارتىپ ، خوجا
جاهان (ياقۇپ ) زامانىسىغىچە بولغان مەزگىلدە يەكەننىڭ ئالتە شە-
هەرنىڭ سىياسىي ، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالغانلىقىدەك ئورنى
بىلەن مۇناسىۋىتى بار . شۇنداق بولسىمۇ ، شائىر مەشهۇرىنىڭ ياشى-
غان زامانى توغرۇلۇق بۇ بايانلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىش-
چانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ .
205 غەزەل ، بىرقانچە مۇخەممەس ، مۇسەددەس ، تەرجىئىبەند ،

---

① بۇ قاراشنى دەسلەپ س.موللاۋۇدوۋ «18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيىسى» (ئالمۇتا، 1990 ـ يىل
نەشرى) ناملىق كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان.

مەرسىيە ، مۇناجاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 3960 مىسرادىن تۈزۈلگەن «دىۋانى مەشھۇرى»[1] دا ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ بىر قاتار ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .

شائىر مەشھۇرى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىگە ، ئىقتىدارىغا ئىشەنگەن . ئۆزىنىڭ شېئىرىيەتتىكى ماھارىتىنى ئالدى بىلەن ئۆزى قەدىرلىگەن ئاڭلىق ئىنسان ئىدى . ئۇ ئۇلۇغ شائىر ئەلشىر نەۋائىينى چەكسىز ھۆرمەتلەپ ، ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالغىنىدا ، ئۆز شېئىرلىرىنىڭمۇ خېرىدارى بولىدىغانلىقىنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن مۇنداق ئىزھار قىلغان :

«نەۋائىدىن كېيىن مەشھۇرى شېئىرىنى ئوقۇماس كىم ،
بۇ بازار ئىچرە باردۇر ھەر ماتائىغە خەرىدارى .»

شائىر شۇنىڭ بىلەن بىرگە نەۋائىينىڭ :

«خارابات ئارا كىردىم ئاشۇفتە ھال ،
مەي ئىستەرگە ئىلكىمدە سۇندانە ساپال .»

دېگەن تەرجىئىبەندكە مۇشائىرە قىلىپ ، 16 غەزەلدىن ئىبارەت بىر تەرجىئىبەند يازغان . بۇ تەرجىئىبەند مۇنداق چۈشۈرۈلگەن .

«ئەزەل ساقىسىدىن ئىچىپ جامى ھال ،
نە باشتا خۇمارۇ نە قولدا ساپال .»

نەۋائى «مەي ئىزدەپ قولۇمدا سۇنۇق ساپال ، ھالىم پەرىشان مەيخانىغا كىردىم » دېسە ، مەشھۇرى «ئەزەل ساقىيسىدىن ھال جامىنى ئىچكەنمەن ، مەي ئىزدەشكە قولۇمدا ساپالغا ھاجىتىم يوق ، بېشىمدا خۇمارى يوق » دەيدۇ . دېمەك ، بۇ ئىككى تەرجىئىبەند كۆچلۈك

① بۇ كىتاب تەتقىقاتچى مەمتىمىن يۈسۈپ تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ بىرىنچى قېتىم 1985 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن، ئىككىنچى قېتىم 1995 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. توپلامنىڭ قولىيازمىسى 1983 ـ يىلى ئۆكتەبىردە يەكەندىن بايقالغان، ھازىر ئۈرۈمچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئورگانلاردا ساقلىنىۋاتىدۇ.



سىلىشتۇرما قىلىنىش خاراكتېرىگە ئىگە قىلىنغان .

شائىر مەشھۇرى ئۆز زامانىسىغا ئۆتكۈر تەنقىدىي نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ مۇئامىلىدە بولغان . ئۇ «دوستلار ئۆمۈر ئالىمىدە» ناملىق غەزىلىدە ئۆزىنىڭ تەنقىدىي رېئالىزملىق خاھىشىنى مۇنداق ئىزھار قىلغان :

«دوستلار ئۆمۈر ئالىمىدە مەن باقايى [1] تاپمىدىم ،
ھەر ئىكۈۋ بىر ئۆتكۈنچى ، ئاندىن ۋاپايى تاپمىدىم

دەۋر ئۆرۈپ دەۋران يۈزىنى ئۆرىدى ئۆزۈم كەبى ،
بىرغىنا يەكرۇي [2] يەكدىل [3] ئاشىنانى تاپمىدىم .

ئاسمان ئەكس تۇشۇبان باغلىدى زەنكارىلەر ،
ئاي ـ كۈي كۆزگۈلىرىدە [4] كىم ساپايى تاپمادىم .

چەرخ ئۇجۇزى [5] ئىگىرىپتۇركىم مەگەر ھەرتارىنى ،
سازلەرىدە بىر سادايى دىلكۇشايى [6] تاپمادىم .

سەرنەۋىشتىم [7] ئەردى ئەشئارىم كەبى ئاۋازەلىق ،
بار قەلەمرەۋ [8] نى كېزىپ تۇرماققا جاي تاپمىدىم .»

شائىر ئۆز ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيگەن . بۇ ھال ئۇنىڭ «گۈلئۇ-

① باقايى (ئەرەبچە) ـ باقىيلىق.
② يەكرۇي (پارسچە) ـ بىر يۈزلۈك.
③ يەكدىل (پارسچە) ـ كۆڭلى بىر.
④ كۆزگۈ ـ ئەينەك.
⑤ چەرخ ئۇجۇزى (پارسچە) قېرى خوتۇن، چەرخ ـ دۇنيادىن كىنايە.
⑥ دىلكۇشايى (پارسچە ـ ئەرەبچە) ـ كۆڭۈل ئاچقۇچى.
⑦ سەرنەۋىشت (پارسچە ـ ئەرەبچە) ـ تەقدىر.
⑧ قەلەمرەۋ (ئەرەبچە) ـ مۈلۈك، قول ئاستىدىكى يەرلەر.

زارى كەلدىكىم» نامىلىق غەزىلىدە روشەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .
جەمئىيەت قانچىلىك مالىمان ، مۇھىت قانچىلىك بۇرۇقتۇرما ، زىددى-
يەت قانچىلىك ئۆتكۈر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر جەمئىيەتنىڭ تەبىئىي
مۇھىتى ، ئادەم بالىسىنىڭ تىرىكچىلىك ئاساسى بولغان ۋەتەن يەنىلا
ئۇلۇغ . ئۇنىڭدىن قايىسى دەرىجىدە مەنپەئەتدار بولۇش كىشىلەرنىڭ
تىرىشچانلىقىغا باغلىق . شائىر مەشھۇرى كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك
ھېسسىياتى بىلەن ۋەتەن سۆيۈش ئەبەدىيلىك ، ۋەتەن تۇپرىقىدىكى ۋەقە
ۋە ھادىسىلەر ۋاقىتلىق ، گۈلىستان كەبى يەكەن دىيارىدا خۇشناۋا
بۇلبۇلدەك مەشھۇرى سايراپ تۇرىدۇ ، دېگەنگە ئوخشاش ئوتلۇق مىس-
رالارنى تىزغان . بۇ ، شائىر ئىبراھىم مەشھۇرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيا-
تىدىكى تارىخىي ئورنىغا باھا بېرىشتە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر .

## شائىرئاخۇن

ئۆز زامانىسىدىلا ئۇلپەتداشلىرى تەرىپىدىن «شائىرئاخۇن» دەپ
ئاتالغان موللا ئابدۇلئەلىمنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئابدۇلئەلىم
ئىبنى ئاخۇن ئارزۇ مۇھەممەد بولۇپ ، ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرتى توغرۇلۇق
«ئىسلامنامە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق بايان بەرگەن :

«نە يەرلىك دېسە مۇلكى تۇرپان دېگىنىز ،
ئۆزىن شەھىرى لۈكچۈندە تۇغقان دېگىنىز .
بۇ كىم خانلارغە بەند فەرمان ئىدۇك ،
چىقىپ تاغدا قورغاستا تۇرغان ئىدۇك .
ئۈچۈلەن ئىدۇك : بىرقىز ، ئىككى پىسەر ،
ئۈچىمىزگە بىر ئەردى مادەر ، پەدەر .»

شائىرئاخۇننىڭ ئەسىرى ھىجرىيە 1180 – (مىلادىيە
1766—1767 ) يىلى يېزىلغان بولۇپ ، ئاپتور ئۇنى نامدا ئاپپاق خوجا
ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى ئەھمەد خوجىغا ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى بۇرھانىدىن
بىلەن خان خوجىغا بېغىشلىغان بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە مىلادىيە



18 – ئەسىرنىڭ 40 – ۋە 50 – يىللىرىدىكى جۇڭغار خانلىقىنىڭ
ھاكىمىيەت ئەھۋالى ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تالى-
شىش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ، ئۇيغۇر فېئوداللىرىنىڭ بۇ
كۈرەشلەرگە قاتنىشىشى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغار خانلىقىنى
ئۆزىگە بېقىندۇرۇش ئەھۋالىنى ئەسەرنىڭ مەركىزىگە قويۇپ تەسۋىر-
لەيدۇ . شائىرئاخۇن بۇ ۋەقەلەرنى تەسۋىرلىگىنىدە ئۆزى ئاشۇ ۋەقە-
لەرگە بىۋاسىتە قاتناشقۇچى سۈپىتىدە قەلەم تەۋرىتىپ ، داستاننىڭ
قىممىتى ، قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان .①

ئەسەر نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان . لېكىن ئەكس ئەتتۈرگەن
سۇژىت تارىخىي ۋەقەلىك بولۇپ ، ئۇنى شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان
تارىخ دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ . شائىر ئەسەردە مەيدانى روشەن ھالدا
ئادالەتنى ياقلاپ ، بىھۇدە قان تۆكۈلۈشلەرگە قارشى پوزىتسىيىسىنى
ئىپادىلەيدۇ ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتكە يۈز
تۇتقانلىقىنى بىر تارىخىي مۇقەررەرلىك سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ ، خوجا
ئەۋلادلىرىدىن بۇرھانىدىن خوجا قاتارلىقلارنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكى ،
چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ئاتاقا بىرلەشكەن بولۇۋې-
لىپ ، ئەل – يۇرتنى ئاياغ ئاستى قىلىپ ، مېھنەتكەش خەلقنى
تالان – تاراج قىلغان رەزىللىكلىرى ، قۇۋلۇق – شۇملۇقلىرى توغرى-
سىدا ھەققانىي مەيداندا تۇرۇپ قەلەم تەۋرىتىدۇ ، پۇقرالارنىڭ
ھوقۇق – مەنپەئىتى ، ئەل – يۇرتنىڭ تەقدىرى ، جۈملىدىن ھۆرلۈك
ۋە ئەركىنلىك مەسىلىسى توغرىسىدا باش قاتۇرىدۇ . خەلقچىل شائىر
داستانىدا ، ھەق – ناھەق مەسىلىسىدە مۇرەسسەلىشىش ھېسسىياتىدا
ئەمەس ، بەلكى ، ئاياغ ئاستى قىلىنىۋاتقان ئانا تۇپرىقىنىڭ قورۇقچى-
سى ، قېقىندى – سوقۇندى بولۇنۇۋاتقان يۇرتداشلىرىنىڭ خەيرخاھچى-

① ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996)، 193 – بەت.

سى سۇپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىغا تايانغان شائىر تارىخىي ھادىسە — ۋەقەلەرنى بويىماستىن ، ئەينەن تەسۋىرلەپ ، ئۆزىنىڭ تارىخىي ئورنىنى شەرەپلىك ھالدا مۇقىملاشتۇرغان .

تۆۋەندە «ئىسلامنامە» دىن ئۆرنەك سۈپىتىدە ، شائىرئاخۇننىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۇرگەن مىسرالىرىدىن بىرقانچىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز :

«بۇ كىم ئەھلى ئىسلامغا رەھىم ئېتىپ ،
بۇ جۇڭغار خەيلىگە قەھرى يېتىپ .
چۇ دېھقاننى غەلبۇردىغاي ،
قاراموق بىلە چارىدىن ئايرىغاي .
بولۇنمىش ئىدى مۇختەلەت كۇپۇردىن ،
ئايرىماقغە ئىسلامنى كۇپۇردىن .
يەمىنىغە چۆرۇلدۇرۇپ چەرخنى ،
مۇسۇلمانغا ئەرزان سېتىپ نەرخنى .
چۇ تۇممىئەدابەتنى جۇڭغار ئارا ،
سەچىپ شۇرى شەر سالدى كۇپپار ئارا .
بولۇپ بىر - بىرى بىرلە بى ئىتتىپاق ،
تۇتۇپ كىنە تۇشتى ئاراغا نىفاق .
تۇرۇپ ئەردى بولماققە زىر - زەبەر ،
نەققارە قاقار قىز - ئوغۇل بىخەبەر .
ئۇشۇل پىرى كامىل كەراماتىدىن ،
ئەئىان ئەيلەب ئاغىل ئالامەتىدىن .»

«ئىسلامنامە» نىڭ ئىككى قوليازما نۇسخىسى (B311 ۋە 312 نومۇرلۇق ) لېنىنگرادتىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قوليازما فوندىدا ساقلانماقتا . بۇلار توغرۇلۇق مەلۇماتنى روسىيىلىك ئالىم م . ئا . موگىنوۋ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار ھەققىدە مەلۇماتلار» (موسكۋا ، 1962 - يىلى ) ناملىق ئەسىرىدە بەرگەن . ئەسەردىن پارچىلار كىتابلار سەھىپىسىدە بىرقانچە رەت ئېلان قىلىنغان .[1]

## ئىبراھىم خوتەنى

مىلادىيە 18 - ئەسىردە سىمۇۋولىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى قوللىنىپ ئۇتۇق قازانغان شائىرلار ئىچىدە خوتەنلىك ئىبراھىم مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە .

ئۇ :

«خەتىم بولدى سەندە بۇ خۇرشىدنۇر ،
«مەنتىقۇتتەير» ى مەقامەت تۇيۇر .
....................................
«مەنتىقۇتتەير» ئېردى قۇشلارنىڭ تىلى ،
بەس ، مۇسۇلمان كېرەك ئانى بىلگەلى .»

دېگەن مىسرالارنى يېزىپ ئەسىرىنىڭ نامىنىڭ «مەنتىقۇتتەير» ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ ئۆتكەن . شائىر ئەسىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دېگەن :

«سالىپ تەئرىخنى جۇستۇجۇ قىلدىم ،
خىرەد ئالدىدا گۇفتۇگو قىلدىم .
ئەقىل تەئرىخنى ھىساپ ئەتتى .
دېدى مىڭ يۇز سەكسەن سەككىزى ،
روزى پەنجشەمبەدە قىلىپ بۇ ھىممەتنى ،
ۋەقتى چاشت ئەيلەدىم تەمامىنى .»

بۇ يەردە ئېيتىلغان بايانلارغا ئاساسلانغاندا ، مەزكۇر ئەسەر ھىج-

---

① دەسلەپ «ئەسىرلەر ساداسى» توپلىمىدا (م. ھەمرايېۋ، ب.پ. يۇدىن، س. موللاۋۇدۇۋ قاتارلىقلار ئالمۇتا، 1963 - يىل)؛ كېيىن س. موللاۋۇدۇۋنىڭ «18 - ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيىسى» ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلىنغان.

ـرىيە 1188 ـ (مىلادىيە 1774~1775 ـ ) يىلى يېزىلغان .

شائىر ئۆزىنىڭ ئىسمى ، فامىلىسى ، يۇرتى توغرۇلۇق يەنە تۆ-
ۋەندىكىلەرنى يازغان :

«ئەدلى بىرلە شەرىئەت نەبەۋىي ،
دىنى ئىسلام خەلايىق ئىچرە قەۋمى .
لۇتف ئېتىپ قىلدىلار ماڭا بۇ خىتاب ،
ئەي ئىبىراھىم ، بىتگىل ئۇشبۇ كىتاب .
....................................
ئىبنى يۇسۇف غاپىل ئولمە زىنهار ،
ئاشىنالىق بولماسۇن بىگانەۋار .
ئىبن يۇسۇف ئېردى فەرزەندى خوتەن ،
تۈركىي تىلدىن ئۆزگە تىلنى بىلمىگەن .»

بۇ مىسرالاردىكى ئۇچۇرلاردىن مۇئەللىپىنىڭ ئۆز ئىسمىنىڭ
ئىبراھىم ، دادىسىنىڭ ئىسمىنىڭ يۇسۇپ ، يۇرتىنىڭ خوتەن ئىكەنلى-
كى ئۇقۇلىدۇ .

ئىبراھىم خوتەنىدىن ئىلگىرى مەشھۇر كلاسسىك شائىر ئەلىشىر
نەۋائىي پارس تىللىق شائىر پەرىددىن ئەتتار (مىلادىيە 1145 ~
1229 ) نىڭ «مەنتىقۇتتەير» ناملىق ئەسىرىدىن ئىلھام ئېلىپ ،
تۈركىي تىلىدا «لىسانۇتتەير» ناملىق داستان يازغان . مىلادىيە
18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئىبىراھىم خوتەنى نەۋائىغا ئوخشاشلا پەرىد-
دىن ئەتتارنىڭ ئەسىرىدىن ئىلھام ئېلىپ :

«ئاشنادىن چۇن كۆڭۈل بىگانەدۇر ،
ھەرنەكىم ئايدىم ساڭا ئەفسانەدۇر .
ئايسەلار ئەتتارنى ئەفسانەگوي ،
خۇش ئايسۇنكى ، بولسۇن رازخۇي .
..............................
گەرچە ئەتتارىم نىگە تەرياك بەر ،



كۆيدى جانىم شەربەتى خوۋناك بەر .»

دېگەن مىسرالاردا ئېيتىپ ئۆتكەنىدەك ، تۈركىي تىلىدا ، تېخىمۇ ئې-
نىقراق ئېيتقاندا :

«بۇ خوتەن لەفزى بىلە نەزمە ئەتتى راست ،
سىز تۈزۈڭ تۇغيانىنى ، ئەي ھەقشۇناست .»

دېگەن مىسرادا ئىزاھلىغىنىدەك ، ئەينى دەۋر خوتەن لەھجىسى (شې-
ۋىسى ) بىلەن «مەنتىقۇتتەير» ناملىق بۇ ئەسىرىنى يېزىپ چىققان .①

«مەنتىقۇتتەير» جەمئىي 157 بۆلۈم ، 4670 مىسرا ھەجىمدە
بولۇپ ، سىمۋولىزملىق ئىجادىيەت مېتودى بويىچە يېزىلغان . ئۇنىڭدا
شائىر ئاللېگورىيىلىك ئوبرازلار ۋاسىتىسى بىلەن كىنايە قىلىش
ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئوبرازلىق يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرگەن .
داستان سىكىللىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە . ئۇنىڭدا ھۇدھۇد ، تۇتى ،
كەبك ، تاۋۇس ، قۇمرى ، پاختەك ، سۇمۇرغ ، بۇلبۇل ، ھۇمايۇن
قۇشى ، سوپىسوپىياڭ قاتارلىق قۇشلارنىڭ ئوخشاشمىغان شەكىل ،
سەزگۈ خاراكتېرلىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم تەسۋىرلىگەن ، ئاما داستان
ۋەقەلىكىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىدا بارچە قۇشلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھۇد-
ھۇدنى رەھبەر قىلىپ ، سۇمۇرغنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن كۆرسەت-
كەن تىرىشچانلىقى ، ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك سەپەر سەزگۈزەشتىلىرى
ئاجايىپ ـ غارايىپ تۈس ئالغان ، شۇنداقلا ، ئىنتايىن تەسىرلىك
تەرزدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . قۇشلارنىڭ مۇشەققەتلىك سەپەرنى باش-
تىن كەچۈرۈپ ، بىر مەنزىلگە كەلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالى داستاندا

① بۇ ئەسەرنىڭ قولیازما نۇسخىسى مىلادىيە 1980 ـ يىللاردا بايقالغاندىن كېيىن، دەسلەپ ئابدۇرې-
شىت ئىسلام تەييارلىغان تاللانما نۇسخىسى «دىۋانى بىلال» نامى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ
يىللىق 5 ـ سانىدا، تولۇقلانغان نۇسخىسى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان
قىلىنغان. 1995 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئەسەرنى «مەنتىقۇتتەير» دېگەن نامدا (ئا. ئەھەد،
ت. مۇھەممەد، ئە. نىيازلارنىڭ تەييارلىشى بىلەن) نەشر قىلدى. ھازىر ئۇرۇمچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي
ئورۇنلاردا داستاننىڭ ئىككى خىل قولیازما نۇسخىسى ساقلانماقتا.

مۇنداق تەسۋىرلەنگەن :

«جەمئى بولدى جۇملە قۇشلار سەربەسەر ،
ئۇزرە ئايتتى جۇملەسى ئەي بىخەبەر .
هەر بىرى ئۆز جەھتىدىن ئۇزر ئايدىلار ،
بىر - بىر ئايتامىزكى ، بىر ، بىر كۈن ئۇزر باز .
سەن ئانى مەئزور تۇت ، بولغاي دەراز ،
هەر كىشى ئۇزر ئايدى ئاخىر ئۇزر - لەڭ .
ئول نىچۇك قىلقۇسى ئەنقا بىرلە جەڭ ،
جانغا ئەنقا بىرلە تۇشسە ئۇشبۇ كار ،
هالىدىن كەچمەك كېرەك مەردانەۋار ،
قايسى قۇشكىم ، چىھرەسىدە يوق نەۋا ،
ئول قاچان سىمۇرغقە بولغاي ئاشنا .»

تۇتى ، كەبك قاتارلىق قۇشلار هۇدهۇدقا ئەگىشىپ ، كۆپ رىيا-
زەت چەككەنلىكى ئۈچۈن هالىدىن كېتىدۇ ، ۋە هۇدهۇدقا مۇنداق
سوئال قويىدۇ :

«بىلدى ئېرسە جۇملە قۇشلار ئۇشبۇ هال ؛
قىلدىلار ئولدەمدە هۇرهۇدتىن سوئال :
ئەيكى بولدۇڭ بارچەمىزنىڭ رەھبەرى ،
خەتىم قىلدىڭ بۇ مەئانى دەفتەرى .
بىز ئېررۇمىز بەس ، زەئىفۇ ناتەۋان ،
نە بىلىڭ ، بار بىزدە بۇ نە ئەقلۇ جان .
بىز نىچۇك تاپقايمىز ئول سىمۇرغقە راھ ،
بىز زەئىفۇ ناتەۋان ، ئول پادىشاھ .
ئول سۇلەيمان ، بىز زەئىف مۇرى گەدا ،
بىز نىچۇك هەمرا بولغايمىز ئاڭا ! ؟
هەر گەداغا سەلتەنەت ئاندىن تېگەر ،
بىز نىچۇك بولغايمىز ئاندىن بەهرەۋەر .»



بۇلاردىن بىلىنىدۇكى ، تۇتى ، كەبك قاتارلىق قۇشلارنىڭ ئەس-
لىي خاھىشى بويىچە بولغاندا ، ئۇلارنىڭ سۇمۇرغنىڭ دىدارىغا ئېرى-
شىش ئويى يوق . ئۇلارنى هۇدهۇد باشلاپ يۈرىدۇ :

«هۇدهۇد ئايدى قۇشلارغە : بىھاسىلان ،
قابىلۇ دەركار ئەمەسسىز بىدىلان .
ئۇشبۇ يولىدا ئاشىقۇ سادىق كېرەك ،
ئىشق دەئۋا قىلغالى لايىق كېرەك .»

دېمەك ، سۇمۇرغنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن ساداقەتمەن ئاشىق-
لىق كېرەك ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشق دەۋاسىنى قىلىشقا لاياقەت-
لىك بولۇش كېرەك . مەلۇمكى ، سۇمۇرغ رېئاللىقتا بولمىغان بىر
خىل قۇشنىڭ ئوبرازى . ئەمما ئىبراھىم قەلىمى ئاستىدىكى باشقا
قۇشلار بولسا رېئاللىقتا مەۋجۇت . نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت قۇشلار
رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمىغان قۇشنى ئىزدەيدۇ هەم هۇدهۇد سۇمۇرغ-
نىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن ئىشقتىن سۆز ئاچىدۇ . ناهايىتى روشەن-
كى ، شائىر ئىبراھىم بۇ يەردە خۇددى پەرىددىن ئەتتار ، نەۋائىغا
ئوخشاشلا تەسەۋۋۇپ مەۋقەسىدە تۇرۇپ پىكىر قىلىدۇ . بۇ يەردىكى
ئىشق تەسەۋۋۇپتىكى ئىشق بولۇپ ، ئىلغار مۇتەسەۋۋۇپلار قاتارىدا ،
شائىر ئىبراھىم ئاللاغا ئاشىق بولۇش بىلەن ئىنسانغا ئاشىق بولۇشنى
قارىمۇ قارشى قىلىپ قويمىغان . شائىر ئىبراھىم خوتەنى «مەنتىقۇت-
تەير» داستانىدا سىمۋولىزملىق ئىجادىيەت مېتودىغا تايانغان بولسى-
مۇ ، لېكىن ، ئەسىر ۋەقەلىكىنى رېئال ئىجتىمائىي هادىسىلەر ئاسا-
سىغا قۇرغان ، ئاللېگورىيىلىك ئوبرازلارنى كۈچلۈك هالدا ئىنسان
خاراكتېرلىك قىلىپ ياراتقان . مەجازى پېرسوناژلار شەكلىدىن پايدى-
لىنىپ ئۆزىنىڭ مۇتەسەۋۋۇپلۇق ئىدىيىۋى قارىشىنى كلاسسىزملىق
ئەدەبىي ئېقىمىنىڭ ئىخلاسمەن ۋارىسى سۈپىتىدە ، ئەنئەنىۋى تېمىلار
ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ ئىدىيىۋى قارىشىنى ئەكس ئەتتۇرۇشنىڭ
ئۈلگىسىنى ياراتقان . ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان سەمىمىي ساداقى-

تى ، چىن مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت مەركىزىي تېمىنى
چۆرىدىگەن ھالدا ساپ ئېتىقاد ، ساداقەت ، چىدام ـ غەيرەت ، مېھ-
نەت ، ۋاپادارلىق ، باراۋەرلىك توغرىسىدىكى ئەخلاقىي قارىشىنى رو-
شەن ھالدا ئىپادىلىگەن .

## مۇھەممەد سىدىق رەشىدى

«سىدىقنامە»[1] ناملىق ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي تېمىدىكى ئە-
سەرنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد سىدىق رەشىدىگە دائىر ئۇچۇر مەزكۇر
كىتابنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق بېرىلگەن :
«··· مەلۇمكى ، پادىشاھلار ، ۋەزىرلەر ۋە نامدار ئەھلى دۇنيادار-
لاردىن ھېچبىرى بىخەستەلىك قىلىپ ، بۇ مەيداندا ئات چاپتۇرۇشقا
(يەنى ‹قابۇسنامە› دەك بىرەر ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ) ھەرد-
كەت قىلىشمىدى . شۇ سەۋەبلىك ئول ئېسىللىك سەدىپىنىڭ يېگانە-
سى ، قەدىمكى خانلىقنىڭ سۆيۈملۈك ئەۋلادى مۇھەممەد ئىبراھىم
كۆك بەگ ئىبنى خاجە كەفەك كۆك بەگ ئىبنى ئەۋەز بەگ ئىبنى
مۇھەممەد ئابدۇللا بەگ رەھمىتۇللاھى ئەلەيھىم ھىممەت كەمىرىنى
بىلىگە باغلاپ ، تەۋپىق تاجىنى بېشىغا تاقاپ ، ھىدايەت تونى بىلەن
قورشىنىپ ، بۇ ئۇلۇغ مەرىكىگە كىرىپ ، نامدارلىق چېكىسىگە ئۆزد-
نى ئوراپ ، بۇ مۇھەببەتلىك ئىشقا كىرىشىپ ۋە بۇ ۋەزىپىنىڭ مۇھىم
مۇشكۇللۇكىنى بىلىپ ( ‹قابۇسنامە› نى ) چىن ۋىلايىتىدىن ماچىن
دىيارىغا ئېلىپ بېرىپ ، پېقىرنىڭ خانىسىنى ، يەنى كەمىنە ساداقەت-
مەن كىشىنىڭ قەدىمىنى بۇسە قىلدى . شۇنىڭ بىلەن نۇشىرۋان
ئادىلنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ ئالەم ئىچىدە مەخپىي ، ئەھلى ئالەم ئارا
يوشۇرۇن قالغان نەسھەت گۆھەرلىرى — پەند ـ ساۋاق جاۋاھىرلىرد-

[1] بۇ ئەسەردىن پارچىلار مۇھەممەد سىدىق زۇنۇن، ئابدۇقادىر بولاقلارنىڭ تەييارلىشى بىلەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.



نىڭ ئاچقۇچى يوقلۇقىدىن ۋە ياكى ھېچ كىشىنىڭ ئاچقۇسى يوقلۇقىد-
دىن بۇ خەزىنىلەر ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچى ئەلھال ئىمكانىم ئىلكىگە
چۈشتى . ئاخىر ، خەزىنە ئىشىكىنى ئېچىپ ، بۇ دۇر ـ جاۋاھىرلارنى
ئەتراپ ـ ئالەمگە چېچىپ ، جاھان ئەھلى ئىچىدە ئامۇخاسقا مەنپەئەت
يەتكۈزمەك ئۈچۈن ‹دالالىتى سەندىن ، سەئيى ۋە ئىستىقامەت مەند-
دىن ، مەزمۇنچە قۇۋۋەت تېپىپ ، يادىكارى مەندىن قالغاي ، تۆھپىسى
خانىدان خەزىنىسىدىن يەتكەي › دېگەن ئۈمىدتە ، بۇ دەرگاھنىڭ خېرد-
دارى ، ئەرزىمەس كەمىنە ۋە ئېتىقاد قىلغۇچى ، يەنى ساداقەتمەن ،
كەمتەر ، ئەھلى تەسدىق مۇھەممەد سىددىق ئەل مۇلەققۇب (لەقەبلەند-
گەن ، لەقەبلىك ) بىر ـ رەشىدى شۇ بۇ كىتابنى يېشىم يەتمىش بەشكە
يەتكەندە ، نەزمە :

قارىغاندا كۆرەشتىم تاغ بىرلە ،
قازىدىم تاغنى تىرناغ بىرلە .»

ھىجرىيە مىڭ ئىككى يۈز (مىلادىيە 1785 ~ 1786 ) دە
باشلىدىم . ئىككى يۈز بىر (مىلادىيە 1786~ 1787 ) دە زۇلقەئىدە
ئېيىنىڭ ئون بەشى ئازنا كۈنى تامامىغا يەتكۈزدۈم ··· » [1] دېيىلگەن .
دېمەك ، «سىدىقنامە» نى رەشىدى 1785 ـ يىلى 75 ياشتا
ئىشلەشكە كىرىشكەنلىكى بويىچە ھېسابلىغاندا ، ئاپتورنىڭ مىلادىيە
1713 ـ يىلى تۇغۇلغانلىقى ئېنىق بولىدۇ .[2]

ئاپتورنىڭ يۇرتى مەسىلىسىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەزمۇد-
لاردىكى «··· چىن ۋىلايىتىدىن ماچىن دىيارىغا ئېلىپ بېرىپ ،
پېقىرنىڭ خانىسىنى ، يەنى كەمىنە ساداقەتمەن كىشىنىڭ قەدىمىنى
بوسە قىلدى··· » دېگەن ئۇچۇر ۋە كىتابنىڭ يېزىلىشىغا تەشەببۇسكار

[1] ئابلىمىت ئەھەد: «مۇھەممەد سىدىق رەشىدى ۋە ‹سىدىقنامە›»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2000 ـ يىللىق، 1 ـ سان.

[2] ئەسەرنىڭ بىر قولىيازما نۇسخىسى ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

بولغان مۇھەممەد ئىبراھىم كۆكنىڭ بەگنىڭ قەشقەر ھاكىمى ئىكەنلىـ
كى[1] توغرىسىدىكى مەلۇمات ئارقىلىق قىياس قىلىش ئىمكانىيىتى
بار . قاراخانىيلار خانلىقىدىن باشلاپ تاكى مىنگو دەۋرىنىڭ باشلىرىـ
غىچە ئۇيغۇر ئاپتورلىرى «چىن» نىڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىسىنى
بىرقانچە خىل مەنىدە چۈشەنگەن . بىرىنچى ، كەڭ مەنىدە جۇڭگو دەپ
قارىغان ، ئىككىنچى ، شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارراق دائىرىدىـ
كى ئوتتۇرا ئاسىيا ؛ ئۈچىنچى ؛ شىنجاڭ ؛ تۆتىنچى ، قەشقەر ياكى
قەشقەرىيە ، بەشىنچى ، تار دائىرىدىكى قاراش بويىچە ، خوتەن . رەشىـ
دى ئېيتقان «چىن ۋىلايىتىدىن ماچىن دىيارىغا بېرىپ» دېگەن جۈمـ
لىنى «چىن ۋىلايىتىدىكى ماچىن ـ خوتەنگە بېرىپ» دەپ چۈشىنىشـ
كىمۇ ، «قەشقەر ۋىلايىتىدىن خوتەن دىيارىغا بېرىپ» دەپ چۈشىنىشـ
كىمۇ بولىدۇ . بۇلاردىن رەشىدىنى قەشقەردە ياشىغان مۇئەللىپلەردىن
دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ .

رەشىدى ئەتراپلىق بىلىم ئالغان ئادەم بولۇپ ، قەدىمكى كىتابـ
لارنىمۇ پىششىق ئوقۇغان . ئۇ كىشىلەرنى ئەنئەنىۋى بىلىم ،
ئەدەپ ـ ئەخلاق ئارقىلىق تەربىيىلەشنى نىيەت قىلىپ ، قەشقەر
ھاكىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇشبۇ كىتابنى يېزىپ چىققان . ئاپتور
كىتابنى يېزىشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلـ
غان :

«ئەربابلار ، دانىشمەنلەرگە مەلۇم ؛ ساھابىلەر ، ۋاپا ئەھلىگە روـ
شەن بولغايكى ، «قابۇسنامە» ناملىق كىتاب ھىجرىيە تۆتيۈز ئەللىك
بەشتە يېزىلغان ئىكەن . شۇ زاماندىن تا بۇ دەمگىچە قۇدرەتلىك پادىـ
شاھلار ۋە نامدار ئەمىرلەر بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ ، بۇ نامە
سىرلىرىدىن خەۋەر تېپىپ ، كۆرۈپ ۋە ئىشتىپ ، پەم ـ پاراستى
يەتكىچە ئەمەل قىلىپ ، ئەقىل ـ ئىدراكلىرىغا بېقىپ (مەزكۇر

---

[1] ۋ. غوپۇر، ئە. ھۇسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، 856 ـ بەت.



كىتابتا قەيت قىلىنغان ) پەند ـ نەسىھەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ جاھانـ
دارلىق قىلىپ ، پادىشاھلىق بىلەن مەشھۇر بولۇپ ، نامدارلىق بىلەن
نام چىقىرىپ ، ئالەم شەھرىستانىدىن زامانە سەھپىسىگە ۋۇجۇدلىرىنى
نىسبەت قىلىپ ئۆتكەندۇر .

زامانە شۇنداق پۈتكەنكى ، كىشى تارىخ كىتابلىرىدىن خەۋەر ئېـ
لىپ ، ئۇنىڭ مەنىسىدىن ئاگاھ بولۇپ ، كىتاب مەزمۇنىغىچە پادىشاھـ
لىق ، ۋەزىرلىك ۋە ئەمىرلىك قىلماقنى ئىزدەيدىغان ۋە خېرىدارلىق
قىلىدىغان بولۇشى لازىم . چۈنكى ھەرقانداق زېرەك كىشىمۇ ئىلىمـ
دىن بەھرە ئالمايدىكەن ، يىلتىزسىز دەرەخقە ئوخشاپ قالىدۇ .

بۇ ئون سەككىز شەھەر موغۇلىيە مەملىكىتىدۇر . ئۇنىڭ ئىستېـ
لاھاتى (تىل ـ يېزىق بىلەن بولىدىغان ئەمر ـ پەرمان ۋە ھۆكۈمرانـ
لىق ) تۈركىي تىل بىلەن جارى بولغاندۇر . ئىلىم گۆھىرىدىن نېسىۋە
قولغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ ، ئەرەبچە ، پارسچە كىتابلارنى چۈشىنىش
مۇمكىن ئەمەس . (ئەپسۇس ) ئۆلىمالار ۋە ئىلىمدىن نېسىۋە ئالغان
پادىشاھلار ، ۋەزىرلەر ۋە ئەمىرلەردىن باشقىلىرى (بۇ كىتابنىڭ مەزـ
مۇنىدىن ) خەۋەرسىزدۇر ...

ئەمدىلىكتە بولسىمۇ ، سەلتەنەت ئەھلىلىرى ئىچىدە بۇ كىتابتىن
خەۋەردار قىلىش ھېچ كىشىنىڭ كۆڭلىگە يەتمىدى . بۇ نەپىس جاۋاـ
ھىرنى ئالەم بازىرىغا سېلىپ ، ئامۇخاسلارنى بەھرىمەن قىلىش پىكرى
دۇنيادارلاردىن ھېچبىرىنىڭ خاتىرىسىگە كەچمىدى .

مەن دۇنيانىڭ مال ـ ماتالىرىدىن تۈرلۈك ـ تۈمەن ۋە ھېسابسىز
يىغدىم . لېكىن (ئۇلار ) پانىي ۋە باقاسىزدۇر . شۇڭا مەن بىر «گۆـ
ھەر» نى قولغا كەلتۈرمەكچى : ئۇنىڭ ئەبەدىيلىك سەررىشىسى (تۈتىـ
شىش ئۇچى ) باقىي ئالەمگە باغلىق ، ۋۇجۇدى ئىسلام تورىغا ئۇلاقلىق
بولغاي ! ئۈمىدىم شۇكى ، جاھاندارچىلىق سەھپىسىگە قارىغانلارنىڭ
كۆزى مېنىڭ ئىسمىمغا چۈشسە ، رەھمەت بىلەن ياد قىلغاي ! ئالەم
دەپتىرىنى مۇلاھىزە قىلغانلار مېنىڭ سەرگۈزەشتىمنى كۆرگەندە

مەرھەممەت ۋە دوستلۇققا نىشان ، ئاخىرەتلىكىمنىڭ نەتىجىسىگە ۋاستە ، ئالەم ۋە ئەھلى ئالەم ئارا ياخشى تەرىپلىرىمنىڭ قېلىشىغا سەۋەب بولغاي !… »

مۇندەرىجىسى بىلەن 44 باب قىلىپ تۈزۈلگەن بۇ كىتاب[1] دىن ، ئېتىقاد ، تائەت ـ ئىبادەت ، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىنى تونۇش ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش ، ھۈنەر ـ ئىلىم ئۆگىنىش ، تىل گۈزەللىكى ، تۈرلۈك پەند ـ نەسىھەتلەر ، ياشلىقنى قەدىرلەش ، ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەسلىك ، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىش ، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ سالامەتلىككە بولغان پايدا ـ زىيىنى ، مېھمان بولۇش ۋە مېھمان كۈتۈشنىڭ تەرتىپ ـ مىزانلىرى ، مۇغەننىلىك ۋە شاھمات ئويناش قائىدىلىرى ، مۇھەببەت ۋە نىكاھ ئىشلىرى ، خوتۇن ـ قىزلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلىدە بولۇش ، ھاممامغا بېرىش ، ئۇخلاش ۋە ئارام ئېلىشنىڭ سالامەتلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ، شىكار قىلىش ـ ئوۋ ئوۋلاش ۋە چۆگەن ئويناشنىڭ تەرتىپلىرى ، دوست بىلەن دۈشمەننى پەرقلەندۈرۈش ، مال ـ مۈلۈك جەم قىلىش ۋە ئىقتىسادچىل بولۇش ، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق ، خىزمەتكارلارغا بولغان مۇئامىلە ، سودا ـ سېتىق ۋە ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرى ، ئۆيلىنىشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ، پەرزەنت ـ ئەۋلادلارنى پەرۋىش قىلىشنىڭ زۆرۈرىيەتلىرى ، دوستلۇقنىڭ شەرتلىرى ۋە ۋاپادارلىق ، دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلىش ، دوستلار ئارا ئەپۇ قىلىشنىڭ پەزىلىتى ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىزدەشنىڭ پايدىسى ، تېبابەتچىلىك ۋە تېببي ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتى ، ئىلمي نۇجۇم (ئاسترونومىيە ئىلمى ) ئۆگىنىش ، شېئىر ۋە شائىرلىق قائىدىلىرى ، مۇزىكا ئىلمى ،

① كىتابنىڭ ئەسلىي نامى مەلۇم ئەمەس. زامانىمىزدىكى ئىزدەنگۈچىلەر «سىدىقنامە» دېگەن ئىسمنى ۋاقىتلىق قويغان.



مۇنشىلىق (كاتىپلىق ) ۋە مەخپىيەتلىكلەرنى ساقلاش شەرتلىرى ، پادىشاھلارنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ۋەزىرلىك قائىدىلىرى ، ھەربىي سەركەردىلىك ، دېھقانچىلىق ئىشلىرى ، مەردلىك ۋە سېخىيلىقنىڭ پەزىلىتى … قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

دېمەك ، ئەسەردىكى ھەر بىر تېما مۇكەممەل بىر مۇنازىرىنى ـ مۇلاھىزە ، شەرھلەرنى ، لوگىكىلىق ئەقلىي خۇلاسە ۋە پەلسەپىۋى بايانلارنى ، قىسقا ، ئىخچام ، چوڭقۇر مەنىلىك ھېكايەت ، ئەقلىيە سۆز ـ ئىبارە ، ماقال ـ تەمسىل ، بېيىت ـ نەزم بىلەن ئوخشىتىش ، سېلىشتۇرۇش ، جانلاندۇرۇش ، مۇبالىغە … قاتارلىق شەكىللەرنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ ، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ، ئاممىباب تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن . ئەسەرنىڭ چېتىشىش دائىرىسى تولىمۇ كەڭ . ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەدلى ـ ئادالەت ، ئاتا ـ ئانىلارنى ھۆرمەتلەش ، پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ، ھۈنەر ـ ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ خاسىيىتى ، تىل گۈزەللىكى ، سەمىمىي ۋە كەمتەر ، راست سۆزلۈك ۋە ئىقتىسادچىل بولۇش ، ۋاقىت ـ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ، دوست بىلەن دۈشمەننى ئېنىق ئايرىش ، ئۆرپ ـ ئادەت ، نىكاھ ، مۇھەببەت … نەسىھەت دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، بەلگىلىك نەزىرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن . ئاپتور ھەر بىر بابتا ئەجدادلارنىڭ كېيىنكىلەرگە تەربىيە ئورنىدا قالدۇرۇپ كەتكەن ئەقلىيە خاراكتېرىنى ئالغان نەسىھەتلەرنى «ئوغلۇم ، سەن بىلەمسەن ؟» ياكى «ئوغلۇم ، ئاڭلىشىمچە …» دېگەندەك ئىبارىلەرنى قوللىنىپ ، ئاددىي ، ئاممىباب ، تەسىرلىك ، چۈشىنىشلىك سۆز ـ ئىبارىلەر ، جۈملە شەكىللىرى ئارقىلىق ، ئالدى بىلەن تەربىيىلەش ، ئاندىن تەدبىر قوللىنىش شەكلىدە نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ، ماقال ـ تەمسىل ، بېيىت ـ نەزمە ۋە ھېكايەتنى ئۆزئارا سىڭدۈرۈش يەنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە ـ تېما

ئۇستىدە ئاۋۋال مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ، ھەر خىل لىرىك پارچىلار ۋاستىسى بىلەن بۇ مۇلاھىزىلەردىن يەكۈن چىقىرىش ، ئارقىدىن ھېكايەت ئارقىلىق ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى دەلىللەش ، ئاخىرىدا يەنە ھۆكۈم خاراكتېرىدىكى خۇلاسىلەرنى بېرىش ئۇسۇلى بويىچە بايان قىلىدۇ ، نەزەرىيە نۇقتىسىدىن شەرھلەيدۇ . ئەسەرنىڭ جۈملىلىرى راۋان ، ئوبرازلىق ھەم گۈزەل ، ۋەقەلىكى ئاددىي ، قىزىقارلىق ، تەبىئىي ۋە ئىخچام .①

«سىدىقنامە» دە نەسرىي بايان شەكلى ئاساس قىلىنغان ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەسەرنىڭ ئارىلىرىغا يەنە بىرمۇنچە شېئىرلارمۇ قىستۇرۇلغان . تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت شېئىر ئارقىلىق بۇ پىكرىمىزنى تۇگەللەيمىز :

«ئى كۆڭۈل قاچقىل باياباندا ۋەھشىلەر كەبى ،
تۇتمىغىل ئۇلفەت يامانلار بىرلە ياخشىلار كەبى .
تۇتغىچە ئۇلفەت يامانلار بىرلە تەنھالىقتا بول ،
لەئلەكانى ئىچرە قابالغان بەدەخشىلەر كەبى .»

## موللا يۇنۇس يەركەندى

موللا يۇنۇس يەركەندى يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا تېمىسىدا يىرىك داستان يازغان شائىر .

يۇسۇپ بىلەن زۇلەيخا تېمىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارسىي ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىدا كەڭ تارقىلىپ سەييارە ۋەقەلىككە ئايلىنىپ كەتكەن ئاشىق ـ مەشۇقلار توغرىسىدىكى قىسسە . مىلادىيە 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر شائىر ئابدۇرەھمان جامى پارس تىلى

① ئەسەر ھەققىدىكى تەھلىللەر ئابلىمىت ئەھەدنىڭ «مۇھەممەد سىدىق رەشدى ۋە ‹سىدىقنامە›» ناملىق ماقالىسى ئاساسىدا تەييارلاندى.



بىلەن «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» ماۋزۇسىدا داستان يازغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ تەسىرى ۋە شۆھرىتى تېخىمۇ كەڭ تارقالغان .

موللا يۇنۇسنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ يۇسۇپ ۋە زۇلەيخاغا دائىر بۇ داستاننى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلار ئابدۇرەھمان جامىنىڭ داستانىغا تەقلىد قىلىپ يېزىپ چىقىلغان ، دەپ ھېسابلاشماقتا .

1950 ـ يىللاردىن باشلاپ داستاننىڭ يېزىلغان يىلى ۋە نامى توغرىسىدا مەلۇم پەرقلىق بايانلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى .①

ش ئۇ ئا ر مۇزېيىغا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ ، 1957 ـ يىلى بېسىلغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قولىيازمىلىرىنىڭ كاتالوگى» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن :

« ‹يۇسۇپ ـ زۇلەيخا › : ئېپىك داستان ، ئاپتورى موللا يۇنۇس يەركەندى . شائىر بۇ داستاننى مەۋلانە ئابدۇرەھمان جامىنىڭ پارس تىلىدا يېزىلغان ‹يۇسۇپ ـ زۇلەيخا › ناملىق داستانىغا تەقلىد قىلىپ مىلادىيە 1791 ـ يىلى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىققان . لېكىن ئەسەر جامىنىڭ كىتابىدىن مۇستەقىل سۇژېت ، تىل ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيەتلەر جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ .

. . . ئەسەر تولۇق 1955 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەت ئاتۇش ناھىيەسىدىن سېتىۋېلىنغان ··· 9048 مىسرا» .

بۇ نۇسخا ھازىرغىچە ئېلان قىلىنمىدى .

مۇھەممەد سالىھ ھاجى موللا يۇنۇسنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ، ھىجرىيە 1376 ـ (مىلادىيە 1956 ـ ) يىلى موللا مۇھەممەد

① ھاجى نۇرھاجى: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كاتالوگى»، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1980 ـ يىللىق 1 ـ سان، 344 ـ بەت.
ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، ئىككىنچى كىتاب، 1 ـ قىسىم، 1983 ـ يىل، قەشقەر، 259 ـ بەت.
ھاجى ئەھمەد: «دېڭىز ئۈنچىلىرى»، 95 ـ بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.
ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل، 189 ـ بەت.

ئىبنى ئىسلام ئەل ـ قەشقەرى ئىسىملىك خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈ-رۈلگەن بىر ئەسەرنى «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى.[①] ئەمما، ئەسەر نامى «مۇھەببەتنامە» دەپ، يېزىلغان ۋاقتى مىلادىيە 1807 ـ يىلى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. يەنى، داستاننىڭ ئاخىرىدا ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرۇلۇق مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن:

«تەھەتۇل ـ كىتاب يەئەۋنۇل مەلەكۇل ـ ۋەھهاب،
تەمامى شۇدئىن نۇسخەئى شەرىف دەرماھى جۇمادىيۇل ـ
ئەۋۋەل سىزدەھۇم رور جۇمئە دەرۋەقتى چاشت،
فەقىرۇل ـ ھەقىر دەردەستى موللا يۇنۇس ئىبنى موللا
يۇسۇف ياركەندى تامەم شۇد.

..............................

· كىشىم دەسەلەر : تەئرىخ قانچە؟
جەۋابىدا دىسۇنلاركىم ‹غەرىبى›».

بۇ نۇسخىمۇ ئوخشاشلا 9000 مىسرادىن تەشكىل تاپقان.

ئومۇمەن، مىلادىيە 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يەكەندە موللا يۇنۇس ئىبنى موللا يۇسۇپ يەركەندى ئىسىملىك بىرىيېتۇك شائىر ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئۆز ئانا تىلىنىڭ ۋە ئەدەبىياتىنىڭ يېتىل-گەن ماھىرى بولۇش بىلەن بىرگە پارس تىلىنىمۇ پۇختا بىلگەن. ئۇ پارس تىلىدا يېزىلغان «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ۋە مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى ئۇسلۇبىغا كەلتۈرۈپ، يېڭىۋاشتىن ئىشلەپ چىققان.

«مۇھەببەتنامە» ماۋزۇسىدىكى بۇ داستان جەمئىي 72 كىچىك سەرلەۋھىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىرىش قىسمىغا 13 سەرلەۋھە ئاجرىتىلغان، ئۈچ سەرلەۋھە ئەسەرنىڭ خاتىمىسى، 56 باب ئاساسىي ۋەقەلىكتىن ئىبارەت. داستاننىڭ نامى مۇنداق زىكىر

① «بۇلاق» ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ، 1993 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ، سانى.



قىلىنغان:

«ئالىپ خامە قولۇمغە نامە ئەيلەي،
دۇر ئەفشانلىق بىلە مەڭگامە ئەيلەي.

..............................

ئۇمىدىم ئولكى، ناگەھىنىڭ نامى،
ئوقۇپ كۆرگەي بۇ نامەدىن كەلامى.
جىگەرنى قىلغاي ئاندا بىر نەزەر ھەرف،
ئوقۇغاي بۇ ‹مۇھەببەتنامە› دىن ھەرف»[①]

داستاندا يۇسۇپ توغرۇلۇق مۇنداق تەسۋىرلەر بار:

«كۆزى تۇشتى يۇسۇفغە گويىيا ماھ،
ماھ ئېرمەس، مېھىر ئەۋجى ئىززەتى جاھ،
جۇدا ئول جەمئىدىن سەرۋى چەمەندەك،
سەر ئەفراز ئاندا شەمئى ئەنجۇمەندەك.
ئاڭا نىسبەت جەمالى خۇبلار گۇم،
چۇ ئۆشىنىدە رىدايى دىلرەبايى،
شەھەنشەھلەر پىدائى خاكى پايى.
كەمالى ھۆسنىغە ئەندىشە يەتمەس،
خەيالۇ ئەقلۇ فىكرۇ پىشە يەتمەس.
لىباسى ئىگنىدە لۇتفى ئىلاھى،
باشىدا تاجى فەررى پادىشاھى.»[②]

زۇلەيخا مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

«چۇ رەئنا دۇختەرى ئېردى زىلەيخا،
قەدى رەئنا، لەبى لەئلى شەكەرخا.

..............................

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىللىق، 3 ـ سان، 75 ـ بەت.
② «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىللىق، 3 ـ سان، 75 ـ بەت.

قەدى نەخلى مۇراد ئېردى بەرۇمەند ،
نىھالى باغى ئەلتافى خۇداۋەند .
ئاقار سۇيى زۇلالى شەھرىيارى ،
ئەسىرى قەددى سەرۋى جۇيبارى .
ساچى فەرق ئۇزرە دامى ھۇشمەندان ،
ۋە لېكىن بۇ ئىكەۋدە فەرق چەندان .
....................................
يۈزى باغى ئىرەمدىندۇر نەمۇنە ،
ئاچىلمىش گۇللار ئاندا گۇنە - گۇنە .»①

ئومۇمەن ، بۇ داستاندا ، يۈسۈپ بىلەن زۇلەيخانىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئاشىقلىقى ، مۇراد - مەقسىتىنىڭ ھاسىل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن غايەت زور تىرىشچانلىقلار ، ھەسرەت ۋە نادامەتلەر ، سۇيىقەست ۋە ھىيلە - مىكىرلەر ، رەزىللىك ۋە ۋاپاسىزلىقلار ؛ ياخشىلىق ، سەمىمىيلىك ، چىدام ۋە غەيرەت قاتارلىق ياخشى ۋە يامان خاراكتېر ، قىلىق ۋە ھەرىكەتلەر ئىنتايىن تەسىرلىك شەكىلدە تەسۋىرلىنىپ ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى سۆيگۈ - مۇھەببەت ۋە ۋاپادارلىققا مەدھىيە ئوقۇلغان .

## مۇھەممەد سىدىق زەلىلى

**مۇھەممەد سىدىق زەلىلىنىڭ ھاياتى :** شائىر مۇھەممەد سىدىقنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرىدە ئازراق ئىما - ئىشارەت قالدۇرۇلغان . مەسىلەن ، شائىر ھىجرىيە 1157 - (مىلادىيە 1744 - ) يىلى («كىچىك دىۋان» بويىچە ھىجرىيە 1155 - يىلى ) يازغان «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شەرىف بۇزرۇك-

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992 - يىللىق 3 - سان، 78 -، 79 - بەتلەر.



ۋار» داستانىدا :«ئۆمرى يەتمىشكە يېتىپ مەرد ئولمادى» دەپ يازغان مىسراسى ھەمدە ھىجرىيە 1131 - (مىلادىيە 1718 - ) يىلى يازغان «سەپەرنامە» سىدىكى «خەستە زەلىلىدۇر چۇ نادان ھۇنۇز ، بولمادى قىرىق ياشىدە مۇسۇلمان ھۇنۇز» دېگەن مىسرالىرىدا قەيت قىلىنغان سانلار بويىچە ھېسابلىغاندا ، مۇھەممەد سىدىق تەخمىنەن ھىجرىيە 1087 - يىلىدىن 1091 - يىلىغىچە (مىلادىيە 1676 ~ 1680 - يىللار ) بولغان ئارىلىقتا تۇغۇلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ .

مۇھەممەد سىدىقنىڭ ئانا يۇرتىنىڭ قەيەردىلىكى ھەققىدە يەنە ئۇ يازغان تۆۋەندىكى بېيىتلەرگە مۇراجىئەت قىلىش مۇمكىن :

«كەتتى زەلىلى تەلبە ئىمامەن تەۋافىغە ،
يەكەند ئىچىدە نەيلىسۇن ئەبۇ زەمىنى يوق .①
(87 - غەزەل )

(تەلبە زەلىلى ئىماملارنى تاۋاپ قىلغىلى كەتتى ، يەكەندە
تارتىشقۇدەك يەر سۇيى بولمىسا نېمە قىلسۇن )

«بىلادى يەكەندىن يۈز تۇمەنىڭ ئارزۇ ئەيلەپ ،
ئەجەمنىڭ مەككىسىنى ھەج قىلاي دەپ بىگۇمان كەلدىم .»
(127 - غەزەل )

(نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن يەكەندىن ئەجەمنىڭ مەككىسى دەپ ئاتالغان خوتەنگە ھەج تاۋاپ قىلاي دەپ بىگۇمان كەلدىم . )

بۇ مىسرالاردىكى مەزمۇنلار مۇھەممەد سىدىقنىڭ يەكەندە تۇغۇلغانلىقىنى پەرەز قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ . شائىر 30 يېشىغىچە يەكەندە ياشىغان . ئۇ «سەپەرنامە» دە يەكەننى «چەمەن» (گۇللۈك ) گە ، ئاقسۇ ، كۇچانىڭ يۈزىدىكى ئۇپىغا ، ئالىي دەرىجىلىك خوجىلارنىڭ گۆھىرىگە ئوخشىتىپ مەدھىيىلەيدۇ .

① «زەلىلى دىۋانى» 158 - بەت، تۆۋەندە نەقىل ئېلىنغان شېئىرلارمۇ مۇشۇ توپلامدىن ئېلىندى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

مۇھەممەد سىدىق يەكەندىكى خانلىق مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان . «سەپەرنامە» دە بۇ توغرۇلۇق مۇنداق مىسرالار بار .

«چەشمەئى چىراغى ھەمەئى مەملىكەت ،
رەۋنەقى باغۇچە مەنى مەئرىفەت .

بىر تەرەفى مەدرەسەئى خاندۇر ،
ئىلىم بىلەن فەزلى گۇلىستاندۇر .

جەمى ئىكەن مەدرەسەدە ئالىمان ،
رەۋشەن ئولۇپ ھەر بىر شەمئى جەھان .

گەرمى مۇتالىئەدە ھەنگامە ،
دەرس بېرۇر ۋاختىدە ئەللامە .

ئالىم ھەم ئامىل ئاخۇن ئۇچۇن ،
مەسنەدى ھېكمەتتە ئەفلاتۇن ئۇچۇن .»

شائىر بۇ مىسرالاردا ئۆزى بىلىم ئالغان خانلىق مەدرىسە (مەدرەسەئى خان ) نى ئىلىم بىلەن پەزىلەتنىڭ گۇلىستانى ، جاھاننى يورۇتقۇدەك ئالىملار يىغىلغان جاي ، قىزىق مۇتالىئە بولۇپ تۇرىدىغان ، ھېكمەت تەختىدە ئەپلاتۇن (پلاتۇ ) غا دەرس بەرگۇدەك ئالىم ـ ئۆلىمالار يىغىلغان «روناغلىق باغلىرى» ، «مەرىپەت گۇلشەنى» ، دەپ ئۇنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى بىلەن ئىلىم دەرىجىسىنى قوشۇپ تەسۋىرلەيدۇ . بۇ ھال يەكەن شەھىرىنىڭ يەكەن خانلىقى زامانىسىدا بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ زەلىلى قىرانلىق چاغلىرىغا كەلگەن چاغلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ساقلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

مۇھەممەد سىدىق زەلىلى 195 ـ ، 179 ـ غەزەللىرىدە ۋە باشقا



غەزەللىرىدە مەۋلانە رۇمى ، بايەزد بەستامى ، شەمسىدىن تەبرىزى ، باھاۋۇددىن نەقشىبەندى ، ئابدۇرەھمان جامى ، ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىقلارنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغانلىقىغا قارىغاندا ، [1] ئۇلار توغرۇلۇق مۇئەييەن تونۇشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن خەۋىرى بار ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ .

زەلىلى قىرانلىق چاغلىرىغا كەلگەندە بىردىنلا سەپەرگە چىقىشنى ئارزۇ قىلىپ قالىدۇ . بۇنىڭدا ھەر خىل سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن . شائىر ئۆزىنىڭ سەپەر قىلىش مۇددىئاسىنى يۇزەكى ھالدا مۇنداق بايان قىلغان :

«سەيرى جەھان قىلماغىم تەركىي جەھاندۇر غەرەز ،
ئەيلەگەنى ئىمتىھان ياخشى ياماندۇر غەرەز .

..............................

سورماغانىدىن مېنى بېدادلەر ،
زالىمۇ بىرەھىم پەرىزادلەر .

ياخشىراق ئولدۇركى سەفەر ئەيلەيىن ،
داغ چېكىپ يار جەفاسىنى دەيىن .

..............................

تەلبە زەلىلى سەير ئەتەر كۆڭلىدە مەتلۇبى سەفەر ،
يۇرسە جەھاندا دەربەدەر مەنزىلىدۇر خوتەن ھۇنۇز .

..............................

ھەۋايى سەيرى چىن ئايلەر زىھى بۇ كىلكى نەققاشىم ،

[1] «زەلىلى دىۋانى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى)، 364 ـ، 123 ـ ۋە 339 ـ بەتلەر.

خۇدا بىلگەي مېنىڭ ماچىن ئىچىدە ئەمدى توختاشىم .»

دېمەك ، شائىر يەكەندىن يولغا چىقىپ قەشقەر شەھىرى ، ئاتۇش ـ مەشھەد ، خوتەن ، ھەتتا ئەردەۋىل (ئاقسۇ ) ، كۇچا ، تۇرفان (تۇر- پان ) ، قۇمۇللارغىچە ئايلىنىپ چىقىدۇ . ئۇ بۇ جەرياندا كۆپ رىيازەت- لەرنى چېكىدۇ . بارغانلا يېرىدە «ئاشىق قەلەندەر »[①] تەرزىدە «مازار- لار» نى تاۋاپ قىلىدۇ . ئۇ يەردە ئىككى يىل ، بۇ يەردە ئۈچ يىل ئىستىقامەت قىلىدۇ . زەلىلى سەپەر جەريانىدا ئىنىسى دەلىلى ، دوس- تى موللا غەزەللەر بىلەن بىرگە بولغان . زەلىلى تەخمىنەن 50 ياشلارغا بارغاندا خوتەنگە بېرىپ ، شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان ھەم ئاند- سىنىمۇ خوتەنگە ئالدۇرۇپ بىرگە تۇرغان . ئۇ خوتەننىڭ لوپ ، قاراقاش ، كېرىيە ، چىرا ناھىيىلىرىنىمۇ بىر ـ بىرلەپ كۆرگەن .

زەلىلىنىڭ 39 ـ غەزىلىدىكى :

«مېنى ئاۋارە قىلغان ياركەنت شەھىرىدە ماھىمدۇر ،
قاراڭغۇ ئەيلىگەن ئالەمنى گويا دۇدى ئاھىمدۇر .»

(مېنى ئاۋارە قىلغان ئاي يۈزلۈكۈم يەكەن شەھىرىدەدۇر ، ئا- لەمنى قاراڭغۇ قىلغان ئاھۇ زارىم تۈتۈنىدۇر ) دېگەن مىسرالارغا قارىغاندا ، شائىرنىڭ كۆڭۈل مەيلىنى ئۇبدانلا تارتقان بىر مەھبۇبى يەكەن شەھىرىدە قالغان بولۇشى ياكى شائىر يەكەنگە مېھىر ـ مۇھەب- بىتى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن يەكەندىكى ئاۋام خەلقنى سېغىنىپ بۇ ئوتلۇق مىسرانى قالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن ، دەپ پەرەز قىلىد- مىز .

«خار ، قەدىرسىز ، پەقىر ، تۆۋەن» دېگەن مەنىلەردىكى «زەلد- لى» تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يازغان شائىر مۇھەممەد سىدىق شېئى- رىيەت ساھەسىدە چوڭ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن .

شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن بەزى ئەھۋاللارغا قارىغاندا

① شائىر شېئىرلىرىدا بۇ گەپنى «قەلەندەر سىفەت» دەپ ئالغان.



ئۇنىڭ مۇسىقى (مۇزىكا ) غا ھېرىسمەن ياكى مۇغەننى (مۇزىكانت ) ئىكەنلىكىنىمۇ پەم قىلغىلى بولىدۇ ، مەسىلەن ، شائىرنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتلىرى بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدۇ :

«نەغمە بىلەن تازەدۇر جانلەر ،
نەغمە بىلەن شاد پەرىشانلەر .

نەغمە بىلەن شەھرى جۇنۇن بولدى پۇر ،
ئۇزدى مىھمارىنى جۇنۇندىن شۇتۇر .

نەغمە بىلەن روھى گىرىفتار تەن ،
نەغمە بىلەن قىلدى فەرامۇش ۋەتەن .»

مۇھەممەد سىدىقنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەنئەنىۋى مۇزىكىسى ـ مۇقاملاردىنمۇ ئوبدان خەۋەردار ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى بېيىتلىرى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ :

«مەجلىس ئىچىگە ئوت سالۇر پەردەئى ئىراق ،
مەمشىق جۇنۇندىن ئەيلەگەچ سەۋتى تەرەننۇمى ئەجەم .

ئەجايىپ مەجلىسى گەرم ئولدى بۇ دەشتى بەيابانىكىم ،
نەۋائى نالەئى مەجنۇن بىلەن ئاھۇ كەباب ئەردى .»

مۇھەممەد سىدىق يەنە نەي ، ئۇد ، ئەرغەنۇن ، قالۇن ، چاڭ ، راۋاب ۋە باشقا چالغۇ ئەسۋابلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە ، ئەرغەنۇننى شېئىرلىرىدا كۆپ تەرىپلىگەن . مەسىلەن :

«چۇ قانۇنى مۇھەببەت ئۇستىخانىم پۇرسەدا بولدى ،
رەگى ئەزالەرىمدىن ئەرغەنۇنغە تار بولغايمۇ ؟

مەن نەۋائى نالەئى نەيدىن ھوزۇرى تاپمادىم ،
ئەرغەنۇنى مەجلىسى ئۇششاق خۇش ئاھەڭدۇر .»

مۇھەممەد سىدىق زەلىلىنىڭ قاچان ، قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى
ھەققىدە بىرەر يازما ماتېرىيال قالمىغان . شائىرنىڭ ھىجرىيە
1155 ـ (مىلادىيە 1744 ـ ) يىلى يېزىپ قالدۇرغان «تەزكىرەئى
خوجا مۇھەممەد شەرىپ بۇزرۇكۋار» دېگەن ئەسىرىدە «ئۆمرى يەتـ
مىشكە يېتىپ مەرد ئۇلمادى» دېگەن مىسراسى ۋە 11 ـ رۇبائىيسىدىـ
كى «يەتمىشكە يەتىپتۇرمەن ئاغزىمدا تىشىم يوق ، ھەفتەدۇر مىللەت
ئېلىگە ئەمدى ئىشىم يوق» دېگەن بېيىتلىرىدىن قارىغاندا ، يەتمىش
ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەن بولۇشى ئېھتىمال ، دېگەن پىكىرنى
ئېيتىمىز .

مۇھەممەد سىدىق زەلىلىنىڭ قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى توغرۇلۇق
ئوخشاشمىغان قاراشلار مەۋجۇت . بەزى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا ، زەـ
لىلى خوتەندە ۋاپات بولغان . خوتەننىڭ «ئالتۇنلۇقۇم» مەھەللىسىدىـ
كى «ئالتۇن مازار» دا «مۇھەممەد سىدىق يەكەندى خەلپەم قەبرىسى»
دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەشھۇر قەبرە بولۇپ ، بۇنى كىشىلەر يېقىنقى
كۈنلەرگىچە مۇھەممەد سىدىق زەلىلىنىڭ قەبرىسى دەپ تاۋاپ قىلىشـ
قان . ئۇنىڭدىن باشقا مۇھەممەد سىدىق ئىككى ئوغلى ۋە ئانىسى بىلەن
بىر مەزگىل ئولتۇرغان «ئالتۇنلۇقۇم» كوچىسىدىكى بىرمۇنچە كىـ
شىلەر شائىر زەلىلىنى ئەۋلىيا سۈپەت ئادەم كۆرۈپ ، ئۆز پەرزەنتلىـ
رىگە «مۇھەممەد سىدىق» دەپ ئات قويۇشقان.①

**لىرىك شېئىرلىرى :** زەلىلى لىرىك شېئىرلار ئۇچۇن كۆپ
كۈچ چىقارغان . ئۇنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان لىرىك شېئىرـ
لىرىدىن 156 غەزەل ، 13 رۇبائىي ، 18 مۇخەممەس ، 5 مۇھتەھزات ،
2 قەسىدە ، 2 ساقىينامە ، 3 پارچە ھەمىد ، نەئت ۋە مۇنقەبەت ،

① رەجەپ يۇسۇپ: «مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1983 ـ يىللىق 2 ـ سان.



پارسچە 56 غەزىلى بار .
زەلىلى غەزەل ژانىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ھەم ھەزەج ،
رەجەز ، رەمەل ، مۇتەقارىپ ، مۇنسەرىھ ، تەۋىل ، ھەفىف بەھرىلىرىدە
غەزەللەر يازغان . ئۇنىڭ غەزەللىرى ئاساسەن 5 ياكى 7 بېيىتلىك
بولۇپ ، يەنە 3 ، 4 ، 6 ، 9 ، 11 ، 12 ، 15 ، 17 ، 19 ، 20 ھەتتا
25 بېيىتلىكلىرىمۇ بار . 15 بېيىتلىكتىن يۇقىرى غەزەللەر ئادەتتە
قۇرۇلما ۋە مەزمۇن يېقىدىن قەسىدە ۋە مۇناجاتقا ياتىسمۇ ، زەلىلى
دىۋانلىرىدە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە غەزەللەر تەرتىپىگە كىرگۈزۈلـ
گەن .

زەلىلىنىڭ لىرىك شېئىرلىرى ئىچىدە مۇخەممەسلەرنىڭ كۇپـ
لېت سانىدىمۇ ئۆزگىچىلىك بار . مەسىلەن ، بەش مۇخەممەس 5
كۇپلېت ، ئۈچ مۇخەممەس 6 كۇپلېت ، ئىككى مۇخەممەس 7 كۇپـ
لېت ، تۆت مۇخەممەس 9 كۇپلېت ، بىر مۇخەممەس 10 كۇپلېت ،
ئىككى مۇخەممەس 12 كۇپلېت بولۇپ ، شائىر بۇنىڭدا كۇپلېتلارنىڭ
جۈپ سان بولۇشىدىن ئېھتىيات قىلىپ كەتمىگەن . زەلىلى غەزەللىـ
رى ، ئومۇمىيەتتە ، دىداكتىكىلىق ئەسەرلەر دائىرىسىگە كىرىدىغان
ئەخلاقىي ـ تەربىيىۋى خاراكتېردىكى غەزەللەردىن ئىبارەت ، لېكىن
بۇنى كونكرېت تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .①

زەلىلى غەزەللىرىدىكى دىداكتىكىلىق مەزمۇنلارنى ئەينى زامان
شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئومۇمىي بىر خاھىش دەپ چۈشەنگەنـ
دە ، ئۇنىڭ پىنھان چوڭقۇرلۇقىدا ئەكس ئەتكەن گۇمانىزم ، ۋەتەنپەرـ
ۋەرلىك ۋە ئادالەتپەرۋەرلىك قاراشلىرىغا دىققىتىمىزنىڭ مەركىزىي
نۇقتىسى چۈشىدۇ . مۇھەممەد سىدىقنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدا ئىپادىـ
لەنگەن گۇمانىزملىق ئىدىيە ئۇنىڭ ئىنسان توغرىسىدىكى قاراشلىرى

① ئىمىن تۇرسۇن: «زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى»، «زەلىلى دىۋانى» غا يېزىلغان سۆز بېشى،
مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى، 10 ـ بەت.

بىلەن بىرگە ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك دۇنياسىدا ئىگىلەشكە تېگىشلىك ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتىگە ئائىت ئىلغار تەشەببۇسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

شائىر زەلىلىنىڭ ئىنسانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا . ئىنسانپەرۋەر شائىر جاھالەت ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ، ئىنساننىڭ ياشاش هوقۇقى ۋە قەدىر - قىممىتى دەپسەندە قىلىنغان ، ئۆكتەم خوجىلار جاھان سوراۋاتقان ، ئىشانچىلىق ئىدېئولوگىيىسى سىياسىي ئاتموسفېرانى قاتتىق بۇلغىغان قاباھەتلىك بىر مۇھىتتا تۆۋەندىكىدەك يۈكسەك شىجائەتكە تولغان ئۆتكۈر مىسرالارنى يېزىپ قالدۇرغان :

«سەفائى خاتىرىڭ بىگانىدىن بىهۇدە ئىستەرسەن ،
ئۆزۈڭدە جىلۋىگەدۇر ئەي زەلىلى جامۇ جەم تەنها .»
(6 - غەزەل )

(پاك قەلبىڭ سىرتىدىن تەڭرىنى بىهۇدە ئىزلەۋاتىسەن ،
ھەممە نەرسە ئۆز قەلبىڭگە مۇجەسسەمدۇر . )

«سەن ئۆزۈڭگە تاماشا قىل ھەر ئاجايىپ باركى ئادەمدە ،
ئەقلىي كامىل تېنىڭدە جەيھۇندۇر نە تىلەرسەن قەترەئى نەمدە .»

(164 - غەزەل )

(ئەي ، ئىنسان ئۆزۈڭنى كۆزەت ، ھەرقانداق ئاجايىپ نەرسىلەرنى ئۆزۈڭدىن تاپالايسەن ، بۇنداق قىلمىغىنىڭ كامىل ئەقىل ۋۇجۇدۇڭدا جەيھۇن دەرياسىدەك مەۋج ئۇرۇپ تۇرسا ، بىر قەترە نەمچىلىك ئەقىل ئىزدەپ سىرتقا يۈرگىنىڭگە ئوخشايدۇ . )

«قايدا ئەيسا كەبى مەساهى ،
كۆرگەي ئەسرارى ھەقنى مەريەمدە .»



(ئەيسا پەيغەمبەردەك كىشىلەرمۇ قەيەرنى ئىزدىمىسۇن ، تەڭرى سىرلىرىنى يەنىلا مەريەمدىن تاپىدۇ . )

زەلىلى شېئىرلىرىدا ئىپادە قىلىنغان مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا ، يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئەھۋاللار ھەمدە ئەينى شارائىتتىكى ئايرىم كىشىلەردە بولىدىغان «جاھانكەچتىلىك» ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇھەممەد سىدىق كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ۋە ئەقىل - زېھنىنىڭ ئۆسۈشىنىڭ جۇغراپىيىۋى ۋە ئىجتىمائىي تۇپرىقى بولغان يەكەن دىيارىدىن كۆزى قىيمىغان ھالدا ئايرىلىپ ، «ئالتە شەھەر» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى ئاساسلىق شەھەر - بازارلىرىنى ئايلىنىپ ، جەمئىيەتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى ، مېھنەتكەشلەرنىڭ ئاھۇ - پىغان ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرىدۇ . كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن سىرداشقانسېرى ئۆزىنىڭ ئۇلارغا بولغان چۈشىنىشى ۋە ھېسداشلىقى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ . نەزەر - دائىرىسى كېڭىيىدۇ ، پىكرى چوڭقۇرلىشىدۇ ، ئىرادىسى چىڭىيىدۇ ، يۇرتداشلىرىنىڭ يىغىسىغا يىغلاپ ، كۈلكىسىگە كۈلىدىغان خاھىشى روشەن ھالدا كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ . چۈنكى خەلقچىل شائىر ھەرقايسى شەھەر - بازارلار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى كەڭ دائىرىدە كۆرگىنىدە ، ئوخشاشلىقنىڭ ئاساس ئىكەنلىكىنى ، زۇلۇم - سىتەمنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىقىنى شىكايەتلىك تەلەپپۇز بىلەن مۇنداق تەسۋىرلىگەن :

«كەھەم ئوتىدا كۆيسەلەر ئادەم ئاتا كەبى بۇ ئەل ،
ئۆرتەدى باھارىمنى فۇرقەتىدىن جانىم كەبەك .»

(بۇ خەلق سامان ئوتىدا ئادەم ئاتىدەك كۆيگەن بولسا ،
جۇدالىق دەردى باھارىمنى كۆيدۇرۇپ ، قورۇلغان كەكلىكتەك قىلىۋەتتى . )

ياكى :

«سەھەر گەردۇنغە يەتتى چەككەنىمدىن ئاھ پۇر دەردى ،

گۇۋاھىمدۇر كۆزۈمنىڭ ياشى بىرلە چىھرەئى زەردى .»
(سەھەرلەردە دەردلىك چەككەن ئاھلىرىم پەلەككە يەتتى ،
كۆز يېشىم بىلەن رەڭگىم بۇنىڭغا گۇۋاھدۇر . )

شائىرنىڭ قەلبىدە خەلق ئاممىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يۇقد-
رى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن بارلىقىنى ، ئارزۇ ۋە
ئۈمىدىنى خەلق ئاممىسىنىڭ تەقدىرى ۋە بەختىگە بېغىشلىغانلىقىنى
مۇنۇ مىسرالار يەنىمۇ ئېچىپ بېرىدۇ :

«خەلقنى كۆردۈمكى ئەجەب دىلرەبا ،
يارەب ئۇلا كۆرمەسۇن ھەرگىز بەلا .»

خەلقنىڭ قان - قان يىغلاۋاتقان ، يۈرەكلىرى لەختە - لەختە
بولغان ھالىنى ماھىيەت جەھەتتىن كۆرگەن شائىر زەلىلى بۇ يەردە
ئۇلارنىڭ يەنە زۇلۇم چەكمەسلىكىنى ، ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار
بولماسلىقىنى چىن كۆڭلىدىن تىلىگەن .

مۇھەممەد سىدىق زەلىلى يەنە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمى
مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىدىغان ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە بىر
ئىنسان سۈپىتىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە تۈتۈنىدۇ ھەم بۇنى لىرىك
شېئىردا مۇنداق ئىپادىلەيدۇ :

«كەلسە ھەفتەدۇ مىللەت فىرقەسىدىن قەۋملەر ،
ئىئتىرازۇ مەزھەبۇ ئايىن ئۇچۇن قىلماڭ جەدەل .»
(يەتمىش ئىككى مىللەت گۇرۇھىدىن كىشىلەر كەلسىمۇ ،
ئۇلارنى مەزھەپلىرى بويىچە ئايرىيمەن دەپ جېدەل قىلماڭ )

مانا بۇ گۇمانىستىك روھقا ئىگە شائىر زەلىلىنىڭ ئىنسانپەرۋەر-
لىك خاھىشىنىڭ يارقىن ۋە گۈزەل ئىپادىسى . شائىر يەنە مۇنداق
يازغان :

«نى گەبر ،[1] نى تەرسامەن ، نى بەرەھمەنۇ ، نى شەيخ ،

① گەبر — ئاتەشپەرەس، ئوتقا چوقۇنغۇچى.



ھەفتاددۇ مىللەتتە بىر نوقتە خلاف ئەتتىم .»

ئىنسانپەرۋەر شائىر زەلىلىنىڭ نەزىرىدە ئىنسان قايسى مىل-
لەت ، قايسى دىن ، قايسى مەزھەپتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىنسا-
نىي سۆيگۈگە ، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى لازىم .

شائىر زەلىلىنىڭ گۇمانىزملىق قارىشىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈ-
شىنىش ئۇچۇن «سېنى لەيلىئى رەنادەك ئاجايىپ دىلرەبا دەرلەر»
دېگەن غەزىلىنى تولۇقى بىلەن كۆرۈپ ئۆتەيلى :

«سېنى لەيلىئى رەنادەك ئاجايىپ دىلرەبا دەرلەر ،
مېنى مەجنۇنى ھەيراندەك كويۇڭدا بىر گادا دەرلەر .

ئەجەبدۇر شەھخۇبان كىچە - كۈندۈز ئىشىكىڭدە ،
ھەمىشە مەن ناۋا قىلسام دەغى سەن بىناۋا دەرلەر .

باقىبان ئەل سارى جانا يۈزۈڭدىن بىر نىقاپ ئالساڭ ،
رۇخۇڭنى چۇن مەھى ئەنۋەر تەجەلىئى خۇدا دەرلەر .

تەبەسسۇم ئەيلەبان تاكى نەزەر قىلساڭ گورۇستانغا ،
قوپۇپ گوردىن بارى مۇردە ھەمە ۋا ھەسرەتا دەرلەر .

كورۇبان بەزى ئاشىقلاركى ھەلقە - ھەلقە زۇلفۇڭنى ،
ئەزەلدىن بىرگە سالغان بۇ ھەمە زەنجىرى پا دەرلەر .

يۈرۈپ سوردۇم تېبىبلەردىن نەدۇر بۇ دەردىمە دەرمان ،
تېبىب ئەيتۇركى ئەي نادان بۇ دەردى بىداۋا دەرلەر .

ئاتىڭنىڭ خاكى پايىغا زەلىلى يۈزىنى سۇردى ،
نادا كەلدىكى قەسرىڭدىن كۆزۈڭ سۇر تۇتىيا دەرلەر .»

(سېنى گۈزەل لەيلىدەك ئاجايىپ سۆيۈملۈك دېيىشىدۇ ،
مېنى كويۇڭدا گاڭگىراپ قالغان مەجنۇن گاداي دېيىشىدۇ .

گۈزەللەر شاھىنىڭ ئىشىكىدە كېچە - كۈندۈز ناۋا قىلسامۇ ،
ئەجەبا ، مېنى يەنىلا ناۋا قىلمايدۇ دېيىشىدۇ .

جېنىم ، يۈزۈڭدىن نىقابنى بىر ئېلىپ خالايىق تەرەپكە ،
قارىساڭ ، يورۇق ئايدەك مەڭزىڭنى خۇدانىڭ نۇرى دەيدۇ .

ئەگەر گۆرىستانغا تەبەسسۇم بىلەن كوز تاشلىساڭ ،
گۆردىكى جېمى ئۆلۈكلەر قوپۇپ ۋاي - داد دېيىشىدۇ .

بەزى ئاشىقلار چىڭگىلەك چاچلىرىڭنى كۆرۈپ ،
ئۇنى ئەزەلدىن پۈتۈلگەن زەنجىر دېيىشىدۇ .

تېۋىپلارنىڭ قېشىغا بېرىپ دەردىمگە نىمە داۋا بار دەپ سورىسام ،
تېۋىپ : «ھەي نادان ، بۇ دەردنىڭ داۋاسى يوق» دەيدۇ .

ئېتىڭنىڭ ئايىغىدىكى توپىغا زەلىلى يۈزىنى سۈرگەندى ،
قەسىرىڭدىن : ئۇ — تۇتىيا ، كۆزۈڭگە سۈر ، دەپ ىندا كەلدى . )[1]
ئومۇمەن ، شائىر زەلىلى لىرىك شېئىرلىرىدا خەلقچىللىق ، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنى خېلىلا چوڭقۇر ئىپادىلىگەن . ئۇ بار-

[1] «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل نەشرى)، 358 ~ 359 - بەتلەر.



لىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان خەلقنى ئەڭ گۈزەل ، ھەممىدىن ئۇلۇغ دەپ مەدھىيىلىگەن . ھەتتا ئىنسانغا سەجدە قىلغانلىق تەڭرىگە سەجدە قىلغان بىلەن ئوخشاش ، دېگەن يۈكسەك شجائەتكە تولغان قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان . شائىرنىڭ بۇ خىل قارىشى زامان بىلەن ماكان مۇھىتىغا قويۇپ تەھلىل قىلىنىدىغان بولسا ، ئۇنىڭ رېئال ۋە ئىلمىي قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ . بىز شائىرنىڭ تەۋەررۇك شېئىري توپلىمىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا مۇنداق جازىبىدار مىسرالارغا كۆزىمىز چۈشىدۇ :

«يول باشلىغۇچى كەئبە تەۋاپىغە نەھاجەت ،
ھەرخارى خەسى دەشتى سەۋاد ھەرەممىدۇر .

چارى باغى جەننەتۇل مەئىۋاغا سالمايمەن نەزەر ،
مەرغىزارى ھۆسنى ئۇچۇن يارەب خەۋەردار ئولمىشەم .»

(بۇ يۇرتۇمىنىڭ قاراڭغۇ چۆللىرى ۋە تىكەن ، ئوت - چۆپلىرى مەن ئۈچۈن كەئبىدۇر ، شۇڭا يول كۆرسەتكۈچى كەئبىنى تاۋاب قىلىشىم ھاجەت ئەمەس . )

يۇرتۇمدىكى گىياھلارنىڭ گۈزەللىكىدىن خەۋەردار بولغانلىقىم ئۈچۈن جەننەت چارى باغىغا نەزەر سالمايمەن . )

دېمەك ، شائىر زەلىلى بۇ يەردە دىنىي چۈشەنچىلەردىكى جەننەت ۋە ئىسلام دىنىدىكى مۇقەددەس جاي كەبىگە قارىغاندا ئۆز يۇرتىنىڭ قاراڭغۇ چۆللۈكلىرى ۋە ئوت - خەس ، تىكەنلەر بىلەن تولغان چۆللىرىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئاجايىپ سېھرىي قۇدرىتىنى ئىپادىلىگەن .

مۇھەممەد سىدىقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى چىن ھېسسىيات ۋە ھەقىقىي روھقا ئىگە بولغاچقا ، ئۇ ئاددىيلا ، قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئىپادى-

لەنگەن بولماستىن، بەلكى چوڭقۇر قاتلاملىق مەزمۇن ۋە ھەر خىل شەكىل ئامىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

مۇھەممەد سىدىق شېئىرلىرىدا ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان چاغدىكى روھىي پەرىشانلىق، تۇرمۇش دىشۋارچىلىقى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

«پەرىشاندۇر كۆڭۈل تا كاكۇلۇڭ تارىدىن ئايرىلدى،
دىمان ئاشۇپتە بولغاي بى ۋەتەن ئەلۋەتتە – ئەلۋەتتە.»

(كوكۇلاڭنىڭ رىشتىسىدىن ئايرىلىپ كەتكەچكە كۆڭلۈم چېچىلىپ كەتتى، ۋەتەنسىزلىكتىن كۆڭۈل تېخىمۇ پەرىشان بولىدۇ.)

شائىر زەلىلى بۇ مىسرالارنى سەپەر جەريانىدا ئانا يۇرتى يەكەننى ئەسلەپ ۋە سېغىنىپ يازغان بولۇپ، ئۇ مۇساپىرچىلىقنىڭ كىشىگە چەكسىز سېغىنىش ۋە قايغۇ بېغىشلايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ يەنە مۇڭداق مۇڭلۇق مىسرالارنى قالدۇرغان:

«ئىقلىمغا شاھ بولسا ئەگەر مەردۇ مۇساپىر،
غۇربەت ئېلى كۆڭلىدە چۇن بۇلبۇل دىلگىر.»

(ئەگەر، مەرد مۇساپىر بىرەر ئەلگە پادىشاھ بولسىمۇ، دىلى سۇنۇق بۇلبۇلدەك يەنىلا ئۆزىنىڭ غېرىب يۇرتىنى سېغىنىدۇ.)

شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ئۆز يۇرتىنىڭ تۇپرىقىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى كۇللى ئالەمدىكى ئەڭ مۇقەددەس جاي دەپ ھېسابلىغان. مەسىلەن:

«جاھاننى سەير ئەتەرگە نەچە كۇن باغۇ چەمەن ياخشى،
دەمى ئۇلفەت ئالۇرغە دىلبەرى شىرىن سۇخەن ياخشى.

سەمەرقەند سەيقەلى ئالىم، بۇخارا قۇۋۋەتى ئىسلام،
بىزنىڭدىن تۈركىي ئادەمگە بۇ شەھرى خوتەن ياخشى.



كۆرۈپ كىمخاب ۋە تىللانى غەزەب خەرق ئەيلەمەك لازىم،
دېگەن نادان كىشىلەر تۇتىدىن زاغۇ زەغەن ياخشى.»

بۇ شېئىرىي مىسرالاردا ئەينى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا روھانىيلىرى ئارىسىدا مودا بولۇپ قالغان «سەمەرقەند سەيقەلى روھى زېمىنەس، بۇخارا قۇۋۋەتى ئىسلامى دىنەس» دېگەن ماختىنىش ئىبارىسى يەرگە ئۇرۇلغان. يەنى، ئۇنىڭ مەنىسى «سەمەرقەند روھىيەت دۇنياسىنىڭ ئۈزۈك كۆزى، بۇخارا ئىسلام قۇدرىتىنىڭ قورغىنى» دېگەنلىك ئىدى. زەلىلى بۇ ماختىنىش ئىبارىسىنى كىنايە قىلىپ، ئۆزى ئۇچۇن يەنىلا خوتەننىڭ ئەلالىقىنى جاكارلىغان. زەلىلى ئۆز يۇرتىنى باغۇ – چىمەن، ئۆز خەلقىنى شېرىن سۆزلۈك دىلبەر دەپ ئىپتىخارلىنىدۇ. شائىر ئۆز پىكرىنى تېخىمۇ قەتئىيلەشتۈرۈپ ئەگەر ساڭا كىمخاب تون كىيدۈرۈپ ئالدىڭغا پەتنۇستا تىللا قويسىمۇ غەزەپ بىلەن رەت قىل، پەقەت نادانلارلا تۇتىدىن قاغىنى ياخشى، ئەۋزەل كۆرىدۇ، دەيدۇ.

شائىر مۇھەممەد سىدىقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن سۆيۈملۈك يۇرتى يەكەننى، سەپەر مۇشكۇللىرىنى كەينىدە قالدۇرۇپ، مۇساپىرچىلىق ئازابىنى تارتقاندا مېھرىبان قوينىدىن ئورۇن بەرگەن، قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ھۆرمەت تەزىم بىلەن قارشى ئالغان ئىككىنچى يۇرتى خوتەننى سۆيۈش، ئۇلۇغلاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە قەشقەر (كونا شەھەر)، ئەردەۋىل (ئاقسۇ)، كۇچا، تۇرفان (تۇرپان)، قۇمۇل قاتارلىق ئاساسلىق شەھەرلەرنىمۇ تەسۋىرلىگەن. مەسىلەن:

«چىنى تۈركىستان زېمىنىنىڭ خەلقىگە چېغىم[1] كىلور،
شەھرى ماچىندىن ئۆتۈپ تەۋفى ئىمامەن ئەيلىمەس.

① چېغ — داد – پەرياد، چاقىرىق، سادا.

يارکەند ئىچرە زەلىلى تەلبە قويمايدۇر قەدەم ،
تا سەدەد[1] كۇهۇ كۇچاۋۇ سەير تۇرفان ئەيلەمەس .

..............................

قەشقەرنى سەيقەلى[2] ئايىنەئى ئىسلام ئېتىپ ،
ھەيبەتىڭدىن چىنى ماچىن ھەددىگە سالدىڭ ئىدا .

..............................

شەھرى ماچىندىن[3] زەلىلى تەلبە ئەيلەيدۇر سەفەر ،
ئەردەۋىل ئىلە كۇچاۋۇ سەير تۇرفاندۇر تەمەئ .

..............................

شەھرى خوتەندە ئوت كۆرۈپ بەرقى ئەۋامۇكىن دېدى ،
شۆئلەئى دۇدى ئىرور بىلمەدى سەرھەدى قۇمۇل .»

زەلىلى ئۆز يۇرتىنىڭ مۇقەددەسلىكى ۋە بۈيۈكلۈكىنى تەسۋىرلىگەندە يەنە ، ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىدا شانلىق ئابىدە تىكلىگەن سۇتۇق بۇغراخاننى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىلغا ئالغان :

«مەرھابا سۇلتان ساتۇقى بۇغراخانىم مەرھابا ،
مەشھەدىڭنى مەككەئى مۇلكى ئەجەم دەرلەر رەۋا .

قەشقەرنى سەيقەلى ئايىنەئى ئىسلام ئېتىپ ،
ھەيبەتىڭدىن چىنى ماچىن ھەددىگە سالدىڭ ئىدا .»

① سەدەد — نىيەت، مەقسەت، كۆزلەش.
② سەيقەلى — پارلاق، پارقىراق.
③ زەلىلى شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇن ئېتىبارىدىن قارىغاندا، چىن - ماچىن تار مەنىدە خوتەننى كەڭ مەنىدە شىنجاڭنى كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ئۇنىڭ ھەرقايسى شېئىرىي مىسرالىرىدا ئىپادىلەنگەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردىن باشقا «چىندا مۇساپىردۇرمەن ماچىن ئىچرە غەرىب» دېگەن مىسرالىرىدىن بۇ نۇقتىنى روشەن ھالدا ھېس قىلغىلى بولىدۇ.



شائىر زەلىلى مەشھەدنى ئۈچ قېتىم تاۋاپ قىلغانلىقىنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە ، ئۇلۇغ ئەجدادى سۇتۇق بۇغراخاننى پىر تۇتقانلىقىنى ھەم ئالاھىدە ئىزھار قىلىپ مۇنداق يازغان :

«مەخمۇر[1] ئىدى دىلۇجان ، قويدى مەيئى ئەرغۇۋان ،
سۇلتانى ساتۇق بۇغراخان پىرى مۇغان ئەمەسمۇ .»

مۇھەممەد سىدىق ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇ ئۆز يۇرتىنى دۇنيادىكى گۈزەل ، مۇقەددەس جايلارنىڭ بىرى دەپ ئىپتىخارلانغاندىن باشقا ، شۇ يۇرتنىڭ كۆركى بولغان ئۆز خەلقىنى ھەم تەڭداشسىز كىشىلەر دەپ تەسۋىرلىگەن . مەسىلەن :

«زىبىب ئەنگىز شۇخى تۇركلەرنى ،
كۆرۈپ رەشك ئەيلەگەي خوبانى كابۇل .»

(گۈزەللىك ئەلچىسى بولغان تۈركىي (ئۇيغۇر) شوخ قىزلىرىنى
كابۇل گۈزەللىرى كۆرۈپ قالسا چوقۇم رەشك قىلىدۇ)

ئومۇمەن ، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى يەكەن خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولغانلىقىنى ، بىر قىسىم خوجىلارنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكىنى ، جۇڭغار فېئودال ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز بالايىئاپەت پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى ، كەڭ شىنجاڭ خەلقى ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ قوشلاپ قۇللۇق ئورۇنغا چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ، ئېغىر مۇشكۈللۈك ۋە دەھشەتلىك زۇلۇمنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن . ئەل - يۇرتنىڭ ئاسايىشلىق ، خەلقنىڭ ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈكتىن باشقا چىقىش يولىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن شائىر

① مەخمۇر — مەست، مەستلىك.

مەردانىلىك بىلەن ئورنىدىن تىك تۇرۇپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى
ئېگىز كۆتۈرۈپ ، خەلق ئاممىسىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىشقا
تۈتۈنۈپ كۆرگەن . بۇ بىزنىڭ قەدىرلىشىمىزگە تېگىشلىك ئالىيجاناب
پەزىلەت . بىز زەلىلىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى يەنىمۇ چوڭ-
قۇرراق چۈشىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت غەزىلى بىلەن بۇ
ئابزاسنى ئاخىرلاشتۇرىمىز .[1]

«مەن سەمەندەرمەن ۋەتەن دەريايى ئاتەشتۇر ماڭا ،
ئەلدەبى كى هاۋايى بوستاندۇر لەزىز .»

※ ※ ※

ئەدىب مۇھەممەد سىدىق لىرىك شېئىرلاردىن باشقا ئېپىك ئە-
سەرلەرگىمۇ ئالاھىدە مېھنەت سىڭدۇرۇپ بۇ ساھەدە مۇئەييەن نەتىجى-
لەرنى قولغا كەلتۈرگەن . زەلىلى قەلىمىگە مەنسۇپ ئېپىك ئەسەرلەر-
دىن بىرقانچە پارچە تەزكىرە ۋە «سەپەرنامە» ناملىق بىر داستاننى
كۆرۈپ ئۆتىمىز .

«تەزكىرەئى چىلتەن» :[2] بۇ ھىجرىيە 1147 ـ (مىلا-
دىيە 1736 ـ ) يىلى يېزىلغان ئەسەر بولۇپ ، 532 مىسرا ھەجىمدىكى
دىنىي مەزمۇنغا ئىگە تەزكىرە . شائىر زەلىلى بۇ تەزكىرىسىدە يەكەن-
دىكى چىلتەن مازىرىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا ئاڭلىغان چىلتەن
ھەققىدىكى رىۋايەت ـ قىسسىلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ
زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ، ئادالەت ، ھەققانىيەتنى ياقلاش ، يورۇقلۇققا
تەلپۈنۈش ، مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە ھېسداشلىق

① زەلىلىنىڭ لىرىك شېئىرلىرى توغرىسىدىكى تەھلىللەرنىڭ بەزى مەزمۇنلىرى ئا.ئايوپنىڭ «زەلىلى ئەسەرلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىسىدىن پايدىلىنىپ تەييارلاندى.

② «زەلىلى دىۋانى» دىكى نۇسخا ئاساس قىلىندى.



قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارىشىنى ئىپادىلىگەن .
شائىر تەزكىرىدە مۇنداق بىر رىۋايەتنى بايان قىلغان :

روسۇلىللانىڭ قىزى بۇۋى پاتىمە توساتتىن بىتاب بولۇپ يېتىپ
قالىدۇ . روسۇلىللا مۇختار ئىسىملىك بىر كىشىنى ئەرشكە ئەۋەتى-
دۇ . ئەرشتىن يەتتە چىلتەن چۈشۈپ پاتىمەنىڭ كېسىلىنى داۋالايدۇ .
خۇدا ئۇلارنى ئەرشكە قايتۇرماي ، ئادەملەرگە ياردەم بەرسۇن دەپ
زېمىندا قالدۇرىدۇ . يەتتە چىلتەن سەپەر قىلىپ بۇگۈنكى شىنجاڭغا
كېلىدۇ (ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلار تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىكەن ) .
شۇ چاغدىكى پايتەخت يەكەند ئىنتايىن باياشات يۇرت بولۇپ ، ئۇلار
رەسۇلىللانىڭ «مەن سىلەرگە بەرگەن ھاسىنى نەگە سانجىساڭلار
بوستان بولسا ، شۇ يەردە ماكانلىشىڭلار» دېگەن تەلىمى بويىچە ھاسا
كۆكلىگەن يەكەن شەھىرىدە ماكانلىشىدۇ ۋە ئالەمدىن ئۆتىدۇ . ئارى-
دىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ شاھ تالىپ سەرمەست دېگەن بىر ئۆلىما
41 شاگىرتىنى باشلاپ بۇخاراغا قاراپ يولغا چىقىپ ، 40 كۈن بولغان-
دا ، روسۇلىللا بىلەن خىيالىي مۇلاقەتتە بولىدۇ . روسۇلىللا ئۇلارنى
يەكەن شەھىرىدە خەلققە نامەلۇم قالغان يەتتە چىلتەننىڭ مازىرىنى
ياساپ تاۋاپگاھقا ئايلاندۇرۇش ، خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا
ئۈندەيدۇ . بۇلارنىڭ يەكەنگە بارغان دەۋرى مىرزا ئابابەكرى زامانى
(مىلادىيە 1469 ~ 1514 ـ يىللار ) غا توغرا كېلىدۇ . بىر قىسىم
يالغانچى كاززاپلار بۇلارنى ئابابەكرىگە يامان كۆرسىتىپ چاقىدۇ .
ئابابەكرى مىرزا بۇ زاتلارنى سىنىماقچى بولۇپ مۇشۇك گۆشى بېسىل-
غان پولۇدا داستىخان قىلىپ ئۇلارغا ئەۋەتىدۇ . ئۇلار «پەش» دەپلا
ئۆلۈك مۇشۈكنى تىرىلدۈرىدۇ ۋە رەنجىپ قايتىپ كېتىدۇ . ئابابەكرى
مىرزا ئادەم ئەۋەتىپ يالۋۇرسىمۇ قايتىپ كەلمەيدۇ . مىرزا ئابابەكرى
قاتتىق پۇشايمان قىلىپ يەتتە چىلتەن مازىرىنى زىيارەتگاھقا ئايلاندۇ-
رىدۇ ۋە مەخسۇس شەيخ قويىدۇ .

تەزكىرىنىڭ مەركىزىي مەزمۇن سەھىپىسىدە چىلتەنلەر تۇرىدۇ .

چىلتەنلەر ئەسلىي ئىسلام دىنى رىۋايەتلىرىدىكى غەيرىي تەبىئىي كۈچكە ئىگە ، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ۋە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئەپسانىۋى 40 روھ بولۇپ ،① بەزىدە ئۇلار ئارىسىدا ئادەم قىياپىتىدە ياشايدىغانلىرىمۇ بولىدۇ ، دەپ قارىلىدۇ ، ئۇلار ئادەتتە ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان ئەۋلىيالار قاتارىدا ھېسابلىنىدۇ .②

زەلىلىنىڭ چىلتەنلەر ھەققىدىكى بۇ قىسسىنى داستانلاشتۇرۇشىدا ھەر خىل سەۋەب بار . بۇ سەۋەبنىڭ بىر تەرىپى يۇقىرىدا سۆزلەنگەندەك بولسا ، باشقا سەۋەبلىرىگە كۆرە ، شائىر بىرىنچىدىن ، قەدىمكىنى ئۆز زامانىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ، ئىككىنچىدىن ، كونىلىرىدىن يېڭىلىرىنى يارىتىش ، ئۈچىنچىدىن ، قەدىمكى ئەھۋاللارغا باغلاپ ئۆز دەۋرىنى كىنايە قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

داستاندا تەسۋىرلەنگىنىدەك ، شىنجاڭغا دەسلەپ كەلگەن (قاراخانىيلار دەۋرىدە كەلگەن دېيىلىدۇ ) چىلتەنلەر ئەسلىي يەتتە بولۇپ ، ئۇلار كەلگەندە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن . ئۇلار يەكەنگە ماكانلىشىپ ، شۇ يەردە ھالال ئەمگىكى بىلەن ئۈن ـ تىنسىز ياشاپ ، ئالەمدىن ئۆتكەن . پەرەز قىلىنىشىچە ، بۇ يەتتە چىلتەن شىنجاڭدا دەسلەپ قىلىپ ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلار بولۇشى مۇمكىن . ئىسلام دىنى مۇستەھكەم يىلتىز تارتقان ۋە شىنجاڭ جەمئىيىتىدە ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيىگە ئايلانغان مىرزا ئابابەكرى زامانىسىدا بۇخارادىن كەلگەن 41 چىلتەن يەتتە چىلتەننىڭ مازىرىنى ئىزدەپ تېپىپ ، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى ياساپ ، ئۇلارنىڭ نام ـ ئەمەلى ئۈچۈن ئابىدە تىكلىگەن بولسىمۇ ، ئەمما مىرزا ئابابەك-

① «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى)، 458 ـ بەت.

② «ئىسلام» (ئۆزبېكىستان سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى باش رېداكسىيىسى، تاشكەنت 1989 ـ يىل ئۆزبېكچە نەشرى)، 277 ـ بەت.



رى تەرىپىدىن خورلۇققا ئۇچراپ ، پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالغانلىقى ، ئەلۋەتتە شائىر زەلىلىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان . زەلىلىنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرىدىن قارىغاندا ، ئۇ دەسلەپ ، ئىسلام دىنىغا دائىر بىلىملەرنى چوڭقۇر ئىگىلىگەن ، بىر مەزگىل ئىشانچىلىق مەسلىكىگە قاتنىشىپ ، تەركىيدۇنيا بولۇپ ، «قەلەندەر سوپەت» تۇرمۇشنى خالاپ ، ئىشانلىق يولىدا مېڭىپ ، مازار ـ ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلغان . مۇشۇ تەرەپتىن ، زەلىلى ئالدى بىلەن يەتتە چىلتەنلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى تارقاتقانلىقىغا ، 41 چىلتەننىڭ ئۇلار ئۈچۈن مازار تىكلىگەنلىكىگە نىسبەتەن قوللاش پوزىتسىيىسىدە بولغان . مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىسلام دىنىدا مۇشۇك گۆشىنى يېيىش قاتتىق پەرھىز قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ، 41 چىلتەنگە مۇشۇك گۆشى بېسىلغان پولۇنى داستىخان قىلىپ ئەۋەتىپ ، ئۇلارغا ئازار بېرىپ ، كەتكۈزۈۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ۋەقەدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ ، ئايرىم ساندىكى مۇتەئەسسىپ خوجىلار ۋە روھانىيلارنى كىنايە قىلغان . شائىر بىر قاتار لىرىك غەزەللىرىدە ئىپادە قىلىنغىنىدەك ، ئۆز زامانىسىدىن ، بولۇپمۇ قاباھەتلىك دەۋران ، زۇلمەتلىك زامانغا قاتتىق نارازى ئىدى . ئۆز ئەسەرلىرىدە بەزى مۇتەئەسسىپ خوجىلار ۋە فېئودال روھانىيلارنى بىۋاسىتە تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ ، ئەمما خىلمۇ خىل مەجازى ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ، مەيلى لىرىك شېئىرلىرىدا بولسۇن ، مەيلى «تەزكىرەئى چىلتەن» ناملىق داستانىدا بولسۇن ، ئۆزىنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتىنى روشەن ھالدا ئىپادىلىگەن .

«تەزكىرەئى چىلتەن» داستانىنىڭ باش تەرىپىدىكى تەسۋىرلەر شائىر زەلىلىنىڭ كۈچلۈك سىياسىي ، ئىجتىمائىي ئىدىيىسىنىڭ يەنە بىر مەرتە ئۆز ئەكسىنى تېپىشى بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار . مەسىلەن ، شائىر داستانىنىڭ بېشىدا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي قىياپىتىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى قىزغىن ھېسسىيات ئاساسىدا

تەسۋىرلەش بىلەن بىرگە ، ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ مۇدھىش قىياپىتى ۋە ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرغان ئەپت - بەشىرىسىگە بولغان كۈچلۈك نارازىلىقىنى ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەپ ئۆتكەن .

«تەزكىرەئى چىلتەن» يەكەن شەھىرىدە مازىرى بولغان ، ئاۋام خەلق ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلىپ تۇرىدىغان چىلتەنلەر (خەلق ئارىسىدا «چىلتەنلىرىم» دېيىلىدۇ ) توغرىسىدا يېزىلغان دىنىي تۈستىكى ئاددىي بىر تەزكىرە بولۇپ قالماستىن ، بەلكى ئۇنىڭدا شائىر مۇھەممەد سىدىقنىڭ مۇئەييەن تارىخىي ، ئىجتىمائىي - سىياسىي قاراشلىرى ۋە گۈزەل غايىسى ئىپادىلەنگەن . بىز تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ ، ئەسەرنىڭ ئۈستىگە يېپىشتۇرۇلغان قويۇق دىنىي يوپۇق ، سىرلىق تۈسنى قايرىۋېتىپ ، داستاننىڭ ھەقىقىي مەزمۇن ماھىيىتىگە دىققەت بىلەن قارىغىنىمىزدا ، ئۇنىڭدا رېئالىزم ئامىللىرىنىڭ ۋە ئادالەتپەرۋەرلىك خاھىشىنىڭ بەلگىلىك رەۋىشتە مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە نەزىرىمىز بۇرالماي قالمايدۇ .

شائىر زەلىلىنىڭ باشقا ئەسەرلىرى بىۋاستە تۇرمۇش تەجرىبىسىگە تايىنىپ يارىتىلغان بولسا ، «تەزكىرەئى چىلتەن» ۋاستىلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ يارىتىلغان . شۇڭا «تەزكىرەئى چىلتەن» نىڭ مەزمۇن خاراكتېرىنى تەھلىل قىلغان چاغدا ، زەلىلىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيەت ئىدىيىسى ئىچىگە قويۇپ تەھلىل قىلىش لازىم ، ئومۇمەن ، شائىر بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك تەجرىبىدىن ئىبارەت باي تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن لىرىك شېئىر ھەم ئېپىك ئەسەرلەردە رېئالىزم بىلەن رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئەركىن قوللىنىپ ، كەڭ ھايات مەنزىرىسىنى ، زاماندىشلىرىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن يۈرەك سۆزلىرىنى ھەققانىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈپ ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان . شائىر «تەزكىرەئى چىلتەن» نى دۇنياغا كەلتۈرۈشتە ئۆزگىچە ئىجادىيەت پرىنسىپىغا تايىنىپ ، ئۆز



ئەسەرلىرىنىڭ ۋەقەلىكىنى باي ۋە مول قىلىشتا ، ئوبرازلىرىنى رەڭگا رەڭ ھالەتتە يارىتىشتا ئىمكانىيەت ياراتقان . بۇ ئۇنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ باي ئىكەنلىكىنى ، مۇئەييەن بەدىئىي ئىقتىدار ھازىرلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، تۇرمۇش چىنلىقىغا يېقىن بولۇشتەك بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى داستاننىڭ بىرىنچى بەدىئىي خۇسۇسىيىتى دېيىشكە بولىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەر ئۆز زامانىسىدىكى جەمئىيەتتە ئورتاق قوللىنىۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن مەسنەۋى ژانىرىدا ساپ نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان . رىۋايەت (ياكى قىسسە ) بىلەن تارىخ ، رومانتىزم بىلەن رېئالىزم ئېلېمېنتلىرى چېۋەرلىك بىلەن بىرىكتۈرۈلگەن ، رىۋايەتلىك تارىخنىڭ داستانلاشتۇرۇلۇشىدا مۇناسىپ ئۆرنەكلىك رولىنى ھازىرلىغان .

**«تەزكىرەئى ھەزرىتى خوجا مۇھەممەد شەرىپ بۇزرۇكۋار» :**[1] ھىجرىيە 1155 - (مىلادىيە 1744 ) يىلى يېزىلغان بۇ داستان 1540 مىسرا ھەجىمدە بولۇپ ، ئۇنىڭدا مۇنداق بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنغان :

سايراملىق خوجا مۇھەممەد ئىسىملىك بىر بالا كىچىكىدە يېتىم قېلىپ ، بىر پىرغا يولۇقىدۇ ۋە بۇ پىردىن سەپەر قىلىش ھەققىدە بېشارەت ئېلىپ سەپەرگە چىقىدۇ . سەمەرقەندكە بېرىپ پىرنىڭ تەربىيىسىدە بولىدۇ . سەمەرقەندتە تۇرۇپ ئوتتۇز ياشلارغا كىرگەندە سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئەھمەد يەسسەۋى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولىدۇ . ئۇ بۇ ئىشتىن كېيىن قەشقەرگە كېلىدۇ . ئاتۇشتا بېرىپ سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىدۇ . سۇتۇق بۇغراخان ئۇنىڭغا يەنە زاھىر بولۇپ ، ئۇنى مەككىگە بېرىشقا ئۈندەيدۇ . يولدا خەتەرگە يولۇققاندا سۇتۇق بۇغراخان خىزىردەك يول كۆرسىتىدۇ .

① «زەلىلى دىۋانى» دىكى نۇسخا ئاساس قىلىندى.

ئۇ سەپەردە سەپەرداشلىرىنى قۇتقۇزىدۇ . ھەمسەپەرلىرى ئۇنىڭ زاتى بۇزرۇك ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، ئۇنىڭغا نەزىر - نىياز قىلىدۇ . روسۇللا مەدىنىدە ئۇنىڭغا زاھىر بولىدۇ . خوجا مەككىدىن ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە يەر ئاستىدا 300 يىل ياتقان بىر زاتنىڭ قەبرىسىنى بايقاپ تاۋاپگاھقا ئايلاندۇرغانلىق كارامىتى بىلەن ئابدۇرەشىدخانغا ئۇستاز بولىدۇ . ئابدۇرەشىد خان بىلەن قاغىلىققا بارغاندا ، بۇتپەرەس بىلەن دەپنە قىلىنىپ قالغان بىر ئەزىزنىڭ قەبرىسىنى ئەلگە تونۇتۇپ ، مازار قۇرۇپ تاۋاپگاھقا ئايلاندۇرىدۇ . شۇ ئارىدا ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇلەتىپخان قىرغىزلار بىلەن جەڭ قىلىدۇ ۋە جەڭدە يېڭىلىپ قەتل قىلىنىدۇ . ئابدۇرەشىدخان ئوغلىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاۋۋال سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىگاھىنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن ھۇجۇمغا ئاتلىنىپ غەلىبە قىلىدۇ . موللا شەرىپ بۇزرۇكۋار ئورنىغا مەھمۇد ۋەلى ئىسىملىك سوپىنى تەيىنلەپ قازاغا يۈز تۇتىدۇ . پادىشاھ ۋە جامائەت مەھمۇد ۋەلى ھەزرەتكە قول بېرىپ مۇرىت بولىدۇ .

داستاندىكى ئاساسىي قەھرىمان خوجا مۇھەممەد شەرىپ بۇزرۇكۋار ئەسلىي بىر تارىخىي شەخس ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سايرام دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان . يەتتە يېشىدا ئاتىسىدىن يېتىم قېلىپ ، ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان . ياشلىق دەۋرىدە سەمەرقەندتىكى ئۇلۇغبېك مەدرىسىدە 30 يىلچە بىلىم تەھسىل قىلغان . ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەرگە كېلىپ ، پەرداز بۇيۇملىرى سودىسى بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان . بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا يەتتە يىل شەيخ بولۇپ تۇرغان . ئۇ كېيىن مەككە ، مەدىنىنى تاۋاپ قىلىپ ، دىنىي جەھەتتىكى بىلىمى ۋە پازىللىقى بىلەن ئابرۇي قازانغان . ئۇ ھەج قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرەشىدخان بىلەن تونۇشقان . سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بۇ خوجىنىڭ شەرىپىگە ئون كۈن زىياپەت بېرىپ ، خوجا مۇھەممەد شەرىپنى ئۆزىگە



ئۇستاز قىلغان . خوجا مۇھەممەد شەرىپنىڭ بىردىنلا ئاتتىقى چىقىپ ، قەشقەر شەھىرىدە كىشىلەر يۇقىرىدا بەگ - بىگاتتىن ، تۆۋەندە ئاددىي پۇقراغىچە بەس - بەس بىلەن ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان . ئابدۇرېشىدخان ئۇنىڭغا قاغىلىق شەھىرىدە مەدرىسە ياسىتىپ بەرگەن . ئۇ قەشقەردىن يەكەنگە بېرىپ ئون يىل دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە مىلادىيە 1565 - يىلى 95 يېشىدا (يەنە بىر رىۋايەتتە مىلادىيە 1555 - يىلى ) ۋاپات بولغان . ئۇنىڭ مېيىتى يەكەن شەھىرى ئىچىدىكى ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلغان مەدرىسىگە قويۇلغان .①

مانا مۇشۇ تارىخىي شەخس خوجا مۇھەممەد شەرىپ بۇزرۇكۋارنىڭ ئوبرازى داستان سەھىپىسىدە تارىخىي ۋەقەلىكنى ئاساس قىلغان ، قويۇق دىنىي تۈسكە تولغان ھالدا ، فانتازىيە ۋە مۇبالىغە ۋاستىسىنىڭ ياردىمى بىلەن تەسۋىرلەنگەن . ئومۇمەن ، داستاندا تەسۋىرلەنگەن ئەھۋالغا قاراپ ، زەلىلىنىڭ نەزىرىدە مۇھەممەد شەرىپ «كارامەت» ئىگىسى ، يەكەن خانلىقىنىڭ بىر مەزگىللىك ، بولۇپمۇ ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدىكى گۈللىنىش ، قۇدرەتلىك ھالەتتە بولۇشىنىڭ سەۋەبچىسى ، روھىي مەدەتكارى دەپ ھېسابلانغان .

شائىر زەلىلى بۇ داستانىنى يېشى چوڭىيىپ 70 ياشقا كىرگەندە يېزىپ چىققان . شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشى تولىمۇ غۇربەتچىلىكتە قالغان ئەھۋال ئاستىدا تاماملىغان . بۇ ھال داستاندا ، بولۇپمۇ مۇھەممەد شەرىپ ئوبرازىنى ئوتتۇرىغا چىقارغاندا ، دىنىي پۇراقنىڭ تولىمۇ كۈچلۈك بولۇشى بىلەن سەۋەب نەتىجىلىك مۇناسىۋەتنى پەيدا قىلىپ قويغان .

خوجا مۇھەممەد شەرىپ مەيلى رېئاللىقتىن ئېلىپ ئېيتقاندا بولسۇن ، مەيلى زور دەرىجىدە سىرلىق تۈس ئالغان رىۋايەتلەردىن

① ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، 222 -، 223 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى.

ئېلىپ ئېيتقاندا بولسۇن ، يەكەن خانلىقى زامانىسىدىكى بىر ئاتالمىش
كارامەت ئىگىسى . ئۇ قەشقەر ، يېڭىسار ۋە يەكەن رايونلىرىدىكى
دىنىي پائالىيەتلىرىدە «ئۇۋەيسىيە» دەپ ئاتىلىدىغان تەرىقەت مەزھە-
پىنى قۇرغان . «ئۇۋەيس» — قۇدرەت ، دېگەنلىك بولىدۇ . تەسەۋ-
ۋۇپ مەزھىپىنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغاندا ، «ھېكمەتلىك» ،
«كارامەتلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . مۇھەممەد شەرىپكە دائىر
تەزكىرىلەردىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ ئېتىقاد قىلغىنى قەدىمكى يەسسەۋى
مەزھىپىنىڭ ئەقىدىسى ، ئابدۇرەشىدخان دەل مۇھەممەد شەرىپ ئا-
ساس سالغان ئۇۋەيسىيە مەزھىپىنى شەكىل قىلغان تەسەۋۋۇپنىڭ
سادىق مۇرىتى ئىدى . شائىر زەلىلى 40 يىللاپ ئۆز غايىسى ئۈچۈن
تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ، رېئال ھايات مەئىشەتلىرى ، ھۆرلۈك بى-
لەن تولغان جەمئىيەتنى ئارزۇ قىلغان . ئەمما ، بۇلار ئەمەلگە ئاشمى-
غان . شائىر كۆپ ساننى تەشكىل قىلىدىغان مېھنەتكەش خەلق ئاممى-
سى بىلەن بىرلىكتە بارغانسېرى ئېغىر تۇرمۇشقا چۈشۈپ قالغان .
ئاقىۋەتتە ، ھېسسىياتى دولقۇنلاپ تۇرىدىغان شائىر زەلىلى ئىدىيىسى-
دە مۇئەييەن دەرىجىدە بۇرۇلۇش بولۇپ ، «تەقدىرچىلىك» كە چېكى-
نىشتەك پاجىئەگە دۇچ كەلگەن . نەتىجىدە ، بۇ داستاندا ، بىر قاتار
مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ يېشىلىشى ھەم خوجا مۇھەممەد شەرىپنىڭ ئوبرا-
زىدىكى بۇرۇلۇش ۋە قاتلاممۇ قاتلام ئۆسۈپ بېرىشىدا پۈتۈنلەي دىنىي
خۇراپاتلىق ، تەقدىرچىلىك ، كارامەتچىلىكنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەس-
ۋىرلەشكە بېرىلىپ كېتىپ ، مۇھەممەد شەرىپنى «ئەۋلىيا» دەرىجى-
سىگە كۆتۈرۈپ ، ياكى شۇ خىل دەرىجىنى نەزەرىيە نۇقتىسىدىن
مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ، بۇ تارىخىي شەخس ئۈچۈن قانداقتۇر يىقىلماس
ئابىدە تىكلىمەكچى بولغان . بۇلار ، بىر ئادەم قانچە ئىلغار ، قانچە
ئاكتىئال دۇنيا قاراشقا ئىگە بولسىمۇ ، ئۇ بەرىبىر دەۋر ، سىنىپ
ۋە گۇرۇھنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغانلىقى ، ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەر-
لىرى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىدىيىسى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىدەك



پاكىتنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .
يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئەھۋاللارغا قاراپ ، داستاننىڭ رېئال ۋە
بەدىئىي قىممىتىنى تۆۋەنلىتىشكە بولمايدۇ . بىزنىڭ يەنىمۇ ئەھمىيەت
بىلەن مۇھاكىمە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدىغان نەرسە ، بىرىنچىدىن ،
يەكەن خانلىقىنىڭ ئابدۇرەشىدخان ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلىدىكى
گۈللەنگەن ، قۇدرەتلىك مەنزىرىسىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تەس-
ۋىرلىگەنلىكى ھەم ئۆز دەۋرىنىڭ ساراسىمىگە تولغان ، ۋەھىمە قاپلى-
غان مۇھىتىنى كىنايە قىلىپ ، گۈزەل ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشى ،
ئاسايىشلىق تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشىنى ئوبرازلىق تەسۋىرلىگىنى-
دەك جاسارىتىدىن مەمنۇن بولساق ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، «كارامەت
ئىگىسى» ، «ئەۋلىيا» ، «خان ئۇستازى» بولمىش مۇھەممەد شەرىپ-
نىڭ يېتىلىشى ، سىرلىق خىسلەتلەرنى ھازىرلىشى ۋە كاتتا ئابرۇي
قازىنىشىنىڭ يەنە بىر مەنىۋى ئىلھامچىسى سۇتۇق بۇغراخان ئىكەنلى-
كى توغرىسىدىكى ئېپىزوت تەسۋىرلىرى شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك
قارىشىنىڭ يەنە بىر قېتىم ئىپادە قىلىنىشى دېيىش مۇمكىن .
**«سەپەرنامە» :** «سەپەرنامە» سەپەر ھەققىدىكى كىتاب ، سەپەر
خاتىرىسى دېگەن مەنىدە بولۇپ ، ھىجرىيە 1131 ـ (مىلادىيە
1718 ~ 1719 ـ) يىلى خوتەندە يېزىلغان ، 2244 مىسرادىن
تەركىب تاپقان .
«سەپەرنامە» دە مۇھەممەد سىدىقنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدىكى سەپەرلىرى ، جۈملىدىن خوتەن تەرەپكە قىلغان سەپەر
كەچۈرمىشلىرى ئىپادىلەنگەن . بولۇپمۇ داستاندا شائىرنىڭ خوتەندىكى
كەچۈرمىش پائالىيەتلىرى گەۋدىلىك ئورۇندا تەسۋىرلەنگەن .
مۇھەممەت سىدىق سەپىرىنى خوتەندىن باشلاپ ، قەشقەر (كونا
شەھەر) ، ئاتۇش ، ئاقسۇ ، كۇچا ، تۇرپان ، قۇمۇللارنى ئايلانغان .
كېيىن خوتەنگە ئۆتۈپ ، دەسلەپ قاغىلىق ، ئاندىن گۇما ، قاراقاش ،
خوتەن ، لوپ ، چىرا ، نىيىگىچە بارغان .

شائىر داستاندا ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنى ئەۋلىيا ـ ئەنبە-
يالار مازىرىنى زىيارەت قىلىشنى نىيەت قىلدىم دېسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ
ئەمەلىي بايانى بۇ مەقسەتتىن خېلىلا يىراققا ھالقىپ كەتكەن . ئەسەردە
شائىر ئۆزى كەزگەن ۋە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى ، باشتىن كەچۈر-
گەنلىرىنى ، يۇرت ـ جاي نامى ، ئۇ جايلارنىڭ قىسمەن جۇغراپىيىلىك
ئەھۋالى ، مەنزىرىسى ، يەرلىك خەلقنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ، ئۆزىنىڭ
ھەر بىر ئورۇندا قانچە ۋاقىت تۇرۇپ ، قانداق چاغدا يولغا چىقىپ ،
نەگە يېتىپ بارغانلىقى ۋە كېتىۋاتقانلىقى ··· دەك كونكرېت ئەھۋاللار-
غىمۇ تېگىشلىك ئورۇن بېرىپ ئۆتىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا زەلىلى بەزد-
بىر تارىخىي ۋەقە ۋە شەخسلەر ، مازار ـ ماشايىخلار ۋە ئۇلار ھەققىدد-
كى رىۋايەتلەر توغرىسىدىمۇ توختىلىپ ئۆتكەن .

«سەپەرنامە» نىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىدە گەۋدىلىك ھالدا ئىپادد-
لەنگەن مەزمۇن يەنىلا خەلقچىللىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت .

مۇھەممەد سىدىق زەلىلىدە ياش چاغلىرىدىن باشلاپلا مېھنەتكەش
خەلققە بولغان ھېسداشلىق ،خەيرخاھلىق ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت بىخلد-
نىشقا باشلىغان . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ ھەر دائىم ئاۋام خەلق بىلەن
ھەمنەپەس ۋە تەقدىرداش بولغان . بۇ ھال ئۇنىڭ خەلق ئارىسىغا
تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈشكە ، خەلقنىڭ ھالىنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىش-
كە مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرىدۇ . ئۇ يۇرت كېزىپ ، يۇرتداشلىرىنىڭ
ھالىنى كۆرگەندىن كېيىن مۇنداق يازغان :

«دىلى تىغى سىتەھدىن پارە بولغان خەلقنى كۆردۇم ،
تەنى دەردۇ ئەلەمدىن يارە بولغان خەلقنى كۆردۇم .

كۆزى ۋاقتى سەھەر سەيپارە بولغان خەلقنى كۆردۇم ،
فەنا شەھرىدە ئەۋۋارە بولغان خەلقنى كۆردۇم .»

ۋىجدانلىق شائىرنىڭ خەلق بىلەن يېقىنلىقى ئۇنى يەنىلا مېھنەت-
كەش خەلقنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قايىنىمىغا ئېلىپ كىرگەن بولۇپ ، «سە-



پەرنامە» دە ئۇنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن قەلبداش ئىكەنلىكى روشەن
ھالدا ئىپادىلەنگەن . شائىر داستانىنىڭ بېشىدا :

«كىمكى بالا چەكمىدى ئاشىق ئەمەس ،
بۇلبۇلى شۇلدۇركى ئەسىرى قەپەس .
ئۇچماق ئۇچۇن ھەردەمى جۇش ئەيلىگەي ،
نالەسىدىن خەلق خۇرۇش ئەيلەگەي .»

دەپ يازغان بولسا ، خەلققە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى تولىمۇ
تەسىرلىك قىلىپ مۇنداق بايان قىلغان :

«خەلقنى كۆردۇمكى ئەجەب دىلرەبا ،
يارەب ، ئۇلار كۆرمەسۇن ھەرگىز بالا .»

شائىر زەلىلى ئۆزى كەزگەن شەھەرلەردىكى ، مەسىلەن ، قارا-
قاش ، كىرىيەلەردىكى گۈزەل رەنالارنى ، نازىنىن قىزلارنى تولۇپ
تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىگەن . بۇ ھال ئۇنىڭ يۇرتداشلد-
رىدىن ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتىنىڭ ئىپادە قىلىنىشى بولسا ، يەنە
بىر جەھەتتىن ئاياللارغا بولغان خەيرخاھلىقى ، ھېسداشلىقى ۋە ھۆر-
مىتىنىڭ ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ .

داستاندىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنىڭ قويۇق ، يارقىن ئد-
كەنلىكى ، شائىر زەلىلى كۆرگەن ھەرقايسى شەھەرلەرنى تەسىرلىك
ۋە جانلىق تەسۋىرلىگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن ، ئۇ كىندىك
قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى يەكەننى ئۇلۇغلاپ «شاھىن شاھ» ، «بەخت
كانى» دەپ چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ . يۇرتىنىڭ تاش ـ
توپىلىرىنى خۇش پۇراق مۇشكتىن ئۇستۇن ، باغۋارانلىرىنى جەننەتنى
ئەسكە سالىدۇ ، جەننەتتىنمۇ گۈزەل ، جانغا راھەت بېغىشلايدۇ ، دەپ
تەرىپلەيدۇ . ئۆز يۇرتىنىڭ مۇبارەك زېمىنى بولغان قارا قاشنى «ما-
چىن غۇنچىسىنىڭ گۈلى ، چىننى يورۇتقۇچى قۇياش» ، چىرىنى
«تەبىئىي گۈزەل يارالغان جاي» ، «كۆرمىگەن ئادەمنىڭ يۈرىكى داغدا
قالىدۇ» دەپ سۈپەتلىسە ، كىرىيەنى «چارباغ» ، نىيە زېمىنىنى

«مۇشكى خوتەندىنمۇ[1] خۇش پۇراق» ، «تىكەنلىرى ، خەسلىرى
مۇشكى سىمەندىن ئارتۇق» ، خوتەننى «شوخ گۈزەللەر ماكانى» دەپ
تەرىپلەپ ، قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ .
«سەپەرنامە» دە يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن باشقا شائىرنىڭ زاماد-
دىن زارلىنىش ، زۇلۇم ۋە ئىستىبداتلىقتىن شىكايەت قىلىش ، ئادا-
لەت ۋە يورۇقلۇق ئىزدەش قاتارلىق قاراشلىرىمۇ ئىپادىلەنگەن .
«سەپەرنامە» ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى
قىممىتىدىن باشقا ، يەنە تارىخىي ۋەقەلىكلەر جەھەتتە ، جۇغراپىيە ۋە
توپونومىيە جەھەتتىمۇ ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە . ئۇ خەلقچىللىق
روھ ۋە رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى بويىچە يېزىلغان ، خوجىلار
زامانىسىنىڭ ئىجتىمائىي ، تارىخىي ئەھۋالىنى بىلىشتە مۇھىم مەنبە-
لەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ .
خۇلاسە قىلغاندا ، شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلى خوجىلار زاما-
نىسىدا يېشىغان رېئالىزملىق ۋە خەلقچىللىق روھىغا ئىگە شائىر .
ئۇ مەيلى لىرىك شېئىرىيەتتە بولسۇن ، مەيلى داستانچىلىق ساھەسىدە
بولسۇن كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ، رېئا-
لىزملىق ئىجادىيەت مېتودى بىلەن رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودى-
نى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈشتە ئۇتۇق قازانغان شائىر . ئۇ «تەزكىرەئى
چىلتەن» ، «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد بۇزرۇك» قاتارلىق داستانلى-
رىنى دەل مۇشۇ خىل ئىجادىيەت مېتودى بويىچە يېزىپ چىققان
بولسىمۇ ، لېكىن ، بۇ داستانلار رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى بىر
تەرەپ قىلىشقا قارىتىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ . «سەپەرنامە»
بولسا رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېزىلغان .
زەلىلى يەنە تەزكىرە خاراكتېرىگە مەنسۇپ بولغان رىۋايەت - قىسسى-
لەرنى نەزمىي شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ داستانلاشتۇرۇۋەتكەنلىكى بى-

[1] خونەن ئېپارى.



لەن ، نەسرىي ئۇسلۇبتا تەزكىرە يازغۇچىلاردىن روشەن پەرقلىنىد-
غان ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان شائىر .
شائىر زەلىلىنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىدە يۇقىرىدا سۆزلەنگەندەك
بىر قاتار ئىلغار ئىدىيىلەر ئىپادىلىنىش بىلەن بىرگە ، يەنە بەزى
پاسسىپ ، چۈشكۈن قاراشلارمۇ ئەكس ئەتكەن . بۇ بىر تەرەپتىن ،
شائىر ياشىغان دەۋرنىڭ مۇرەككەپلىكى ، ئۆتكۈر زىددىيەت بىلەن
تولغانلىقى ، جەمئىيەت ئىدېئولوگىيىسىدىكى تۇراقسىزلىق ، شائىر-
نىڭ باشتىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئاجايىپ - غارايىپلىقى ،
ئادالەتسىزلىك ۋە روھىي بۇرۇقتۇرمىلىقنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەت-
كەنلىكى قاتارلىق بىر قاتار ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك . شۇڭا
شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغاندا ، كونكرېت ماكان ، زامان
بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تارىخىي ماتېرىيالىزملىق پرىنسىپ بويىچە مۇئا-
مىلە قىلىشىمىز زۆرۈر .

مەسئۇل مۇھەررىر　:　ئەركىن ئابدۇقادىر
ئەخمەتجان ھوشۇر

ئابلىز ئەمەت
مەسئۇل كوررېكتور　:　خەيرىنىسا روزى
خۇدابەردى خېلىل

## جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخى مەجمۇئەسى

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى(2)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلدى

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 _ 010
سانتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2006 ـ يىل4 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2006 ـ يىل4 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 22.25
سانى : 2000 ـ 0001
باھاسى : 30.00 يۈەن

全国少数民族优秀图书出版资金资助项目

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔文学史.第2卷/新疆社科院民族文学研究所编著. 一北京：民族出版社, 2006.4
ISBN 7-105-07644-5

Ⅰ.维… Ⅱ.新… Ⅲ.维吾尔族—少数民族文学：古典文学—文学史—中国—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.Ⅰ207.915

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006) 第 034186号

第2卷：依明江.艾合麦提 海热提江.乌斯曼
买买提吐尔地.米尔孜艾合买提
艾赛提.苏来曼 艾比布拉.阿不都沙拉木等编

责任编辑：艾尔肯. 阿不都卡德尔 阿合买提江. 吾守尔

责任校对：阿不力孜.艾买提，海仁沙.肉孜，胡达百尔地
封面设计：刘家峰

出版发行: 民族出版社 http://www.e56.com.cn
社 址: 北京市和平里北街 14 号 邮编: 100013
电 话: 010-64290862 (维文室)
印 刷: 北京迪鑫印刷厂
版 次: 2006 年 4 月第 1 版 2006 年 4 月北京第 1 次印刷
开 本: 850 毫米×1168 毫米
印 张 22.25
印 数: 0001-2000 册
定 价: 30.00 元